*ABDULCELİL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL

جالالدین بەهرلم

# لیغان بولاق (4)

(رومان)

مۇھەررىرى: قۇربان بارات
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇنسايىم ساۋۇت

جالالىدىن بەھرام
قارچۇقتا قاتقان قان
(لېيىغان بۇلاق — 4)
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى باجاخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مم، 32/1 كەسلەم؛
باسما تاۋىقى: 16.375 قىستۇرما ۋارىقى: 5
1997 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—0900—5/I.165
تىرازى: 1 — 10000
باھاسى: 26.56 يۈەن


1972.4

# مۇندەرىجە


بىشارەت ........................ 1
پىغان ۋە سېغىنىش ........................ 28
تۇتەك قاپلىغان بوستان ........................ 52
زۇلمەتتە چاقنىغان جاۋاھىرلار ........................ 78
سىرلىق ساخاۋەتچى ........................ 107
سۈرگۈن ........................ 139
تىرىلگەن چايان ........................ 171
ئىسيان ........................ 191
قىزىل قىيان ........................ 225
تەقدىرنىڭ ئويۇنى ........................ 257
غۇبارسىز كۆزلەردە قاتقان قان ........................ 308
قىساسكارلار ........................ 337
يىقىلغان چىنار، توزىغان گۈل ........................ 362
ھالالىباغ شامالىرى ........................ 393
قىساس ........................ 419
كۆچكەن يۇلتۇز ........................ 456
قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلىگەن بۆرە ........................ 483

«ھەر نەرسىكى زامان بۇزۇپ خار ئەيلەر. . .»

—— ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا

«يا رەببىم، بۇ نېمىدېگەن دەھشەت، نېمىدېگەن شۇملۇق، ياۋۇزلۇق! ئۇرۇش دېگەن شۇنداق نېمىمۇ؟ ئۇرۇش ئەسەبىيلىكى ئادەملەرنى شۇنداق تەلۋە، شۇنداق ياۋۇز، قارا كۆڭۈل قىلىپ تاشلامدىغاندۇر؟ كاشكى بۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئەزەلى ۋە ئەبەدىي دۈشمەنلىك بولسا؟ كاشكى ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ بىرى يات ئەلدىن ئىككىنچى تەرەپنىڭ ۋەتىنىگە باستۇرۇپ كىرگەن تاجاۋۇزچىلار بولسا نېمە دەي! ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەلدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەتتا بىر كارىزنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ۋەتەنداشلار، يۇرتداشلار، ھەتتا قىبلىسى بىر، پەيغەمبىرى بىر دىنداشلار ئىدى. . .»

—— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# بىشارەت

1966-يىل ئاپرېل. تەبىئەت خۇددى ھېيتتا ياسانغان خوتەن قىزلىرىدەك رەڭدار تۈس ئالغان چېچەك پەسلى.

... ئاللانىڭ سېھىر - كارامەتلىرىگە بەندىنىڭ ئەقلى لال بولىدۇ. سۇلىرى تاتلىق، مېۋىلىرى شىرلىق، ھاۋاسى تەڭگە شىپا، باغ - ۋارانلىرى يەتتە جەننەتنى ھەسەت ئوتىدا كۆيدۈرگەن، مېھرى ئىسسىق، بەكمۇ گۈزەل بۇ يۇرتنىڭ بۇنداق گىياھ ئۈنمەس تاپ - تاقىر تاغلىرىنىڭ بولۇشى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىدۇ. ئېھتىمال، ئاللا خوتەننى ئاپىرىدە قىلىپ، ئۇنىڭ باغرىغا بارلىق گۈزەللىكنى ئايىماي كۆچۈرگەندە، قايسىدۇر پەرىشتە جەننەتنىڭ ئېرىقلىرىدا ئېقىۋاتقان شارابى ئەنتۇرنى كۆپرەك ئىچىۋېلىپ، بۇ تاغنى ئۇقۇشماي يۆتكەپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قاراڭ! بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتقان ئېدىرلاردىن تا ئەۋلىيا غارى كۆرۈنۈپ تۇرغان كوكمارىم چوققىسىغىچە بىرەر تۈپ بۆرە قوغىنى ياكى يىڭناغۇچنىڭ نازۇك قانىتىدەك گىياھمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ...

كوكمارىم تېغى بىر قارىماققا ناھايىتى زور ئېدىر، دۆڭلۈكلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. كوكمارىم چوققىسى بولسا ئەڭ ئېگىزدە دەرۋىشنىڭ كۇلاسىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. «ئەۋلىيا غارى» ئاشۇ چوققىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئاستىدا كىرىش ئېغىزى، ئۈستىدە ئايسمان بىر يوچۇق بار ئىدى. ئۇ خۇددى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، بىر كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرغان غەلىتە مەخلۇققىلا ئوخشايتتى. بۇ تاغنىڭ قارشىسىدا تاقىر تۆپىلىكلەر بولۇپ، ئوتتۇرىسى باش قايغۇدەك چوڭقۇر سايلىق ئىدى. پاھ! ئەمدى بۇ نېمە كارامەت! ... ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى، بۇ سايلىققا يامغۇر، قار، مۆلدۈر ئورنىغا چېچەك يېغىپ كەلگەنمۇ؟ سەلكىن شامالدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان ئاق، سېرىق، قىزغۇچ، ھال رەڭ شەلپەرلەردەك بۇ گۈل - چېچەكلەردىن كەلگەن مۇشكى - ئەنبەر ھىدلىرى كىشىنى مەستخۇش قىلىپ، جەننەت ھۇزۇرىنى ئاتا قىلاتتى. ساي ئىچى ياۋا

ئۆرۈك، ئالمىلار، ياۋا بادام، تاغ جىنەستىلىرى، ئەينۇلا، ئالقاتلار بىلەن تولغانىدى. پورەڭ، ئاق غوللۇق ياش توغراقلار، قىزغۇچ مىس رەڭلىك چىۋىقلىرى لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان قىرچىنتاللار، مۆشا، سەندىلەچ، قىزىل يۇلغۇنلار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، يايپېشىل سەمەنگايىم قاپلىغان يەر بېتىگە چېچەكتىن داستىخان سېلىنغانىدى. ساي ئوتتۇرىسىدا، سۆسۈنە گۈللۈك تىلقانات، خۇش پۇراقلىق يالپۇز، ياۋا بېدە قاپلىغان قىرغاقلارنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان تارام - تارام سۇلار تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاق بۇژغۇنلارنى چاچرىتاتتى. رەڭگارەڭ چېچەكلىك كۆچەتلەرنى گويا ھەر- خىل لېچەكلىك قىزلارغا ئوخشىتىپ، يىگىتلىك قىلغاندەك شاۋقۇنلايتتى، قىن - قىنىغا پاتماي، قورام تاشلارغا ئۇرۇلاتتى.

ھەممىگە قادىر ئاللا بەكمۇ گۈزەل بۇ مۆجىزىنى بۇ چوڭقۇر سايلىققا بەخشەندە قىلغاندا، بەلكىم ھېلىقى پەرىشتىگە: «ھەي بىمەسەل دېۋەڭ! نەدىن ئارا بۇ تاقىر تاغنى پەيدا قىلدىڭ؟...» دەپ خاپا بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، كۆرۈمسىزلىك ۋە گۈزەللىك، پەسكەشلىك ھەم ئالىيجانابلىق، ئەخلاقسىزلىق بىلەن پەزىلەت ئۆزئارا زىت، كۈشەندىلەردىن بولسىمۇ، ئەمما بىر - بىرىنى يورۇتۇپ تۇرغىنىدەك، بۇ تاقىر تاغمۇ چوڭقۇر سايلىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى.

خوش، ئەمدى كوكمارىمنى ئوشۇقچە تەسۋىرلەردىن ئازاد قىلايلى - دە، چوڭقۇر سايلىققا نەزەر سالايلى. چېچەكلەر ئاق تەڭگىلەردەك ئېرىنچەكلىك بىلەن تۆكۈلمەكتە، مەجنۇنتاللار يەلپۈنمەكتە، قىپقىزىل يۇلغۇن چېچەكلىرى ئاستا باش چايقىماقتا، سۇ بېتىگە چۈشكەن چېچەك تەڭگىلىرى گاھ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، گاھ ئايرىلىپ، قاياقلارغىدۇر ئېقىپ غايىب بولاتتى... پاھ، بۇ نېمە ئىشتۇر؟ چېچەك ئورمانلىقى روجەكلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سۇ بويلىرىدا، ئىككى كۆلەڭگە سۇ چېچىشىپ، قاقاق- لاپ كۈلۈشۈپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئەنە ئۇلارمۇ چېچەكلىك ئىچىدە غايىب بولۇشتى. دەم ئۆتمەي، خۇددى ھاڭ ئىچىدىن كەلگەندەك ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى:

— نەفىسە!...

— خالىقئاكا!...

— ھا... ھا... ھا... ئەمدى تۇتالمايسىز!...

چېچەك ئورمانلىقى ئىچىدە خالىق بىلەن نەفىسە قوغلىشىپ يۈرۈشەتتى. پېشانىلىرى مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەپ كەتكەن قىز بىردە ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن ئازغان تۈپلىرى ئارقىسىغا، بىردە قىپقىزىل گۈل بىلەن قاپلانغان سەكسەن ساپاق دالدىلىرىغا يوشۇرۇناتتى ۋە يەنە بىردىنلا كۈمۈش قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ قاچاتتى. . . ئۇلار قوغلىشىپ، دەريا قاسنىقى بويىدىكى ئۈستىنى تور باغلاپ كەتكەن پاختا يۇلغۇننىڭ قېشىدا توختاشتى. يۈزلىرىدە قىزىللىق، كۆزلىرىدە يالقۇن، چېھرىدە شادلىق، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ھاياجان زەرلىرى چاقنىغان خالىق بىلەن نەفىسە بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىيالماي يەر باقاتتى، سۇغا قارايتتى، يالتتىدا كۆز ئۇرۇشتۇرغىنچە، مەڭزىلىرى يۇلغۇن چېچەكىدەك رەڭ ئالاتتى. . . قىزنىڭ قۇياشتەك ھارارەتلىك كامالىدىن بەدىنىنى ئۇششاق تىترەك باسقان خالىق ئەيمىنىپكىنە ئۇنى باغرىغا باستى، چاچلىرىنى ھىدلىدى. . . يۇمران بويۇنلىرىنى سىيلىدى. . . كەھرىۋادەك لەۋلىرىگە ئاستا ئېگىشتى. . .

— خالىقئاكا، بۇ دەريا، قايسى دەريا؟

— بىلمەيدىكەنمەن. . .

— بۇ قارىقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى، «ئېلىش بېشى»دە ئايرىلغان يەنە بىر تارمىقى خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — خالىق قىزنىڭ نازۇك مۈرىلىرىنى قۇچاقلىدى.

— قاراڭ، — نەفىسە تۇمانلار ئىچىدە ئالماستەك يالتىراپ تۇرغان تاغ چوققىسىنى كۆرسەتتى، — ئۇ قايسى تاغ؟ . . .

— بۇ. . . بۇ. . . — خالىق قىزىرىپ كەتتى.

— ئۇ دېگەن «ئەۋلىيا ئاتا» چوققىسى. ئاشۇ مۇز تاغ چوققىسى قوينىدا، ئەۋلىيا ئاتا ھېلىھەم ھايات! . . .

— ھايات؟ — خالىق ئىشەنمىگەندەك كۈلۈۋەتتى.

— راست دەۋاتىمەن. . .

نەفىسە سىياھتەك قاپقارا كۆزلىرىنى سۈزۈپ، مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

ئەۋلىيا ئاتىنىڭ ئوتتۇز پاتمان كېلىدىغان ئاجايىپ چوڭ بىر كەتمىنى بار ئىكەن، ئۇ، ھەر كېچىسى مۇز تاغنى يۇنۇپ، كارۋانلارغا يول ياساپ قويىدىكەن، چۈش - پېشىن

بولغاندا، مۇز قايناپ چىقىپ، يوللار پۈتۈپ، ئىزىمۇ قالمايدىكەن. ئەۋلىيا ئاتا يەنە كىچىچە يول ياسايدىكەن. بىر كۈنى ئاسماننى قاپقارا، سۇررەڭ بۇلۇتلار قاپلاپ، مۆلدۈر تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ ۋە بارغانسېرى ياغاقتەك، توخۇمدەك مۇزلارغا ئايلىنىپتۇ. كارۋانچىلار ئەۋلىيا ئاتىغا: «ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىڭ، بۇ مۆلدۈر ئەمەس، ئاللانىڭ بالايىئاپىتىدۇر» دېگەنىكەن، ئەۋلىيا ئاتا كۈلۈپ: «كەتمىنىم بار، نى غېمىم بار؟...» دەپتۇ ـ دە، كەتمەننى بېشىغا سايىۋەن قىلىپتۇ... ئاقىۋەت، ئەۋلىيا ئاتا كەتمىنى بىلەنلا مۇز تاغ ئىچىدە قاپتۇ...

— ئېيتىڭا خالىقئاكا، — دېدى نەفىسە لەپپىدە قاراپ، — ئەۋلىيا ئاتا نېمە ئۈچۈن بۇ پاجىئەگە دۇچار بولدى؟...

— چۈنكى... بۇ... — خالىقنىڭ تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلالمىدى.

— چۈنكى، ئەۋلىيا ئاتا: «خۇدايىم بار، نى غېمىم بار؟...» دېمىدى، ئۇنىڭدىن كۈپۈرلۇق ئۆتتى... شۇڭا، بىرلا ئازماس ئاللا، ئازغۇن بەندە دەيمىز...

— بۇ ئاجايىپ رىۋايەت ئىكەن... سىز...

— توختاڭ، «كوكمارىم» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ تەكتىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟...

— بۇ... بۇ... سىز مېنى بەكمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز...

— سىز كۆپ ئىشلاردىن غاپىل ئىكەنسىز، — نەفىسەنىڭ قوشۇمىلىرى يىغىلدى، — بۇ پارسچە ئاتالغۇ «كۆك» دېگەن «تاغ»، «مار» دېگىنى «يىلان» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى «يىلان تاغ» دېمەكتۇر.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان؟

— بۇنى بىلمەك بولسىڭىز، بىز «ئەۋلىيا غارى»غا چىقايلى.

ئۇلار چېچەكلەر ئارا يۇقىرىغا قاراپ مېڭىشتى. نەفىسە كېيىكتەك چاققانلىق بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. خالىق بولسا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، تىزلىرىغا تايىنىپ ئارانلا ماڭاتتى. بەزىدە ئۇ ياش كۆچەتلەرگە ئېسىلغان ھامان، ئاپئاق چېچەكلەر يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. بۇنى كۆرگەن نەفىسە: «سىز يۇقىرىغا يامىشىشقا ئۇستا ئىدىڭىزغۇ؟ قارىڭا، قانچىلىغان چېچەكلەرنى تۆكۈپ ـ چەيلەپ، يەنچىۋەتتىڭىز... بۇ چاغقىچە پايخان قىلغانلىرىڭىز

ئازمىدى؟» دەپ ئاچچىقلايتتى.

ئىككىسى «ئەۋلىيا غارى» ئالدىغا كېلىشتى. غارئېغىزى چوڭ بولغىنى بىلەن، ئىچكىرىلىگەنسېرى تارىيىپ، بىر ئادەم ئارانلا قىسىلىپ ماڭاتتى. غار قۇلۇلە قېپىدەك ئايلانما بولۇپ، پەلەمپەيلەر بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. غارنىڭ ئىچىدە بىر ئۆي ئورنىدەك بوشلۇق بولۇپ، چوڭقۇر سايلىققا قاراپ تۇرغان ئايسىمان يوچۇقتىن چۈشكەن نۇر «ئۆي» ئوتتۇرىسىدىكى كۆل ۋە كۆيۈندىلەرگە پاتقان، چوڭ لېگەندەك يۇمىلاق ئەمما ياپىلاق بىر تاشنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە پاتۇرۇلغان ئالقاننىڭ ھەم بەش بارماقنىڭ ئىزى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. غارنىڭ ئىچى قىزغۇچ ئىسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، چوققىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى چىنە ئاغزىدەك تۆشۈكتىن قۇياشنىڭ ئۆتكۈر زەرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. نەفىسە تاشتىكى ئىزغا قوللىرىنى قويدى. ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى چوڭ بارماق ئىزلىرىغا بويلىشالماي، ئالقان ئىزىغىلا تەڭ كېلەلىدى.

— بۇ نېمىدېگەن كارامەت؟ تاشتا ئالقان ئىزى نېمە ئىش قىلىدىغاندۇر؟ — دېدى خالىق ئېڭىشىپ قاراپ، — بۇ خۇددى لايغا پاتۇرغان ئىزدەكلا چۈشۈپتۇ.

— بۇ ئىماملىرىمىزنىڭ چوغقا كۆمگەن كۆمىچى، — دېدى نەفىسە تاشقا مېھرى بىلەن قاراپ، — ئەمما ئۇلارغا يېيىشكە نېسىپ بولماي، تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن. . .

— بۇمۇ «كۆكمار» دېگەن ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوخشىمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە. . .

نەفىسە ئايسىمان يوچۇقتىن چېچەكلىك سايغا قارىغىنىچە، قەدىمكى زاماننىڭ تارىخ بەتلىرىنى كۆڭۈل ئېكرانىدا ۋاراقلىماقتا ئىدى.

«مىلادى 840 ـ يىلى، ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان بۈيۈك ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى كىدانلار ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن يىمىرىلىدۇ. ئۇيغۇر دۆلىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانى بولغان قاراقۇرۇم، پامىر ۋە تەڭرى تاغلىرى ۋادىلىرىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ جايدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار دۆلىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا، تۇرپان ۋادىسىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى مەۋجۇت ئىدى. قاراخانىيلار دۆلىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ، گۈللىنىشكە باشلايدۇ. IX ئەسىرگە كەلگەندە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قوشنا سامانىيلار دۆلىتىدىن ئەۋەتىلگەن

ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ دەۋىتى بىلەن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەسلەپتە يوشۇرۇن، كېيىن ئاشكارا ھالدا، ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە، پۈتۈن قەشقەرىيە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما خوتەن ئەسلىدە بۇددىزمنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ. نەتىجىدە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قوشۇنلىرى خوتەنگە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش دىنىي رىۋايەتلەردە قىرىق يىل، زامانىۋىي تارىخلاردا يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان دېيىلىدۇ. قاراخانىيلارنىڭ سەردارى يۈسۈپ قادىرخان غازى پاشا بىلەن خوتەن سەردارلىرىدىن نوكتى رېشىت، جوكتى رېشىت ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

— ئۇرۇشتا ئىسلام قوشۇنلىرى يېڭىلدى، — دېدى نەفىسە ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — نوكتى رېشىت ھەم جوكتى رېشىت قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن ئىمامى مۇسى كازىم، ئىمامى قاسىملارنى قوغلاپ مۇشۇ تاغقا كەلگەن ۋە ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان مۇشۇ چوققىدا ئۇلارنى قورشىۋالغان. ئىمامى مۇسى كازىم: «ئى خۇدايا ئىبارا، مۇشۇ كۆمەچنى دىنسىزلارغا يېيىشنى نېسىپ قىلمىغايسەن! » دەپ، ئەمدىلا قوقاسقا تاشلانغان خېمىر ئۈستىگە ئالقىنىنى قويغان، كۆمەچ شۇ ھامان تاشقا ئايلانغان. . .

— ئىماملىرىمىزچۇ؟ — سورىدى خالىق تەقەززالىق بىلەن.

— ئۇلار كۆك يىلانغا ئايلىنىپ، — نەفىسە غار ئۈستىدىكى يوچۇقنى كۆرسەتتى، — ئاشۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ غايىب بولۇشقان.

— شۇڭا، «كوكمارىم» — «يىلان تېغىم» دەپ ئاتاشقان ئىكەندە؟ ھا. . . ھا. . . ھا. . . — خالىق مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — مەن ئىشەنمەيمەن. . . خۇدا، خۇدا دېيىشىدىكەن، مەن پەقەت سىزدەك مۇھەببەت ئىلاھىغا ئىشىنىمەن. . . سىز بولسىڭىز، شەك - شۈبھىسىز سۆيگۈ ئىلاھى. . . ئاھ پەرىشتەم. . .

خالىق ئادەمسىز پىنھان غاردا نەفىسەگە ئېسىلدى. بىراق، «كۆمەچ تاش»قا پۈتلىشىپ، ئايسىمان يوچۇقتىن پەسكە موللاق ئاتتى. ئۇ، چوققىنىڭ قارا قوڭۇر رەڭدىكى مەزمۇت تاشلىرىنى قاماللاپ ئېسىلىپ قالغانىدى، چىرايى بولسا مومدەك سارغىيىپ، بارماق ئۇگىلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— نەفىسە. . . مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — يالۋۇردى خالىق، — خۇدا ھەققى! . . .

— خۇدا ھەققى؟ ھې، — نەفىسە غەزەپ بىلەن دىمىغىنى قاقتى، — ھازىرلا خۇداغا شەك كەلتۈرمىگەنمىدىڭ؟ بىلىپ قوي، دۇنيادا سۆيگۈ ئىلاھى مەۋجۇت ئەمەس! پەقەت قادىر ئاللالا ھازىرۇ نازىردۇر! . . . بۇ ساڭا كۈپىرۇ ـ كىبىرىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن جازا! . . . ھەقتائالانىڭ ئىرادىسىگە مەن قانداقمۇ توغرا تۇراي؟ . . .

— نەفىسە! . . . نەفىسە. . . — ئىڭرىدى خالىق.

خالىق پەسكە بويۇنداپ قارىدى. جەھەننەمدەك چوڭقۇر سايدىكى قىزىل، سېرىق، ئاق، ھال رەڭ چېچەكلەر گويا يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ناھايىتى ئۇلۇغ ئوتتەك، بۇ ئوت بارغانسېرى ئۆرلەپ قىپقىزىل تىللىرى بىلەن ئۇنى يالمۇۋەتمەكچى بولغاندەك كۆرۈندى. ئۇ قايرىلىپ غار ئۆڭكۈرىگە قارىدى، ئەمما كۆز قارىچۇقلىرى چاناقلىرىغا پاتماي چەكچىيىپ قالدى. ئۇنىڭغا خەنجەر تۇتقان نەفىسە، پۇتىغا چېتىلغان زەنجىرنى پىرقىرىتىپ تۇرغان زۇمرەت بىلەن كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ قاراپ تۇراتتى. خالىق ئىچىدە: «بۇ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇم؟ ئاھ خۇدا، چۈشۈم بولۇپ قالسىدى. . .» دەپ نالە قىلدى ـ دە، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ قايتا ئاچتى. ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە كۆرگىنى مەتمۇسا ئىدى. . . ئۇ قولىدىكى يوغان ئىدىشنى كۆتۈرۈپ، خالىقنىڭ بېشىغا مۇزدەك ئەمما ئۆتكۈر پۇراقلىق بىر نەرسىنى قۇيۇۋاتاتتى.

— مەتمۇسا بۇ. . . بۇ. . . نېمە قىلغىنىڭ؟ . . . بىز سېنىڭ بىلەن تۇغقان ئەمەسمۇ!

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق تۇغقانچىلىق! . . . سەن مېنى بۇلاپ ـ تالاپ، غاجىغان ۋاقتىڭدا، تۇغقانچىلىق ئېسىڭگە كەلگەنمۇ؟ . . . ئىتتەك خارلىغان چاغلىرىڭدا، قېرىندىشىم ئىكەن دېگەنمۇ؟ . . . بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا ئىكەن. . . جان تۇمشۇققا كەلگەندە «خۇدا» دەيدىغان. . . — مەتمۇسا سەرەڭگە چاقتى، — سەن دوزاخقا بىر پارچە كۆيۈندە، چوچولا، كۆسەي بولۇپ بارغىن. بۈگۈن مەن سېنىڭدىن قىساس ئالىمەن! . . . ھا. . . ھا. . . ھا. . .

— مەتمۇسا! . . . مەتمۇسا. . . توختا. . . سەۋر قىل. . . مەن سېنىڭدىن خۇش بولۇپ كېتەي! . . .

خالىق قىيقىرىپ ئوت ئىچىدە تۇتەپ كەتتى. . . ئۇ ئاجايىپ ئايانچلىق تۇۋلىغىنىچە پەسكە چۈشمەكتە ئىدى. . .

. . . — ۋاا! ! ! . . .

كارنۋات غاراچ – غۇرۇچ، گۈلدۈر – غالاپ قىلدى – دە، خالىق يەرگە گۈلۈپپىدە يىقىلدى. تۇرمەللەنگەن يوتقان ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە پۈرلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئىگىرىغىنىچە، جەينەكلىرىگە تايىنىپ، سوغۇق يەرگىلا زوككىدە ئولتۇردى. پەقەت ئىغىزىدىن ئاڭلىنار – ئاڭلانماس ھالدا مۇنۇ سۆز پىشىلداپ چىقتى:

— ئۇھ. . . خۇدايا شۈكرى. . . چۈشۈم ئىكەن! . . .

تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. كەڭ دېرىزىلەردىن چۈشكەن يورۇق، يەردە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان خالىقنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سويمىدەك ئۇسۇپ چىققان ماڭلىيى، ئۇچلۇق ئېڭىكى، چوقچىيىپ تۇرغان ياڭاق سۆڭەكلىرى، قىڭراقتەك قىزغۇچ بۇرنى ئۇنى خۇددى ناباب مىسكەر سوققان ئاپتۇۋىغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ شۇنچىلىك چۈشكۈن ئىدىكى، قاراشلىرى ئاچ قالغان، دەرمانسىز قېرى مۇشۈككە ئوخشايتتى. پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى بولسا، پىچاققا ئۆلگۈرەلمىگەن كېسەل كالىنىڭ كۆزىدەك مىسكىن ھەم ھېسسىياتسىز ئىدى. خالىقنىڭ ھېلىلا كۆرگەن، باشتا شېرىن، كېيىن قاباھەتكە ئايلانغان چۈشىنى قايتا ئەسلەشكە قۇربى يەتمىدى. پەقەت خەنجەر تۇتقان نەفسە، زەنجىر بىلەن ھەيۋە قىلىۋاتقان زۇمرەت، كۆزلىرىدىن قېنىقماس ئۆچمەنلىك زەرلىرى چاقنىغان كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار، شۇنداقلا «مەن سېنىڭدىن قىساس ئالىمەن. . . » دەپ قاقاقلاپ كۈلگەن مەتمۇسالار ھېلىھەم بېشىدا قاراپ تۇرغاندەك، ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا قورقۇپقىنا قارىدى. . .

بوستاندا، چىناردەك قەد كېرىپ، لاچىندەك قانات قېقىپ، پەنجىسىنى ئۇزاتقان ھامان ئۇۋ لوقمىسىغا ئېرىشىپ كەلگەن يىلپىزدەك خالىق ھازىر نېمە بولۇپ قالغان؟ . . . ھەربىر كىچىك ئىش زېھنىي – نەزەرىدىن چەتتە قالمىغان ئەقىللىق كىتابخانىم ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىكى تەقدىرىنى بىلىشنى خالايدۇ. ئېھتىمال: «بۇلتۇر خامان ۋاقتىدا، خالىق كامىلنى قەتلى قىلىش غەرىزىدە، قارىقاشتىكى ئاكا – ئۇكا ئات ئوغرىلىرى ھاسان – ھۈسەننى ئىزدەپ كېتىپ قالغانىدى. كېرىموفمۇ شەھەردە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان ھېكمەتنىڭ پېيىغا چۈشكەن.

ئۇلارنىڭ شۇم نىيىتى قانداق بولدى؟» دەپ سورىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا، ئاپتور كىتابخاننىڭ ئارزۇ ۋە قىزىقىشىنى قاندۇرۇشنى لايىق تاپتى.

. . . خالىق ئاكا ـ ئۇكا هاسان ـ هۇسەنلەرنى ناهايىتى تەستە تېپىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقى، لېكىن يېرىم پۇلنى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا ئالتۇن بىلەيزۈك بىلەن بەشيۈز يۈەن پۇلنى بەردى. هاسان: «پۇل تولۇق بولمىغۇچە، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قول تىقمايدىغانلىقىنى» ئېيتتى. خالىق قايتىپ كېلىپ، مەتمۇسانى چىرقىرىتىپ يۈرۈپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم قاقتى. قالغىنىنى دادىۋي شۇجىلىرىدىن يىغىپ، پۇلنى تولۇقلاپ ئاپىرىپ بەردى. ئاندىن، هەر كۈنى «خۇش خەۋەر» كۈتۈپ، سىرتنى تىڭشاپ يۈردى. ئارىدىن هەپتە ئۆتتى. خالىق تەقەززالىق ئارقىسىدا بوغۇلۇپ شەهەرگە كىردى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىۋاتقان چايخانا مەكتەپ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، تۇردى هېكىمنى تاپتى. تۇردى دالتەكنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، كامىل نەفىسە بىلەن داۋاملىق بىللە ئىكەن. قىسقا دەم ئېلىشلارىنىمۇ قولدىن بەرمەي، پىنهان دالدىلاردا ئۇچرىشىدىكەن، شەنبە، يەكشەنبىلەردە بىللە كىنو كۆرۈشتىن سىرت، هەتتا كامىل نەفىسەنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىكەن. . .

ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن خالىق بىر كۈنى تاڭ سەهەردىلا ئېتىنى قامچىلاپ قارىقاشقا يول ئالدى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە، يوشۇرۇن سودا ئېلىپ بېرىلىدىغان گىر بازىرى، مال بازىرى، نەشە ـ تاماكا بازارلىرىنى ئايلىنىپ، ئاكا ـ ئۇكىلارنى تاپالماي، گۈگۈم زوۋاللىقى بىلەن بوستانغا قايتتى. سەۋرى قاچىسى تولغان خالىق بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى. ئۇ هەر كۈنى دېگۈدەك قارىقاشقا قاتناپ، ئون بىرىنچى كۈنى، ئاكا ـ ئۇكا هاسان ـ هۇسەنلەرنىڭ نەدىلىكىنى بىلىدىغان بىر كۆك تاماكا سودىگىرىنى تاپتى. خالىق ئۇنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويۇۋىدى، ئۇ خالىقنى باشلاپ، بازار، مەهەللىلەردىن ئۆتۈپ، ئۇنى پايانسىز كەتكەن شاللىققا ئېلىپ كەلدى. بۇ يەر ناهايىتى خىلۋەت بىر جاي بولۇپ، بىر ئۇن يېتىم يەردە بىرەر هويلا ـ ئارام بار ئىدى. ئۇلارنى هويلا دېيىشكىمۇ بولمايتتى. ئۆيلىرى قىڭغىر ـ قىيسىق، ۋادەكلىك تاملارنىڭ سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ، قوشامىلىرى ئۆرۈلۈق ئۇينىڭ قوۋۇرغىسىدەك كۆرۈنۈپ قالغان، ئەتراپىدا ئىهاتە تاملىرىمۇ يوق، هەتتا شاخ ـ شۇمبىلار ياكى پاخال ساتمىلار بىلەنمۇ توسۇلمىغان خارابىلىقلار ئىدى. تىيەك قويۇلغان ۋەيرانە ئۆيلەرنىڭ پاكار ئۆگزىلىرىدە

ئاقىرىپ كەتكەن سۆڭەك، كونا پايتىما، ئەسكى جۇۋا، يىرتىق چورۇق، ئايالLARنىڭ رەڭلىرى ئۆڭگەن تامباللىرى دېگەندەك نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. كۆك تاماكىچى يىراقتىنلا قۇرۇپ كەتكەن بىر تۇپ قېرى جىگدە گىدىيىپ تۇرغان سۆگەتلىك هويلىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا كېتىپ قالدى.

خالىق ئەتراپى شاللىق بىلەن ئورالغان هويلىغا ئەيمىنىپكىنە كىرىپ كەلدى. نەملىكتىن سۇۋاقلىرى هۆركىگەن تاملىرىدا ئۈنۈپ قالغان مايسىلار قۇرۇپ قورۇلۇپ قالغان ئۆينىڭ ئالدىدا، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر پاخپاق خوتۇن چاقتا يىپ ئىگىرىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىغا بولۇشىغىلا تاشلاپ قويغان داكا ياغلىقى شۇنچىلىك كىر ۋە مەينەت ئىدىكى، خۇددى ئۇنى كۆلگە پۇچۇلىغاندەك، رەڭگىنى بىلگىلى بولمايتتى. ياڭاق شۆپۈكىدە بويىغان قىزغۇچ قوڭۇر ماتا كۆڭلىكىنىڭ ئالدى يىرتىلىپ كەتكەچكە، سوغۇلۇپ، خالتىلىشىپ كەتكەن قاپقارا ئەمچەكلىرى «بارىم شۇ» دېگەندەك سالپىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خالىق ئايالنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئالغاي ئىدى، كۆزلىرىنىڭ ئاپئاق پاختىسى قازان قورۇمى سۇۋالغاندەك يۈزىنى تېخىمۇ سۈرلۈك ۋە بەتبەشىرە كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— غوجام، كېلىشلىرى ئىسسىقتىنمۇ ياكى سوغۇقتىنمۇ؟ — ئايالنىڭ يۈزى خالىققا تىكىلىپ تۇرسىمۇ، كۆز قارىچۇقلىرى باشقىلا يەرلەرگە قاراپ پىلدىرلايتتى، — بۇرنىغا چۈلۈك سالمىغان بۇقىدەك ئۇسۇپلا كىردىلىيا؟...

— ئەمدى... ئەمدى... خان ئاچا، — خالىق كۆك تاماكىچىنىڭ دەپ بەرگەن مەخپىي پارولىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قالدى، — پىرىم جەمشىتنىڭ روهىغا نەزىر بېرەي دەپ... — خالىق سەل ئېگىشىپ، ئوڭ قولىدا سول كۆكسىگە بوشراق ئۇرۇپ قويدى.

— مۇنداق دېسىلە، ئەمىسە، ئىچكەركى قازناققا كىيسىلە، — ئايال خالىقنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى، — هەي غوجام، ئەمىسە، خەتلىرىدە بولسۇن، چوتا بەشتە بىر، ماقۇما!...

سىرتتىدىن قارىماققا كۆرۈمسىز هەم كىچىك كۆرۈنگەن بۇ ئۆي پەگا بويلاپ ئىچكىرى - تاشقىرى ئۈچ ئېغىز بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقىسى ئانچە چوڭ بولمىغان قازناق ئىدى. قازناقنىڭ دېرىزە ياكى پەنجىرىسى بولمىسىمۇ، تۈڭلۈكتىن چۈشكەن نۇر نەم سۇپىدا

پەۋەس ئولتۇرۇشقان قىمارۋازلارنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇتتۇرۇپ تاۋكادىن چېكىنىپ چىققانلار، چوتاچىلار زەي پەگادا دوڭغايغىنىچە، توت ئوشۇقنىڭ «چۈ» ياكى «سىيا» چۈشكىنىگە قاراپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ تۇراتتى. قىمارۋازلارنىڭ كۆپىنچىسى يېرىم يالىڭاچ بولۇپ، بەزىلىرى يەكتىكىنىڭ ئېتىكىنى غېرىچچە ئورىۋالغان، بەزىلىرى ئىشتىنىنىڭ لىپپىزىگە پۇل تۈگۈۋالغانىدى. ھاسان تاۋكانىڭ ئوتتۇرىسىدا تىزلانغان پېتى ئۆكچىسىگە زوڭزىيىپ، ھېمىرلىپ توپىغا تاشلانغان پۇللارنى يىغىپ، ھەدەپ قوينىغا سالاتتى. قىمارنىڭ تومۇرلارنى دىرىلدىتىپ، جانلارنى سىرقىرىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدىكى سۈرلۈك ھاياجىنى ئىلكىدە، خالىققا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. دوغا چىققۇچىلار ھەر قېتىم: «دەتتىكام!» دەپ، يالىڭاچ كۆكرىكىگە «قارس» قىلىپ ئۇرۇپ ئوشۇقنى توپىغا تاشلىغان ھامان، ھەممىنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭىيىپ، نەپەسلىرى كېسىلىپ، پۈشۈلدىغان، پىشىلدىغان، بۇرنىنى تارتقان ئاۋازلارمۇ ئاڭلانمايتتى.

ھاسان بىرنەچچە نۆۋەت ئۇتقاندىن كېيىن، پۇللارنى قوينىغا سېلىۋېتىپ، بېشىدا دېۋەيلەپ تۇرغان خالىقنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك، ئۇنىڭغا بىر ھازا چەكچىيىپ قارىدى. بۇ چاغدا، ھۇسەنمۇ تاۋكادىن بېشىنى كۆتۈردى.

— سەن؟ . . . — ھاسان چىگىش ساقاللىرىنى كارت - كارت تاتىلىدى، — ئاغىنىلەر، سىلەر بىر - ئىككى قول ئوينىغاچ تۇرۇڭلار، مۇنۇ بۇرادىرىمىز بىلەن ئازراق گەپ كاللىچىمىز بار.

ھاسان چۈتاچىلارنىڭ «چۈتاسىنى بېرىۋەت» دېگەن گەپلىرىگە قۇلاق سالماي، ھۇسەنگە شەرەت قىلدى ۋە خالىقنى ئالدىغا سېلىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھويلىدىكى پاخپاق خوتۇن ئاكا - ئۇكىلارنى كۆرۈپ، خالىقتىن قارانچۇق ھەققى تەلەپ قىلمىدى.

ئۇلار ئادەم تولا مېڭىپ بەزلىشىپ كەتكەن شال تىگانلىرى ئۈستىدىن كېتىپ باراتتى. خالىق يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭاتتى. چۈنكى قېرى سۆگەتتەك تەمبەل ھاسان يوغان چامداپ ئۇنىڭغا يانداپ كېلەتتى - دە، زەردە بىلەن ئۇنى دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ قوياتتى. جىۋەكىرەك ھۇسەن بولسا ئاكىسىغا سوڭدىشىپ سوكۇلداپ كېلىۋاتاتتى. كەچ گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئاكا - ئۇكا ئوغرىلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قالغان خالىق كېتىۋېتىپ، «نەگە بارىمىز؟ . . .» دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى. ھاسان چىشلىرى-

نىڭ ئارىسىدىن قىسىپ چىقىرىپ: «بۇ يەر گەپلىشىشكە بىئەپ» دېدى ـ دە، خالىقنىڭ گەجگىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئىتتەردى. ئۇلار شاللىقتىن ئۆتۈپ، كەنتتىن خېلىلا يىراق تاشلاندۇق بىر كونا تاملىققا كەلدى. ئەتراپتىكى كېسىلگەن تال، جىگدە، ئۆرۈك كۆتەكلىرىگە، چېقىلغان ئوچاقلارغا قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ ھويلا بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. بەلكىم بۇ بىرەر دېھقاننىڭ ئۆيى بولۇپ، ئۇماچ قەرزىگە ھېساب قىلىنغاندىن كېيىن ئېچىلىپ، ياغاچ ـ تاشلىرى ئەترەتكە ئېلىپ كېتىلىپ، ئۆگزە توپىسى ئېتىزلارغا ئوغۇت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، چوقچىيىپ قالغان ئۆي تاملىرىمۇ چېپىلىپ، بىر خارابىلىق پەيدا بولغانىدى. ھاسان خالىقنى ئەسكى تاملىق ئىچىگە ئىتتەردى، كۆڭلىدىن ۋەھىمىلىك بىر قورقۇش كەزگەن خالىق ماڭماي تىرەجەپ تۇرىۋالدى. ھاسان ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تاپىنى سۆرىگەندەك ئېلىپ مېڭىۋىدى، ھۇسەن ئۇنىڭ كۆتىگە بىرنى تېپىۋەتتى.

— ۋاي جان، ئادەم بارمۇ؟ — جېنىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن خالىقنىڭ ئاخىرقى سۆزى بوغۇزىدا كەپلىشىپ قالدى. چۈنكى ھاسان ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا بىر مۇشت سېلىۋەتكەندى.

— ھەي، ناكەست ستارى، — ھاسان تۈكلۈك پەنجىلىرى بىلەن خالىقنىڭ ياقىسىنى بوغۇپ كۆتۈرىۋىدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى يەردىن ئىككى غېرىچ ئۈزۈلۈپ، بوشلۇقتا پۇلاڭلاپ قالدى، — سېنىڭ تېخى ئىز باقىدىغان ھۈنىرىڭمۇ بارمۇ؟ بىزنى زادى قانداق تېپىپ كەلدىڭ؟... پاخپاق خوتۇننى نېمە بىلەن ئالدىدىڭ؟...

— با... بازار... دوق... دوقمۇشىدا... بىر تا... تاماكىچى... — خالىقنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا چۆكۈپ كەتكەن بۇرۇن ھەم جاۋغىيىدىن ساقىغان قان بويىنىغا ساقىپ چۈشتى، — شۇ... شۇ...

— خەپ، ئىمىر بەز! — ھاسان خالىقنى بىر بولۇڭغا گۈپپىدە ئېتىۋەتتى. ئىككى موك بولۇپ قاتلىشىپ قالغان خالىقنىڭ ئۈستىدىن توپا شۇرقىراپ چۈشۈپ ئۇنى چاڭغا كۆمىۋەتتى.

— ھەي، قوتۇر ئىت! — ھۇسەن خالىقنىڭ ئېڭىكىنى مۇجۇپ يۇقىرى كۆتۈردى، — بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن كەلدىڭ؟ ياكى ساقچىلار سېنى پايلاقچىلىققا سالدىمۇ؟

— ئىللا ـ بىللا... مەن... مەن...

— ئۇنداقتا، «كاملىنى نېمىشقا ئۆلتۈرمەيسىلەر؟» دەپ سۈيلەپ كەپسەن ـ دە؟... ۋۇي مۇناپىق... بىلىپ قوي، مەن ئوغرى، قىمارۋاز بولسامۇ، ساڭا ئوخشاش قارا كۆڭۈل، قارا ئۆپكە، قارا يۈرەك ئەمەسمەن، — ھاسان پۈتىنى كېرىپ، تۈكلۈك بىلەكلىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى، — مەن كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلدىم، لېكىن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم... بىلەمسەن، ئەپەندى، ئۇستازنى ئۆلتۈرۈش تېخىمۇ گۇناھ بولىدۇ!... «ئۇ ئوقۇتۇۋاتقان ئۇششاق نارەسىدىلەرنىڭ يىغا ـ زارە، ئاھ ـ نالىلىرى سېنى تۇتسۇن» دېمەكچىمۇسەن؟... بىراق، سەندەك چايانىنى ئۆلتۈرسەم بولىدۇ، گۇناھلىرىمنى زەررىچە يېنىكلىتىش يولىدا، بىر ساۋاب ئىش قىلغان بولىمەن!...

— ئاكا، — دېدى ھۇسەن پىچىقىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ، — ئاپەتتىن قۇتۇلاي دېسەڭ، يىلتىزىغا پالتا چاپ دەپتىكەن، ئۇنى جايلىۋېتىمەن... چۈنكى ئۇ سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇۋالدى... ئۆينى كۆردى...

قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغان خالىق ئۇلارنىڭ غالجىرانە ئەلپازىنى كۆرۈپ، ئىچى ـ ئىچىدىن سوغۇق تىترەك ئۆرلىگەن ھالدا، ۋار قىلىپ يىغلاپ سالدى.

— جېنىم ئاكىلار، مەن... مەن... ھېچنېمە كۆرمىدىم... ھەم سىلەرگە ھېچقانداق نەرسىمۇ بەرمىدىم...

— توختا، — دېدى ھاسان خالىققا يېقىنلاپ كەلگەن ھۇسەنگە، — قويمۇ، ئۆچكىمۇ ئۆزىنىڭ پۇتىدىن ئېسىلىدۇ. ئەگەر ئۇ دەۋا ـ دەستۇر قىلسا ياكى تىلىنى چايناپ يۈرسە، ئۆزىنىڭ پېيىدىن ئېسىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ياكى چويلىدا توختىغۇدەك بىرەر ئەرز ـ دادىڭمۇ بارمىدى؟...

— يوق... يوق... — بوغۇزىغا تاقىلىپ تۇرغان پىچاقنىڭ ئۆتكۈر بېسىدىن ئۆلۈك سىياقىغا كىرگەن خالىقنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياش، بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان پوتلىلار ئۇنىڭ يۈزىنى لاي ھەم شالتاق قىلىۋەتكەنىدى.

— ئاكا، نوگايغا يېزىلغان خەت سۇدا ئۆچۈپ كەتكەندەك، بۇنىڭ ۋەدىلىرىمۇ مەشەدىن قۇتۇلۇپلاۋالسا يوقايدۇ، — دېدى ھۇسەن كۆزىنىڭ ئەستەر پاختىسىنى چىقىـ

رىپ.

— خالىق، تىپىرلىغان چاشقان سۈتكە چۈشۈپ ئۆلەر دېگەن گەپ بار، — دېدى هاسان ئىشەنچ بىلەن، — ئەگەر دەۋا قىلماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ بېشىڭنى لېگەنگە سېلىپ ئاپىرىشىڭ كېرەك! . . .

هاساننىڭ گېپى يوللۇق ئىدى. خالىق نېمە دەپ ئەرز قىلالىسۇن؟ . . . بۇ ئۆزىنى ئۆزى ئورىغا ئىتتىرگەنلىك بولمامدۇ؟ شۇڭا، ئۇ قەسەم ئىچىپ، ۋەدىلەرنى بېرىپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— سەن بايا كۆرگەن ئادەملەر ساپلا قۇلاق كەستى بىر نېمىلەر، — هاسان دىمىغىنى قاقتى، — ئەگەر ئۇلار بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىسا، سېنى مۇشۇ شاللىقتا ئەي قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ. . . ئۆزۈڭنى دەڭسەپ ئىش كۆرەرسەن. . .

— قىنامىڭغا پېتىپ يۈر! — دېدى هۇسەن خالىقنىڭ بېقىنىغا بىرنى تېپىپ.

جاغى ساڭگىلاپ، كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى تارتىلىپ، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن توختىماي هىق تۇتقىلى تۇرغان خالىق ئالدىدىكى توغراق كۆتىكىدەك قوپال، سېرىق بۇجغۇر ساقال هاسانغا، قاتاڭغۇر سۆرۈن تەلەت هۇسەنگە بىچارىلەرچە قاراپ، «خوش، خوش. . .» دېيىشتىن باشقا گەپ قىلالمىدى.

. . . چۈشىدە قارا بېسىپ كارىۋاتتىن يىقىلغان يېرىدە خىيالغا پاتقان خالىق ئارانلا ئورنىدىن تۇردى. ئۆيگە يورۇق چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ باغ تەرەپكە قارىغان دېرىزىنى ئېچىۋىدى، چېچەك هىدلىرى ئەتىگەنلىك ساپ هاۋا بىلەن تەڭ گۈپۈلدەپ كىرىپ دىمىغىغا ئۇرۇلدى. خالىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىدى ۋە كېرىلدى. هازىر ئۇنىڭغا نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ، ئىشقا كېچىكىپ قالدىڭغۇ؟ دەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئانىسى بىلەن دادىسى بويتاق ئوغلىنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى بىرنەچچە قېتىم چېلىقتۇرۇپ قالغاچقا، بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىماي، قۇمچاقاردىكى ئۆيىگە كۆچۈپ كەتكەنىدى.

سوغۇق سۇدا يۈزىنى يۇيۇپ سەل سەگىپ قالغان خالىق هويلىغا چىقتى. ئايالزاتىنىڭ چېۋەر قوللىرىسىز قالغان هويلا پاسكىنا ۋە قالايمىقانىدى. چېپىلغاق دادىسىنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭ توختىماي كوتۇلداشلىرىدىن بۇ هويلا پاكىزە، تال بوستانلار تارالغان، كۆچەتلەر پۇتالغان، باغ ئېرىقلىرى چېپىلغان هالدا رەتلىك تۇراتتى. مانا ئەمدى هويلىنىڭ هەممىلا يېرىگە قۇرت - قوڭغۇزلار هەرخىل ئىزلارنى

تامغىدەك بېسىپ، دەرۋازا بىلەن ئۆي ئارىلىقىدا بىرلا «چىغىر يول» سېلىنىپ قالغانىدى.

خالىق ناشتىمۇ قىلماي باغقا كىردى. ئۇ باھار كەلگەندىن بۇيان، بۇ يەرگە قاچان كىرگەنلىكىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. كۆچەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى كارىۋات ئۈستىنى تۆكۈلگەن چېچەكلەر ئاپئاق قاپلاپ كەتكەنىدى. ھېچنەرسە بىلەن ھەپسىلىسى يوق خالىق ئېرىق لېۋىدىلا ئولتۇرۇپ، ئالمىغا يۆلەندى ـ دە، ئوت بېسىپ كەتكەن باغقا خوشياقماسلىق نەزەرىدە قارىدى. ھەرخىل ھاشاراتلار گۈللەپ كەتكەن مېۋىلىك كۆچەتلەر ئارا غوڭۇلدىشىپ، ۋىژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. باغنىڭ بۇلۇڭىدا بىر توپ قۇشقاچلار قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك جاۋىلدىشىپ سوقۇشۇۋاتاتتى. تۇراپ ئىمىنىنىڭ قورۇسىدىكى بىر توپ ئۈجمىگە قونۇۋالغان سوپىسوپىياڭ ساپسېرىق پەيلىرىنى پارقىرىتىپ، ئۈجمىنىڭ پاتراق پىشىشىنى چىللاۋاتقاندەك مۇڭلۇق سايرايتتى.

خالىق چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ئالما غولىغا بېشىنى قويدى. ئاكا ـ ئۇكا ئوغرىلاردىن دۇمبا ـ تېپىك يەپ كەلگىنىگە بىر يىل بولاي دەپ قاپتۇ. ئۇ دەشنەم ئىشتىپ، ئەلەم يۇتۇدىغان بوزەك ـ بوشاڭلاردىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۆزىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئوغرى، قىزىل كۆز، قىمارۋاز، بۇلاڭچىلارغا ئىشىنىپ كەتكىنى نېمىسى؟ . . . ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، پۇل ۋە ئالتۇن بىلەيزۈكنى ئالدىنىلا تۇتقۇزۇپ قويغىنىچۇ! . . . تووۋا، شۇنچە دۇنيانىڭ مازار بېشىغا قويغان ئەرۋاھ ئېشىدەكمۇ قەدىر ـ قىممىتى بولمىدى، بىكارغا كەتتا! . . . دادى ـ مۇئامىلە قىلغاندا، يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەسمىگەن، بىر چوقۇپ ئۈچ قارىمىغان گۇناھ ئۆزىدە! . . . «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا؟» دېگەن شۇ دە!

خالىق مۇشۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگىنىدە، ھاساننىڭ «ئۆزۈڭنىڭ بېشىڭنى لېگەنگە سېلىپ ئاپىرىشىڭ كېرەك» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئالدى. بەرھەق، ئۇ نېمە دەپ دەۋا قىلىدۇ؟ «ئۇلار مېنى كۆپ ـ كۈندۈزدە بۇلىدى» دەمدۇ؟ ياكى «پۇلۇمنى ئېلىۋېلىپ، ئىشىمنى قىلىپ بەرمىدى» دەپ، گېپىنى يوپۇتامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىرەر كىمگە تىنىشقىمۇ زىنھار بولمايتتى. ئاشۇ قاتمال ھوسەننىڭ گېپى بويىچە قىنامىغا پېتىپ، تاغدەك ئاچچىق بولسىمۇ ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشى كېرەك. ئۇ ئىشلار ئادىقى يوق، ئايىغى يوق بولۇپ، جىم ـ جىملا ئۇنتۇلدى. بىراق، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق

ئېغىر زەربىنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئۇ زادىلا ئويلىمىدى.

قارىغاشنىڭ شالىلىقىدىكى خارابىلىقتا ۋەقە يۈز بېرىپ بىر ئايمۇ ئۆتمىدى. ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىن ئىمىن سوپى قاتارلىقلار چىقىپ، خالىقنى زەمچىگە باستى. «زۈمرەتنى سىرتىدىن سېتىش»، «دۆلەتنىڭ دورىلىرى ۋە ئاشلىقى بىلەن ياقۇپنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىش»، «گۇڭشې پارتكومىنىڭ تامغىسىدىن پايدىلىنىپ قارا دېلو پەيدا قىلىش» دېگەندەك بىر - بىرىدىن ئېغىر مەسىلىلەر تەكشۈرۈلدى. مەتمۇسا، زەينىدىن، تۇردى ھېكىملەردىن بىرنەچچە قېتىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەسىلە ئېنىقلاندى. بۇ «جانجىگەرلەر» ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چاشقانلاردەك بىر - بىرىنى چىشلىشىپ، چەيلىشىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي تۆشۈك ئىزدەپ، نەچچە يىللىق ماز-پاختىلىرىنى تىتىشتى، داۋاملىق شۈلۈنۈپ، قاسىلىپ پۈق بولۇپ كەتكەن مەتمۇسا: «بۇلتۇرقىنى دەيمۇ بۇ يىلقىنى؟ تۈنۈگۈنكىنى ئېيتايمۇ ياكى بۈگۈنكىنى؟» دەپ، ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ مەيدانغا چۈشتى. «تاجىسى» دىن ئەنسىرەپلا يۈرۈيدىغان زەينىدىن ھەممە توقۇناق بالا - قازانى خالىققا ئارتىپ، ئۆزى ئاق بالىخان بولۇپ قىرغا چىقتى. تۇردى ھېكىم بولسا، نومۇس قىلماي (ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭدا ئار - نومۇس دېگەن نېمە يوق ئىدى)، نەفسەنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن، كېچىلىرى ئۇخلىماي دالتەكلىك قىلغان، بولارنىڭ بەدىلىگە، مەكتەپنىڭ گۇەنلىيۋەنلىك ئەمىلىگە ئېرىشكەنلىكىدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى. پاكىتلار ئالدىدا پۇت - قولى چۈشۈلۈپ، ئاغزى يەملىنىپ قالغان خالىقمۇ «يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال» قىلدى، ئۇمۇ «دوست» لىرىغا رەھىم - شەپقەت قىلمىدى. مەتمۇسانى: «نەسىللەندۈرۈش پونكىتىدىكى بۇقا، ھاڭگا، ئايغىر، قوشقار، سەركىلەردىن پايدىلىنىپ يېيىنى تومىلىدى» دەپ، زەينىدىننى: «ئۆزى مۇدىر تۇرۇپ، ئوغرىلارنىڭ قازناقچىسى بولدى» دەپ، تۇردى ھېكىمنى بولسا: «تاماخور، چېقىمچى، تۆھمەتخور، خۇشامەتچى، چىۋىننىڭ قانىتىدەك ئەمەلگە نومۇسىنى ساتىدىغان پەسكەش، رەزىل» دەپ ئەيىبلىدى.

بۇ قېتىمقى رېۋىزىيىگە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغانلىقىنى سېزىپ قالغان تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىقنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلاردىن كۆپ ئىشلارنى ئىگىلىگەن قۇربان ھاكىم ئاكوجاڭغا: «خالىقنىڭ بەزى ئىشلىرى زەينىدىن مۇدىر بىلەن چېتىشلىق بولغاچقا، مائارىپ ئىدارىسىدىن بىر ئادەم قاتناشسۇن» دەپ،

ئالىمجان زېھرۇللانى رېۋىزىيىگە قېتىپ ئەۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئىمىن سوپى تەسۋىسىنى
ئۆزى خالىغانچە سىيرىيالمىدى. چارە مەسىلىسىدە، تۇراپ ئىمىن خالىقنىڭ پارتكوم
ئىشخانا جۇرىنىلىقى ياكى كاتىپلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئەمىلىنىڭ بىرسىنى ساقلاپ
قېلىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئالىمجان بۇ گەپ توغرۇلۇق قۇربان ھاكىمغا يوشۇرۇن
تېلېفون بەردى. ئاز ئۆتمەيلا، ئۇنىڭدىن تۇراپ ئىمىنگە تېلېفون كەلدى. ئۇ خالىقنىڭ
بۇرۇنقى نەتىجە - تۆھپىلىرىنى ئەمدى باشلاپ سۆزلەپ تۇراتتى، تېلېفون تۇرۇپكىسىدا
قاتتىق ۋارقىرىغان، چېچىلغان ئاۋازلار ياڭرىدى. بولۇپمۇ قۇربان ھاكىمنىڭ: «پارتىيە
ئىستىلىنى قوغداش ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى... پارتكوم تامغە-
سى، خەلق بەرگەن ئەمەل ۋە ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ قارا دېلو ئويدۇرۇش، قىزلارنى
سىرتىدىن سېتىش، بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىش... بىر پارتىيە ئەزاسىغا مۇناسىپ
ئىستىلمۇ؟... ئۇنىڭ دەستىدىن، ياقۇپ ئۆلدى، زۇمرەت ساراڭ بولدى، ئىقتىدار-
لىق ئوقۇتقۇچىلار جازالاندى... ئەگەر سىزنىڭ چېتىلىپ قالغان يېرىڭىز بولسا،
دادىللىق بىلەن يۇيۇنۇڭ...» دېگەن سۆزلىرىنى ئىشخاندىكى باشقىلارمۇ ئاڭلىدى.

خالىقنى نەچچە قېتىملىق دوقاللاردىن ئۈششۈك تەگكۈزمەي، ساق قۇتقۇزۇپ
ئېلىپ چىقىپ كەتكەن تۇراپ ئىمىن بۇ قېتىم ئۇنى قانات ئاستىغا ئالالمىدى. ئۇ بۇ
مەسىلىدە، ۋاڭ لىمىڭ شۇجى بىلەن قانچە قېتىملاپ جوزا مۇشتلىشىپ، قىزىرىپ -
تاتىرىپ ئارازلاشقانىدى... بىراق، ئاخىرى بولار ئىش بولدى. خالىق پارتكوم ئىشخانا
جۇرىنىلىقى، كاتىپلىقتىن ئىبارەت ئىككى تاجىسىدىن ئايرىلدى. ئەمما تۇراپ ئىمىننىڭ
تىرەجەپ تۇرۇشى، ۋاڭ لىمىڭنىڭ باش لىڭشتىشى ئارقىلىق، پارتىيىلىكى بىر يىللىق
سىناق بىلەن ساقلاپ قېلىندى.

گۇڭشې رادىئو ئۇزېلىدا ناھىيىنىڭ، گۇڭشېنىڭ ھەرخىل ھۆججەت، خەۋەرلىرىنى
يەتكۈزۈش، دادۈي، شياۋدۈيلەرنىڭ كۈندىلىك ياخشى پائالىيەتلىرىنى ئاڭلىتىش دېگەن-
دەك تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان خالىق بىر يىلدىن بېرى چۈشەكىگەندەك گاراڭ
بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. خالىق ئۆزلۈكسىز يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان، يىراقنى كۆرەر ئادەم
ئىدى. ئۇ تۇراپ ئىمىننى بىر تېپىك بىلەن ئۆرۈۋېتىپ بوستاننى ئالقىنىغا ئېلىش
نىيىتىدىن ھازىرمۇ يانغىنى يوق. ئۇ شۇجىلىقتىن ئىبارەت ئەمەلنى كۆۋرۈك قىلىپ،
ناھىيىگە ھاكىم، ھەتتا ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇشنىمۇ كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەپسۇسكى،

راسا قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدا، پەلەكنىڭ گەردىشى بىلەن گۆپپىدە يىقىلىپ، ئۆگدە-
سىغا ئۇچۇپ چۈشتى. . . ھازىر ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى يەرگە ئۇرۇلۇپ، تېرىقتەك
چېچىلىپ كەتتى. تۇراپ ئىمىنىڭ: «كۆڭلۈڭنى توق تۇت، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسۇن،
خىزمەتلىرىڭنى چوقۇم ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. . . » دېگەندەك كۆڭۈل ياساشلىرىنى ھې-
سابقا ئالمىغاندا، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايدۇ. «ۋاي قۇرغۇيۇڭ بولاي، قارچۇغاڭ
بولاي» دەپ ئەتراپىدىن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان ئىدارە ـ جەمئىيەت باشلىق-
لىرى، شۇجى، داۋيجاڭ، شياۋدۈيجاڭلارمۇ ئۇنىڭدىن قولىنى يۇيۇپ، قولتۇقىغا
سۇرتىۋەتكەن، ئۆيىگە پات ـ پات كىرىپ تۇرىدىغان گۆش، ياغ، توخۇ، يەل ـ
يېمىشلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن. دۇنيادا ئادەمدەك سىنچى، تومۇرچى، تادان، مەنپەئەت-
نىڭ قۇلى يوق ئىكەن. ئۇلار خالىقنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئەمەل ـ ئىمتىيازىنى
دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ كەلگەنىكەن. ھازىر ھەممە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى.
«يېقىلساڭ، توخۇمۇ دەسسەپ ئۆتەر» دېگەن گەپ ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن.
مۇنۇ پىستە كۆچۈكتەك سۈۋۈنۈپ، جاۋغىيىدىن خۇشامەت كۆلكىسى كەتمەيدىغان تۇردى
چېغىدا مەسخىرە قىلغاندەك، ھىڭگىدە ھېجىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. تېخى يېقىندا
مەتمۇسا كوچىدا ئۇچراپ: «خالىقاخۇن، ئامەت دېگەن بۇلۇتنىڭ سايىسىدەك بىر نېمە-
كەن جۇما! شامال چىقسا توزغاقتەك توزۇپ كېتىدىكەن ئەمەسما؟» دەپ، ئۇنىڭغا
ئوچۇقلا نەشتىرىنى سانجىدى.

باش، مۇرىلىرىگە چېچەك تۆكۈلۈپ، ئېغىر خىياللار ئىلكىدە ئېزىلگەن خالىق
ئېرىق لېۋىدىن تۇرۇپ، پەرۋىشسىز قالغان بېغىنى ئايلاندى. ئۇ، بىردىنلا قېرىپ
كەتكەندەك، دۈمچىيىپ ماڭاتتى. ئىششىپ قالغاندەك يۈزى سالپايغان، پۇرلەشكەن
قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى گۇنسىز ھالدا ئېغىر باقاتتى. خالىق تېرىقسىز قالغان
كۆكتات ئېتىزلىرىنى، ئانىسى گۈل كۆچۈرۈپ قويىدىغان قىرلارنى بىر قۇر ئايلانغاندىن
كېيىن، كارىۋات قېشىغا كەلدى ۋە پالاز ئۈستىدىكى چېچەكلەر ئۈستىگىلا ئولتۇردى.
توغرا، بۇلتۇر ئالما پىششىقى ۋاقتىدا، كېرىموف مۇشۇ كارىۋاتتا تەردىن لاي بولۇپ
كەتكەن پايپاقلىرىنى پۇرىتىپ ئولتۇرۇپ: «جۇرېنلىق، كاتىپلىق دېگەن تاجلار باشلى-
رىدا لىڭگىر- تاختاق ئويناۋاتىدۇ. . . » دېگەنىدى. يەنە ئىمىن سوپىنىڭ ئۆيىگە
بارغانلىقى، دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ، قۇربان ھاكىم بىلەن كامىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلى-

قى، ئۇلارنىڭ رېۋېزىيە ئەۋەتىش، ئېغىر چارە كۆرۈش، خالىق. . .» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغانلىقىنى دەپ بەرگەندى. كېرىموفنىڭ بۇ بىشارىتى ئاخىرى ئۆز قارارىنى تاپتى. ئەمما، كېرىموفمۇ خالىق دۇچار بولغان تەقدىرگە ئوپمۇئوخشاش پاجىئەگە يولۇقتى. ئۇ مۇشۇ باغدا ئالما يەپ ئولتۇرۇپ: «ھېكمەتنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىمەن. . .» دەپ قەسەم ئىچىپ، ئارىدىن ھەپتىمۇ ئۆتمەي، كىشىلەر ئۇنىڭ چالا ئۆلۈك تېنىنى سېسىق كۆل بېشى يېنىدىن تاپتى. ئۇ دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي داۋالىنىپ، قولتۇق تايىقى بىلەن چىقتى. گەرچە كېرىموف ئۆزىنى ئۇرغان كىشىلەرنى تونىسىمۇ، ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى، بۇ بىر سىر ئىدى. . .

خالىق كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇلار باشقىلارنى سېتىۋېلىپ قول سالدۇرغان رەزىل ئادەملەرگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئۇنداقتا بۇ زادى كىمنىڭ ئىشىدۇر؟ . . . بۇ پاجىئە خالىقنى بىر تەرەپتىن چۆچۈتۈپ قويغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئۇ كۆڭلىدە يېشىلمەي قالغان قورقۇنچلۇق تېپىشماق بولۇپ قالدى. شۇنداق، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار يېنىكلىك بىلەن چېقىلىدىغان ئادەملەر ئەمەس ئىكەن. ئۇلارنى ھەممە قوللايدىكەن، قانات ئاستىغا ئالىدىكەن. شاپائەتلىك قولىنى سۇنىدىكەن. تۇۋا، ئاخشام كۆرگەن چۈشىدىمۇ مەتمۇسانىڭ ئۇلارنىڭ قاتارىدا تۇرۇپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋەتكىنى نېمىسى؟ «قىساس ئالىمەن. . .» دەپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچۇ تېخى! بۇ نېمىدىن بىشارەت؟ . . . بۇ بىشارەتنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىدىن خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! . . . نەفسە بىلەن سۇ چېچىشىپ، چېچەكلىك ئورمانلاردا قوغلىشىپ، ئۇنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، «خالىقئاكا» دېگەن شېرىن ـ لەزىز ئىلتىجالىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى باغرىغا باسقانلىرى، چاچلىرىنى ھىدلاپ، بويۇنلىرىنى سىلاپ، ئۇنى سۆيگەنلىكى بۇ نېمىدىن بىشارەت؟ كونىلار: «سەھەردە كۆرگەن چۈش راستقا ئايلىنىدۇ» دەيدىكەن، بۇ مۇمكىن بولارمۇ؟ . . .

نەفسەنى تولا ئويلاپ ساراڭ بولاي دېگەن خالىق خۇددى توخۇ داڭگال چۈشىگەندەك، ئۇنى پات ـ پاتلا چۈشەپ قالاتتى. كۈندۈزى ئوي ـ خىيالىدىن چىقمىغان خام تامالىرى چۈشىدە نامايان بولاتتى، ئۇنىڭ لەززىتى بىلەن، بىرنەچچە كۈنلەرگىچە تاڭشىر يەپ تامىقىنى تامشىپ يۈرگەن گاچىدەك ھۇزۇرلىنىپ، خامۇش بولۇپ قالاتتى. ئەمما زېرىكمەي ماڭغان ئەلچىلەرنىڭ ھەر قېتىم سالپىيىپ قايتىپ كېلىشى، نەفسە تەرىپىدىن تەلەپ ـ ئىزھارلىرىنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن رەت قىلىنغانلىقى ئۇنى ئازابلايتتى،

ئۇغىسىنى قايىنىتاتتى، كامىلغا بولغان زەھەر قاچىسىنى تولدۇراتتى. بىراق، بۇ ھەقىقەت ئىدى. ھالبۇكى، ئىنسان ئۆلۈش، قېرىش ۋە كېسەل بولۇشنى خالىمىغاندەك، خالىق بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايتتى. نەفسەنىڭ ئانىسىنىڭ يىلىمۇ توشۇپ قالدى. يىل نەزىرىسىنى بېرىۋەتسە، كامىل بىلەن نەفسە توي قىلىدۇ. ئەمدى خالىق قانداق قىلىشى كېرەك؟ پەش قىلاي دېسە، ھوقۇق قامچىسى سۇنغان!... ھاسان - ھۈسەن ئاكا - ئۇكىلاردىن كەلگەن راپائەت شۇ. ئەمدى ئۇ يولغا ھەرگىز ماڭمايدۇ، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق. بىساتى قۇرۇپ كەتتى. ئاشۇ خارابە ئەسكى تاملىقتا جېنىنىڭ ئامان قالغىنى بىر غەنىيمەت بولدى... ئەمىسە، «ئىككىسىنىڭ توينى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، قۇلىقىممۇ ئاڭلىمىسۇن» دەپ ئۆلۈۋالسۇنمۇ؟ ياق، خالىق ئۇنداق ئاسانلىقچە يەل قويۇپ بېرىدىغانلاردىن ئەمەس! چۈمۈلە چېغىدا، ئۆزىدىن ئون - يىگىرمە ھەسسە چوڭ يۈكنى كۆتۈرۈپ، ئېگىز تام، كونا سېپىللارغا چىقىپ كېتىدىكەنۇ، خالىق ئۇنچىلىك ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئارقىدا قالدۇرالمامدىكەن؟... ئۇ قەددىنى رۇسلايدۇ... رەقىپلىرىنى چىر - چىر چىرقىرىتىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئوچاق ئېسىپ، تۈتۈن چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەنە شۇنداق تەۋرەنمەس ئىرادە، يىمىرىلمەس مەقسەت - نىشانلار ئۆلگىنى يوق!...

خالىقمۇ ئۆزىگە نېمانچە ئىشىنىدۇ؟ چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆچمەي قالغان بىر چىراغ تېخىچىلا ئۆرە كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ بولسىمۇ 4 - ئايدىن بېرى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دېڭتو، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى پىپەن قىلىش ئۆگىنىشى ئىدى. ئۆگىنىشنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىدىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئىدىكى، مەملىكەت بويىچە يەنە بىر چوڭ ھەرىكەت بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىن ئىدى. ئۆگىنىشنىڭ باسقۇچلۇق تەرەققىياتى، سۈرئىتى بۇ ھەرىكەتنىڭ پات يېقىندا تۇغۇلۇشىنىڭ ئاچچىق تولغىقى بولۇپ ھېسابلىناتتى. يۇقىرىدىن كېلىۋاتقان يېڭىدىن - يېڭى ھۆججەت - ماتېرىياللار، تەھلىلى ماقالىلەر ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ، ئاساسىي قاتلام، كان - كارخانىلاردا ئۆگىنىلىپ، دېڭتو، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنىڭ «يەن شەن يى خىۋا»[1] لىرى تەھلىلى تەنقىد ئاستىدا قامچىلانماقتا ئىدى.

---

① يەن شەن (شورتاغ) بېيجىڭ ئەتراپىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى. يىخۋا — كىچىك پاراڭلار. يەنى شورتاغدىكى كىچىك پاراڭلار دېگەن بولىدۇ.

خالىقنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرۇپ تۇرغىنى مانا شۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەرىكەت ئىدى. بولۇپمۇ بېيجىڭدىكى ئاغىنىسى ئەركىنىنىڭ بىر ئاي ئىلگىرى يازغان خېتى ئۇنىڭ خام ئويلىرىنى ئىشەنچكە ئايلاندۇردى. ئۇ خېتىدە، پايتەختتىكى جىددىي ۋەزىيەت ئۈستىدە توختىلىپ، زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان بەس - مۇنازىرە، پىكىر ئىختىلاپلىرىنى قىسقىلا يازغانىدى. ئەركىن خېتىنىڭ ئاخىرىدا، پات ئارىدا پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالىدىغان چوڭ ھەرىكەت بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەنىدى ھەم ئۆزىنىڭ يۇرتىنى كۆرگىلى رۇخسەت بىلەن بارىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى. خالىق ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۈنلەرنى ساناپ ئۆتكۈزدى. لېكىن، ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن خەۋەر يوق ئىدى.

ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنى، ئۆزىنى ئۆزى بەزلەشنى بىلىدىغان خالىق «بۈگۈن ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چايخانىسىغا كىرىپ، قاتتىق - قۇرۇق نانلار بىلەن ناشتا قىلىپ، گۇڭشېغا باردى ۋە باشقۇرۇش رايونلىرى، دادۈيلەردىن كەلگەن ماقالىلەرنى رادىئودا ئاڭلىتىش ئۈچۈن تەھرىرلەشكە ئولتۇردى. ئۇ يەرلىك كادىرلارنىڭ ئۆز دادۈيلىرىنىڭ نەچچە مو يازغى بۇغدايىنىڭ ئوتالغانلىقى، قوناق ئارىلىقىغا تېرىغان ماشلىرىنىڭ ياخشى ئۆسكەنلىكى، دان سۈيى ئىچكەنلىكى توغرىسىدىكى قاغا پۈتى ماقالىلىرىنى تۈزەۋېتىپ، روسىيە يازغۇچىسى نىكولاي سېمىنوۋىچ لېسكوۋنىڭ ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا يادلىۋالغان: «ئادەم ھەرقانداق ناچار شارائىتقا كۆنەلەيدىغان، شارائىتنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىگە قارىماي، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدىمۇ خۇشاللىق تاپالايدىغان بولۇشى كېرەك...» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، ئۇ سۆزنى ئىچىدە ھەجىلەپ ئولتۇردى. بۇ سۆز ئۇنىڭغا مەدەت - ئىلھام بەردى بولغاي، ئېغىرلىشىپ كەتكەن ۋۇجۇدى خېلىلا يېنىكلەپ قالدى. شۇڭا، ئۇ كەچتە بالدۇرلا ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيىگە گۇڭشې ئاشخانىسىدىن بىر قاچا قورۇما ئېلىپ قايتتى. ئۈلپەت بولمىسىمۇ، ئۆزى يالغۇز پەيزى قىلماقچى بولدى. خالىق چاي دەملەپ تۇراتتى، دەرۋازا ھالقىسىنىڭ شاراقلىغىنى ئاڭلاندى. بۇ بىر يىلدىن بۇيان، ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ قويرۇقى ئۈزۈلگەچكە، بىرئاز ھەيران بولۇپ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، كەلگەنلەر ھېلىقى تېتىمەي چوكانلار بولغىنىدا، دەرۋازىنى ئىتتىرىپلا، خۇددى شامالدا قالغان پەيدەك ئۈچۈپلا كىرەتتى. دەرۋازا ھالقىسىنىڭ بىر

توختاپ، بىر شاراقلاپ قويۇشى كەلگۈچىنىڭ خېلى ئىنساپلىق، تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. خالىق دەرھال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:

— ئەركىن!...

— خالىق!...

ئىككى دوست دەرۋازا تۈۋىدىلا قۇچاقلاشتى.

— پاھ، پاھ، بۇ ھەيۋەتلىك دەرۋازاڭنى قارا! سوراپ يۈرۈپ ئارانلا تاپتىم.

— توۋا، — دېدى خالىق ئەركىنگە باشتىن-ئاياغ قاراپ، — ياشىرىپلا كېتىپسەنغۇ!... پايتەختنىڭ ھاۋاسى، تۇرمۇشى ساڭا يېقىپتۇ جۇمۇ!... ھەي، ھەي، چوڭ شەھەر دېگەن باشقا گەپتە... جۆر ئۆيگە كىرەيلى.

«جۇدەپ، قارىداپ، قېرىپلا كېتىپسەنغۇ؟» دېگەن سۆز ئەركىننىڭ ئېغىزى ئۇچىغا كېلىپ بولۇپ، دەرھال توختاپ قالدى. لېكىن ئۇ قورۇغا كىرىپ، قىيما تۈۋرۈكلۈك پېشايۋانلارغا، بىنا لەمپىلىرىگە كۈچۈك چىشى چىقىرىپ سىرلانغان سەي قەلەملەرگە، نەقىشلەنگەن مېھراب شەكىللىك دېرىزە قاپقاقلىرىغا، سۇس ھاۋارەڭ ئاقارتىلغان پېشايۋانلىق ئۆيلەرگە قاراپ: «پاھ، قالتىس ئۆيلەرنى سېلىۋاپسەن، يەرلىك دېگەن يەرلىكتە!» دېگەچ، پەلەمپەيگە قەدەم ئالدى. خالىق ئۇنى ئۇدۇل مېھمانخانىغىلا باشلاپ كىردى.

— ئوھوي قالتىسقۇ؟ ئۆيلىرىڭ بەك ھەيۋەت ئىكەن! — دېدى ئەركىن دېرىزىلەرگە تارتىلغان ھىل - ھىل پەردىلەرگە، تامدىكى ئانار گۈللۈك گىلەم، دەستىلەنگەن چامادانلارغا قاراپ. بولۇپمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى تام بويلاپ قويۇلغان دىۋان ۋە چاي شىرەلىرى ئىدى. بۇنداق يېشىل مۇۋۇت بىلەن قاپلانغان دىۋانلار شەھەرلىك كادىرلارنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر كىشىلەر بىرەر چوڭ كادىرنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا: «ۋاي پالانىنىڭ ئۆيىدە لۆم - لۆم ئورۇندۇق بار ئىكەن» دېيىشىپ ماختىشىپ كېتەتتى.

— دىۋانلىرىڭ ئۆيۈڭنى قالتىس ئېچىپتۇ جۇمۇ!

— پايتەختلىكلەرنىڭكىدەك پۈرژىنىلىق دىۋانلار نەدە دەيسەن؟ — دېدى خالىق پىيالىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — بۇ يەردە ئاپتوموبىلنىڭ ئىچ كامېرىنى لېنتىدەك كېسىپ،

پۈرژىنا ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

— بۇمۇ ئادەمنى توپتەك قاڭقىتىپ تۇرىدىكەن، — ئەركىن دىۋانغا ئولتۇرۇپ كۈلۈپ قويدى، — قېنى سەنمۇ ئولتۇر.

— يولدا چاڭقىغانسەن؟ چاي ئىچكەچ تۇر، مەن چىقىپلا كىرىمەن.

خالىق چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەركىن پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، خىش ياتقۇزۇلغان ئازادە مېھمانخانىنىڭ تاملىرىغا ئېسىلغان رامكىلاردىكى «نەمۇنىچى» ، «ئىلغار» ، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىنى تاماشا قىلدى. ئەركىن ئېگىز بوي، بەدىنى تولغان، ئاق سېرىق، يۈزى كۆكچە قوغۇنىدەك سوزۇنچاق كىشى بولۇپ، ئۇزۇن بۇرنى سەل پاناقراق، كۆزى كۆك، چېچى سارغۇچ قوڭۇر ئىدى. ئۇ رەسىم سېلىنغان چوڭ رامكىنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدا سىنىپ كوللېكتىپى بويىچە چۈشكەن چوڭ سۈرەتكە ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قارىدى. بۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرە سۈرىتى ئىدى، ئالدىدا مۇئەللىملەر بىر قاتار ئولتۇرۇشقانىدى، خالىق ئىككىنچى رەت سول تەرەپتە قاپقارا چاچلىرىنى پارقىرىتىپ، مەيدىسىنى كېرىپ، گويا ئۇچىدىغاندەك گىدىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر غېرىچ ئېگىز تۇرغان ئەركىن خالىقنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇۋالغانىدى. خالىق سىنىپ بويىچە ئىسكەتلىك، قاملاشقان، سۆلەتلىك كۆرۈنەتتى. ھازىر ئۇ تونۇردا تولا ئىشلىتىپ چوقالغا ئايلانغان كۆسەيگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەركىن ئىچىدە: «يەرلىك كادىرلارنىڭ جاپاسى تولا، ئاسانلا قېرىپ كېتىدۇ. . . بولۇپمۇ يېزا دېگەن ئادەمنى جۇۋاز قايچىسىدەك ئۈپرىتىپ تۈگىتىدىغان چىلان كۆتىكىدە! . . . » دەپ غۇدۇڭشىدى.

— سېنى ساقلىتىپ قويدۇم ـ ھە! — خالىق تەخسىلەردە لەغمەن كۆتۈرۈپ كىردى، — قورسىقىڭمۇ راسا ئاچقاندۇر؟ . . .

— ۋۇي، يامان چاققانغۇسەن؟ . . .

— سودا سارىيى ئاشخانىسىدىن ئېلىپ كىردىم، خوتۇن بولمىغاندىكىن. . .

— بىلىمەن، خېتىڭدە يېزىپتىكەنسەن. . . شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيلەنمەپسەن ـ دە؟ . . .

— خىزمەتلەر بەك ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈممۇ كايىش قىلمىدىم. . .

ئۇلار «ئالە، باق» دېيىشىپ، تاماقلىرىنى يېيىشتى، ئاش سۇيى ئورنىغا قىزىق چاي ئىچىشتى ۋە تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك گەپلەرنى قىلىشىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، خالىق شىرەنى تازىلاپ، چىنە - قاچىلارنى ئەچىقىۋەتتى. ئارقىدىنلا، دەملەنگەن چاي، نان ۋە گۆشى ئاشخانىسىدا قورۇتقان بىر تەخسە قورۇمىنى ئېلىپ كىردى. ئاندىن ئىككى دانە ئەينەك رومكا بىلەن بىر بوتۇلكا هاراقنى شىرەگە قويدى. هاراقنى كۆرگەن ئەركىننىڭ كۆك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ خۇشلۇقىدا: «بىردەمدىلا نەلەردىن پەيدا قىلدىڭوي؟ ئۆز ۋاقتىدىمۇ ئايىغىڭ يېنىك نېمە ئىدىڭ!» دەپ قويدى. بۇنىڭغا جاۋابەن خالىق: — كونىلار يالغۇزنىڭ مۇشكۈلىنى خۇدايىم ئوڭلايدۇ، دېگەنىكەن، ئۈلپىتىم يوق دەپ غېرىپسىنىپ ئولتۇراتتىم، مانا سېنى خۇدايىم يەتكۈزدى... — دەپ قويدى.

خالىق ناهايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى سۆزلەپ، قىزغىن كەيپىياتنى بۇزۇشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىمۇ ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايتتى. چۈنكى، «دۇنيادا بىرلا مەن» دەپ كۆكرىكىنى كېرىپ ئادەتلەنگەچكىمۇ، ئۇ باشقىلار ئالدىدا بىچارە كۆرۈنۈشنى خورلۇق دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ سۇنغانلىقىنى بىلسە، بۇ پايتەخت بەگزادىسىنىڭ تېخىمۇ گېدىيىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇنىڭ پېئىلى خالىققا بەشقولدەك ئايان. هازىر ئۇنى تەقەززا قىلىۋاتقىنى بولۇش ئالدىدا تۇرغان «مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالىدىغان چوڭ هەرىكەت»نى بىلىش ئىدى. شۇڭا، خالىق هاراققا زورلاپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە رومكىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇشۇق ئىچۈرۈۋەتتى. كۈچلۈك چىققان ئاق قوناق هارىقى ئەركىننىڭ ئېغىزىنى ئىختىيارسىز هەرىكەتكە كەلتۈردى.

— سەن بۇنى كوچىلاپ قالدىڭ، — دېدى ئەركىن رومكىنى بوشىتىپ، — بۇ دېگىنى، ۋۇخەن، لياۋمۇشا دېگەنلەر مەركەز دەرىجىلىك كاتتا ئەربابلار! ئۇلار مەدەنىيەت سىستېمىسىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان... بۇ ساهە پارتىيىنىڭ كۆزى، قۇلىقى، ئېغىزى... تەشۋىق - تەرغىباتتىن ئىبارەت ئەڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇهىم هەم خەتەرلىك بازا... بۇ ئارقىلىق هەتتا هاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ...

— ئۇلارنىڭ «كەچلىك پاراڭلىرى»نىڭ تۈپ نېگىزى زادى نېمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن؟ — خالىق رومكىلارنى قايتا توشقۇزدى، — بىز بۇ يەردە ئۆگىنىش

ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بىراق، ماتېرىياللاردا كونكرېت بىر نېمە دېيىلمىگەن.
— «يەن شەن يېخۋا» نىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، — ئەركىننىڭ كۆك كۆزلىرى چەكچەيدى، — يىغىپ ئېيتقاندا، پارتىيە رەھبەرلىكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى، پرولېتا-رىيات دىكتاتورىسى، خەلق گوڭشېسى، باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەتتا پولات تاۋلاشلارغا قەدەر زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنغان غەيۋەت - شىكايەتلەر. . .
— پاھ، ئۇلارنىڭ يۈرىكى نېمىدېگەن چوڭ؟. . .
— يەن شەن يېخۋانىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى، تىغ ئۇچىنى ماۋجۇشى-غا قاراتقان. . .
— ماۋجۇشىغا؟. . .
— ئۇلار خەلق تۇرمۇشىنىڭ نامراتلىقى — خەلق گوڭشېسىدىن، شەھەر - يېزىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى — پولات تاۋلاش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشتىن، دۆلەتنىڭ تەرەققىي تاپماي قالاق ھالدا قېلىشى، باش لۇشيەننىڭ خاتالىقىدىن بولدى دېيىش ئارقىلىق، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلماقچى. . .
— مۇنداق دېگىن؟
— باشتا دېگىنىمدەك، — دېدى ئەركىن رومكىنى قولىغا ئېلىپ، — ئۇلار جوڭگو ماتارىيى بىلەن غەرب ئەللىرى ماتارىيىنى سېلىشتۇرۇپ، ماتارىيىمىزنىڭ تېخى ئىپتى-دائىي باسقۇچتا تۇرغانلىقىنى، يىلىغا ئاجرىتىدىغان سوممىنىڭ كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ماتارىپقا ئاجرىتىدىغان سوممىسىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىكىمۇ توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئەمما سىنىپىي كۈرەش، ئۇرۇش تەييارلىقىغا ئاجرىتىلغان ئىقتىسادنىڭ بولسا دۆلەت يۈيسۈە-نىنىڭ تەڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ كەتكەنلىكىنى سان - سىفىر، پىرسەنتلەر بىلەن ئىسپاتلاپ، دۆلەت تۈزۈمىمىزگە قارشى چىققان. . .
— مەركەز ئۇلارغا بىرەر تەدبىر قوللانمىدىمۇ؟
— ئىدېئولوگىيىگە ياتىدىغان بۇنداق بەس - مۇنازىرىدە، تەرەپپا قول سېلىش، خەلقئارادا دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكىدۇ، — ئەركىن رومكىسىنى خالىقنىڭ رومكىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نامى بار كىشى-لەر.
— ئەمىسە، شۇنداقلا بولدى قىلامدا؟ — خالىق ئىچكىرىلەپ كوچىلا-

ماقتا ئىدى، — ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، دۆلەت ئىچىدە توپىلاڭ پەيدا قىلىمامدۇ؟...

ئەركىن كۈلۈۋەتتى. ئۇ ھارىقىنى ئالدىرىماي سۈمۈرۈپ بولۇپ، قورۇمىغا تۇتۇش قىلدى. ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، سوزۇپ كېكىرىپ، «پۇۋ...» دېدى-دە، شىرەدىكى پاپىرۇسنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

— ئېسىڭدىمۇ، خېتىمدە چىڭخۇا داشۆسى ھەققىدە يازغانىدىم؟ ھە مانا شۇ مەكتەپتە مەركەز دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇيدۇ. مەركەز ئىچىدە بولۇۋاتقان ھەرقانداق تالاش-تارتىش، پىكىر-ئىختىلاپلىرى، يىغىن مەزمۇنلىرى شۇ داشۆدىن جەمئىيەتكە تارقايدۇ.

— قېنى، ئېنىقراق سۆزلىگىنە، ھەي، سەھراچىلىق... جىق ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالىدىكەنمىز...

— سەن «ئۇلارغا تەدبىر قوللانمىدىمۇ؟» دەپ سورىدىڭ، — دېدى ئەركىن بىلەرمەنلىك كېبىرى بىلەن، — دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى بىر تەرەپ قىلماققۇ ئاسان، بىراق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ھەرقايسى سەپلىرىگە يوشۇرۇنغان كىچىك دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى قانداق قىزىپ چىقىرىش كېرەك؟... بۇنىڭ ئۈچۈن، مەدەنىيەت بازىلىرىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى... ئەمما مەركەز ئىچىدە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلمايدىغانلارمۇ بار... ئۇلارنىڭ باھانىسى: «دۆلىتىمىز كەمبەغەل، خەلقىمىز نانغا تويمايۋاتقان، كىيىمى پۈتۈن بولمايۋاتقان مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، كۈچنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قارىتايلى، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى سانائەت، زامانىۋى ئىلىم-پەن ئاساسىنى يارىتالىساق، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقالىساق، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ» ۋەھاكازالار دېگەندىن ئىبارەت. ئەمدى دەپباققىنا، مەركەز ئىچىدىمۇ دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنىڭ «بوۋىسى» بارمىكەن يە يوقمىكەن؟... — قىزىپ قالغان ئەركىن بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ، ئىككى رومكىغا تەڭشەپ قويۇۋەتتى، — ھەيىي... سىنىپىي كۈرەش فۇزا (مۇرەككەپ) بەك فۇزا...

— بۇ گېپىڭچە، بىرەر ھەرىكەت بولسا، ئاۋۋال مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكىلەردىن باشلىنىدىكەن ـ دە؟

— ئەڭ ئالدى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر، ئىلىم ـ پەن خادىملىرى، بىلىملىك زاتلار تۇتۇلىدۇ. ئاڭدىڭمۇ؟ خۇددى ئورمانغا ئوت كەتسە، ھۆل ـ قۇرۇقنىڭ ھەممىسى تەڭ كۆيگەندەك، ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپتىكى خەت ئوقۇيالايدىغان، قەلەم تۇتالايدىغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بارلىقى ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىمقى «دېڭتو، ۋۇخەن، لياۋمۇشا» لارنى پىپەن قىلىش كۈرىشىگە سەل قارىما! تاماق يېمىسەڭمۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلسەڭمۇ، ھەرقانداق ئىككىلىنىشلەرنى تاشلاپ، بۇ كۈرەشكە ئاتلان! . . . سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭ! . . . ئىتتەك ئۆمىلەپ، قاۋا. . . بۇ قېتىم ئۆزىنى كۆرسەتەلىگەن ھەرقانداق ئادەم كەلگۈسى ھاكىمىيەتنىڭ سەركەردىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ! مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى قۇلىقىڭغا قوغۇشۇندەك قۇيۇۋال، سىرغىدەك ئېسىۋال! . . .

شىرەگە قونغان يەنە بىر بوتۇلكا ھاراقمۇ يېرىملاشتى. ئەركىننىڭ سېرىق يۈزى ئۆپكىدەك قىزىرىپ، كۆك كۆزلىرى خۇمارلاشقانىدى. پايدىلىق ئۇچۇر ئاڭلاش ۋەسۋەسىسىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان خالىق ھاراقنى ئۆزىگە ئاز قۇيۇپ، ئارىلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ تۇرغاچقا، خېلىلا تىمەن ئولتۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭمۇ كۆكۈش كەلگەن ئورۇق يۈزى ئوتقا سالغان مىس لېگەندەك قارىداپ كەتكەنىدى. خالىق دىۋانغا بېشىنى تاشلاپ مۈگدەپ قېلىۋاتقان ئەركىننى كۆرۈپ، پېشايۋاندىكى چوڭ كاتقا ئورۇن سېلىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدا تۇرالمايۋاتقان ئەركىن غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن: «ئەتە مېنى شەھەرگە يولغا. . . يولغا سېلىپ قوي. . . چىرىدا ئانام بىلەن دادامنىڭ. . . يو. . . يولۇمغا قاراپ كۆزلىرى چا ـ پىچا بولۇپ كەتكەندۇر؟ . . . » دەپ غۇدۇڭشىدى.

ئەركىننىڭ بېشى ياستۇققا تەگكەن ھامان خورەكنى باشلىۋەتتى. لېكىن، خالىق كات يۆلەنچۈكىگە يۆلەنگىنىچە، بولغۇسى ئىنقىلاب ھەققىدە خىيالغا پاتتى. . .

# پىغان ۋە سېغىنىش

قۇتلۇق خوجاگىنىڭ شەھەردىكى گۈل ۋە مېۋىلىك كۆچەتلەر بىلەن بېزەلگەن پاكىزە قورۇسى بۈگۈن مېھمانلار بىلەن ئاۋات ئىدى. قاتمۇقات گىلەملەر سېلىنغان ئازادە مېھمانخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا، زۇمرەت قوش پەي ياستۇققا يۆلىنىپ، تاۋار كۆرپىلەر ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا قىرىق كۈنلۈك بولغان بىر بوۋاق زاكىدالغان ھالدا پىشىلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ھويلىغا قارىغان قوش دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، يېنىك ئېسىپ تۇرغان شامال ھاۋارەڭ يىپەك پەردىلەرنى لەرزان يەلپۈيتتى. زۇمرەتكە قاتارلىشىپ ئولتۇرغان قىز - چوكانلار باھارنىڭ گۈل - چېچەكلىرىدەك ياسانغان بولۇپ، دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان يىگىتلەر يېنىك چاقچاقلارنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇلار مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ دوستلىرى: ئالىمجان زىھرۇللا، ئايالى لۇتپىيە، ئامانىللا قۇربان، ئۇنىڭ مەھبۇبىسى روشەن، ئابلىز نەۋا ۋە ئۇنىڭ تۇمۇچۇقتەك ئايالى بائۇممە، شادىمان – گۈلباھار، نائىبى – سائادەت، ئېزىز تارمۇش ھەم ئۇنىڭ ئايالى قاراكۆز نازىلئاي، كامىل – نەفىسە، ھېكمەت شۇنداقلا تۇرا كاللا، مەتروزى پەشۋا ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئىدى، ئىگەچى باغچىسىدا نەمەت مىرزى مۇدىر ھەققىدە قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەرگەن نىزامىدىنمۇ بار ئىدى. ئۇ يېقىندا بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا ئۆسكەنىدى. ئەمما ئەرلەر ئارىسىدا، ھېكمەت ئۈچۈن ناتونۇش بولغان دوغلاقىنا بىر يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇ يىگىرمە بەش – يىگىرمە ئالتە ياشلاردا بولۇپ، قارىغا مايىل بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ئويۇن – تاماشا، چاقچاق - كۈلكىلەرگە خۇشى يوق، كەم سۆز، دېمىقتى مىجەزى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كىم گەپ قىلسا، يالىتتىدە قارايتتى - دە، يەنە دەرھاللا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، پال كۆزلىرى بىلەن گىلەم گۈللىرى ئۈستىگە قادىلىپ قالاتتى. ئۇنى ئامانىللا قۇربان باشلاپ كەلگەنىدى.

مۇرات بىلەن زۇمرەت قىزى گۈلچىنئاي قىرىق كۈنلۈك بولغاندا بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈپ، دوستلىرىنى چاقىرىۋالغانىدى. چايلار ئىچىلىپ، قەنت - گېزەك، تاتلىق - تۈرۈملار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قورداق تارتىلدى. مۇرات ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ دوستلىرىنى تاماققا

زورلايتتى، ھەربىرسىگە ئۆز لايىقىدا ھەزىل ـ چاقچاقلارنى قىلاتتى ۋە ئۆيدە كۈلكە كۆتۈرەتتى. ئۇ: «ھەي، ئامانلىلا، ئالدىڭدىكى تاماقنى يەمسەن ياكى روشەننىمۇ؟» دېسە، تۇرۇپلا: «قىزلار نېمىشقا ئالمايسىلەر؟ كىم ئالمىسا ئۇنىڭ ئىشتىيى تۇتۇلغان بولىدۇ...» دېيىش ئارقىلىق ئىگەرچى باغچىسىنى ئەسكە سالاتتى. مۇرات بىردىنلا قىزلار تەرەپكە قاراپ قالغان ئالىمجاننى كۆرۈپ قالدى.

— ھەي، ئالىمجان، ناھايىتى ئاچكۆز نېمىكەنسەن... ھېلىمۇ ياخشى ھەممىمىز-دىن بۇرۇن توي قىلغىنىڭ ... لۇتپىيەنى يەنە ئاق ئۆجمىنىڭ بودىكى دەپ يەپ سالمىغىن...

ئۆيدە قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. مۇراتنىڭ چاقچىقى ناھايىتى جايىغا چۈشكەن-دى. چۈنكى ئالىمجان لۇتپىيە بىلەن دەسلەپ تونۇشقاندىن كېيىن، دوستلىرىغا «بودەك-كىنە بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم» دېگەندى. سورۇندا ھېكمەت كۆرۈنمەيتتى، ئۇ مېۋە كۆچەتلىرى ئارىسىغا قويۇلغان كارىۋاتتا، ھويلىنى بېشىغا كىيىپ ئويناۋاتقان باللارغا زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇراتتى. بىر ياشقا كىرىپ تەم ـ تۇم مېڭىپ يۈرگىنى ئېزىز تارمۇشنىڭ ئوغلى نىياز، ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بۇدرۇققىنا بۇغداي ئۆڭلۈك بالا ئالىمجاننىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپ، يېشىل كانىۋاي بېسىلغان ئاق يىپەك كۆڭلەك، ئاغىنىز ئاسما ئىشتان كىيگەن، چىلگە باش بالا بولسا بىر يېرىم ياشقا كىرىپ قالغان ئەزىمەت ئىدى. ئۇنىڭ چېچى قۇلاق تۈۋلىرىگىچە بۇدرە بولغاچقا، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇ-چى ـ ئوقۇغۇچىلارغىچە ئۇنى «بۇدرە قوزا» دەپ ئەركىلىتەتتى. قىزىل ئەتلەس كىيگەن ئىككى يېرىم ياشلاردىكى قىز بولسا ئابلىز نەۋانىڭ ئەركىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئۇششاق باللارمۇ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئويناۋاتاتتى. ماھىگۈل يازلىق چايخانىدا مۇراتنىڭ ئۆگەي ئانىسىغا ياردەملىشىۋاتاتتى. ماھىگۈلنىڭ دوستى بولسا كېرەك، قامىتى ئىنتايىن چىرايلىق، ئوماق بىر قىز چىنىنە ـ قاچىلارنى غۇچۇرلىتىپ يۇيىۋاتاتتى. ئۇ قىيا قايرىلىپ، ھېكمەتكە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلاتتى. ھېكمەت ئوغلىنى ئەمدىلا قۇچىقىغا ئالاي دەپ تۇراتتى، مۇرات تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى.

— ھەي، بۇ يەردە نېمىشقا ئولتۇرسەن؟ — دېدى ئۇ تېرىككەندەك قىلىپ، — ھەممىسى سېنى سوراۋاتىدۇ، ئۆزۈڭ بىر باھانە كۆرسەت. تاماق يېدىڭمۇ؟

— يېدىم، ماھىگۈل ئەكىلىپ بەردى.

هېكمەت مېھمانخانىغا كىرگەندە، داستىخانلار يىغىشتۇرۇلۇپ، ھەممىسى پۇت - قوللىرىنى ئەركىن سۇنۇپ ئولتۇرۇپ چاقچاقلىشىۋاتاتتى. قىزلار بوۋاقنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، قىپقىزىل مەگىزلىرىگە سۆيەتتى ۋە ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى ئېچىپ، پەتنۇسلار بىلەن گىلەم ئۈستىگە قويماقتا ئىدى. بۇ سوۋغىلار كۆپى دېگۈدەك زۇمرەتكە ئاتالغان ھەرخىل ئېسىل رەختلەر ئىدى. بوۋاق ئۈچۈن زاكا كۆرپىسى، بۆشۈكنىڭ تاۋاردىن تىكىلگەن قول تارتقۇسى، يۆگەك، ياستۇقلىرىمۇ قويۇلغانىدى. ھېكمەت دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان سومكىسىنى ئالدى - دە، گېزىتكە ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى گىلەم ئۈستىگە قويدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ ئەسنادا بائۇممە بولاقنى ئېچىۋەتتى. بۇ مەيدە، ياقا ۋە يەڭ ئۇچلىرىغا رېشىلىيە ئىشلەنگەن بېغىررەڭ سارجا كۆڭلەك بولۇپ، ھېكمەتنىڭ ئاپىسى گۈلزىبانىڭ تويىغا ئاتاپ ئەۋەتكەن ئىككى كۆڭلەكنىڭ بىرسى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا زۇمرەت بۇ كۆڭلەكنى كۆرگەن ۋە گۈلزىباغا ماختاپ بەرگەنىدى.

قىزلار كۆڭلەكنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ئۇنىڭ قويۇق ئىشلەنگەن رېشىلىيەلىرىگە، بولۇپمۇ غەيرىي پاسونىغا ھەيرانلا قالدى ۋە مۇشۇ پاسون بويىچە كۆڭلەك تىكتۈرۈشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشتى. بىراق زۇمرەت خۇشال بولمىدى. چۈنكى ئازراقلا ھاياتىدا بولغىچە خورلۇق تارتىپ، بۇ دۇنيادىن ئارزۇ - ئارمان بىلەن كەتكەن دوستى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولغانىدى. ئۇ كۆزلىرىدىكى لىقمۇلىق ياشلار بىلەن، ھېكمەتنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىغا قارىدى.

مۇراتنىڭ ئۆگەي ئانىسى سوۋغاتلارنى رەھمەت - تەزىم بىلەن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، داستىخانلار قايتا سېلىنىپ، ھەرخىل قورۇملار ئارقا - ئارقىدىن كىردى. مايلىق توقاچلار ئۇشتۇلۇپ چاي تارتىلدى. مۇرات بوتۇلكىلارغا قاچىلانغان مۇسەللەسنى ئالىمجاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ بۈگۈنكى سورۇننىڭ ساقىيلىقىنى ئالغانىدى.

— ئامانىللا، بۇ يېڭى مېھماننى دوستلارغا تونۇشتۇرۇپ قويمامسەن؟ — دېدى ئالىمجان دوغلاققىنا يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ.

— بۇ دوستىمىزنى نائىبىدىن باشقىلار تونىمايدۇ، — ئامانىللا نائىبىغا قاراپ قويدى، — ئىسمى مەسۇم قابىل، تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ، دادامنىڭ ھۆسنخەت بويىچە شاگىرتى، خوتەندە ھۆسنخېتى بىلەن مەشھۇر، شۇنداقلا شاھمات ماھىرى، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە شاھمات ئوينىغىلى كەپتىكەن، دادام: «ئىقتىدارلىق ياشلار بىلەن تونۇ-

شۇپ قالسا، نەزەر دائىرىسى ئېچىلىدۇ» دەپ، بۇ سورۇنغا مەن بىلەن بىللە ئەۋەتتى.
— قارشى ئالىمىز. . . قەدىمىڭىزگە مۇبارەك! . . . — ئەرلەر ئۇنىڭ بىلەن باشقىدىن قول ئېلىشتى.
— مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، — كامىل مەسۇم قابىلغا ئېگىشىپ، — چىرايىڭىز تونۇشلا.
— بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى سابىرجان مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈمىدە، — دېدى مەسۇم قابىل پاللىدە قاراپ، — گۇجان مازىرىدا كۆرۈشمىدۇقمۇ؟ . . . نائىبى ئۇچىمىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامگۆرى ئالدىدا دۇئا قىلغىنىمىز ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. . .
كامىل تېگىرقاپ قالدى ـ دە، شۇنداقراق بىر ئىشنى يادىغا ئالدى. ئۇ چاغدا، نائىبى مەسۇم قابىلنى سۇ قۇرۇلۇشى مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم دېگەندەك قىلغانىدى.
— دوستلار، بۈگۈن بىز مۇرات ۋە زۇمرەتنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتىنى مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن بۇ يەرگە جەم بولدۇق، — دېدى ئالىمجان ھەممىگە تەكشى قاراپ، — بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئىككى كەلىمە سۆزلەشنى لايىق تاپتىم.
— ئالىمجاندەك سۆزگە چېۋەر، ناتىق دوستىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىلىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ، — دېدى نائىبى باش ئېگىپ، — قېنى قۇلىقىمىز سىزدە. . .
— ئەڭ ئالدى بىلەن گۈلچېنىئايغا، زۇمرەتئايغا، مۇراتقا مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئالىمجان چىنىسىدىكى مۇسەللەسنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ.
— مۇبارەك بولسۇن! — ھەممە بىردەك تولۇشتى.
— بۈگۈن بىز بىر پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى قۇتلۇقلىدۇق، — ئالىمجان ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، — شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، دوستلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنەتلىرى، كەشپىيات ـ ئىقتىدارلىرىنىڭ يورۇقلۇققا چىققانلىقىدەك نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرىنى تەبرىكلىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار! . . .
دوستلار ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىۋەتتى.
— مەن ھازىر ھاياجان ئىزتىرابىدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇمەن. 60 ـ يىللارنىڭ بۇ جۇدۇنلىرىدا ئۇششۇككە ئۇچرىغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ بەللىرى جاپا تاغلىرى ئاستىدا پۈكۈلمىدى، ئۇلار ھەسرەت ـ نادامەتتىن چۈشكۈنلەشمىدى، يەنىلا مىللەت، خەلق ئۈچۈن يۈرەك قانلىرىنى سىياھ، كىرپىكلىرىنى قەلەم

قىلىپ، تامچە ـ تامچە ئەجىر ـ مېھنەتلىرىنى تۆكمەكتە، — ئالىمجان بىر نەپەس توختىدى، — دوستىمىز كامىل «ئەزگۈ تىلەكلەر» ناملىق داستاننى يېزىپ تۈگەتتى، نەفىسە خانىم ئەلشىر نەۋائىنىڭ «پەرھات ـ شېرىن» ناملىق داستاننى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نەسرىي يەشمە قىلىپ ئاياقلاشتۇردى، — ئالىمجاننىڭ ھەر جۈملە سۆزىدىن كېيىن چاۋاك ۋە مەدھىيە سۆزلىرى ياڭرىماقتا ئىدى، — دوستىمىز ھېكمەتنىڭ بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت قارا سايىسىنى سالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا جان تىكىپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلارغا بېغىشلانغان «قان ۋە سۇ» ناملىق ئوچېركى ۋە «دېھقان ئوغلى» ناملىق ھېكايىسى «خوتەن گېزىتى»دە ۋە «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى، شۇنداقلا چوڭقۇر ھېس ـ تۇيغۇلار مۇجەسسەملەنگەن ماي بوياق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايوندا، خوتەن دىيارىدا كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

دوستلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنەتلىرىدىن خۇشال بولغان قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە سۆيۈنۈپ قارايتتى ۋە باش لىڭشىتىپ تەبرىكلىشەتتى.

— مۇراتنىڭ تۆھپىلىرىنى دېمىسەممۇ، ئۇلارنى ھەر كۈنى رادىئو، سەھنىلەردە ئاڭلاپ تۇرىسىلەر. ئۇ ئىجاد قىلغان ناخشا ـ لەپەر ئاھاڭلىرى، مەخسۇس مۇزىكىلار خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغان، — ئالىمجان ھۆرمەت بىلەن نائىبەغا تىكىلدى، — نائىبەنىڭ ھايات ۋە تۇرمۇش، دوستلۇق، بۇرچ، ئالىيجانابلىق ھەم پەسكەشلىك ھەققىدە يېزىلغان چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلىرى شاپىگراف باسمىسىدا بېسىلىپ، دوستلارغا تارقىتىلدى. بۇلار يېقىن كەلگۈسىدە خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى! شائىر شادىماننىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىدىغان «لىرىكىلار» ناملىق توپلىمى رەتلىنىپ ئاققا كۆچۈرۈلدى، دوستلىرىمىز پات يېقىندا ئۇنىڭ لىرىك شەربەتلىرىگە قانىدۇ. ماتېماتىكا پىرى دەپ ئاتالغان ئامانىللانىڭ «ماتېماتىكىدىكى قىيىن ئۆتكەللەر» ، «چەت ئەل ماتېماتىكا ئالىملىرىنىڭ ئاجايىپ كەشپىياتلىرى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي ماقالىلىرى «شىنجاڭ مائارىپى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ماتېماتىكا قوللانمىسى بىلەن تەمىنلىدى شۇنداقلا ماتېماتىكىدىكى يېشىش ۋە فورمۇلا تۈزۈش جەھەتتىكى ئۆزگىچە بوشلۇقنى تولدۇردى.

ئالىمجان سۆزلەشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇتقۇ-

چىلار بولغاچقا، ئۇ ئۇلارنىڭ قىيىن شارائىت، ئېغىر بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپ، جان تىكىپ بەرپا قىلىشۋاتقان تۆھپە - مېھنەتلىرىنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ ماختاپ، ھەممىنى خوش قىلىۋەتتى. ئالىمجان ئېزىز تارمۇش ھەققىدە توختالغىنىدا، مۇرات ۋە زۇمرەتلەرنىڭ بۇگۈنكى كۈنگە ئېرىشكەنلىكىدەك بەخت - سائادەتنىڭ ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرىنىڭ ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختىدى، ھەتتا پولات زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى تۇرا كاللا، رېمونتچى مەتروزى پەشۋالارنىڭمۇ ئۆز كەسپى ۋە مېھنىتى بىلەن خەلققە مەئىشەت يارىتىۋاتقانلىقىدەك ئەجىرلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. دەرۋەقە ئۇ «ناتىق» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا مۇناسىپ ئىش قىلدى.

— «دوستلار ئۆز دوستلىرىنى ماختاش ئارقىلىق پەخىرلىنىدۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى روشەن ئۆز ئىسمىغا مۇناسىپ كۆزلىرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، — بىراق سىز ئۆزىڭىز توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدىڭىز. . . ئەلۋەتتە «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى» تۈزۈش بۇمۇ بىر كىچىك ئىش ئەمەس.

— دوستىمىز ئالىمجان بۇ دەرسلىكنىڭ تەڭ يېرىمىنى تۈزۈپ بولۇپ، پىكىر ئېلىش ئۈچۈن ھېكمەت ئىككىمىزگە بەرگەنىدى، — دېدى كامىل، — بىراق بەزى شارائىتلار تۈپەيلىدىن، ئۇ ھازىرغىچە توختاپ قالدى.

ئالىمجاننىڭ تەرتىپكە چاقىرىشى بىلەن ھەممە جىمىدى. ئابلىز نەۋا تەمبۇرنى، مۇرات دۇتارنى قولىغا ئالدى. ئۇ سازلارنىڭ قۇلاقلىرىنى بىردەم تولغىغاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە قاراشتى. قىز - چوكانلار، شوخ - شوخ ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىڭلار، بىردەم پەيزى قىلايلى! دېيىشتى. ئابلىز نەۋانىڭ كۆز قىسىپ قويۇشى بىلەن مۇرات ناخشىنى باشلىۋەتتى:

ئاپپىقىمەي ئاپپىقىم،
بېشىمغا كىيگەن قالپىقىم.

ئالىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ بىر - ئىككى چۆرگىلىگەندىن كېيىن، ئامانىللانى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئامانىللا قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ سورۇننى بىر ئايلاندى - دە، روشەننى مەيدانغا چۈشۈردى. مۇرات پات - پات زۇمرەتكە قايرىلىپ قاراپ، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

سەن سۆيمىسەڭ سۆيمىگىن،
ئۆزۈم سۆيگەن ئاپپىقىم. . .

— ۋاي خۇدايىم، ماڭىلا قاراپ ئېيتامدىكىنە؟ — دېدى زۇمرەت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — ئاۋۇ تەرەپكە قاراپ ئېيتىڭ.

ئولتۇرغانلار مۇراتنىڭ شەيتانلىقىغا پاراققىدە كۈلۈشتى.

ئات چولۇۋۇرى ئارغامچە،
ماڭمىسا ئۇراي قامچە.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
بوز يەر يوللىرى قانچە؟ . . .

— ئەمدى ئېيتمىغان «ۋاي قىچىغىم، ۋاي قىچىغىم. . .» قالدى، — دېدى زۇمرەت ئۆزىگە قاراپ ناخشا ئېيتىۋاتقان مۇراتقا. باشقىلار ئۆينى باشلىرىغا كىيىشىپ كۈلۈشتى.

سورۇن راسا قىزىۋاتقاندا، كامىل ئېزىز تارمۇشنى شەرەت بىلەن سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار كۆچەتلىكتىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، تاماكا چېكىشكەندىن كېيىن، كامىل ئېزىزغا ئېغىر نەزەر بىلەن تىكىلدى. چۈنكى ئۇ خېلىدىن بېرى بۇ دادۇي شۇجىسىگە تەنبىھ بېرىشنى ئويلاپ يۈرەتتى.

— ھەي تارمۇش، مۇشۇ كۈنلەردە شۇجى بولدۇم دەپ قىنىمىڭغا پاتماي قالدىڭمۇ ـ قانداق؟ — دېدى كامىل قاتتىقراق تەلەپپۇزدا، — ئاڭلىسام، بىر شۆدۈيجاڭنى ئۇرۇپسەنغۇ؟ . . .

— ۋاي، كامىل ئەپەندى، شۇ ئىشمىدى؟ — ئېزىز تارمۇش كۈلدى، — ئۇ ھارامزادىغا تاياق ھالال. . .

— بۇ گەپچە ئۇرغىنىڭ راست ئىكەن ـ دە؟

ئىش مۇنداق بولغانىدى. ئېزىز ئەترەتلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، 2 ـ ئەترەتنىڭ بەش مو قونىقىنىڭ بەك شالاڭ ئۈنۈپ ئالىلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەترەت باشلىقىغا قويۇق ئۈنگەن يەرلەردىن قوناق مايسىسى كۆچۈرۈش، ياكى ماش تېرىۋېتىشنى تاپىلاپ،

شەھەرگە تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەپتە ئۆتكەندە يىغىنىدىن قايتىپ، تەكشۈرۈپ بارغىنىدا، بەش مو قوناقلىق بۇرۇنقىدەكلا ئالا تۇراتتى. ئېزىز ئەترەت باشلىقىنى سوراققا تارتتى، لېكىن ئۇ ھارامزادىلىك بىلەن: «ئەمدى قىلىۋەتسەكمۇ بولىدىغۇ!» دەپ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئېزىز ئاچچىقىدا: «ھەي سەن دېھقاندەك گەپ قىلمايسەنغۇ؟ ‹بىر كۈن بالدۇر تېرىساڭ، ئون كۈن بالدۇر ئورۇيسەن›، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟» دېدى. ئەترەت باشلىقى قېتىغىمۇ ئالماي: «مۇنۇچ كىچىككىنە يەرنى تەرمىگەنگە بوستانلىق ئاچلىقتىن ئۆلەرمىدى؟» دېۋىدى، ئېزىز ئۇنى بىر كاچات سېلىۋەتتى.

— ھەي سەنزە... شۇنداقتىمۇ چىرايلىق چۈشەندۈرسەڭ بولمامدۇ؟...

— كامىل ئەپەندى، سىلى چۈشەنمەيلا، چىرايلىق گەپ بەزىلەرگە ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا سوناي چالغاندەك، تەسىر قىلمايدۇ. مانا ھازىر ئۇ ئاشۇ بىر تەستەكتىن كېيىن ئىلىپتەك بولۇپ كەتتىغۇ!...

— سەن پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ قوي، يەنە بىر گەپ، ئەزالار سېنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ يۈرگۈدەك، —كامىل ئېزىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاردى، — بىلىپ قوي، ماختاش ئىككى خىل بولىدۇ، بىرسى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ماختايدۇ، يەنە بىرسى موللاق ئاتقۇزۇش ئۈچۈن ماختايدۇ. بۇنى دۆڭگە يىقىتىش دەيمىز... بۇنداقلار ئۆگزىگە چىقىرىپ بولۇپ شوتىنى ئېلىۋېتىدۇ.

تۆۋەندە ھەرىيلى تەكرارلىنىۋاتقان خاھىش شۇ ئىدىكى، يازلىق، كۈزلۈك يىغىم-لاردا، «مەھسۇلاتىمىز ئاشتى» دېگەن قالپاقنى كىيىپ، مۇكاپات، ماختاشقا ئېرىشىش، باشقا گۇڭشېلار ئالدىدا نوچىلىق قىلىش ئۈچۈن، داۋىلەرنىڭ ئامبارلىرىدىن يىرىك ئاشلىقنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشىدۇ. ھەتتا ئەزالارغا قالدۇرغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق-نىمۇ قاسايدۇ. ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى چوڭ نوپۇسلارغا ئېيىغا ئون بەش جىڭدىن يىگىرمە جىڭغىچە، كىچىك نوپۇسلارغا تۆت جىڭدىن سەككىز جىڭغىچە قالدۇرىدۇ. يېرىم ئاچ - يېرىم توق قىينىلىۋاتقان دېھقانلار راسا سېرىقتال ۋاقتىدا ئىككى - ئۈچ ئاي ئاشلىقتىن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئېزىز تارمۇش بۇلتۇر كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، يۇقىرىغا ئاشلىق ئۆتكۈزۈش ئالدىدا، بىر كېچىدە ئەترەت باشلىقلىرى ۋە داۋىي ھەيئەت-لىرىنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەزالارنى تولۇق باققۇدەك ئاشلىقنى يەر ئاستى گەمىگە يوشۇرۇپ، ئۈستىنى كۆمۈۋەتتى. ئېزىز: «مېنىڭ مىجەزىمنىڭ

ئەسكىلىكىنى بىلىسىلەر. . . كىمىكى سېغىزخانلىق قىلسا، مەندىن ياماند-
لىمىسۇن. . . » دېدى. شۇڭا، بۇ يىل ئەزالار ھەر يىلى سېرىقتال ۋاقتىدا تارتىدد-
غان ئاچارچىلىق ئازابىنى تارتمىدى.

— ئويلاپ باقسىلا كامىل ئەپەندى، — دېدى ئېزىز تارمۇش قىزىشىپ، — گۆشى
بويىچە قارا كېزىك، قوتۇر، پېسى كېسىلى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ نېمىلىكتىن؟
دەرمانسىزلىق، ماغدۇرسىزلىق، گەپىنىڭ پوسكاللىسى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن
بولغان ئىش. . .

دېرىزىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قىلقاس ـ چۇقان، كۇلكىلەر پەسەيدى. ئەمدىلىكتە مۇڭ-
لۇق گارمون ئاۋازى بىلەن تەڭ ياۋروپا ئاھاڭىدا ئېيتىلىۋاتقان يېقىملىق ناخشا ئاڭلان-
ماقتا ئىدى. سورۇندىكىلەر ھېكمەتنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلارغا تولغان مىسكىن ناخشىلىرى-
دىن پەيزى ئېلىۋاتاتتى.

كامىل ئېزىز تارمۇشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ھەقلىق
ئىدى. كامىل ئۇنىڭ دېھقانلار ئۈچۈن قىلىۋاتقان جان كۆيەرلىكى كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە
بىرەر كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈپ بېرەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى.

كامىل بىلەن ئېزىز تارمۇش مېھمانخانىغا قايتىپ كىرگەندە، ھېكمەت ناخشىسىنى
تۈگىتىپ، گارمونىنى يانغا قويغانىدى. قىزلار يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ
قىلىشتى. دوستلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەھبۇبىلىرىنى كۆرۈپ، يالغۇزلۇق، سېغىنىش،
شېرىن خاتىرىلەر ئەسىر قىلغان ھېكمەتنىڭ پىغانى ئۆرلەپ تۇراتتى. ئۇ گارموننى
قولىغا ئېلىپ، مۇڭلۇق، تولىمۇ مىسكىن پائۇزىنى باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ ھەسرەت-
لىك تۈس ئالغانىدى:

زەپىران ياپراقلار لەرزان تۆكىلەر،
مىسالى بېغىدىن ۋىدالاشقاندەك.

ناخشا ناھايىتى پەس، بوغۇق ئاھاڭدا باشلىنىپ، بارا ـ بارا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى:

بەرگىدىن ئايرىلدى گۇل ۋە چېچەكلەر،
ئاھ، نىتەي، باغرى داغ قىپقىزىل قاندەك.

ئەلۋىدا. . . ئەلۋىدا، ئەي سۆيۈملۈك يار. . .

سورۇن نەپەسلەر ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كەتكەنىدى. . . ئاھاڭ دەپ ئېيتقۇسىز مىسكىن، ھەسرەتلىك بولۇپ، ناخشىنىڭ بەزى يەرلىرى خۇددى بىر كىم بىلەن گەپلىشىۋاتقاندەك ئېيتىلاتتى. گويا گارموننىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك، يۈزىنى گارمون كارتىلىرىغا يېقىپ قېتىپ قالغان ھېكمەت كىمنىڭدۇر ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سىماسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى. . . ئۇنىڭغا دەردلىرىنى تۆكۈپ، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى ئايان قىلىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويغانىدى. . . ئۇ، يىغان بىلەن نالە قىلاتتى:

يىگانە قالدۇردۇڭ، كەتتىڭ يىراقلاپ،
ئاۋازىم يەتمەيدۇ سەن كەتكەن تامان! . . .

ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇشىشاق ياش تامچىلىرى سىرغىپ، ئۇنى بۇغۇلۇپ قالدى. ئۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، پائۇزىنى قايتىلىدى. دالان ئۆيدە بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ماھىگۈل ئالقانلىرىدا يۈزلىرىنى توسقىنىچە، سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ دوستى تامغا يۆلەنگىنىچە، ھېكمەتكە قاراپ تۇراتتى.

كۆز يېشىم ئىچىدىن بولسەن ئايان،
سېغىندىم قان يىغلاپ چىرايىم سامان. . .

ئەلۋىدا. . . ئەلۋىدا، ئەي سۆيۈملۈك يار! . . .

قىزلار ئىچىدە ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىشلار، يىگىتلەر ئارىسىدا ئېغىر نەپەس ئېلىشلار ئاڭلاندى. بۇ ناخشا ئەمەس، بەلكى يىغانلىق نىدا ئىدى. ئۆي ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. بىراق، بۇ جىمجىتلىقنى ئەزىمەت بۇزۇۋەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە، زۇمرەتنىڭ كۆرپىسىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۆمىلەپ كېلىپ، زاكىلانغان بوۋاقنىڭ بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى سىيلاشقا باشلىدى.

— ھەي ئەزىمەت، قولۇڭنى كۆزىگە تىقىۋېتىسەن، — دېدى زۇمرەت بالىسىدىن ئەنسىرەپ، — ئۇنداق قىلساڭ، ساڭا بەرمەيمەن. . .

— ئۇ. . . ئۇ. . . بوباق. . . مېنىڭ. . .

— سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ. . .

— مېنىڭكىيا؟ — ئەزىمەت يىغلىغىنىچە ھېكمەتكە ئېسىلدى، — دادى، بوباق. . . ھە. . . ھە. . . بىزنىڭ ـ ھە؟ . . .

— بۇنى مەندىن سورىماي، مۇرات داداشتىن سورا. . .

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئەزىمەتكە زوقلىنىپ، ھەرخىل گەپلەرنى قىلاتتى، ئۇنى ئەركىلىتەتتى. بولۇپمۇ قىزلار ئۇنىڭ ئاپئاق، دوپدۇمىلاق يۈزىگە، قىپقىزىل مەڭزىلىرى، قاپقارا يۇمران قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنى گۈلزىباغا ئوخشىتاتتى. لۇتپىيە ئۇنىڭ بوينىدىكى قىزىل يىپەك يىپ بىلەن ئېسىپ قويۇلغان كىچىك قەلەمتىراچنى كۆڭلەك ياقىسىدىن ئېلىپ كۆرۈۋېدى، ئۇ چىرقىراپ ئۇنى ئالقانلىرى ئىچىگە يوشۇردى. تېخى بىر يېرىم ياشقا تولمىغان ئەزىمەتنىڭ چاقماقتەك سۆزلەشلىرى ھەممىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.

— مۇنات دادى، — دېدى ئەزىمەت مۇراتقا ئېسىلىپ، — بوباق. . . مېنىڭكى. . . ھە. . .

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ، — ما كىسپۇرۇشنىڭ ھېلىتىنلا قىزىمنى تالىشىۋاتقىنىنى. . .

ئۆي ئىچىدە قاقاقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ھازىرلا رازىلىق بېرىۋەتكىن، — شادىمانمۇ چاقچاققا ئارىلاشتى، — خۇدايىم تەقدىرىنى قوشۇپ قويسا ئەجەپ ئەمەس!

— بولىدۇ ئاداش، — مۇرات يىغلاپ ئولتۇرۇۋالغان ئەزىمەتنى تۇرغۇزدى، — بوۋاقنى ساڭا بەردىم. ئۇ سېنىڭ بولسۇن.

— مۇبارەك بولسۇن، — ئېزىز تارمۇش مۇرات بىلەن زۇمرەتكە قارىدى، — كۈيئوغۇللۇق بولۇپ قالدىڭلار.

ئېزىزنىڭ سۆزىدىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئەزىمەت يۈگۈرگىنىچە زۇمرەتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھە. . . ھە. . . مۇنات دادام. . . سېنىڭ دېدىغۇ؟ — دېدى ئەزىمەت زۇمرەتكە، — ئەمدى سېنى. . . سېنى. . . نەبى ئاكامغا دەيمەن. . . ئۇ. . . ئۇ سېنى ئۇرىدۇ. . .

سورۇننى ساراسىمىگە سالغان ئەزىمەتنى ماھىگۇل كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئەر - ئايالالار ئەزىمەتنىڭ گەپلىرىنىڭ تاتلىقلىقى، كىچىك تۇرۇپلا ئايىقى ھەم تىلى چىققانلىقىنى ماختىشىپ كەتتى.

— ئەزىمەتنىڭ چۈرۈقلاپ كېتىشلىرى، — دېدى نائىبى كۈلۈپ، — خۇددى «چۈشكىنىدەك چوڭ - كىچىك ئۇنچە تاراسلاپ تەخسىگە» دېگەنگە ئوخشاپ كېتىدىكەن.

ئۇلار بىردەم ساز، ناخشا ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر قاچىدىن چۆچۈرە ئىچىشىپ، ئۇزاپ چىقىشتى. مۇرات ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقىپ، دوستلارنىڭ زۇمرەت ئىككىسىگە قىلغان خەيرخاھلىق، ياخشىلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، ماي ئايلىرىدا ئىگەرچى باغچىسىدا ئۇلارغا يەنە چاي بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھېكمەت، نائىبى، شادىمان، ئالىمجان، ئامانىللا قاتارلىقلار ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ھويلىغا توپلىشىۋېلىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە پاراڭ سالماقتا ئىدى. مەسۇم قابىل ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۈنچىقماي تۇراتتى. زۇمرەت دوستلىرىنى ئۇزىتىپ چىقىپ، چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ شالاڭلىشىپ قالغان كۆچەتلىك ئارىسىدا، ئۇلار بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار كوچىغا ئۇزاپ چىققاندا، مەتروزى بىلەن تۇرا ھېكمەت بىلەن خوشلىشىپ تۇراتتى، باشقىلارمۇ يېتىپ كەلدى. يەنە بىردەم چاقچاق - كۈلكە بولدى.

— مەن ھەرقايسىڭلار بىلەن ئايرىلىشىپ يۈرگەندىن بېرى، — دېدى مەتروزى قېلىن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — كۆزۈم يورۇپ، ئادەم بولۇشنىڭ ھەقىقىي مەناسىنى چۈشەنگەندەك بولۇۋاتىمەن.

— راست، — دېدى تۇرا، — ئادەم ئۆرە ماڭغان بىلەنلا ھېساب ئەمەس ئىكەن. باشقىلارغا نېپىڭ، ياخشىلىقىڭ تەگمىسە، تۆت پۇتلاپ ماڭغان مەخلۇقلاردىن پەرقىڭ بولمايدىكەن. . .

— مەتروزى، تۇرا، سىلەر مۇشۇنداق گەپلەرنى قانچىلاپ دېگەنسىلەر، — دېدى مۇرات ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئىزدىشىپ ئۆتىمىز.

دوستلار خوشلىشىپ مېڭىشتى. دەرۋازا ئالدىدا ھېكمەت، مۇرات، زۇمرەتلەر ۋە ئەزىمەتنى كۆتۈرۈۋالغان ماھىگۇل قالدى. ئۇلارمۇ «خوش ئەمىسە» دېيىشىپ تۇراتتى، بوي تارتىپ ئېگىزلا بولۇپ قالغان نەبى ھاسىراپ يېتىپ كەلدى. ئەزىمەت ئۇنى كۆرۈپ،

«ئاكىي، ئاكىي» دېگىنىچە، ئۇنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. مۇراتنىڭ تاماق يەپ كەت دېگىنىگە ئۇنىماي، نەبى ماھىگۈلگە ئالىيىپ قارىدى ـ دە، نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى.

— نەبى، كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى ھېكمەت چوڭ بولغانسېرى مىجەزى چۈسلەشىپ قېلىۋاتقان نەبىگە، — ئەزىمەتتىن ئەنسىرەپ كەپسەن ـ دە!...

— ئۇ بىردەم بولماپتى، ئىچىم تىتىلداپ كەتتى، — دېدى نەبى ئەزىمەتنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، — ئۆيگە كىرىمەن، تالاغا چىقىمەن، ھويلىدا ساقلايمەن... ماقۇل، مەن ماڭغاچ تۇراي...

نەبى ئۇزاپ قارىسى يوقىماستىنلا، ھېكمەت بىلەن ماھىگۈلمۇ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. دوستلىرىنى ئۇزىتىۋەتكەن مۇرات زۇمرەتنى باشلاپ ھويلىغا كىردى. چايخانىدا، ئۇنىڭ ئىككى سىڭلىسى قاچا ـ قومۇچلارنى يۇيۇپ، داستىخانلارنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى. زۇمرەت ئەدەپ يۈزىدىن: «ياردەملىشەيمۇ؟» دېۋىدى، ئۇلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— ئاكا، — دېدى چوڭ سىڭىل مۇراتقا، — مېھمانخانىغا ئورۇن سېلىپ قويدۇم. ئەمما كېچىچە گۈلچىنئاينىڭ ئاستىنى قۇرۇغداپ چىقىسەن. بۈگۈن ئانام ئارام ئالىدۇ.

زۇمرەت قىرقى توشقىچە مۇشۇ ئۆيدە كۈتۈلگەنىدى. ئانا ھەم قىزلار ئۇنى نۆۋەتلىشىپ باقتى، ھەرخىل تاماقلارنى ئېتىپ ئوزۇقلاندۇردى. شۇڭا، ئۇ بېقىش تاپقاچقىمۇ، تۇغۇتتىن كېيىن بۆلەكچىلا تولۇپ، سوزۇلۇپ، چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار مېھمانخانىغا كىرگەندە، بوۋاق مىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى. زۇمرەت زاكىنى يېشىپ مۇراتقا قارىدى:

— قارىڭا، ئاستى ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، تەرەتمۇ قىپتۇ.

— ئەكىلىڭ، مەن يۇيۇپ يېيىۋېتەي، — دېدى مۇرات.

— لاتىلارنى يۇيۇپ بولۇپ ھويلىغا يايماڭ، — دېدى زۇمرەت ھۆل لاتىلارنى تۇتقۇزۇپ، — ئانام قىرقى ئىچىدە بالىنىڭ كىيىم، لاتا ـ يۆگەكلىرى تالادا قالسا بولمايدۇ، دېگەن.

— خوپ، خېنىم...

مۇرات لاتىلارنى يۇيۇپ، دالان ئۆيگە يېيىۋېتىپ كىرگەندە، زۇمرەت بالىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداپ، زاكىلاپ بولغانىدى. ئۇلار ئەتە بوستاندىكى ئۆيىگە چىقىپ كەتمەكچى ئىدى.

— كېلىڭ، يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، — دېدى زۇمرەت مۇراتنىڭ قولىدىن تارتىپ، — سىزگە گېپىم بار.

— خوش، قۇلىقىم سىزدە!

زۇمرەتنىڭ تۇتۇلۇپ قالغان چىرايىدىن بىر ئىشتىن نارازى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئېرى بىلەن ئىككىسىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىر پاجىئە، سەرسانلىقلارنى ئويلىغىنىدا، هازىرقى بەهۇزۇر راهەتتە ئۆتۈۋاتقان بەختلىك هاياتنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. ئەمدى ئۇ قاباهەتلىك چۈشلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. شۇڭا، مىجەزى يېنىك، تەنتەكرەك، ئاغزى ئىتتىك ئېرىنىڭ يامان ئىش، يامان ئادەملەرگە ئارىلىشىپ قېلىشىدىن يوپۇرماقتەك تىترەپلا تۇراتتى. «پەشۋا» ، «كاللا» لەقىمى بار، لۈكچەكلىك نامى پۇر كەتكەن مەتروزى بىلەن تۇراننىڭ بۈگۈنكى مەرىكىگە قاتنىشىشى زۇمرەتنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەيتتى. مۇراتنىڭ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ، لۈكچەك، هاراقكەش دېگەندەك يامان ئاتلىق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ سۆزلىگەنسېرى قىزىشىپ قالدى.

— زۇمرەت، ئۇ باللار سىز ئويلىغاندەك ئەمەس، — دېدى مۇرات چۈشەندۈرۈپ، — ئۇلار سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك تاپمايدىغان جىگەرلىك باللار.

— سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئىمىش، ئوينىغان ئۇسسۇللىرىنىڭ قوپاللىقى، سۆزلىرىنىڭ ياڭاق تۆككەندەك يېقىمسىزلىقى. . . باغدىن گەپ قىلسا تاغدىن. . .

مۇرات قانچە چۈشەندۈرۈپمۇ زۇمرەتنى قايىل قىلالمىدى. شۇڭا ئۇ هېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدىكى تانسىدا پالاكەتكە ئۇچراش ئالدىدا مەتروزى بىلەن تۇراننىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىقىنى، قۇربان هاكىمنىڭ قىزى ماهىنۇرنىڭ تويىدا كېرىموف ۋە ئۇنىڭ چاپانچىلىرىنىڭ ئەدىپىنى قانداق بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، بۇلتۇر يازلىق تەتىلدىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا بولغان قورقۇنچلۇق ۋەقەنى ئاشكارىلىدى. بۇ ئىشنى ئۇ زۇمرەتتىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدى.

. . . كېرىموف بوستانغا چىقىپ، خالىققا: «هېكمەتنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىمەن» دەپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، راستىنلا ئىككى لۈكچەك هېكمەتنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىدى. بۇ كۈنلەردە، كەچ دەم ئېلىش ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى مۇرات بىلەن هېكمەت داۋاملىق بىللە ئىدى. چۈنكى، كامىل، نەفسەلەر بەك ئالدىراش بولۇپ، ۋاقىت

چىقتىيۇ، كامىلنىڭ ئۆيىگە كېتەتتى. كامىل «ئەزگۈ تىلەكلەر» نامىلىق داستاننى يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. نەفىسە بولسا ئەلشىر نەۋائىنىڭ «پەرھات ـ شېرىن» داستانىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا يەشمە قىلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى مۇرات بىلەن هېكمەت «قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسىغا كىردى. ئالدى تەرەپتە ئادەم زىچ بولغاچقا، ئارقا تەرەپكە بېرىپ ئولتۇردى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى رەتنىڭ چەترەكىدە، بىرسى مىس رەڭ چىراي، يەنە بىرسى قىپقىزىل مۇدۇر ـ چوقۇر دانىخورەك بېسىپ كەتكەن ساپسېرىق يۈزلۈك ئىككى بەستلىك يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇدۇكسىرىگەندەك، غىل ـ پال، غىل ـ پال قارايتتى. مۇرات قارىغان زامان، ئۇلار كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. بۇ ئىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، مۇراتنىڭ يۈرىكى مۇزلىغاندەك بولدى ـ دە، گۇمانى ئۆرلىدى. كىنو باشلاشقا يەنە بىرئاز ۋاقىت بار ئىدى. هېكمەت: «زېرىكىپ قالىدىكەنمىز، مەن گازىر ئېلىپ كىرەي» دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا، هېلىقى ئىككىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاپ بېسىپ ئۇنىڭ ئارقىدىن ماڭدى. چىرايىدىن شۇملۇق، تۇرقىدىن بىسەرەمجانلىق چىقىپ تۇرغان ئىككى ئەبلەخنىڭ ئارقىسىدىن مۇراتمۇ ماڭدى. ئۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسىنىڭ يېنىدا غىلاپلىق پىچاق بار ئىدى. ئۇلار بەش قەدەم يىراقلىقتا، هېكمەتنىڭ ئارقىسىدا توختىدى.

— ئېلىپ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى دەرهال يېتىپ كەلگەن مۇرات، — جۇرە، مەتروزى پەشۋا بىلەن تۇرا كاللا كەلمەكچى ئىدى، ئۇلارنى تاپايلى. . .

— ۋۇي، ئۇلارمۇ كەلمەكچىمىدى؟ — سورىدى هېكمەت هەيران بولۇپ.

— بايا ماڭا ئۇچراپ شۇنداق دېگەنىدى، — مۇرات هېكمەتنىڭ بىلىكىنى چىڭ سىقىپ قويىدى، — بول چاپسان. . .

مۇرات هېكمەتنى بۇرۇنقى ئورنىغا ئاپارماي، ئادەم كۆپرەك ئولتۇرغان جايغا ئېلىپ كەتتى. بىراق هېلىقى ئىككى سايىمۇ ئەگىشىپ كېلىپ ئۇلاردىن ئۈچ رەت ئارقىدا ئولتۇردى. بىر سىرلىق ئىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى مۇراتنىڭ چىرايىدىن، غەيرىي نورمال هەرىكەتلىرىدىن بىلىپ قالغان هېكمەت پىچىرلاپ دېگۈدەك سورىدى:

— نېمە، بىر ئىشنى سەزدىڭما؟

— گەپ قىلما. . . سېنىڭ ئارقاڭدا خەتەرلىك ئىككى ئەبلەخ بار. . . — شىۋىرلىدى مۇرات.

كىنو ئوتتۇرىلاشقاندا، مۇرات بىلەن ھېكمەت كىنوخانىنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدىكى تەرەتخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھېلىقى ئىككىسىمۇ قوزغالدى. تەرەت- خانىنىڭ كوچىغا قارىغان تېمى ئادەم بويىدىن سەللا ئېگىز بولسىمۇ، ئەمما كوچا تەرەپ تىك ھەم ئېگىز ئىدى. مۇرات تامغا ھېكمەتنى يۆلەپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ چىقتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تامدىن سىيرىلدۇرۇپ پەسكە قويۇۋەتتى.

مۇرات ھېكمەتنى تار كوچىلار ئارقىلىق چايخانا مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى. بۇنداق سىرلىق ئىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، مۇرات بىر كەچتە مەتروزى پەشۋا بىلەن تۇرا كاللىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ گەپچە، ئۇ گۇيلار ھېكمەت ئەپەندىنى خالىي جايدا يالغۇز ئۇچرىتىش پۇرسىتىنى كۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك، — دېدى مەتروزى چەمەك قولىدا بۇرنىنىڭ ئۇچى- نى تاتىلاپ، — سېنىڭچە قانداق تۇرا؟ . . .

— قىل سىغمايدۇ. شۇڭا بىز ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى بىزگىمۇ ئادەمسىز خالىي جاي بەك مۇھىم! . . .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ گېپىڭ روشەنرەك بولسۇن! . . .

تۇرا پىچىرلاپ دېگۇدەك سۆزلەپ، ئالقانلىرىدا توسقان، كەسكەندەك ھەرىكەتلەرنى قىلدى.

— بۇ سەل خەتەرلىكمىكىن؟ — دېدى مۇرات ئەندىكىپ، — ھېكمەت بۇ چوڭقۇر يولغا چۈشۈپ بولغۇچە، ئۇلار قول سالسىچۇ؟ . . .

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى مەتروزى كېسىپلا، — ئۇلارغىمۇ جان تاتلىق، كوچىغا يېقىن، ئادەم ئۆتۈشۈپ تۇرغان يەردە ئۇپۇل - توپۇل قول سالمايدۇ. تۇرا دېگەندەك، ھېكمەت مۇساپىر زەرەتكارلىقىنىڭ ئېگىز يارلىقىغا كەلگەندە، ئۇلار ئاندىن ئىشنى باشلايدۇ.

— مۇرات ئەپەندىم، ئەگەر خاتىرجەم بولالمىسىلا، — دېدى تۇرا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ، — يول ئېغىزىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرسىلا، لېكىن ھەرگىز شەپە چىقىرىپ، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويمىسىلا.

— ئۇلار ئەتىمۇ پەيدا بولارمۇ؟ — دېدى مەتروزى مۇراتقا.

— كۈندىلا بار، ھېكمەت ئىككىمىز سىرتقا چىقساقلا، نەلەردىندۇر پەيدا بولىدۇ. ئەتىسى، ھېكمەت كەچ قاراڭغۇ چۈشكەندە، گۈلباغدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، غازاخۇن

ئاكىنىڭ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئالدىدىكى ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئۆيدىن يېرىم سائەت-تىن كېيىن قايتىپ چىقتى ـ دە، دوختۇرخانا بىقىنىدىكى چوڭقۇر يولغا چۈشتى. بۇ چاغدا، ئېگىز تېرەكلەر دالدىسىدىن چىققان ئىككى كۆلەڭگە ئۇنىڭ ئىزىدىن تاپ بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. ھېكمەتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بەدەنلىرىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى. قوشقۇلنىڭ شورلۇق يولىدىكى ئېلىششتا، ئۇنىڭ دۈچ كەلگەنلىرى قىلچە تەييارلىقى يوق، ئۆز غېمى بىلەن قالغان رەقىبلەر ئىدى. بۇلار بولسا پىچاقلار بىلەن قوراللانغان، پىلانى تېرەن، تەييارلىقى بولغان دۈشمەنلەردىن ھېسابلىناتتى.

كوچا يىراقتا قالغانسېرى، ئىككى سايىنىڭ قەدەملىرى تېزلىشىپ، گۈپۈر ـ گۈپۈر كېلىۋاتاتتى. ھېكمەت پىلان بويىچە ناھايىتى تېز قاچتى. ئۇ ئېگىز يارلىققا كەلگەندە، يولنى تاشلاپ، يانپاش دۆڭلۈك ئارقىلىق زەرەتكارلىققا ياماشتى. . . ئۇ زەرەتكارلىق ئۈستىگە چىقىپ بولغاندا، ئىككى سايە ئۇنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغلاپ، يانپاشنىڭ قاپ بېلىگە يېتىپ كەلدى. . . ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ئوننەچچە قەدەملا قالغانىدى. بىراق، ئىككى تەرەپتىكى يار كامارلىرىدىن شىردەك ئېتىلىپ چىققان مەتروزى بىلەن تۇرا ئۇ ئىككىسىنى پەشۋا ـ تېپىكلەر ئارقىلىق پەسكە يۇمۇلىتىۋەتتى ۋە ئوقتەك ئېتىلىپ، قوپۇندەك پىرقىراپ، ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەي، بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى قان يالىغان ئىتتەك قىلىۋەتتى. مەتروزنىڭ ھەر ئىككىلا پۇتى ھاۋادا چاقپېلەكتەك پىرقىراپ، يەرگە چۈشۈپ بولغىچە، ئۇلارنىڭ بويۇن ـ يۈزلىرىدە ئىز قالدۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتاتتى. تۇرا خۇددى ياۋا توشقاننى تۇتۇۋالغان تايغان ئۆز ئوۋى بىلەن ئويناشقاندەك قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللا قويغان يېرىدىن تىرتىلداپ قان چىقاتتى. ئۇ بىردە دانىخورەكنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئۆزىنى ئارقىغا ئاتاتتى ـ دە، رەقىبىنى بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلاش ئارىلىقىدا، ئۇنىڭ خامىرىنى يېرىپ، چىشىنى تۆكەتتى. قەبرىستانلىقتىكى گۈمبەز ئۈستىگىلا قونۇۋالغان تولۇن ئاي كائىناتنى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇرغاچقا، كونا قەبرىلەر ئۈستىگە پاتۇرۇلغان كوزا پۇچىقى، قوشقار مۈڭگۈزى، تۇغ ـ ئەلەملەرگىچە ئايدىڭلا كۆرۈنەتتى. بۇ «جەڭ» شۇنداق تېز بولدىكى، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مىس رەڭ چىراي بىلەن دانىخورەكلەر بىرسى يېرىلغان كالپۇكلىرىنى، بىرسى بىقىنىنى تۇتقىنىچە، ئىنجىقلاپ تۈگۈلۈپ قالدى. مۇرات بىلەن ھېكمەت ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، تۇرا دانىخورەكنى، مەتروزى مىس رەڭ چىراينىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلاۋاتاتتى.

ئۆلارنى گەجگە ـ ياقىلىرىدىن سۆرەشتۇرۇپ، بىر يېنى گۆمۇرۇلۇپ چۈشكەن
گۈمبەز ئىچىگە ئېلىپ كىرىشتى. بۇ تولىمۇ قەدىمىي گۈمبەز بولغاچقا، ئىچىدىكى قەبرە
ئىزى پۈتۈنلەي تۈزلىنىپ كەتكەنىدى. مەتروزى بىلەن تۇرا تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇرۇۋال-
غاندىن كېيىن، سوراقنى باشلىدى. بىراق ئۇ ئىككىسى ئىنجىقلىشىپ بىرنەرسە دېگىلى
ئۇنىمىدى.
— تۇرا! — مەتروزى ئۇلاردىن تارتىۋالغان ئىككى پىچاقنىڭ بىرسىنى تۇراغا بەر-
دى، — كونىلار: «كىم يامانلىق ئويلىسا يانغاي ئۆزىگە شۇ ھامان» دەپ پەتىۋا چىقارغاند-
كەن. بۇلار ھېكمەت ئەپەندىنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى، ئەمما خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن
تاياق ئۆزىگە ياندى. شۇڭا، سەن ئاۋۇنىڭ جېنىنى قىينىمايراق بىر پىچاق بىلەنلا ئال،
ئەڭ ياخشىسى يۈرەكنى نەقلە! . . . مەن ماۋۇ جانىۋارنى ئۆزى تۇيماي قالغۇدەكلا بىر
ئىش قىلىمەن. . . بۇ يەر دېگەن مازارلىق، نېمە تولا، ئېچىلىپ قالغان كونا
گۆر. . . پۈرلاپ تىقىپ ئۈستىگە توپا تاشلىۋەتسەك، ئىش تامام ۋەسسالام. . . بۇ
قەھرىمانلار يورۇق دۇنيادىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىدۇ.
مەتروزىنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ قورقاق سېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن مۇرات بىلەن
ھېكمەت ئۈنچىقماي تۇرۇشتى. تۇرا دانىخورەكنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ يۈرەك ئورنىنى
ئىزدىدى. مەتروزى مىس رەڭ چىرايىنىڭ بويىنىنى سىيلاۋېتىپ: «ھەر ھالدا تومۇرلى-
رىڭ خېلى چوڭ ئىكەن. . . » دېدى ۋە پىچاقنى شارتلا قىلىپ تېز ئەكەلدى، ئۇ ھەر
ئىككىلىسى قاتتىق چىرقىرىۋەتتى ـ دە، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:
— جېنىم ئاكىلار، مېنىڭ ئىككى ياشقا كىرگەن نارەسىدە بالام بار، — دېدى مىس
رەڭ چىراي يىغلامسىراپ، — مەن يوق يېگەن پۇلنى دەپ كېرىموفنىڭ دامىغا چۈش-
تۇم. . . رەھىم قىلىڭلار! . .
— ھۇ. . . ھۇ. . . ھۇ. . . — دانىخورەك ھۇ تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى، —
مەن. . . مەن. . . ئۆيلەنگىلى تېخى بىر ئايمۇ بولمىدى. . . خوتۇنۇم ئۆيدە مېنىڭ
كېلىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. . . ۋاي ئىسىت. . . ۋاي ئىسىت! نېمىشقىمۇ كېرىموف
دېگەننىڭ پۇلىنى ئالغاندىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە. . . ئوغرىلىق قىلسامچۇ! . . . .
— كېرىموف ھازىر نەدە؟ — سورىدى مۇرات قولىنى شىلتىپ، — ئېيتە قېنى؟
— ئۇ ھەر كۈنى خەۋىرىمىزنى كۈتۈپ، سېسىق كۆل بېشىدا بىزنى ساقلايدۇ، بايىمۇ
شۇ يەردە قالغان. . . — دېدى دانىخورەك.

مەتروزى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ۋە خوتۇنلىرىنىڭ يالغۇزلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ھېكمەتلەرنى باشلاپ گۇمبەزدىن چىقتى ۋە قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلىشتى. تۇرا كېرىموفنىڭ ئەدىبىنى دەرھال بېرىشنى دېۋىدى، مەتروزى: «تۇكى يوق پاراڭنى قوي!» دەپ، ئاچچىقلاپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ پىلان ھەممىسىگە خوپ كەلدى.

— تۇرا، — دېدى مەتروزى گۇمبەزگە كىرگەندىن كېيىن، — بۇ ئىككىسىنى ئارقىچىلاپ ماتاپ باغلا، ئاغزىلىرىغا بەلۋاغ ۋە دوپپىلىرىنى كەپلەپ تىق، قىمىر قىلالماس قىلىۋەتكىن. بىز بۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى «مېھمانلاپ» كېلەيلى. . . ئاڭلىساق، ياپپاش خوتۇنلىرى بار ئىكەن. . .

— بىز ھەممىنى دېدۇققۇ؟ — مىس رەڭ چىرايىنىڭ قان ئارىلاش چۈۋۈلۈپ كەتكەن ماڭقىسى سەرەڭگە يورۇقىدا پارقىراپ كەتتى، — نېمە قىل دېسەڭلار قىلايلى، كېرىموف بەرگەن پۇللارنىمۇ بېرەيلى. . .

— جېنىم ئاكىلار، پۇل يانچۇقۇمدا، — دېدى دانىخورەك يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكىنى يالاپ، — ھەممىنى ئېلىڭلار. . .

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى مەتروزى غەلىتىلا ھىجىيىپ، — ئۆيۈڭلارغا بىر بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن پاراڭلىشايلى. . .

— ھەممىنى ئېيتقان، پۇلنى بەرگەندىن كېيىن بولمىدىمۇ؟ — سورىدى دانىخورەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — يەنە نېمىشقا ئۆيىمىزگە بارىسىلەر؟ . . .

— نېمىشقا دەمسەن؟ — دېدى تۇرا يېقىلغان سەرەڭگىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىن ئېلىپ كېلىپ، — نېمىشقا بارىدىغانلىقىمىزنى تېخى بىلمىدىڭما؟ ئەمىسە بىلىپ قوي، ياش خوتۇنۇڭنى «ھاۋا تاپان» قىلغىلى بارىمىز. . .

— ۋاي خۇدايىم، سىلەردىن خوش بولۇپ كېتەي، — ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى دانىخورەك، — مەن كېرىموفنى سىلەر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ بېرەي. . . چوقۇم ئۆلتۈرەي. . .

— راست، بىز ئىككىمىز كېرىموفنى ھازىرلا جەھەننەمگە يوللايلى، — مىس رەڭ چىرايمۇ جالاقلاپ تىترەۋاتاتتى.

— بولىدۇ، ئەمىسە كېلىشەيلى، — دېدى مەتروزى ئۇلارنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، — كېرىموفتىن ئالغان پۇلۇڭلارنى ئۆزۈڭلار خەجلەڭلار، بىزگە ھارام

پۇلنىڭ لازىمى يوق، كېرىموفنى ئۆلتۈرۈپمۇ بەرمەڭلار. . . پەقەت شۇ تۇرقىدا بېرىپ
ئۇنى راسا ئۇچۇغدايسىلەر. . . ئەلۋەتتە، پاك بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ گۇناھقا پاتقاندىن
كۆرە، قارا كۆڭۈل، رەزىل بىر ئىبلىسنى ئۇرۇپ ساۋاب ئالغان ياخشىراق. ئىككىنچە-
دىن، پۇل ئۆزۈڭلارغا قالىدۇ. . . ئۈچىنچىدىن، سىلەرنىڭ «بىر ئوقۇتقۇچىنى ئۆلتۈ-
رۈشنى پىلانلىغان» دەپ ئاشكارىلاپ قويۇشۇڭلاردىن قورقۇپ، ئۇ ھېچقانداق ئورۇن
ھەم ئادەمگە چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئەمما، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن-
لا، ئۇنى توپىسىنى قاققاندەك، ئۇچىسىنى قاشلىغاندەك ئۇرساڭلار، مەن مەترۇزى
پەشۋا بىلەن ئاۋۇ تۇرا كاللىنى ئوبدان تونۇۋېلىڭلار. . . بىز چوقۇم بايا
دېگەندەك قىلىمىز. . . ئۇ چاغدا، سىلەرمۇ بىر يەرگە بىر نېمە دەپ
بارالمايسىلەر. . . شۇنداققۇ دەيمەن؟ . . .

— سى - سىلەر مەترۇزى غوجىكام، تۇرا غوجىكاملار بولامسىلەر؟ — ھەر
ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ۋاي خۇدايىم، بىزنى شەيتان ئازدۇ-
رۇپتۇ. . . بىز خۇددى تۆگىنىڭ كۆتىگە چالما ئاتقاندەك، ئاسمانغا مىق
قاققاندەك ئەخمەقلىق قىپتۇق. . . بىز خىزمەتلىرىگە تەييار. . .

تۇرا ئۇلارنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى. مۇرات سەرەڭگە يورۇقىدا ئۇلارغا «كېرىموف-
نىڭ ھېكمەتنى ئۆلتۈرگۈزۈش ئۈچۈن نەچچە پۇل بەرگەنلىكى» ھەققىدە ئىسپات يازدۇ-
رۇپ، قوللىرىنى قويدۇرۇۋالدى ۋە خاتىرىسىدىن بىر بەتنى يىرتىۋېلىپ، ئازراقلا خەت
يازدى - دە، نەچچە قاتلاپ دانىخورەكنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن: «بۇنى كېرىموف-
نىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇڭلار! » دېدى.

— مەن ئۇشقىتىپ بەلگە بەرمىگۈچە، ئۇرۇشنى توختاتمايسەن، — دېدى مەترۇزى
قورقاق سېلىپ، — بولمىسا، بايىقى تاياقنىڭ كېمىنى يېيىشتىن سىرت، خوتۇنلىرىڭنى
ھېلىقىدەك. . .

قەبرىستانلىقتا قالغان مۇرات بىلەن ھېكمەت مەكتەپكە قايتتى. ھېكمەت يولدا
كېتىۋېتىپ: «ھېلىقى قەغەزگە نېمە دەپ يازدىڭ؟ » دەپ سورىدى. مۇرات كۈلۈپ
تۇرۇپ: «ھەممىسى كىتابلاردىن كۆچۈرۈۋالغان ئەقلىيە سۆزلەر، ئۇلارنى ھۆججەت
يازدۇرغاندا، كۆڭلۈمدىن مۇشۇنداق قىلىش كېچىپ قالدى. مانا كۆرۈپ باق! » دەپ
خاتىرىنى بەردى. ھېكمەت ئايپاق ئايدىڭ يورۇقىدا قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان مۇنۇ
قۇرلارنى كۆردى: «كۈچلۈك كەمەن دېمىگىن، ئۆزۈڭدىنمۇ كۈچلۈكرەككە يولۇقىسەن،

مەن ھەييارمۇ دېمىگىن، ئۆزۈڭدىنمۇ ھەييارغا ئۇچراپ قالىسەن»، «چۆگۈن قايناپ تاشسا، ئۆزىنىڭ بېشىغا تاشىدۇ...»

— مۇشۇمۇ يازغىنىڭ؟ قىزىقسەندە مۇرات!...

— مەن پەقەت ئاخىرىغا: «قىنامىڭغا پىتىپ يۈر، بۇ قېتىم جېنىڭ بىلەن بەدەل تۆلەيسەن» دېگەن سۆزنىلا قوشۇپ قويدۇم.

مانا ئەمدى كېرىموفنىڭ چالا ئۆلۈك تېنىنىڭ سېسىق كۆل بېشىدىن تېپىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچ ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ، قولتۇق تايىقى بىلەن چىققانلىقى كىتابخانغا ئايان بولغان بولسا كېرەك...

... بۇ ئۇزۇن ھېكايىنى ئاڭلىغان زۇمرەت مەتروزى ۋە تۇرالار توغرۇلۇق بايا قىلغان گەپلىرىدىن نومۇس قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ دەردمەن ھېكمەت ئۈچۈن شۇنچە جان پىدالىق قىلغان ئاق كۆڭۈل بالىلارنى قارا سىنىپ، ئۇلارنى كەمسىتىشى ئۆزىنى ئازابلاپ قويدى. ئۇ مۇراتنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ ئاستا پىچىرلىدى: «كەچۈ-رۈڭ مۇرات، مەن بۇ ئىشلارنىڭ تېگىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپتىمەن.»

زۇمرەت مۇراتنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ كەچۈرۈم سوراۋاتقان مۇشۇ دەقىقە-دە، ھېكمەت ئۈستىنى باھارنىڭ يۇمشاق ئوتلىرى قاپلاپ كەتكەن بىر قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يالغۇز - يېگانە ياش تۆكۈپ ئولتۇرغىنىغا بىر سائەتتىن ئېشىپ قالدى. بۈگۈنكى مەركىزدە دوستلارنىڭ جەم بولۇشى، ياش ئەر - خوتۇنلارنىڭ، مۇھەببەتنىڭ قىيام دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر جۈپلەرنىڭ بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىشلىرى، يوشۇرۇن پىچىرلاشلىرى، ئاياللىرىنىڭ ئەرلىرىگە قولياغلىق سۇنۇشلىرى ھېكمەتنىڭ كونا جاراھەتلىرىنى قايتا قوزغاپ قويغانىدى... ئۇمۇ ئىگەچى باغچىسىدا گۈلزىبا بىلەن بېقىشىپ ئوينىمىغانمىدى؟. يۈرۈڭقاش دەرياسى بويىدا ئايغا قاراپ، كەلگۈسى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى دېيىشىپ، تاتلىق ھېسلارغا تولمىغانمىدى؟ قۇرۇم كۆلىدىكى يالغۇز ئارالدا تۇنجى قېتىم ئىشقىنى ئىزھار قىلىشقانلىرىدا، ياتتۇ ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش كۆل يۈزىگە ئىنجۇ - يالتىراقلارنى چاچمىغانمىدى؟ ئاھ... گۈلزىبانىڭ چاچلىرىنىڭ ھىدى ھېلىھەم ئۇنىڭ دىماغلىرىدا! «سىز مېنىڭ!» دېگەن يېقىملىق شىۋىرلاشلار دىل پىنھانلىرىدا... ئىستىغىنا بىلەن بېقىپ، لالىدەك قىزىرىپ يۈزىنى قاچۇرۇشلىرى كۆڭۈل ئەينىكىدە ھېلىمۇ ئەكسىنى كۆرسىتىپ، جۇلا بېرىپ تۇرۇپتۇ!

«ئۆزۈڭ بىر قىز، چىچىڭ بىر قىز، كۆيدۈم ساڭا ئەي بىر جۈپ قىز. . .»، تۇمارلىق چاچلار. . . ئاۋغان كوچىسى. . . تۇنجى ئۇچرىشىش. . . «ئالا راھەتنىڭ قىزىلى چۈچۈمەل بولىدۇ. . .» دېگەن سۆز، تارتىنىپ كۈلۈشلەر. . . دەسلەپكى تونۇشۇش. . . «بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىزمۇ؟ . . .» شەرمى ـ ھايادىن قىزارغان يۈزلەر. . . ئاھ. . . بۇ خاتىرىلەر بولۇپ ئۆتكەنمىدى؟ ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالغىنى راستمىدۇر؟ ياق. . . ياق، زىبا ئۆلمىدى! ئۇ ئۆلمەيدۇ. . . ئۇ ھازىر مېنىڭ قەلبىمدە! يېنىمدا ھەغدا! . . . ئۇ مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاۋاتىدۇ. . . زىبا، ئاڭلاۋاتامسىز؟ . . . بۈگۈن دوستلار بىلەن جەم بولدۇق! مېنىڭ ناخشا ئېيتىۋېتىپ، سىز بىلەن پاراڭلاشقىنىم راستقۇ؟ . . .

ھېكمەتنىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى:

— گۈلزىبا، شۇ چاغدا كۆزلىرىم غۇۋالىشىپ، سىزنى كۆرەلمەي قالدىم. . . سىز قولياغلىقىڭىزدا ياشلىرىمنى سۈرتتىڭىز. . . سىزنى كۆرەي دەپ، رۇخسارىڭىزنى كۆ‌ڭۈل ئېكرانىمغا سىزاي دەپ قارىدىم. . . قارىدىم. . . قارىچۇقلىرىم ئېقىپ كەتكۈدەك قارىدىم، بىراق، كۆزلىرىم دەممۇدەم مانانلىشىپ تۇردى! . . . ۋاي بولدىلا، كۆڭلىڭىزنى بۇزۇپ نېمە قىلاي؟ . . . ئۇنىڭسىزمۇ چەككەن ئاھلىرىڭىز ئازمۇ؟ . . . گۈلزىبا، دوستلىرىڭىز ئەزىمەتنى سىزگە ئوخشايدىكەن دېيىشتى. . . شۇڭا مەن ئۇنىڭغا تويماي ـ تويماي قارىدىم! . . .

قەبرە ئالدىدا بېشىنى مەيدىسىگە ئېگىپ ئولتۇرغان ھېكمەت گۈلزىبا بىلەن ئەنە شۇنداق پىچىرلىشىپ مۇڭدىشىۋاتقاندا، غايىپتىنمۇ ياكى قەبرە ئىچىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ۋەھى كەلگەندەك بىر ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شىۋىرلىدى:

— ھېكمەت! . . . مېنىڭ ھېكمىتىم! . . . كۆڭۈل تەختىمنىڭ سۇلتانى! . . . بىلىمەن، سىز داۋاملىق كۆز ـ ياشلىرىڭىز بىلەن تۇپراقلىرىمنى نەمدەپ كېتىسىز. . . سېغىنىۋاتامسىز؟ مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى سۈرتىۋاتىمەن. . . بېشىڭىزنى كۆكسۈمگە قويۇپ سىيلاۋاتىمەن! . . .

— سېغىنىۋاتىمەن. . . سېغىنىۋاتىمەن. . .

— ھېكمەت، «ئەزىمەتنىڭ كۆز ـ قاشلىرى سىزگە ئوخشايدۇ. . .» دېدىڭىز. . . ئەڭ ياخشىسى ماڭا ئوخشىمىسۇن. . . ئۇنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئېچىلماي تۇرۇپ سولىشىشىنى خالىمايمەن. . .

— ماقۇل. . . ماقۇل. . . زىبا، دوستىڭىز زۇمرەتنىڭ كۆزى يورىدى. . . مەن ئىككىمىز ئۈچۈن مۇبارەكلەپ، سىزنىڭ كىيىشكە ئۈلگۈرمىگەن كۆڭلىكىڭىزنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدىم. . .

— ئوبدان قىپسىز. . . مەن ئۈچۈن ئايرىم مۇبارەكلەپ قويۇڭ. . .

— زىبا، نېمىشقا يىغلايسىز؟ ماھىگۈلنى دەمسىز؟ . . . ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم! . . . ئۇنى يېقىندا ئوقۇشقا ئەۋەتىمەن. . . ئۇ بەختىنى تاپىدۇ. . . نېمە، ۋەسىيەتنامەم دەمسىز؟ . . . ئۇ. . . ئۇ. . .

قاراڭغۇلۇقتا ھەمراھ بولغان تەنھا يىگىت بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك - تۈمەن قىسمەتلەرگە تولغان بۇ بىۋاپا دۇنياغا قارىدى. شۇنداق، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا بىر بېغىشتىكى قوشماق گۈل ئىدى. ئەپسۇس، ئەجەل ئۇلارنى بىمەھەل ئايرىۋەتتى. . . بۇنىڭغا ئەلھۇكمۇلىللا دېمەي چارە يوق! . . . بىراق، بۇ جۇدالىقنى ھېكمەت ئەقلىدە تەن ئالسىمۇ، كۆڭلىدە يەنىلا تەن ئالمايتتى. چۈنكى، گۈلزىبا قارا تۇپراققا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىگە دەپنە قىلىنغانىدى! . . .

ھېكمەت قەبرىستانلىقنىڭ پەس توپىلاڭ يولىدىن چۈشۈپ يولغا چىقتى. ئۇ ئاسمانىنىڭ ئېگىز بىر يېرىدە نۇر چېچىپ تۇرغان يېرىم ئايغا قارىدى. ئۇنىڭ ئۆيگە قايتقۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىختىيارسىز دەريا تەرەپنى تارتىپ، نېمىلەرنىدۇر كۆرۈشنى، قانداقتۇر ئىزلارنى ئىزدەشنى خالايتتى. . .

ھېكمەت ئىككى تەرىپى شال ئېتىزلىقلىرى قورشىغان قاتتىق شورتاڭ يولدا كېتىۋاتاتتى. دەريا ئانچە يېقىن بولمىسىمۇ، ئۇ بۇلارنى ئويلىمايتتى. يول پەيدىنپەي ئېگىزلەپ، دەريامۇ كۆرۈندى، ئىككى يىلدا پۈتكەن سېمونت كۆۋرۈك دەريادا توغرا ياتقان ئاجايىپ زور يىلانغىلا ئوخشايتتى، بىر قارىماققا، لوپ بىلەن خوتەننى باغلاپ تۇرغان ئارغامچىدەكمۇ كۆرۈنەتتى. پەس تەرەپتە چۆلدەرەپ قالغان قەدىناس ياغاچ كۆۋرۈك يېتىم بالىدەك بويىنىنى قىسىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسمىلا قىلىپ قوياتتى. ئۇ، ياشلىقىدا پەرزەنتلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئۆمرى جاپادا ئۆتكەن، قېرىغىنىدا بولسا، بالىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مۆمىن، بىچارە بوۋاينى ئەسكە سالاتتى.

ھېكمەت پەسلەپ چۈشۈپ، گۈلزىبا ئىككىسىگە قانچە - قانچە قېتىملاپ سايىۋەن بولغان، پىنھان دالىلىرىنى ئاڭلىغان، شوخلۇق ۋە تەنتەكلىكلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان، مەرت ھاتەمدەك بۇ ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كەلدى. ئۇ چاپراس

ۋە گىرە ياغاچلارغا يۆلەنگىنىچە، كۆۋرۈككە تەسەللى بېرىۋاتقاندەك ئاستا شىۋىرلىدى: «خاپا بولما، كۆڭلۈك ئەلەمزادە بولمىسۇن. . . ئەۋلادلىرىمىز سېنى ئۇنتۇمايدۇ. . . بولۇپمۇ مەن ھەم گۈلزىبا. . . » كۆۋرۈكمۇ ئاچچىققىنە كۈلۈپ: «كۆڭلۈمنى ئاۋۇتما، ئالەمنىڭ قىسمىتى شۇنداق، تۇغۇلىمىز، ياشايمىز، ئۆلىمىز. . . » دېگەندەك قىلدى.

ھېكمەت دەريا قىرلىرىنى بويلاپ، بىر چاغدا زۇمرەتتەي بوز يەردىن شەھەرگە يۆتكىگەن كۈنى گۈلزىبا ئىككىسى بىر كېچە تۈنىگەن ئازغان تۈپى قېشىغا كەلدى ۋە گۈلزىبانى كۆرگەندەك بولدى. . «ئاھ ھېكمەت، بۇ كۈنلەر قاچانمۇ ئاياقلىشار؟ . . . مېنىڭ سىزگە كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ قاراپ ئولتۇرغۇم كېلىدۇ. . . يېنىڭىزدىن پەقەتلا يىراقلاشقۇم يوق. . . » ئەنە ئۇ ھېكمەتنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. . . «مەن يۈرىكىمنىڭ سىزنىڭ ئوتلۇق نەپىسىڭىزدە ئېرىپ كېتىشىگە شۇ قەدەر تەشنا. . . »

ھېكمەت ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنىڭ شاھىدى بولغان بۇ يەرگە ئۇزاق تەلمۈرۈپ قارىدى. تاڭ سەھەردە ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەندە، بەك ئارامسىزلىنىپ كەتكەن گۈلزىبا: «سىز كەتمەڭ، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ. . .سىز بالامنىڭ دادىسى ئەمەسمۇ! . . . مەن ئەمدى ئايرىلىپ چىدالمايمەن. . . مېنىڭدەك ھىماتى يوق، يۆلەنچۈكسىز، تىكەندەك يالغۇز ئايالنىڭ ئۇزنى يىگانە قالدۇرماڭ. . . » دەپ نالە قىلغانىدى. شۇ چاغدا، گۈلزىبانىڭ ئاۋازىدىن روھسىزلىق، بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئايالنىڭ چىرايىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد ـ ئەلەمنى، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆتۈنۈشنى كۆرۈپ، ھېكمەتنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ ئېچىشىپ كەتكەنىدى.

ھېكمەت ئايدىڭدا ياش يوپۇرماقلىرى سانسىزلىغان قاشتېشىدەك ۋىلقىلداپ تۇرغان يالغۇز تېرەككە قارىدى. گويا ئۇ گۆھىرىنى تېپىۋالغاندەك، ناھايىتى تېز قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى. تېرەك غولىدىكى قوش يۈرەك ئىزى گويا يۈرەككە چۈشكەن داغدەك كۆرۈنەتتى. گۈلزىبا ئۇنىڭ قېشىدا يەنە پەيدا بولدى:

. . . — «بۇ ئىككى يۈرەك دەرەخ قانلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەي. . . »

— «ئاھ، دەرەخ، تويىمىزنىڭ ئاقىۋىتىگە خەيرلىك تىلىگىن. . . »

— «ھېكمەتنىڭ مېنىڭ قېشىمغا پاتراق كېلىشىنى بىر ئاللادىن تىلىگىن. . . »

— «بۇ قەلەمتىراچ ماڭا ھەمراھ بولسۇن. . . »

ھېكمەتنىڭ يۈرىكىدىكى مەڭگۈ ئۆچمەس جاراھەت دېغىمۇ قايتا قوزغىلىپ، ئۇنىڭدىن قان تەپچىرەپ چىققاندەك بولدى...

— زىبا!... — ھېكمەت نالە بىلەن ۋارقىراپ دەرەخنى قۇچاقلىدى... — زىبا!... سىز نەدە؟... نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟... سىز قايتىپ كېلىڭ!... — ھېكمەت ياشلىرى ساقىپ چۈشۈۋاتقان دەرەخ غولىغا پاقىلدىتىپ ئۇراتتى، بېشىنى گۈرسۈلدىتىپ ئۇسەتتى... تۇرۇپلا قوش يۈرەك قاپارتمىلىرىنى سىيلايتتى، — قارىڭا، سىز ئولتۇرغان ئازغان سايىلىرى، دەريا تاشلىرى، كۆپكۆك ئوتلاقلار تۇرۇپتۇ... ھەتتا شۇ چاغدا يىراقتىن قاۋىغان ئىتلار ھېلىھەم قاۋاپ تۇرۇپتۇ!... ئەنە سىزگە كۈلۈپ قارىغان ئاي... كۆز قىسىشقان يۇلتۇزلارمۇ بۇرۇنقىدەكلا... ھەممە... ھەممىسى بار... سىز نېمىشقا يوق؟... ئېيتىڭا، سىز مېنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كېتەمسىز؟...

ھېكمەتنىڭ بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىۋاتقان قوللىرى ئاستا - ئاستا سىيرىلىپ دەرەخنى قۇچاقلىغانچە، يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى... پىغان ۋە سېغىنىشنىڭ ئازابلىق زەنجىرىدە بوغۇلغان ناتىۋان يىگىت بۇقۇلداپ، ئېسەدەپ ياش تۆكمەكتە ئىدى. لېكىن ئۇ يەلكىسىگە چۈشكەن قولدىن ناھايىتى تەستە قايرىلىپ قارىدى. ئايدىڭدا كۆز ياشلىرى مۇنچاقتەك يالتىراپ تۇرغان بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى... بۇ، ھېكمەت ئوغرىلىقچە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ماھىگۈل ئىدى!...

— ھېكمەت ئاكا!...

# تۈتەك قاپلىغان بوستان

يىللىق ئىمتىھان ئاخىرلاشتى. بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرى «ئۇھ» دەپ چوڭقۇرراق نەپەس ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. سىنىپ مۇدىرلىرى نەتىجە كۆرسەتكۈچلىرىنى ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالغان ئۈچ يىللىق نەتىجىسىگە تون پىچماقتا ئىدى. ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىغا ھەربىر سىنىپتىن ئوخشىمىغان پەنلەردىن ئۆتەلمىگەن بالىلاردىن تولۇقلاپ قايتا سىناق ئېلىشنى تاپىلايتتى. توختى قۇربان، ھېكمەتلەر ئەدەبىياتتىن، زۇمرەت خەنزۇ تىلىدىن، مۇرات

گراماتىكىدىن، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرى تەبىئىي پەنلەردىن تولۇقلاپ قايتا ئىمتىھان
ئالماقتا ئىدى. زىكرۇللا غوجى ئوقۇتۇش بىناسى كارىدورىدا يۇگۇرۇپ يۈرۈپ، ئىمتىـ
ھان مەيدانلىرىنى تەكشۈرەتتى، تەرلەپ ـ پىشىپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىرـ
ماي، تەمتىرىمەي، ئويلىنىپ جاۋاب بېرىشنى تاپىلايتتى. زەينىدىن بولسا تەييار بولغان
كۆرسەتكۈچلەرگە مەكتەپ تامغىسىنى باساتتى. خالىق بۈلتۈر ناھىيىلىك رېۋىزىيە تەرىـ
پىدىن جازالانغاندا، زەينىدىنمۇ مەكتەپتە تۇتۇلغانىدى. ئۇ يىگەن، ئىچكەن، چوڭ
ئىگىلىگەن نەرسىلىرىگە ئىقرار بولۇپ، ياۋاشلىق بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا
ئۆزىنى ئۈچ نۆۋەت تەكشۈردى. بىراق باقاخۇن، ئەمەتلەرنىڭ ئوغرىلىقىدىن خەۋىرى
يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن گۆشلىرىنى «خۇشامەت سوۋغىسى» دەپ بىلگەنلىـ
كىنى ئېيتىپ، يىغلاپ سالدى. ناھىيىدىن ئا كوجاڭ چىقىپ ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ:
«ئەگەر بۇ قېتىم مۇئاۋىن ھاكىم ساۋۇر روزى ئارىلاشمىغان بولسا، ئاسمانغا چىقىپ
ئەرشنى، يەرگە چۈشۈپ كەشىنى كۆرگەن بولاتتىڭ ئاداش! . . . » دەپ ۋارقىرىدى.
شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭدىن بېرى، ئۇ قۇيرۇقىـ
نى قىسىپ ياۋاشلاپ قالغانىدى. رېخىم نۇرى، ساجىتخان، قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراـ
ھىملار دەرسلىرىدىن ئۆتەلمىگەن بالىلاردىن تولۇقلاپ ئىمتىھان ئېلىشقا قوشۇلماي:
«ئۇ تازلار تىرىشمىغاندىن كېيىن، پۇشانىسىدىن كۆرسۇن! » دېيىشىپ يۈرۈشەتتى.
خىزمەت دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ھەرىكەت دېسە قىپيالىڭاچ مەيدانغا سەكرەپ چۈشۈدىـ
غان بۇ «قىزىل ھۇررەك»لەر دېگىنۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى پىپەن قىلىش باشلانغانـ
دىن بېرى، خۇددى قىشچە ئۆچەكتە يېتىپ، كۈن ئىسسىغاندىن كېيىن، «كىمنى
چاقسام بولاركىن؟ » دەپ ئۆمىلەپ يۈرگەن زىيانداش قۇرتلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.
ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن 1 ـ، 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن كېيىنلا، ھۆسۈيۈنئاـ
خۇن خارەت، مەمەت شولاق قاتارلىق ئىشچىلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن، ئېتىز ـ ئېرىق
ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. شېكەر قارىم ھەر بازارنى قولدىن بەرمەي، نەچچە
يەردە غالتەك توختىتىپ دوغاپچىلىق، تاڭشىرچىلىق قىلاتتى. ئەخمەت ناۋاي خۇمارى
تۇتسا، ھېچكىمدىن قورقمايتتى، يەنىلا ئۈچ تونۇرنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ
ئاۋارە ئىدى. جۇماخۇن ئاشپەز غولدا نوغۇشتا خېمىر چەيلەپ، ئۇماچ قايىنىتىپ، قازان
بېشىدىن نېرى كېتەلمەيتتى. داپ ساقاللىرى ئاقلىقتىن سارغىيىپ، تېخىمۇ قېرىپ
كەتكەن رەجەپ بەنجاڭ ئاق چېچەكتەك بولۇپ كەتكەن بېشىغا چېكىلىكى ئۆردەك

تۇمشۇقىدەك شەپكىنى قوندۇرۇۋېلىپ، چوشقىلار بىلەن تىللىشىپ، سوقۇشۇپ، پۇش-تىكىنى چېلىپ يۈرىدۇ. مۇشۇنداق ئالدىراش كۈنلەردە، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن دارىلمۇئەللىمىن ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. بوغالتىر ئەخمەت هوشۇر ئۇلارنى ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئىشخانا ۋە نەرسە - كېرەكلەر قويۇلغان ئۆيلەرنى بىكار قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە بۇ يىل ئۈچ تولۇقسىز، بىر تولۇق سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەنىدى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، سانائەت ئىنستىتۇتى، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى قاتارلىق نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە تولۇق سىنىپنى (تولۇقسىزنى پۈت-تۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغان كەسپلەرمۇ بار ئىدى) پۈتتۈرگەنلەرنى ئالاتتى. بە-راق، ئۇلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، بەك ئەتىۋارلىق ئىدى. كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار خوتەندە قېلىپ، بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار بەلگىلىمىدىكى ئوقۇغۇچى سانىنى تولدۇرال-مىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا يالۋۇراتتى. مەكتەپنىڭ شەرت - شارائىتىنىڭ ياخشىلىقى، ئاش - تامىقىنىڭ خىلمۇخىللىقى، ئايدا تۆرمۇش پۇلى بېرىلىدىغانلىقى، هەتتا يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەكنىمۇ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماختىشاتتى. بەزىلەر مەكتەپ فورمىسىنىڭ ياقا، يەڭ بەلگىلىرىنى، ئوقۇغۇچىلىق ئىزناكلىرىنى سومكىلىرىدىن ئې-لىپ كۆرسىتەتتى.

هېكمەتنىڭ سىنىپى بۇ يىل ئىككىنچى يىللىققا كۆچكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يىللىق ئىمتىهاندىن كېيىنلا ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ، بەش مو يېرىدىكى پىياز، سامساق ئېتىزلىرىنى ئوتاپ، تۆۋىنى يۇمشىتىپ، سامساق نەيزىلىرىنى يىغىپ بولغان، قولى بوشاپ قالغانىدى. بىر ئەتىگەنلىكى، يۈزلىرى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان يىگىرمە ئالتە - يىگىرمە يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ئورۇققىنا بىر مۇئەللىم هېكمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەدەپ بىلەن كارىۋاتقا ئولتۇرغاندىن كېيىن، خۇددى كەتمەن چېپىپ هاردۇق يەتكەندەك، «ئۇھ» دەپ قويۇپ، ئېغىر نەزەردە هېكمەتكە تىكىلدى.

— ۋاي - ۋاي، هەر يىلى قاراڭ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا تەقسىم قىلىنىپ قېلىشىمدىن جېنىم سىرقىرايدۇ، — دېدى ئوقۇتقۇچى قاپقارا چاچلىرى-نى بارماقلىرىدا تاراپ قويۇپ، — ئوقۇغۇچى ئالماق قېيدام كەكىگە ساپ تاپماقتىنمۇ تەس. . . قارىمامسىز، تولۇق سىنىپنى پۈتتۈرگەن ماهىگۈل دېگەن بىر قىز بار ئىكەن.

نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. بىراق، «ياقەي بامىتمە، بامىتمە دېدىمىمۇ بامىتمە» دەپ، يادلىۋالغاندەك بىر ئېغىز سۆزنىلا قىلىدۇ (ئوقۇتقۇچى خوتەن شېۋىسىنى ناھايىتى قوپال دورىدى)، قىلمىغان چىرايلىق گېپىم قالمىدى. خۇدايىم ئىككىلا دۇنيادىكى جاھىللىقنى خوتەنلىككە بەرگەنمىدۇر؟...

— مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرلار نەسىھەت قىلمىدىمۇ؟ — دېدى ھېكمەت.

— ھەممىسى گەپ قىلدى. سىنىپ مۇدىرىمۇ تەربىيە بەردى. زادىلا ئۇنىمايدۇ. ئاخىرى ئۇلار: «ئاكىسى مۇشۇ مەكتەپتە مۇئەللىم... شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭ!» دەپ ئېيتتى. ۋاي خۇدايىم، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ سىڭلىسىمۇ شۇنداق ئاڭسىز بولامدۇ؟...

— بۇ ئاڭسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، — دېدى ھېكمەت سەل تېرىكىپ، — ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت، خورلۇقلار سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن بولسا، جەننەتكە بويىنىڭىزدىن باغلاپ سۆرىسىمۇ كىرمىگەن بولار ئىدىڭىز... بىلەمسىز، ئۇنىڭ ئانىسى كېسەل، ئاچىسى قازا قىلدى... دادىسى تۈرمىدە!...

— دادىسى دەيسىزغۇ؟... ئۇنىڭ دادىسى؟...

— ئۇلار سىزگە ئېنىق دېمەپتۇ، ماھىگۈل مېنىڭ قېيىنسىڭلىم...

— مۇنداق دەڭ! — مۇئەللىم جىمىپ قالدى، — ئۇنداقتا سىزمۇ قوشۇلمايدىكەنسىز - دە؟

— مەن سىزگە قوشۇلمايمەن دېمىگەندىمەن؟ ئەگەر سىزنىڭ شەرتلىرىڭىزگە مۇناسىپ بولسىلا، مەن ئۇنى ماقۇل كەلتۈرىمەن...

— راستمۇ؟ — مۇئەللىمنىڭ چىرايى نامازشام گۈلىدەك ئېچىلدى، — سىزنىڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆزىگە خاس شەرتلىرىدىن خەۋىرىڭىز بار ئوخشايدۇ. بىز نەتىجىگىمۇ قارايمىز شۇنداقلا چىراي، قامەت، مىمىكا دېگەندەك ئادەم گۈزەللىكىمۇ بەك مۇھىم. چۈنكى ئۇلار دوختۇر بولىدۇ ئەمەسمۇ!... بىمارلارغا گۈزەللىكنىڭ روھىي مەدەت، روھىي ئوزۇق ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلسىڭىز كېرەك.

— ماھىگۈل شۇ شەرتلەرگە مۇۋاپىق كېلەمدۇ

— مۇۋاپىق كېلەمدۇ دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ئۇ قىز بىر پەرىشتە... سىنچىلاپ قارىسىڭىز، تېگى - تېگىدىن گۈزەللىك، ئاجايىپ لاتاپەت، كەم تېپىلىدىغان ھۆسن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ... ئەگەر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، چوڭ شەھەرلەردە

تەربىيە كۆرسە. . .

— بولدى قىلىڭ! — كۆڭلىدە بىردىنلا ھەسەت ئويغانغان ھېكمەت، گەپ تۈگىدى دېگەن مەنىدە قولىنى كۆتۈردى، — سىز جاۋابىمنى كۈتۈڭ!

مۇئەللىمنىڭ باھاسى ھېكمەتنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك تەسىر قىلدى. راست ئۇن سەككىز ياشقا كىرىپ قالغان ماھىگۈل بارغانسېرى گۈلزىبانىڭ سۈرىتىلا بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ھەتتا خۇلق - مىجەزلىرى، گەپ قىلغاندا كۆزلىرىنى قاچۇرۇشلىرى، قىزىرىپ يەر بېقىشلىرى، كۆڭۈل ئاياشلىرى، سىلىق - سىپايىلىقلىرىغىچە ئوخشايتتى. بەزىدە ھېكمەتمۇ گويا ئۇنىڭغا گۈلزىباغا قارىغاندەك ئوتلۇق بېقىشتا تىكىلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالاتتى. . . ئۇنداقتا، ئۇنىڭ مۇئەللىمنىڭ «پەرىشتە» دېگەن سۆزىگە كۈندەشلىكى تۇتتىمۇ؟. . . بۇ بىزگە قاراڭغۇ!. . . ئىش قىلىپ، ئىرادىسىدىن تاشقىرى، بىلىپ بولماس بەزى خىياللارنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە خۇددى ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك سايە سېلىپ ئۆتكىنى راست. . . دۇنيادا ئادەمدىن مۇرەككەپ نەرسە يوق، بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرمەكمۇ تەس!. . .

ھېكمەت ماھىگۈلنى قانداق قايىل قىلىشنى كۆپ ئويلىدى. ئەگەر ئۇنى مەجبۇرلىسا: «ئۈچ يىل تاماق پۇلۇمنى، كىيىم - كېچىكىمنى كۆتۈرۈپ ئوقۇتقانلىقى ئۈچۈن، بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. . . شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ بىلەن كامىلنىڭ سۆزلىشىپ كۆرگىنى تۈزۈك. ئۇ ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ، يات بولغاندىكىن، ئېغىر ئالمايدۇ.

ھېكمەت كامىلنى تېپىپ ھەممىنى چۈشەندۈردى. خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۈنچىقماي تېڭىرقاپ قالغان كامىل ھېكمەتكە يۈزلىنىپ:

— بۇ سېنىڭ يۈرەك سۆزۈڭمۇ؟ — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— سەن ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈۋاتامسەن ياكى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىنمۇ؟

— سەن مۇشۇنداق دېسەڭ، باشقىلار نېمە دەر؟ — ھېكمەت ئاچچىقلاپ قالدى.

— تېرىكمە، نېمانچە سەۋزە نازۇك بولۇپ كەتتىڭ؟. . . — كامىلنىڭمۇ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — سەن ئاچچىقلا، تىللا، سوقۇش، لېكىن مەن ساڭا دېمىسەم بولمايدۇ. . . سەن ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتمەكچىمۇ؟ بىلىپ قوي، بۇمەرەمخان ئەزىمەتكە باقىۋەندە بولالمايدۇ. ئۇنىڭغا بىر ئانا كېرەك، بىلەمسەن ئانا!. . . ماھىگۈل

ئەڭ مۇۋاپىق ئانا بولالايدۇ. . .

كامىلىنىڭ قاپاقلىرىدىن ئەندىككەن ھېكمەت جىمىپ قالدى. بۇرۇن بۇنداق خىيال ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكەنمىدى؟ . . . ئۆتكەن. گۈلزىبانىڭ ۋەسىيەتنامىسى ۋە دوستلىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان ھېكمەت كېيىنكى كۈنلەردە بۇمەرەمخان ئانىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىۋاتقان ئەھۋالىغا قاراپ، چۆچۈپ قالغانىدى. چۈنكى، ئانىغا قىزىنىڭ ئۆلۈمى دەپ ئېيتقۇسىز زەربە بولغانىدى. مۇسىبەت كۈنلىرى قايىت قولغا ئېلىنىدى. بۇ، بۇمەرەمخانغا قوشلاپ دەرد ئېلىپ كەلدى. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئەزىمەتنىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، بىر ئانا لازىم ئىدى. مانا شۇ كۈنلەردە، ئۇيقۇسىز كېچىلەردە، غەم باسقان كۈنلەردە، گۈلزىبانىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىشۋالدىغان بولدى. بىراق، ھېكمەت ۋىجدانى ئالدىدا سوراققا تارتىلىپ، بۇ خىيالدىن ئۆزۈل ـ كېسىل قول ئۈزگەن. . . ئۇنى ۋىجدانى: «بىر ئاجىز قىزغا ئازراقلا خەيرخاھلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلماقچىسەن؟ . . . ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بوغماقچىمۇ؟ خۇددى مەككار سودىگەردەك، كىچىككىنە نەپ بېرىپ، ئۇنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇۋالماقچى بولدۇڭمۇ؟ ھازىر خالىقتىن نېمە پەرقىڭ قالدى؟ . . . ئىنسانىي پەزىلىتىڭنى ئۇنتۇما! . . . ئۇ سېنىڭ سىڭلىڭ. . . ئوقۇغۇچىڭ! . . . دەپ ئەيىبلىگەنىدى.

ھېكمەتنىڭ سۆزلىرى كامىلنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. دەرۋەقە، بۇ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە تەئەللۇق ئىش ئىدى.

— ھەي. . . ي. . . — دېدى كامىل بېشىنى ئېغىتىپ، — ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇمىسا ياخشى بوپتىكەن. . . ماقۇل، مەن ماھىگۈلگە نەسىھەت قىلاي. . .

ھېكمەت كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئەمدىلا قولىغا كىتاب ئېلىپ تۇراتتى، ئىشىك چېكىلىپ، ماھىگۈل كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يىغلىغانلىقى قىزىرىپ كەتكەن قاپاقلىرىدىن، ياش يۇقى كۆزلىرىدىن مەلۇم ئىدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ: «ئولتۇرۇڭ!» دېگەن سۆزىدىن كېيىن، كارىۋاتقا سىيلىققىنا ئولتۇردى ۋە: «ھېكمەت ئاكا، سىزگە ياخشى بولسا، مەن باراي. . .» دېدى ـ دە، ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى. . . تەڭلىك، خىجالەتچىلىك، قىيالماسلىق مۇجەسسەملەنگەن بىر خىل تۇيغۇ ھېكمەتنىمۇ ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالدى. بولۇپمۇ «سىزگە ياخشى بولسا. . .» دېگەن

سۆز ئۇنىڭغا تىك كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن، ھېكمەت ماھىگۈلنى كۆزدىن يوقىتالماي قالغاندەك، ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىۋاتقاندەك ئۇقۇم چىقاتتى. شۇڭا، ئۇ «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىپ يارامىلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى» ھەققىدە ئەمەلىي مىساللارنى ئېلىپ سۆزلىدى. بىراق كۆپ چاينالغان، تولا تەكرارلىنىپ مودىغا ئايلانغان بۇنداق تەربىيە ماھىگۈلنىڭ قۇلىقىغا ياقمىغانىدى.

— بىلىمەن، سىز ئانامغا، نەبى، ئەزىمەتلەرگە تارتىشىۋاتىسىز، — دېدى ھېكمەت سىپايىلىق بىلەن، — سىز ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ...

— ئانام كېسەلچان، نەبى بولسا ئوغۇل بالا، — دېدى ماھىگۈل ئېسەدەپ، — مېنىڭ ئوي - خىيالىم ئەزىمەتتە... ئۇنى ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلارمەن دەپتىكەنمەن!...

ماھىگۈل ھېكمەتكە قانداق تېز قارىغان بولسا، يەنە شۇنداق تېز كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە پەقەتلا بارغۇسى يوق ئىدى. ئەمما كامىلنىڭ: «سىزنى ئەجىر بىلەن ئوقۇتۇشتىكى سەۋەب، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قىلىش ئەمەس بەلكى ئالىي مەلۇماتلىق، يارامىلىق، ئىقتىدارلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش... سىز ياق دېيىش ئارقىلىق ھېكمەتكە يۈز كېلەلەمسىز؟» دېگەن سوئالى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويغانىدى. بولمىسا ئۇنىڭ ھېكمەتتىن بىرەر دەقىقە ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

— مەن كەتسەم، سىزنىڭ كىر - قاتلىرىڭىزنى كىممۇ يۇيۇپ بېرەر؟...

— ساددا قىز... ئۆزۈم يۇيمامدىم؟...

— بىر شەرتىم، ئانام ئۇنىمىسا بارمايمەن...

ھېكمەت بۇمەرەمخاننىڭ رازىلىقىنى ئېلىشتەك مۇھىم بىر ئىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە: «ھازىرلا شەھەرگە كىرەيلى!» دېدى ۋە سۇرتۇپ پارقىرىتىپ قويغان ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ سىرتقا چىقتى. ئەزىمەت شەھەردە بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھېكمەت قاراڭغۇ بازاردىن قىممەت بولسىمۇ مۇشۇ «كەپتەر» ماركىلىق ۋېلىسىپىتنى ئالغانىدى. ئوغلىنى كۆرگىسى كەلگەن ھامان، ئۇ دەرستىن چۈشۈپ، بەزىدە مەشغۇلاتلار ئاياقلاشقاندا، شەھەرگە كىرىپ چىقاتتى. بەزى چاغلاردا، نەبى ۋېلىسىپىتنى شەھەردە ئېلىپ قېلىپ، ھەپتىلەپ ئەزىمەتنى ئوينىتاتتى. شۇڭا، ھېكمەت ۋېلىسىپىت ئالدىغا كىچىك بالا ئولتۇرىدىغان يۆلەنمە ئورۇندۇقمۇ ياسىتىپ بەرگەنىدى.

ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل قۇياش يۇرۇڭقاش تەرەپكە قىڭغايغاندا، شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرگەندە، نەبى بىر غالتەكنى پىرقىرىتىپ قويۇپ بېرىپ: «تۇتە، تۇتە» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئەزىمەت ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ئۇنى قوغلاپ يۈرەتتى. ئۇ ھېكمەت بىلەن ماھىگۈلنى كۆرگەن ھامان «دادىي، ماھى ئاچا...» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېسىلدى. بۈمەرەمخان يازلىق چايخانىدا لەڭمەنگە پىلتە قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپ، تىنچلىق سوراشتى. ئۇنىڭ ئۆڭگەن گەرىس ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن ئاق لەيلىدەك چېكە چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى. يۈزىدىكى كۆپىيىپ كەتكەن قورۇقلار ئۇنىڭ تېز قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ماھىگۈل كېلىپلا تاماقتا تۇتۇشۇپ كەتتى. نەبى ۋېلىسىپىتنى يۇيۇش ئۈچۈن كونا لاتا ئىزدەۋاتاتتى. ھېكمەتنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغان ئەزىمەت قارلىغاچ بالىسىدەك ۋىدىرلاپ، بۈمەرەمخان ئانا بىلەن دادىسىنى كۈلدۈرمەكتە ئىدى.

— دادىي، دادىي قايا، — دېدى ئەزىمەت بۇدرۇق قوللىرىدا ھېكمەتنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قارىتىپ، — مەن... مەن... نەبى ئاكامنىڭ... ھە... ھە... بېشىغا جى - جى ئەتتىم...

— تۆگە تايلاق قىلىپ دەرياغا ئاپارغانتىم، — دېدى ۋېلىسىپىت يۇيۇۋاتقان نەبى، — جى - جى دېگىنىنى ئاڭلىماي قاپتىمەن. بىر كەمدە دۈمبەمدىن ئىسسىق بىر نېمە يالاپ چۈشتى...

— قانداق؟ — ئەزىمەت چاۋاك چالغىنىچە يەرگە چۈشتى، — دادىي، دادىي... نەبى ئاكام... مەن پاق... پاق... سۇ ئوينىدۇق...

ئەزىمەت خۇددى ئۆردەك قانات قاققاندەك ئىككى يېنىغا ئۇرۇپ، ھويلىدا چۆرگىلەشكە باشلىدى ۋە ئېڭىشكىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھېكمەتنىڭ ئالدىدا توختىدى - دە، — «قانداق قىزىقمىكەن؟» — دەپ قويدى.

— يائاللا، بۇ سۇغا چۈشۈۋالسا، پەقەتلا چىققىلى ئۇنىمايدىكەن، — دېدى نەبى، — سۇدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقساملا، چىرقىراپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ...

— بۇ بالىغا كۆز مۇنچاق ئېسىپ قويمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى بۈمەرەمخان، — مەلىدىكىلەردىن سۆزلىمەيدىغىنى يوق... ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قالسا، ھەممىسى گەپكە سېلىپ، ئۆيلىرىگە ئەپچىپ ئەكىرىپ كېتىدۇ. قوشۇقنى

«قوتۇق» دەيدۇ، ئىشىكنى ئاچ دېمەكچى بولسا «داغىدا غىلاق» دەپ ۋارقىرايدۇ. قورسىقىم ئاچتى دېگەننى «قوتۇقۇم توق...» دەپ چىرقىراۋاتقان. نەبى مەكتەپكە كېتىپ قالسا، پىرقىراپ پېرىخون بولۇپ كېتىدۇ... شۇڭا، ئۇ بەزىدە ئۇنى مەكتەپكە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدۇ.

— ھېكمەت ئاكا، — دېدى تەرلەپ كەتكەن نەبى، — ئەزىمەتنى ۋېلىسىپىتتا بىردەم ئوينىتىپ ئەكىرەيمۇ؟

— بولدى، تاماق تەييار بولۇپ قالدى، ئەتە ئوينات.

— ۋېلىسىپىتنى ئەكەتمەمسىز؟

— تەتىل قويۇپ بەردى، ئەزىمەت ئىككىڭلار زېرىكىپ قالارسىلەر، ماھىگۇل ئىككىمىز كېچە سالقىنىدا مېڭىپ كېتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاراڭغۇدا ۋېلىسىپىت مىنمەكمۇ تەس.

— بەك ياخشى بولدى، قانداق گېدى (بۈدۈر) قوزا، ئەمدى تازا ئوينايمىز، — دېدى نەبى.

— دادام... خو، — دېدى ئەزىمەت باش بارمىقىنى چىقىرىپ.

تاماق يېيىلىپ بولۇشى بىلەن، نەبى ئەزىمەتنى ۋېلىسىپىتقا ئولتۇرغۇزۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ماھىگۇل سۇپا تۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ تەتۈر قاراپ ئولتۇراتتى. ھېكمەت دېمەكچى بولغان گېپىنى ئەگىتمەيلا ئوتتۇرىلا دېدى. بولۇپمۇ كەلگۈسى ئىستىقبال ھەققىدە كۆپرەك سۆزلىدى، بارغانسېرى دۇمچىيىپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن بۈمەرەمخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئۇششاق ياش تامچىلىرى مۆلدۈرلەپ تۆكۈلدى.

— ھېكمەت بالام، مەن نېمىمۇ دەيمەن؟ — بۈمەرەمخان ياغلىق ئۈچىدا كۆزلىرىنى سۈرتتى، — مۇشۇ باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ، قانات يېيىپ، شۇ قاتارلىق قىلدىڭىز. ئاتىسىدىن يەتمىگەن راپائەت سىزدىن يەتتى... كونىلار بېشىڭنى كىم سىلىسا، ماشايىقىڭ شۇ دەپتىكەن. سىز باللارنىڭ ئاكىسى بولدىڭىز... ھەرگىز ئۇلارنى يامان بولسۇن دېمەيسىز... مەن سىزنىڭ لەۋزىڭىزنى قانداقمۇ ئىلىك ئالماي تۇرالايمەن؟ ياق دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ...

— ئانا، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، — دېدى ھېكمەت ئىشىنىڭ ئاسانلا ھەل بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ، — ماھىگۇل قىشلىق ھەم يازلىق تەتىللەردە يانلىرىدا بولىدۇ، بىرنەچچە يىل ۋاقىت كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ كاتتا دوختۇر

بولۇپ كەلسە، ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ، مۇشۇ ئائىلە ئۈچۈنمۇ ياخشى ئەمەسمۇ!...

ماھىگۈلگە چىدىماي، يۈرىكى قوقاستا پۈچۈلىنىۋاتقان ئانىنى قايىل قىلغان ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى. ئۇ راسخوت ئۈچۈن شىرەگە پۇل قويۇپ قويدى.

— بالام، باشقا ئايلارغا قارىغاندا جىقلا تۇرىدىغۇ بۇ پۇل؟ — دېدى بۇمەرەمخان شىرەدىكى پۇلغا قاراپ.

— ئومۇمىيۈزلۈك مائاش ئۆستۈرۈش بولدى ئەمەسمۇ؟... پات - پات شورپا ئىچىپ تۇرسىلا، قۇۋۋەت بولىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل ئۆيدىن ئۇزاپ چىقتى. ئۇلار ئەمدىلا چوڭ يولغا چىقىۋىدى، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن - بۇ بېشىغا چېپىپ ئوينىغان نەبى ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. يۈلەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەزىمەت خۇشال بولۇپ كەتكىنىدىن رولنى چىڭ تۇتۇپ، شوپۇرنى دوراۋاتاتتى. ھېكمەت نەبىگە: «تەتىلدە ئەزىمەت ئىككىڭلار خەجلەڭلار» دەپ بەش يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ قويەى. بۇنى كۆرگەن ئەزىمەت چاۋاك چېلىپ: «نەبى ئاكىي، ئەمدى بوك - بوك، ۋىژ - ۋىژ كۆرىمىز...» دېۋىدى، ھېكمەت ھەيران بولۇپ نەبىگە قارىدى.

— نېمە دەيدۇي بۇ؟...

— نېمە دەيتتى، — نەبى كۈلۈپ كەتتى، — كىنو كۆرىمىز دەيدۇ... كىنو باشلانغاندا، ۋارقىراپ كىنوخانىنى بېشىغا كىيىدۇ. بىر چاس تۈگە - تۈگمەيلا، قۇچىقىمدا مۈشۈكتەك خورقىراپ ئۇخلايدۇ.

ھېكمەت بىلەن ماھىگۈل بالىلارنى ئاۋغان كوچىسى دوقمۇشىدا قالدۇرۇپ خوشلاشتى. ئۇلار گۈلباغدىن ئۆتۈپ، خوتەن مېھمانخانىسى ئالدىغا كەلدى. شەھەر سېپىلى چېقىپ تاشلانغاچقا، ئۇنىڭ تۆمۈر دەرۋازىلىق زەي قوۋۇقلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تېخى ئاي چىقمىغان بولسىمۇ، سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى يورۇق تۈمانغا ئايلىنىپ، كائىناتنى سۈس ھاۋا رەڭ بىزەپ، بەكمۇ گۈزەل، سىرلىق سۈرەتنى پەيدا قىلغانىدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تۆت قاتار قويۇلغان رەتلىك سەگۇ تېرەكلەر، سارغىيىپ تەييار بولغان بۇغدايلار، غوزىلىرى يېتىلگەن كېۋەزلەر، مېغىزى سۈت باغلىغان كۆك ياڭاقلار، يوللارغا ئېگىشىپ قالغان تۈكلۈك شاپتۇللار، ئۆرۈكلەرنىڭ تۈنجى ئەلچىسى بولغان سايىسېرىق خوندەكلەر... بوستان يولىنى بويلاپ جەننەت سىماسىنى نامايان قىلاتتى. يول بولسا گويا يېشىل مەخمەل ئۈستىگە تاشلانغان كۈمۈش رەڭ لېنتىنىڭ

ئۆزى ئىدى. ئوڭ قاناتتا ئوت - چۆپلەر ئىچىدە ئېقىۋاتقان ئۆستەڭدىن بوغۇق بۇقىلدىغان، ۋىلىقلىغان، شارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. بۇ خۇددى سېھىرلىك سۇكۇناتقا چۆمگەن يۇلتۇزلۇق كېچىنى مەدھىيىلەۋاتقان سىمفونىيىگىلا ئوخشايتتى.

ھېكمەت ئۇرۇمچىنىڭ بىلىم يۇرتلىرى بولغان ھەرقايسى ئىنستىتۇتلارنى، خەلق باغچىسى، مۇتەللىپجان قارىياغاچلىقى، قىزىل تاغ، نەنسەننىڭ قارىغايلىق ئورمانلىرى، ئېگىز بىنالارنى ماختاپ كېتىۋاتاتتى. بەلكى ئۇ ماھىگۈلنىڭ يەلكىسىگە قونغان غەم - ئەندىشىلىرىنى بىرئاز بولسىمۇ يېنىكلىتەي دېگەندۇر. . . بىراق، ماھىگۈل مۇرات ۋە زۇمرەتلەرنىڭ ئىگەچى باغچىسىدا ئۆتكۈزگەن چاي زىياپىتىنى قايتا ئەسلىمەكتە ئىدى. ئۇنى زۇمرەت تەكلىپ قىلغانىدى. ئابلىز نەۋا، كامىل، مۇراتلارنىڭ ئېيتقان مۇڭلۇق مۇقاملىرى، نەفىسەنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلارغا تولغان غەزىلى، نائىبىنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك شېئىرلىرى، ئالىمجاننىڭ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغۇدەك نوتۇقلىرى، ھېكمەت بىلەن ئامانىللانىڭ گارمون بىلەن ئورۇنلىغان «بالا مىسكىن» دېگەن جىرى، قىزلارنىڭ ئوپچى ئېيتقان ناخشىلىرى ئۇنى خۇددى پەرىشتىلەر يۇمشاق پەي قاناتلىرى ئاستىغا ئېلىپ قەيەرگىدۇر پىنھان جايلارغا ئاپىرىپ قويغاندەك، ئۇ كىمدۇر بىرسى بىلەن گۈل قاپلىغان سۇ بويلىرىدا، چېچەكلىك كۆككا باغلاردا، گىرىمسەن يوللاردا، بۇغا - ماراللار يايراپ، قۇشلار سايرىغان مەخمەلدەك ئېدىرلاردا يۈرگەندەك. . . ھەمراھى بىلەن گەپلەشمىسىمۇ، كۆزلىرى ئارقىلىق دىل سۆھبىتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك لەرزان تۇيغۇلارغا چۆمدۈرگەنىدى. بولۇپمۇ ئۇنى كەيپى شېرىن، ئۆزى ئاچچىق شاراپ ئىچۈرگەندەك ناگىھان ھالدا قىيناپ قويغىنى شادىماننىڭ: «سۆيەمسەن مېنى»، «قاچما مېنىڭدىن!»، «ئارمىنىزدا دەريا بارمۇ - سېپىلمۇ؟» دېگەن لىرىكىلىرى ئىدى. شادىمان بۇ لىرىكىلارنى خۇددى ماھىگۈل ئۈچۈن يازغاندەكلا قىلاتتى. ھەر بىر مىسرالاردا يوشۇرۇن كۆيۈش، چوڭقۇر سېغىنىش، تاقەتسىز تەلپۈنۈش ھېسلىرى بىلەن تەڭ مەخپىي ئازاب، پىغانلىق نىدا، ھەسرەتلىك جۇدالىقلارمۇ ئۆز قارارىنى تاپقانىدى. ماھىگۈل كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى. . .

قىز - يىگىتلەرنىڭ، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئۆزئارا ئىلمىي مۇئامىلىلىرى، سەمىمىيلىككە تولغان چاقچاق - ھەزىللىرى، بىر - بىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاياشلىرى، بىلىمگە ئىنتىلىشلىرى، ھەرقانداق ئىقتىدارغا بولغان ھۆرمەت - ئىپتىخارلىرى ماھىگۈلنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ قايسىدۇر بىر كىتابتا ئوقۇغان: «دوست ئۈچ

خىل بولىدۇ، يەنى «دوستى سادىق» ، «دوستى خالىس» ، «دوستى غەرەز» ، «دوستى سادىق»نى تاپماق بەكمۇ مۇشكۇل، «دوستى غەرەز» بولسا «جانغا ئاپەت» دېگەن سەھىپىلەرنى ئەسلىدى. شۇنداق، ئۇلار دوست تاللاشتا خاتالاشمىغان! . . .

بۇ كۆڭۈللۈك چاي زىياپىتىدە، ماھىگۇلنى بىزار قىلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەردى. مەسۇم قابىل دېگەن خەتتات هاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىۋېلىپ، ھەدەپ ئۇنى تانىسىغا تارتتى. ئۇنىمىسا، قولىدىن تارتىپ چۇشۇرمەكچى بولدى. ئاخىرى، ئېزىز تارمۇش مەسۇم قابىلنى چەتكە ئېلىپ چىقىپ: «ھەي ئاداش، هاراقنى ئاغزىڭغا ئىچتىڭمۇ - كۆتۈڭگىمۇ؟ » دەپ، ئەدىبىنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇ زۇمرەت، لۇتپىيە، نەفىسە، بائۇمىمە قاتارلىق قىز - چوكانلارغا: «مەن دېگەن ئۇستا خەتتات، خوتەندە ماڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ھەتتا غازاخۇن ئاكىمۇ. . . شاھماتتا ئۇنى يەڭمىسەم، قولىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن. . . لېكىن ئۇ قېرىمۇ بوش ئەمەس. . . » دېگەندەك ئالىجوقا سۆزلىگىلى تۇرغاندا، قىز - چوكانلار بىر - بىرلەپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئۇ بىر توپ تۇخۇمەكنىڭ تۇۋىگە دۈملا چۈشۈپ، خورەكنى باشلىۋەتتى.

— ماھىگۇل، قاراڭ، ئاتچۇپىنىڭ ئىلەك كۆۋرۈكىگە كېلىپ قالدۇق، — دېدى ھېكمەت ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ، ئەمما ئۇ ئۇنچىقماي كېتىۋاتقان قىزنىڭ خىيال قاينىمىغا چۆككەنلىكىنى شۇ هامان بىلدى. ئالدى تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئاي ئۇن سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ بەرنا قىزنىڭ سىماسىنى يارقىن يورۇتۇپ تۇراتتى. قوش ئالمىدەك كۆكسى، بۇرۇن قىرلىرى، سۈزۈك پېشانىسى، هال رەڭ لەۋلىرىدە ئويناپ تۇرغان ئاي نۇرى ئۇنى خۇددى بىر چاغلاردا مۇشۇ يوللاردا بىللە ماڭغان گۈلزىباغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ھېكمەتنىڭ يۈرىكى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىپ كەتتى. . .

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن تۆت سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى قويۇۋېتىلدى. چۈنكى، ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەھەردە دوختۇرخانىدا تەكشۈرتۈش، ھەرخىل ئانكىتلارنى توشقۇزۇش دېگەندەك رەسمىيەتلىرى بار ئىدى. «قالغان توققۇز سىنىپ گۇڭشې داڭۋېيىنىڭ ئورمىدىن كېيىن قويۇپ بېرىلسۇن» دېگەن ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن تۇتۇپ قېلىندى. ماھىگۇل شەھەرگە مېڭىش ئالدىدا، ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا كىردى. ئۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان مۇئەللىمنىڭ گويا ناھىيىسىدىن ئىكەنلىكىنى، يۈرتىدا بىرەر ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن كېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى ۋە خوش ئەمەسە! دەپلا چىقىپ كەتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن چىققاندا، ئۇ يۈزىنى تۇتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

ماھىگۈل شەھەرگە كىرىپ كېتىپ ئەتىسى، گۇڭشېدىن تۇراپ ئىمىن، ۋاڭ لىمىڭ ۋە خالىقلار مەكتەپكە كەلدى. ئۇلار مەكتەپ مەيدانىنى بىر چۆرگىلەپ چىقىپ، ئەڭ چەتتىكى ئېرىق لېۋىدە توختاشتى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەندىن كېيىن، زەيىندىن بىردەمدىلا كەتمەن كۆتۈرگەن ئون نەچچە ئوقۇغۇچىنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار تۆت چاسا سىزىلغان يەر ئىچىگە ئىككى تەرەپنى ئويۇپ توپا تاشلاشقا باشلىدى. ئىككى سائەت ئارىلىقىدا، ئېگىزلىكى ئۈچ غېرىچ كەلگۈدەك سۇپا قوپۇرۇلدى. ئاندىن ئەتراپلىرىغا بادىرلار بېكىتىلىپ ئۈنىڭغا بورا قېقىلدى. ئۇ يەردە ئازادە بىر سەھنە پەيدا بولغانىدى. كامىل بىلەن ھېكمەت مەكتەپ ئاشخانىسىدىن تاماق يەپ چىققاندا، تونۇمايدىغانلا كىشىلەر سەھنىنىڭ تۆت ئەتراپىغا قىزىل پلاكاتلارنى ئېسىۋاتاتتى. پلاكاتلارغا: «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى!»، «دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنىڭ زەھىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تازىلايلى!»، «جىن - شاياتۇنلارنىڭ يامراپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايلى!»، «ياشىسۇن ئۇلۇغ پرولېتارىيات دىكتاتورىسى!» دېگەندەك شوئارلار يېزىلغانىدى.

ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ، گۇڭشې بويىچە مىنبىگلار، دېھقانلار، ئاكتىپلار قوشۇنى، باشقۇرۇش رايونى، دادۈي، شياۋدۈي كادىرلىرى شۇنداقلا ئىدارە - جەمئىيەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۆتتىن تىزىلغان قوشۇنى مەكتەپكە گۈپ - گۈپ دەسسەپ سەپ تارتىپ كىرىپ كېلىشتى. مەكتەپ مەيدانى، ئوقۇتۇش بىناسى ئالدى، چوڭ يولغا پاسىلداش كۆچەتلىكلەر ئادەم بىلەن تولدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى سەھنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا توپىغا پېتىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئادەتتە كىنو، سەنئەت ئويۇنلىرى ياكى مەجلىس - يىغىنلاردا ئادەملەر كۈلۈشەتتى، ۋارقىرىشاتتى، ئۇچرىشىپ قالغان ھەققەمسايىلەر مۇڭلىرىنى باشلايتتى. بەزىلىرى ياڭاق چېقىپ يېسە، بەزىلىرى گۈلە - قاقلىرىنى شورايتتى. بىراق بۈگۈن ھەممىسى قارا بوراندا قالغان مايسىلاردەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. مەيدانىنىڭ سۈرلۈكلىكى، سەھنىدە ئولتۇرغانلارنىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرى، بىنا ئۆگزىلىرى، دەرەخ ۋە تۈۋرۈكلەرگە بېكىتىلگەن يوقىرى ئاۋازلىق رادىئو كارنايلىرى، پلاكاتتىكى شوئارلار ھەممىلا ئادەمدە قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلغانىدى. كامىل سەھنىدە ئولتۇرغان مۇئاۋىن ھاكىم ساۋۇر روزى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىكى ئىمىن

سوپى، پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى زاكىر زىيالار قاتارىدىكى خالىقىم تۇردى ھېكمەلەرنىمۇ كۆرۈپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ھېكمەتنى بېقىنداپ سەھنىنى ئىشارەت قىلدى. ھېكمەتمۇ «كۆردۇم» دېگەندەك باش لىڭشىتتى. ئۇ پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى زاكىر زىيانى كۆرۈپ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ئۆگىنىش كۇرسىدا ئۇنىڭ سىنىپىي كۇرەش ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىنى ئەسلىمەكتە ئىدى.

يىغىن باشلاندى. مىكروفون ئالدىدا ساۋۇر روزى پەيدا بولدى. ئۇ گېلىنى قىرىپ، ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى. ساۋۇر روزى «دىڭتو، ۋۇخەن، لياۋمۇشالاردىن ئىبارەت گېزەندىلەرنىڭ مەركەزدە ئەڭ مۇھىم بولغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنى ئالقىنىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا، ماۋجۇشىغا قارشى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقى، «ئۈچ قىزىل بايراق»، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «پولات تاۋلاش» قاتارلىقلارنى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، ئارقىدىن، مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرى قاتارلىق نۇرغۇن ئورۇنلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارغا ئومۇمييۈزلۈك ھۇجۇم باشلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

— ئىنقىلابىي يولداشلار، ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى تەلىم بېرىپ: «قۇشقاچنى ئوپېراتسىيە قىلمىغۇچە، ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى بىلگىلى بولمايدۇ» دېگەن. بىز ئىلىم - پەننى ئۆزىگە قالقان قىلغان ئەكسىيەتچى ئالىم، يازغۇچى، شائىر، ئوقۇتقۇچى، پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا، دوختۇرخانىلاردىكى ئاق كىيىملىك بايۋەتچىلەرگە، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرگە پرولېتارىياتنىڭ پولات مۇشتۇمىنى تونۇتۇپ قويۇشىمىز كېرەك...

— ياشىسۇن ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى!...

گۇڭشېدا ئالدىنقى كۈنى بېكىتكەن شوئارچىلاردىن رېخىم نۇرى مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. نەچچە مىڭ ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توۋلاپ، مەكتەپ ئىچىنى زىلزىلىگە سالدى...

— يولداشلار، — دېدى ساۋۇر روزى شوئار توختىغاندىن كېيىن، — بىز ئۇلارنى «سۇغا چۈشكەن ئىتنى دۇمبالاش روھى بىلەن، پۈتۈن ساھەلەردىن تازىلىشىمىز، قېزىپ چىقىرىشىمىز، مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشىمىز لازىم!... بۇ ئۇلۇغ

پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئۆزگەرمەس مىزانى!

— ياشىسۇن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ پرولېتارىيات دىكتاتورىسى!... — قۇتبىرەم چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىۋىدى، پۈتۈن مەيدان گۇلدۇرلىدى.

— ئىنقىلابىي يولداشلار، — ساۋۇر روزى ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى، — ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە: «ئەگرىنى تۈز قىلىمەن دېسەڭ، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشىڭ كېرەك» دەپ تەلىم بەرگەن. شۇڭا، يۈزى خاتا تۈتۈلسا تۈتۈلسۇنكى، بىرمۇ دۈشمەن توردىن چۈشۈپ قالمىسۇن... ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى پۈتۈن ئۈمىدىنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا، ئاندىن قاتتىق سۆڭەك ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە ئىنقىلابىي دېھقانلارغا باغلىدى. بىز سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن شىددەتلىك ئېلىشماقچىمىز. شۇڭا، ھەربىر ئىنقىلابچىنىڭ بېشىدا مۈڭگۈزى، بەدىنىدە تىكىنى، تىلىدا نەشتىرى بولۇشى كېرەك...

— ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى!...

— ماۋجۇشىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى!...

مەمتىلى ئىبراھىم بەش - ئالتە شوئارنى بىر يولىلا ئارقا - ئارقىدىن توۋلىدى. مەيداندا دەممۇ دەم شوئار ئاۋازى ياڭراپ تۇردى.

ساۋۇر روزى پۈتۈن نۇتقىنى «كېرەك» ، «لازىم» دېگەندەك دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىر نەچچە شوئار توۋلىدى. ئارقىدىن مىكروفون ئالدىغا تۇراپ ئىمىن كەلدى. ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى مەدھىيىلەپ، تاغدىن - باغدىن سۆزلىگەندىن كېيىن، مەكتەپ، ئىدارە - جەمئىيەت، دادۈي، شياۋدۈيلەرگىچە «دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشا» لارنى پىپەن قىلىدىغان جەڭگىۋار گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقىش، پىپەننى بارا - بارا چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۆز ئىچىدىكى دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى تارتىپ چىقىرىش ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش يوليورۇقىنى بەردى.

— يولداشلار، — دېدى تۇراپ ئىمىن خىرقىراپ، — بىز ئىنقىلاب يالقۇنىنى پۈتۈن بوستاننىڭ ئەڭ چەت يېزا - كەنتلىرىگىچە، دېھقان ئۆيلىرىگىچە، ئېتىز - ئېرىقلارغىچە تۇتاشتۇرىمىز. ئىشقا چىقمىغان، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان، قوشۇمچە كىرىم قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، كوللېكتىپنىڭ قوناق، قوغۇن - تاۋۇز، بادىرىلىرىنى ئوغرىلىغان دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، ئۇلارنى چوڭقۇرراق تىنالمايدىغان،

ئۇنلۇكرەك كېكىرەلمەيدىغان (تۇراپ ئىمىن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، «مەن ئىشەنچلىك كېكىرەلەيمەن» دېگەندەك كارتىندا كېكىرىۋەتتى) ، ئاۋازىنى چىقىرىپ يۆتىلەلمەيدىغان قىلىۋېتىمىز. . . كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر ـ ئۇر قىلغاندەك، سىنىپىي دۈشمەنلەرنى بوستاندىن پاك ـ پاكىز تازىلايمىز. . .

— هازىر، — دېدى يىغىن باشقۇرغۇچى مىكروفوننى پەسلىتىپ، — گۇڭشې پارتكومى «دېڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشا»لارنى پىپەن قىلىش جەڭگىۋار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خالىق سۆزلەيدۇ.

كامىل، هېكمەت، مۇراتلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى. خالىقنىڭ نۇتقى خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى. ئۇ، تاشقى جەھەتتىن بولۇۋاتقان سوۋېت سوتسىيال جاهانگىرلىكىنىڭ تەهدىتى بىلەن ئىچكى جەھەتتىكى ئۇلارغا ماسلىشىپ هەرىكەت قىلىۋاتقان «دېڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشا»لاردىن ئىبارەت سىنىپىي دۈشمەنلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ سۆزلىدى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جامائەت پىكرىدىن ئىبارەت قورالدىن پايدىلىنىپ هاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پاكىتلار ئارقىلىق پاش قىلدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن چۈشۈردى:

— يولداشلار، بۇرۇنقىلاردىن پايدىلىنىپ هازىرقىغا هۇجۇم قىلىش، «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، كونىلارنى مەدھىيىلەش بىلەن يېڭىلارغا دارتىملاش — ئەكسىيەتچى زىيالىيلارنىڭ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان كونا مۇقامى! ئۇلار مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە پەن ـ تېخنىكىدا سىنىپىيلىك يوق» ، «ئازاد بولدۇق، ئەمدى دۆلەتنى قۇدرەتلىك، خەلقنى باي قىلىش ئۈچۈن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىشىمىز كېرەك» دېيىش ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ هاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشتىكى ئۇسۇلى «دوستلۇق» نىقابى ئاستىدا توپلىشىۋېلىپ، پارتىيە، سوتسىيالىزم توغرىسىدا غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش، ئەدەبىيات، چەت ئەل مەدەنىيىتى، كونا كىتابلاردىن پايدىلىنىپ جامائەت پىكرى توپلاش، هەرخىل سېرىق سەنئەت نومۇرلىرى، سېرىق هېكايىلەر، سېرىق كىتابلار ئارقىلىق ياش ئەۋلادلارنى چىرىتىش ئۇلارنىڭ رەڭگىنى تىنچ ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى شيۇجېڭجۇيى يولىغا باشلاشتىن ئىبارەت!

خالىق بۇ بوراننىڭ دەسلەپكى شەپىسىدىلا، نەيزە ئۇچىنى كامىل، هېكمەت، مۇرات، نەفىسەلەرگە قاراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپلىرىدىن ئېلىنىپ، پۈللىرى-

دىن ئايرىلىپ، بىر يىل خورلۇقتا قالغانلىقىنى ئەنە شۇلاردىن كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭدىكى ئىنتىقام، ئۆچ ئېلىش، ئاداۋەت ئۇرۇقلىرى ئاللىبۇرۇنلا بىخلىنىپ بولغاندى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ قىزىل بوران بىر غېرىچ مەگىنى بار قاۋاننى گۈللۈك باغقا قويۇپ بەرگەندى. ئەمدى ئۇ نېمىلەرنى تىلغاپ، نېمىلەرنى ۋەيران قىلار؟ گۈل - چېچەكلەر چەيلىنىپ، بوستانلار پايخان بولۇپ، ياش كۆچەتلەر قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنارمۇ؟ . . .

يىغىن زاكىر زىيانىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى نۇتقى بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى چوڭ ئىشخانىغا يىغىلدى. ساۋۇر روزى، ئىمىن سوپى، تۇراپ ئىمىن، خالىقلار ئىشتىراك قىلغان ھالدا، «بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش جەڭگىۋار گۇرۇپپىسى» دېگىلەر سايلاپ چىقىلدى. زەينىدىن گۇرۇپپا باشلىقى، رېخىم نۇرى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخانلار ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. بۇ پەقەت خالىقنىڭ نامزات كۆرسىتىشى، ساۋۇر روزى، تۇراپ ئىمىن، ئىمىن سوپىلارنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بولدى. ساۋۇر روزى خالىقنى: «دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى پىپەن قىلىشنىڭ ئاۋانگارتى، سىنىپىي ئېڭى يۇقىرى، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم پارتىيە، خەلققە قىزىل يۈرىكىنى تاپشۇرغان جەڭگىۋار جەڭچى» دەپ ماختىدى. يىغىندىن كېيىن، بۇ «جەڭگىۋار جەڭچى» ، «تارىنى چىڭىتىش» ئۈچۈن، جەڭگىۋار گۇرۇپپا ئەزالىرىنى باشلاپ، زەينىدىنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئىشخانىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. ئوقۇتقۇچىلار يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قانداقتۇر بىر ئاپەتنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك، ئېغىر تىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئەمدىلا ئىشخانىدىن تارقاپ تۇراتتى، زەينىدىن باغچا باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئۇزۇنتۇرا شۇجىسىنى باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە خەتمۇ تۇراتتى.

— كامىل، — دېدى ئۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن، — سەن شەرمەپ تاختىلىرىغا سۆز ئۇزۇندىلىرى يېزىش ئۈچۈن باغچىغا بارىدىغان بولدۇڭ، ۋاڭ شۇجى خەت قىلىپ بېرىپتۇ.

— ئۆزلىرىگە ئاتمۇ ئېلىپ كەلدىم، — دېدى شۇجى، — باغچا باشقۇرۇش رايونىنى گوڭشېنىڭ ئىنقىلاب تەجرىبە ئېتىزى قىلماقچى. شۇڭا، يول بويلىرى، ئېتىز قىرلى-

ـرى، دادۇي، شياۋدۇي ئىشخانىلىرى، ھەتتا مال ئېغىللىرىغىمۇ گەج تام، تاختاي تام، سېمونت تۈۋرۈكلەرنى ياساپ چىقتۇق. ئاڭلىساق، ئۆزلىرى يېڭى يېزىقنى چىرايلىق يازىدىكەنلا. . .

كامىل كېتىپ، مەكتەپتە تۆت كۈنگىچە كۈنلەپ پىيەن قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. بەشىنچى كۈنى، ئوقۇغۇچىلار باغچا باشقۇرۇش رايونىغا ئورمىغا ئاتلاندى. دېھقان ئۆيلىرى، دادۇي، شياۋدۇي ئىشخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە، يېرىم كۈن ئورما ئوروپ، چۈشتىن كېيىن باشقۇرۇش رايونىنىڭ ياڭاقلىق قورۇسىدا «پىيەن»نى داۋاملاشتۇردى. «يەن شەن يېخۇا» قاتتىق قامچىلىنىش بىلەن، ئۆزگە تەتبىقلاش ۋە پاش قىلىش جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. زەينىدىن، رىخىم نۇرى، قۇتبىرەم، ساجىتخان، مەمتىلى ئىبراھىملار ئۆزلىرىنىڭ چۈلۈۋۈرىنى تۇتۇپ، تېزگىنىنى سىيرىپ تۇرغان خالىقنىڭ «ئاۋۋال مەسىلىلەرنى پاش قىلىش، ئاندىن تەدبىقلاش، ئۈچىنچى باسقۇچتا تارتىپ چىقىرىش» دېگەن يولىيورۇقىنى شۇ تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىشقا تاقەت قىلالماي، ئورمىنىڭ بەشىنچى كۈنى سىنىپىي كۈرەشنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ، بىردىنلا ئون ئىككى بال قارا بوران چىقاردى!. . .

باشقۇرۇش رايونىنىڭ قورۇسىدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى بولۇپ تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئولتۇراتتى. ئىككى ئۇستەلنى قاتارلاپ قويۇپ ئولتۇرۇشقان زەينىدىن، رىخىم نۇرى، قۇتبىرەم، ساجىتخان، مەمتىلى ئىبراھىملار دېڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنىڭ جىنايەتلىرىنى ئوقۇتقۇچىلارغا تەدبىقلاۋېتىپ، بىردىنلا تارتىپ چىقىرىشنى باشلىۋەتتى. ئەھۋالنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى سەزگەن ھېكمەت دەرھال سىنىپىدىكى بىر ئوقۇغۇچىغا ئاستا شىۋىرلاپ: «كامىلغا ئېيت، دەرھال مەكتەپكە كىرىپ كەتسۇن! » دەپ تۇراتتى، رىخىم نۇرىنىڭ: «ھېكمەت، تۇر ئورنۇڭدىن! » دېگەن ئاۋازى كەلدى. ئارقىدىنلا: «مۇرات، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان، يۇسۇپ. . . » دېگەن ئاۋازلار ياڭراش بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، باش، دۈمبىلىرىگە مۇشتلاپ، مەيدانغا سۆرەپ چىقىشتى.

— ھوي. . . مىللەتچى ئۇنسۇر، —دېدى ساجىتخان ئەخمەت ھوشۇرغا قولىنى شىلتىپ، —سەن ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئولتۇرۇسەنغۇ؟ 57 - يىلى كىيگەن قالپىقىڭ خەتىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ تۇره ئۇنسۇر!. . .

بىردەمدىلا يىگىرمە سەككىز ئوقۇتقۇچى يالاڭۋاشتاق قىلىنىپ، مەيداندا تىزلاندـ

دۇرۇپ قويۇلدى.

— ئىنقىلابىي يولداشلار، — دېدى قۇتبىرەم چاچراپ تۇرۇپ، — كىچىك دېڭىزچىلار ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ بار. لىيۇ شاۋچى جۇشى خوتەنگە كەلگەندە، ئىمىن غازى دېگەن تازنى، قارشى ئېلىشقا كىرگۈزمىسە، «لىيۇ شاۋچىنى كۆرگىچە، ئۆيۈمدىكى تەخىيىمنى كۆرمەن... دېگەن» قاراڭلار، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى خورىكى نەقەدەر ئۆسۈپ كەتكەن - ھە!...

رېخىم نۇرى غال - غال تىترەپ تۇرغان ئىمىن غازىنى گەجگىسىدىن قامالлап مەيدانغا سۆرەپ چىقتى. ئۇ ئىككىنچى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، جۇغى كىچىك، بەكمۇ كەمبەغەل، ئەمما مەكتەپ بويىچە دەرستە ئەلاچى ئىدى. لىيۇ شاۋچىنى قارشى ئېلىش ۋاقتىدا، كىيىمى كونا، يىرتىق باللارنى توپتىن قالدۇرغاندا، ئۇنىمۇ چىقىرىۋەتكەنىدى. بۇ ساددا بالا ئاچچىقىدا: «لىيۇ شاۋچىنى كۆرگىچە، ئۆيۈمگە بېرىپ تەخىيىمنى كۆرمەن...» دېگىنىچە يىغلاپ كېتىپ قالغانىدى. ئۇ پەقەت قۇتبىرەمنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆتەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا، بۇ مەيداندا ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىشىنىڭ قۇربانى بولدى.

— شۇ... شۇ... چاغدا، — ئىمىن غازى ئۆپكىدەپ يىغلىماقتا ئىدى، — ئۆيدىكى بوز مادا تەخەيلىگەنىدى... راست... راست دەيمەن... تەخىيى بەك ... بەك ئوماق ئىدى...

— ئاغزىڭنى يۇم...

مەيداندا ئارقا - ئارقىدىن شوئارلار توۋلانماقتا... رېخىم نۇرى، ساجىتخان، مەتىلى ئىبراھىملار تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ دۈمبىلىرىگە مۇشتلاپ، بېقىنلىرىغا تەپمەكتە ۋە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ئۇلارنى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ سۆرەشتۇرۇپ چىقماقتا ئىدى. ئۇلار ئەينى ۋاقتىدا ئۆزلىرى ئۈستىدىن پىكىر بېرىپ، ئىشخانىغا بېسىپ كىرگەن، سىنىپقا كىرمەي، مەيداندا ئولتۇرۇۋالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي تارتىپ چىقىرىشتى...

— مانا شۇ چاغدا، — دېدى زەيىنىدىن تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ، — مۇرات دېگەن ئەكسىيەتچى ئىمىن غازىغا: «بوپتۇ ئۇكا، تەخىيىڭنى كۆرۈپ بولسىمۇ كۆڭلۈڭنى خوش قىل» دېگەن...

— ھەي، — دېدى مۇرات تىزلاندۇرۇپ قويغان يېرىدىن قايرىلىپ، — شەھەرگە

كىرگۈزمىگەندىن كېيىن، تەخىيىنى كۆرەمدۇ، موزىيىنى باقامدۇ، كۈچىكىنى ئويناتامدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟...

— يولداشلار، — زەينىدىن ئورنىدا سەكرەپ كەتتى، — بۇ ئەبلەخ «ليۇ شياۋچىنى قارشى ئالغاندىن كۆرە، تەخەي كۆرگەن، موزاي باققان، كۈچۈك ئويناتقان ئەۋزەل دېيىش ئارقىلىق داھىلىرىمىزنى ھاقارەتلىدى... بۇ نەق ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت...

— ئارغامچا!... — ۋارقىرىدى رېخىم نۇرى.

— تېز بولۇش... قىل ئارغامچا بولسا تېخى ياخشى... — چىرقىرىدى قۇتبىدىرەم، — باغلاق ئۈستىگە سۇ قۇيسا، بەدەننى كېسىۋېتىدۇ...

مۇرات يۇپيۇرۇلۇپ كەلگەنلەرنىڭ نەچچىسىنى تېپىپ، ئۇسۇپ يىقىتىۋەتتى. بىرلىق ئۇنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئېمىدىغان بالىسى بار ئايال ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ ئەمگىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن قالغانىدى. بولمىسا، زۇمرەت بۇ ئەھۋالنى كۆرسە، سورۇندا چوڭ ئىش تېرىۋەتكەن بولاتتى.

— كاملىنى تۇتۇپ كېلىش كېرەك، — زەينىدىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى، — ئۇ بەشىنچى شياۋدۇيدە خەت يېزىۋاتىدۇ...

مەمتىلى ئىبراھىم بىرنەچچە چوڭ ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— قازان قارىسى قىرىپ كېلىڭلار!... — رېخىم نۇرى ئەسەبىيلەشتى...

— ئەڭ ياخشىسى، قازان قارىسىغا سۇ يېغى ئارىلاشتۇرۇڭلار، ۋاي جېنىمەي، — ساجىتخان بەللىرىنى تولغىدى.

مەيدان ئۇپۇر - تۇپۇر، گۈلدۈر - غالاپ بولۇپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەشلەر بىلەن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇلار خۇددى كەلكۈندە ئېقىپ كېتىۋاتقان «سوتسىيالىزم» ئىسمىلىك ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان پىداكارلارغا ئوخشايتتى. مەيداندىكى تارتىپ چىقىرىلمىغان ئازغىنا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار: «ماڭا قاچان قامال چۈشەر، ئىسمىم چاقىرىلىپ قالار؟» دېگەن قورقۇنچتا، خۇددى قۇربانلىققا تەييارلانغان قويلاردەك، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇراتتى. بىردەمدىلا تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ يۈزلىرىگە ماي ئارىلاشتۇرۇلغان قازان قارىسى سۈۋۈلۈپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېقىلا پارقىراپ قالدى. قوللىرى باغلىنىپ، يۈزلىرىگە قارا سۈۋالغان

مۇرات بىلەن ھېكمەتنى كۆرگەن زەينىدىننىڭ شادلىق ھاياجىنىدىن كۆپكۆك كالپۇكلىرى تىترەپ، بۇرۇن ئۇچلىرى قىزىرىپ كەتكەندى. نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇنى موللام مۈشۈك قىلىشقان مۇشۇ ئەپەندىلەر ئەمەسمىدى؟... ئۇ 57 - يىلى ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى ھەرىكەتتە ئۆزىنى تونۇتقان «رەھىمسىزلىك»تىن ئىبارەت يوقالغان گۆھىرىنى يەنە قايتا تېپىۋالغاندەك بولدى. ئۇ چاغدا، بۇ گۆھەر ئۇنى سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق سۈپەتلەر بىلەن بېزەپ، مۇدىرلىقتىن ئىبارەت ئەمەلدارلىق يۇلتۇزىنى پېشانىسىگە قادىغانىدى!... مانا ئەمدى ئۇ نېمىلەرنى ئاتا قىلار؟... چۈنكى بۇ ئىنقىلاب ئۇ چاغدىكى ھەرىكەتتىنمۇ ھازاچەن چوڭدە!...

زەينىدىننىڭ پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا بىردىنلا مېھىر - شەپقەتلىرى ئېشىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى!... ئەمدى ئۇنى قوغدىماي، نېمىنى قوغدىسۇن؟... مۇشۇنداق ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت «ئۇر توقمىقىم» ئۇنىڭ قولىدا بولسىلا، نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇ چىقىدىغان «ئېچىل داستىخىنىم» ئالقىنىدا بولمامدۇ!... ئۇ چاغدا، مۇدىرلىق دېگەن تاجىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىگە تاشلىۋېتىپ، جاھاننىڭ خانلىقىنى، ئەڭ بولمىسا، سۇلايمان پادىشاھنىڭ سېھىرلىك قالپىقىنى بولسىمۇ تەلەپ قىلىدۇ... بەلكىم «ئېچىل داستىخىنىم» ھەر ئىككىلىسىنى بېرىۋەتسە ئەجەپ ئەمەس... زەينىدىندىن يىپ بىلەن مومنىڭ پۇلى كېتەرمىدى!... ھەسسىنا، كامىلنى نېمىشقا تۇتۇپ كەلمەيدىغاندۇر؟... يۈزىگە بىر كاچات سېلىپ، بىرنى تۈكۈرسەم، ئىككى كاچات ئۇرۇپ، بىر مىشقارسام، دەردىم چىقارمۇ؟...

— كامىل ئاتلىق مەكتەپكە كېتىپتۇ، — دېدى ھاسىراپ كەلگەن مەتىلى ئىبراھىم.

— قورقۇپ قېچىپتۇ، ئەر خەپ! — زەينىدىن ئېڭەكلىرىنى يۇلدى، — دەرھال باللارنى تىزىلدۇرۇڭلار... مەكتەپكە...

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ قۇدرىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن زەينىدىن ھاياجان مەجنۇنلۇقىدا ئادىشىپ، خاتا شوئار توۋلاپ سالدى:

— ياشىسۇن دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشا!...

مەيداننى تەنلەر ئەيمەنگۈدەك سۈر باستى، ھەممە ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى... زەينىدىنمۇ ئاغزىنى چاڭگاللىغىنىچە، تاترىپ كەتتى..

— مەن... مەن ئۇنداق... دېمەكچى... ئەمەس... ئىدىم... لېكىن...

لېكىن ئۇ گەجگىسىگە تەگكەن ئېغىر مۇشتنىڭ زەربىدىن دۇملا چۈشۈپ، توپا چىشلىدى. ئارقىدا تۇرغان رېخىم نۇرى ئۇنى ئۇرۇۋەتكەنىدى. كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە، زەيدە بوغۇلغان سۈپۈرگىدەك بولۇپ قالغان زەيىندىن مۇراتنىڭمۇ ئالدىغا تىزىلدى. . . ئۇ بىرىنچى باغلاقتا باغلانغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا ئېگىلەلمەي قالغانىدى. يىقىلغاندا چىشلىۋالغان تىلىدىن ساقىغان قان يۈزىگە سۈۋالغان قازان قارىسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

— مانا كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى رېخىم نۇرى قاتتىق ۋارقىراپ، — نەق ئەكسىلئىنقىلابچىلار، يوشۇرۇنغان سىنىپىي دۈشمەنلەر ئۆزىنى ئاشكارىلىماقتا. . . تىل — دىلنىڭ خەۋەرچىسى دېگەندەك، كۆڭۈلدە بولمىسا ئېغىزدىن چىقامدۇ؟ . . . بۇنىڭ مىسالى — نەق ئەكسىلئىنقىلابچى زەيىندىن مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. . .

«جەڭگىۋار گۇرۇپپا» نىڭ بىرىنچى باشلىقلىقىنى تەمە قىلىپ، كېچە - كۈندۈز كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان رېخىم نۇرنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغانىدى.

— بۇ گىرىم ماڭا قارىغاندا ساڭا بەكرەك يارىشىدىكەن، — دېدى مۇرات چىرايى ئۆلۈك تۇسىگە كىرگەن زەيىندىنگە پىچىرلاپ، — بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، ئەمدى ئەرگە تەگسەڭمۇ ياراشقۇدەك. . .

ئەي جانابى ئاللا، «تۆبە ئىللەللاھۇ تۆبىتەن نەسۇبىھا»[1] بايىلا ساڭا ‹بۇ ئىشلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋاتامدىغاندۇر ياكى يۇمشاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغانمىدۇر؟ › دەپ، كۆڭلۈمدە شەك كەلتۈرگەنىدىم، مانا، ‹سېنىڭ خۇدايىڭ ئۇخلاپ قاپتىمۇ ياكى ئويغاقمىكەن؟ › دەپ كۆزۈمگە كۆرسەتتىڭ! . . . تۆۋە قىلدىم. . . تۆۋە. . . بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھىمدىن ئۆتكىن. . . ئۆزۈڭ گۇناھكار بەندىلىرىڭگە غەپۇرۇ رېھىمسەن. . . سېنىڭ سېھرۇ

① تۆبە ئىللەللاھۇ تۆبىتەن نەسۇبىھا — ئاللا، تۆبەمنى نەسۇبىھانىڭ تۆۋىسىدەك قوبۇل قىلغايسەن. بۇنىڭ رىۋايىتى: زىنادىن قول ئۈزمىگەن نەسۇبىھا بىر كۈنى بىر مەزلۇمەنى ھاماماغا ئېلىپ كىرىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شەھەر ئەھلى ھاماماغا بېسىپ كىرىپ، بويىنى سۇغا سېلىۋاتقان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ، شەرمىسار بولۇپتۇ. رەسۋا بولۇش ئالدىدا تۇرغان نەسۇبىھا چىن ئىخلاسى بىلەن تۆۋە قىلغانىدى. ئاللا ئۇنى قوبۇل ئەتتى. ئۇ شۇ ھامان ئايال سۈرىتىگە كىردى.

كارامەتلىرىڭگە تەساننا. . . زەيندىن مۇراتقا قارا يۈزلۈك بىلەن تۆھمەت قىلىپ، زىيانكەشلىك قىلىنۋىدى، نەپەس ئۆتمەي ئۇنى مۇراتتىن بەتتەر ھالغا كەلتۈردۈڭ. . . سەن ئۇچۇن ھېچقانچە ئىش ئەمەسكەنغۇ؟ . . . قارا! . . . جاھاننى قارا تۇتەك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاجىز بەندىلىرىڭدىن ھىممەت ـ نەزىرىڭنى ئايىما! . . . باغرى تاشلىق قىلمىغىن، ئۇلارغا رەھىم ئەيلىگىن! . . .

باغچا كەنت يولىدا توپا ـ بوغىناق ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. دۇمباقلار گۇمبۇرلىدى. . . ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار شوئار توۋلاپ كەلمەكتە. رېخىم نۇرى، ساجىتخان، قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىملار توپنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالدى ـ كەينىگە يۈگۈرۈشۈپ توۋلاشماقتا. ئاغزى ـ بۇرنى گوداڭ[1] دىن چىققاندەك بۇلغىنىپ كەتكەن زەيندىن قاتتىق باغلاق ئازابىدا پۈكۈلۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئارقىسىدا قولى كۆكرەكلىرى بىلەن چاپراس باغلانغان مۇرات قەددىنى تىك تۇتۇپ، ھېچنېمىنى نەزەر كۆزىگە ئىلماي، كۈلۈمسىرەپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن، يۈزلىرىگە قارا سۈۋالغان ھېكمەت، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان، ئەخمەت ھوشۇر، ئىمىن غازى قاتارلىق قىرىقتەك ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئاستا مېڭىپ بوستان بازىرىغا كىرىپ كەلدى. تارتىپ چىقىرىلغانلارنى گۇڭشې مەجلىسخانىسىغا ئېلىپ مېڭىشتى. قالغانلار مەكتەپكە قايتىپ كېتىشتى.

باغلانغان، قارا سۈۋالغان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈپ، ۋاڭ شۇجى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ پۇت ھەم قوللىرىمۇ سوس تىترەۋاتاتتى.

— مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قايسى مىزانىدا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا قارا سۈۋاپ، باغلاڭلار دېگەن گەپ بار؟ — ۋارقىرىدى ۋاڭ لىمىڭ، — بۇ قايسىڭلارنىڭ ئويلاپ تاپقان ئويۇنى؟ . . . بۇلار دەرھال مەكتەپكە قايتىپ، يۈزلىرىنى يۇيۇپ تازىلىسۇن.

گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن خالىق مەجلىسخانىدىن چىقىپ، كارىدوردا خىرقىراپ كۈلدى. بۇ سورۇندا كامىلنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىنى يېرىم قىلغان بولسىمۇ، ئىشنىڭ باشلىنىشى ياخشى ئىدى. بىراق گەدىنىگە چۈشكەن بىر شاپىلاق ئۇنىڭ شەپكىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ كەينىگە قايرىلىۋىدى، يەنە بىر شاپىلاق كېلىپ تېگىپ، كۆزىدىن ۋاللىدە ئوت چاقنىتىپ، ئۇنى گاڭگىرىتىپلا قويدى.

---

① گوداڭ — قۇشخانا.

— ۋوي مۇناپىق، بۇ سېنىڭ ئويۇنلىرىڭ بولماي نېمە؟ — زۇمرەت يەنە ئۇرۇش ئۇچۇن ئالقانلىرىنى كېرىپ تۇراتتى خالىق ئوڭ - سېپىنى تېپىپ قولىنى كۆتۈردى. «هاي، هاي. . . » دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئېزىز تارمۇش پەيدا بولدى. ئۇ زۇمرەتنى تەستە ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئارقىغا قايرىلغان زۇمرەت: «خەپ توختاپتۇر، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم! . . . » دەپ ۋارقىرىدى.

ئۆتكۈنچى بۇلۇت مۆلدۈرىنى تۆكۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى. لېكىن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا كۈرەش، پىيەن داۋاملاشماقتا ئىدى. بىر كۈنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن «تۆت كونىنى بۇزۇش» ھەققىدىكى تۈنجى كۆرسەتمە ماتېرىيالى ئىشخانىدا ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئۇنىڭدا، كونا شەكىلدىكى مىللىي ئىمارەتلەردىن مەسچىت - خانىقالارغىچە، مىللىي كىيىم - كېچەك، ئۆي جابدۇقلىرى، خۇرجۇن، بەلۋاغلارغىچە، ئۆرپ - ئادەت، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلارغىچە، چەت ئەلدە ئىشلەنگەن چىنە - قاچا، لېگەن - تاۋاق، ئاپتۇۋا - چىلاپچىلارغىچە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ «دۈشمەن» ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغانىدى. . .

بۇ كېچە، مۇراتنىڭ ئۆيىگە كامىل، ھېكمەت، ئېزىز تارمۇشلار يىغىلدى. نۇرغۇن ئېھتىماللىقلارنى نەزەردىن چەتتە قالدۇرمىغان كامىل دۇتار، تەمبۇر، گارمونلارنى، بىر قىسىم قولىيازما ماتېرىياللارنى، ھەتتا تامغا ئېسىقلىق «بۇلاقتىكى شولا» ناملىق ماي بوياق رەسىمنىمۇ ئېزىز تارمۇشقا بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا مۇھىم دەپ قارالغان نەرسىلەرنىمۇ يۆتكىمەكچى بولدى.

— ئېزىز، — دېدى كامىل پېشانىسىنى ئۇۋىلاپ، — بۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئۆيۈڭدىمۇ ساقلىما، ئىنقىلاب سېنىڭ ئۆيۈڭنىمۇ ئالا قويمايدۇ، ئىشەنچلىك بىرەر دېھقاننىڭ ئۆيىگە يوشۇر.

زۇمرەت «بۇلاقتىكى شولا» رەسىمىنى ئېلىپ قالماقچى بولۇۋېدى، كامىل قەتئىي ئۇنىمىدى. ئەتىسى، ماھىگۈل ۋېلىسىپىت بىلەن مەكتەپكە كەلدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ ئەكەلگەنىدى. ھېكمەت ياتاقنى ئىچىدىن تاقاپ، چامادانىنى ئاچتى، ئۇ ئاتا - ئانىسى گۈلزىبانىڭ تويىغا ئاتاپ ئەۋەتكەن پەلتونى ۋە سۇس سۆسۈنرەڭ سارجا كۆڭلەكنى ئېلىپ كارىۋات ئۈستىگە قويدى. ھېكمەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ماھىگۈل پەلتونى كىيىۋىدى، سەل ئۇزۇن كەلدى.

— كۆڭلەكمۇ بەلكىم ئۇزۇن كېلىشى مۇمكىن، ئاستىنى پۈكۈۋېتەرسىز، — دېدى

ھېكمەت پەلتو يارىشىپ كەتكەن قىزغا قاراپ، — بۇلار، ھە، راست، چامادانمۇ بار، مېنىڭ سىزگە تۇتقان يوللۇقۇم بولسۇن. .. ئاۋۇ كىچىك چامادان ماڭا يېتىدۇ.

— ئاچامنى كۆرگەن كۆزدە ساقلىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى ماھىگۈل كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ئەگەر گۈلزىبا بىرەر قېتىم ئۈچىسىغا ساپقان بولسا، شۇنداق قىلسامۇ بولار ئىدى، — ھېكمەت ماھىگۈلگە تىكىلىپ قاريالمىدى، — لېكىن ئۇنىڭغا كېيىشكە نېسىپ بولماپتىكەن. . .

ماھىگۈل ھېكمەتكە تاشلىنىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى. ھېكمەت ئۇنىڭ بېشىنى سىيلىدى، پېشانىسىگە سۆيدى، چاچلىرىنى ھىدلىدى. . . لېكىن، ئۇنىڭ چاچلىرىدىن كېلىۋاتقان مەززىلىك ھىد گۈلزىبانىڭكىگە ئوخشىمايتتى. . .

— مۇبادا كۆرۈشەلمەي قالساق، خوش! — دېدى ھېكمەت ياشلىرىنى كۆزلىرى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ، — ياخشى ئوقۇڭ، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىڭىز، دەرھال خەت يېزىڭ. . . مەن يەنىلا سىزنىڭ ئاكىڭىز. . .

— ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ھېكمەت ئاكا؟ مەن تېخى بىر ئايغىچە بارغۇ؟ . . .

— مۇنداقلا دەپ قويدۇم. . .

ماھىگۈل كىرىپ كېتىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ، گۇڭشېدە قايتىدىن بوران كۆتۈرۈلدى. گۇڭشې مىنبەگلىرى بىلەن ئاكتىپلار قوشۇنى پۈتۈن يېزىلار بويلاپ، رېخىم نۇرى، ساجىتخان، قۇتبىرەم (مەمتىلى ئىبراھىم مەكتەپتىكى كۈرەش - پىپەنگە مەسئۇل ئىدى) لەر مەسئۇل بولغان بىر گۇرۇپپا بولسا ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ، دوختۇرخانىلاردا ئۇچرىغانلا ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ، چىنە - قاچىلارنى سۇندۇردى، ئاياللارنىڭ قۇلىقىدىكى زىرە - ھالقىلارنى يۇلۇپ ئالدى، كىيىم - كېچەكلەرنى يىرتىپ كۆيدۇردى. دۇتار - تەمبۇرلارنى ئۇرۇپ چېقىپ، پارە - پارە قىلدى. قىز - چوكانلارنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىپ، بوۋايلارنىڭ ساقىلىنى قىرقىدى. . . يىرتىلىپ قەغەز پىلتىلىرى چىقىپ قالغان بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، مەنپۇ دوپپا، سۇسەر تۇماقلار كوچا - كويلاردا قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. ئۇلار ھەتتا يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ قىر چىقىرىلغان ئىشتىنى ياكى ئارقىسى يېرىق چاپىنىنى كۆرسە، شۇ ھامان سالدۇرۇۋېلىپ، پىچاق بىلەن تىلىپ - تىلىۋېتەتتى. . . ئۇلار سۇندۇرمىغان دىۋەززۇنلۇق

پەنجىرىلەر، چېقىپ ۋەيران قىلىنغان مەسچىت قۇببىلىرى، كۆيدۈرۈپ - يىرتىلغان قەدىمىي كىتاب، رەسىملەر قالمىدى... ھەتتا رېخىم نۇرى ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىمۇ ئوچاق كۆلۈكىگە نىقتاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆزۈن ئىككى ئۆرۈم چېچىنى تۈۋىدىن كېسىۋەتتى. ئۇلار مەكتەپ سەنئەت ئۆيىگە باستۇرۇپ كەلگەندە، قۇلۇپ چېقىلغان بولۇپ، زەنجىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. مۇرات: «ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ...» دېگەن گەپتە چىڭ تۇردى، ئۇلار ئۆيدىن ھېچنېمە تاپالماي كېتىپ قېلىشتى. بىراق، مۇئەللىملەرنىڭ ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چىققان كاستۇم - بۇرۇلكا، پەلتو، پۇرازكا، كەپكە، شەپكە، شىبلىت، ئاياللارنىڭ بەتىنكە - روماللىرىنى مەكتەپ مەيدانىدىلا كىرىستىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىشتى...

بىر ھەپتە داۋاملاشقان «تۆت كونىنى بۇزۇش» پائالىيىتى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى، ئىدارە - جەمئىيەت، كارخانىلارنى، دوختۇرخانا، مەكتەپلەرنى كونا مازارلىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرلىرىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى، مەكتەپكە تىرىك قايتىپ كېلىش - كېلەلمەسلىكى، قانداق ئەجەل، قانداق پاجىئە كۈتۈپ تۇرغانلىقى ئۆزلىرىگە قاراڭغۇ ئاسماندەك مەۋھۇم بولغان ئوقۇتقۇچىلار كۆدە - كۆرپىلىرىنى يۈدۈشۈپ، شەھەردىكى كۇرسقا مېڭىشتى...

ئاھ!... ئوقۇتقۇچىلارنى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق قارا قىسمەتلەر ئۆز ئىلكىگە ئالار؟... قارا بۇلۇتلار كۈن چىقىش تەرەپتىن تۈرۈلۈپ ۋە سۈرۈلۈپ، شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلدى!... ۋە بارغانسېرى ئوت ۋە قان تۈسىگە كىردى. ئۇ قىزىل بوران بولۇپ، پۈتۈن كائىناتنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك يوپۇرۇلۇپ، ئاسمان سەتھىسىنى تۇتاش قاپلىماقتا! ئۇنىڭدىن قاڭسىق قان ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ... بۇ بوران خوتەن دىيارىدا باھار پەسلى بىر نۆۋەت چىقىدىغان «سېرىق بوران»غا ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ھەي پەرۋەردىگارا، بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ئامان ساقلىغايسەن! «سېرىق بوران» دىغۇ كۈندۈزلىرىنى چىراغ يېقىپ بولسىمۇ ئۆتكۈزگىلى بولاتتى، بىراق بۇ قىزىل بوران قۇياشنىمۇ خىرەلەشتۈرۈپ، ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ، توپاندەك سۈرۈپ، باغۇ - بوستانلارنى پايخانغا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگىمۇ زىمىستان ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا قىيامەت قايىم ئازابىنى سالىدىغان ئوخشايدۇ!...

# زۇلمەتتە چاقنىغان جاۋاھىرلار

كىتابخانىغا مەلۇم بولسا كېرەك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىشلىق ھەم يازلىق كۇرسلىرى چايخانا مەكتەپ ۋە 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەمما ئوپچە ئاشخانا چايخانا مەكتەپتە بولۇپ، 2 ـ باشلانغۇچتىكىلەر بەلگىلەنگەن دىجورنىلار ئارقىلىق تاماقلىرىنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كېتەتتى. چايخانا مەكتەپ تارىخىي كونا مەشھۇر مەكتەپ[1] ئىدى. ئۇ شەھەر كوچىلىرىدىن خېلىلا ئېگىزگە جايلاشقان بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان كۆتەرمە سىنىپ بىنالىرى تاختايلىق ئىدى. بىنالارنى ئوتتۇرىدىكى كەڭ مەيدان ئايرىپ تۇراتتى. بىز كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدىلا بۇ مەكتەپنى سۈرەتلەپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، قەلەمنى ئوشۇقچە تەسۋىرلەردىن ئازاد قىلدۇق.

مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىنالىرى، ئىشخانا، ئائىلىلىكلەر ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا ۋە تۆت ئەتراپىنى قورشىغان قەدىمىي تېرەك غوللىرىغا ھەرخىل رەڭلىك قەغەزلەرگە يېزىلغان شوئارلار چاپلانغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى» ، «جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويمايلى» ، «ئارىمىزدىكى دىڭتو، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى قېزىپ چىقىرايلى» دېگەندەك مەزمۇنلاردا يېزىلغان شوئارلار ھەر يىلى بولىدىغان كۇرسلاردىكى ئويۇن ـ چاقچاق، خۇشاللىقلارغا بەرھەم بەرگەنىدى. سىنىپلاردا ماتېرىيال ئوقۇۋاتقان ئۈنلۈك ئاۋازلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچىلار يىغىلغان چايخانا مەكتەپ كۆل سۈيىدەك سۈرلۈك ھەم جىمجىت ئىدى.

ھەر ئىككىلا مەكتەپتە ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى — «تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» كېتىپ باراتتى. مەركىزىي مەدەنىيەت ئىشخانىسىدىن چىقىرىلغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ئائىت ماتېرىيال، ھۆججەتلەر، «خەلق گېزىتى» نىڭ باش ماقالىلىرى، جاڭ چۇنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن، كاڭ شېڭلارنىڭ يازغان ماقالىلىرى

---

① — ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ 11 بىتىمنى ئىمزالىغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى خوتەنگە كەلگەن. شۇ چاغدا، ئۇ چايخانا مەكتەپكە كىرىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سورىغان.

ھەر كۈنى قايتا ـ قايتا ئوقۇلۇپ، مۇزاكىرە قىلىناتتى. رەسمىي پاش قىلىش، تەدبىقلاش، زەربە بېرىش باسقۇچلىرى يېتىپ كەلمىگەچكە، ئوقۇتقۇچىلار خېلىلا ئەركىن ئىدى. كەچلىك مەشغۇلات تۈگىگەندىن كېيىن، كىنو كۆرۈش، تونۇش ـ بىلىشلەر بىلەن كۆرۈشۈش، شەھەرلىك مۇئەللىملەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىشقىمۇ بولاتتى. كۇرس باشلىنىپ بەشىنچى كۈنى، كامىل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەچلىك تاماققا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھېكمەت بىلەن مۇراتقا ئاستا پىچىرلىدى:

— غازاخۇن ئاكىمىز خەت كىرگۈزۈپتۇ. . . تاماقتىن كېيىن ئايرىم ھالدا بارايلى. . . مۇھىم ئىش بار ئىكەن. . .

كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولۇشى بىلەن، يېزىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ كىنوغا مېڭىشتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، دەرۋازىدىن چىقىشتى ۋە ئەخمەتجان كوچىسى ئارقىلىق مۇساپىرلار زەرەتكارلىقىغا چىقىپ، غازاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە يېتىۋالدى. ئەڭ ئاخىرىدا كىرگىنى ھېكمەت بولدى. غازاخۇن ئاكا، ئامانىللا، ئالىمجان، كامىل، مۇراتلار ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئەمدىلا ئەھۋاللىشىپ تۇراتتى، ئۆيگە يۇملاق يۈگەلگەن قەغەزنى قولتۇقىغا قىستۇرغان مەسۇم قابىل كىرىپ كەلدى. ئۇ بىرنەچچە ھۆسنخەتلىرىنى ئۇستازى غازاخۇن ئاكىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ھەممەيلەن خەتلەرنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى، ئاندىن گىلەم ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ، بىردەك زوقلىنىشتى. ھۆسنخەتلەر كلاسسىكلارنىڭ كىتابلار ھەققىدە ئېيتقان ئەقلىيە سۆزلىرى بولۇپ، ئەتراپلىرىغا مېھراب شەكىللىك، تۇخۇم ۋە رومبا شەكىللىك مىللىي نەقىشلەر يېشىل رەڭدە سىزىلغانىدى. تەئلىق، دىۋانى، سۇلۇس شەكىللىرىدە يېزىلغان خەتلەر بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ ھەم مىنگىشىپ، تولىمۇ كۆركەم كۆرۈنەتتى. خەت مەزمۇنىغا سىمۋول قىلىنغان قۇياش، مەشئەل، بۇلۇتلار خەت ئاستىدىن سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— پاھ، پاھ، — غازاخۇن ئاكىنىڭ بۇغداي ئۆڭ چېھرى ۋىللىدە ئېچىلىپ، نۇرانە كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، — بالدۇر چىققان قولاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ دېگەن شۇ. . . خەتلەر ئاجايىپ پاساھەتلىك يېزىلىپتۇ. . . يېتىلىپ قاپسەن مەسۇم. . . بولۇپمۇ كىتاب توغرۇلۇق ئوبدان سۆزلەرنى تاللاپسەن. . . كىتابقا مۇھەببىتىڭنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم، بىراق مۇنچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى

ئويلىنماپتىكەنمەن. . .

«كۆڭلى تۈز كىشىلەر ساددا كېلىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. پۈتۈن ئۆمرىنى كىتابلار ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى كىتابلارغا بېغىشلىغان غازاخۇن ئاكا كىتاب توغرۇلۇق بىرەر مەدھىيە، چىرايلىق ئوخشىتىش، پاساھەتلىك سۆز ئاڭلاپ قالسا، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ: «بولدى مەسۇم بالام، بىزنىڭ بۇ يىغىنىمىزغا سەنمۇ قاتناش. . . بۇ يەنىلا سەن كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ شەرھلەپ يازغان كىتاب توغرۇلۇق مەسلىھەت. . .» دەۋەتتى.

غازاخۇن ئاكا «ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرۇلۇق سۆزلەپ، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى، نېگىزلىرىنى يېشىپ ئۆتتى ۋە ئىنقىلابنىڭ تۈنجى شاملى بولغان «تۆت كونىنى بۇزۇش»نىڭ بۇ زور ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشى ۋە خاراكتېرىنى دەسلەپتىلا ئاشكارىلىغانلىقىنى مىساللار بىلەن ئىسپاتلىدى. ئۇ، تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئىلمىي مىراسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان مەردانە كۈرەشلىرى توغرۇلۇق، كۆڭۈرچى ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمگۈزۈپ، چوڭ كۆلەملىك كىتاب كۆيدۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان چىن شىخۇاڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ، كۇتۇپخانا ۋە كۇتۇپخانا ئامبىرىدىكى ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان ئېلىمىز ۋە چەت ئەلدە نەشر قىلىنغان رومانلار، پەن - تېخنىكىغا ئائىت كىتابلار، شۇنداقلا كلاسسىكلارنىڭ بىر قىسىم دىۋانلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ قويغانلىقىنى، ئۇلارنى بىر ئامااللاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، يوشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— باللار، كىتابلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش جاندىنمۇ مۇھىم! . . . — دېدى غازاخۇن ئاكا جىددىي تەلەپپۇزدا، — بولمىسا، نۇرغۇن مەدەنىي مىراسلاردىن، ئىلىم خەزىنىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. . . جەڭگىۋار گۇرۇپپىدىكىلەر مەندىكى ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى. لېكىن، ئىنقىلاب باشلانغان كۈنلەردىلا، مەن ئۇ ئاچقۇچلارنى كۆپەيتىپ ياسىتىۋالغان. . . ئەمدىكى مەسىلە، كۇتۇپخانىغا قانداق كىرىش، چۈنكى كارىدوردا بىر قوراللىق مىنبىك بار. . .

— گۇلباغقا قارىغان دېرىزىلەرنىڭ بىرەرسىگە بىنت چاپلاپ سۇندۇرساق ئاۋاز چىقمايدۇ. ئاندىن ئىلغىرنى ئېچىپلا كىرسەك قانداق؟ — دېدى مۇرات ئەپلىك چارە

تاپقانەك خوش بولۇپ.

— بولمايدۇ، — دېدى غازاخۇن ئاكا دەرھال، — دېرىزىلەرنىڭ ئالدىدا تورۇسقا تاقاشقان كىتاب جازىلىرى بار.

— مۇنداق قىلساق، — دېدى كامىل سەل ئويلىنىۋېلىپ، — كارىدور تۈز بولغان بولسا خەتەرلىك ئىدى، بىراق ئۇ توقسان گرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان شەكىلدە. شۇڭا، قوراللىق ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ ئايلىنىپ كەلگۈچە، بۇ تەرەپتىن كۇتۇپخانىغا كىرىپ بولۇشىمىز كېرەك...

— توغرا، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم شۇ، — دېدى غازاخۇن ئاكا، — ئەمدى كىتابلارنى قانداق ئېلىپ چىقىش مەسىلىسى تۇرۇپتۇ...

— مۇنداق قىلساق قانداق؟ — مەسۇم قابىل گېلىنى قىرىپ، بېشىنى كۆتۈردى، — مەدەنىيەت سارىيىنىڭ قىزىل يۇلتۇز كىنوخانىسىغا پاسىلداش تەرىپى رېشاتكا، ئۇ يەردە ئىككى ئادەم تۇرسا، ئوتتۇردا ئىككى ئادەم كىتابلارنى يەتكۈزۈپ بەرسە!

— مېنىڭچە، بۇ خەتەرلىك، — غازاخۇن ئاكا بېشىنى ئېغىتتى، — بۇنداقتا باغ ۋە ئائىلىلىكلەر قاتارىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۈندە ئاياغ تىۋىشى ئاسانلا سېزىلىپ قالىدۇ... ئارىلىقمۇ خېلى بار...

— ئەڭ ياخشىسى، كۇتۇپخانىغا يېقىن بولغان گۈلباغ تەرەپتىكى تامدىن ئارتىلىپ چۈشسەك، بىر - ئىككىمىز سىرتتا قېلىپ، كىتابلارنى شۇ يەردىن سۇنۇۋالساق بولىدۇ، — دېدى ئالىمجان كەسكىن قىلىپ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — ئامانىللا بېشىنى لىڭشىتتى، — بىراق، كېچىدە مىنبىڭ، جۇسادۇيلەر ئايلىنىپ يۈرىدىكەن، كىتابلارنى تاغاردا ئېلىپ ماڭساق، ئۇلار بىزنى تۇتۇۋېلىپ ئاختۇرۇشتىن يانمايدۇ.

— مېنىڭ ئويۇمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ھېكمەت، — ئەتە مۇرات ئىككىمىز دوختۇرخانىغا بېرىپ تېلىۋالدى دوختۇردىن نوسۇلكا ئەكىلىپ قويساق... باش تەرىپىگە ئىككى كىتابنى ئوشۇق قويۇپ يۆگەپ ماڭساق، كۆرگەنلەر كېسەل ئىكەن دېمەمدۇ؟...

— ۋاي - ۋاي، ئەقلىڭگە بارىكاللا، — غازاخۇن ئاكا ھېكمەتنىڭ

دولىسىغا ئۇردى، — بۇ بولىدىغان چارە ئىكەن. . . ئەمدى كىتابلارنى نەگە ئاپىرى-مىز؟ . . .

— ھازىرچە بۇنى دېمىسەك، — دېدى كامىل نېمىنىدۇر ئويلاپ، — يۆتكىگەنلەر قەيەرنى پىنھان، ئىشەنچلىك دەپ قارىسا، شۇ يەرگە ئاپارسۇن. . .

— ھەرىكەتنى ئەتە كېچە سائەت ئىككىلەردە باشلاڭلار، — غازاخۇن ئاكا ھاياجاندىن يېنىك تىترەۋاتاتتى، — بەك ئېھتىيات قىلىڭلار. . . مانا ئاچقۇچ. . . كۇتۇپخانىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ئىشىك بار، ئۇ ئامبار. . . ئايرىپ قويغان كىتابلارنىڭ ئۈستىگە قىزىل پلاكات يېپىلغان. ھەر ھالدا بىرەر پېشكەللىك بولۇپ قالسا، قېرى ئاتاڭلارنى ئاياڭلار. . .

. . . ئاي قاراڭغۇسى. . . ئەل ئايىغى جىمىققان تىمتاس كوچىلار. . . گۈلباغ رەستىسىدىن نوسۇلكا ۋە سومكا كۆتۈرگەن ئالتە كۆلەڭگە تىۋىش چىقارماي، مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئېگىز كۆك خىشلىق تېمى ئالدىغا كەلدى. ئۇلار بىر ئاز كۇسۇرلىشىۋال-غاندىن كېيىن، تۆت كىشى ئارقا - ئارقىدىن ئېگىز ھەم گەۋدىلىك كەلگەن بىرسىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ، بىر - بىرلەپ تامغا چىقتى - دە، غايىب بولۇشتى. بۇ گەۋدىلىك يىگىت ئالىمجان زېھرۇللا ئىدى. ئۇ قوللىرى ئۇزۇن بولغاچقا، تام ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پەستىن سۇنغان كىتابلارنى سىرتتىكى مەسۇم قابىلغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولغانىدى.

ھويلىغا چۈشكەن كامىل، ھېكمەت، ئامانىللا، مۇراتلار چوڭقۇر ئېرىق ئارقىلىق مەدەنىيەت سارىيى بىناسىنىڭ ئېگىز پېشايۋانىغا ياماشتى. ئۇلار ھەممىسى پۇتىغا يۇمشاق رېزىنكە ئاياغ كىيىۋالغاچقا، تۈن كۆلەڭگىسىدەك شەپىسىز ئىدى. كارىدورنىڭ يان تېمىغا چاپلىشىپ، ئەڭ ئالدىدا تۇرغان كامىل ئىچكە ئېچىقلىق تۇرغان ئىشىكنىڭ روجەكلىرىدىن ئىچكىرىسىگە قارىدى. بۇ چاغدا، قوراللىق مىنبىڭ قارشى تەرەپكە ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىقلىق تۇرغان يىگىرمە بەش ۋاتلىق لامپۇچكا بۇ تەرەپنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ چاغدا، كامىلنىڭ نەق قۇلاق تۈۋىدە مۈشۈك مىياڭلىدى. مۇرات مەيدىسىگە بېسىۋالغان سومكىنى ئاستا پەپىلىۋىدى، مىياڭ-لاش توختاپ قالدى.

— ھەي، ئەبلەخ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — كامىل ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغۇ-

دەك پىچىرلىدى.

— گەپ قىلما، لازىمى بولۇپ قالىدۇ، — مۇراتمۇ ناھايىتى ئاستا شىۋىرلىدى.

قاراۋۇل مىنبىگىنىڭ قارىسى يوقىلىشى بىلەن، كامىل شەپە چىقارماي كارىدورغا كىردى - دە، ئالدىن ئايرىپ تۇتۇۋالغان ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىۋەتتى. ئاندىن قولىدا ئىشارەت قىلىۋىدى، باشقىلارمۇ كۇتۇپخانا ئىچىگە بىر - بىرلەپ كىرىۋېلىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى. . .

كۇتۇپخانىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. پەقەت دېرىزىلەر ئالدىدىكى كىتاب جازىلىرىنىڭ ئۈستىدىن، يان يوچۇقلىرىدىن چۈشكەن ئاجىز يورۇق پۈكەي ئۈستى، ئورۇندۇق، كىتابلارنى خىرە - شىرە كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئامانىللا بىلەن مۇرات ئامبارغا كىرىپ كېتىشتى. كۇتۇپخانا كامىلغا تونۇش بولغاچقا، ئۇ پۈكەي قاپقىقىنى ئاستا كۆتۈرۈپ تامغا يۆلەپ قويدى. ئاندىن ھېكمەت ئىككىسى بۆلۈكىدىكى ئايرىپ قويۇلغان كىتابلارنى تاپتى.

— ھېكمەت، سەن پۈكەينىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، — دېدى كامىل بوش ئاۋازدا، — كىتابلارنى ئىشىك يېنىغا ئاپارغىن، مەن سۇنۇپ بېرەي. . .

بۇ پەيتتە، ئامانىللا بىلەن مۇراتمۇ ئىخچام يۆگەلگەن كىتابلاردىن ئىككى باغلام كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىشىك تۈۋىگە قويدى - دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يەنە ئامبارغا كىرىپ كەتتى. ھېكمەت ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىپ، تىۋىش چىقارماي كىتابلارنى قويۇۋاتاتتى. ئۇلار، ھەرخىل ئېھتىماللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېلىۋالغان قولچىرىغىنىمۇ ئىشلەتمىدى. چۈنكى، ئىشىك ئۈستىدىكى ھاۋادىن كارىدورغا يورۇق چۈشۈپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى.

كۇتۇپخانا ۋە ئامباردىكى بەلگىلەنگەن كىتابلار ئىشىك تۈۋىگە دۆۋىلەندى، ئۇلار ئاۋاز چىقارماي چوڭقۇر تىناتتى. ئىشلارنىڭ خەۋپ - خەتەرسىز كېتىۋاتقانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ ھاسىرايتتى.

— ئامانىللا، سەن ئەمدى كىرمە، — دېدى كامىل ھاسىراپ، — ئالىمجانغا كىتاب سۇنۇپ بەرگىن، مۇرات توشۇپ بەرسۇن. . . ھېكمەت بۇ يەردە كارىدورنى كۆزەتكەچ، مۇراتقا كىتاب يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، مەن كىتاب جازىلىرىنى يەنە

بىر قاراشتۇرۇپ باقاي...

بۇ چاغدا، مۇراتنىڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان سومكىسىدىكى مۈشۈك زەئىپ مىڭىراپ سالدى.

— بۇ بىرنېمىگىنى قويساڭچۇ! — دېدى كامىل چىشلىرى ئارىلىقلىرىدىن پىشىلداپ.

— كارىڭ بولمىسۇن...

— تىنچ... — ئامانىللا بىگىز بارمىقىدا ئاغزىنى باستى. چۈنكى كارىدوردا «تاق - تۇق» قىلغان ئاۋاز پەيدا بولغاندەك قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. كۈتۈپخانا ئىچىدىكىلەر زوڭزىيىپ ئولتۇرغان، ئېڭىشكەن، ئۆرە تۇرغان ھالىتىدە ھەيكەللەردەك قېتىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئۈنلىرى ئىچىگە چۈشۈپ، نەپەس ئېلىشقىمۇ قورقاتتى. قاراۋۇل مىنىبىگىنىڭ ئۇيقۇسى كەلگەن بولسا كېرەك، ئاياغ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى ئېرىنچەكلىك بىلەن قەدەم ئېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. نەق كۈتۈپخانا ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئېغىر پۇشۇلدىغىنى ئاڭلاندى ۋە «تاق - تۇق» جىمىپ قالدى. ئۇ بىرەر شەپىنى سەزگەن بولسا، ئىشىككە قۇلاق يېقىۋاتامدۇ ياكى مىلتىقىنى مۆرىسىدىن ئېلىۋاتامدۇ؟ بىلگىلى بولمايتتى. «قايسىڭ سەن؟ ئىشىكنى ئاچ!» دېگەن دەھشەتلىك ئاۋاز ھېلىلا ياڭرايدىغاندەك، كىتاب ئوغرىلىرى بىر - بىرىگە چەكچەيگىنىچە جىمىپ كەتكەنىدى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، سەرەڭگە چاققان ۋە يۆتەلگەن ئاۋاز ئىشىك تۈۋىدىنلا كەلدى - دە، يەنە «تاق - تۇق» شەپە باشلىنىپ، بارغانسېرى ئۇزاپ كەتتى... كامىل ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىنلا، ئامانىللا بىلەن مۇراتقا ئىككى باغلام كىتابنى تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى چىقىرىۋەتتى.

مۇرات چاققانلىق بىلەن قاتناپ يۈرۈپ، باغلام - باغلام كىتابلارنى پېشايۋان قىرىغا توشۇپ بولدى. ئۇ يەردىن ئامانىللا كىتابلارنى باغ تېمى يېنىغا يۆتكەپ، ئالمىجانغا سۇنماقتا ئىدى.

— ئەمدى سەن، — دېدى ھېكمەت، بىلىكىگە سومكا ئېلىۋالغان مۇراتقا پىچىرلاپ، — كىرمىگىن، بۇ ئىككى باغلام كىتابنى كامىل ئىككىمىز ئالغاچ چىقىمىز...

مۇرات چوڭ بىر باغلام كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېكمەت

ئىشىكنى يايپتى ـ دە، كامىلنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ پوكەينىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ، قىزىل پلاكات رەختنى بېشىغا ئارتقىنىچە، قولچىرىغىنى ياندۇرۇپ، مۇقاۋىلىرى تىتىلغان بىرنەچچە نېپىز كىتابچىلارنى قويىنىغا تىقماقتا ئىدى.

— تېز بول. . . ھەممىسى تۈگىدى، — ھېكمەت ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

— ماۋۇ كىتابنى سەن قوينۇڭغا تىق، — كامىل بۇلغارى تاشلىق كونا بىر كىتابنى ھېكمەتنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن تىقىۋەتتى، — ئېھتىيات قىل، چۈشۈپ قالمىسۇن.

— خاتىرجەم بول، ئىشتانبېغىم خېلى چىڭ. . . — ئىككىسى مىيىقىدا كۈلۈشتى.

كامىل بىلەن ھېكمەت ئەمدى چىقىپ كېتەيلى دەپ تۇراتتى، كارىدوردىن يەنە تاقىلدىغان ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى. بۇ قېتىم قاراۋۇلنى قاتتىق ئۇيقۇ باسقانمۇ نېمە، نەق كۇتۇپخانا ئالدىدىن «ئا. . .» دەپ سوزۇپ ئەسنىگەن ئاۋاز كەلدى ۋە ئۇنىڭ پېشايۋانغا چىقىدىغان ئىشىك تەرەپكە پۇتىنى سۆرەپ ماڭغانلىقى بىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بىر ئەسنەك ئاۋازى بىلەن، شاپۇر ـ شۇپۇر شەپە ئاڭلاندى ـ دە، جىمىقتى. . .

بەش مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، يېنىك پۇشۇلداش، ئاندىن بىر خىلدا خورۇلداش ئاڭلاندى. قاراۋۇل بۇرنىدا پۇشتەك چېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ بوسۇغا سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. كۇتۇپخانا بىلەن بوسۇغا ئارىلىقى بەش ـ ئالتە قەدەم كېلەتتى. قاراۋۇلنىڭ پات ـ پات ئويغىنىپ پۇشولدىغىنى، تاڭشىر تېتىۋاتقاندەك ئاغزىنى تامشىپ قويغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمدى چىقىپ كېتىدىغان يول توسۇلغانىدى. . .

كامىل بىلەن ھېكمەت بىر ـ بىرىگە «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك قارىشىپ قالدى. قاراۋۇل ئۇ يەردىن كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر ئويغىنىپ، بىر پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئادەم تۇنجۇقۇپ قالغۇدەك سۈرلۈك جىمجىتلىق. . . تاقەتسىزلىك، بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان دەقىقىلەر. . . ئىچىدە نېمىدۇر بىر نەرسە تارسىلدە ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك جىددىيلىك. . . تومۇرلارنىڭ ئۇرۇشى، قانلارنىڭ ئايلىنىشى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك تىۋىشسىز قاراڭغۇلۇق. . .

ۋاقىت ئۆتمەكتە. . . كامىل ۋە ھېكمەت ئۈچۈن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت گويا يېرىم

ئەسىردەك بىلىنمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، تاڭمۇ ئېتىپ قالاتتى. تۇيۇقسىز مىياۋ! قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، «ۋا!...» دېگەن دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە پالاق - پۇلۇق، شاپۇر - شاپۇر قىلغان شەپىلەر كەلدى.

— ئاناڭنى! مۇشۇككەييا، يۈرىكىمنى ئاسقىتىۋەتتىيا؟ ئوغرى مۇشۇك ئوخشىماتتا؟... تورۇستىن كەپتەر ئوغرىلىيالماي، قوچىقىمغا چۈشكىنىنى كۆرمەمدىغان بۇ ھېشقىنىڭ...

قاراۋۇلنىڭ تىللاپ، قارغاپ كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىگە ماڭغان شەپىسى ئاڭلاندى. كامىل بىلەن ھېكمەت بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپ كۈلۈپ قويۇشتى. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ مۇراتنىڭ ئىنچىكە پىلانلىشى، ھەييارلىقى ئارقىلىق بولغانلىقىنى ئۇلار ئويلاپ يەتكەنىدى.

كامىل، ھېكمەتلەر كۆتۈپخانا ئىشىكىنى ھىم يېپىپ قايتىپ چىققاندا، پېشايۋان لەمپىسىگە ئۇۋا سېلىۋالغان كەپتەرلەر تۈن ساراسىمىدىن ئويغىنىپ كەتكەنمۇ، بەزىلىرى بۇقۇلداپ، بەزىلىرى «ھۇق... ھۇق...» دەپ ئىنچىكە ئاۋازدا ئۈنلەپ قويدى.

ئۇلار باغ تېمىغا يېتىپ كەلگەندە، ئالىمجان تامغا مىنىپ ئولتۇراتتى. قالغانلار ئۇ تەرەپكە چۈشۈپ كەتكەنىدى. كامىل ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنى ئالىمجانغا سۇنۇپ بەرگەندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ تامغا چىقتى - دە، ھېكمەتنىڭ قولىدىن تارتتى.

— ئالىمجان، — دېدى مۇرات پەس ئاۋازدا، — سەن خېچىرغا مىنىپ باققانمۇ؟

— قانداق دەيسەن؟

— يا دەيمىنا، پۇتلىرىڭنى ئۇزۇن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرساڭ، ئېگىز، كۆك خېچىرغا مىنگەن بېگىمدەك كۆرۈنىدىكەنسەن... ئۆزۈڭگىمۇ يارىشىدىكەن...

نوسۇلكا ئۈستىدىكى كىتابلارنى يۆگەۋاتقان ئامانىللا بىلەن كامىل پىققىدە كۈلۈۋەتتى.

— يائاللا، مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى ماۋۇ ھىيلىگەرنىڭ... — ئالىمجان ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى، — ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غېجەك تارتقاندەك...

— بايىقى غېجەكنى ئاڭلىماي قالدىڭدە! — دېدى مۇرات ئىككى نوسۇلكىغا پاتمىغان

كىتابلارنى سومكا ۋە تاغارغا قاچىلاۋېتىپ، — مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىمدىپ بىر تاشلىسام، ھېلىقى قاراۋۇل «ۋا. . . »لا دېدى-دە، ئارقا دەرۋازىسىنىڭ پەجىمى بوشمۇ نېمە، «تارتلا. . . » قىلىپ قالدى.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. بىراق ئاۋازىنى چىقارماسلىق ئۈچۈن، ئاغزىلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى. مۇرات ئەسلىدە كىتاب يۆتكەش، ئوغرىلاش جەريانىدا قاراڭغۇدا بىرەر نەرسىگە پۇتلىشىپ ياكى كىتاب، چېلەك، داستەك بىر نېمىلەر تاراقلاپ ئۆرۈلۈپ شەپە بېرىپ قالسا، قويۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيىدىكى مۈشۈكنى ئېلىۋالغانىدى. ھەرھالدا بۇ مۈشۈك بۇ قېتىم ئۇنتۇلغۇسىز خىزمەت كۆرسەتتى.

— كامىل، ھېكمەت، ئىككىڭلار ماۋۇ نوسۇلكىنى ئېلىپ مېڭىڭلار، — دېدى ئالىمجان بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — ئامانىللا، مەسۇم قابىل، سىلەر مۇنۇ تاغار بىلەن سومكىنى ئادەمسىز تار كوچىلار ئارقىلىق كۆزلىگەن يېرىڭلارغا ئاپىرىڭلار، مۇرات ئىككىمىز بۇ نوسۇلكىغا مەسئۇل. . . ھەممىڭلار قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار. . .

كامىل بىلەن ھېكمەت نوسۇلكىنى كۆتۈرۈپ گۈلباغدىن پەسلەپ چۈشتى - دە، تېز قەدەملەر بىلەن گۇجان كوچىسىغا قايرىلدى. ئۇلار كېتىۋېتىپ، ئەگەر بىرەر مىنبىڭ ياكى قاراۋۇل ئۇچراپ قالسا: «ھاممام ئىدى، دوختۇرخانىدا تۈگەپ قالدى. . . » دېيىشنى مەسلىھەتلىشىۋالدى. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم مېيىتنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

— ھېكمەت، سەن ئىشىك ئالدىدا جىنىدەك ساقلىغىن، — دېدى كامىل ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، — مەن گۈرجەك ئەپچىقىۋالاي. . .

كامىل ھايال بولمايلا چىقتى ۋە قىسقا دەستىلىك بەل گۈرجەكنى ئەدىيال ئىچىگە يوشۇردى، ئۇلار مېڭىپ كېتىشتى. ئۇلار كوچىدىن قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئۆزاپ چىقىپ، ئىككى پەس يارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توپىلاڭ يولدا توختاپ بىردەم ئارام ئالدى ۋە يۈز - بويۇنلىرىنى سۈرتۈشتى. بۇ يەرلەر شەھەر سىرتىغا تەۋە بولۇپ، پىنھان ئىدى.

— كامىل، رەسىملەرنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكىن، — دېدى ھېكمەت ئۆزى سىزغان رەسىملەرنىڭ دوستىغا بالا تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، — قوللىرىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇلار ئۆزلىرى بىلگىنىچە تەھلىل قىلىشىدۇ.

— خاتىرجەم بول، رەسىملەر شەھەردە يوق، — ئەدىيالنىڭ چۆچۈلۈپ كەتكەن يېرىنى قېپچىپ يۆگەۋاتقان كامىل دوستىغا قاراپ كۈلدى، — كۆرسىقا كىرگەن كۈنىلا كېچىدە يىغىشتۇرۇۋەتكەنىدىم.

ھېكمەت سىزغان «ۋاپا»، «ئايدىڭ كېچە»، «ئەلۋىدا» دېگەن ماي بوياق رەسىملەر كامىل ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بايلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ رەسىملەرنى قاتمۇقات يۆگەپ ھەم چىگىپ، يۇرۇڭقاشتىكى تۇغقانلىرى ئارقىلىق بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئاپارغۇزۇۋەتكەنىدى.

ئۇلار يارلىق ئىچىدە كېتىۋاتقىنىدا، كامىلنىڭ كۆز ئالدىغا ئەلنامەدىكى ھېلىقى ئەنسىز كېچە كېلىۋالغانىدى. ئۇ غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ كىتاب، رېتسېپ، دورىلىرىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىققان چېغىدا، تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ ھاياجان ئىزتىراپىدا كۆيگەنىدى. مانا ھازىرمۇ شۇ چاغدىكى قايناق ھېس - تۇيغۇلار قايتا تەكرارلانماقتا.

يارلىق ئىچىدىكى يول ئوتتۇرىلاشقاندا، كامىل بىلەن ھېكمەت سولغا بۇرۇلۇپ توپا شۇرقىراپ ئېقىپ تۇرغان دۆڭدىكى چىغىر يولغا ياماشتى. دۆڭ ئۈستىدە ياۋا قومۇش، يۇلغۇن، بۇيا، شۇۋاق قاپلىغان مازارلىق يېيىلىپ ياتاتتى. كېچىكىپ چىققان ئاي ئوغىنى بەكمۇ كونىرىغان گۈمبەز ئۈستىگە قونۇۋېلىپ، بۆشۈك شەكىللىك مەقبەرىلەرنى، توپا دۆۋىلىنىپ ئۈستىگە قاقشال ياغاچ سانجىلغان دۈمچەك - دۈمچەك ئاددىي قەبرىلەرنى، شامالدا تىتىلىپ، ئاپتاپتا ئۆڭۈپ كەتكەن لاتىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان تۇغ - ئەلەملەرنى ئۆزىنىڭ سىرلىق نۇرىدا يورۇتۇپ تۇراتتى. قار - يامغۇر سۇلىرىدا گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن گۆرلەر قاپقاراڭغۇ بولۇپ، يۈرەككە ئەنسىزچىلىك سالاتتى.

نوسۇلكىنىڭ ئالدىنى كۆتۈرگەن كامىل قەبرىستانلىق ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان گۈمبەز ئالدىدا توختىدى. گۈمبەزنىڭ تۆت تەرىپىدە ئادەم ئارانلا ئېگىشىپ كىرگۈدەك بىردىن ئويۇقچە تۆشۈكلىرى بولۇپ، ئۇلار كېسەك بىلەن ئېتىۋېتىلگەنىدى. گۈمبەز ئەتراپىدا كوزا پۇچىقى، ھىجىرلاردا كۆيدۈرۈلگەن كېپەك قالدۇقلىرى، سەندەل ياغىچىنىڭ كۆيۈندىلىرى تۇراتتى.

— بۇ خان ئانامنىڭ ئەجدادلىرى ياتقان شامىگۆر، — دېدى كامىل دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

ئۇلار دۇئا قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، كامىل بەل گۆرجەكنى ئېلىپ، ئاي
يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان ئۆيۈقچىنىڭ بوشاپ، تۆكۈلۈپ كەتكەن سۇۋاقلىرىنى چۈشۈرۈ-
ۋېتىپ، كېسەكلىرىنى قومۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ھارغاندىن كېيىن، ھېكمەت ھەپىلەش-
تى. كېسەكلەر ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا، شامىگۆرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، بىر
غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا چۈشۈپ كېتىدىغان توپا پەلەمپەيلەر غۇۋا كۆرۈندى. ئۇلار ئۆيۈقچە-
دىن ئۆمىلەپ ھەم قىسىلىپ دېگۈدەك كىردى ـ دە، شامىگۆرنىڭ ئىچىگە توپا پەلەمپەي-
لەر ئارقىلىق سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئىچى دۈبدۈگلەك ئويۇلغان بولۇپ، ئاستى
تەكشى ئورەككە ئوخشايتتى. ئاستىن ـ ئۈستۈن ئىككى قاتار قېزىلغان لەھەتلەر،
يۇمىلاق شامىگۆردە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. مېيىت قويۇلغانلىرىنىڭ ئاغزى
كېسەك بىلەن ھىم ئېتىۋېتىلگەنىدى. يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىللىق كونىلىرىنىڭ بولسا،
كېسەكلىرى ھۇركۈپ، ئۇۋۇلۇپ تۆكۈلۈپ كەتكەچكە، ئىچىدىن ئاپئاق باش سۆڭەكلىرى
ۋە ئورنىغىلا تۆكۈلۈپ قالغان ئۇششاق پارچە ئۇگە ـ قوۋۇرغىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
— ھېكمەت، بىردەم تۇرۇپ تۇر، مەن سىرتقا چىقىپ كېلەي، — دېدى كامىل
ھېكمەتكە ئېگىشىپ، — قورقمايدىغانسەن؟
— ياق، بېرىۋەر...
ھېكمەتنىڭ تېنى ئەيمىنىپ تۇرسىمۇ، ئانچە قورقۇپ كەتمىدى. بىراق، ئاجايىپ
ئېغىر، ۋەھىمىلىك بىر ئوي ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋەتتى... ئادەم كۆزى
پىلدىرلاپ، مېڭىپ يۈرگەندىلا ئادەم ئىكەندە!... بىر تىنىقتىن قېلىپ كۆزى يۇ-
مۇلسا، بىر غېرىچ سوغۇق يەر ئاستىدا نەچچە مىڭ يىللىقلار بىلەن تەڭ
بولىدىكەن... ھە... مۇشۇ ئاپئاق سۆڭەكلەر بىر چاغلار كۈلگەن، يىغلىغان،
ھەسرەتلەنگەن، شادلىققا تولغان بولغىيتتى!... بەخت ۋە بەختسىزلىك، مەئىشەت
ھەم پېقىرلىق، شاھلىق ياكى گادايلىق گىريانلىرىدا چۆرگىلەپ، بۇ تۆت كۈنلۈك
ئالەمگە تويماي، قۇياشلىق يورۇق جاھانغا جان سەكراتىدىمۇ قىيالماي قارىغان بولغىيت-
تى!... دۇنياغا پاتمىغان سۇلتان، ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمىغان گۈزەل، پەقىر-
لەرگە شەپقەت قولىنى سوزمىغان غەنىيلەرمۇ مۆمىن، مىسكىن، ئوغرى، دەرۋىشلەرگە
ئوخشاشلا، ئاخىرى ئۆزى پاتقۇدەكلا تۆشۈكتە بىر دۆۋە سۆڭەكلەرگە ئايلىنى-
دىكەنغۇ!... قاراڭ، ئۇلارنىڭ نائىلاجلىقىنى، شۇنچە يېقىن قوشنا تۇرۇپمۇ

ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشالمايدۇ! . . . بىر - بىرىگە ھالىڭ نىچۇك دېيىشەلمەيدۇ! . . . شۇڭا ئېيتىمىزكى: ئەي تەكەببۇر بەندە، تېنىڭ قۇرتلارغا يەم، گىياھلارغا ئاش - ئوزۇق بولغۇچە، تائەت - ئىبادىتىڭنى قىل، ئىختىرا ئەيلە، مۆمىن - پەقىرلەرنىڭ بېشىنى سىيلا! . . . قولۇڭدىن كېلىدىغان ھىممىتىڭنى ئايىما! . . . قولۇڭدىن كەلمىسە، كۆڭلۈڭدە بولسىمۇ ئويلا! . . . پەيغەمبىرىمىز: «يۈك سۆرىگەن بىر ساھابە مۇشكۇلات ئىچىدە دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۆزۈڭ مېيىپ، ئاجىز بولۇپ، ئۇنىڭ جاپاسىغا مەلھەم بولالمىساڭ، كۆڭلۈڭدە بولسىمۇ ئىچ ئاغرىتقىن. سەن ھىممەت قولۇڭنى سوزغىنىڭدىن ئارتۇقراق ساۋابقا نائىل بولىسەن» دېگەنىكەن. شۇنداق! ھىممەتتىن قانىتى بولغان قۇش ئېگىز ئۇچالايدۇ! قىلغان زەررىچە ساخاۋىتىڭ تاڭلا مەھشەر كۈنى بېشىڭغا سايىۋەن بولىدۇ! ئەگەر بولمىسا ياخشى نامىڭ ئەۋلادلار تىلىدا زىكىر قىلىنىدۇ! سېنىڭ بىلەن بىز پانىي ئالەمگە ئۈچ - تۆت كۈنلۈك مېھمان! ياخشى بولساقمۇ، يامان بولساقمۇ، بىرىبىر كېتىمىز. . . بەزىلەر ئۇنتۇلۇلمايدۇ، بەزىلەر لەنەت - نەپرەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ توغرىدا ئۇبۇلھەسەن ھەرەكانى: «يەر ئۈستىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك، يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك! . . .» دەپ ناھايىتى توغرا تەبىر بەرگەن. دەرۋەقە شۇنداق! . . . ئەسلىدە بۇ دۇنيا چايخانىسىغا چۈشمىسەك، ئاچچىق چايلىرىنى ئىچمىسەك بوپتىكەن. . . ھەسرەت - نادامەت يۈكلىرىنى ئارتىپ، گۇناھ - كەبىر تاغلىرىنى ئۈستىمىزگە يۈكلىمىگەن بولار ئىدۇق! خەيرىيەت، كەپتىمىز، كەلگەن ئىكەنمىز، بىرەر ئىز قالدۇرۇپ كېتەيلى! قارىغىنا بۇ سۆڭەكلەرگە. . . ياتىدۇ. . . ياتىدۇ. . . ياتىدۇ، تا قارا تۇپراققا قوشۇلۇپ كەتكۈچە ياتىدۇ! . . .

— ھېكمەت! . . . ھېكمەت. . . ساڭا نېمە بولدى؟ — قولچىرىغىنى لەھەت ئىچىگە ياندۇرۇپ، ئاپئاق سۆڭەكلەرگە تىكىلىپ قاراپ قالغان ھېكمەت چۆچۈپ كامىلغا قارىدى، — بىر نېمە بولمىغانسەن؟ . . .

— ياق. . . ھېچنېمە! . . . — ھېكمەت كامىلنىڭ قولىدىكى يۇلغۇن شاخلىرىغا قارىدى، — بۇنى نېمە قىلىسەن؟

— كىتابلارنىڭ ئاستىغا چاپراس قويۇۋېتەيلى دەيمەن، نەم تارتمايدۇ.



ئۇلار كىتابلارنى شامىگۆرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىپ بولغاندىن كېيىن، ئاستا چىقىپ كېتىشتى ۋە ئويۇقچە تۆشۈكچىگە كېسەك تىزىپ، ئارىلىقلىرىغا توپا تاشلاپ، چاندىغۇدەك قىلىۋەتتى.

نوسۇلكا كۆتۈرگەن كامىل بىلەن ھېكمەت ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كىرگەندە، تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق تېخى تارقىمىغانىدى. چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چىققان ئۇيقۇ-لۇق تېلىۋالدى دوختۇر ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى. كامىل ئۇزۇر ئېيتتى.

— رەھمەت، تېلىۋالدى دوختۇر، ئۆزلىرى بۇ قېتىم باھا يەتمەس ساۋاب ئىش قىلدىلا.

— تۇزۇت قىلماڭلار، — دېدى تېلىۋالدى قولىنى ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — مەن ناھايىتى ئىككى نوسۇلكا بەردىم خالاس. بىراق سىلەر خەۋپ - خەتەرنى بېشىڭلارغا ئېلىپ، تارىختا يېزىلغۇدەك ئۇلۇغ ئىشتىن بىرنى قىلدىڭلار.

— قوللاش، خەيرخاھلىق قىلىشنىڭ ئۆزى، — دېدى كامىل مىننەتدارلىق بىلەن، — شۇ ساۋاب ئىشنى قىلغان بىلەن باراۋەر... ھازىر ئۆزلىرى قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا؟

— چاقىرسا كېسەل كۆردۈم، بولمىسا ئۆيدە ياتتىم... رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە، ۋىراج ئىشخانىلىرى ۋە دورىخانىلاردا، «يالاڭ ئاياغ دوختۇرلار» ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.

— ھۇما قۇشى قونسا چىۋىن باشىگە، سۇمرۇغ كېلۇر دائىم ئۇنىڭ قاشىگە» دېگەندەك بوپتۇ - دە؟

— ئىنقىلاب باشلانغاندىن بېرى، بىردىنلا چۆشكۈنلىشىپ، ھېچ ئىش خوشياقماس بولۇپ قالغانىدىم، — دېدى تېلىۋالدى دوختۇر ئېغىر تىنىپ، — ئەمما سىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئىشىڭلارنى كۆرۈپ، باشقىدىنلا روھلىنىپ قالدىم... «مىللەت، خەلق دەيدىغان مۇنداقمۇ پىداكار ئادەملەر تېخى بار ئىكەن... زىيالىيلىرىمىز پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتمەپتۇ» دېگەن ئوي ماڭا كۈچ - مادار بەردى. سىلەر خۇددى زۇلمەتتە چاقنىغان جاۋاھىرلار ئىكەنسىلەر!...

— باھايىڭىز ئارتۇق بولۇپ كەتتى، بۇ بىز ياشلارنىڭ بۇرچى، باش تارتىپ بولمايدىغان قەرزىمىز...

— ھەي ياۋا ئۆچكە، — تېلىۋالدى بىر چاغدىكىدەكلا ھېكمەتكە چاقچاق

قىلدى، — سەن يەيدىغان ئوت - چۆپلەرمۇ تۈت كونىغا كىرەمدىكەن؟ . . . نېماندىاق غەملىكسەن، گەپمۇ قىلمايسىنا؟

— ئىككىڭلار بىر ئوبدان پاراڭلىشىۋاتساڭلار، — ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ «داڭگال» لەقىمىگە ياندىاپ چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى، — پۇتۇڭلارغا داڭگالدەك پۇتلىشىپ، گەپكە قوشۇق سېلىپ تۇرۇۋالسام بولماس.

تېلىۋالدى كۈلۈۋەتتى.

— ئىنقىلاب باشلانغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم كۈلۈشۈم بۇ، — دېدى تېلىۋالدى، — ھە راست، مۇرات بىلەن ئالىمجان بىر سائەتنىڭ ئالدىدا نوسۇلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدى.

كامىل بىلەن ھېكمەت تېلىۋالدى بىلەن خوشلىشىپ، چايخانا مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە، ھېكمەت قويىندىكى كىتابنى چىقىرىپ كامىلغا بەردى. ئۇلار ھەرخىل ئېھتىماللارنى كۆزدە تۇتۇپ ئايرىلىشتى. ھېكمەت رېشاتكىدىن ئارتىلىپ مەكتەپكە چۈشتى - دە، كۈندۈزى ئۆگىنىش مەيدانى، كېچىسى ياتاق رولىنى ئۆتەيدىغان سىنىپقا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىردى، تەر ۋە قانداقتۇر بەتبۇي بىر ھىد بۇرنىغا گۈپلا ئۇرۇلدى. سىنىپتا ئىككى قاتار قىستىلىشىپ ياتقان مۇئەللىملەر تىنجىق ئىسسىقتا چىدىماي، يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتتى. پاش قىلىش، تارتىپ چىقىرىش باشلاندى. ئىككى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان دېرىزىلىرىدىن: «يوقىتايلى. . .»، «ئىت كاللىسىنى يەنچىپ تاشلايلى. . .»، «جىن - شەيتانلارنى، زەھەرلىك چۆپلەرنى تارتىپ چىقىرايلى. . .» دېگەندەك شوئارلار بىلەن چىرقىرىغان، ئازابلىق ۋارقىرىغان، يىغلىغان نالە - پىغانلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» زەيىندىن دەسلەپتىلا ئۇچۇغدىلىپ ھالىدىن كەتتى. ئارقىدىن كامىل، ھېكمەت، مۇرات، توختى قۇربان، ئەخمەت ھوشۇر، زىكرۇللا غوجى قاتارلىق ئون سەككىز مۇئەللىم تارتىپ چىقىرىلدى. ئۇلار نۆۋەت بويىچە بىر - ئىككى قېتىم كۈرەش قىلىنغاندىن كېيىن، مەسىلە تاپشۇرۇشقا قويۇلدى. تارتىپ چىقىرىش باشلىنىپ، پاش قىلىش، كۈرەش قىلىش چوڭقۇرلاشقانسېرى، مەكتەپ مەيدانىغا

قاتار ـ قاتار تۈۋرۈكلەر بېكىتىلىپ، بورا بىلەن دازىباۋ[1] تاملىرى ياسالدى. گۇرۇپپىلار، ئۇچاستىكىلار يەر تالىشىپ ئېگىز ـ پەس ياسىۋەتكەن بۇ تاملار شۇنچىلىك زىچ ئىدىكى، مەكتەپ مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى بىنالار كۆرۈنمەي قالغانىدى. ھەر كۈنى كەچلىك ۋە چۈشلۈك دەم ئېلىشلاردا، ئوقۇتقۇچىلار، تارتىپ چىقىرىلغان جىن ـ شەيتانلار ئۇ تاملارنى ئارىلاپ يۈرۈپ دازىباۋ كۆرەتتى، نېپىز تاختا قەغەزلەرگە پەي قەلەم بىلەن يېزىلغان قىڭغىر ـ قىيسىق خەتلەر، سىزىلغان ھەجۋى رەسىملەر تارتىپ چىقىرىلغان ۋە چىقىرىلمىغانلار ئۈستىدىكى پاش قىلىش ماتېرىياللىرى ئىدى. بەزىلەر: «پالانى، سەن نېمىشقا ئاغزىڭنى ئاچماي ئولتۇرىسەن؟ پالانى ـ پۈكۈنلەر بىلەن مۇناسىۋىتىڭ يوقمىدى؟» دېگەندەك مەزمۇنلاردا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككى كالپۇكىغا قولۇپ سېلىنغان ھەجۋى رەسىملىرىمۇ چاپلانغانىدى. دازىباۋلاردا ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك سىياسىي مەزمۇندىكى پاش قىلىشلار كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيتتى. ئۇلاردا: «سېنىڭ بۇنداق دېگىنىڭ پارتىيىگە قارشى تۇرغانلىقىڭ ئەمەسمۇ! . . .»، «سەن تەمسىل ـ ماقالىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق خەلق گۇڭشېسى، باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشكە دارىتمىلاپ ھۇجۇم قىلدىڭ. . .»، «بىزنىڭ مەلىگە قىش كېلىدۇ، قىش بىلەن تەڭ ئىش كېلىدۇ. . .» دېگىنىڭ پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەت ـ يولىيورۇقلىرىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغىنىڭ بولماي نېمە؟ . . .»، تەبىئەت دەرسىنىڭ تېكىستىنى ئۆتۈۋېتىپ، «ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ بولسا، ئونبەشى يورۇق» دېگىنىڭ ئېسىڭدىدۇر؟ . . . بۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ دېگەنلىكىڭ بولماي نېمە؟ . . .» دېگەندەك قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك گەپلەر بولاتتى. دازىباۋ يېزىش ئارقىلىق باشقىلارنى پاش قىلىش — ئاكتىپلار ۋە جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى ئىدى. ھەر كۈنلۈك ئۆگىنىشتە، كىمنىڭ نەچچە تاختا دازىباۋ يازغانلىقى سۈرۈشتە قىلىنىپ، ئەدۋى بېرىلىپ ماڭغاچقا، بەزى ئوقۇتقۇچىلار يازىدىغان ھېچقانداق گەپ تاپالماي: «ھەي، سەن ‹كەنجە تېرىغان قوغۇن تولاشىمىدى، بىزنىڭ خوتۇن ياش بولغاچقا سولاشىمىدى› دەپ بىلجىرلىدىڭ، بۇنىڭدىكى مەقسىتىڭنى ئېيت؟» دېگەنگە

---

[1] دازىباۋ — چوڭ خەتلىك گېزىت. ئەينى يىللاردا «دازىباۋ» دەپ ئاتىلىپ ئادەتكە ئايلانغاچقا، كىتابىمىزدا شۇنداق ئاتايمىز.

ئوخشاش توي - توكۈن، ئولتۇرۇشلاردا قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەرنىمۇ پاش قىلىش ماتېرىيالى قىلىپ يېزىۋاتاتتى. ھەتتا بەزىلىرى بەش - ئالتە تاختا دازىباۋنى تىل - ھاقارەت بىلەنلا توشقۇزۇۋېتەتتى. بىر كۈنى، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ تېمىغا قاتىرىسىغا ئالتە تاختا دازىباۋ چاپلاندى. بۇ بىر ئايال ئوقۇتقۇچى ئۈستىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بەش تاختىسى: «ھەي جىن - شەيتان ھەم ئالۋاستى، ۋۇي تەرى سۈرۈن قارۋاتقۇ، لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇق، ساقال تاغىقى، غوپ - غوپ ئۆتۈك، يىلىم چوتكىسى، تېزەك پۇلىقى، قىڭراق بۇرۇن، چاپاق كۆز، شالۇك ئېغىز، كۆك پوتلا، چۆمۈچ پاچاق، يەكچەشمە، شاخار بىجىق[1] ، كاساڭ يۈز، ئۆگزىدىن تاشلىۋەتسە توپىتەك قاڭقىيدىغان يەل قورساق. . . » دېگەندەك تىل - ھاقارەتلەر بىلەن توشقان بولۇپ، ئالتىنچى تاختىسى: «شاتراق ئۆرۈك، قاقمۇنەك، ئىت يالىقى، قوشپۇقاق مەخپۇز پاخپاقنى تارتىپ چىقىرايلى دارقىرىتىپ، دۇمبالايلى ۋارقىرىتىپ، سىيىۋەتسۇن شار- قىرىتىپ. . . » دېگەندەك تېتىقسىز، لاۋزا، بىمەنە سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئاياقلاشقانىدى. ئۇنىڭدا يە بىرەر مەسىلە پاش قىلىنمىغان ياكى تەھلىل قىلىنمىغانىدى.

ھەر قېتىملىق چوڭ يىغىن، ئوچاستىكا ۋە گۇرۇپپىلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۆگىنىش، كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش سورۇنلىرىدا، ئۆزئارا پاش قىلىش، بىر - بىرىگە «بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش» نەزەرىيىسى بويىچە قاراش، ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىن باشقىغا گۇمانىي قاراش نۇقتىسىئىنەزەرىنى تىكلەش قاتارلىقلار تەكرارلىنىپ تۇرغاچقا، ھەممىلا ئادەم بىر - بىرىنىڭ پېيىغا چۈشكەنىدى، بىرسى بىرسىگە دازىباۋ يازسا، قارشى تەرەپ، مەزمۇن ۋە سان جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ يازاتتى. بۇ خۇددى ئىشتاچىلارنىڭ ئىت تالاشتۇرۇشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. پەقەت پەرقى ئىتلار مەيدانغا يەكمۇيەك چۈشۈپ تالاشسا، ئادەملەر گىرەلەشمە بولۇپ تالىشىۋاتاتتى. . . ئىتلارنىڭ بىرسى يېڭىلىپ سورۇندىن چېكىنسە، يەنە بىرسى ئارقىدىن قوغلاپ ئېغىز سالمايتتى، ئادەملەر بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى، يىقىلغاننى چەيلەپ، يەنجىيتتى، ھالىدىن كەتكەن- دىمۇ رەھىم - شەپقەت قىلمايتتى! . . .

---

[1] شاخار بىجىق — ئاياللارنىڭ كۆكسىنى كەمسىتىپ ھاقارەتلىگەن سۆز.

چايخانا مەكتەپكە خىزمەت گۇرۇپپىسى چۈشۈشى بىلەن، دەرۋازىلار تاقىلىپ، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىش چەكلەندى. كۈرەش شىددەتلىك تۈس ئالدى. ھەممىلا ئادەم ئۆز سايىسىدىن ھۈركۈيتتى، بىر - بىرىگە گەپ قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، تىكىلىپ قاراشمايتتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشى مەنئىي قىلىندى. زۇمرەت چوڭ ئۆيدە ئۆچكە سۈتى بىلەن بېقىلىۋاتقان قىزىنى تولا ئويلاپ، كۈندىن - كۈنگە جۈدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، چەت ياقىلاردا ئېرى مۇرات بىلەن ئۇچرىشىپ، كۆز - ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئىچىنى بوشىتىۋالاتتى. ھەركۈنى ئۆي تامىقى ئەكىلىۋاتقان نەبى، ماھىگۈللەر ئىشىك قاراۋۇللىرى تەرىپىدىن قوغلاندى. ھېكمەت ئوماق ئوغلى ئەزىمەتنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولدى. بىر كۈنى، دەرۋازا ئالدىدا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى، بىردەمدىلا ئادەم توپلاندى. زۇمرەت قاراۋۇللارنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغاندى، بىرسىنى تىللايتتى، بەزىلىرىنى ئىتتىرىپ، ئۆزى سىرتقا چىقماقچى بولۇپ يۈگۈرەيتتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار، زۇمرەتنى سىلكىشلەپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇۋاتقان قاراۋۇللار بىلەن تۇتىشىپ قالدى. زۇمرەت: «مەن ماۋجۇشىغا ئەرز قىلىمەن» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرايتتى.

— كىم بۇ غەلۋە قىلىۋاتقان؟ — توپ ئارىسىدا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سا چۈجاڭ پەيدا بولدى. بۇ ئادەم قايسىدۇر بىرناھىيىلىك كومىتېتتا ئىشلەيتتى. ئۇ سايىدا ئۆسكەن سەگۈدەك ئورۇق، ئېگىز، ئەتىسىز گەۋدىسىنى نامايان قىلغاندەك، قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئەسنادا، سىرتتىن قۇربان ھاكىم كىرىپ كەلدى. ئۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى كۆرمىدىمۇ ياكى كۆرمەسكە سالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلارغا قارىمىدى.

— مېنىڭ تۆت ئايلىق بالام بار، كۆرمىگىلى ئىككى ئاي بولدى. . . — زۇمرەت قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراۋېتىپ قۇربان ھاكىمنى كۆرۈپ قالدى. بىراق ئۇ تەتۈر قاراپ، سا چۈجاڭغا بۇرۇلدى:

— بۇ مەسىلىسى بار ئوقۇتقۇچىمۇ؟ — سورىدى ھاكىم سا چۈجاڭدىن، — نېمىشقا سىرتقا چىققىلى قويمايسىلەر؟ . . .

— ئۆزىنىڭ مەسىلىسى بولمىغان بىلەن، ئېرى جىن - شەيتان! . . . — دېدى سا چۈجاڭ مۇراتقا قاراپ.

— سىلەر دوست ـ دۈشمەننى پەرقلەندۈرمەي، قارا ـ قويۇق زەربە بېرىۋەرسەڭلار، — دېدى ھاكىم سا چۇجاڭنى چەتكە تارتىپ، — ھەقىقىي دۈشمەنلەرگە قانداق تاقابىل تۇرىسىلەر؟ . . . بۇنداقلارغا ئازراق كەڭچىلىك قىلساڭلار، ئېرىنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلامدۇ؟ ئۇسۇلغا دىققەت قىلىڭلار . . .

— بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىڭلار، — دېدى سا چۇجاڭ، — بالىسىنى كۆروپ كەلسۇن . . .

— ھەي سەن، — دېدى ھاكىم مۇراتقا، — قاراۋۇلنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەرگىن، سىلەرمۇ قايتىڭلار . . .

قۇربان ھاكىم كامىل بىلەن ھېكمەتكە قول شىلتىگەندىن كېيىن، سا چۇجاڭغا قاراپ: — ئىسمەت بۇجاڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىغاچ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى زۇڭبۇ (باش شتاب)» سى ئورۇنلاشقان ئىشخانىغا قاراپ كېتىپ قالدى. ئىسمەت بۇجاڭ يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئادەت بويىچە جىن ـ شەيتانلار ئاشخانىنىڭ داس ـ چېلەكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ تازىلىق قىلاتتى. ئۇلار «ئىنقىلابچى» لارنىڭ نەزەربەند قىلىنىشى ئاستىدا، مەيدان، كاردور، ياتاق، بىنا ئالدىلىرىنى سۈپۈرۈپ سۇ سېپەتتى. بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ئۆزلىرىنى تونىماس بولۇۋالغان قۇربان ھاكىمنىڭ قوپال مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى غەش يۈرگەن كامىل كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىر داسنى كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە، ئاشخانىغا تۇتاشلا چوڭ كۆلدىن سۇ ئالماقچى بولدى. بىراق بىرسى ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— ھەي مۇئەللىم، قوللىرىدىكى داس تۆشۈك . . . مانا بۇ چېلەكنى ئىشلەتسىلە . . .

ۋارقىرىغان بۇ كىشى ساقاللىرىنى پاكىزە قىردۇرۇپ يۈرۈيدىغان ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئاشپەز ھامىلاخۇن ئىدى. ئۇ ئەتىكى تاماقنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن كاللەك سەي توغراۋاتاتتى. ئاشخانىدا باشقا ئاشپەزلەر كۆرۈنمەيتتى. كامىل چېلەكنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇ تىرناقتەك قاتلانغان قەغەزنى ئەمبەل تاختا ئۈستىگە قويۇپ، شەرەت قىلدى.

كامىل دەسلەپتە: «بۇ بىرەر قاپقان، ھىيلە بولۇپ قالمىسۇن» دېگەندەك ئېھتىيات قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشپەزنىڭ سەمىمىيەت نۇرلىرى چاقنىغان كۆزلىرى ئۇنىڭ

كۆڭلىنى تىندۇردى. كامىل قەغەزنى چاندۇرماي ئالقىنى ئىچىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ تازىلىقنى قىلىپ بولغۇچە تاقىتى - تاق بولۇپ، يۈرىكىنى شادلىق ھەم قورقۇنچ ئارىلىشىپ كەتكەن بىر تۇيغۇ چىرمىۋالدى. تازىلىق تۈگىگەن ھامان، ئۇ دەرھال تەرەتخانىغا كىردى. بۇ ئەللىكتەك كاتەكچىلەرگە بۆلۈنۈپ، تاختايلار بىلەن توسۇلغان ئوقۇغۇچىلار تەرەتخانىسى ئىدى. كامىل ئەڭ چەت كاتەكچىگە باردى - دە، ئولتۇرغان بولۇپ، قەغەزنى ئاچتى. ئۇنىڭغا ئۇششاق خەتلەر بىلەن مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«غازاخۇن ئاكىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەكىرىپ كەتتى. چۈنكى خىزمەت گۇرۇپپىسى كىتابلار ئارخىپىدىكى تىزىملىك ئارقىلىق نۇرغۇن كىتابلارنىڭ يوقالغىنىنى بىلدى. ھازىر غازاخۇن ئاكا ئېغىر قىيناقتا... ئۇنىڭ ساق قايتىپ چىقىشىغا كۆز يەتمەيدۇ... ئەمما، ئۇ تۆمۈردەك قاتتىق ئادەم ئىكەن. نائىبى ئۆز ئىدارىسىنىڭ قاراڭغۇ بىر ئۆيىدە نەزەربەند ئاستىدا، ئۇنىڭ پۈتۈن قولىيازمىلىرى بىر - بىردىن تەھلىل قىلىنىۋاتىدۇ، ئەھۋالى خەتەرلىك؛ شادىمان ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىندە كۆرەشكە تارتىلىۋاتىدۇ... مەسۇم قابىل تەشۋىقات بۆلۈمىدە مەسىلە تاپشۇرۇۋاتىدۇ... ھازىرچە ئالىمجان، ئامانلىلار تىنچ - ئامان... غەزەپ، ئاچچىق، قوپاللىق سىلەرنى قۇتقۇزالمايدۇ، ئېغىر، سالماق، ۋەزمىن بولۇڭلار!»

كامىل ھەيران بولغىنىدىن گاراڭلا بولۇپ قالدى!... خەتنىڭ ئاخىرىدا ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىسمى يوق ئىدى. ئەمما مەزمۇنىدىن قارىغاندا، خەتنىڭ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا يېزىلغىنى ئېنىقلا تۇراتتى. بۇ كىمدۇر؟ پۈچۈركا ئالىمجان ياكى ئامانلىلانىڭ پۈچۈركىسىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ...

كامىل دەرھال ئوقۇتۇش بىناسىغا كىردى. سىنىپلاردىكى پارتا - ئورۇندۇقلار ئۆرۈكلۈك باغقا يۆتكىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆرەشكە تارتىلىدىغان جىن - شەيتانلار كۆرەشتە چۈشكەن سوئاللارغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئەكىلىۋالغان پارتا - ئورۇندۇقلار كارىدورنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە قويۇقلۇق ئىدى. ئۇ، مەسىلىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان ھېكمەتنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، خەتنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى - دە: «تەرەتخانىغا كىر...» دەپ قويدى.

كامىل بىنانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىشىكتىن چىقىپ، پەيپەن تاملىرى ئارىلىقلىرىنى ئارىلىدى ۋە خاتىرىسىنى ئېلىپ بىر نېمىلەرنى يازغان بولدى. باشقىلارنىڭ ئۇنى

«دازبباۋ كۆرۈپ خاتىرە قالدۇرۇۋېتىپتۇ. . . » دېيىشى ئېنىق ئىدى. بۇنداق «دەسمايە» ئىزدەپ، ئەتىكى كۈرەشكە «كالتەك» تەييارلاپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. كامىل خاتىرىسىنى تۇتقان هالدا، بورا تاملىرىنى تېز ـ تېز ئارىلاپ، ئۇچرىغانلارنىڭ چىرايىغا بىر قارىۋېتىپ، تەرەتخانىغا كىردى. بۇ چاغدا، هېكمەت ئەڭ چەتتىكى كاتەكچىدە چۆكۈپ ئولتۇراتتى. كامىل ئۇنىڭ قېشىدىكى كاتەكچىگە كىرىپ، تاختاي ئارىلىقلىرىدىن پىچىرلىدى.

— خەتنى كۆردۈڭمۇ؟ . . . بۇ بىر سۇيىقەست بولۇپ قالمىسۇن؟ . . .

— مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس. . . چۈنكى بىزدىن هېچنېمە تەلەپ قىلمىغان. . .

— غازاخۇن ئاكىنىڭ هاياتى خەۋپ ئاستىدا ئىكەن، قانداق قىلىمىز؟ . . .

— ئامال يوق! . . .

— ئۇستۇڭدىكى بورا يىرتىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم! . . . — هېكمەت تەرەتخانا لەمپىسىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن بورىسىغا قارىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن، كۆڭلىكىمنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى تۇتسام، ئاشۇ يەرنى ئاختۇر، ئىككىنچىسىنى تۇتسام، سېنىڭ جاۋابىڭدىن خەۋەردار بولغان بولىمەن. . . سەنمۇ شۇنداق قىل. . . مۇراتقىمۇ ئۇختۇرۇۋەت. . . بۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمىزغا ئادەم سېلىپ قويۇشى مۇمكىن. . .

— ئۇقتۇم. . .

— هەي ئالدىرىما. . . خەتنى كىم يازغاندۇر؟ . . .

— مەنمۇ بىلەلمىدىم. . . ئەمما هەممىدىن خەۋەردار، قولىقى ئۇزۇن ئادەمدەك تۇرىدۇ. . .

— هامىلاخۇن ئىشەنچلىكمىدۇر؟

— «ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر» دېگەن گەپ بار. مېنىڭچە ئۇ سەممىي. . .

ئەتىسى ئەتىگەندە، هېكمەت قاتتىق كۈرەشكە تارتىلدى. سىنىپنى ئاكتىپلار، مەكتەپ بويىچە تاللانغان چوڭ ئوقۇغۇچىلار، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ سا چۇجاڭ باشلىق ئەزالىرى ئىگىلىگەنىدى. تارتىپ چىقىرىلغان يىگىرمىدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدا بىر يەرگىلا توپلىنىپ يالاڭۋاشتاق ئولتۇراتتى. كۈرەش

باشلىنىشتىن ئىلگىرى جىن ـ شەيتانلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن، ئۇن مىنۇتقىچە توختىماي شوئار توۋلىناتتى. ئىككى ئاكتىپ ھېكمەتنىڭ قولىنى قايرىپ، بېشىنى باسقىنىچە گۈلدۈرلىتىپ ئېلىپ كىرىپ، سىنىپنى ئىككى چۆرگىلەتتى. بۇ جەرياندا شىددەتلىك شوئار ئاۋازى گۈلدۈرلەپ تۇردى! . . .

— مەن تۆنۈگۈنكى سوئاللارغا. . .

شوئار ئاۋازى بېسىقىپ، ھېكمەت ئەمدىلا تەكشۈرۈشنى باشلىۋىدى، تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراش ـ جارقىراش، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلدى:

— ھەي، جىن ـ شەيتان! ئاۋۋال «ئەڭ ئالىي يولىيورۇق»تىن بىرنى ئوقۇ. . .

— ھەي، ئەكسىيەتچى دېگەن ئەكسىيەتچى ـ دە! ئەڭ ئالىي يولىيورۇقنى ئوقۇمىغىنىنى قارا! . . .

— ئەڭ ئالىي يولىيورۇق، ماۋجۇشى بىزگە تەلىم بېرىپ: «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلايلى» دېگەن. . .

— ھەي شيۇجىڭجۇيىچى، — مەمتىلى ئىبراھىم سەكرەپ تۇردى، — سەن «ئۇلۇغ داھىمىز، ئۇلۇغ ئۇستازىمىز، ئۇلۇغ رولچىمىز، ئۇلۇغ باش قوماندانىمىز. . . ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ قىزىل قۇياشىمىز» دېگەننى قوشمىدىڭغۇ؟ . . .

— يولداشلار، — دېدى رېخىم نۇرى (ئۇ ھازىر بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى)، — بۇ ئەشەددىي شيۇجىڭجۇيىچى ئۇنسۇر (رېخىم نۇرى بايىقى سۆزلەپ ئۆتكەن ھەممىسىنى ھاياجان بىلەن تەكرارلىدى) ماۋجۇشىنىڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلايلى» دېگەن ئۇلۇغ ئۇزۇندىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق، «مېنىڭ مەسىلەم خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. . . مەن دۈشمەن ئەمەس. . .» دېمەكچى. . .

— ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەنزە ئاغدۇرۇشىغا يول قويمايلى! . . .

— سەنلەرنىڭ ياۋاش بولۇشىڭغا رۇخسەت، جاھىللىق قىلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ! . . .

— ئىت كاللىسىنى يانجىپ تاشلايلى! . . .

بەش مىنۇتتەك شوئار توۋلانغاندىن كېيىن: «ئېيتە!»، «سۆزلە!»، «ئىقرار قىل!» دېگەن ۋارقىراشلار، دۈشكەلەش، نوقۇش، گەدىنىگە ئۇرۇش ئىشلىرى

يەنە بىردەم داۋاملاشتى.

ھېكمەت تۇراپ تۆلەدىن كىتاب ئەكەلدۈرۈش ئىشى ۋە ئۇنىڭ يازغان خېتىنىڭ مەزمۇنى، زەيتۇنەدىن كەلگەن خەت، «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى» تۈزۈشتە-كى ئوي - خىياللىرىنى سۆزلەپ ئاخىرلاشتۇرمايلا، مەيداندا يەنە ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈلدى.

— سەن پاكىتلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئۆزۈڭنى قاچۇرماقچى، — دېدى قۇتبىرەم.

— ھوي، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر، — دېدى ساجىتخان ئالقانلىرىغا ئۇرۇپ، — تۇراپ تۆلەدەك بىر شيۇجېڭجۇيىچى بىر قېتىم خەت يېزىپلا بولدى قىلامتا؟ قۇيرۇقىڭنى دىڭگايتىۋالماي، ياۋاش بول، بولمىسا، پرولېتارىياتنىڭ مۇشتۇمىنى يەپ كېتىسەن! . . . ھە مانا! . . .

— سېنىڭ زەيتۇنە دېگەن ئالۋاستى جالىپىڭ، — دېدى قۇتبىرەم كۆز پاختىلىرىنى چەكچەيتىپ، — قۇترانقۇلۇق خېتىنى يازغاندىن كېيىن، سەن «سوۋېتكە قېچىش تەشكى-لاتى» قۇردۇڭ، بۇنى ئوچۇق ئېيت.

— سەن ۋەتەندىن يۈز ئۆرىگەن خائىن، — دېدى رېخىم نۇرى باشلىقلىق سالاپىتىنى پەش قىلغاندەك ئەلپازدا، — مەيدەڭدىكى ئىشپىيونلۇق بەلگەڭنىمۇ يوشۇرۇۋاتى-سەن. . . بىلىپ قوي، بىز ئىنقىلابچىلار. . .

— هاي . . . هاي. . . — سا چۇجاڭ قولىنى كۆتۈردى، — ئۇ مەسىلىلىرىنى سۆزلەپ باقمىسۇنمۇ؟ مەسىلە تاپشۇرۇشتا ئىلگىرىلەش بارمۇ ياكى بۇرۇنقىدەك جاھىل-لىق مەيداندا تۇرۇپ، ئۆلۈم يولىنى تاللامدۇ؟ . . .

سا چۇجاڭنىڭ «ئۆلۈم يولى» دېگەن سۆزىدىن جۇدۇنى ئۆرلىگەن ھېكمەت تۇراپ تۆلەنىڭ ستالىن دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئاقلاپ چىقتى، ھەتتا يادىدا قالغان بەزى مىسرالارنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. ئۇلار پۈتۈنلەي ۋەتەننى، خەلقنى كۈيلىگەن جەڭگى-ۋار مىسرالار ئىدى. زەيتۇنەدىن كەلگەن خەت مەسىلىسىدە، ئۆزىگە ياكى دوستلىرىغا قىلچە قارا يۇقتۇرمىدى. ئۇ، راسا قايناپ سۆزلەۋاتقاندا، ئارقىسىدا ئولتۇرغان بىر خام سېمىز بالا ھەدەپ ئۇنىڭ ئىشتىنىنى، كۆڭلىكىنى تارتىپ: «ھەي، سەن خىرۇششېۋمۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ سوراپ ئارام بەرمىدى. بۇ ماھىگۇللەر بىلەن 10 - سىنىپنى بىللە پۈتتۈرۈپ، ياخشىراق خىزمەت ھەم مائاشنىڭ كويىدا يۈرگەن

بالىلارنىڭ بىرسى ئىدى. تاقەت قىلالمىغان ھېكمەت ئۇنىڭغا ئېگىشىپ بوش ئاۋازدا: «مەن ھېكمەت ئېلى» دەپ قويۇۋىدى، ئۇ سەكرەپ تۇرۇپ چالۋاقاپ كەتتى:

— ئىنقىلابىي يولداشلار، بۇ شيوجېڭجۈيىچىنىڭ پوزىتسىيىسى قەبىھ ناچار، ئىنقىلابىي ئاممىغا تەئەددى قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا پرولېتارىياتنىڭ مۇشتۇمىنى تونۇتۇپ قويايلى! . . .

تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئىنقىلابچىلار بىردىنلا ھېكمەتكە تەستەك ۋە مۇشت ياغدۇردى. پرولېتارىياتنىڭ مۇنداق مۇشتۇملىرى بار دەپ ئاڭلىمىغان ھېكمەت بېشىنى قوللىرىدا ئوراپ ئولتۇرۇپ قالغان يېرىدە، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— مەن خىرۇششېۋ! . . .

— ئىنقىلابىي يولداشلار، جىندەك توختايلى، — دېدى رېخىم نۇرى غەلىبە قىلغان ئاۋازدا، — ئۇ ئىقرار قىلدى.

ھەر قېتىملىق كۈرەش مانا مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىق، پاتىپاراقچىلىق بىلەن ئاياقلىشاتتى. بىرسى سوئال سورىسا، بىرسى مەسىلىگىنى تاپشۇر، دەيتتى. بىرسى شوئار توۋلىسا، بىرسى پاق ـ پۇق ئۇراتتى. . . شۇڭا، ئىككى كاتىپمۇ نېمىنى يېزىپ، نېمىنى قويۇشنى بىلمەي، گاڭگىراپ قالاتتى. . .

چۈشتىن كېيىنكى كۈرەش ئەتىگەندىكىدىنمۇ مالىمان بولۇپ كەتتى. بىرسىنىڭ گېپىنى بىرسى ئاڭلىمايتتى. . . كىمدۇر سوئال سوراپ بولغۇچە، يەنە بىرى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپەتتى. . . قىستاش، مەجبۇرلاش، زورمۇزور تېڭىش، تۆھمەت، ئويدۇرما دېگەنلەر ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھېكمەت بىردىنلا كامىلنىڭ يۈقىرىقى تۆگمىسىنى تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ قەستەن بىرەر ئېغىز تەئەددى گەپ ياكى ئۆزىنى ئاقلايدىغان پاكىتتىن بىرنى سۆزلەپ قويۇپ، ئۇلارنى بىر سائەتلەپ ۋارقىراش، تىللاش، شوئار توۋلاش، تەھلىل قىلىشتەك ۋاڭ ـ چۇڭغا سېلىپ قويۇپ، ۋاقىت ئۆتكۈزدى.

ھەممە كەچلىك تاماق يەۋاتقان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ھېكمەت تەرەتخانىغا كىردى ـ دە، يىرتىق بورا ئىچىدىن بىر پارچە قەغەزنى سۇغۇرۇۋالدى. كامىل مۇنۇلارنى يازغانىدى:

. . . «غازاخۇن ئاكا! ئادەم ھايات بولسىلا، تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىش

ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ. . . مەن نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن شۇنداق قارارغا كەلدىمكى، سىلى گۇجان مازارلىقىدىكى شامىگۇر ئىچىگە قويۇلغان كىتابلارنى پاش قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىرىنى ساقلاپ قالسىلا. . . ھېكمەت ئىككىمىز ياش، ھەرقانداق زۇلۇم - ستەملەرگە بەرداشلىق بېرەلەيمىز. . . »

شاگىرتلىرى: كامىل راخمان

كامىل «غازاخۇن ئاكا ئېغىر قىيناقتا، ساق قايتىپ چىقىشىغا كۆز يەتمەيدۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر كېچە ئويلاندى. ئۇ خوتەن زىيالىيلىرىنى كىتابىي بىلىم بىلەن تاكامۇللاشتۇرغان، ئىلىمگە تەشنا مايسىلارنىڭ كۆزىگە نۇر ئاتا قىلغان بۇ مەشئەلنى قانداق قۇتقۇزۇشنىڭ ئامال - چارىلىرىنى ئويلاپ، تېگىگە يېتەلمەدى. ئۇ تەربىيىلىگەن ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەقىب ۋە نەزەربەند ئاستىدا ئىدى. كامىل ئاخىرى بىرەر ئورۇنغا كۆمۈلگەن كىتابنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق غازاخۇن ئاكىنى قۇتقۇزۇش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇلار كىتاب يۆتكەپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ئالىمجان ۋە ئامانىللارلار ھەرخىل خەۋپلىك ئېھتىماللارنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۆزلىرى كۆمگەن كىتابلارنىڭ ئورنىنى كامىلغا دەپ بەرگەنىدى. بىراق كامىل ئۇلارنى ئۇتقا ئىتتىرىشنى خالىمىدى.

كامىلنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن مەمنۇن بولغان ھېكمەت «شاگىرتلىرى» دېگەن خەتنىڭ ئاستىغا «ھېكمەت» دېگەن ئىسمىنى يازدى - دە، ئۇنى يەنە بورا ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ ياتاققا كىردى ۋە بىرىنچى تۇگمىسىنى تۇتتى. بۇنى كۆرگەن مۇرات ئاستىلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، كامىل ئاشخانىغا كىرىپ، ھامىلاخۇن بىلەن كۆرۈشتى.

— ھامىلاخۇن ئاكا، ھېلىقى خەتنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەملا؟ . . .

— نېمە خەت ئىكەن ئۇ؟ — ھامىلاخۇن كۆزلىرىنى ئالايتتى، — مەن ساڭا ھېچنېمە بەرمىدىم. . . ماڭ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەت. . . (ھامىلاخۇن ئالاق - جالاق سىرتقا قارىدى) بىر كىم كۆرۈپ قالسا. . .

كامىل چۈشەندى. بۇ ئادەم خائىن، ساتقىن، سىياسىي يانچۇقچىمۇ ئەمەس. . .

ئەمما ئۇنىڭ ئالاقىلىشۋاتقىنىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ئۇ ئويلاپ يېتەلمىدى. كامىل
چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، ياغاچ تۇڭدىن سۇ ئىچكەن بولۇپ، ئالقىنىدىكى چاپلانغان خەتنى
ئەمبەل تاختا ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى، باغاقچە ئۈستىگە كىمگە تېگىدىغانلىقى
يېزىلغانىدى. . .

كامىل ئەتىسى، ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە، كۈرەش مەيدانىدا بىر كۈن ئۆرە
تۇردى. ھېكمەت بىلەن مۇراتنى بىرلىكتە كۈرەشكە تارتىش بەلگىلەنگەنىدى. شۇڭا،
ئۇلار دۈيبۇ ئىشخانىسىدا نەزەربەند ئاستىدا، مەسلىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

بۈگۈنكى كۈرەش يىغىنىغا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىسمەت بۇجاڭ، سا چۇجاڭ
قاتارلىق رەھبەرلىرى قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىن تەربىيىلىگەن ئادەملىرى تەرىپىدىن
ناھايىتى سىستېمىلىق ھالدا چۈشۈۋاتقان سوئاللار ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلار
بىر سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالماي تۇرۇپ، ئىككىنچى سوئالغا كۆچمەسلىكتەك
تاكتىكىنى قوللانغانىدى. ئەمما، كامىلنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سالماقلىق بىلەن بەر-
گەن جاۋابلىرى، ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلىرى ئىنقىلابچىلارنى گاڭگىرىتىپ، ئىسمەت
بۇجاڭنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.

— سەن، — دېدى ئىسمەت بۇجاڭ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — «ئارزۇ - ئىستەك-
سىز، مەقسەت - نىشانسىز ئىش بولمايدۇ» دېدىڭ. بۇ مەنتىقەڭگە قوشۇلىمەن. بىراق
سەن پاكىتلاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ، مەقسەت - نىشانەڭنى ئاددىيلاشتۇ-
رۇۋاتىسەن. . . بوپتۇ، سېنىڭچە، تۇراپ تۆلەدىن كىتاب ئەكەلدۇرۇشۇڭ ئوقۇغۇ-
چىلارنى كەڭ بىلىم بىلەن تەمىن ئېتىش ئىكەن. . . «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى»
تۈزۈشتە، ياش - ئۆسمۈرلەرنى كىچىكىدىن تارتىپ ۋەتەن، خەلقنى سۆيىدىغان، جىنا-
يەت يولىغا ماڭمايدىغان، ئاتا - ئانىنى مۇقەددەس بىلىدىغان ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈ-
رۈشنى كۆزدە تۇتۇپسەن. . . ئۇنداقتا، فېئودالىزمنىڭ تىپىك تەرغىباتچىسى «بوۋاي
قەمبەر»گە نېمە ئۈچۈن مەقبەرە تىكلىمەكچى بولدۇڭ؟ . . . ۋەتەننى سۆيىدىغان ئادەم
ئىكەنسەن، ئەجەبا زەيتۇنەنىڭ قۇتراتقۇلۇق خېتى كەلسە سۈكۈت قىلىسەنغۇ؟ . . .
بۇلارنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ . . .

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، — كامىلنىڭ چېھرىدە ئىستېھزالىق ئىنچىكە كۈلۈمسىرەش
پارلىدى، — ئۇ خەت ئۆزلىرىنىڭ قولىدا! . . . مەزمۇنىمۇ كۆڭۈللىرىگە ئايان. . .
زەيتۇنە خېتىدە، ھېكمەتنىڭ قانچە-قانچە قېتىملاپ ئۇنىڭ خەتلىرىنى جاۋابسىز قالدۇر-

غانلىقىنى، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدىغانلىقىنى، ھەرگىز چەتكە كەتمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا يالغاندىن «ئۆيلەندىم» دەپ خەت يازغانلىقىنى بايان قىلغان. مەن بۇ خەتنى نېمە دەپ سازايى قىلغۇدەكمەن؟ . . . بۇ «دوستۇم ھېكمەت ۋەتەنگە سادىقەي. . . خەلقىنىڭ پەرزەنتىيەي. . . ئۈچ قىزىل بايراقنى سۆيىدىيەي. . .» دەپ ماختىغىنىم، تەشۋىق قىلغىنىم بولمامدۇ؟ . . . شۇنداق ئەمەسمۇ ئىسمەت بۇجاڭ؟ . . .

— سەن! . . . — ئىسمەت بۇجاڭنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىنقىلابچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، كامىلنى ئۇرۇپ كېتىشتى. . .

— ماۋجۇشى تەلىم بېرىپ، — دېدى كامىل كالپۇكىدىن ساقىغان قاننى سۇرتۇۋېتىپ، — «تەن جازاسى بېرىش — ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى» دېگەن. . . سىلەر ھازىر ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغىنىڭلارنى ھېس قىلىۋاتساڭلار كېرەك! . . .

— قولۇڭنى تارتىش! — ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىسمەت بۇجاڭ ئەمدىلىكتە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كامىلنى ئۇرۇش ئۈچۈن دىۋەيلەپ تۇرغان بىرنەچچە ئالىقاناتقا ۋارقىرىدى، — ماڭ، ئورنۇڭغا بېرىپ ئولتۇرۇش. . .

— مەن سىلىنىڭ دەسلەپكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئالدىدا، — دېدى كامىل ئىسمەت بۇجاڭغا تىكىلىپ، — سىلىدىن بىر سوئال سوراپ باقسام بولامدۇ؟

— سورا. . .

— سىلى بوۋاي قەمبەرنى فېئودالىزمنىڭ تىپىك تەرغىباتچىسى دېدىلە، — كامىل مىقتەك قادالدى، — تەرغىباتچى دەپ مەلۇم تۈزۈم ياكى ھاكىمىيەت، بىرەر كۆزقاراش، ھەم ئېتىقادنى شەرھلەپ مەيدانغا چىققان سىياسىئوننى ئېيتىمىز. . . ئۇنداقتا، بوۋاي قەمبەرنىڭ بىرەر خاتا سۆز، يامان ھەرىكەتلىرىنى دەپ بېرەلەمىلا؟ . . . بولمىسا مېنى قايىل قىلالمايلا. . . ئەگەر قاپقارىسىغا دېگەن بولسىلىرى، بۇ پاكىت بولالمايدۇ. . .

ئىسمەت بۇجاڭ ھەزرىتى بوۋاي قەمبەرنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇنىڭ پەقەت بىر كەنتنىڭ ئاشۇ زات نامىدا ئاتىلىدىغانلىقىدىنلا خەۋىرى بار ئىدى.

— سەن. . . سەن. . . — ئىسمەت بۇجاڭ يەنە تاتىرىپ كەتتى. يۈز بېرىۋاتقان ۋاللارنى كۆرۈپ ئولتۇرغان سا چۇجاڭ ئۇندىمەي ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ كامىلنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلسام، پەيغەمبەر ئالدىدا مەدداھلىق قىلغاندەك بولۇپ قالماي دەپ

قورقىتمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئۈمسۈرۈن چىرايىدىن شۇ نەرسە كۆرۈنۈپ تۇراتتىكى، ئۇ رەسۋايىئالەم بولۇشنى زادىلا خالىمايتتى. . .

كۈرەش مەيداندا بولغان قول قايرىش، ئۇرۇش، تىزلاندۇرۇش، تىل ـ ھاقارەتلەرنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك، ھەرھالدا بىر كۈنلۈك كۈرەش ئۆتۈپ كەتتى. كەچ تەرەپتە، ئوقۇتقۇچىلار، جىن ـ شەيتانلار، ئاۋانگارت گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قارشى بىنا ئالدىدىكى ئۇزۇن كەتكەن بورا تام ئالدىغا گۇرۇلدەشىپ مېڭىشتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارمۇ شۇ قاتاردا بار ئىدى. ھەممە ئادەم قاتىرىسىغا چاپلانغان يىگىرمە ئالتە بەتلىك دازىباۋغا قادىلىپ تۇراتتى. بۇ چايخانا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئايىم نۇرىنىڭ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە قۇرۇلغان قانداقتۇر «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىنى پاش قىلىپ يازغان دازىباۋسى ئىدى. ئۇنىڭدا، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن، ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە چايخانا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاتمىش ئۈچ ئادەم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نائىبىنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى. بولۇپمۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئابدۇرېھىم توختىنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ قېلىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئابدۇرېھىم توختى خوتەننىڭ يىرىك زىيالىيلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى، ئۆزبېكىستان رادىئو ئىستانسىسىدىن: «خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئابدۇرېھىم توختىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن «باي ۋە مالاي» درامىسىنى ئاڭلىتىمىز. . .» دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز ساندۇق رادىئولاردا ياڭرىغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى مۇقەددەس ئەۋلىيادەك بىلىشكەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ قېلىشى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. مانا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئىسمەت بۇجاڭ چايخانا مەكتەپ چوڭ گۇرۇپپىسىدىن چىقماي، بۇ چوڭ تەشكىلاتنىڭ يىلتىزىنى قېزىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. . .

مۇرات ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ ئىككى كۈن كۈرەشكە تارتىلدى. ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان مۇزىكا، ناخشىلىرى، سەھنىدە ئويناپ چىققان كومېدىيىلىرى، شۇنداقلا كامىل، ھېكمەتلەرگە باغلىنىپ قىلغان شىۋجېڭجۇيىلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىندى. باشقىلار ئۇنى «ئەكسىيەتچى» ، «شىۋجېڭجۇيىچى» ، «سىنىپىي دۈشمەن» ، «ئۆمۈچۈك پاچاق» ، «سېركول پاچاق» دېگەندەك تىللار بىلەن تىللاپ، سوئالىنى، پاش قىلىشنى ياكى كۈرەش قىلىش سۆزىنى دەپ بولغۇچە، ئۇ: «راست،

مەن شۇنداق، ئىنقىلابچى دېگەننىڭ كۆزى ئۆتكۈر، پۇت ـ قولى ئىتتىك، ئاغزى چېۋەر بولىدىكەن. مانا بىرلا قاراپ مەندەك دۈشمەننى بىلىۋالدى» دەيتتى ياكى چۈشكەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، قانداقتۇر قىزىق بىر گەپنى چاندۇرماي ئارىغا قېتىۋېتىپ، ھەممىنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى، ئۆزى بولسا ھېچنېمە بولمىغاندەك تورۇسقا قاراپ تۇرۇۋالاتتى. بىرلا كۈلكە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۈرەش كەيپىياتى سۇسلىشىپ، كۆپچىلىك كەچكىچە تۇرغۇن سۇدەك بولۇپ قالاتتى. بىر قېتىملىق كۈرەشكە ساجىتخان مەسئۇل بولدى. ئۇ، بۈگۈنكى كۈرەشتە قانداق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇشتۇمىنى تونۇتۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنى قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— ھوي، مۇرات دېگەن شېنىقۇيرۇق ئەبگا... بىزنىڭ سىياسىتىمىزنى بىلىسەن ئەينا... شۇڭا ياۋاش ـ يۇمشاق، موللا مۇشۇك بولۇپ، مەسىلەڭنى تاپشۇر، بولامتا؟... — دېدى.

— ما... قۇل!...

مۇراتنىڭ بەللىرىنى تولغاپ، غىلجىڭ قىزلاردەك دىمىغىدا غىڭشىپ ھەم سوزۇپ بەرگەن جاۋابى ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ساجىتخان غىتمەك دەسسەپ مەيدانغا چۈشتى ـ دە، مۇراتنىڭ باش ـ دۈمبىلىرىگە قارىقويۇق ئۇرۇپ كەتتى:

— ئىھ، مانا ئەمىسە... دورىغانغا تويدۇڭمۇ؟... ھىم، خوپ بولدى... ۋاي جېنىمەي، — ساجىتخان قوللىرىنى سىلكىدى، — بۇ گاڭ گۇتۇنىڭ دۈمبىسى داشقالدەك قاتتىقكەن ـ يا؟...

— مانىڭدا ئۇرسىلا ساجىتخان، — مۇرات بىر پاي ئايىقىنى سېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى، يۇمشاق، بۇدرۇق قوللىرى ئاغرىپ قاتۇ...

— ھەي، قاتتىق سۆڭەك ئىنقىلابچىلار، — دېدى ساجىتخان كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىپ، — بۇ ئەكسىيەتچىنىڭ خورىكى ئېشىپ ـ تېشىپ، بىز ئىنقىلابچىلارنى «قولۇڭلار يۇمشاق، بۇدرۇق» دەپ ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ...

— ھاي، ھاي، ساجىتخان باشلىق، — دېدى مۇرات قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — «بىز» دېيىش ئارقىلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا ئۆزلىرى ھاقا-

رەت قىلىنۋاتىدىلا، ئۇلار سىلىدەك بەللىرىنى تولغاپ لىڭشىپ، ئاۋازىنى سازلاپ غىڭ-شىپ يۈرمىسە - يا؟...

كۆرەش مەيداندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئا... ساجىتخان، چىقسىلا بىيىنغا، — رىخىم نۇرى ئاچچىقلاپ قالدى، — بۇ ئۇسسۇل ئويناپ، غىلجىڭلايدىغانغا سەھنە بولمىسا - يا؟...

مۇراتنى كۆرەش قىلىش ھەر قېتىم مانا مۇشۇنداق ئاياقلىشاتتى. ئۇ كۆرەشنىڭ يۈنىلىشى، ئىنقىلابچىلارنىڭ كەيپىياتى، چۇشۇۋاتقان سوئاللارنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، ھىيلە - مىكىرلىرىنى، ھەييارلىقىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. بۇ قەشقەر يىگىتى ئەنە شۇنداق شوخلىقى، ھەزىلكەشلىكى، ئويۇن - چاقچاققا ھېرىسمەنلىكى بىلەن ھەممىگە سۆيۈملۈك ئىدى!...

# سىرلىق ساخاۋەتچى

تۈن كېچە.

دەرۋازا ھالقىسىنىڭ قاتتىق شاراقلىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتكەن سەئىدە چالا - پۇچۇق كىيىندى - دە، يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، سەل ئەنسىزلىك ئىچىدە: «كىم؟» دېدى. بىراق جاۋاب بولمىدى. ئۇ دەرۋازا يوچۇقىدىن قاراپ سىرتتا ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. شەپە ياكى تىۋىشمۇ يوق ئىدى. سەئىدە دەرۋازىنى قورقۇپراق ئېچىپ، كوچىغا بويۇنداپ باقتى، بىرەر كىمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ دەرۋازا تاقىقىنى سېلىۋېتىپ، تىلغىنىپ توپىلار دۆۋىلەنگەن، گۈللەر چېچىلغان، پېشايۋاننىڭ خىشلىرى قومۇرۇلغان ھويلىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى - دە، ئايىغى ئاستىدا ئاقىرىپ تۇرغان ئالقاندەك نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ قاتلانغان بىر پارچە قەغەز ئىدى. سەئىدە ئۇنى ئېلىپ، ئالمان - تالمان مېھمانخانىغا كىرىپ چىراغنى ياقتى. دەرۋازىنىڭ قېقىلىشى، سەئىدەنىڭ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن خانىمزاتخان ئانا ياستۇققا يۆلىنىپ، ئىشىككە قاراپ ئولتۇراتتى.

— دەرۋازىنى قاققان كىمكەن قىزىم؟ — دېدى خانىمزاتخان ئانا ئەنسىرىگەندەك قىلىپ، — قولىڭىزدىكى نېمە خەت؟...

— چىقسام ھېچكىم يوق، بۇ خەتنى دەرۋازا يوچۇقىدىن تاشلاپ قويۇپتۇ...

— ئوقۇغا قىزىم، — خانىمزاتخان ئانا تاقەتسىزلەندى، — كاملاخۇن بالامنىڭ خەۋىرى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟...

سەئىدە يامان خەۋەر بولۇپ قالمىسۇن دەپ خەتكە ئاۋۋال تېزدىن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ـ دە، ئاندىن ئۈنلۈك ئوقۇدى:

... «ئەگەر كىتابلار گۈجان مازىرىدىكى شامىگۆزدە بولسا، دەرھال يۆتكىۋېتىڭلار... بولمىسا، كامىل بىلەن ھېكمەت خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ... ئالىمجان ۋە ئامانىللا بۇلۇتلار تارقىغىچە ئۆزىنى دالدىغا ئالسۇن! بۈگۈن سەھەردىن قالمىسۇن... ئامال بار ئۇلارمۇ كىتابلارنى يۆتكىۋەتسۇن... ئەگەر مۇھىم خەۋەر بولسا، خەت يېزىپ، خەتنى كوچىدىكى چوڭ سۆگەت تۈۋىگە كۆمۈپ، ئۈستىگە تاش باستۇرۇپ قويۇڭلار...»

— ئاھ خۇدا، بۇ قانداق دېشىۋارچىلىق؟ — دېدى خانىمزاتخان ئانا ياقىسىنى تۇتۇپ، — ئۇلار يۈرۈگۈڭلاش، گوجاندىكى تۇغقانلارنىڭ باغ ـ ئېتىز، هويلا ـ ئارامىلىرىنى، ئۆيلىرىنى تىلغاپ، توڭغۇز توپىقى ئوينىدى. بىزنىڭ روزىغارىمىزمۇ پايخانغا ئايلاندى. يەنە تۈگىمەيدىغان قانداق ئاختۇرۇش بۇ؟... قانداق مەلئۇن ۋىجدانىنى ساتقاندۇر؟...

— ئانا، مەن دەرھال گۈجان يېزىسىغا تۇغقانلارنىڭكىگە بارىمەن...— سەئىدە رومىلىنى ئارتىپ تەييار بولدى، — كامىل، ھېكمەتلەر كىتابلارنى چوقۇم شامىگۆرگە يوشۇردى...

— تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قاپتۇ، — دېدى خان ئانا دېرىزىگە قاراپ، — شۇنداقتىمۇ قولچىرىغىنى ئېلىۋېلىڭ...

ئوڭ ـ سېپىنى تاپالمىغان سەئىدە پىرقىراپ چىقىپ كەتتى. مەھەللىدىن چىقىشىغىلا، ئىتلار قاۋاپ ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. قولچىرىغىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى كۆزىگە قادالغان هامان پارت ـ پۇرت قېچىۋاتقان ئىتلارنى كۆرگەن سەئىدە «بۇمۇ ياخشى چارىكەن» دەپ ئويلىدى ـ دە، مەھەللىدىن چىقىپ بولغۇچە قولچىرىغىنى ئۆچۈرمەي، ئەتراپىغا ياندۇرۇپ، داپشىنىپ كەلگەن ئىتلارنى قاچۇرۇپ ماڭدى. گۈجان مازىرىنىڭ ئاستىدىكى تار يارلىق ئىچىدە شىپىلداپ كېتىۋاتقان سەئىدە ھېچ نەرسىدىن قورقمىدى، ئۇ، پەقەت بىر تاللا ئۆكىسى بولغان كامىل، ئۇنىڭ جانجىگەر دوستى ھېكمەتنىلا ئويلايتتى. ئەگەر بىرەر بالا ـ قازا يېتىدىغان بولسا، بۇ ياش يوپۇرماقلار دۇنيادىن

ئارمان بىلەن كەتمەمدۇ! . . . ياق، ياق، خۇدايىم ساقلايدۇ. ھەرگىز يامانلىققا جورىماي. . . ھېكمەتنىڭ بىر بالىسى ئانىسىز قالدى. ئەمدى. . . ۋاي خۇدايىم، نېمانداق يامان خىياللار كاللامغا كىرىۋالدۇ؟ . . . كاملىنى بالدۇرراق ئۆيلەپ قويساقمۇ بوپتىكەن. . . خۇدا يولىنى بەرمىسە نېمە ئامال؟ سۆز سالدۇرۇپ توينى قىلايلى دېگەندە، ئۇ بىر يىللىق رېجىمدا يېزىدا بولۇپ قالدى. ئۇنى تۈگىتىپ، راسا توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، مەرەجىخان قازا قىلدى. نەفسە بىر يىللىق قارىسىنى تۈگىتىپ، ئانىسىنىڭ يىل نەزىرىسىنى بېرىپ بولۇشىغا، مانا بۇ «مەينەت» ئىنقىلابى ئۇلگۈرۈپ كەلدى. . . ۋاي ـ ۋۇي، نېمانداق تۈگىمەيدىغان ھەرىكەت بۇ؟ . . . ئۆمرىمىز ھەرىكەت ئىككىلىرىدە خورلاپلا ئۆتەمدىغاندۇر؟ خۇددى كۆرسۈك قانجۇقنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغان لالما ئىتلاردەك، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن سوكۇلداپ كەلگىنى ـ كەلگەن. . .

ئەلھال، سەئىدە ئېسىنى بىلگەندىن بېرى، نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى كۆردى، خورلىقىنى تارتتى. سىنىپىي تەركىب ئايرىش ھەرىكىتى، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرىدە، پومېشچىكلار، باي دېھقانلار باستۇرۇلدى. ئۇ چاغدا، سەئىدىلەرنىڭ ئائىلىسى «بۇرژۇئازىيە» دەپ ئايرىلىپ، يۇرۇڭقاشتىكى قورۇ ـ جايلىرىدىن، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلدى. كادىرلار خان ئانىسىنىڭ، سەئىدەنىڭ قۇلاقلىرىدىكى زىرە ـ ھالقىلارنى يۇلۇۋېلىپ، كىگىز ـ گىلەم، يوتقان ـ كۆرپە، ئۆي جاھازلىرىنى ھارۋىلارغا بېسىپ ماڭغاندا، يىغلاپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن سەئىدە ئىشىك ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، «3 كە قارشى»، «5 كە قارشى» دېگەن ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ئادەملەر قاردا قالغان پىدىگەندەك سولىشىپ ھالىدىن كەتتى. . .

سەئىدە ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە، سىدىق نىياز ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىغا ياتلىق بولدى. ئىككى يىل ئۆي تۇتۇپ، بالىلىق بولالمىغاندىن كېيىن، قېيىنانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى. بىراق ئۇلار ناھايىتى ئامراق ئەر ـ خوتۇنلار بولغانىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سىدىق نىياز ئۇنىڭغا قايتا يارىشىۋېلىش تەلىپىنى قويدى، سەئىدە ئۇنىمىدى. سىدىق نىياز: «ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، بالا بولمىسىمۇ بەھۇزۇر بەختلىك ئۆتىدىغانلىقىنى، ئەگەر سەئىدە قوشۇلسا، بالا بېقىۋالسىمۇ بولىدىغانلىقىنى» ئېيتىپ، بوسۇغىدىن زادى كەتمىدى.

خانىزاتخان ئانا: «بوپتۇ قىزىم، بىراۋنىڭ ئوت-ئوۋالىغا قالماڭ!» دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇلار قايتا يارىشىۋېلىش ھارپىسىدا تۇراتتى، «چوڭ ئېچىلىپ، چوڭ سايراش» ھەرىكىتى، ئارقىدىنلا «ئىستىل تۈزىتىش»، «ئوڭچىلارغا – يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بېرىش» ھەرىكەتلىرى ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەن بۆرە كۈچۈكلىرىدەك سوكۇلدىشىپ يېتىپ كەلدى. «ۋاي، دادىل ئېچىلىپ سايراڭلار. . . كوكۇلاڭلاردىن تۇتۇۋالمايمىز. . . پەقەت سىلەردىن پىكىر ئېلىپ، جەمئىيەتنى تۈزەيمىز، خىزمىتىمىزدە يۈز بەرگەن نۇقسانلارنى ئوڭشايمىز. . .» دېگەن قاپقانغا دەسسىگەن سىدىق نىياز «خەلق گۈڭشېسى»، «جامائەت ئاشخانىسى»، «خەلق تۇرمۇشى» ھەققىدە سايراپ قويۇپ، «ئوڭچى – يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاقنى كىيىپ قالدى. خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، «دۈشمەن» قاتارىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىدىن ئازابلانغان بۇ ئوقۇتقۇچى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. . . شۇنىڭدىن كېيىن، «سوتسىيالىستىك تەربىيە»، «شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرى يېتىپ كېلىپ، كىشىلەر قانتى قىرقىلغان كەپتەردەك يىراققا ئۇچالمايدىغان، پوكىنى تويغۇدەك دانغا ئېرىشەلمەيدىغان ھالغا كەلدى. مانا ئەمدى قانداقتۇر بۇ «مەينەت» ئىنقىلاب باشلاندى. بۇنىڭ سۈرلۈك، ۋەھىمىلىك، ياۋۇز داغدۇغىسىغا قارىغاندا، ئادەملەرنى ئۆتكەنكىلەردىنمۇ بەتتەررەك قارا كۈنلەر كۈتۈپ تۇراتتى. . .

. . . مەشئۇم خىياللار ئىلكىدە يۈرىكى ئەلەمزادە بولغان سەئىدە گۈجان يېزىسىغا كىرىشى بىلەن، يەنە ئىتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. ئۇ ۋارقىراپ – جارقىراپ، يەرگە ئېڭىشىپ يۈرۈپ، قوش قاناتلىق ئەگۈن ئالدىغا كېلىپ، ھالقىنى شىرىقلاتقاچ، ۋارقىرىدى:

— ھاشىمكا! . . . ھوي. . . ھاشىمكا! . . .

خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكەندىلا، ئىشىكنىڭ «غىيىق» قىلغان ئاۋازى ۋە بىر كىمنىڭ «ئو» دېگەن ئۇيقۇلۇق خىرقىرىغان جاۋابى كەلدى. دەرۋازا ئېچىلىپ، خېلىلا ئاسقاقلاپ ماڭىدىغان، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى كۆرەك ساقال بىر كىشى چىقتى. بۇ كىشى خانىزاتخان ئانىنىڭ ئانا جەمەت شىرەم تۇغقانلىرىدىن ئىدى. سەئىدە ئالدىرىغان ۋە ھودۇققان ھالدا، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. ھاشىماخۇن بىر كۆزىنى قىسىپ، قۇلىقىنى جاھىللىق بىلەن كوچىلىدى. ئاندىن ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ، بىر چىمدىم ناسۋالنى كالپۇك ئاستىغا ئاتتى. كالپۇكىنىڭ چەت – چۆرىسىدە قالغانلىرىنى بارماقلى-

ـرى بىلەن سىيرىۋەتتى ۋە غەلىتە ئاۋازدا:

— تۈنۈگۈن بىر مۇنچە ئالىقاناتلار كېلىپ، باغ ـ ۋاران، هويلا ـ ئارامىلارنى ئەرەختىم ـ پەرەختىم قىلىۋەتتى. . . ئۇلار چاقمىغان كان ئوچاق، كاڭلار قالمىدى. هەي. . . مۇشۇ كامىل بالىمچۇ، ئىش تېرىپلا يۈرۈيدىكەن. . . بوپتۇ، مەن كەتمەن بىلەن ئىككى تاغار ئېلىپ چىقاي، — دېدى.

هاشىماخۇن بىردەمدىلا چىقتى. ئۇلار قىڭغىر ـ قىيسىق ئېتىز يوللىرى بىلەن مازارلىققا كېتىپ باراتتى. تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. هاشىماخۇن خۇددى بىر پۇتى دۈگدە، بىر پۇتى چوڭقۇردا ماڭغاندەك دىكوس ـ دىكوس قىلىپ يوغان چامداپ كېتىۋا‌ـ تاتتى. هەر قەدەم ئالغاندا، سول مۈرىسى پەسلەپ، بېشىمۇ بىر ياققا سىڭايان بولۇپ كېتەتتى.

ئۇلار مازارلىققا قايتىپ كېلىشتى. شامىگۈرنىڭ قايتا ئېچىلغان ئويۇقچىسىنى پەرقلەندۈرمەك ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. شۇڭا، هاشىماخۇن تىزىلغان كېسەكلەرنى ئېلىۋېتىشى بىلەن، شامىگۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى. كىتابلار مۆلچەردىكىدىن كۆپ بولۇپ چىقتى. هاشىماخۇن بىلەن سەئىدەگە ئۇلارنى ئىككى قېتىم توشۇشقا توغرا كەلدى. ئۇلار كىتابلارنى قوي قوتىنىغا دۆۋىلەپ بولغاندا، قۇياش كۆجۈم كەتتىلەر باغلىرىدىن قان ئۇيۇتمىسىدەك قىزىرىپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

— هاشىمانكا، سىلى بۇ كىتابلارنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويسىلا، — دېدى سەئىدە ئالىمجان، ئامانىللالاردىن ئەنسىرەپ، — مېنىڭ مۇهىم ئىشىم بار. هازىرلا ماڭمىسام بولمايدۇ. . .

— نەگىمۇ يوشۇرارمەن سەئىدە خېنىم؟ — كەتتىمىزگە ئىككى تاشلىق سۇ تەقسىم قىلىنىپتىكەن، پۈتۈن ئېتىز ـ ئېرىق پاتقاقچىلىق. . . ئۇ لەنتىلەر كىتابلارنى شامى‌ـ گۈردىن تاپالمىغاندىن كېيىن بۇ يەرگىمۇ يەنە كېلىدۇ. . .

— نېمە قىلسىلا قىلىپ يوقاتسىلا. . . ئۇلار هەرگىز بىلىپ قالمىسۇن. . .

سەئىدە كەلگەن يولى بويىچە ئارقىغا قايتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ مەيدىسى ئېچىشىپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۆيىگە كىرمەي، دەرۋازا ئالدىدىن تېز ئۆتۈپ كەتتى. «ئالىم‌ـ جان ۋە ئامانىللا ئۆزىنى دالدىغا ئالسۇن، بۈگۈن سەهەردىن قالمىسۇن. . .» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىدا تەكرارلىنىپلا تۇراتتى. . .

سەئىدە چايخانا مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، گۈلباغ تەرەپتىن كېلە‌ـ

ۋاتقان ساقاللىرى پاكىزە قىرىلغان، يۈزلىرى ياغلىشاڭغۇ بىر ئادەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغاندەك قىلدى. يۈرىكى «قارتلا» قىلغان سەئىدە خېلى ئۇزاپ ئارقىغا قايرىلغىنىدا، ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئۇيغان هالدا تېز كېتىپ قالدى.

بۇ ئادەم كېچىدىن سەئىدەنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، خەتنى تاشلاپلا قايتىپ كەتكەن ئاشپەز هاملاخۇن ئىدى. ئۇ مەكتەپكە كىردى ـ دە، ئاشخانىدىكى ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. تۆت كۈندىن بېرى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، كۆل بويىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيۋاتقان كامىل ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، قاچىسىغا سۇ ئالغان بولۇپ، كۆل بويىدا ئولتۇرغانىدى، چېلەك كۆتۈرگەن هامىل يېتىپ كەلدى. ئۇ ناهايىتى ئۇستىلىق بىلەن، كاللەكلەنگەن بىر قەغەزنى كامىلنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

كامىل ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى ـ دە، تەرەتخانىغا كىرىپ، قەغەزنى ئاچتى. بۇ غازاخۇن ئاكىنىڭ جاۋابى ئىدى:

. . . «كامىل، خېتىڭلارنى بىر تال سۆڭەكنىڭ يىلىك ئورنىدىن تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭغا ئامانلىلا، ئالىمجانلارمۇ قول قويۇپتۇ. . . مەن ئۆزۈمنىڭ قېرىغانلىقىمنى، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى تۆكۈلۈپ، بىلىمدىن قۇۋۋەت، تېنىمدىن مادار كەتكەنلىكىنى بۈگۈنلا هېس قىلدىم! . . . هازىرغىچە ئىشەكتىن بەتتەر دۆت خىزمەت گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىدىن قورقماي، پىسەنتىمگە ئالماي، جەرەستاندا رەسۋا قىلىپ، مىنبىڭلارنىڭ تاياق ـ توقماقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، كۈرەش مەيدانىدا رۇستەمى داستاندەك تۇرۇپ كەلگەنىدىم. . . نېمە ئۈچۈن؟ مەن سىلەرگە قىسقىغىنا بىر هېكايە سۆزلەپ بېرەي: ‹خوتەن سېپىلىنى سوققاندا، دوغىلار بىر ياش يىگىتنى هاشارغا تۇتۇپ كېلىپ، سېپىل ئۈستىگە كېسەك ئاتقىلى سېپتۇ. باشقىلار بىر كېسەكنىمۇ ئاتالماي، پوتلا ـ مىشقىلىرى ئېقىپ تۇرغاندا، بۇ يىگىت ئىككى ـ ئۈچ كېسەكنى جۈپلەپ، پەي ياستۇقنى ئاتقاندەك كۈچىمەيلا ئاتقۇدەك. سۇلتان بېگىم بۇنى كۆرۈپ، يېنىدىكى يۈزبېشىدىن بۇ ئىشنىڭ خاسىيىتىنى سوراپتۇ. يۈزبېشى: ئاشۇ يىگىتنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ باقساق بىلىمىز. . . دەپتۇ ـ دە، نۆكەرلىرىنى ئەۋەتىپ ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن چىققان تېرە هەميانغا تولدۇرۇلغان تىللالىرىنى تارتىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يىگىت هالىدىن كېتىپ، بىر كېسەكنىمۇ ئاتالماي قاپتۇ. . . › مەن هازىر تىللالىرىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ روهىي سۇنغان ئاشۇ يىگىتنىڭ ئۆزى بولۇپ

قالدىم! . . . تىلالار ئۇنىڭ يۈرىكىگە شادلىق، تېنىگە قۇۋۋەت بولغان بولسا، ئاشۇ كىتابلار مېنىڭ كۆزۈمگە نۇر، ۋۇجۇدۇمغا ياشلىق قانلىرى، يۈرىكىمگە پۈتمەس - تۈگىمەس قۇۋۋەت ئاتا قىلغان، ئۆزۈمنى ياشلاردىن ئارتۇقراق جەڭگىۋار سەزگەنىدىم. . . لېكىن، سىلەرنىڭ خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، يۈز بېرىۋاتقان قىيناقلاردىن ئون باراۋەر ئارتۇق ئازابلاندىم! . . . مەن سىلەرنى مىللىتىمىزنىڭ جەۋ-ھەرلىرى، كۆز نۇرى، ئىنجۇ - يالتىراقلىرى، ئالماستەك چىڭ يىگىتلەر دەپ بىلەت-تىم. . . لېكىن، ھازىر ئويلىسام، سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار قاتماپتۇ، يىلىكىڭلار سۇ-يۇق، پىكىر قىلىشىڭلار خام بولۇپ چىقتىڭلار. . . ئويلاپ بېقىڭلار، مەن قېرىنىڭ ئازغىنا قالغان ئەرزىمەس ھاياتىنى ئاشۇ كىتابلارنىڭ بىرەر قۇر سەھىپىسىگە تېگىشكىلى بولارمۇ؟ . . . ئەگەر «تېگىشكىلى بولىدۇ» دېسەڭلار، ئۇ كىتابلارنىڭ نېمە قىممە-تى بولسۇن! . . .»

كامىلنىڭ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكىنى ئۆزىگە بىلىندى. شۇدەم، ئاچچىق چىرقىرىغان پۈشتەك ئاۋازى مەكتەپ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. كامىل خەتنى بورا ئاستىغا يوشۇردى - دە، تەرەتخانىدىن يېنىپ چىقتى. چۈنكى، بۇنداق پۈشتەك ئاۋازى تاسادىپىي ئاشكارىلانغان بىرەر ئەكسىيەتچىنىڭ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ياكى چاپلانغان دازىباۋلارغا سۇ، يۇندا چېچىپ بۇزغۇنچىلىق قىلغان بۇزغۇنچىلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

سىرتتىكى ئوقۇتقۇچىلار، جىن - شەيتانلار بىنا ئىشىكىگە پاتماي يۈگۈرۈشەتتى. كامىل پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چىقىپ، كارىدورغا كىرىشى بىلەن، رېخىم نۇرى، ساجىت-خان، مەمتىلى ئىبراھىم باشلىق ئالتە - يەتتىدەك ئىنقىلابچىلار يوپۇرۇلۇپ كەلدى - دە، كامىلنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلاشتى ۋە ئۇنى ئۇزۇن ھەم كەڭ كارىدوردا پانا قاققاندەك تۇرۇشۇپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن ئېلىپ مېڭىپ، ئوتتۇرىدىكى تىكتاك توپ جوزىسى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. بۇ يەردە ھېكمەت بىلەن مۇراتمۇ باغلاقلىق تۇراتتى. ئىسمەت بوجاڭ، سا جۇجاڭ قاتارلىق خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرىمۇ تولۇق يىغىلغانىدى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار تىكتاك توپ جوزىسى ئۈستىگە چىقىرىلدى، ھەر بىرسىنىڭ ئارقىسىدا ئىككىدىن ئىنقىلابچى ئۇلارنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇردى. بۇ لەنتىلەرنىڭ يەڭلىرى تۈرۈلگەن، توكلۇك بىلەكلىرى، مۇشتۇمدەك ئۆسۈپ چىققان

قاپاقلىرى، قان قۇيغاندەك كۆزلىرى خۇددى موپتۇگۈزىدا كاللا چاپىدىغان جاللاتلارنىڭ
ياۋۇز قىياپىتىگىلا ئوخشايتتى.
— ئەڭ ئالىي يولىيورۇق: ئۇلۇغ داھىمىز، ئۇلۇغ ئۇستازىمىز، ئۇلۇغ رولچىمىز،
ئۇلۇغ باش قوماندانىمىز، ئۇلۇغ باشپاناھىمىز، قەلبىمىزدىكى ئەڭ قىزىل، ئەڭ
قىزىل، ئەڭ قىزىل قۇياشىمىز قەدىردان ئاتىمىز ماۋجۇشى بىزگە تەلىم بېرىپ، —
بۇ سۆزلەرنى دەپ بولغۇچە ئىسمەت بۇجاڭنىڭ نەپىسى يەتمەي، ئاۋازى بوغۇلۇپ
قالدى، — «سەن چېقىلمىساڭ، بىزمۇ چېقىلمايمىز، ئەگەر سەن چېقىلىدىغان
بولساڭ، بىز سېنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىمىز...» دېگەن... سىنىپىي دۇشمەنلەر
ئۇخلاپ ياتقىنى يوق، ئۇنىڭ پولاتتەك پاكىتى مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ... بۇ ئەكسىيەت-
چىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل خورىكى ئېشىپ - تېشىپ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسى بىلەن
ئاخىرىغىچە دۇشمەنلەشتى. ئۇلار ئىنقىلاب باشلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار يىغىلغاندىن كې-
يىنمۇ، شېرىكلىرى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىدىن
نۇرغۇنلىغان ئەكسىيەتچى كىتابلارنى ئوغرىلاپ يوشۇرغان. ھازىر توردىن چۇشۇپ قالغان
قالدۇق دۇشمەنلەرمۇ قولغا چۈشتى... كىتابلارنىڭ بىر قىسمى تېپىلدى، قالغانلىرد-
نى داۋاملىق ئىزدەۋاتىمىز... بۇ جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ بەزى شېرىكلىرى ھەقىقەتكە
قايتىپ، ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنىڭ نۇرى ئاستىدا، ئارقىغا قارىتىپ نەيزە
ئۇرماقتا...
ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئۆگزىلىرىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك شوئارلار بىر ھازاغىچە توختىد-
ماي گۇلدۇرلەپ تۇردى. بۇ شىددەتلىك ئاۋازلار كەڭ ئاسفالىت كوچىلاردىن ئۆتۈپ،
گۇلباغ رەستىلىرىگىمۇ ئاڭلاندى.
شۇ كۇندىن ئېتىبارەن، دەھشەتلىك كۇرەش، قىستاش، ھەرخىل قىيناقلار كا-
مىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا مەركەزلەشتى. بەزى كېچىلىرى تۇن نىسپى بىلەن پۇشتەك
چېلىناتتى - دە، ئۇيقۇغا قانمىغان مۇئەللىملەر يېرىم - يالىڭاچ ھالدا كارىدورغا
توپلىنىپ، «ئارام ئالدۇرۇش»[1]كۇرىشىگە قاتنىشاتتى. تىكتاك توپ جوزىسىغا چىقد-
رىلغان كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ كەڭ كېرىلگەن ئالقانلىرىغا ئىككىدىن خىش

[1] «ئارام ئالدۇرۇش» — كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قىيناققا ئې-
لىش.

قويۇپ، ئۆزلىرىنى ئىككى يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىغا قارىتىپ قويۇپ، كۆرەشكە تارتاتتى. ئۆتكۈر نۇر زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ياكى چىمىلداپ قالغان ھامان، ئۇلارغا تاياق سالاتتى... شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۈچ دوست تەرەتخانا لەمپىسىدىكى يىرتىق بورا ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى توختاتمىدى!... «ئارام ئالدۇرۇش» يۈز بەرگەن كېچىنىڭ ئەتىسى ھېكمەت مۇنداق بىر خەتنى تاپشۇرۇۋالدى:

«ھېكمەت، مۇرات، بىلىپ قېلىڭلار! مەسۇم قابىل خائىن!... ئۇ ئامانىللا يوشۇرغان كىتابلارنىلا بىلىدۇ، قالغىنىدىن خەۋىرى يوق! شۇڭا، ئۇنىڭ ‹سىياسىي يانچۇقچىلىق قىلىپ، باشقىلارنى ئۆزىگە چېتىۋالغانلىقى› دا چىڭ تۇرىمىز...»

بىر كۈنى، تاڭ سەھەردىلا پۈشتەك چېلىنىپ، پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار كارىدورغا يىغىلدى. سا چۇجاڭ «كەلكۈن ئاپىتىنى تىزگىنلەش» ئۈچۈن، يۈرۈڭقاش دەرياسىغا ئەمگەككە بارىدىغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. بىرنەچچە ئايدىن بېرى سىرتنى كۆرمەي، دەرۋازا ئەتراپىنى كۈنلەپ ئايلىنىپ يۈرگەن تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلىشالماي يۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياداڭغۇ چىرايىنى ۋىللىدە خۇشاللىق قاپلىدى. سا چۇجاڭ سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئارا ئەكسىلئىنقىلابىي ئالاقە قىلىشىغا قارىتا ھوشيارلىقنى قەتئىي ئۆستۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار تۆتتىن تىزىلىپ يولغا چىقىشتى. ئۇلارنىڭ قۇيرۇقى دەرۋازىدىن ئۈزۈلمەيلا، توپلانغان ئالامان يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئەتراپنى قورشاپ ماڭغان مىلىبىڭ ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ توسقىنىغا، تىللاپ - ۋارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماي: «دادا، ئانا، ئاكا، ئاچا، ئۇكام...» دەپ تولۇشۇپ، بىرسى يېمەكلىك تەڭلىسە، بىرسى كىيىم - كېچەك سۇناتتى. بىرسى ئېسىلىپ يىغلىسا، بىرسى يەردە سۆرۈلەتتى... ئەپتىدىن كۆچتۈڭگۈرلىكى بىلىنىپ تۇرغان قاپقارا بىر ئادەم كالتەك چۆرىگەن مىلىبىڭنى بىرلا ئۇرۇپ تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى... قالغان مىلىبىڭلار يۈگۈرۈپ كېلىۋىدى، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنى ئورىۋېلىشتى. مىلىبىڭلار ئالاماننىڭ ئوت بولۇپ يانغان كۆزلىرىنى، ئاتقۇچىنىڭ توقمىقىدەك تۈرۈلگەن مۇشتۇملىرىنى كۆرۈپ: «ئويناشتۇق» دېگەندەك ھىجىيىشىپ، ئارقىغا چېكىنىدى. ھېكمەت بويۇنداپ ئەتراپقا قارايتتى. بۇنداق پۇرسەت ئاسان كەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئاۋغان كوچىسى ئېغىزىغا كەلگەندە، «نەبى!» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى. بىراق شۇ پەيتتە، ئەزىمەتنى كۆتۈرگەن نەبى، قولىدا بوپيا قۇچاقلىغان سەئىدە يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— ھېكمەت ئاكا! . . .
— نەبى! . . . ئەزىمەت! ! . . .
مىنبەگلار «ھايت ـ ھۇيت» دەپ بولغۇچە، ھېكمەت باغرىغا بېسىۋالغان ئوغلىنىڭ يۈز، بويۇن، كۆز، قۇلاق، مەگزىلىرىگە سۆيۈپ ھۆل قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىغانىدى.
— جېنىم ئۇكام كامىل! . . . بۇ سېنىڭ كىيىملىرىڭ. . . نەبى خەۋەر قىلمىغان بولسا، سېنىڭ دىدارىڭنى كۆرەلمەس ئىكەنمەن. . .
— خان ئانام ياخشى تۇردىمۇ؟
— خاتىرجەم بول، ناھايىتى ياخشى. . .
مۇراتنى قولتۇقلاپ كېلىۋاتقان زۇمرەت ھېكمەتنىڭ بالىسىنى باغرىغا بېسىۋېلىپ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى. «ئارام ئالدۇرۇش»تا بىر مىنبېگ مۇراتنىڭ پۇتىغا قاتتىق ئۇرۇپ تېپىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇشۇقى ئىششىپ كەتكەنىدى.
— نەبى، ئانام قانداقراق تۇردى؟ — ھېكمەت قاتاردا كېتىۋېتىپ سورىدى.
— ياخشى! سىز ھەر ئايدا چىقارغان پۇللارنى ساق تاپشۇرۇۋالدىم. . . ماھىگۈل ئاچامنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەتتى. . . ئۇ. . .
— دادا، ئۆيگە كېتىلى، — دېدى ئەزىمەت نەبىنىڭ قولىدا بولجۇنۇپ، — ئانام سىزگە لەغمەن بېيىدۇ. . . نەبى ئاكام ياساپ بەرگەن پىقىيغۇچنى سىزگە بېيىمەن. . .
ئەتراپتىكىلەردىن ئەندىككەن مىنبېگلار ئوقۇتقۇچىلارنى «پو، پو»غا قاتىرىتىپ ئېلىپ ماڭدى. جامەدىن ئۆتكەندە، ھېكمەت تار كوچا ئېغىزىدىكى بىرتۈپ قېرى سۆگەتنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىگە كۆلۈپ قاراپ تۇرغان گۈلرۇزنى كۆرۈپ قالدى. ھەر ھالدا ئۇنىڭ كۈلكىسى سەمىمىيدەك قىلاتتى. ئەمما نەبى ئۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدىمۇ، تويىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي، ئەزىمەتنى ھېلى ئۇ قولىغا، ھېلى بۇ قولىغا يۆتكەپ، بەزىدە ھاپاش قىلىپ يۈگۈرۈپ، دەرياغا بىللە كەلدى. بۇ دۇنيادا بىر كىمنىڭ بىر كىمدە قالمايدىكەن. ھېكمەت ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئاكىلىق مېھرىنى بېرىپ، قانات ياپقانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆكىلىقىنى يەتكۈزدى. قاراڭ، ئۇنىڭ «ھېكمەت ئاكام ئوغلىنى كۆپرەك كۆرۈپ بۇ جىگەر پارىسىغا قېنىۋالسۇن» دەپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ

كەتكىنىنى! . . .

دەريادا تولۇق بىر كۈن ئىشلەشكە پۇرسەت بولمىدى. قايسىدۇر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، ئۇماچتەك قويۇق ئېقىۋاتقان كەلكۈن دولقۇنلىرىغا كىرىپ كېتىپ غايىب بولدى. دەرياغا ئۆزىنى تاشلىغان يەنە بىر ئايال ئوقۇتقۇچى «چۇراڭ»[1]غا ئىلىنىپ قالغانىدى، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ چىقىشتى - دە، باغلىۋەتتى. . . شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچىلارنى سۇر - توقاي قىلىپ ھەيدەپ مېڭىشتى. . . قورسىقى ئېچىپ چىرايى تاتىرىپ قالغان نەبى ھېكمەتنىڭ يان ئۆدۈلىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئەزىمەتنىڭ قولىدا بىر پارچە نان بار ئىدى. ئۇ ناننى پات - پاتلا چىشلەپ ئۈزۈپ، نەبىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قوياتتى.

ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپكە قايتىپ، چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولار - بولمايلا، دازىباۋ تاملىرى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. دەريا ئەمگىكىگە چىقماي، مەسىلە پاش قىلىشقا قالغان ئايىم نۇرىنىڭ ئاتمىش تۆت بەتلىك دازىباۋسى چاپلانغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىغا سۆرەپ ئېلىپ كىرگەن ئادىمى بىريۈز ئاتمىش بىرگە يەتكەنىدى. ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، يەرلىك كومىتېت، دوختۇرخانا، چايخانا مەكتەپ، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئىدارە - جەمئىيەتلەردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلارنىڭ كۆپى دېگۈدەك بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغانىدى. دازىباۋنىڭ سەۋىيىسىنى تۆۋەن دېگىلى بولمايتتى. ئايىم نۇرى پىشقان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھەم شائىرلىقتىن تەمىي بار، ئېستېتىك تىلەكلەرگە زوقمەن، رومانتىك خىياللارغا باي ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، يازغان دازىباۋلىرىدىكى قويغان مەسىلەلەر، ئىسپاتلاش، يەكۈن چىقىرىش، مەنتىقە، خۇلاسىلەشلەرگە ئايىماي رەڭ بەرگەچكە، كىشىلەر ئىشەنمەي تۇرالمايتتى. تەشكىلاتنىڭ پروگراممىلىرى، مەقسەت - نىشانلىرى، بايرىقى، نەچچە قېتىملىق ئېچىلغان يىغىنلىرىدا قارار قىلىنغان مەسىلىلەر، ھەتتا مازارلىقتا كىملەرنىڭدۇر رەسىمىنى قەبرە بېشىغا سانجىپ قويۇپ بەرگەن قەسەملەر. . . روشەن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغانىدى. توۋا، كونىلار: «ئازمايدىغان بەندە يوق، خام سۈت ئەمگەن ئىنسان. . .» دېيىشىپ، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، قاتىللىق،

① چۇراڭ — ئېچىگە تاش تولدۇرۇلغان سىم تور. كەلكۈن ئاغدۇرۇۋاتقان خەتەرلىك يەرلەرگە تاشلىنىدۇ.

بۇلاڭچىلىق قىلغانلارنىمۇ كەچۈرۈشكەنىكەن. . . بىراق بۇ ئايىم نۇرىدەك سىياسىي يانچۇقچىنى ئەپۇ قىلىشقا بولارمۇ؟ . . . ياق، ئۇ ئىنساننىڭ خام سۈتىنى ئەمەس، ياۋا توڭگۇزنىڭ خام سۈتىنى ئەمگەن بولۇشى مۇمكىن. دۇنياغا ئاپىرىدە بولمىغان، مەزگىلسىز بولسىمۇ خوتەن دىيارىدا تۇغۇلمىغان «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار. . .» نەدىن پەيدا بولدى؟ بۇنى ئايىم نۇرى قارا قارىنىدا يېتىلدۈرۈپ، قارا ئۆپكىسىدە نەپەسلەندۈرۈپ، قارا يۈرىكىدە قۇۋۋەت بېرىپ، قارا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى تەۋەللۇت قىلغانىدى! . . . بۇ قارا هارامىلىقنىڭ دەردىدە، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن، ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئاق تېررورلۇق هەددىدىن ئاشتى، ئىنسان ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان دەرىجىدىكى فاشىستلارچە قىيناقلار ئەۋج ئالدى. قانچە - قانچىلىغان زىيالىيلارنىڭ كۆزلىرىدىن قان بىلەن يىرىڭ ئاقتى! . . .

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، رېخىم نۇرى، ساجىتخان، مەمتىلى ئىبراهىملار يېگىرمە توققۇز نەپەر جىن - شەيتاننى مەيدان تازىلىقنى قىلىشقا ئېلىپ چىقتى. نۆۋەت بويىچە، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى هەپتىدە بىر قېتىم تازىلىقنى ئۈستىگە ئالاتتى. كامىل، هېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئارقىسىغا بىردىن ئاكتىپ سېلىپ قويغانىدى. كامىل تەرەتخانا ئەتراپىغا سۇ سېپىپ سۈپۈرۈۋاتاتتى. رېخىم نۇرى ئۇنىڭ يېنىدىلا ئايلىنىپ يۈرەتتى. تەرەتخانىغا كېتىۋاتقان ئاشپەز هامىلاخۇن ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— رېخىم نۇرى مۇئەللىم، — دېدى هامىلاخۇن ئارقىسىغا قىلىپ تۇرغان قولىدىكى كاللەكلەنگەن كىچىككىنە قەغەزنى سۈپۈرۈلۈۋاتقان يەرگە تىرناقلىرى بىلەن شىرتىدە ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، — ئۆتكەندە تازىلىق قىلغاندا بىر داس تېشىلىپ كېتىپتۇ. . . بۇنداق ئايىماي ئىشلىتىدىغان ئىش بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن هەرگىز داس بەرمەيمەن. . .

— خاپا بولمىسىلا ئۇستام، بۇ قايسى جىن - شەيتاننىڭ ئىشى؟ سۈرۈشتە قىلاي. . .

— بولدى، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەڭلار، — دېدى هامىلاخۇن كۈلۈپ، — دىققەت قىلساڭلارلا بولىدۇ. . .

كامىل ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ بىر يەرگە دۆۋىلىدى - دە، ئۇنى چېلەككە ئېلىپ تۆكۈۋەتكىلى ماڭدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، رېخىم نۇرى ئاشخانىدا ئولتۇراتتى.

— مەن تەرەتخانىغا كىرىپ چىقاي، — دەپ رۇخسەت سورىدى كامىل

رىخىم نۇرىدىن.

— ۋەزىپەڭ تۈگىگەن بولسا، نەگە بارساڭ بارمامسەن؟ — دېدى ھامىلاخۇن قوپاللىق بىلەن، — رىخىم نۇرى زۇجاڭنىڭ قورسىقى ئېچىپ قاپتۇ، چۈشتە ئېشىپ قالغان سۇيۇقئاشنى ئۇنىڭغا ئىسسىتىپ بېرەي...

كامىل تەرەتخانىغا كىرىپ، ھېلىقى كاتەكچىگە چۆكتى ـ دە، كاللەكلەنگەن قەغەزنى ئاچتى. بۇ ئاچىسى سەئىدەنىڭ خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا گۇجاڭ كەنتىدىكى، يۇرۇڭقاشتىكى تۇغقانلارنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھويلا، باغ، ئۆيلىرىنىڭ تىلغىنىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن، كېچىدە دەرۋازىنىڭ قېقىلغانلىقى، ھويلىغا خەت تاشلانغانلىقى، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن غازاخۇن ئاكا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنمۇ ئالاقە قىلغانلىقى، لېكىن ھازىرغىچە بۇ سىرلىق ساخاۋەتچىنى ھېچكىمنىڭ كۆرمىگەنلىكى يېزىلغان ۋە ساخاۋەتچىنىڭ خېتىمۇ قوشۇپ قويۇلغانىدى. سەئىدە خېتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەھشەتلىك بىر پاجىئەنى خەۋەر قىلغانىدى:

... «شامىگۈردىن كىتابلارنى يۆتكىۋېتىپ، ئامانىللا، ئالىمجانلارغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، قايتىپ شەھەرگە كىردىم، ئەمما كېچىكىپتىمەن، ئامانىللانى مىنبىڭلار باغلاپ قورۇسىدىن ئېلىپ چىقىپتىكەن. ئۇ يەردىن ئالىمجاننىڭ ئۆيىگە يۈگۈردۈم، بىراق قاتتىق باغلانغان ئالىمجاننى مۇنچا كوچىسىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى... ئامال يوق قايتتىم. ئەتىسى گۇجان كەنتىگە چىقتىم. ھاشىماخۇن ئاكام يۈزلىرى ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن ھالدا ئىنجىقلاپ يېتىپتۇ... ئۇ مېنى كۆرۈپلا ھۆركىرەپ يىغلاپ سالدى. ئەھۋالنى ئۇقسام، مىنبىڭلارنىڭ شامىگۈرنى قېزىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ھاشىمانكام تونۇر قىزىتقان قىياپىتىگە كىرىپ، قازناقتا يوشۇرۇلغان كىتابلارنى تونۇرغا سېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. بېسىپ كەلگەن مىنبىڭلار ھاشىمانكامنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپ، ئازغىنە كىتابلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ... ئۇلار ئامانىللا بىلەن مەسۇم قابىل يوشۇرغان كىتابلارنى ئاسانلا تېپىپتۇ. ئالىمجان ھەم مۇراتلار كىتابلارنى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى قېرى قارىياغاچنىڭ كاۋىكىغا يوشۇرۇۋاتقاندا، بامدات نامىزىغا ئەزەن ئېيتىش ئۈچۈن مەسچىتنىڭ قۇببىسىغا چىققان مەزىن ئۇلارنى كۆرۈپ قالغانىكەن، ئۇ ئۇدۇل بېرىپ چېقىپ قويۇپتۇ...»

كامىل ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. شۇنچە ئەجىر بىلەن قۇتقۇزغان

مەدەنيي مىراسلار ئىككى خائىننىڭ قولىدا ۋەيران بولغانىدى. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق يوقىتىشنىڭ كەلگۈسىدە قانچىلىك ئۈزۈكچىلىك پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئويلاپ قويمايتتى.

كامىل سەئىدەنىڭ خېتىنىڭ ئارقىسىغا مۇنداق مەزمۇندا خەت يازدى:

«ھېكمەت بىلەن مۇراتقا: خائىنلارغا نەپرەت! ئەمدى چىقىش يولى قالمىدى. . . ھەممىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىپ، غازاخۇن ئاكىنى بۇ ئىشقا ھەرگىز چاتمايلى. بۇ ئىشنى ئالىمجان، ئامانىللا، مەسۇم قابىل ھەم بىز ئۈچىمىز 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سائەت يەتتىلەردە، مەدەنىيەت سارىيى باغچىسىنىڭ يۇمىلاق تانسا مەيدانىدىكى يېشىل شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پىلانلىغان. شۇ كۈنى كەچتە غازاخۇن ئاكىنى يوقلىغان بولۇپ بېرىپ، مەن ئاچقۇچنى ئوغرىلىغان (چۈنكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاچقۇچلارنى 20 ـ چېسلا تارتىۋالغان). 19 ـ چېسلا كېچە سائەت ئىككىلەردە ئىشنى باشلىدۇق. ئالىمجان تامدا، مەسۇم قابىل سىرتتا، ئامانىللا، مۇرات ئارىلىقتا كىتاب توشۇدى. ھېكمەت ئىككىمىز كۆتۈپخانىغا كىردۇق. . . بۇ تەپسىلاتنى ھەرگىز ئاداشتۇرۇپ قويماڭلار. بۇ پىلاننى ئالىمجان، ئامانىللا، غازاخۇن ئاكىلارغا خەۋەر قىلىمەن. مەسۇم قابىل غازاخۇن ئاكىنى چاتسا ئۇ بىر كىشى، شۇنداقلا ئۇ ‹ھۆسنخەت› يېزىشتا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەچكە، ئۇستازىنى كۆرەلمەيدۇ. . . شاھماتتا داۋاملىق ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئىچىدە ئۆچمەنلىك ساقلىغان، شۇڭا، ئاداۋەت بىلەن ئۇنى چېتىۋالغان دەيمىز. . .»

كامىل خەتنى يىرتىق بورا ئىچىگە يوشۇرغاندىن كېيىن، ھېكمەت، مۇراتلارغا بەلگە بېرىۋەتتى. ئىنقىلابچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كىنوغا چىقىپ كەتكەچكە، ھەربىر ياتاقتا جىن ـ شەيتانلارلا قالغانىدى. ئەمما، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قېپقالغان رېخىم نۇرى ئاشخانىدا يالاق يالاپ، تېخىچە كىرمىگەنىدى. زەيىندىن كىگىز ئۈستىدە ساغرىسىنى كالىنىڭ تۇمشۇقىدەك چىقىرىپ ئولتۇرۇپ، دۈم قويۇۋال-غان داس ئۈستىگە ئېڭىشىپ، مەسىلە تاپشۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ مەسىلە تاپشۇرۇشتا بەك ئاكتىپ ئىدى، قانداقلىكى پاش قىلىش بولسا، «مەندە بار»دىن باشقىنى بىلمەيتتى. كېچىلىرى كىنودىن قايتىپ كىرگەن ئىنقىلابچىلار ئۇنى ئېشەك قىلىپ مىنسە، ياتاقنى تۆت پۇتلاپ ئايلىنىپ بېرەتتى، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى چەيلەپ، گەدەنلىرىگە قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشسە، ئۇمۇ تەك ھېجىيىپ: «خۇش-

خۇي ئىنقىلابچىلار» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپلا تۇراتتى. «ئەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قاشقىسى بولغاچقا، كۈرەش مەيدانىدا ئەڭ كۆپ تاياق يەپ، دۇمبا ـ تېپىككە قالىدىغىنىمۇ شۇ ئىدى. كۈرەشتىن كېيىن، بىر ـ ئىككى كۈنگىچە ھوشىنى تاپالماي، ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك دەلدۈش بولۇپ يۈرەتتى. كۆكىرىپ قان ئۇيۇپ كەتكەن كۆزلىرى، يېرىلغان كالپۇكلىرىنى كۆرۈپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. شۇنداق! زەيىندىن ئۇخلىسىمۇ ھەرىكەتنى چۈشەيتتى. بىر چاغلاردا، ئۇ خۇدادىن بىرەر ھەرىكەت بېرىشنى تىلىگەنىدى... ئۇ تىلىكىگە يەتتى... پاقىسىغا قاندى... ھەرىكەت دېگەن بىر ئوت، ئۇ ئۇلغايغانسېرى، ھۆل ـ قۇرۇق دېمەي، ھەممىنى كۈلگە ئايلاندۇرىدۇ... ئۇ بەزىدە قارا بورانغىمۇ ئوخشايدۇ. گۈل ـ گىياھ، داۋۇ ـ دەرەخ، ئەدناسى ئالدىغا ئۇچرىغان تاش ـ تۇپراقلارمۇ ئۇنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ... تارىختىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلگەن ھەم شۇنداق بولىدۇ!...

ئەخمەت ھوشۇر بىر قولىدا دەپتەر، بىر قولىدا قەلەم، تامغا يۆلەنگىنىچە مۇڭدەۋاتاتتى. كارىدوردىن ئاياغ شەپىسى كەلسە، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، بىر نېمىلەرنى يازغان ياكى ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى...

ئىشىك تاراقىدە ئېچىلىپ، مەست بولۇپ قالغان رېخىم نۇرى سەنتۈرۈلۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تەلۋە كۆزلىرى بىلەن ئولتۇرغانلارغا قاراپ، دەسلەپتە سەتلا ھىجايدى. كېيىن تەلەتى كەكرى يەۋالغان گاچىدەك قورۇلۇپ، بىگىز قولىنى ھەممىگە بىردىن شىلتىپ چىقتى:

— بىلىپ قويۇش... سەن... سەنلەر سىنىپىي دۈشمەن... ئېتىلىسەن!... مەن... مەن، —رېخىم نۇرى كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، چىرايىدىن كۈلۈمسىرەش، چوقۇنۇش ئىپادىلىرى چىقىپ تۇرغان زەيىندىنگە قارىدى، — ماۋۇ ئەبگانىڭ ئورنىغا شو... شوجاڭ بولىمەن... سەن مېنىڭ ئىشخانامنى تازىلايدىغان خىزمەتچىم بول... ماقۇما... خا... خا... خا...

رېخىم نۇرى ياتىدىغان يېرىگە كېتىۋېتىپ: «ھامىلاخۇن ياخشى ئادەم، ئۇ ماڭا بىر گاڭزا ھاراق بەردى... سەن... سەنلەر نېمە بېرىشتىڭ ـ ھە!...» دېدى ـ دە، ئورنىغا گۈپلا چۈشتى. بىر كەمدىن كېيىن، ئۇ جۆيلىگەندەك ئاستا غۇدۇڭشىدى: «ئىتلىرىم... مېنىڭ ئىتلىرىم... ئاشنام خوتۇن ئۇلارغا ئۆپكىنى خامسۇق پىشۇرۇپ بەرمىسە، چىشلىرىنى چاقىمەن... ئاناڭنى...» ئۇ خورقىراپ

خورەكنى باشلىۋەتتى. بىسوراق سىرتقا چىقالمايدىغان ھېكمەت كاملغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، غىپلا چىقىپ كەتتى، ئارقىدىن مۇراتمۇ ئورنىدىن تۇردى.

بۇ كېچە كاملنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئۇ تورۇسقا قادالغىنىچە، باش ـ ئايىقى يوق خىياللار قايىنىمدا پىرقىراپ يۈرەتتى. شامىگۆردىكى كىتابلارنى مەسۇم قابىل بىلمەيتتى. پەقەت ئالىمجاننىڭلا خەۋىرى بار ئىدى. قانداق بولۇپ ئاشكارىلىنىپ قالغاندۇر؟ . . . كامىل «سىرلىق ساخاۋەتچى» نىڭ باغاقچىسىدىكى «ئەگەر كىتابلار گۆجان بازىرىدىكى شامىگۆردە بولسا. . .» دېگەن جۈملىلەرنى قايتا ئەسلىگىنىدە، كۆز ئالدى يورىغاندەك بولدى. گۆجان، يۇرۇڭقاش كەنتلىرىدىن، شۇنداقلا كاملنىڭ قورۇسىدىن ھېچنېمە تاپالمىغان ئىنقىلابچىلار مەسۇم قابىلنى قايتىدىن ئىسكەنجىگە ئالغان. ئۇنىڭ تۆت يىل ئىلگىرى نائىبى، كامىللار بىلەن بىللە چىقىپ دۇئا قىلغان شامىگۆرنى ئېسىگە ئېلىپ: «بەلكىم شۇ يەردىمىكىن» دېگەنلىكى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، «سىرلىق ساخاۋەتچى» مۇ خېتىدە مۇقىم بىر نېمە دېيەلمىگەن. . . ئەمدى ھامىلاخۇن ناھىيىلىك كومىتېت ئىچىدە بولۇۋاتقان كۆرەشتىن قانداق خەۋەردار بولغاندۇر؟ . . . «ئالىمجان ۋە ئامانىللا ئۆزىنى دالدىغا ئالسۇن، بۈگۈن سەھەردىن قالمىسۇن. . .» دېگىنىگە قارىغاندا، مەسۇم قابىل كېچىلىك سوراقتا ھەممىنى پاش قىلغان. . . ھامىلاخۇنمۇ شۇ كېچىسى ھەرىكەتكە كەلگەن. . . چوقۇم ئۇنى ھەر كۈنلۈك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەۋاتقان ھەققىي «سىرلىق ساخاۋەتچى» بار. . . بۇ. . . قۇربان ھاكىممۇ ـ يە؟ . . . بىراق، پۈچۈركا ئۇنىڭ ئەمەس. . . زۇمرەتنى بوز يەردىن ئېلىپ چىقىدىغان ۋاقتىدا، قۇربان ھاكىمنىڭ مەيدان باشلىقىغا يېزىپ بەرگەن خېتى كاملنىڭ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ دانىمۇ دانە، ئۈگىلىرى چىرايلىق، كۆركەم خەت ئىدى. ھامىلاخۇن چالا ساۋات ئادەم، ئۇنداق خەت يازالمايدۇ. . .

كامىل «ئۇھ» دېگىنىچە، يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. كۆيدۈرۈلگەن، قولغا چۈشۈپ كەتكەن كىتابلار قايتا ئېسىگە كېلىشى بىلەن، باشقىدىنلا ئازابلاندى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۆزىنىڭ ۋە ھېكمەتنىڭ قوينىغا سېلىپ ئېلىپ چىققان ئۈچ كىتابنى نەفىسە ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار شامىگۆرگە كىتاب يوشۇرۇپ ئىككىنچى كۈنى، نەفىسە خانىمزاتخان ئانىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ كامىلدىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بەك خۇشال بولدى ۋە قايتىدىغان چېغىدا ئۈچ كىتابنى سومكىسىغا سېلىپ، بۇ يەردە تۇرسا خەتەرلىك ئىكەنلىكى، ئۇنى ياستۇق ئىچىگە ئېلىپ تىكىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھازىر نەفىسەمۇ

ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوچاستىكىسى بويىچە كۆرەش ئوبيېكتى ئىدى. ئۇ، بۇرۇنقىدەك كۆرەش، پىپەن قىلىنسا نومۇس قىلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدىغان بولدى، ئەكسىچە، غازات يولىدا شېھىت بولۇشقا بەل باغلىغان جەڭچىدەك شەرەپ ھېس قىلدى. شۇڭا، سالماق، تەمكىن بولۇپ، پاساھەت بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن، تۆردى ھېكىم ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ گېپىدىن ئىلىنىۋېلىپ، ئىككى قېتىم ئۇلارنى ئېشەكتىن يىقىلغاندەك رەسۋا قىلىپ، كۈلكىگە قويدى. ھازىر ئۇلار ئون قېتىم سورايدىغاننىڭ ئورنىغا بىر قېتىم سورايتتى، بىر قېتىم سوراشقا توغرا كەلسە، «بولدىلا» دەيتتى ـ دە، «باراڭ كۆرسەتىپ»، ئىنقىلابچىلارنى كۆشكۆرتۈپ قوياتتى. تامدا ئۆسكەن، شامال چىقسا يېتىۋالىدىغان قومۇشتەك، يىلتىزى قىسقا، ئىچى كاۋاك بۇ ئىنقىلابچىلار بەس ـ مۇنازىرىدە، نەفسەنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيتتى.

كامىل دەريا ئەمگىكىگە چىققان كۈنى، نەفسەنى يىراقتىنلا بىر قېتىم كۆردى. ئىككىسى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىشتى. ھازىر تۆردى ھېكىم ئوچاستىكا بويىچە ئىككىنچى باشلىق ئىدى. ئۇ بوستان بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن مۇدىر نەمەت مىرزى، ئىلمىي مۇدىر نىزامىدىن قاتارلىق ئاتمىشتىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى تارتىپ چىقىرىپ، يەر دەسسەيمۇ ـ دەسسىمەيمۇ دېگەندەك ماڭىدىغان بولۇپ قالغان، خورىكى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. تۆردى ھېكىم يېقىندا چايخانا مەكتەپكە كېلىپ، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پىپەن تېمىغا ئون بەتلىك دازىباۋ چاپلىدى. ئۇ دازىباۋسىدا كامىل بىلەن نەفسەنى «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى نائىبىگە باغلاپ پاش قىلغانىدى. دازىباۋغا: «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرلىق ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان نائىبى كامىل، نەفسەلەرنى تەشكىلاتقا ئۆز قولى بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇلار كىتاب ئالماشتۇرۇش، شېئىر يېزىپ ئۆزئارا تەقدىم قىلىش، ئىلمىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىش نىقابلىرى ئاستىدا، تەشكىلاتنىڭ مۇھىم قارار، پىلانلىرىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزىدۇ...» دەپ يېزىلغانىدى. نەفسەنىڭ تارتىۋالغان قىيناق، ئازابلىرى مۇشۇ دازىباۋنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

... كامىل خىيال تورلىرىغا چىرمىلىپ ئۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە كۆرەش باشلاندى. بۇ قېتىم ئەخمەت ھوشۇر مەيدانغا تارتىپ چىقىرىلدى. ئەمما كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۈيبۇ ئىشخانى-

لىرىدا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى سوراققا تارتتى. ئۇلار «كىتاب ئوغرىلاش ئەكسىيەتچى ھەرىكىتى»دە، غازاخۇن ئاكىنىڭ باش جىنايەتچى ئىكەنلىكى، قالغانلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلەر، قايمۇققۇچىلار ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇلارغا يېنىك جازا كۆرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ گەپ قىلىپ، ئۇلارغا خىزمەت ئىشلىدى، بىراق ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ كىتاب ئوغرىلاش پىلانلىرى، ئورۇن، ۋاقىت جەريانلىرى، كىملەرنىڭ قانداق ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىگە قەدەر ئېيتقانلىرى، ئامانىللا، ئالىمجانلارنىڭ پاش قىلغانلىرىغا ئوخشاش چىقىپ قالدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر مەسۇم قابىلدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى.

— بۇ پىلاننى دەسلەپتە كىم ئوتتۇرىغا قويغان؟ — سورىدى كامىلنى سوراق قىلىۋاتقانلاردىن بىرسى. كامىل قورققاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— قورقما، — دېدى يەنە بىرسى، — ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، جاھىللىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈش سىياسىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز...

— مەن قويغان...

— مەقسىتىڭ نېمىتى؟...

— مەن كۇتۇپخانىنىڭ ئەزاسى. ھەر قېتىم كۇتۇپخانىغا كىرسەم، تىزىقلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالغۇم كېلەتتى.

كامىل بۇنداق ھالقىلىق پەيتلەردە، ئۆز سۆزلۈك ئىدى. ئۇ ھىيلە ـ مىكىر، ھەييارلىق، قۇۋلۇق دېگەنلەرنى قىلچە بىلمەيتتى، دەيدىغىنىنى تۈپتۈز لا دەپ، ئۆزىنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. بىراق، بۈگۈن غازاخۇن ئاكىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا، تۇنجى قېتىم ياۋاشلىق نىقابىنى كىيىپ، ئازابلانماقتا ئىدى.

— غازاخۇن ئاكىنىڭ يانچۇقىدىن كۇتۇپخانىنىڭ ئاچقۇچىنى سەن ئوغرىلىغانمۇ؟ — دېدى مۇراتنى ئايرىپ سوراۋاتقانلار، — راستىڭنى ئېيت...

— نېمە، كامىل ماڭا ئارتىپ قويدىما؟ — مۇرات چىچاڭشىپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىشىمەن... ئۇ ماڭا: «غازاخۇن ئاكامنىڭ ئالدىنى توسۇپ گەپكە تۇتۇپ تۇر» دەپ، ئۆزى ئوغرىلىدىغۇ؟ تازا قاملاشمىغان نېمىكىنا ئۇ؟...

— قاراۋۇل مىنبىگىنىڭ قۇچىقىغا مۇشۇكنى تاشلىغان سەنمۇ؟ — دېدى ھېكمەتنى سوراق قىلىۋاتقان سا چۇجاڭ، — راستىڭنى ئېيت...

— ئۇنى مۇرات قىلدى... پاكىت ھامان پاكىت، ئۇ سومكىسىغا سېلىۋاپتىكەن...— ھېكمەتمۇ تېرىككەندەك بولدى، — ئەمدى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ماڭا ئارتىپ قويسا بولامدىكەن؟ غازاخۇن ئاكامنىڭ ئالدىدا چات كېرىپ ئولتۇرۇپ، كامىلغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنمۇ شۇ...

— مەن دۇنيادا چىن دوستلۇق بار دېسە ئىشەنمەيمەن، — دېدى چۈشلۈك تامىقىنى يەۋاتقان خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن بىرى، — «ئۇلار ئۇچى قانلىرى قوشۇلۇپ، تومۇرلىرى تۇتىشىپ كەتكەن دوستلارەي»، «بىر - بىرى ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىدىغان»، «ئۇنداق ۋىجدانلىق، مۇنداق ۋاپادار» دېيىشىپ كەتكەنىدى، ئەمدىچۇ، بېشىغا بالايىئاپەت يېغىۋىدى، بىرسى: «ئاچقۇچنى ئوغرىلىغان مەن ئەمەس ئۇ... يۈزلىشىدىغان بولساق، ئاخىرى ئۇ...» دېسە، بىرسى: «ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ماڭا ئارتامدىكەن؟... قىلغان شۇ!» دېيىشىپ، بىر - بىرىنىڭ مېزىنى تىتىغىلى تۇردى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى يەنە بىرسى ئاغزىدىكى لوقمىنى ماكاشلىتىپ چايناپ، — دۇنيادا تېشىلمەيدىغان چېلەك يوق، ھەممە نەرسە مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان... مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان بىرەر ئىش بولدىمۇ، بۆرە جۇۋىسىنى كىيىپ قوپىدىغان گەپ...

چۈشتىن كېيىن، ئىككى مىنۇتنى ئارقىسىغا سالغان تۇردى ھېكىم كارىدوردا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ دۈيبۇدىكى باشلىقلار بىلەن كۆسۈرلاشقاندىن كېيىن، سا چۈجاڭ كامىلغا:

— ئىككىنچى ئۇچاستكا ئىنقىلاب مەيدانىدا، سېنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىڭ بىلەن يۈزلەشتۈرۈپ مەسىلە ئېنىقلايدىكەن... ھەر ھالدا، ئۆز ئىستىقبالىڭنى ئويلاپ، ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇش روھىڭنى جارى قىلدۇر... — دېدى.

كامىل تۇردى ھېكىمگە قارىدى. ھەربىيچە چاپان، ئىشتان كىيىپ، كەڭ كەمەر باغلىۋالغان بۇ لەتغۇ قارا مەدەك خۇددى بوغقان كۆتمەك سۇپۇرگىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نەپسە ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلگەن كامىل ئاچچىققىنە كۈلدى - دە، كارىدوردىن چىقتى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇ تۇردى دالتەكنىڭ چايخانا مەكتەپكە چاپلىغان ئون بەتلىك دازىباۋسىنى ئويلىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ چوقۇم ئاشۇ تەشكىلات ئىشىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يالا چاپلايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، كامىل ئىچىدە ھەرخىل ئېھتىماللارغا جاۋاب تەييارلاپ ماڭدى.

2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بىرلەشمە زالى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تولغانىدى. تاملارغا ماۋجۇشىنىڭ ھەرخىل رەڭلىك قەغەزلەرگە يېزىلغان ئىنقىلابقا، سىنىپىي كۆرەشكە دائىر سۆز ئۆزۈندىلىرى ھەم «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىنىڭ بوستاندىكى گوماشتىسى نەفىسەنىڭ ئەكسىيەتچى ھەۋەسىنى پاچاقلاپ تاشلايلى!...»، «نەفىسە، دەرھال ھوشۇڭنى تېپىپ، ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىگە قايت!...»، «جاھىللىق ئۆلۈم يولى!...» دېگەندەك شوئارلارمۇ تولۇپ كەتكەنىدى. كامىل ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان نەفىسەنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇردى!...

تۇردى ھېكىم ئىنقىلابىي ئاممىغا باشلىقلىق نەزەرى بىلەن قاراپ، ئىككى قولىنى بەل كەمىرىگە ئۆتكۈزدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۇرۇشقاق چۆجە خورازغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى! — دېدى تۇردى قونداقتا بويۇنداۋاتقان توخۇدەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ، — مانا بۇ ئالدىمىزدا تۇرغان «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىنىڭ غوللۇق ئەزاسى كامىل راخمان!... نائىبى، كامىل، نەفىسەلەرنىڭ ئورتاق مەقسەت ـ نىشانلىرى، ئەكسىيەتچى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا ئەكسىيەتچى تەشكىلاتقا ئۇيۇشتۇرغان!

تۇردىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق مەنتىقە سالمىقى بولماستىن، بەلكى پاكىت ـ ئىسپاتسىز، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ ئادەم قورقىتىدىغان ئىبارىلەر ئىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى دازىباۋدا نەچچە قېتىم چاينىلىپ پىسەپكە ئايلانغان، كۆپچىلىككە يادا بولۇپ كەتكەن كونا دەسمايە ئىدى. ئۇ گەپ تاپالماي: «ئۆزئارا شېئىر يېزىشقان، بىللە ئوينىغان، بىللە تۇرغان...» ۋاھاكازالارنى دەلىۋەردى. كامىلنىڭ ئىچى ـ ئىچىدىن ئۆرتەپ كەلگەن غەزەپ يۈزىگە تەپتى. ئۇ، بۇ زىيانداش قۇرتنى چەيلەپ ـ يەنچىۋېتىش قارارىغا كەلدى.

— ئەڭ ئالىي يولىيورۇق، ماۋجۇشى بىزگە تەلىم بېرىپ: «يالغان ئېيتىش، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش دۈشمەننىڭ ئاجىزلىقى» دېگەن... — كامىل بىر ئاز توختىۋالدى، — نائىبى بىلەن يەتتە يىل بىر سىنىپتا، بىر پارتىدا قوشماق ئولتۇرۇپ ئوقۇغان كىم؟ ئاش ـ تاماق، ئويۇن ـ تاماشىدا بىللە بولغان زادى كىم؟ نائىبنىڭ شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، مەكتەپ ئىچىدە ماختىغان كىم؟ كېيى-

شىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا باقماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگەن كىم؟ بۇ زادى كىم؟... — كامىل مەشئەلدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تۇردىنىڭ خۇنۇك چىرايىغا قادىدى، — مانا مۇشۇ تۇردى ھېكىم!... تۇردى نائىبى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان، دوستلۇقى كىچىكىدىن تارتىپ باشلانغان! مەن بولسام، ئۇلاردىن بىر سىنىپ تۆۋەن ئوقۇغان. ئۇلار مېنى ياراتماي، ئۆزلىرىگە قاتمايتتى. ئەجىبا، بۈگۈنكى كۈندە، نائىبىنىڭ يېقىن دوستى مەن بولۇپ قاپتىمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق تونۇشلۇقى يوق نەفىسە نائىبىنىڭ تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ قاپتۇ؟... قېنى، تۇردى ھېكىم مېنىڭ سۆزلىرىمنى يالغان دېسە، پاكىت كۆرسىتىپ ئىسپاتلاپ باقسۇن!...

— سەن... سەن... — تۇردى ھېكىم تاتىرىپ كەتتى، — سەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىدىن تەتۈر ھېساب ئېلىۋاتىسەن... مەن... مەن...

— توختا! — كۆپچىلىكنىڭ تۇردى ھېكىمگە گۇمان بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەن كامىل ئۈنلۈك ۋارقىرىدى، — سەن ئاۋۋال مەن قويغان پاكىتلارنىڭ بىرەرسىنى يالغان دەپ ئىسپات كۆرسىتىپ باق. كۆرسىتەلمەيسەن!... سەن نائىبى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى تاپشۇرۇپ بولغان بولساڭ، مېنىڭ ئېيتقانلىرىم ئىنقىلابىي يولداشلار ئۈچۈن يېڭىلىق تۇيۇلماس...

— يولداشلار، — دېدى تۇردى ئىككى قولىنى كۆتۈرگىنىچە ئورنىدا پىرقىراپ، — بۇ ئەكسىيەتچى ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى «مۇتلەق ئەمەس، نىسپىي» دېگەن... بۇ ئارقىلىق ماۋجۇشى ئەسەرلىرىدە نۇقسان، خاتالىق بار دەپ زەھەر تارقاتقان...

— جاۋاب بېرىشىمگە بولامدۇ؟ — سورىدى كامىل بىرىنچى باشلىقتىن، باشلىق بېشىنى لىڭشىتتى، — توغرا، مەن شۇنداق دېگەن، ھېلىمۇ شۇ قاراشتىمەن. ئولتۇرغان پرولېتارىيات جەڭچىلىرىگە مەلۇم، ماركس ئىنقىلابىي نەزەرىيە — ماركسىزمنى ئىجاد قىلدى، لېنىن ئۇنى بېيىتتى، ماۋجۇشى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. مانا بۇ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى!... ئەگەر ماركسىزم مۇتلەق بولغان بولسا، بېيىمىغان، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمىگەن بولاتتى، — كامىل ئاممىنىڭ قايىللىق ئىپادىسىنى كۆردى، — تۇردى ھېكىم ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى «مۇتلەق» دېيىش ئارقىلىق، «قېتىپ قالغان»، «بىر ئىزدا توختاپ قالغان»، «تەرەققىي قىلمايدۇ» دېمەكچى. يەنى ئۇ، ماۋجۇشىنىڭ

بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ تاكامۇللاشقان ئەسەرلەرنى يېزىشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئېتىراپ قىلمايدۇ...

— بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟ — دېدى بىرىنچى باشلىق تۇردى ھېكىمگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ئالىيىپ، — بۇ چاغقىچە نائىبى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭ توغرۇلۇق زۇۋانىڭنى ئېچىپمۇ قويمايسىنا؟...

كامىل پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى، ئەمدى قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپ، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل بەربات قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، ساپىقىدىن تۇتقۇدەك بىرەر پاكىت يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە «ئۆزى ئۇچۇن قىلىنمىغان ئوغرىلىق ئوغرىلىق ھېسابلانمايدۇ» دېگەن ئوي كەلدى. شۇنداقتىمۇ، يالغانچىلىق، تۆھمەت، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر بازار تېپىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، بىرەر ئېغىز يالغان ئېيتسا نېمە بوپتۇ؟ ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇ بىر ئاپەتتىن قۇتۇلغىنىغا خوش بولۇشار...

— بايا ھالقىلىق پەيتتە قۇيرۇقىدىن تۇتۇلۇپ قالغان تۇردى، — دېدى كامىل ئىشەنچلىك ھالدا، — باشقا سوئالنى قويۇش ئارقىلىق قېچىپ قۇتۇلماقچى بولدى. بىراق، ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرىنى ھوشيارلىق بىلەن سېزىپ قالغان، — كامىل كېرىلىپ ئولتۇرغان باشلىققا قارىدى، — رەھبىرىمىز ھەرگىز يول قويمىدى. تۇردى ھېكىم 8 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ماڭا: «سىنىپىمىزدىكى بىر قىزغا كۆيۈپ قالغاندىم، خەت يازسام تەلىپىمنى رەت قىلىپلا كەلدى، ئاخىرى نائىبىغا ئىككى كۇپلېت بېيىت يازدۇرۇپ، ئۆز نامىمدىن بېرىۋىدىم، ئۇ قىز ئېرىپلا كەتتى» دېگەنىدى. ئويلاپ كۆرۈڭلار، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكلىرىمۇ ئورتاق بولغان بۇ خىل مۇناسىۋەت ئادەتتىكى مۇناسىۋەتمۇ؟...

— سەن... سەن... بۇ... بۇ؟... — تۇردىنىڭ قول، تىزلىرىنىڭ جالاقلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاما تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىدى:

— گەپ قىلە!...

— سۆزلىمەمسەن؟...

— سېنىڭ قىزلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە نائىبىڭنىڭ شېئىرلىرىنى ئىشلىتىشىڭ ئادەتتىكى گەپمۇ؟ — ۋارقىرىدى باشلىق، — مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دېگىن تېخى؟...

— رۇخسەتمۇ؟ — توپ ئارىسىدىن ئوقۇتقۇچى بولغىنىغا بىر يىل بولغان ئون

توقۇز ياشلاردىكى بىر قىز ئورنىدىن تۇردى، — ئەڭ ئالىي يولىيورۇق: «خاتالىقنى تۈزەتسىلا، ئۇ ياخشى يولداش.» تۇردى ھېكىم ماكىمۇ، — قىز يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىۋەتتى، — بىر خەت يېزىپتىكەن ئۇنىڭدا بىر كۇپلېت شېئىرمۇ بار ئىكەن. . .

— ئۇ شېئىر ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ — سورىدى باشلىق، — يادىڭىزدا قالغىنىنى ئۇيالماي دەپ بېقىڭ. . .

— ئۇ شېئىر. . . ھە، مۇنداق ئىدى:

زۇلمەتتىكى يۇلتۇزمەن،
پارقىرايمەن، چاقنايمەن.
سېنى ئويلاپ ئەي جانان،
ئۆز يېنىمغا چىللايمەن. . .

كامىلنىڭ يۈرىكى شادلىقتىن ئويناپ كەتتى. ئۇ ئالىجوقا قوشاق تۇردىنى يانپاشقا ئېلىپ ئېتىشقا يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن ئۇ ھاياجىنىنى يوشۇردى.

— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى تەلىم بېرىپ، — دېدى كامىل يۇقىرى ئاۋازدا، — «دۈشمەن ھەرقانچە ھىيلىگەر بولسىمۇ، ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلىماي قالمايدۇ» دېگەن. تۇردى «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزمەن» دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. «پارقىرايمەن - چاقنايمەن» دەپ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن، شادلانغان، ئۇ قىلچە تەپتارتماي، ئۆزى ئارزۇ قىلغان دەۋرنى جانانغا ئوخشىتىپ، ئۇنى چىللايدىغانلىقىدىن ئىبارەت رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىغان. . . يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بۇ ساددا قىزنىمۇ تەشكىلاتقا تارتىش مۇددىئاسى «چىللاش» سۆزىدە ئىپادىلەنگەن. . . مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۇردى ئىنقىلابچىلار ئىچىگە چوكقۇر يوشۇرۇنغان سېپى ئۆزىدىن ئەكسىلئىنقىلابچى! . . .

— يوقالسۇن ئەكسىلئىنقىلابچى تۇردى! . . .

بىرمۇ دۈشمەننىڭ توردىن چۇشۇپ قېلىشىغا يول قويمايلى! . . .

ئارقا - ئارقىدىن بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ توۋلانغان شوئار ئاۋازلىرى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ياڭراپ تۇردى. شوئارلارنىڭ ئىلھامى بىلەن، كۆچ - مەدەتكە، غەزەپ -

نەپرەتكە تولغان تۆت مىنبىڭ ئۇچقاندەك كەلدى ـ دە، تۇردىنىڭ قولىلىرىنى قايرىپ، ئۇنى غاز قانىتى قىلغىنىچە، ئىشكتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىرىنچى باشلىق هوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە بىرمۇنچە ئۇزۇندىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تۇردىدىن بۇرۇنلا گۇمانلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى، ھەتتا ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويۇپ، ئۇنى كۆزەتمەكچى بولغانلىقىغا قەدەر بىرمۇنچە يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىپ، ئالدىغا ئۆتتۈۋالدى ۋە ئىككى مىنبىگنى چاقىرىپ، كامىلنى چايخانا مەكتەپكە ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى. كامىل چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، بايىقى تۆت مىنبىڭ ھەربىيچە كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىنغان يېرىم ـ يالىڭاچ تۇردىنى دوڭغايتقىنىچە يۇگۇرتۇپ كېلىۋاتاتتى. تىزىغا كەلگۈدەك كىر خەسە كۇسار، تۇگمىلىرى سۆكۈلۈپ، ياقىلىرى يىرتىلغان كۆڭلەكلىرى بىلەنلا قالغان تۇردى خۇددى قۇشخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئۆچكىدەك تۈگۈلۈپ قالغانىدى.

كامىل يولدا كېلىۋېتىپ، «مەن ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلدىممۇ ـ قانداق؟» دەپ ئويلىدى. ئەمما ۋىجدانى ئۇنى ئاقلىدى. « شەرىئەت ئىزلىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى، تەرىقەت ئىزلىسەڭ ئاغرىتما جاننى» دېگەن گەپ بار. ئۇ نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى دوزاخقا ئىتتەرگەنىدى، كامىل ئۇنى شەرىئەت بويىچە جازالىدى! بۇنىڭ بىلەن، خالىقنىڭ بىر غول يىلتىزى چېپىلدى. . . ئەمدى ئازاب تارتقان، ۋەھىمە ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشى- لەرنىڭ ھەممىسى كامىلدىن رازى بولىدۇ، نەفسەمۇ ئۆزىگە چاپلاشقان بىر مەرەزدىن قۇتۇلدى. . .

مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن بېرى، تۇنجى قېتىم كۆڭلى جايىغا چۈشكەن كامىل چايخانا مەكتەپكە كېلىپ، كارىدورغا ئەمدىلا قەدەم ئالغانىدى، ياتاقتىن رېخىم نۇرىنىڭ ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى كەلدى. كامىل ياتاققا كىرىپ غەلىتە ئەھۋالنى كۆردى. ئۆزىنىڭ «ئەزگۈ تىلەكلەر» ناملىق داستانى يېزىلغان خاتىرە، تاشكەنت باسمىسى سىلاۋىيان يېزىقىدىن ئۆرۈلگەن «باشسىز ھەيكەل» ، «زىياد ۋە ئەدىبە» ، «زەينەپ ۋە ئامان» ، «سۇلۇۋ چاچ» ، «مارىيە جەگۇر قىزى» داستانلىرىنىڭ قوليازما كۆچۈرمىلىرى، يەنە بىر قىسىم كىتابلىرى ئۇستەل ئۈستىدە تۇراتتى. بۇلار ئۇنىڭ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ياتىقىدا ئىدى. رېخىم نۇرى قولىدا پۇرلەپ تۇتۇۋالغان بىرمۇنچە قەغەزلەرنى پۇلاڭلىتىپ، چۈشەندۈرگىنىچە، بۇ كۇرەش مەيدانىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، — دېدى رېخىم نۇرى بىر قول سىزما رەسىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — بۇ «قېتىمقچى قىز» نى يالاڭ ئاياغ، چىرايىنى غەمكىن سىزىش ئارقىلىق، خەلق تۇرمۇشىنى ناچار، كىشىلەر ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قالدى، دەۋردىن نازازى دېگەن يوشۇرۇن غەرەزىنى ئىپادىلىگەن. . .

ھېكمەتنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. رېخىم نۇرى پۈرلەشتۈرۈپ سىقىمدىۋالغان بۇ رەسىملەر ئۇنىڭ يەكەن بازىرىدا سىزغان تېز سىزمىلىرى ئىدى.

— مانا بۇ «بۆشۈكچى بوۋاي» ، — رېخىم نۇرى رەسىمنى بېشىدىن ئۇستۈن كۆتۈرۈپ كۆرسەتتى، — «ئادەم ئامىلى بىرىنچى، ئادەم ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن ئىلمىي نەزەرىيىگە قارىمۇقارشى ھالدا، نۇرغۇن بۆشۈكلەرنى سىزىش ئارقىلىق، «ئادەم كۆپىيىپ كەتتى» دېگەن ئەكسىيەتچى غەرەزنى يوشۇرۇن ئىپادە قىلغان. شۇنداقلا ئورۇق، نىمجان، ئاپئاق ساقاللىق بۆشۈكچى بوۋاينى ئاچ قالغان، نامرات خەلقنىڭ سىمۋولى قىلىپ كۆرسىتىپ، ھازىرقى بەختىيار دەۋرىمىزنى قارىلىغان! . . .

— ئىنقىلابچىلار! «سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇكى، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ» ، — قۇتبىرەم يەردە دەسسىلىپ ياتقان كىتابلار ئارىسىدىن بىرنەچچە رەسىم توپلىمىنى قولىغا ئالدى، — مانا بۇلار شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ ھېكمەت ساقلاپ كەلگەن سېرىق رەسىملىك توپلاملىرى. بۇلاردا يالىڭاچ ئاياللارنىڭمۇ سۈرەتلىرى بار. . .

ھېكمەت ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. قۇتبىرەمنىڭ قولىدىكى رۇس رەسسامى ئايۋازاۋۇسكىينىڭ دېڭىز ئۈزگىرىشلىرى سىزىلغان مەنزىرە رەسىم توپلىمى، سوركوۋ، رېپىن، شىشكىنلەرنىڭ ماي بوياق ئەسەرلىرى توپلىمى، شۇنداقلا ساغۇچ قاتتىق مۇقاۋىلىق، ھەجمى چوڭ، ۋەزنى ئېغىر «Г•Р•М•» (گ. ر. م)[1] نى كۆرۈپ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزى تۇيماي قالدى. بۇ توپلاملار تېپىلغۇسىز گۈزەل سەنئەت قوللانمىلىرى ئىدى. . .

كۈنلەر يوقىتىش، بۇزۇش، ۋەيران قىلىش، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتمەكتە. . . ئادەملەرنىڭ كۆڭلىمۇ چۆلدەرەپ كەتتى. . . سوغۇقمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىنى كۆرسەتمەكـ

---

① «Г•Р•М» — «گوسدارىسكى رېسپۇبلىكا موزېيى» يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكا مۇزېيخانىسى» دا ساقلانغان دۇنياۋى داڭلىق ئەسەرلەر توپلىمى.

ـته. ئايىم نۇرىنىڭ يوق تەشكىلاتقا سۆرەپ كىرگەن ئادىمى ئىككى يۈز ئوتتۇز بىرگە يەتتى. ئۇلارنىڭ چاچلىرى يۇلۇندى، بەزىلىرىنىڭ قۇلاقلىرى ئاڭلىماس، كۆزلىرى كۆرمەس، قوللىرى تۇتماس، پۇتلىرى باسماس مېيىپ بولۇپ، گويا بۇ ۋەھشىي قىسمەتلەرنى خۇدادىن كۆرۈۋاتقاندەك، ئاسمانباقتى بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ! . . . بەزىلىرى قۇياشلىق جاھاندىن، يېشىل ھاياتتىن بىزار بولغاندەك، ئۇ دۇنيانىڭ تىنچ ئۇيقۇسىنى سېغىنغاندەك، شولتا ئىچىپ، بېرتىۋادا ئۆزىنى بوغۇزلاپ، تومۇرىنى كېسىپ ئۆلۈۋالـ ـماقچى بولۇشتى. بىراق، ئازاب ھەغدادىغا يەتمىگەندەك، تەقدىر تارازىسى تولمىغاندەك، پېشانىلىرىگە يېزىلغان شورلۇقلىرى يۇيـۇلـۇپ تـۈگىمىگەندەك، چەرخ ئـۇلارنـى ئـۆلگىلىمۇ قويمىدى! . . .

ۋەھىمىلىك كۇنلەرنىڭ بىر كەچلىكى، ئەنسىز پۇشتەك ئاۋازى ياڭرىدى. ياغاچتەك جۇدەڭگۇ، يۈزلىرى تاتارغان، تويا چىراي ئوقۇتقۇچىلار كارىدورغا يىغىلدى. سا چۇجاڭ تىكتاك توپ ئۇستىلىگە چىقىپ، ئوڭ ـ سول كارىدوردىكى ياپراقتىكى شەبنەمدەك تىترەپ، يىراقتىكى ئۇچقۇندەك پىلىلداپ تۇرغان مىڭلىغان گۇنسىز كۆزلەرگە قارىدى ۋە ئەڭ ئالىي يولىيورۇقتىن بىرنەچچىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى:

— بىز ھازىر جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرى، جىن ـ شاياتۇنلىرى، بۇزۇق ئۇنسۇرلـ ـرىدىن ئىبرەت ئېلىش ئۇچۇن، چارسۇ (كوچا) غا چىقمىز، — سا چۇجاڭ ئەتراپىغا قارىدى، — بولۇپمۇ جىن ـ شەيتانلار كۆپرەك ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. ئەمما ئۇلارنىڭ يېقىن مېڭىشىغا، بىر ـ بىرى بىلەن كۇسۇرلىشىشىغا، ئەكسىلئىنقىلابىي ئالاقە باغلىـ ـشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر سېزىلىپ قالسا، ئۇدا ئۇچ كۇن «ئارام ئالدۇرۇش» تەختىپەرىگە چىقىرىلىدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئۇـ ـلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. . .

«ئامىمۇي كىنوخانا» ئالدىدىن گۇلباغقىچە بولغان ئارىلىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغاـ ـندى. شوئار ئاۋازى، قاتتىق چىرقىرىغان، قىرقىراپ يىغلىغان، ئازابلىق توۋلىغان ئاۋازلار ۋە زەئىپ ئىڭراشلار بۇ ۋەھشىي كېچىنىڭ ئومۇمىي خورىغا ئايلىنىپ، ئۇزۇلـ ـمەي ياڭراپ تۇراتتى. گۇلباغ ئۇستىگە توك سىملىرى ئۆمۈچۈك توردەك تارتىلغان بولۇپ، يۇقىرى ۋاتلىق لامپۇچكىلار قەدەمدە بىر يېنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاستىدا، چەمبەر ھاسىل قىلغان نۇرغۇنلىغان سورۇنلار بار ئىدى. سورۇن ئىچىدىكى يۇملاق مەيداندا، كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىنىپ كۇسار بىلەنلا قالدۇرۇلغان، بەزىلىرى يالىڭاچ

دېگۈدەكلا ئادەملەر شۇمشەرىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغىنى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر پۈتىنىڭ ئۇچىغىچە قارا، يەنە بىر تەرىپى سېرىق، بەزىلىرىنىڭ بەدىنى توغرىسىغا بەلدەم - بەلدەم قىلىنىپ، سېرىق، كۆك، قارا، يېشىل بوياق ۋە سىرلاردا[1] بويالغانىدى. ئۇلار شەھەر ئاھالىسى، يەنى — گۆشگىردە، نان يېقىپ سېتىپ، ئۇنى - بۇنى ئېلىپ - سېتىپ، ياماقچىلىق قىلىپ، كېچىلىرى بىرەر چېلەك سۇيۇقئاش ئېتىپ ئېلىپ چىقىپ سېتىپ پۇل قىلىپ جان ساقلايدىغان كاسىپ، ھۈنەرۋەن، ئۇششاق تىجارەتچىلەر بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۇلار قاراڭغۇ بازارچى، ھايانكەش، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرى، جىن - شەيتانلار دەپ تۇتۇلۇۋاتاتتى. ئىنقىلابچىلار ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە ئۇرۇپ، بېقىنلىرىغا تېپىپ، «جىنايىتى»نى بىر - بىردىن سۆزلىتەتتى. ئالىيېشىل بويالغان بۇ كىشىلەر تۇرقىدىن ھەقىقەتەنمۇ جىن - شەيتانلارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ھېكمەت تۇيۇقسىز بىر خەنزۇنىڭ ئارقىسىدىكى سورۇندىن كېلىۋاتقان ئايانچلىق زىل ئاۋازنى ئاڭلاپ، بويۇنداپ قارىدى. مەيداندا تېزلاندۇرۇلغان، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، قىسقا چاچلىرى پاخپايغان ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى بىر خەنزۇ ئايال يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى شاھمات تاختىسىدەك تۆت كاتەكچىگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر كاتەكچىسى سېرىق، يېشىل، قارا ۋە كۆك قىلىپ بويالغانىدى. بەدىنى بولسا، بوينىدىن قورسىقىغىچە قارا، قورسىقىدىن تىزىغىچە سېرىق، تىزىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە كۆك بويالغاچقا، ئۇ قۇراق كىيىم كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنى ئورىۋالغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ، قوللىرىنى شىلتىپ، ئۇنىڭ يۈز - گەدەنلىرىگە پاقىلدىتىپ ئۇراتتى. ئايالنىڭ بوينىغا سىم بىلەن ئېسىلغان كىچىككىنە تاختىغا: «گومىنداڭ ئىشپىيونى ××» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ: «مەن ئۆتۈنۈپ قالاي... ماڭا رەھىم قىلىڭلار، تەيۋەندىكى ئاتا - ئانامدىن ئالاقەمنى ئۈزگەن...» دېگەن سۆزلىرى بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا چىقىۋاتاتتى...

---

[1] ئۇ چاغلاردا قىزىل رەڭ ئىنقىلابقا سىمۋول قىلىنغاچقا، ئىنقىلابىي رەڭ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، جىن - شەيتانلارنى بوياشتا ئۇ رەڭ ئىشلىتىلمىگەن.

گۈلباغ رەستىسىدىكى بۇ سورۇنلاردا قىيامەت - قايىم ۋەھشىيىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلار ئۇيغۇرلار ھەم خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان، بەدىنىدە تىكىنى، بېشىدا مۈڭگۈزى، تىلىدا نەشتىرى بار ئىنقىلابچىلار ئىدى!... ئۇلار رەھىم - شەپقەت، ئىنساپ - مۇرۇۋۋەت، ئەخلاق - پەزىلەت دېگەنلەرنى يەتتە قەۋەت ئاسمان قەھرىگە چۆرۈۋېتىپ، قىلىچلىرىنى قىيپالىڭاچ ئوينىتىپ چىققان جاللاتلار ئىدى!...

ھېكمەت، كامىل، مۇراتلار ساجىتخاننىڭ نەزەربەند قىلىشى ئاستىدا، گۈلباغدىن پەسلەپ چۈشۈپ، بىر سورۇنغا دۈچ كەلدى. مەيداندا يالاڭ ئاياغ بىر قىز نېپىز ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا ئۆرە تۇراتتى. گۈلرۇز ئۇنىڭ چېچىدىن قامالاپ، گەجگىسىدىن بېسىپ ۋارقىراۋاتاتتى... قىزنىڭ بېشىدىن نېمىدۇر ئارىلاشتۇرۇلغان ماي قۇيۇلغاچقا، يۈز، بويۇنلىرى، ئاپئاق ئىچ كۆڭلىكى قاپقارا بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بويىنىدا قاتتىق مۇقاۋىلىرىدىن سىم ئۆتكۈزۈلگەن رومان ۋە كلاسسىك كىتابلار ئېسىقلىق تۇراتتى. قىزنىڭ نۇقسانسىز گۈزەللىكى مۇشۇ ھالىتىدىمۇ ئوتقاچتەك يېلىنجايتتى.

— بۇ خوتەننىڭ زوھرەسى دەپ نام ئالغان، — دېدى كامىل پىچىرلاپ، — تالىپە قىز تۇنىسا قۇربان①، بەش يېشىدىن تارتىپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالالمىغان بىر چوڭ ئەمەلدار ئۇنىڭغا تۆھمەت ۋە سۇيىقەست ئىشلىتىپتۇدەك...

— تولا كۇسۇرلاشماي ئالدىمىزغا دەسسەيلى، — دېدى ساجىتخان تۇمشۇقلىرىنى بىر ئەپلەك ئۇچلاپ.

جەمئىيەتنىڭ جىن - شەيتانلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش پائالىيىتى بولۇپ، ئەتىسى گۈلباغ رەستىسىدە لۇغۇلداپ كۆيگەن ئوت ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلدى. قەغەز كۆيۈندىلىرى قاپقارا ئىس ئارا قارا قاغىلاردەك ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. مانا بۇ خوتەندە بولغان تۇنجى قېتىملىق كىتاب كۆيدۈرۈش ۋەقەسى ئىدى. ئامالسىز قاراپ تۇرغان زىيالىيلار ئىچىدە قان - قان يىغلاۋاتسا، بەزى ئادەملەر شەپكە تىكتۈرسەم چېكىلىك قىلىمەن دەپ، قاتتىق تاشلىق كىتابلارنى دەسسەپ يىرتىپ، ئۇلارنىڭ مۇقاۋىسىنى ئالماقچى بولاتتى. ئەسىرلەردىن بېرى، ئالىملار، يازغۇچىلار، ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار،

---

① تۇنىسا قۇربان شۇ يىللاردا تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، ئاخىرى ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ھازىر ئۇ ھايات!

مەرىپەت يولىدا ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ تامچە ـ تامچە قان ـ تەرلىرى، ئەقىل جەۋھەرلىرى، يۈرەك شەربەتلىرى بەدىلىگە ئاپىرىندە بولغان كىتابلار كۆيۈپ بىردەمدىلا كۈلگە ئايلاندى! . . . كەلگۈسىدە ئەۋلادلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ . . . نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمىز؟ . . . بۇنىڭ جاۋابكارلىقى زادى كىمدە؟ . . .

ھش ـ پەش دېگۈچە، 11 ـ ئاي كىرىپ قالدى. ياپراقلار تۆكۈلۈپ، باغلار شالاڭلاشتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭلىمۇ دۇائىنىڭ يانچۇقىدىن بەتتەرەك قۇرۇغدىلىپ قالدى. ئامىۋى كىنوخانىنىڭ قىشلىق زالىدا چوڭ يىغىن ئېچىلدى. ناھىيە بويىچە نەچچە يۈزلىگەن جىن ـ شەيتانلار تارتىپ چىقىرىلىپ، جاھان تىنچلاندى، دۈشمەنلەر تار ـ ار قىلىندى، ئەمدى ياستۇقنى قىرلاپ ياتىدىغان بولدۇق دەپ چۈشەنگەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت جۇرىنى ساۋۇر روزى، شۈجى تاڭ ۋېنسەيلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابى-دىن خۇلاسە چىقاردى. بىر يۈز ئون توققۇز نەپەر ئوقۇتقۇچىنى «قوشكۆل»گە سۈرگۈن قىلىش، قالغان جىن ـ شەيتانلارنى مەكتەپلەردە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش قارارى ئوقۇلۇپ، خوتەن ناھىيىسىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابى «ئاياقلاشقان» ھېسابلاندى. ۋىلايەت-لىك ئىدارىلەردە ئىنقىلاب تېخى داۋاملىشۋاتقاچقا، نائىبى، ئامانىللالار ھازىرغىچە يەرلىك تىۋرمىلەرگە سولاقلىق ئىدى. شادىمان، ئالىمجانلارمۇ كۆرەشكە تارتىلىۋاتاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئەزىمەتنى كۆتۈرگەن ھېكمەت بىلەن قىزىنى باغرىغا باسقان مۇرات زۇمرەتنى باشلاپ خان ئانىنىڭ ۋەيرانە قورۇسىغا كەلدى. سەئىدە، نەفىسەلەرنىڭ خەۋرىدە بولغاچقا، ئۇلار پولۇغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. كامىل دۆۋلەنگەن توپىلارنى كەتمەن بىلەن چوڭقۇرلارغا تارتىپ، ھويلىنى تۈزلەۋاتاتتى، ئۇ تەرلەپ كەتكەنىدى. سەئىدە، نەفىسەلەر ئۇلارنى ئۇدۇللا چوڭ مېھمانخانىغا باشلىدى. خانىزاتخان ئانا سۇترەڭ يىپەك كۆڭلەك ئۇستىگە پاختىلىق قارا مەخمەل جىلىتكە كىيىپ، بېشىغا كۇلرەڭ يۇكۋاي ياغلىق ئارتقان ھالدا، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. زۇمرەت يىغلى-غان پېتى بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى. موماي‌مۇ زۇمرەتنىڭ پېشانە، يۈزلىرىگە سۆيۈپ، باشلىرىنى سىيلىدى، ھېكمەت بىلەن مۇرات بۈرزۈكۋار ئانىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، سالام بېرىشتى. ئاندىن موماي ئەزىمەت بىلەن گۈلچېنئاينى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى، ئۇلارنى تويماي ـ تويماي سۆيدى، قوللىرىغا بىر كاللەك-

تىن ناۋات تۇتقۇزۇپ قويدى.

— پاھ، پاھ، بۇ بالىلارنىڭ ئوماقلىقىنى! ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغاپ، ئەزىمەتنىڭ گەپلىرى، گۈلچىنىئاينىڭ كۈلۈشلىرى، — دېدى موماي بالىلارنى قۇچىقىدىن چۈشۈرمەي، — ھېسابلاپ باقسام، ئەزىمەت ئىككى ئاي كەم ئىككى ياشقا كىرىپ قاپتۇ... ئەمدى بۇ كۈلگۈنچەكچۇ؟...

— ئالتە ئايلىقتىن ئېشىپ قالدى، — دېدى زۇمرەت قىزىنى قولىغا ئېلىپ، — بۇنىڭمۇ ئەزىمەتتەك تىلى، ئايىقى تېز چىقىدىغان ئوخشايدۇ. ھېلىتىن بىر نېمىلەرنى دەپ گۈڭگىراپ كېتىدۇ، قولى ئىلىنىغەنلا يەرلەرگە ئېسىلىپ، قوپماقچى بولىدۇ...

— ئەمدى تۇغسىڭىز، بۇ قىزىڭىزنى مەن ئېلىۋالىمەن... سەئىدەگە ھەمراھ بولىدۇ...

قىزىرىپ كەتكەن زۇمرەت.

— قىزىم ئۆزلىرىدىن ئايلانسۇن خان ئانا... سىلى ئۆز ئانامدىنمۇ چارى، — دېدى.

— ياشاڭ قىزىم، مىڭ ياشاڭ، مېنى قەۋەتلا خوش قىلىۋەتتىڭىز... مۇشۇ لەۋزىڭىز ئۈچۈن، ئۇ دۇنيادىمۇ سىزدىن مىننەتدارمەن، — خان ئانا مۇراتقا قارىدى، — ھە، ھارامزادە، ھەييار، قارايسەنغۇ؟... ياكى قىزىڭغا چىدىيالمايۋاتامسەن؟...

— ياقەي خان ئانا، ھېلىغۇ بىر قىزىمكەن، ئون قىزىم بولسىمۇ سىلىگە تەسەددۇق، — دېدى مۇرات قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، زۇمرەت بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقېتىمدا ئىككىدىن تۇغۇپ بېرىمەن دەۋاتسا...

ئۆينىڭ ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. زۇمرەت تومشۇقىنى ئۇچلاپ ئېرىگە ئالىيىۋالدى.

— ھەي... ھەزىلمۇ قىلىشتۇق، خۇدايىم بېقىپ چوڭ قىلىشنى نېسىپ قىلسۇن! — مومايىنىڭ چېھرىنى غەمكىنلىك بېسىپ، ئېغىر تىنىدى، — مانا سىلەرنىڭ بىردىن بالاڭلار بولدى، كامىلىنىڭچۇ؟ زادى ئوقتاسىغا كەلمەي كېتىۋاتىدۇ. خۇدايىم ئۇلارغا بەختنى يار قىلغاي... ئەلۋەتتە، ئۈمىدلىرىمىز بىھۇدە بولماس...

نەفىسە ئوركىگەك كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ، ئەتلەس كۆڭلىكىدەك قىزىرىپ كەتتى...

تاماق پىشقۇچە، ئەرلەر ھويلىغا چىقىپ ئويمان - چوڭقۇرنى تۈزلىدى، پېشايۋاننىڭ خىشلىرىنى قايتىدىن تىزدى، بۇ ئىشلار ئاياقلاشقاندىن كېيىن، باغقا كىرىپ، ئىنقىلابچىلار كىتاب ئىزدەپ ئۈيۈپ تىلغىۋەتكەن مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىنى، گۈل قىرلىرىنى تۈزلەپ، بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كەلتۈردى. كۆلنىڭ تېگىدە قالغان سۈيى كۆكىرىپ، ئۈستىدە لەشلىرى لەيلەپ يۈرەتتى. شاپتۇل، ئالۇچا، جىنەستىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، پەقەت ئالما، ئۆرۈكلەرنىڭ ئۈچلىرىدىلا ئاندا - ساندا قىپقىزىل ياپراقلار پىلدىرلاپ تۇراتتى. مەغەز گۈلىنىڭ تاسما يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ، قوڭۇر داغدەك يېپىلىپ ياتاتتى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ، بۇ بىرىنچى قېتىم خۇشاللىق كۈن بولدى. ھەممە كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن، تاماق يەپ بولۇپ، قايتماقچى بولۇشتى. خان ئانا ھەممىسىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، پېشانىلىرىگە سۆيۈپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئاللا سىلەردەك دىيانەتلىك بالىلار ئۈچۈن ساخاۋەتلىك يەتتە دەرۋازىسىنى ئاچقاي. . . . ئاشۇ چۆللەردە خىزىر ئەلەيكىسالام يار بولغاي. . . مۈشكۈلاتىڭلار ئاسان، ئىشلىرىڭلار راۋان بولغاي، ئامىن! . . .

موماي رومال ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ، پېشانىلىرىگە قايتا سۆيدى. ئۇنىڭ كۆز قىيالمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. . .

— ئۈچۈڭلار قوشكۆلگە كىرىدىغان بولۇپسىلەر بالىلىرىم. . . ئۆمەكلىك ئىتتىنىڭ قۇيرىقى ئۆرە دېگەن گەپ بار. بىر - بىرىڭلارغا ھەمقان بولۇڭلار. . . قان قىزىقلىقى باشقا بالا. . . سەۋرچان، تاقەتلىك، سالماق بولۇپ، ئەقىل كۆزۈڭلار بىلەن ئىش قىلىڭلار. . . كۆڭلۈڭلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويماڭلار. . . — تەئەسسۇپكى، بۇ مومايىنىڭ چېكىسىدىكى تارام - تارام تومۇرلارغا قان يۈگۈردى، — تەپرىقچىلىق تېتىقسىز غەۋغالارمۇ ئۆتۈپ كېتەر. ئەجەپ - ھە؟ پادىشاھغا ئاۋام ئارىسىغا تەپرىقچىلىق سېلىشتىن باشقا ئىش يوقمىكىنا؟ . . .

ھېكمەت، مۇرات، زۇمرەتلەر بالىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېتىپ قېلىشتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندى. ئۇلار گۇجان كوچىسىدىن چىقىپ، ناھىيىلىك كومىتېت ئالدىغا كەلگەندە، ھېكمەت خوشلىشىپ، ئەنجان كوچىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ قىزىق دەرۋازىغا

چىقىپ، كىچىلىك قاراڭغۇ بازارچىلاردىن بىرنەچچە نان ۋە سامسا ئالغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتتى.

ئوغلىنى بىر كىچە باغرىغا تېڭىپ يېتىۋالغان ھېكمەت ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، ئۇيقۇلۇق ئەزىمەتنى قانماي ـ قانماي سۆيدى، پۇرىدى، بۇدرۇق قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈرتتى، ئەزىمەتمۇ ئانىسىنىڭكىدەك ئۇزۇن ھەم قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىنى ئې-چىپ، دادىسىنىڭ بوينىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بۇمەرەمخان بىرچەتتە مىچىلداپ يىغلاۋاتاتتى. نەبى بولسا قولىنىڭ ئارقىسىدا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى.

— ئانا، خوش، ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ، پات ـ پات قۇۋۋەتلىك يەپ بەرسىلە... نەبى يۆتەل دورىسىنى ئۇزۇپ قويمىغىن...

— ھېكمەتجان بالام... — بۇمەرەمخان ھېكمەتنى تۇنجى قېتىم باغرىغا باستى، — قانىتى سۇنغان بالام!... مۇساپىر خورلۇقىنى تارتقان بالام!... دىلى سۇنۇق بالام!... مۇرادىغا مۇيەسسەر بولالمىغان بالام!!!... — بۇمەرەمخان ئانا ئۆكسۈپ ـ تېلىقىپ يىغلىماقتا ئىدى...

تەقدىر مۇساپىسنى مۇجەسسەملەندۇرگەن بۇ سۆزلەر ھېكمەتنىڭ ئۆپكىسىنى ئۆر-لىتىپ، كۆزلىرىدىن بۇلاقتەك سۇزۇك ياشلار ئۆرلەپ چىقتى.

— نەبى ئۇكام، خوش ئەمىسە!...

ئىككىسى تەڭلا ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلاشتى. ھېكمەت ئۇنى باغرىغا شۇنچىلىك چىڭ باستىكى، نەبى نەپەس ئالالماي قالدى. بۇ قىسمشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن نەبى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ھېكمەت ئاكا... سىز مېنىڭ ئاكام ھەم ئاتام... ئەزىمەتتىن خاتىرجەم بولۇڭ... مەن گۈلزىبا ئاچامغا قەسەم بەرگەن... مەن قەسىمىمنى چوقۇم ئورۇنداي-مەن... بولمىسا، ئاچام قەبرىسىدە خاتىرجەم ياتالمايدۇ...

— مەن ھەر ئايدا ئايلىق مائاشىمنى كېچىلىرى بولسىمۇ كېلىپ يەتكۈزۈپ بېرى-مەن...

— ياق، ھېكمەت ئاكا، — دېدى نەبى، — مەن ۋېلىسىپىت بىلەن ئەزىمەتنى ئېلىپ بارىمەن... قاچماڭ... ئۇلار بىلىپ قالسا، سىزنى ئۇرىدۇ...

ئوغلىنى ئاخىرقى قېتىم باغرىغا بېسىپ سۆيگەن ھېكمەت بۇمەرەمخان تەييار قىلىپ بەرگەن سومكىنى ئالدى ـ دە، ھويلىغا چىقتى. سىرتتا بوران چىقىۋاتاتتى. ئۇلار

ھېكمەتنى ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىتىپ قويدى. نەبىنىڭ قولىدىكى ئەزىمەت قىرقىراپ يىغلاپ بولجىناتتى.

1966 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بوران ـ چاپقۇنلۇق بىر كۈن بولدى. ئۇششاق ئاق يېغىن يۈزلەرگە سانجىلاتتى. غازاڭلار ئۇچۇپ ئۆزىنى ھەرقايان ئۇراتتى. . . چايخانا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى غارىلداپ سۇرلۇك ئېچىلدى. چىرايلىرىدىن خۇن قاچقان، كۆز نۇرلىرى غۇۋالاشقان، توپا چىراي بىر يۈز ئون توققۇز نەپەر مەرىپەت قۇربانلىرى ئېغىر قەدەملەر بىلەن بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ چىقىشتى. . . توپلانغان ئالىمان ئارىسىدا، يىغلاشقان، ۋارقىراشقان، ئاكا! دادا! ئاچا! . . . دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. بۇ ئاۋازلار قوشكۆل سۇرگۈنلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى شاللىقلارغىچە ئەگىشىپ باردى.

# سۇرگۈن

ياۋا قومۇش قاپلىغان شور توپىلىق چەكسىز چۆل، قوشكۆلنىڭ كەنتلىرى يىراقلاردا يامغۇر بۇلۇتىدەك قارىيىپ تۇرىدۇ، كەنتلەر ئۈستىدە كۆتۈرۈلگەن ئىسلار ئېرىندەكلىك بىلەن تولغىشىپ، بارا ـ بارا سۈس تۇمانغا ئايلىنىپ يوقايدۇ. . . ھورۇن ئىتلارنىڭ خوشياقمىغاندەك ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ قاۋاپ قويۇشى، قېرى خورازنىڭ بوغۇق، خىرىلداپ چىللىشى ناگان ـ ناگاندا ئاڭلىنىپ قالىدۇ. . . چۆلنىڭ ھارماس يېنىك شامىلى قۇرۇپ كەتكەن ياۋا قومۇشلارنى قامچىلاپ، ھەپتىدىن بېرى گەمە كولاۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈزلىرىنى ھەرىدەك چېقىپ ئۆتىدۇ. . .

ئوقۇتقۇچىلار قوشكۆلگە كېلىپ، دېھقان ئۆيلىرىگە ۋە دادۇي ئىشخانىلىرىغا ئورۇنلاشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئىش تەقسىماتىنى تاپشۇرۇۋېلىشتى. بىر گۇرۇپپا خانىملار[1] كۆمۈر ئۈۋۈندىسىغا سېغىز توپا ئارىلاشتۇرۇپ پوم قۇيۇشقا، يەنە بىر گۇرۇپپا خانىملار تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خۇمدان ئەتراپىدىن سېغىز توپا كولاپ ئەپكېلىشكە ئايرىلدى. پوم قۇيغۇ ۔ ك ۋەزىپىسى ئېغىر ئىدى. ئۇلار

---

① خانىملار — ئايال ئوقۇتقۇچىلار.

نېپىز مۇز قاتقان كۆل، ئېرىقلارنىڭ سۈيى بىلەن لاي ئېتىپ، پومنى قولىدا ئەتكەچكە، سۇنىڭ سوغۇقى سۆڭەكلىرىگىچە ئۆتۈپ كېتەتتى. قولىنى ئىسسىتىۋېلىشقا ياكى بىردەم هورداپ ئۇۋۇلىۋېلىشقا پۇرسەت يوق ئىدى. چۈنكى، ئايىم نۇرىدەك ئاكتىپلار ئۇلارغا كۆز - قۇلاق بولۇپ، يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ تۇرغاچقا، كەچ تەرەپلەردە كۈرەشكە تارتىلىشتىن قورقاتتى. ئۈچ گۇرۇپپا قارا كۆرۈم يىراقلىقتا ياۋا قومۇش ئورۇپ، ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلارنى تۈزلەپ، قۇرۇلۇش سېلىشقا يەر هازىرلايتتى. ئۇلارنىڭ ئىككى گۇرۇپپىسى ئەرلەر بولۇپ، بىرسى ئاياللار ئىدى. كامىل، هېكمەت، مۇرات قاتارلىق ئون سەككىز كىشىلىك گۇرۇپپا ئىچىدە زەيىنىدىن، تۇردى، هېكىملەرمۇ بولۇپ، ئۇلار گەمە كولاپ، قىشلىق ياتاق هازىرلايتتى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى تۇردى هېكىم ئىدى. قوشكۆل سۇرگۈنلىرىنى ناهىيىدىن ساۋۇر روزى بەلگىلىگەن ئىككى كادىر مەسئۇل بولۇپ باشقۇراتتى. ئۇنىڭ بىرسى قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى، كىيىملىرى ياغاچقا ئىلىپ قويغاندەك سېلىنىپ تۇرغاچقا، تېرىسى يىرتىلىپ كەتسە سۆڭەكلىرى تۆكۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان، ئورۇق، ئېگىز، يۇقۇرقى ئىككى چىشى كۆپ-كۆك كالپۇكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان ئادەم ئىدى. ئۇنى «لاۋچىڭ» دەپ چاقىرىشاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا «گاڭ گۇتۇ» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى. پاسار داۋۇت ئىسىملىك قىرىق ياشلاردىكى يەنە بىرسى، خۇددى شاخ - پۇتاقلىرىنى يۇنۇپ دىخماقلا قىلىپ قويغان قارىياغاچ كۆتىكىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ بېشىنى بىرەرسى كۈچەپ مۇرىسىگە پاتۇرۇۋەتكەندەك، بوينى بولمىغاچقا، سالپايغان ئېڭەكلىرى مەيدىسىگە يېپىلىپ تۇراتتى. پۇت - قولى دىخماق، گەپ - سۆزلىرى، ئۆزىمۇ دىخماق بۇ ئادەمنىڭ پىت كۆزلىرىنى يېپىپ تۇرغان قېلىن قاپاقلىرى، قوتۇر ياڭيۇدەك بۇرنى قاپقارا يۈزىگىچە دەهشەت چوقۇر بولۇپ، بىر غەلىۋىر تېرىقنى بېشىدىن قۇيۇۋەتسە، يەرگە تۆكۈلمەي، يۈزىدە توختاپ قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا «تېرىق قېلىپى» دېگەن لەقەم قويۇلۇپ قالدى. بىراق مۇرات ئۇنىڭ يۈزىنى يامغۇردا قالغان تاپىلما تېزەككە ئوخشىتىپ مەسخىرە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە ئوقۇتقۇچىلار بۇ لەقەمنى «تېزەك قېلىپى»غا ئۆزگەرتىۋالدى.

«گاڭ گۇتۇ» ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «قارا يىپلار» دەپ، ئاچچىقى كەلسە، «گېزەندىلەر» دەپ چاقىراتتى. ئۇ، ئۇيغۇر تىلىنىمۇ بىلەتتى ئەمما چالا ئىدى. «تېزەك

قىلىپى» ئۇچۇن، ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى «جىن ـ شاياتۇنلار» ، «قارا قۇيۇنلار» ، ئاياللارنى «ئالۋاستى» ، «مىكىجىن»[1] دېيىش كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قىلىپى گەمە كولىنىۋاتقان ياۋا قومۇشلۇققا كەلدى. ئوقۇتقۇچىلار سەككىز گەمىنى قاتىرىسىغا كولاپ تۈگىتىپ، گەمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يول قويۇپ، ئىككى تەرىپىگە ياتىدىغان سۇپا چىقىرىۋاتاتتى. بۇ ئىككى باشلىق دۆۋىلەنگەن توپىلارنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، پەسكە قارىدى. بۇ چاغدا، مۇرات تۇردى ھېكىمگە ۋارقىراۋاتاتتى:

— ھەي، دالتەك، ماۋۇ تاغاردىكى توپىنى كۆتەر دەيمەن!... قوپە تېز...

— ۋاي ـ ۋوي، مەنلا توشۇمىتىم... بەللىرىم...

— ئۆزەڭچىزە، ئون سەككىز ئادەمنىڭ باشلىقمەن دەپ، يوغان پوقلۇق قىلماقچىمۇسەن؟ ۋوي لامزەللە، — مۇرات قولىنى جۆندى، — بىلەمسەن، جىن ـ شەيتانلارنىڭ باشلىقى نېمە بولماقچىدى، جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولىدۇ!... شۇڭا، ھەممىدىن كۆپ ئىشلەيسەن...

— لاۋچېڭ، پاسار داۋۇتلارمۇ جىن ـ شەيتانلارنى باشقۇرىدىغان باشلىققۇ؟ — دېدى تۇردى غۇدۇڭشۇپ،— ئەمىسە ئۇلارمۇ...

— ئۇلار جىن ـ شەيتانلارنىڭ بوۋىسى، ئۇقتۇڭمۇ؟... سەندەك ئەشەددىي جىن ـ شەيتاننىڭ ئەشەددىسى... ئۇلار كەلگۈسىدە بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئىشلەيدۇ... — مۇراتنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا ئۆزىگە ھۆرپىيىپ قاراپ تۇرغان ئىككى باشلىققا چۈشۈپ قالدى.

— ھەي، جىن ـ شاياتۇن، نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ — دېدى تېزەك قىلىپى خۇددى پەسكە يۇمىلاپ چۈشىدىغاندەك،— خورىكىڭ نېمانچە يوغان سېنىڭ؟ تېخى «بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئىشلەيدۇ» دەيسىنا؟...

زۇمرەت بىلەن قىزىنى سېغىنىپ تاقىتى قالمىغان مۇرات ئۈششۈك ھەرىسىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ بەزى چاغلاردا، كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ نەسىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالمايتتى. زىتىغا تېگىدىغان، كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان بىر ئىش بولۇپ قالسا، شۇ ھامان سەكرەپ قوپاتتى ياكى تىل نەشتىرىنى تىقاتتى. يېقىندا ئۇ قوشكۆللۈك بىر

---

[1] مىكىجىن — تۆگۈزنىڭ چىشىسى.

دېھقاندىن راۋاب سېتىۋالدى. كەچ تەرەپلەردە، ياتاقتا، قومۇشلۇقلاردا ئۆزى ئاھاڭ سېلىپ تۈزۈۋالغان قوشاقلىرىنى ئېيتىپ، راۋابىنى چالاتتى. ئۇ، تېزەك قېلىپىدىن قورقۇپ قالمىدى.

— ھە، ئىشلىمەي ئوڭدا يېتىپ يەمتىك - يە؟ . . . خىيالىڭدا «كوممۇنىزمنى بىزگە جىن - شەيتانلار قۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ ئويلاپ قاپسەن - دە؟ . . .

— سەن قارا قۇيۇن، جىن - شاياتۇنغا ئۆزۈمنى بىر تونىتىپ قويمىسام، — تېزەك قېلىپى چۈشمەكچى بولۇۋىدى، گاڭ گۇتۇ ئۇنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى مۇرات تۆمۈر كۆرەكنى دەرھال قولىغا ئالغانىدى. بۇ چاغدا، گەمىدىن كامىل بىلەن ھېكمەت يۈگۈرۈپ چىقىپ، مۇراتنىڭ قولىدىكى كۆرەكنى ئېلىۋالدى.

مۇراتنىڭ پەيلىدىن قورققان گاڭ گۇتۇ، تېزەك قېلىپىنى باشلاپ ئېلىپ كەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار كەنت قورۇسىغا يىغىلدى. مۇراتنى مەيدان ئوتتۇرسىغا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى. تېزەك قېلىپى ئۇنىڭ ئىنقىلابىي كادىرلارغا زەربە بېرىپ، پاكىتلارنى قوشاقتا قېتىپ ناخشا ئېيتىپ، ئەكسىيەتچى خورىكىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ، كۆپچىلىكنى ئۇنى كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. لېكىن، بىر كۈن كەچكىچە ئېغىر ئەمگەك قىلىپ ھالىدىن كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارغا خوشياقمىدىمۇ ياكى ئۆزلىرىگە تەقدىرداش بىرسىنى رەنجىتىشكە رايى بارمىدىمۇ، ئىش قىلىپ، ھەممىسى بېشىنى چاتىرىقىغا تىقىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. گاڭ گۇتۇ، تېزەك قېلىپى «ئاكتىپلىق كۆرسىتىپ، جىنايىتىنى يېنىكلىتىش» ھەققىدە سۆزلەپ، پىشاڭ سېلىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلارنى قوزغىتالمىدى. ئايىم نۇرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ تەمشىلىۋىدى، مۇرات ئۇنى قىلچە ئاياپ ئولتۇرمىدى:

— ھەي سىياسىي يانچۇقچى ئايىمەك، — دېدى مۇرات قولىنى جۇنۇپ، — گېپىڭ بولسا مەيدانغا چىقىپ دېمەمسەن؟ . . . ئەگەر تەشكىلاتىڭغا تارتقان ئادەملىرىڭ ئاز بولۇپ قالغان بولسا، مانا بۇ ئولتۇرغانلار بار. . . سېنىڭ كاساپىتىڭدىن قانچىلىغان ئوقۇتقۇچىلار بالا - چاقىسىدىن، خىزمىتىدىن ئايرىلدى! . . . مېيىپ، ئاقساق - چولاق بولۇپ كاردىن چىقتى. . .

— سىياسىي يانچۇقچىلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويمايلى! . . .

توپ ئارىسىدىن ئايىم نۇرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىر دەردمەن تۇيۇقسىز شوئار توۋلىۋەتتى. يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بوراندەك ئاۋازى، سۆزلەشكە تەييارلان-

غان تۆردى ھېكىم، زەيىندىن، ئايىم نۇرىلارنىڭ ئۇنىنى ئۆچۈردى. گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپى تەمتىرەپ قالدى. گاڭ گۇتۇ مۇراتنى جايىغا ئۇلتۇرغۇزۇۋېتىپ، كۆپچى-لىككە ھىجايدى:

— ئەرتە ئون كىلو (كىلومېتىر) جايدا شۇ ئورمان بار. بىز ھەممىسى ياغاچ كەسكىلى باردۇ، گەمە ئۆينى يېپىپ شۇ ئۇز بولسا... داجا - ماجا كۆچىدۇ... مەسنى (مەشنى) قويسا گەمە ئىچى نەنخۇ (ئىسسىق) بولىدۇ... بۇگۈن سىلەر ھادى شۇ... ھازىر ئۇخلاڭ بولسۇن!...

گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپى دادۇي ھويلىسىدىكى ياتىقىغا كەتتى. جىن - شەيتانلار ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان تېزەك قېلىپىنىڭ گاڭ گۇتۇنىڭ يۇمشاق باشلىق قىلغىنىغا خۇيى تۇتۇپ قالدى.

— لاۋچىڭ، مەن سىزنى زادى چۈشىنەلمىدىم، — تېزەك قېلىپى كارىۋىتىغا زوككىدا ئولتۇردى، — بۇ مەيدان مەسىلىسى، سىنىپىي كۆرەشنى تۇتمىغانلىق...

— ھەي... لاۋپا... سىز خاپا بولمۇسوڭ... ناھىيە ۋېنخۇا داگېمىڭنى تۇگىدى دەيدۇ... جوڭگىياڭ شۇ ئەمدى باشلاندى، دېدى، بۇ ئىشلار نەگە باردۇ؟... نەدە توختايدۇ؟... بىلىش نەن (قىيىن). بىز شۇ سۇنىڭ مېڭىشىغا قاراپ باقمامدۇ؟...

ئەتىسى ئەتىگەن، ياتاق ساقلايدىغان دىجورنى ۋە ئاشپەزلەردىن باشقا ھەممە ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك نانلىرىنى ئېلىشىپ ياغاچ كەسكىلى مېڭىشتى. گاڭ گۇتۇنىڭ ئون كىلومېتىر دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئون بەش كىلومېتىردىن كەم ئەمەس ئىدى. بۇ بىر ئىپتىدائىي ئورمانلىق بولۇپ، قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغان قەدىمىي توغراقلار، قۇچاق يەتكۈسىز تۇخۇمەك، ھاڭگىي، قارىياغاچلار، ياۋا ياڭاق، ياۋا بادامىلار، غوللىرى قىيقىزىل بەقەمگە ئۆزگەرگەن يۇلغۇنلار قاپلىغان، ئادەم يول تېپىپ ماڭغۇسىز چاتقال-لىق جاڭگال ئىدى. ئۇلار كۈن قايرىلغۇچە، دەرەخلەرنى يىقىتىپ، ئۆلچەم بويىچە كېسىپ، شاخ - شۇمبىلىرىنى پۇتىدى. چۈشتە نانلىرىنى قۇرۇقلا يەۋالغان ئوقۇغۇچى-لارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، كۆڭلى ئاينىشقا باشلىغاندىلا، ئىككى ئادەم بىر ياغاچتىن كۆتۈرۈپ، ئاياللار بولسا شاخ - شۇمبىلارنى باغلاپ يۈدۈپ مېڭىشتى. ھۆل ياغاچلار بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، كۆتۈرۈشمۇ قىيىنلاشتى. يول ھاردۇقى، ئېغىر ئەمگەك، ئاچلىقتىن مەيدىلەرنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشى، ئۇستىدىن بېسىۋاتقان يۈك ئوقۇغۇچىلارنى

پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇلار قەدەمدە بىر دەم ئېلىپ، ياغاچلارنى ئۇ مۇرىسىدىن بۇ مۇرىسىگە يۆتكەپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن، قوشكۆل كەنتىگە يېتىپ كېلىشتى. . . ئورماندىن ياغاچ يۆتكەش تۆت كۈن داۋاملاشتى. . .

ئوقۇتقۇچىلار گەمىلەرگە كۆچۈپ كىردى. سوغۇقمۇ بارغانسېرى ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بەزىدە بوران چىقىپ، گەمە ئىشىكىگە تارتىلغان كىگىزلەر گۇپۇلدەپ ئاۋاز چىقىرىپ، ئۈستىلىرىدىن شۇرقۇراپ توپا تۆكۈلۈپ، ھارغىنلىقتىن ئىڭراپ ياتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى. بەزى كېچىلىرى، بۇ چۆل تۈزلەڭلىكىدە شۇنچىلىك ئەنسىزلىك بولۇپ كېتەتتىكى، شاۋۇلداش، ۋىژىلداش، گۈلدۈرلەش، قانداقتۇر ھۇقۇيتقان، چىرقىرىغاندەك ئاۋازلار تاڭ ئاتقۇچىلا بېسىقمايتتى. ئويۇر - ئويۇر يىلقىلار چېپىشقاندەك گۇپۇلدەشلەر گەمە ئۈستىدىن ئۈزۈلمەيتتى.

خانىملار، ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېرىمى تۆت كىلومېتىر ئارىلىقتىن قۇرۇلۇش چۈشىدىغان مەيدانغا كېسەك تۇشۇيتتى. قالغانلىرى يىراق ساسلىقتا قومۇش ئورۇيتتى. ئەسلىدە قومۇشنى مۇز ئادەم كۆتۈرگۈدەك قاتقاندا ئورۇش كېرەك ئىدى، بىراق، قۇرۇلۇشنى باشلاش ۋاقتى قىستاپ قالغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار يالاڭ ئاياغ ھالدىلا، مۇزلارنى تاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، چوڭقۇرلىقى تىزغىچە كېلىدىغان قارا سۇغا كىرەتتى. تاپاندىن كىرگەن سوغۇق مېڭىدە توختاپ، كۆزلەر قاراڭغۇلىشاتتى. تېنى ئاجىزلار ئايلىنىپ يىقىلسا، بەردەمرەكلىرى قومۇشلارنى تۇتاملاپ جىم تۇرۇۋۇلاتتى. . . كېيىن، پۈت ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى، قوشكۆل كەنتىنىڭ دادۇيجاڭى كۈزگى بۇغدايلىرىغا توڭ ياتقۇزۇش[①] ئۈچۈن ئادەم تەلەپ قىلىپ كەلدى. تېزەك قېلىپى مۇرات، ھېكمەت، زەينىدىن، تۇردى قاتارلىق سەككىز ئوقۇتقۇچىنى بۇيرىدى. كەچكۈز مەزگىلى بىر تامچە سۇ بىرتامچە قان بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەگەر يار ئالدۇرۇۋېتىپ، سۇنى يولغا چىقىرىۋەتكەن، چوڭقۇرلارغا ئېقىتىۋەتكەن ئەھۋال سېزىلسە، كەنت جەرىمانە تۆلەيتتى. مۇرات بىلەن ھېكمەت سەككىز تاختا ئېتىزغا مەسئۇل بولدى. ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە، قىيپاش دۆڭلۈكتىكى تاختىلارغا زەينىدىن بىلەن تۇردى ھېكىم سۇ باشلاۋاتاتتى. تۈيۈقسىزلا زەينىدىن-

---

① توڭ ياتقۇزۇش — كۈزگى بۇغداي تېرىلغان ئېتىزلارغا سۇ باشلاپ توڭلىتىۋېتىش.

نىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى:

— ئادەم بارمۇ؟... هاي، تېز كېلىڭلار...

ئېتىزنىڭ قىنىدىن ئېشىپ كەتكەن سۇ قىرنى بۇسۇپ تۆۋەندىكى يولغا ئاقماقتا ئىدى. گۇپۇلدەپ توپا تاشلىغانسېرى، سۇ بۇغداي تېرىلغان ئېتىزنىڭ لاي ـ لاتقىلىرىنى ئېقىتىپ، خۇددى بۇرنىنى تەشمىگەن بۇقىدەك بۇسۇپ، يۇقىرىدىن پەسكە يار كولاپ كېتىۋاتاتتى. يار بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ، ئەتراپتىكى قىرلار پالاق ـ پۇلۇق يىقىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال يېزا ئىگىلىكىدە بۇزغۇنچىلىق ھېسابلىناتتى. خۇددى چاشقان تۆشۈكىگە پاتمىسا، كۆتىگە غەلۋىر ئېسىۋاپتۇ دېگەندەك، جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن قورققان زەينىدىن بىلەن تۇردى ئۆتۈكلىرى بىلەنلا سۇغا كىرىپ، توپا تاشلاپ بولغۇچە، سۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تىك موللاق چۇشۇرۇپ، پەسكە ئېقىتىپ كەتتى.

— ئادەم بارمۇ؟ — ۋارقىرىدى زەينىدىن.

— ۋاي جان، ئادەم بارمۇ؟... تېز كېلىڭلار؟ — يىغلامسىراپ توۋلىدى تۇردى.

ھېكمەت كەتمەننى ئېلىپ مېڭىۋىدى، مۇرات ئۇنىڭ قولىدىن كاپلا تۇتتى ـ دە، زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي، قۇرۇق ئاكتىپ، يوق بارمۇ ساڭا ئۇ يەردە!... غىت قىسىپ، ئۆز ۋەزىپەڭنى قىلە!...

كەچتە ئەرلەر چوڭ ياتىقىغا ئوتتۇرا گۇرۇپپا بويىچە ئوقۇتقۇچىلار يىغىلدى. گاڭگۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپى قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇرۇپ، ھەممىگە ھۆمىيىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئوتتۇرا گۇرۇپپا لايقا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ شۇنداقلا بوستاننىڭ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭغا لايقا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ساغىر مەرۇپ باشلىق ئىدى. توڭ ياتقۇزۇشقا بۇيرۇلغان سەككىز ئادەمنىڭ ئىچىدە توساللا گۇڭشېسى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىرمۇ بولغاچقا، بۇ يىغىنغا ئۇمۇ قاتناشقانىدى. گەمە ئىچىدە مىق قاققۇدەك ئورۇن قالمىغانىدى. تېزەك قېلىپى يار ئالدۇرۇش ۋەقەسىنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، سىنىپىي كۈرەشكە باغلاپ، خېلى كۆپ سۆزلىۋەتتى.

— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى، «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك» دەپ تەلىم بەرگەن، — دېدى تېزەك قېلىپى قىسقا قوللىرىنى شىلتىپ، — بۇ يېزا ئىگىلىكىگە قىلىنغان ئوپئوچۇق بۇزغۇنچىلىق، ئۆچمەنلىك... زەينىدىن، تۇردىلار

قانچە چاقىرسىمۇ، ۋارقىرسىمۇ بۇ ئىككىسى ئاڭلاپ تۇرۇپ، قەستەن ياردەمگە بارمىغان. . .

تېزەك قېلىپى مۇرات بىلەن ھېكمەتكە قاراپ قويدى. لېكىن مۇرات چاچراپ قوپۇپ، كىگىز دىلا تىزلاندى.

— ئۇلار بىزنى چاقىرمىدى ھەم ۋارقىرىمىدى! — دېدى مۇراتمۇ قىلچە بوش كەلمەي، — مەن قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن! . . .

— چاقىردۇق! . . . — يوتقانغا يۆگىنىپ تۇرۇپمۇ كۆكىرىپ كەتكەن زەينىدىن بىلەن تۇردى تەڭلا ۋارقىراشتى.

— نېمەدەپ ۋارقىراشتىڭ؟ — مۇرات دەرھاللا سورىدى.

— ئادەم بارمۇ؟ دەپ ۋارقىراپ گاللىرىمىز يىرتىلىپ كەتتى، — دېدى زەينىدىن.

— ھەي، ئەقلىنى چېلىپ ئىچكەن دۆلەڭلەر، ئۇ يەردە ئادەم نېمە ئىش قىلسۇن؟ — مۇراتمۇ قولىنى شىلتىدى، — مانا ماۋۇ «پا - پا» جۇرىنىدەك، كەچۇرسىلە جۇرىن، «پا» دىن بىرنى ئوشۇق دەپ ساپتىمەن. . . «جىن - شاياتۇنلار»، «قارا قويۇنلار» دەپ چاقىرىشساڭ، ئۇچقاندەك يېتىپ بارمامدۇق؟ ئەگەر بولمىسا، لاۋچىلاڭ جۇرىندەك «قارا يىپلار»، «گېزەندىلەر» دەپ ۋارقىراشساڭمۇ بولاتتىغۇ؟ . . . ھە! دەيدىغانغا بىز ئادەم بولمىساق، جىن - شەيتان تۇرساق، سەنلەر ئادەملەرنى چاقىرىشقان تۇرۇشساڭ! . . .

گاڭ گۇتۇ غىتقىدىلا بولۇپ تېزەك قېلىپىغا قارىدى. ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە، غەلىتىلا جىلمايدى. ئوقۇتقۇچىلار ئاغزىلىرىنى تۇتۇپ جىم ئولتۇرۇشاتتى. كامىل مۇراتنىڭ ھىيلە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى.

— مېنىڭچە ئاغىنىلەر، — دېدى ئابدۇقادىر بۇ ئىشقا چېچەك چىقىرىپ، — زەينىدىن بىلەن تۇردى: «بىز ئەسلىدە جىن - شەيتان ئەمەس، ئادەم ئىدۇق» دېيىش ئارقىلىق بۇ ئىككى رەھبىرىمىزگە دارىتمىلاپ ھۇجۇم قىلغان ھەم ئەنزە ئاغدۇرغان. . . قاراڭلار، مۇشۇ كىچىككىنە يار ئالدۇرۇش ئىشىدىمۇ سىنىپىي كۆرەش ئەكس ئەتكەن. . .

ئولتۇرغانلار قانچە قىلىپمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي، كۇلۇپ سېلىشتى.

— توغرا، مانا ئىككى رەھبىرىمىز تۇرۇپسىلەر، — مۇرات ئىككىسىگە قارىدى، — سىلەر بىزنى «ئادەم» دەپ ئېتىراپ قىلىڭلار، يار ئالامدۇ، ئوت

كېتەمدۇ، ئۆي ئۆرۈلەمدۇ، ئادەم بارمۇ دەپ چاقىرساڭلارلا، جىنىمىزنى ئىكتۇق. . . قانداق دېدىم لاۋچىك جۇرىن؟ . . .

— ھە. . . ھە. . . بۇ. . . بۇ. . . — گاڭ گۇتۇ ئىپادىسىزلا ھەجىيىپ ئورنىدىن تۇردى، — سىلەر شۇ. . . كۆپ - كۆپ ئارام ئاسۇڭ. . .

گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپى چىقىپ كەتتى، گەمىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئاچچىقى كەلمىسىلا، ئادەتتە «قارا يىپلار» ، «گېزەندىلەر» ، «جىن - شاياتۇن» ، «قارا قويۇنلار» دېيىشكىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئوقۇتقۇچىلار ئىشقا چىققان ھامان، قوشكۆل كەتتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «جىن - شەيتانلار. . . » ، «گېزەندىلەر. . . » دەپ ۋارقىراپ، ئۇلارغا چالما، تاش ئاتاتتى. . .

قوشكۆلدە قۇرۇلۇش باشلاندى. شەھەر قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن چىققان ئۇستىلار ئىشنى ناھايىتى تېز باشلىۋەتتى. لاي ئېتىش، ھاك ئېقىتىش، توشۇش، كېسەك سۇنۇش ئىشلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا تەقسىم قىلىنغانىدى. يەنە بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار كۈنلۈك ۋەزىپە بويىچە كېسەك توشۇيتتى. چۈلگە سېلىنىۋاتقان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇننەچچە ئېغىز ئۆيى ھەم چاققانغىنا كۈلۈبىمۇ بار ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ بۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق، كوكتاتچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە سېلىنىۋاتقان كەلگۈسى ئىشخانا، ياتاق، كۈلۈبلار ئىكەن.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار قۇرۇلۇشتا «شۆگۈك» (ياردەمچى ئىشچى) بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر چۈشلىكى، نەفىسە بىلەن گۈلچىنىئاينى ئېلىۋالغان زۇمرەت ئېشەك هارۋىسى بىلەن كەلدى. كامىل بىلەن مۇرات ئۇلارنى گەمىگە باشلاپ كىردى. مۇرات قىزىنى كۆرپىگە بېسىۋېلىپ، ئۇنى بىر ھازا ئەركىلىتىپ يىغلىتىۋەتتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىشقا ماڭدى. ھېكمەتمۇ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. سادىر مەرۇپ كامىل بىلەن مۇراتقا: «ئورنىڭلارغا ئادەم بەلگىلەپ قويغاچ تۇراي، سىلەرمۇ پاتراق بېرىڭلار. . . » دېدى. نەفىسە بىلەن زۇمرەت ئېلىپ كەلگەن داستىخانلىرىنى ئاچتى. قورساقتا ئامراق مۇراتنىڭ گۆشنان، توخۇ گۆشى بېسىلغان پولۇلارنى كۆرۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ، بىر چاغدا ئىلەك يارلىقىدا كېسەك قۇيۇۋېتىپ، ماھىگۈل، زۇمرەتلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن داستىخانلىرىنى ئاچماي تۇرۇپ، نېمە تاماق ئىكەنلىكىنى تېپىش ئويۇنىنى

ئۈيىنغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى.

— ئەتتەگەي، — دېدى مۇرات، — داستىخانلارنى ئاچماي تۇرۇپ كامىل ئىككىمىز تېپىشىپ باقساق بوپتىكەن. . . ئۇتتۇۋالغان بولسام، ھەممىنى ئۆزۈم يەيتتىم.

— سەن دېگەن چىدىماس، — دېدى كامىل پۇلۇدىن بىر كاپام ئېلىپ.

— توغرا دەيسىز، — زۆمرەتمۇ كامىلغا بولۇشتى، — ھېلىقى بىر چاغدىمۇ چىدىماسلىق قىلمىغانمىدى بۇ شادىپاچاق؟ . . .

— ياق، بۇ قېتىم چوقۇم تاپالايتتىم، — مۇرات ھېيلىگەرلىك بىلەن نەفىسەگە قاردى، — نېمىشقا دېمەمسىلەر؟ . . . توي قىلغانلارنىڭ پۇلۇ بولىدۇ، قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەلۋەتتە گۆشنان بولىدۇ - دە. . .

— يائاللا، سىزنىڭ قېلىن گەپلىرىڭىز زادى قالمايدىكەن، — نەفىسە قىزىرىپ كەتتى، — بېشىڭىزغا شۇنچە كۈنلەر كېلىپمۇ ھەزىلدىن قالمايسىز. . .

— بىر ئۇبدان ھارۋىدا كەپسىلەرغۇ؟ — سورىدى كامىل، — ئېشەكمۇ خېلى يارامىلىق، ئايىقى تېز دەك قىلىدۇ.

— بىچارە ئېزىز تارمۇش دۇينىڭ ھارۋىسىنى جابدۇپ بەردى، — دېدى زۆمرەت، — ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى. . . كەم - كۈسىمىز بولسا، دەرھال ياردەم قىلىدۇ.

— ھوقۇق بار ئۇ تارمۇشتا، — مۇرات پەخىرلەنگەن ھالدا قوشۇپ قويدى، — جىگىرى بار يېتىم. . .

— بىراق سىزگە ئوخشاشلا ئاغزى ئەسكى، — دېدى نەفىسە چىرايلىق كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ.

سوغۇقتا ئېزىلىپ قالغانمۇ، گۈلچىنىئاي مۇراتنىڭ كۆرپىسىدە ئۇخلاپ قالدى. مۇرات دەممۇ دەم ئايالىغا قارايتتى، كۆزلىرىدىن چاچرىغان ئۇچقۇنلار زۆمرەتنىڭ نەق يۈرىكىگە بېرىپ قادىلاتتى. بۇنى سەزگەن نەفىسە كامىلغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويدى.

— سىلەر ئازادە پاراڭلىشىڭلار، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىزمۇ ياتاققا چىقايلى. . .

— پۇرسەت غەنىيمەت كامىل، مانتا شوپۇلاپ يەيمەن دېگىنە! . . .

«سۆيۈش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز، يۈزى ئېچىلمىغان، شەرم - ھايالىق، ئەدەپ - ئېكرام سىزىقىدىن چىقمايدىغان نەفىسەنى بەكمۇ ئىزا تارتقۇزۇۋەتتى. ئۇ

لالىدەك قىزارغان هالدا: «هاياسىز، قىلىن، كىسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن ئاشۇ تىلىڭىزنى كېسىۋەتسەم...» دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

قوشكۆل ئاسمىنى يۇندا سۈيىدەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇششاق قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. قىيپاش ئۇرۇۋاتقان چۆل شامىلى قۇلاق، بۇرۇن ئۇچلىرىنى چىمىلدىتىپ، قۇرۇپ كەتكەن ياۋا قومۇشلارنى شالدىرلىتاتتى. يىراقتىكى قوشكۆل كەنتى تۇتاش تۇمان ئىچىدە غايىب بولغانىدى. بۇ قومۇشلۇق، شىۋاقلىق چۆلدە بىر كۈندە تۆت پەسىل يورغىلاپ ئۆتەتتى. كېچىلىرى دەهشەتلىك سوغۇق بولاتتى. ئەتىگەنلىكى، شىشىدەك كۆك ئاسماندا قۇياش كۆتۈرۈلگەن هامان، جاهان بىردەمدىلا ئىللىپ، چاپانلار ئېغىر كېلەتتى. چۈشتىن كېيىن، هاۋا بارا ـ بارا سوۋۇپ، كەچكۈز پەسلىنى ئەسكە سالاتتى.

قار ئۇچقۇنلىرى ئاستا ـ ئاستا قويۇقلىشىپ قوشكۆل ئۈستىنى كۈمۈش رەڭ چاڭغا ئوخشاش مانان قاپلىدى. چۆلگە بىر قات ئاق داستىخان سېلىنماقتا ئىدى. مانا مۇشۇنداق جۇدۇنلۇق، زىمىستان سوغۇقى هۆكۈم سۈرۈۋاتقان پەيتتە، قوشكۆلنىڭ كۆرۈمسىز، زەي، توپا شورقىراپ تۇرىدىغان يەر ئاستى گەملىرىدە، ياقىسى چاك ئېچىلغان غۇنچىدەك لەۋلەر پىچىرلاپ، قارا ئۆرۈك دانىلىرىدەك قارا كۆزلەردىن قارا شولىلار يېنىپ، ئايدەك يۈزلەر قىزىل گۈلدەك قىزىرىپ، باهار پەيزى ئۆز قارارىنى تاپقانىدى.

ئامراق ئەر ـ خوتۇنلار، ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلار بىرەر سائەتتىن ئارتۇق دىدارلىشىپ، مۇڭلىرىنى تۆكۈشكەندىن كېيىن، خوشلاشتى. يېشىل يۇڭ ياغلىقلىرىنى چېكىلەپ چىگىپ، پەلتولىرىغا ئورالغان نەفىسە، زۇمرەت، قاتمۇقات كۆرپىلەرگە زاكىدالغان گۈلچىنىئايلار قار راسا لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان چۆللۈكلەر ئارا غايىب بولۇشتى.

بۇ كېچە، كامىل ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ نەفىسە بىلەن بولغان سۆھبەتنى قايتا ئەسلىمەكتە ئىدى. هازىر خالىق ئورنىدىن دەست تۇرغانىدى. ئۇ بوستان بويىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى يادرو گۇرۇپپىسى» نىڭ جۆرېنى بولۇپ، گۇڭشې كەنتلىرى، ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپلەرنىڭ ئىنقىلابىنى تۇتۇش هوقۇقىنى ئىگىلىگەنىدى. گۇڭشې ئەزالىرى، ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپلەر يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئىنقىلاب ئېلىپ باراتتى. تارتىپ چىقىرىش، جازالاش، يەرلىك تۈرمىلەرگە قاماش ئەۋج ئېلىپ، بوستاننى قايتىدىنلا قارا تۇتەك قاپلىغانىدى. ئاغرىق ـ سىلاق سەۋەبىدىن ئىشقا چىقالمىغان ياكى ئېتىزدىن بىرەر ـ ئىككى باش كۆكباش ئوغرىلىغان، كوللېكتىپنىڭ

يەل ـ يېمىشلىرىنى بىسوراق يەپ قويغان دېھقانلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاختا ئېسىپ سازايى قىلىش، ئۇرۇش، ئازمىغا تاشلاش، قىغقا كۆمۈشتەك تېررورلۇقلار ئەۋج ئالغانىدى. سودا سارىيىنىڭ قاتتىق كۈرەش قىلىشقا، قىيىن ـ قىستاققا چىدىيالمىغان ئامبارچىسى ئاسىم نىياز ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. . . بۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم ياڭاق، يۇڭ، خام مال توشۇغانلىرىدا، يولدا ئۇچرىغان مۇئەللىملەرنى ماشىنىسىغا سېلىۋالاتتى. خالىق بىرىنچى باشقۇرۇش رايونىنىڭ شۇجىسى مەتتوختاخۇننى ئاشلىق ئوغرىسى دەپ تۆھمەت چاپلاپ قولغا ئالدۇرۇۋەتتى. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن، سەمەندەر زەنجاڭنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا، جاپپار سوجاڭ بىلەن خوتۇنلىرى ھەققىدە بەسلىشىپ تالاغا چىققاندا، بىر ئوقۇتقۇچىغا سوغۇق گەپ قىلغان ئادەم كىتابخانىنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. ئۇ خەقنىڭ ئالدىدا تاراڭ ـ تۇرۇڭ تەگكىنى بىلەن، كېچىلىرى نامرات ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاشلىق ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئاشلىق ئېلىپ كەلگەن ئادەم: «مەتتوختاخۇن سېكىلتاي ئاغزىنى پاكىز تۇتسۇن دېيتتۇ. . . » دەپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى. ھازىر ئۇ قاراڭغۇ، زەي تۈرمىدە پىت ـ بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ يېتىپتۇ. . .

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. مەكتەپ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغان رېخىم نۇرى، ساجىتخان، قۇتبىرەملەر خالىقنى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە زۇلۇم سالماقتا ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا، بىر ـ بىرىنىڭ يېغىرىنى كوچىلاپ، بىر ـ بىرىگە ئىت ـ مۈشۈكتەك خىرىس قىلىپ ئۆتىدىغان بۇ كۇشەندىلەرنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئورتاق بىر گەۋدە قىلىپ ئۇيۇشتۇرغانىدى.

«بۇرۇنقى تاج ـ تەختىمدىنمۇ يۇقىرى ئامەتكە ئېرىشتىم» دەپ كېرىلىپ كەتكەن خالىق نەفسەگە يەنە ئىككى قېتىم ئەلچى كىرگۈزدى. ئىككى ئايدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان قۇتلۇق ھاجىمنىڭ «قىزىمىزنىڭ بېشى باغلانغان. . . »، «باشقىلار سۆز سالدۇرۇپ بولغان. . . » دەپ نارازىلىق قىلىشلىرىنى قېتىغىمۇ ئالماي، دادۇيىنىڭ شۇجىسى ھەسەن تاز، دادۇيجاڭى مەتنۇرىلارنى كۇشكۇرتۇپ: «تەلىپىمىزگە ئۇنىمساڭلار، بوز يەرگە كۆچۈش ئائىلىسى قىلىپ بەلگىلەيمىز» دېگەن قوقاقنى سالدى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، نەفسەنىڭ ئاچىسى تۇرسۇننىساخان بىلەن ئۇنىڭ ئېرى سەمەتلەرنىمۇ بالىلىرى بىلەن بوز يەرگە ھەيدەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. توقسان نەچچە ياشلىق بوۋىسىدىن، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن ئەنسىرىگەن تۇر-

سۇنىساخان دادۇي كادىرلىرىغا: «مەن نەفىسەگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى چوقۇم ماقۇل كەلتۈرىمەن، سىلەر ھاجىم بوۋام ساقىيىۋالغۇچە سەۋر قىلساڭلار...» دېگەندەك ۋەدە، ئەھدىلەرنى بېرىپ، بوز يەرگە كۆچۈش مۇددىتىنى ۋاقتىنچە ئۇزارتتى. ھازىر نەفىسەنىڭ كۆڭلىرى يىغلىغۇچىنىڭ قانتىدەك تىترەپ ئۆتۈۋاتىدۇ... ئاھ... بۇ سۈرگۈن ھاياتى قاچانمۇ ئاياقلىشار؟...

كامىل ئەتىسى ئۇستاملارغا لاي توشۇۋېتىپمۇ يەنە نەفىسەنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ، پۇت - قولىنىڭ توڭلاپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. قۇرۇلۇش مەيدانى پاتىپاراق ھەم قالايمىقانىدى. مەيدان لاي توشۇۋاتقان، كېسەك سۇنۇۋاتقان، لاي ئېتىش ئۈچۈن سۇ ئىسسىتىۋاتقانلار بىلەن ئاۋات ئىدى. مۇرات ئوچاق ئۈستىگە قوندۇرۇلغان ئۈچ دانە بېنزىن باكىنىڭ ئاستىغا ئوت قالايتتى. باكلارنىڭ سۈيى يېرىملاشمايلا، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى مۇز قاتقان كۆللەرنىڭ كاشكۆلىدىن سۇ ئېلىپ كېلىپ تولدۇراتتى. ھېكمەت موللاخۇن دېگەن ئۇستامغا ياردەملىشىپ تام قوپۇراتتى. ئەسلىدە ئۇ لاي توشۇيتتى. بىر كۈنى ئۇستام شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، ۋاقتىدا چىقالمىدى. ھېكمەت يىپ تارتمايلا، رەسساملىق ئادىتى بويىچە، بىر كۆزىنى قىسىپ قاراپ، تامنى قوپۇرغىلى تۇردى. چۈنكى باشقا ئۇستاملارنىڭ ھۆددىگە ئالغان تېمى ئېگىزلەپ كەتكەنىدى. مولاخۇن ئۇستام كېلىپ، تامنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالدى.

— ھېكمەت، قارىغىنا كىم كەلدى؟ — دېدى كامىل پەستىن ۋارقىراپ، — تېز بول، ئۇلار مۇزلاپ كېتىپتۇ...

ھېكمەت قاراپلا، ۋېلىسىپىت تۇتۇپ تۇرغان نەبىنى كۆردى. ۋېلىسىپىت ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ئەزىمەتنى قاتمۇقات يۆگىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مولاخۇن ئۇستام: «دەرھال ياتاققا باشلاپ بارسىلا، يائاللا، قوشكۆلنىڭ چۆلىگىمۇ قىشتا ۋېلىسىپىت بىلەن كىرگەن بارمۇ؟ يەنە كېلىپ كىچىك بالىنى ئېلىپ كەلگىنىنى!...» دەپ غۇدۇڭشىدى.

ئەتىگەندە، مەشكە بىرنەچچە پوم سېلىپ قويغاچقا، گەمە ئىچى ھوپپىدە ئىسسىق ئىدى. ھېكمەت ئەزىمەتنىڭ پىياز پوستىدەك بولۇپ كەتكەن نەچچە قۇر كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يۈزلىرىگە سۆيۈپ، قوللىرىنى ھورداپ ئىسسىتتى. ئەزىمەتمۇ دادىسىنىڭ بويۇنلىرىدىن قۇچاقلاپ، قارلىغاچ بالىسىدەك ۋىچىلداپ كەتتى.

— بۇ چاغقىچە ئانامنىڭ قويىندا ياتاتتى، — دېدى نەبى كۈلۈپ، — تۈنۈگۈن قوشكۆلگە بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئاخشام مېنىڭ بىلەن ياتتى. خۇددى مەن قېچىپ كېتىدىغاندەك، بوينۇمنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغانىدى. كېچە بىر ۋاقىتتا، بۇرنۇمنىڭ ئۇچى ئاغرىپ كەتتى. بۇ كاساپەت مېنى ئويغىتالماي چىشلەپتىكەن ئەمەسمۇ. . .

ئەزىمەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— «ھە، نېمە دەيسەن؟ جى - جى قىلامسەن؟» دېسەم، نەدىكىنى، «ئاكىي، ۋېلىسىپىت، دادىي بارىمىز. . .» دەۋاتىدۇ. . .

— ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئارىلىقتا كەلمىدىڭغۇ؟ مەنمۇ مائاشىمنى ئەۋەتىپ بېرىشكە ئىشەنچلىك ئادەم تاپالمىدىم. . . سىلەردىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم. . .

— ئانامنىڭ مىجەزى ياخشى بولماي كېلەلمىدىم. . .، — نەبى بىرئاز جىمىپ قالدى، — لېكىن تۇرمۇشتىن قىينىلىپ كەتمىدۇق. . . ئانامنىڭ سىز بەرگەن پۇللاردىن سىقىپ ئېلىپ قويغىنى بار ئىكەن. . .

— بۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ مانا بۇ ئىككى ئايلىق مائاش! يادىمدا بارىدا بېرىۋېتەي، — ھېكمەت ئالدىن تەييارلاپ قويغان پۇلنى نەبىگە بەردى، — مەن ساڭا بۇرۇنمۇ جېكىلىگەن، ئانامنىڭ دورىسىنى ئۈزۈپ قويما دەپ. . . ئالىمادىس ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا، ئۆزۈڭ گاڭگىراپ قالىسەن. . . گۈلرۇزنى بولسا ھەيدىۋەتتىڭ. . .

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭا! ئېتىنى ئاڭلىسام‌لا جەھلىم قاتىدۇ. . . — نەبىنىڭ قاپقارا قويۇق قاشلىرى تۈرۈلدى، — ھەممە بالايىئاپەتنى تەرگىنى شۇ.

نەبى سومكىنى ئېچىپ، داستىخانغا ئورالغان تۇگۈچنى ئېلىپ يەشتى. ئۇ بېھى باسقان پولۇ ئېلىپ كەلگەنىدى.

— پاھ، پاھ. . . — دېدى ھېكمەت ئوخشىغان پولۇغا قاراپ، — خۇدايىمنىڭ بەزى كۈنلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي، بەزى كۈنلىرىنىڭ كۆتىگە تېپەي دەپ، تۈنۈگۈن زۇمرەت، نەفسەلەرنىڭ گۆشىنىغا ۋە توخۇ گۆشى باسقان پولۇسىغا داخىل بولغانىدىم، بۈگۈن سەنمۇ بېھى باسقان پولۇ ئېلىپ كەپسەن.

ھېكمەت پولۇنى ئوغلىغا قوشۇقتا يېگۈزدى. يېرىم پارچە بېھىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. زورلاپ يۈرۈپ، نەبىمۇ بىرئاز يېگەندەك بولدى. قالغىنىنى ئۆزىنىڭ،

مۇراتنىڭ قاچىسىغا تۆكۈپ، ئۈستىنى يېپىپ قويدى.

— بۇنى ئانام بازاردىن خىللاپ يۇرۇپ ئاپتۇ، — نەبى ئۈستى تۈز، خۇددى كىچىك ئەگلەككە ئوخشايدىغان ئاپئاق تەلپەكنى سومكىدىن ئالدى، — سىزنى كىيىۋالسۇن، بېشىدىن سوغۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ دەيدۇ.

— پاھوي، ئاق قوزا تېرىسىكەنغۇ؟ ياخشى بولدى. سوغۇقتا باشتاق يۇرۇپ، بېشىممۇ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئەزىمەت تەلپەكنى دادىسىنىڭ بېشىغا كەپلەپ كىيگۈزۈپ قويۇپ، چاۋاك چېلىپ، ۋارقىراپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. نەبى ئاق قەغەز بىلەن چاپلانغان خەتنى ھېكمەتكە سۇندى. ئۇنىڭ ئۈستىدە: «ھېكمەت ئاكامغا تەئەللۇق»، «ماھىگۈلدىن» دېگەن خەتلەر بار ئىدى.

— ئۈچ ئاي بۇرۇن يېزىلغان خەت ئىكەن، ئەمدى كەپتۇ، — دېدى نەبى يېزىلغان چېسلانى كۆرسىتىپ، — بۇ خەت بىزگە كەلگەن كونۋېرتنىڭ ئىچىدە ئىكەن.

— ئىنقىلاب ۋاقتى بولغاچقا، توسۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ھېكمەت خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ، نەبىنىڭ ئوقۇشىنى سۈرۈشتە قىلدى. ھازىر ئۇ 8 ـ سىنىپقا كۆچكەنىدى. مەكتەپلەردە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلىۋاتقاچقا، دەرسلەر تولۇق ئۆتۈلمەيتتى. كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار تارتىپ چىقىرىلىپ، بەزىلىرى قارا كۈلۈڭگە سولانغان، بەزىلىرى مەسىلە تاپشۇرۇپ، رىجىم ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئوقۇشنىڭ تايىنى قالمىغانىدى. مەكتەپ شوئار توۋلاش، ئۇزۇندە يادلاش، كۈرەش ـ پىپەن ئېلىپ بېرىش سورۇنىغا ئايلىنىپ، ئاز ساندىكى ئىنقىلابچىلار ھوقۇق يۈرگۈزەتتى.

ئوقۇتقۇچىلار ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار تاماق قاچىلىرىنى ئېلىپ، ئاشخانىغا ماڭدى. ھېكمەت، كامىل بىلەن مۇراتنى ئېلىپ قېلىپ، پولۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يېيىشتى. تاماق يېيىلىپ بولۇشى بىلەن، مۇرات ئەزىمەتنى يوتقانغا بېسىپ، ئەركىلىتىپ ھالىنى قويمىدى، ئۇنى بىردەم تۆگە تايلاق قىلاتتى. تۇرۇپلا قولتۇقىغا قىساتتى. . . سۇپا ئۈستىدە ئات بولۇپ بېرەتتى. بوينى ۋە يۈزىگە ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى سۇۋاپ يۇرۇپ، قىرقىرىتاتتى. . .

— ھەي، ھەي مۇرات، ئەزىمەتنى نېمانچە قىينايسەن؟— دېدى كامىل چاقچاق قىلىپ، — مۇنداق قىلساڭ، ئۇ كۈيئوغۇل بولۇشتىن ۋاز كېچىدۇ جۇمۇ! . . .

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئۇ بىر كۈنى مېنى «دادا» دېمىسە ھېساب ئەمەس. . . قارا، ھازىرلا «دادا» دېگۈزىمەن، — مۇرات ئەزىمەتنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، يەنە ئەركىلەتكىلى تۇردى.

— دادا دېگىن مېنى. . .

— مۇنات ئاكىي. . .

— ياق، ياق. . . دادا دېمىسەڭ، قويۇپ بەرمەيمەن. . . — مۇرات ئەزىمەتنى غىدىقلاپ، سۆيۈپ، چىشلەپ، ئاخىرى «دادا» دېگۈزدى.

— قانداق راستىمىكەن؟ ۋۇي بۇ نېمە؟ — مۇرات ئەزىمەتنىڭ بويىندىكى قىزىل يىپەك يىپنى تارتىپ كىچىك قەلەمتىراچنى چىقىرىۋىدى، ئەزىمەت چىرقىراپ يىغلاپ، ئۇنى ئالقانلىرى ئىچىگە ئېلىۋالدى. . .

— ئۇ. . . ئۇ. . . مېنىڭيا. . . زىبا ئانام بەرگەنيا! . . . — ئەزىمەت قىچىپ، گەمىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىۋالدى.

— بۇ قەلەمتىراچنى سېنىڭ چامادانىڭدا كۆرگەندەك قىلىۋىدىم، دېدى مۇرات ھېكمەتكە، —سەن ئېسىپ قويدۇڭمۇ؟ . . .

— ياقەي، ئۆز ۋاقتىدا گۈلزىباغا بەرگەنىدىم. . . — دېدى ھېكمەت بىردىنلا جىمىپ قېلىپ، — ئانام ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئېسىپ قويۇپتۇ. . .

— ئەزىمەت ئۇنى ئانامدىن باشقا ھېچكىمگە تۇتقۇزمايدۇ، —نەبى بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى.

گەمە ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. ھەممە جىمىپ كەتكەنىدى.

نەبى، ئەزىمەتلەر قايتىپ كېتىپ، بەشىنچى كۈنى 1967 - يىلى ئىدى. تېزەك قېلىپى شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، توققۇز نەپەر بولۇپ كۆپىيىپ چىقتى. ئۇ، قاپاقلىرى مۇشتۇمدەك، كۆزلىرى تۇخۇمدەك پولتايغان، قوللىرى بازغاندەك، مەيدىلىرىنى تۈك باسقان سەككىز قورallىق مىنبىگنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. تۇزۇملەر قايتىدىنلا چىڭىدى. ۋەزىپىلەر ئېغىرلاشتى. ھەربىر ئوقۇتقۇچىغا يانچۇققا سالغىلى بولىدىغان، يېڭى يېزىقتا بېسىلغان ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۇزۇندىنى بىردىن سېتىپ بەردى. كۈنىگە قانچىلىك ئۇزۇندە يادلاش، مىنۇتىغا نەچچە بەت يېڭى يېزىق ئوقۇش، ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئۆگىنىش دېگەندەك بەلگىلىمىلەر بېكىتىلدى. قارا سوغۇق، ئېغىر ئەمگەك ۋەزىپىسى، سىنىپىي كۈرەش بېسىمى ئاستىدا لايدەك ئېزىلىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

ئۇستىگە يەنە قاتمۇقات يۇك ئارتىلدى. تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىن تاغارغا قاچىلانغان كېسەكلەرنى دۈمبىلىرىگە ماتاپ باغلاپ ماڭغان ئوقۇغۇچىلارنى تۆت قوراللىق مىنبىلىڭ يالاپ ئاپىرىپ، يالاپ ئېلىپ كېلەتتى. . . يولدا يىقىلغانلارنى مىلتىق پاينەكلىرىدە رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇراتتى. بەزى ئاياللارنىڭ ئىشتان پۇشقاقلىرىدىن ئاققان خۇن يوللاردا قىپقىزىل ئىز قالدۇراتتى. بىرەر ئورۇندا ئولتۇرسىلا ئېغىر تاغار بىلەن قوپالمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئوقۇغۇچىلار گۇرەن تومۇرلىرى يىلتىزدەك پولتىيىپ، كۆزلىرى چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ، بارغانسېرى يىراقلىشۋاتقاندەك بىلىنىدىغان مەنزىلگە قاراپ جاھىللىق بىلەن ماڭاتتى. قۇرۇلۇشتا بولسا، ئىككى ئادەم قىلىدىغان ئىشنى بىر ئادەمگە قالدۇرۇپ، بىر تۇركۇم ئەر - ئايال ئوقۇغۇچىلار قېرى يۇلغۇنلارنى قومۇرۇپ، ياۋا قومۇش، قامقاق، شىۋاق يىلتىزلىرىنى چېپىپ، چۆلدە بوز يەر ئاچاتتى. . . ھېكمەت خېلى ئۇستا تامچى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىر كۈن كەچكىچە تامدىن چۈشمەيتتى. ئۇنىڭغا تۇردى ھېكىم ۋە ئايىم نۇرى لاي، خىش يەتكۈزۈپ بېرەتتى. زەينىدىن مۇراتقا ياردەمچى ھېسابىدا، ئوچاققا ئوت قالاپ، سۇ ئىسسىتاتتى. مىنبىلىڭ كۆزىدىن سەللا يىراقلاشتىمۇ، مۇرات تاماكا ئورىغاچ، زەينىدىنگە: «ھەي غورالداي، قوپە، ئوتنى كىشكايتىۋەت، باكقا سۇ قوي. . . » دەپ ۋارقىرايتتى. زەينىدىنمۇ غىڭ قىلماي ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلاتتى. چۈنكى ئۇ مۇراتنىڭ ھەرخىل مۇقامغا كەلتۈرۈپ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقاتتى. بىراق ئىچىدە: «ئاھ خۇدايىم، ئېتەكلەر ياقا بولدى، ياقىلار ئېتەك بولدى» دېگەندەكلا ئىشلار بولۇۋاتىدىغۇ؟ » دەپ ئويلايتتى. كامىل بىرنەچچە ئۇستاملار بىلەن تاملىرى قوپۇرۇلۇپ بولغان ئۆيلەرنىڭ سۇۋاقچىلىقىنى قىلاتتى. ھازىر ئۇلارنى دوست - بۇرادەرلىرى كۆرسە تونىيالمايتتى. ساقاللىرى ئۆسكەن، مازلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان چاپىنىنى چىگىدە ياكى ئارغامچىدا باغلىغان، بېشىدا تەلپەك، خۇددى تۇرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى.

بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىۋاتقىنى ئىشتىن كېيىن گەمىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» ئۆگىنىشى ئىدى. ھەربىر ئادەمنىڭ يادلىغان سۆز - ئۇزۇندىلىرى سورۇشتە قىلىنىپ، يادقا ئوقۇتۇلاتتى. ئىنقىلابى ناخشىلاردىن: «ئىشچىلار سىنىپى قاتتىق سۆڭەكلىك» ، «دېڭىزدا پاراخوت رولچىغا تايىنىپ ماڭار» ، «ئۆگىنەيلى لېي فىڭدىن» ، «ۋاڭ جې بىزنىڭ ئۈلگىمىز» ، «شەرق قىزاردى» ، «گۇڭشې ياپپېشىل ياشنىغان پېلەك» قاتارلىقلارنى ئېيتقۇزاتتى. ھېرىپ

هالىدىن كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزۈندە يادلاپ، ناخشا ئۆگىنىشكە نەدە مادارى! . . . بىراق، زەينىددىن بىلەن ئايىم نۇرنىڭ كۆپلەپ ئۆزۈندە يادلاپ، ئالتاغىل ناخشا توۋلىشى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېسىمىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتتى.

— ئاڭلاپ قويۇش، — دەيتتى تېزەك قېلىپى ۋارقىراپ، — بۇ ئىككىسىنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشى بىر قەدەر ياخشى، ھەرقايسىڭ ئەكسىيەتچى مەيدانىڭدىن ئۆمىدىڭنى ئۆزگىنىڭ يوق. بولمىسا ئۇلار يادلىغان ئۆزۈندىنى سەنلەر نېمىشقا يادلىيالمايسەن؟ ئۇلار ئېيتقان ئىنقىلابىي ناخشىلارنى سەنلەر نېمىشقا ئېيتالمايسەن؟ . . .

زەينىددىن بىلەن ئايىم نۇرى بۇ ماختاشتىن خۇدىنى يوقاتتى، باشقىلار ئىش ئارىلىقلىرىدا، تاماق يەۋېتىپ بىر-ئىككى ئۆزۈندىنى ئاران يادلىسا، ئۇلار بىرنەچچىنى ئاشۇرۇپ يادلاپ، كۆپچىلىكنى يەنە تىل-ئاھانەتكە قويىدىغان بولدى. بولۇپمۇ زەينىددىن غەلىتىلا قىلىقلارنى چىقارغىلى تۇردى. ئۇ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، ئوتتۇرا كېچىدە، بەزىدە سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا چىقىپ كېتىپ، يوللاردىن تېزەك تېرىپ كېلىپ، ئۇنى شىياۋدۇيلەرگە ئۆتكۈزەتتى. بوغالتىرلارنىڭ قىلىپ بەرگەن ھۆججىتىنى ئۆگىنىشتە تېزەك قېلىپىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى.

— مانا بۇ جىن-شاياتۇنلۇقتىن ئادەمگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، — دەپ چالۋاقايتتى تېزەك قېلىپى، — ھەر قايسىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، سەھەر تۇرۇشقىن، تېزەك تېرىشقىن، ئوغۇت توپلاشقىن! . . .

بىر كۈنلۈك ۋەزىپىنى مىڭ بالالىقتا تۈگىتىپ، پۇت-قوللىرى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئېزىلىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار سەھەرلىكى كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، بەللىرىنى رۇسلىيالماي ئاران تۇرۇۋاتسا، بۇ خۇددى خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردى قوشلاپ ئۇرغاندەكلا ئىش بولدى.

— ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىمىز، مىنبىگلىرىمىز تۇرۇپتۇ، — دېدى مۇرات بىر كۈنى كەچلىك ئۆگىنىشتە، — زەينىددىن تېزەك تېرىش نىقابى ئاستىدا زادى نېمە شۇملۇقلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ . . . مىنبىگلىرىمىزنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنىڭ نازارىتىدىن سىز كىملەر بىلەن ئالاقە ئورناتتى؟ ئەگەر بۇنى دېمىسە، مېنىڭ پاكىتىم بار. . .

— مەن. . . مەن. . . — زەينىددىن سارغىيىپ كەتتى، — شۇ. . . شۇ. . . تېزەك. . .

— نېمىگە گاچىلىشىسەن؟ . . . قورسىقىڭدا جىن بولمىسا، بۇنداق قورقۇپ

كېتەمتىڭ؟ . . . — مۇرات راستىنلا ھۆرپەيدى، — كېچىدىن قورسىقىم ئاغرىپ سىرتقا چىققانىدىم، بۇ نەق ئەكسىلئىنقىلابچى بىر تۈپ قومۇشنىڭ ئاستىغا بىر نېمە كۆمگەندەك قىلدى، مېنى كۆرۈپلا تىكىۋەتتى. . .

— ھەي مۇناپىق، — بىر مىنىبىڭ چىشلىرىنى كىرىشتۈرگىنىچە، بىگىز قولىدا زەيىندىنىڭ بۇرنىنى ئىلىۋەتتى، — نېمە كۆمگەنتىڭ؟ . . . بىز بۇ يەردە ئىشەك باقامدۇق؟ . . .

— ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋجۇشى «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى» دەپ تەلىم بەرگەن، — دېدى مۇرات تېخىمۇ ئەدەپ، — بۇ ئىت يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، «ياشى-سۇن دىڭتۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشا!» دەپ شوئار توۋلىغان ئەكسىلئىنقىلابچى تۇرسا! . . . مۇنداق يالغۇز ھەرىكەت قىلسا بولامدۇ؟ ئەگەر بولمىسا، بىرەر مىنىبىڭ-نى ئويغىتىپ، شۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا تېزەك تەرسىمۇ بولىدىغۇ؟ . . . مەن بۇنىڭدىن كېيىن، ھوشيارلىقىمنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆمگەن مەخپىيەتلىكىنى تاپىمەن. . .

بىر مۇنچە دەشنام ئىشىتكەن، گۇمانلىق بولۇپ قالغان زەيىندىن ئەتىسىدىن تارتىپ بىسوراق بۇسۇغىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمىدى. مۇرات «كۆمۈلگەن مەخپىيەتلىكنى تاپىمەن» دېگەنىكەن، ئۇ چوقۇم نەلەردىندۇر ئۇنى پەيدا قىلىدۇ. . . خەيرىيەت، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئاكتىپلىق زىيان قىلغانىدى. لېكىن، تۇردىنىڭ ئۇششاق ھەرىكىتى كۆپىيىپ قالدى. ئۇنىڭ «دالتەك» لىك كېسىلى قوزغىلىپ، پات ـ پاتلا گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپىنىڭ ئىشخانىسىغا غىپلا كىرىپ كېتەتتى. ئەتىسىلا كەچلىك ئۆگى-نىشتە، تېزەك قېلىپى ياتاقتا بولۇنغان تۈرمۇشتىكى پاراڭلار، ئۆزئارا چاقچاق، يۇمۇر-لارنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ كەتتى. ھېرىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار گەمە ئېغىزلىرىغا يېپىلغان كىگىزلەرنىڭ گۈپۈلدىشى، ئەنسىز ۋىژىلدىغان، شاۋۇلدىغان ئاۋازلارنى تۈيماي ئۇخلاپ كېتىشكەنىدى. قورسىقى ئاغرىپ كەتكەن مۇرات ھېلىدىن ـ ھېلىغا سىرتقا چىقىپ، توڭلاپ تىترەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ شەپىسىدىن ئۇخلىيالمىغان ھېكمەت ئاستا پىچىرلىدى:

— نېمانداق ئۇخلاتقىلى قويمايسەن؟ . . . ساڭا نېمە بولدى؟ . . .

— نېمە زىيان قىلدىكىن بىلمەيمەن، — ئىچىم سۈرۈپ كەتتى. . . — دېدى. مۇرات پەس ئاۋازدا، — بىرەر گارشوك بولغان بولسىمۇ، تالاغا چىقماس ئىدىم. . .

ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۈردىنىڭ ئاستى تار، ئۈستى كەڭ قونجىلىق قىزىل كۆن ئۆتۈكىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى ـ ده، — ئەنه گارشوك تۈرمامدۇ؟ . . . — دەپ چاقچاق قىلدى.

سەھەردە، بىر پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن، ھەممىسى ئۇپۇر ـ توپۇر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، كىيىملىرىنى كىيىشتى. تۇردى كىگىز پايپىقىنى كىيىپ ئۆتۈكىگە پۇتىنى بىرلا سېپىشى، تەرەپ ـ تەرەپتىن چاچراپ چىققان بىر نېمە يۈزلىرىگە چاچرىدى.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىشتا؟ كىمنىڭ قىلغان قىلىقىدا بۇ؟ . . .

— سىرتقا تاشلا ھەي دالتەك. . . ئۆينى سېسىتىپ بىر قىلدىڭ! — بىر نەچچەيلەن تەڭلا ۋارقىراشتى، — شۇۋىرغاندا تالاغا چىقىش تەس كېلىپ، ئۆتۈككە قويۇپ بەردىڭما؟ . . . ۋۇي، ئىت يالىقى. . .

— كېچىدىن تالاغا كىم چىققان؟ — ۋارقىرىدى مۇرات، — بۇ چوقۇم شۇنىڭ ئىشى. . .

— كىم چىقاتتى؟ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆندە چىقىدىغىنىنى بىلمەمسەن؟ — دېدى لايقىلىق بىر ئوقۇتقۇچى، — بۈگۈن شىۋىرغاندىن قورقۇپ قىلغان قىلىقىدە بۇ! . . .

— ھە ماقۇلە، — مۇرات قولىنى شىلتىدى، — بۈگۈن شەھەردىن كۆمۈر ئەكىلىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ تۈزگەن پىلانىڭما بۇ؟ . . .

— بۇ دالتەك ئاخشام كۆمۈر ئەكىلىشنى ئۇقتۇرغاندىلا غۇدۇراپ قالغان، — دېدى بايىقى لايقىلىق ئوقۇتقۇچى، — بۇ ئۇنىڭ بۈگۈن ئىشتىن قېچىپ ئوينىغان ئويۇنى بولمامدۇ! . . .

— بۇ بىر بۇزغۇنچىلىق، — ۋارقىرىدى مۇرات، — سېنىڭ ئىشتىن قېچىپ ئۆتۈكىڭگە «نور» دەك قويۇپ بەرگىنىڭگە ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى گۇۋاھ، شۇنداقمۇ ئاغىنىلەر! . . .

— شۇنداق! — ۋارقىرىدى تۇردىدىن بىزار بولغان كۆپچىلىك.

— سەن داۋاملىق، يوشۇرۇن قاترايدىغان باشلىقنىڭ ئىشخانىسىنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى مۇرات غەزەپ بىلەن، — بۇنىڭدىن كېيىن سوكۇلدىغىنىڭنى كىمكى كۆرۈپ قالسا، بۈگۈنكى بۇزغۇنچىلىقىڭنى دەپ جازالىتىۋەتمەيدىغان بولسام، مۇرات بولماي كېتەي. . .

— باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا بىزمۇ كىرىمىز، — دېدى ياتاقتىكىلەر بىردەك ۋارقىراپ.

بۇ ئىشلارنىڭ تېگىنى بىلىدىغان ھېكمەت كۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاستىلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

شىۋىرغان شىددەت بىلەن چىقماقتا ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار تۆتتىن سىپ بولۇپ، مىنبىگلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا، شەھەرگە ئاتلاندى. ئۇلار ئارغامچىلىرىنى بەللىرىگە قاتمۇقات يۆگەپ، تاغارلىرىنى پوسمىلىق يېپىنچا قىلىپ، بەزىلىرى دولىلىرىنى ئوراپ، دۈگدەيگىنىچە، ئەسىرلەردەك كېتىپ باراتتى. يۈزلەرگە ئەينەك قىيىندىلىرىدەك ئۇرۇلۇپ، كۆزلەرنى ئاچقۇزمايۋاتقان قار گويا ئۇلارنى يالمىۋېتىدىغاندەك گۈرۈلدەيتتى، ئۇشقىتىپ چىرقىرايتتى. تۈكۈرسەڭ، تۈكۈرۈكۈڭ يەرگە مۇز بولۇپ تۇرۇكلاپ چۈشىدىغان مۇشۇ قەھرىتان سوغۇقتا، ئايىم نۇرى ئۆزۈمدەك قىزىرىپ كەتكەن قولىدا قىزىل تاشلىق ئۆزۈندىنى تۇتۇۋېلىپ، پات - پات قاراپ قوياتتى ۋە ئاغزىلىرىنى مىتىلدىتاتتى، ئەمما كۆزى مىنبىگلاردا ئىدى. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ كېلىۋاتقان مۇرات ئىچىدە: «خەپ، قىزىل قاندىن رەڭ بەرگەن قوللىرىڭنى ئەمدى قىزىل تاشلىق كىتاب بىلەن زىننەتلەۋېتىپسەن. سەن نېمىدېگەن ئۇستا! مەن سېنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىپ، بۇرنىڭدىن بولاق، ئارقاڭدىن يومىلاق قىلمىسام...» دېدى - دە، يېنىدا كېتىۋاتقان ھېكمەتنى نوقۇپ شەرەت قىلدى. ھېكمەت ئاستا شىۋىرلىدى: «ھەر ئىش بولسا ئۆز پەيلىمىزدىن... ئەللىتىمىز، نوقسانلىرىمىز بەكمۇ تولا خەق ئىكەنمىز...»

ئوقۇتقۇچىلار چۈشكە يېقىن شەھەردىكى كۆمۈر بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ئېلىپ كېتىشكە تېگىشلىك كۆمۈر تاغارلارغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، مىنبىگلار بىر قۇر تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئوقۇتقۇچىلار تاغارلىرىنى ئۆزئارا ياردەملىشىپ دۈمبىلىرىگە باغلاشتى. ھەممىدىن بۇرۇن ئىشلىرىنى تۈگەتكەن ھېكمەت دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. بۇ يەردىن يۈز قەدەملا ماڭسا، ئۇ ئوغلىنى كۆرەلەيتتى. بىراق مىنبىگلار ئەتراپىنى قورشاپ، ھېچكىمنى ھېچقاياققا بۇلجۇتمىدى. ھېكمەت مۇشۇ كۆمۈر بازىرىنىڭ ئالدىدا، ھېلىقى بورانلىق كېچە كېرىموف بىلەن مۇشتلاشقانىدى. ئۇدۇلدا ئۇنى تىللاپ بوسۇغىدىن قوغلىۋەتكەن دەججال موماينىڭ ھەيۋەتلىك قورۇسى تۇراتتى. ئەنە ئاۋۇ دالدىسىدا تاماكا چەككەن يوغان بىر تۈپ تېرەكمۇ جايىدا تۇرۇپتۇ. ئەمما نەبى بىر كېچە تۈنىگەن دۆڭدىكى مەسچىت ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا كېسەك

پارچىلىرى، ئۆگزە توپىسى، قارىداپ كەتكەن يىرتىق بورىلار دۈۋىلىنىپ تۇراتتى. زۇمرەتنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىرگەن كېچە ھېكمەتنىڭ يادىدىن كەچتى. شۇ چاغدا، قولتۇقىغا ئەدىيال قىستۇرغان گۇلزىبا مانا مۇشۇ ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغانىدى ۋە: «بۇ ئەنجانلىق كاتتا باي سودىگەرنىڭ قورۇسى. شېڭ شىسەي بايلارنى تۇتقاندا ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەتكەنىكەن. . . سىزگە ئىچ ئاغرىتقان قىز دادىسى تۇتۇلغاندا تۆت ياشتا ئىكەن. . . » دېگەنىدى. ئۇلار يازنىڭ چىرايلىق بىر كېچىسىنى يورۇقلۇق دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزگەنىدى. ئاھ. . . ئۇ نېمىدېگەن سائادەتلىك كۈنلەر ئىدى ـ ھە! . . .

قوشكۆل سۇرگۈنلىرى كۆمۈرلىرىنى يۇدۇشۇپ يولغا چىقىشتى. گەرچە ئۆزلىرى سوكسوك، پوم قالسىمۇ، جاپادا ئېلىپ كېتىۋاتقان بۇ كۆمۈرلەرنى ئىككى باشلىق، سەككىز مىنبېڭ ھەم ئاشخانىدىكىلەر ئىشلىتەتتى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ھېكمەت ئوتتۇرا گۇرۇپپا باشلىقى سادىر مەرۇپنى سىرتقا باشلاپ چىقتى ۋە بىر توپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدىن بىر تاغارنى سۇغۇرۇپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئىچىدە قوينىڭ سەككىز پاچىقى، ئىككى كاللا، ئۆپكە، قېرىن، مايلىق ئۈچەيلەر تۇراتتى. ھېكمەت ئۇلارنى ئاشخانىدىكى ئۇستامدىن ئوغرىلىقچە سېتىۋالغانىدى. سادىر مەرۇپ ھېكمەتنىڭ بۈگۈن كېچە بۇ نەرسىلەرنى شەھەرگە يەتكۈزۈپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىلا، چىچاڭشىپ كەتتى:

— سارالڭ بولدۇڭمۇ؟ ئەگەر باشلىقلار ئۇقۇپ قالسا، ھېلىقى دەلتە مىنبېڭلارغا باغلىتىپ، قاتتىق ئۇرغۇزۇۋېتىدۇ. . .

— مەن ھەممىسى ئۇخلىغاندا يولغا چىقىپ، يەنە سەھەردە تۇيدۇرماي يوتقانغا كىرىۋالسام بولمىدىمۇ؟ . . .

— ياتاقتىكىلەر تۇيۇپ قالسىچۇ؟ بولۇپمۇ زەينىدىن بىلەن تۇردى؟ . . .

— خاتىرجەم بول، ئۇلار مۇراتتىن قورقۇپ، ھازىر ياۋاشلاپ قالدى. . . ئەگەر بىرەر ئەسكىلىك قىلىمەن دېسە، ياتاقتىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بوش قويمايدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ.

— راستىنلا سەھەرگە ئۈلگۈرۈپ كېلەلەمسەن؟

— «پو، پو»غا يۈگۈرۈپ ماڭسام، بېرىپ ـ قايتىشىمغا تۆت ـ بەش سائەت كېتىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، شەھەردە بۇنداق نەرسىلەرنى تاپماق تەس. . . موماي كې-

سەل، بالا بولسا كىچىك. . .

— بوپتۇ بارغىن. لېكىن پەخەس بول. . . ئاۋۇ ئىككى ناكەس ئۇخلىغاندىن كېيىن يولغا چىق.

ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، كامىل بىلەن مۇرات ھېكمەتنىڭ دۈمبىسىگە تاغارنى چىڭ چىگىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى. چەكسىز، ئادەمسىز چۆل، ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىقلار، تېيىلغاق يوللار. . . كېچە قاراڭغۇلۇقىغا كۆنگەن كۆزلەر ھەربىر ئويمان ـ چوڭقۇرنى پەرق ئېتىپ يۈگۈرمەكتە. قاش ـ كىرپىكلىرى، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئايئاق قىراۋ باغلىغان، لېكىن ئىچى چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن ھېكمەت ئوتتۇرا كېچە بىلەن شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرۋازىنى خېلى ئۇزۇن قاققاندىن كېيىنلا، بۇمەرەمخان يۆتەلگەن پېتى چىقىپ: «كىم؟» دېدى ـ دە، ھېكمەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. ئۆي ئىسسىق ئىدى. ئۇ ئۆشنىسىدىكى تاغارنى چۇشۇرۇپ تۇراتتى، نەبى ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقان ئەزىمەت يېرىم ـ يالىڭاچ ھالدا يوتقاندىن ئۆمىلەپ چىقتى ـ دە، دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنىڭ مۇز ئېرىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ساقاللىرىنى سىيلىدى.

— بالام، بۇ كېچىدە قېچىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ . . . — سورىدى بۇمەرەمخان.

— ئانا، مەن ئالدىرايمەن، داس ياكى لېگەن بولسىمۇ ئەكەلسىلىچۇ! . . .

نەبى خېمىر يۇغۇرىدىغان تەڭنىنى ئېلىپ كەلدى. ھېكمەت قېرىن، ئۆپكە، مايلىق ئۈچەيلەرنى تەڭنىگە سالغاندىن كېيىن، ئىككى كاللا، سەككىز پاچاقنى يەرگە ئالدى.

— ئاشخانىمىزدا قوي سويغانىكەن، ئەرزانلا ئېلىۋالدىم. سىلەرگە نەچچە قېتىملىق شورپا بولىدۇ.

— ۋاي بالام، بىزنى دەپ نېمىگە بۇنچە جاپا تارتىدىغانسىز؟ . . . قوشكۆلنىڭ يولى بوش يولمۇ؟ يەنە كېلىپ، قىش كېچىلىرى تېخىمۇ ئەنسىز. . . ۋاي، ۋاي. . . ئەجەپ سىمىز، يوغان قويلاركىنا؟ . . .

— دادىي بۆ. . . بۆ. . . مە! — دېدى ئەزىمەت قوينىڭ كاللىسىنى كۆرسىتىپ، — سەن پىخ ئەتتىنىڭ. . . — ئەزىمەت يۆتىلىپ كەتتى.

— ئانا، ئەزىمەت يۆتىلىپ قاپتىغۇ؟ — ھېكمەت ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى

تۇتتى، — ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ قالغاندەكمۇ قىلىدىغۇ؟ . . .

— نەبى قوشكۆلگە ئىككىنچى قېتىم ئاپىرىپ كەلگەندىن كېيىن، يۆتىلىپ، قۇسۇپ، يېتىپلا كەتتى، — دېدى بۇمەرەمخان ئانا مەيدىسىنى تۇتۇپ، — نەبى ئىككىمىز دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ يۈرۈپ، مۇشۇنچىلىك بولۇپ قالدى.

— نەبى، بىرىنچى ئاي چىقىپ كېتەي دەپ قالدى، — دېدى ھېكمەت، — ئەمدى ئىككىنچى ئاي چىقىپ كەتكۈچە ئاپارمىغىن. بالىنىڭ ئۆپكىسىگە سوغ تەگكۈ-زۈۋالمايلى.

ھېكمەت تاغىرىنى تۇرتەكلەپ باغلاپ، دۈمبىسىگە چىگىپ، تەييار بولدى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە قوشكۆلگە بېرىۋالمىسا بولمايتتى. ئۇ بالىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋىدى، ئەزىمەت ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، بىردىنلا يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئېسەدەپ ـ تېلىقىپ دادىسىغا چاپلىشىپلاۋالغانىدى. بالىسىنىڭ كىچىك، بۇدرۇق، ئاپئاق قوللىرىنى بوينىدىن تەستە ئاجراتقان ھېكمەت ئۇنى ئالداپ، سىيلاپ، بەزلىدى. لېكىن، ئەزىمەت دادىسىنىڭ ئۆسكىلەڭ، يىرىك ساقاللىرىغا يۈزىنى يېقىپ باشقىدىنلا يىغلىۋەتتى. بۇ چاغقىچە بۇنداق قىلمىغان ئوغلىنىڭ بۇ ئىشى ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، كۆڭلىنى بىر قىسىملا قىلىپ قويدى. كۆزلىرىدىكى ياشنى يوشۇرغان ھېكمەت ئالمان ـ تالمان چىقىپ كەتتى.

1 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، قۇرۇلۇش قوشكۆل سۇرگۇنلىرىنىڭ قان ـ ياشلىرى بەدىلىگە ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. قەھرىتان سوغۇق، شىددەتلىك شىۋىرغانلاردا ئون بەش كىلومېتىر يول بېسىپ، نەچچە ھەپتىلەپ توشۇلغان ياغاچلار چېپىلىپ، يونۇلۇپ، ئۆگزىلەر يېپىلدى. بۇ ياغاچلاردا خانىملارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان قان داغلىرى، ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاچچىق تەر، زەرداپ ياشلىرىنىڭ ئىزنالىرى بار ئىدى. . .

توپا قۇيۇلۇپ، زەي پۇراپ تۇرىدىغان گەمىلەردىن، خىش ياتقۇزۇلغان ئۆيلەرگە كۆچىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچىلار كېچە ـ كۈندۈزلەپ قاتتىق ئىشلىمەكتە! . . . ھازىر كۈلۈپ، ئۆي تاملىرىغا گەج سۇۋاق بېرىلىۋاتاتتى. لىم ياغاچلارغا تۇرمەللەنگەن قومۇشلار قېقىلغانىدى. گەج سۇۋاق قومۇشتا توختىماي پوكۇل-داپ چۈشەتتى، بىراق ئوقۇتقۇچىلار قايتا ـ قايتا سۇۋاشتىن زېرىكمەيتتى. مۇرات ھاك كۆلچىكىنى توختىماي قوچۇيتتى، ئەللىك ياشلاردىكى مەينىسا خانىم توختىماي سۇ قۇياتتى. ئېرىگەن ھاك كىچىك نو ئارقىلىق سىم تور سۈزگۈچتىن ئۆتۈپ پەستىكى

كۆلچەككە چۈشەتتى ـ دە، قېتىقتەك ئۇيۇشقا باشلايتتى. بۇنداق كۆلچەكتىن ئىككى ئورۇندا بولۇپ، بىرسىدىكى ئۇيۇتما ئىشلىنىپ تۈگىگۈچە، يەنە بىرسىنىڭ سۈيى ئۈستىگە سۈزۈلۈپ تەييار بولۇپ تۇراتتى. مۇرات داۋاملىق مەينىسا خانىمنى دەم ئېلىشقا زورلاپ، ئۇنىڭ ئىشىنىمۇ ئۆزى قىلاتتى. بۇ خانىمنىڭ مۆلايىم كۆزلىرىدىن، سارغاي-غان مىسكىن چىرايىدىن ياشلىقىدىكى گۈزەللىكى يېلىنجاپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ كونا گەرىس ياغلىقىنى داۋاملىق چىكىلەپ تېڭىپ، چاچلىرىنى كۆرسەتمەيتتى.

مەينىسا خانىم ئايىم نۇرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل ئاغزىغا بىلىم سالغان ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىش بىلەن، ئايىم نۇرى ئۇنى «زۇلمەت-تىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىغا باغلاپ، ئۇنىڭغا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانىدى. بۇ قارا كۆڭۈل مەلئۇن ھە دېسە «پاش قىلمامسەن قېرى؟...»، «ئىقرار قىل جادى!...» دەپ، مەينىسا خانىمنىڭ چېچىدىن قامااللاپ، ئۇنى كۈرەش مەيدانىدا سۆرەيتتى. ئۇنىڭ چېچىنى ھەر قېتىم يۇلغاندا، ئايىم نۇرىنىڭ ئالقانلىرىدا بىر تۇتام چاچ قالاتتى... ئۇنى قورساق، مەيدىلىرىگە ئۇرۇپ چەيلەيتتى. بىچارە خانىمنىڭ ئايانچلىق چىرقىرىغان ئاۋازى پۈتۈن مەكتەپكە ئاڭلىناتتى. بىر كۈنى، خانىم يىغلاپ تۇرۇپ رومىلىنى ئالدى ـ دە، مۇراتقا بېشىنى كۆرسەتتى. خانىمنىڭ پېشانىسى-دىن چوققىسىغىچە قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، تۈگۈر ـ تۈگۈر قان ئۇيۇپ كەتكەنىدى. ئىككى چېكە ۋە ئارقىدىكى چاچلىرىمۇ ئۇزۇن ـ قىسقا ۋە شالاڭ بولۇپ قالغانىدى. ئاچچىقىدا مۇراتنىڭ زاڭاقلىرى لىپىلداپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. مۇراتنىڭ سۇ ئىسسىتىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئۇ، بىر كۈنى ئىشنى ياردەمچىسى زەينىدىنگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ھېكمەت تام قوپۇرۇۋاتقان «جا»غا چىقتى. ئۇ بىردەم ياردەملەشكەن قىياپەتكە كىرىپ، لىقمۇلىق لاي توشقۇزۇلغان رېزىنكە چېلەكنى ئايىم نۇرىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدى ـ دە، جادىن چۈشتى. مۇراتنىڭ ئەلپازى-دىن قورقۇپ يۈرگەن ئايىم نۇرىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، بۇنى ھېچكىمگە تىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۆزۈندىنى كۆپ يادلاپ، كۆپچىلىككە يۈك ئارتىدىغان ئىشىمۇ پەسكارىغا چۈشتى. لېكىن ئۇ باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىغا سوكۇلدايدىغان بولۇۋالدى. مۇرات مەينىسا خانىم-نىڭ دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئاچچىق بىر بولۇپ، ئۇ ئايىم نۇرىنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئەدىپىنى بېرىشكە پۇرسەت كۈتتى.

بۈگۈن ئۇ چۈشكىچە ھاك ئېقىتتى. تاماققا قايتىدىغان چېغىدا، مەينىسا خانىمغا:

«چۈشتىن كېيىن كەلمەي ئارام ئالسىلا، مەن سىلىنى قەي قىلىپ، قىزىپ، قاتتىق ئاغرىپ قالدى دەپ قويىمەن. . .» دېدى. مەينىسا خانىم دەسلەپتە قورققان بولسىمۇ، مۇراتنىڭ ھەممىگە تېتىيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ماقۇل بولدى.

— سادىر مەرۇپ باشلىق، — دېدى چۈشتىن كېيىن ئىشقا كەلگەن مۇرات، — مەينىسا خانىم قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ياتقىغا ئارانلا ئاپىرىپ قويدۇم. كۆلچەككە سۇ قۇيىدىغانغا بىرەر خانىم بەرمىسەڭلار بولماس؟ . . .

— ساڭا كىمنى بەرسەك بولار؟ — سادىر بېشىنى قاشلىدى، — ھەممىسىنىڭ ۋەزىپىسى بار. . .

— بۇ يەرگە جېنى بار ئادەم كېرەك. ئۇنداق - مۇنداق ئىنجىمارۇقلار چىدىيالمايدۇ. . .

— سەنچە كىمنى بەرسەك بولار؟

— بۇ ئىشقا ئايىم نۇرىدىن باشقىسى بىكار. . . كۆرمىدىڭلىمۇ ئەمچىكى قازاندەك، ساغرىسى كاساڭدەك، قورسىقى تەڭنىدەك، ئىككى يوتىسى پۇتىمىغان توغراقتەك. . . ھېلىقى بىر. . .

— بولدى، بولدى. . . بارغانسېرى ئاغزىڭ بۇزۇلغىلى تۇردى. . .

سادىر مەرۇپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي، ئايىم نۇرى قورقۇپراق دەسسەپ يېتىپ كەلدى. مۇرات ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزى ھاك قوچىغىلى تۇردى. مەينىسا خانىمنىڭ سارغايغان مىسكىن چىرايى، ئايال گۈزەللىكى ھېسابلانغان چاچلىرى كۆز ئالدىغا كەلسىلا، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: «ھەي بۇقا، سۇ قۇيامسەن؟»، «ھەي، يانچۇقچى جالاپ، تېز بول دەيمەن!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇ، باشلىقلارنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىنى كۈتۈۋاتتى.

ھەممە ئىشتىن چۈشۈپ كېتىپ، قۇرۇلۇش مەيدانى جىمىدى. مۇرات: «ھاك ئەتە ئەتىگەنگە ئۇلگۈرمەيدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ، يەنە بىر ئاز ئىشلىدى-دە، ئايىم نۇرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ چاۋغايلىرىدا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى بار ئىدى، لېكىن قارىچۇقلىرىدىن زەھەردەك ئۇچقۇن چاچراۋاتاتتى. . .

— سۆيۈملۈك ئايىم خان، — مۇرات ئۇنى ئۆزىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قىلىپ كېسەككە ئولتۇرغۇزۇپ، — ئۆزلىرىگە باشلانغۇچ مەكتەپتە «ئا. . .» دىن باشلاپ ئۆگىتىپ، كۆزلىرىنى ئاچقان كىم بولىدىكىن؟ . . .

— ھەي. . . مەينىسا خانىم! . . . — ئايىم نۇرى جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى.
— سىلى، ئۆزلىرى، — مۇرات كۈلۈپ تۇراتتى، — ئۇستازلىرىغا قانداق ھۆرمەت بىجا كەلتۈردىلىكى؟ . . .

سول مەڭزىگە تەگكەن قاتتىق كاچات ئايىم نۇرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى.
— مەن. . . مەن . . . مەن ئۆلەي. . . مەن ئەسكى. . . مەن ئىت. . . ئۆلۈمگە مەھكۇم. . . — ئايىم نۇرى ئۆزىنى كاچاتلىغىلى تۇردى.
— «ئوماق» قوللىرىنى چىقارسىلا! . . .
— قولۇمنى؟ . . .
— قولۇڭنى! ! ! . . . — دەھشەتلىك ۋارقىراشتىن ئايىم نۇرى چۆچۈپ كەتتى - دە، قولىنى چىقاردى، — ئۇستازىنى ئۇرۇشقا، چېچىنى يۇلۇشقا، سورۇندا سۆرەشكە كۆڭلى ئۇنىغان قانداق ئىپلاس قول ئىكەن بۇ؟ كۆرۈپ باقاي دەيمەن! . . .

مۇرات ئايىم نۇرىنىڭ قولىنى بىرلا قايرىپ، دۇمبىسىگە ئېلىپ چىقتى - دە، ئۇنى ساغرىسىدىن قاماللىغىنىچە كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ھاك ئۇيۇتما كۆلچىكىگە ئېتىۋەتتى. ئاستىغا تىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن ھاك ئۇماچتەك قويۇق ئىدى. ئايىم نۇرى ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر شۇڭغۇپ بېشىنى چىقاردى - دە، ئەندىككىنىدىن «ئا. . .»غا ياكى «ۋا. . .»غا ئوخشىمايدىغان ئەنسىز ئاۋاز چىقاردى. مۇرات ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ بولۇپ، يەنە قويۇۋەتتى. بۇ قېتىم ئايىم نۇرىنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىنىڭ قارىسىلا پىلدىرلاپ، ھەممە يېرى ئاپئاق ھاك ئۇمىچى بىلەن بۇلغىنىپ، خۇددى كېپەنلەنگەن تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قالدى.

— بۇ سىياقىڭ بۇرۇنقى ھالىتىڭدىن مىڭ مەرتەم پاكىزىرەك كۆرۈنىدىكەن، — دېدى مۇرات ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم تارتىپ چىققاندا، — جۇر، مەن سېنى يېتىلەپ، باشلىقنىڭ ياتىقىغا ئاپىراي! . . .
— ئوۋ. . . ئوۋ. . . — تىترىدى ئايىم نۇرى پالاقلاپ ئارانلا كېتىۋېتىپ، — ئوۋ. . . ئوۋ. . . يە. . . يەردە نېمە. . . قىلىمىز؟
— باشلىققا چاقىمامسەن؟ بۇ ئارقىدىن چاققاندىن ياخشىراق! . . .
— يا. . . يا. . . ياق. . . مەن. . . مەن. . . ئۆزۈم. . . تېيىلىپ كەتكەن. . . تۇرسام؟ . . . تو. . . تو. . . گاپ كەتتىم. . . يا. . . ياتاققا تېز. . . رەك. . .
بۇنداق «ئۆچ ئېلىش» ، «ئەدىپىنى بېرىش» بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن

كېيىن، كامىل بىلەن ھېكمەت مۇرات بىلەن يالغۇز قالغىنىدا: «ھەي، بۇ ئىشلىرىڭ سەل چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتامدۇ-قانداق؟» دېدى. ئەمما ئۇ شارتلا قايرىلىپ، كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە: «ھەرقايسىڭنىڭ مۇشۇ ‹چىرايلىق ئىنسانپەرۋەرلىكىڭ› بولسا، بىز تەقدىرىمىزگە ئېچىنمىساقمۇ بولىدۇ... ئەگەر قولۇمغا قورال چۈشۈپ قالسا ئىدى، ئىچىمىزدىن چىققان بۇخىل پاسكىنا خائىنلارنى بىر - بىرلەپ ئېتىۋېتەتتىم...» دېدى-دە، گەمىدىن ئوخچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن كامىل بىلەن ھېكمەتمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئەمما مۇرات ھايال بولمايلا قايتىپ كىردى. ئۇ:

— ھېكمەت، سېنى بىر قىز ساقلاپ تۇرىدۇ، تېز چىق، بەك توڭلاپ كەتكەندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— چىقمايمەن... يەنە شۇ گۈلرۇزدۇر!...

— گۈلرۇز ئەمەس... مەنمۇ كۆرمىگەن، يۇچۇنلا بىر قىز ئىكەن... ئاممىزە، تۇرۇلغىنىڭ ئۆزى.

ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا، گۈلرۇز ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، نەرسە - كېرەكلىرىنىمۇ ئالماي قايتۇرۇۋەتكەن ھېكمەت يەنە شۇ ئوخشايدۇ دەپ ئاچچىقلاپ قالغانىدى.

ھېكمەت گەمە ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ چىققاندا، پەسلىكتىكى چىغىر يول ئېغىزىدا بىر نەرسىنى قولتۇقلىغان يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز پۇتىنىڭ ئۇچىدا قار سىجاپ تۇراتتى. ھېكمەت بۇ قىزنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ھارماڭ، — دېدى ھېكمەت قىزغا سەپسېلىپ، — مېنى ئىزدىگەنمىدىڭىز؟

— ھەئە! — قىز قىزىرىپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى پەقەتلا كۆرمىگەن ئىكەنمەن، — ھېكمەت توڭلاپ كەتكەن بۇ قىزنى ياتاققا باشلاشنى ئويلاپمۇ قويمىدى، — ياكى سىز ئادىشىپ...

— ياق... ياق، — قىزنىڭ بوتا كۆزلىرى ھايا بىلەن كۈلدى، — مەن سىزنى يوقلاپ كەلگەن... ئىسمىم مەھبۇبە، ماھىگۈلنىڭ دوستى... شەھەر گۇڭشې باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم...

— مۇنداق دەڭ... — ھېكمەت قىزغا قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى.

مەھبۇبە تىزىغا كېلىدىغان قىسقا يېشىل سوكنو پەلتو كىيىۋالغانىدى. ياقىسىدىن ساغۇچ يۇڭ شارپىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەلتودىن بىر غېرىچ چىقىپ تۇرغان قارا

ئەتلەس كۆڭلىكى، تۇمشۇقلىرى دۇبدۇگىلەك، سىپتا تىكىلگەن پورەڭ ئۆتىكى شۇنچىلىك ياراشقانىدىكى، ئۇنىڭ يۇمىلاق مۇرىلىرى، ئىنچىكە بەللىرى چوڭ شەھەرلەردە تەربىيە كۆرگەن يېڭى دەۋرنىڭ مودا قىزلىرىغا ئوخشايتتى. قاپقارا تۇم قاشلىرى ئۈستىدە ئەمدىلا ئېرىگەن ئۇششاق قىراۋ تامچىلىرى يالتىراپ، بوتا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستا ھەيكەلتىراشنىڭ قولىدا ئويۇلغان مەبۇدىنىڭ لەۋلىرىدەك لەۋلىرى شۇنچە ئۇماق بولۇپ، كۈلگەندە ئىككى مەڭزىدە دۇپدۇگىلەك زىناق پەيدا بولاتتى، چېكىلىرىدىن قولاق ئاستىغىچە سوزۇلغان يۇمران قارا تۈكلەر، ئاق يۈزىدىكى قىپقىزىل، ئاندا - مۇندا «قىز چېچىكى» ئۇنىڭ رېسىدە بولۇپ، پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىن نىشانە ئىدى.

— ھېكمەت! — ھېكمەت چۆچۈپ ئارقىغا قايرىلدى، مۇرات گەمە ئالدىدا قولىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى، — بىز ئىشقا ماڭدۇق، مېھماننى ياتاققا باشلىمامسەن؟ ياكى ئۆزۈڭ ئەشەدىلا ئىسسىتىپ قويماقچىمۇ؟...

مەھبۇبە قىزىرىپ كەتتى، ھېكمەتمۇ تۇنجۇققاندەك بولدى-دە، — جۇرۇڭ!... — دېدى.

مەھبۇبە گەمىگە كىرىپ، دەسلەپتە ھېچنېمىنى كۆرمەيلا قالدى. چۈنكى، ئىشىك ئورنىدىكى كىگىز گۈپلا يېپىلىشى بىلەن، ئۆي ئىچىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغانىدى. پاكار ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت چاسا تۈڭلۈككە قويۇلغان ئەينەكنىڭ ئۈستىنى بىر قات توپا قاپلاپ كەتكەچكە، گەمە ئىچى غۇۋا ئىدى...

— پەلتويۇمنى سېلىۋەتسەم بولامدۇ؟... ياتىقىڭلار بەك ئىسسىقكەن، — مەھبۇبە ھېكمەتكە ئىلتىجا بىلەن قارىدى.

— ئىختىيارىڭىز...

— مەن سىزگە تاماق ئېلىپ كەلگەن، — مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ كۆرپىسىدە ئولتۇرۇپ، داستىخاننى ئاچتى.

ھېكمەت پات - پات ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتتى. كۆڭلىدە بولسا: «راستا قېلىن قىز ئوخشىمامدۇ؟ مەن ئۇنى چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن تۇرسام؟... تېخى تاماق ئەكەلگىنى نېمىسى؟» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى...

— قېنى يەڭ! — مەھبۇبە تاۋىدا پىشۇرۇلغان، ئۈستىگە شېكەر سېپىلگەن سامبۇسىنى ئىشارە قىلدى، — ئاغزىڭىزغا تېتىمىدىكىن - تاڭ؟...

ھېكمەت «رەھمەت، ھېلىلا تاماق يەۋالغان» دېمەكچى بولدى، ئەمما خېرىدارلىق قىلىپ، ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتقان بىر قىزغا ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن، سامبۇسىدىن بىرنى ئالدى.

— پاھ، ئۇۋۇلۇپلا تۇرىدىكەن، — دېدى ھېكمەت سامبۇسىنىڭ ئاستىغا ئالقىنىنى تۇتۇپ.

— خېمىرىنى تۇخۇم، قوي مېيىدا يۇغۇرغاچقا، جىلتىسى بەك چۇ- رۇك بولىدۇ، — مەھبۇبە پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى، — قانداق، تېتىدىمۇ؟

— تېتىدى. . . تېتىدى. . . تېتىدى. . .

— ھە، شۇنداق تېتىيدۇ! . . . — قىز پۇسۇققىدە كۈلۈۋەتتى. ھېكمەتمۇ «تېتىدى» دېگەن سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى.

قىز خۇددى كىچىك بالىدەكلا ساددا ئىدى. ئۇ، نازلىنىپ، تارتىنىپ، قورۇنۇپ كەتمەيتتى. گەپلىرى تۈز، قاراشلىرى مۇلايىم، ھەرىكەتلىرى تەبىئىي بولۇپ، خۇددى دەرسخانىدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىغىلا ئوخشايتتى.

— ھېكمەت، بەلكىم سىز مېنى «نېمانداق قىلىن، داپشاق قىز بۇ؟ ئۇنى چۈشۈم- دىمۇ كۆرمىگەن تۇرسام دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، — دېدى مەھبۇ- بە. بىراق ھېكمەت ھېلىلا ئويلىغانلىرى ئۈستىدىن چۈشكەن بۇ قىزغا تەئەججۇپ ئىلكىدە قاراپ قويدى، — لېكىن مەن سىزنى كۆرگەن. . . كۆرگەندىمۇ كۆپ كۆرگەن. . .

— نەدە كۆرگەن؟ — ھېكمەت قوپاللىراق تەگدى. چۈنكى ئۆزىدىن بەش - ئالتە ياش كىچىك بىر قىزنىڭ «ھېكمەت» دېيىشىدىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— نېمە، ئاچچىقىڭىز كېلىپ قالدىما؟. . .

— يا. . . ياق. . . قېنى سۆزلەڭ! — ھېكمەت كىچىككىنە بىر ئىشمۇ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بۇ قىزدىن چۆچۈپ قالدى.

مەھبۇبە بوتا كۆزلىرىنى بىر چىرايلىق ئالايتىپ تورۇسقا قارىدى، ئاندىن ئابلىز نەۋانىڭ تويىدىكى نەغمە - ناۋا، بائۇممەنى كۆچۈرگىلى كېتىۋاتقاندا، قىزىق دەرۋازىدا بولغان تاماشا، كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەر، يولدا كېتىۋاتقانلار، ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىققانلارنىڭ سورۇن ھاسىل قىلغانلىقى، گارمونغا ماسلاشتۇرۇپ ئېيتىلغان جىرلارنىڭ

ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىدى. بولۇپمۇ ئۇ، ھاكىمنىڭ قىزى ماھىنۇرنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ بارغاندا، تال بوستان ئاستىدا ئېيتىلغان ناخشا، ئوينالغان ئۇسسۇل - تانسىلارنى زوق - ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى.

— يەنىچۇ؟— دېدى ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ سۆزمەنلىكىگە ھەيران بولۇپ.

— كېيىن. . . كېيىن. . . — قىز ياللىتىدە كۆزلىرىنى ئەپقاچتى، — قاپقارا چاچپاپقا ئۇرالغان گۈلزىبا ئاچام سىزگە گۈل. . .

— بولدى، سۆزلىمەڭ. . .— ھېكمەت گويا جاراھىتىمنى تاتىلىماڭ دېگەندەك، بېشىنى چاڭگاللاپ جىم بولۇپ قالدى.

— تېخى بۇلتۇر چېچەك ۋاقتىدىغۇ دەيمەن؟ — مەھبۇبە ئاستاغىنا قوشۇپ قويدى، — مۇراتكامنىڭ قىزىنىڭ بۆشۈك تويىدا، سىز «ئەلۋىدا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ. . .

— بولدى قىلىڭ. . . سىز ئۇ يەردە بولمىسىڭىز، قانداق قىلىپ؟. . .

— دوستۇم ماھىگۈل «ياردەملىشىپ بەر» دېگەچكە، مەن ئۇلارنىڭ چايخانىسىدا ئىدىم.

ھېكمەت شۇ چاغدا چايخانىدا قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتقان يوچۇن بىر قىزنىڭ ئۆزىگە كۈلۈپ قارىغانلىقىنى خىرە - شىرە يادىغا ئالدى. . .

— قىزىق گەپ، — دېدى ھېكمەت تۇزۇت قىلمايلا، — ئابلىز نەۋاننىڭ تويى توغرۇلۇق ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە بىلىدىكەنسىز. . . سىز ئۇ چاغدا كىچىك بولغىيدىڭىز. . . ياكى كىچىككىڭىزدىن تارتىپ توي - تۆكۈنلەردىن قالمايدىغان ئادىتىڭىز بارمۇ؟. . .

— سىز مېنى تىللاۋاتىسىز، — مەھبۇبە سولتىيىپلا قالدى، — مەن ئۇ چاغلاردا ئون ئالتە ياشتا ئىدىم. . . گۈلرۇز بىلەن، دوستۇم ماھىگۈل بىلەن تاماشا كۆرگىلى باراتتۇق. . .

— كەچۈرۈڭ، يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت! سىز قايتىپ كېتىڭ! مەن ئىشقا بارمىسام بولمايدۇ. . .

ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، مەھبۇبەمۇ ئىلاجىسىز پەلتوسىنى كىيىپ چىقىپ جابدۇندى. ئۇلار خېلى بىر يەرلەرگىچە بىللە ماڭغان بولسىمۇ، بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمىدى.

مەھبۇبەنىڭ شەھەردىن پىيادە يوقلاپ كېلىشى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئاسانغا چۈشمەيتتى، بىراق ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدە بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

— مەن سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇم، — دېدى مەھبۇبە كۆلتۈك قارنى دەسسەپ تۇرۇپ، — مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمنىزە. . .

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. . . سىز مېنى ئاتايىتەن يوقلاپ كەلدىڭىز، — دېدى ھېكمەت زورمۇ زور كۈلۈپ، — سىزدىن خاپا بولسام، بۇ ئادىمگەرچىلىككە سىغمايدىغۇ؟ . . . ئەكسىچە سىزدىن مىننەتدارمەن. . .

— راستما؟ — مەھبۇبەنىڭ بوتا كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— شۇنداق. . . — ھېكمەت نېمە دېيىشىنى بىلمەي يەرگە قارىدى، — ئەمدى مېنى يوقلايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. . . بۇنداق دېسەم، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، يول يىراق، ھاۋا سوغ، ئۆزىڭىزگە سوغ تەگكۈزۈۋالىسىڭىز. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەرنىڭ تۈزۈمى چىڭ. . .

— چۈشەندىم. . .

ھېكمەت مەھبۇبەنى ئۇزىتىۋېتىپ ئۇدۇللا ئىشقا ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ماھىگۈلنىڭ خېتىدىكى مۇنۇ سەھىپىلەرنى ئەسلىدى:

. . . «ھېكمەت ئاكا. . . مەن سىزنى چايخانا مەكتەپ ئالدىدا يىگىرمە سەككىز كۈن ساقلىدىم. . . ھەر كۈنى ئەتىگەن بارىمەن، كەچ قايتىمەن. . . سىزنىڭ ھويلىدىن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتكەن سايىڭىزنى بولسىمۇ كۆرەرمەن دەپ، رېشاتكا ئارىلىقىدىن تەلمۈرۈپ قارايمەن، كۆز گۆھەرلىرىم ئېقىپ كەتكۈدەك تىكىلىمەن. . . ئەگەر سىزنى كۆرمەي كېتىپ قالسام، يۈرىكىمنىڭ تەڭ ياتىسى خوتەندە قالىدىغاندەك، بىر ئېغىز سۆزۈمنى دەۋالمىسام، ئۆمۈر بويى ئازابتا ئۆتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. . . دېگەندەك، خۇدا ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا باقمىدى، بەلكىم مېنى: «تىلەككە يېتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، ئاچاڭنىڭ تارتقان ئازابلىرىنىڭ زەررە ئۇچقۇنلىرىدا بولسىمۇ كۆيۈپ باق» دېگەندۇر! راست، مەن ھازىر چۈشەنگەندەك قىلىۋاتىمەن. يۈرەككە تالىق ئىشلار ئالماشتۇرغىلى بولىدىغانغا گۆھەر ئەمەس ئىكەن! . . . لېكىن مەن كۈتىمەن. . . چىن. . . تەبىئىي. . . شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلار تۇغۇلغانغا قەدەر كۈتىمەن! . . .

ھېكمەت ئاكا، ھازىر يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن شوئار توۋلايمىز. پروفېسسورلار، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرىمىز نەزەربەند ئاستىدا، كۈرەش قىلىنىۋاتىدۇ. . .

مېنىڭ سىزنىڭ قېشىڭىزغا قانات قېقىپ ئۇچۇپ بارغۇم كېلىدۇ...»

ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە ماھىگۈل بىلەن مەھبۇبە تەڭ پەيدا بولغىنىدا، ئۇ ھەسرەت بىلەن شىۋىرلىدى:

— ئاھ خۇدا، قىسمەت مېنىڭ تەقدىرىم بىلەن يەنە ئويناشماقچىمۇ!...

# تىرىلگەن چايان

2 ـ ئاينىڭ يەتتىسى — پەيشەنبە ئەتىگەندە، توقسان ئۈچ ياشلىق قۇتلۇق ھاجىم ئالەمدىن ئۆتتى. مانا شۇ كۈنى، غازاخۇن ئاكىنىڭ يەتتە نەزىرىسى بېرىلىۋاتاتتى. مىنبېگلار ئۇنىڭ يېرىم جان تېنىنى رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا سېلىپ، مەلىكىخان ئاچىغا تاشلاپ بېرىپ كەتكەندىن كېيىن، غازاخۇن ئاكا ئۈچ كۈنگىچە يۇقىرىغا تىنىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تاياق ئىزى بىلەن ئارغامچا ئىزى ئىدى. سول كۆكرىكىنىڭ ئاستىدا چىنە ئاغزىدەك يەر كۆپكۆك ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، قارىغان ئادەمنىڭ تېنى ئەيمىنەتتى.

غازاخۇن ئاكىنىڭ ئۆلۈمىنى مەلىكىخان ئاچا ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى ئۇزاتتى. ئامانلىلا، ئالىمجانلار قەيەردىدۇر سۈرگۈندە ئىشلەۋاتاتتى. غازاخۇن ئاكا تۈگەپ ئۈچىنچى كۈنى، «ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا، نائىبنىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتى.

ئۈچ مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى... غازاخۇن ئاكا، نائىبلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى قۇربانلىرى ئىدى. قۇتلۇق ھاجىم بولسا، تەكتىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، يەنىلا مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئىت يۈرەك ئاتا قىلغان خالىقنىڭ قۇربانى بولدى. تۇرسۇننىساخاننىڭ: «ھاجىم بوۋام ساقىيىۋالسۇن» دېگەن قەسەم، ۋەدىلىرىگە ئىشەنگەن خالىق تاقىتى ـ تاق ھالدا، بىر كۈنى بوۋاينىڭ قېشىغا كىردى. ئۇ يەنىلا ئورۇن تۇتۇپ ياتاتتى. تۇرسۇننىساخان، سەمەتلەرنىڭ ئەھدى ـ ۋەدىلىرىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، قۇتلۇق ھاجىم خالىققا نەسىھەت قىلدى، نەفسەنىڭ كامىلغا داستىخان ئۈستىدە دۇئا بىلەن بەخشەندە قىلىنغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى. تۇخۇمنىڭ سېرىقىنىڭ ئىككى چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن خالىق بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، بوۋايغا بىرنەچچە ئېغىز قوپال گەپ قىلىۋەتتى. مۇشۇ يېشىغىچە بىرەر كىمدىن قاتتىق ـ يىرىك

گەپ ئاڭلىمىغان ھاجىمغا ئۇنىڭ گەپلىرى ناھايىتى تىك كەلدى ـ دە: «ئۆزلىرى قايسى ھايۋاننىڭ پوشتىدىن تۆرەلگەن؟» دەپ سالدى. بوستان مەدەنىيەت ئىنقىلابى يادرو گورۇپپىسىنىڭ جورىنى بولۇۋالغان خالىق ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى:

— ۋوي، ئۆلمەيدىغان قېرى، نەفسەنى پوكىنىڭغا بېسىپ، ئېمەمتىڭ؟... تېخى «كامىل، كامىل» دەيسىنا؟ بىلىپ قوي، ئۇ سورگوندىن ساق كېلەلىسە چوڭ گەپ. كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتىدۇ ياكى ئېتىلىدۇ. نەفسەنى ياخشىلىق بىلەنمۇ، يامانلىق بىلەنمۇ ئالغىنىم ئالغان!...

يۈرىكىنى ئاچچىق تۇتۇۋالغان ھاجىم ئەتىسى ئەتىگەندىلا جان ئۈزدى!...

قوتلۇق ھاجىمنىڭ قىرقى بېرىلىپ ئەتىسىلا، خالىقنىڭ ئەلچىلىرى تۇرسۇننىساخاننىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدى. ئۇلار بۇ قېتىم ئۆزلىرىگە ئىشەنگەن ھالدا، سۆز سالدۇرۇش رەسمىيىتى ئۈچۈن، بىرنەچچە قۇر كىيىملىك، ئۆتۈك، ئۈزۈك، رومال دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەندى. ئەلچىلەر يەنىلا شوجى ھەسەن تاز، دادۈيجاڭ مەتنۇرى بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇلارغا خالىقنىڭ تۇغقانلىرىدىن مەتمۇسا بىلەن ھوشۇرخان ئىسىملىك ئەللىك ياشلاردىكى خام سېمىز بىر ئايال قېتىلغانىدى. ھوشۇرخاننىڭ پوچۇق بۇرنى، قانسىرىغان ئۆپكىدەك داغ ـ داغ ھال رەڭ يۈزى، موچۇندا تىرىلگەن ئىنچىكە سارغۇچ دىڭگىل قاشلىرى، ھەممىگە قىسىپ قارايدىغان گازىر كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ چاياندەك زەھرى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئىككى قېتىملىق ئەلچى كىرگۈزۈش جەريانىدا، ھەممە گەپلەر دېيىلىپ بولغاچقا، ھەسەن تاز گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى:

— سەمەتاخۇن، سىلى ئەر كىشى، تۇرسۇننىساخان ئۆزلىرى نەفسەنىڭ ئاچىسى. ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۆتكەنكى لەۋزىلىرىگە ئاساسەن، خا جۇرېنىنىڭ ئىككى تۇغقان ئىنىسى مەتمۇسا، ھامىسى ھوشۇرخانلار ئاتايىتەن سالامغا كەلدى. بۇنىڭغا نېمە دەيلىكى؟...

— ياق دېسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، — مەتنۇرى دادۈيجاڭ ياق دېسە، ئۇلارنىڭ بوز يەرگە كۆچۈرۈلىدىغانلىقىدىن ئېنىق بىشارەت بەردى، — ئەمدى ئاقىۋەتنى ئويلايدىغان ۋاقىت كېلىپ قالدى...

— ئەمدى... ئەمدى... مەن بولسام يات، — دېدى سەمەت ئايالىغا قاراپ، —

مەزلۇم ئۆزى بىر نېمە دېسۇن. . .

— خا جۇرېنغا ۋەدە قىلغىنىمغۇ راست، ئامىزە، — تۇرسۇننىساخان كىگىزدە قېتىپ قالغان چۆپنى تاتىلاپ تۇرۇپ ئاستا غۇدۇڭشىدى، — نەفىسە زادىلا ئۇنىماي تۇردۇ. ئۇنى كۆندۈرۈپ بولغۇچە، تەخىر قىلىپ تۇرۇشقان بولسىلىرى. . .

— مۇنۇچ. . . ھويت خېنىم، كىملىرىنى ئەخمەق ئېتىلا؟ . . . — ھوشۇرخاننىڭ ھال رەڭ يۈزى جىگەررەڭگە كىردى، — ئىنىمىز خا جۇرېن ھەرقايسىلىرىنىڭ خىلىما؟ . . . كۆڭۈل دېگەن ئاشۇنداق ساراڭكەن. . . كۇچۇكۇم — كۇچۇكۇم دېسە، بىر نېمىسىنى چىقاردى دەپ، تۆسىنى قىلىپ كەلسە، تىلىنى چايناۋاتقىنىنى كۆرەيمۇ! . . .

— ئەمدى. . . ھوشۇرخان ئاچا. . . — قورقۇپ كەتكەن تۇرسۇننىساخان ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇراتتى، ھوشۇرخان ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تەپتى:

— تولا كاپشىپ، ماڭا ئىزىپ ئىچۇرمىسىلىمۇ بولىدۇ، — ھوشۇرخان ئالقانلىرىغا قارسىلدىتىپ ئۇردى، — پوقنىڭ پۆپۈكى بۇزۇلماستا، «رەھمەت ـ تەزىم» دەپ، ماۋۇ داستىخاننى ئېلىپ، تويىنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىلى! ھېلىمۇ ئىنىمىزنى قانچە يىل گالا ـ گالا قىلىشتىلا. . . ھېلىقى پۆپەكۇاش ئەپەندىنى قۇتىرتىپ، ئۇنى خىزمەت، ئەمەللىرىدىن قالدۇرۇشتىلا، ھېلىمۇ خۇدايىمنىڭ كۆزى بار ئىكەن. . . ئېقى ئاق، سېقى ساق بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ يوغان ئەمەلگە مىندى. نەفىسە خاندىن تېخى بۇنىڭ ھېسابىنى قىلمىدۇق. . . ئۇ ناھايىتى ئالتە تازنى بىر كاماغا يىغىۋېلىپ، بور يەپ، ھاك كېكىرىدىغان بىر ئەپەندىغۇ؟ ياكى ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مۇنچاقمىدى؟ . . .

— ھوشۇرخان ئاچا، خاپا بولمىسىلا! — تۇرسۇننىساخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، — مەن ياق دېگىنىم يوققۇ؟ . . . ئەمدى ھەرقايسىلىرىغا مەسلىھەت سېلىۋاتقان گەپ. . .

— ئەمدى، تۇرسۇننىساخان، — دېدى مەتنۇرى داۋيجاڭ، — چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەس دېگەن گەپ بار. ھېلىقى ئەپەندى بولسا ئېغىر جىنايەت بىلەن سۈرگۈندە يۈرىدۇ. ئۇ يەردىن بەش يىلدا چىقامدۇ ياكى ئون يىلدىمۇ، بۇ ئاۋۋەلەن خۇدا، ئاندىن قالسا ھۆكۈمەتنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. . . نەفىسە خېنىممۇ ياتلىق بولىدىغان ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتتى. . . قىز بالا دېگەن ۋاقتى ئۆتسە سېسىيدىغان ياكى تەمى قالمايدىغان ئەنجۈردەك بىر نېمە. . . شۇڭا، يېڭى ئۈزۈلگەن پىدىگەندەك چىڭ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلماق

كېرەك، قېنى دېسلە، توينى قاچان قىلىمىز؟

— ھاجىم بوۋامنىڭ قىرقى نەزىرسىنى ئەمدى بەردۇق، — تۇرسۇننىساخان مىچچىدە يىغلىدى، — نەفسە بەش يېشىدىن تارتىپ بوۋامدىن بىلىم ئالغان، بوۋام ئۇنىڭغا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ چارى ئىدى. . . شۇڭا، بىر يىل قارىلىق تۇتمىسا بولماس. . .

— ھەي. . . ئۆلدى ـ كەتتى. . . — دېدى ھوشۇرخان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — شۇنىڭغا بىر يىل ساقلاش كېتەمدا؟ . . . ئۇساغاققا ئارپا نېنى باھانە دېگەندەك، قىلىۋاتقان گېپىنى كۆرمەمدىغان؟ . . .

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — تۇرسۇننىساخانىمۇ ئاچچىقى تۇتتى، — مۇسۇلمانچىلىقتا تۆت كۈن ئۆي تۇتقان خوتۇنمۇ ئېرى ئۆلسە بىر يىل قارىلىق تۇتۇپ، ئاندىن ئەرگە تېگىدىغۇ؟ «ھوقۇقىغا تايىنىپ قارىلىق تۇتقىلىمۇ قويماپتۇ. . .» دېسە، خا جۇرېنىڭ يۈزىگىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟ قانداق دېدىم مەتمۇساكا؟ . . .

باياتىندىن بېرى بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر مەتمۇسانىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى، پەقەت ھوشۇرخان بىشەملىك بىلەن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ئېغىزىنى قويۇپ بەرگەندىلا، ئۇ لەپپىدە بىر قاراپ، ئىچىدە: «ھازازۇل مادا» دەپ قويۇپ، خىيالىنى يەنە داۋام قىلغانىدى. «توۋا، خۇدا دېگەنمۇ يامانغا يانتاياق بولۇپ يۆلەپلا تۇرىدىغان ئوخشايدۇ. . . قارا ما خەقنىڭ قىلىۋاتقان زوتالىقىنى؟ مەتمۇسانى شىلىپ يەپ، سۆڭەكلىرىنى غاجاپ پۇركۇپ، بوزەك قىلغان خالىقنىڭ ئەمەل تاجى ئېلىنىپ، ئۆزى ئانىكۇم ـ مۇنىكۇم بولۇپ قالغاندا، ئۇ: «خۇدايىمنىڭ كۆزى بار ئىكەن، بىر شاياتۇننىڭ ئەدىپىنى بەردى» دەپ خۇشال بولغانىدى. لېكىن، خۇدايىم مەتمۇسانى ئالدىغانىكەن. . . ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، خالىق بۇرۇنقىدىنمۇ ۋەھشىيلىشىپ ئورنىدىن دەس تۇردى! بۇرۇنقى تاجى كىچىكرەك ئىدى، ھازىر چوڭىنى كىيدى. بۇرۇن ئۇ گۆش كارناي ئىدى، ھازىر مىس كارناي بولدى. ئۇنىڭ قوللىرى ئۇزىراپ، سۇنمايدىغان يېرى قالمىدى. . . خۇدايىم قاچانمۇ مەتمۇسانىڭ ئەنت ـ قىساسىنى ئېلىپ بېرەر؟ . . .»

مەتمۇسا مۇشۇ قىرتاق خىياللار بىلەن مەستخۇش ئولتۇرغىنىدا، تۇرسۇننىساخاننىڭ «قانداق دېدىم مەتمۇساكا؟» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرمايلا: «شۇنداق، شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق. . .» دەۋەتتى. ئەلچىلەر-

نىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، بىر ـ بىرىگە قاراشتى. يەنە كېلىپ، بۇ ماقۇللۇق جاۋابى خا جۆرىيىنىڭ ئىككى تۇتقان ئىنىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان تۇرسا؟ ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ . . .

— بولىدۇ ئەمىسە، — دېدى ھەسەن شۇجى ئىشنى ئىسسىقىدا تۈگىتىۋېلىش ئۈچۈن، — «ھېسابلىق ئىش بۇزۇلماس» دەپتىكەن، قېنى، مەتمۇسا قەلەمنى قولىلىرىغا ئالسىلا، قەغەز يۈزىدە قارارلاشتۇرۇپ قويايلى. . .

— مەن. . . مەن. . . بۇنداق نەرسىلەرنى يېزىپ باقمىغان، قاملاشتۇرالمايمەن. . . — مەتمۇسا قەلەمنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

ھەسەن تاز قەغەز، قەلەمنى ئېلىپ، داستىخان ئۈستىگە پەتنۇستىن بىرنى دۈم قىلىپ قويدى ـ دە، دوڭغايغىنىچە، بۇرنىنى تارتىپ خەت پۈتۈشكە باشلىدى. خەتكە ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ، مەتنۇرى دادۇيجاڭغا سۇندى، ئۇ خەتكە قارىمايلا، قولىنى قويدى، ھوشۇرخاننى قول قويدۇرماق تەسكە چۈشتى. ھەسەن تاز ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىسمىنى يازدۇردى. مەتمۇسا مىيىقىدا تەئەددىلىك ئەكس ئەتكەن ھالدا، قەلەمنى قولىغا ئالدى. خەتنى ئوقۇپ، تۇرسۇننىساخاننىڭ پېشانىسىدىن پۈژژىدە تەر قۇيۇلدى. قۇتلۇق ھاجىم 2 ـ ئاينىڭ يەتتىسى قازا قىلغانىدى. توي بىر يىلدىن كېيىنكى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە مۇقىمدالغانىدى. ئەگەر شۇ چاغدا، يەنە قانداقتۇر باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىلسە، ياكى يېنىۋالسا، تۇرسۇننىساخاننىڭ، قۇتلۇق ھاجىمنىڭ قورۇ ـ جايلىرى قەرز ھېسابىغا تۇتۇلۇپ، دادۇيگە تەۋە بولاتتى. ئۆزلىرى بولسا بوز يەرگە كۆچۈش ئائىلىسى بولۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى. . .

تۇرسۇننىساخان خېلى تارتىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، قول قويماي بولمىدى.

. . . تىلخەتنى كۆرۈپ، خالىقنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى. . . بىر يىللىق سۈرۈك مەتمۇسانىڭ بىر ئېغىز ماقۇللۇقى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھوشۇرخان بىرگە ئۇننى قوشۇپ يەتكۈزۈپ، خالىقنىڭ غەزەپ قېپىنى يېرىۋەتتى. . . مەتمۇسانىڭ ئاشۇ بىر يىلىمۇ ئەلچىلىككە بېرىپ ئىشنى بۇزغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ قۇلىقىنى بۇراپ ئەۋەتكەنىدى. . . مەتمۇسانىڭ زادى نېمە غەرىزى، قانداق ئۆچمەنلىكى بار؟ . . . ياكى زۇمرەتكە كۆزى چۈشكەنىدەك، نەفسەدىنىمۇ تەمەيى بارمۇ بۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ؟ . . .

خالىق پۇرسەت تېپىپ، مەتمۇسانىڭ ئەدىپىنى مىنىڭلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېسىدىن

چىقمىغۇدەك بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ نەفسەنى باغلىۋالغان بۇ غەلىبىدىن كۆڭلى يورىغاندەك بولدى. قارىلىق تۈتقۇزمىسا، خەلقئالەمنىڭ سۆز - چۆچەكىدىن قۇتۇلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەفسەنىڭمۇ ئۆمۈر بويى كۆڭلىدىن ئاداۋەت تۈگۈچى پېشىلمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، خالىقنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنىڭ كەڭلىكى، مەردلىكى نەفسەنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزقارىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىدى.

— ھىم. . . كامىل! — خالىق ئىشخانىدىكى دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى - دە، بارماقلىرى بىلەن چېچىنى تارىدى، — سەن مەرجىخان ئۆلگەندە، بىر يىل قارىلىقتا ساقلاپ غەلىبە قىلالمىغانىدىڭ. . . لېكىن مەن بۇ قېتىم چوقۇم غەلىبە قىلىمەن! . . .

خالىقنىڭ بۇنداق قەتئىي قارارلاشتۇرۇشى، ئىشەنچىنىڭ مۇقىملىقىدىن ئىدى. چۈنكى، دوستى ئەركىنىنىڭ يېقىندا يازغان خېتىدىكى مۇنۇ سۆزلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە تاش مۆھۈردەك ئويۇلۇپ قالغانىدى: «مەركىزىي كومىتېت ئىچىدىكى زىددىيەت شۇنچىلىك مۇرەككەپ، چىگىش ھەم كەسكىنكى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاز بولغاندا بەش يىل، بولمىسا ئون يىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. بۇ سۆزۈمنى ھەرگىز مۇبالىغە دېمىگىن. . .»

خالىق ھازىرمۇ خاتىرجەم ئىدى، شادلىقى ئىچىگە پاتمايتتى، پۈتۈن بوستان ئۇنىڭ ئالقىنىغا كىردى، ئىدارە - جەمئىيەت، كارخانا، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ، ھەتتا ۋاڭ شۇجى بىلەن تۇراپ ئىمىنمۇ ھازىر ئۇنىڭدىن سورىماي كېكىرەلمەيدۇ. چۈنكى، خوتەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى باش شتابىنىڭ جۇرىنى ساۋۇر روزى ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تىكلىگەن! . . . كامىل، ھېكمەت، مۇراتلاردەك شيۇجېڭجۇيىچى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بۇنداق ئىنقىلابىي كادىرنى كۈندۈزى پانۇس يېقىپمۇ تاپقىلى بولماس؟ . . . شۇڭا، خالىق ھازىر نېمە قىلىمەن دېسە، ساۋۇر روزى شەرتسىز قوشۇلىدۇ، ھەتتا دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ ماختايدۇ. . . كامىللارنىڭ ئىشەنگەن تېغى، بېشىنى سىلايدىغان ماشايىقى قۇربان ھاكىممۇ ئىشەنچىدىن قېلىپ، گېپى ئاقماس، بۇيرۇقى ئۆتمەس بولۇپ پىچىقىنى دات باستى. . . ئۇ يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا لاي - پاتقاقتا مىلىنىپ يۈرۈپتۇ. . .

خالىق چۈشتىن قايرىلغاندا، ئېتىغا مىنىپ شەھەرگە يول ئالدى. ئۇ بوستاننىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلىش باھانىسىدە، ساۋۇر روزىدىن تىك تىكلىماق-

چى. . . قۇربان ھاكىم، كامىل، ھېكمەت، مۇرات ۋە ئۇلارنىڭ دوستلى-
رىنىڭ تەقدىر - ئىقبالى قەيەردىن - قەيەرگىچە بولىدۇ؟ يەنە قانداق خۇشخەۋەرلەر
بار؟ بۇلارنى ئۇقۇپ، ئۆزىدە يېڭىدىن ئىشەنچ، كۈچ، مادار، جۇشقۇن روھ پەيدا
قىلمىسا بولامدۇ؟ چۈنكى بۇ ئىنقىلاب ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنىڭ جەڭگاھى
تۇرسا! ۋەزىيەتتىن كېيىن قالسا، پۈتۈن بوستاننى قانداقمۇ ئالقىنىدا تۇتۇپ
تۇرالايدۇ؟ . . .

خالىق بىر - بىرىدىن لەزىز خىياللار ئىچىدە شەھەرگە كىرىپ كەلدى. ئۇ
ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىدىكى دەرەخكە ئېتىنى باغلىغاندىن كېيىن، ساۋۇر روزى-
نىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ھوقۇق، ئەمەل، ئىنقىلاب يارىشىدىغان ئادەم باشقىچە
بولىدىكەن، ساۋۇر روزىنىڭ يۈزىدىكى قارا - قۇرا داغلار يوقىلىپ، پېشانىسى پارقى-
راپ، سىياقىغا باشقىدىن تۈس كىرىپ، سەمرىپ قالغانىدى، ئۇ سۇرلۇك قىياپەتتە
ئولتۇراتتى. خالىقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى ۋە ئۇنى ئورنۇدۇقا
تەكلىپ قىلدى. ساۋۇر روزى چاقچاق قىلدىمۇ ياكى خالىققا زوقى كېلىپ ئەركىلەتتى-
مۇ، ئىش قىلىپ: «ھە، خا سىلىڭ، بوستان ئىنقىلابي بازىمىزنىڭ ئىنقىلاب تەرەققى-
ياتى قانداق؟ بىرەر پۈتلىكاشاڭ كۆرۈلمىگەندۇر؟» دەپ سورىدى. بۇ ئالىي سۈپەتلەش-
تىن خالىق خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئۇ: «ئۆزلىرىدەك يىراقنى كۆرەر،
قابىل سەركەردە تۇرغاندا، بىز ھەرقانداق پۈتلىكاشاڭدىن قورقۇپ قالامدۇق؟» دېدى.
ساۋۇر روزى ئادىتى بويىچە، چىشىنى كولاۋاتقان سەرەڭگە ياغىچىنى شوراپ ئولتۇرۇپ
گەپ سورايتتى. خالىقنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا بوستان بويىچە يەتتە
نەپەر دېھقاننىڭ ھەرخىل ئۇسۇللاردا ئۆلگەنلىكىنى، سودا سارىيىنىڭ ئامبارچىسى ئاسىم
نىيازنىڭ بىر قېتىملىق گاڭزىغا[1] بېسىشقا چىدىماي، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقى-
نى، قول - ئىلكىدە بار ھاجىملارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، خېلى
نۇرغۇن «تۆت كونا»نى تاپقانلىقىنى دوكلات قىلدى. «خېلى نۇرغۇن تۆت
كونا. . .»نى ئاڭلىغان ساۋۇر روزىنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى ۋە خالىققا
ئاستا ئېغىشتى:

---

[1] گاڭزىغا بېسىش — جازالاتقۇچىنى تىزلاندۇرۇپ قويۇپ، ئىككى پۇتى
ئارىلىقىغا بادرا ياغاچ قويۇپ، ئىككى تەرەپتىن بېسىش.

— يىغىلغان تۆت كوننى قانداق قىلدىڭلار؟ بىر ـ بىرلەپ تىزىملاندىمۇ؟...

— تىزىملىدۇق... ئۇ نەرسىلەر قويۇلغان ئۆيىنى مىنبىڭلار باقىدۇ...

— ئۇلارنى تىزىملاپ، تىزىملىكنى ماڭا كىرگۈزۈپ بەرگىن، — ساۋۇر روزى چىشىنى كولاۋاتقان قان يۇقى ياغاچنى ئۇستەلگە قويدى، — بوستاندىن بەش ئادەم ماڭا ئەرىز يېزىپ ئەكىرىپتۇ. ئۇتتۇرا مەكتەپتىكى ھېلىقى ئىتتاۋاز ئەپەندىنىڭ ئىسمى نېمىتى؟

— رېخىم نۇرى.

— ھە شۇ! تۆت كوننى يوقاتقاندا، نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، ئۈزۈك، بىلەيزۈك، زىرە، ھالقا، ئالتۇن پوپۈزىلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ توغرۇلۇق قۇتبىرەم خانىم يەنە ھېلىقى غىتمەك ئەپەندىمۇ ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ كىردى. شۇڭا، رېخىم نۇرىنى دەرھال سوراق قىلىپ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋال! تولۇق تاپشۇرمىسا، مىنبىڭلارغا تاشلاپ بەر، ئۇلار ئۇنى بىر كېچىدىلا چىشقاق موزايدەك قىلىۋېتىدۇ...

— خوپ!

— يەنە بىر گەپ، سودا سارىيىدىكى ئاسىم نىيازنىڭ ئۆيىنى ئاختۇردۇڭلارمۇ؟

— ئاختۇرۇپ، گىلەم، يوتقان ـ كۆرپە، بىرنەچچە پارچە ئاشلانغان تېرە، بىرەر تاغاردەك يۇڭنى مۇسادىرە قىلدۇق.

— ئۇ ئۇزۇن يىل سودا سارىيىنىڭ ئامبارچىسى بولغان، — ساۋۇر روزى چىش كولىغۇچنى قولىغا ئالدى، — ئۇنىڭ يېنى چىڭ. بېغى بىلەن ھويلىسىنى، ئۆيلىرىنىڭ ئۇلىنى يەنە بىر قېتىم تىنتىپ بېقىڭلار.

— خوپ!

— ھەي ئىست، ئۇنىڭ ئۆلۈكىگە چاپراس قەغەز چاپلاپ، «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن خەتنى يېزىپ، سازايى قىلغۇلۇقتى... ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىنقىلابقا نارازىلىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇزغۇنچىلىق...

— بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي...

ساۋۇر روزى يىغىۋېلىنغان ۋە يىغىۋېلىنمىغان «تۆت كونا» ھەققىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەندىن كېيىن، غازاخۇننىڭ شايكىلىرىنىڭ يوشۇرغان كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تېپىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ نائىبىنىڭ قولىيازمىلىرى بىلەن بىرلىكتە گۈلباغدا

كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى پەخىرلەنگەن هالدا سۆزلەپ كېلىپ: «هەي. . . بۇ ئىككى خەتەر-لىك ئۇنسۇر بالدۇرلا ئۆلۈپ، ئاسان قۇتۇلدى. بولمىسا، خەلققە ئىبرەت قىلىپ سازايى قىلغۇلۇقتى. . .» دەپ قويدى، تۇيۇقسىزلا بىر ئىش يادىدىن كەچتى بولغاي، ئۇ خالىقتا بۇرۇلدى.

— هەي خالىق، مەسۇم قابىلنىڭ پاش قىلىشىغا قارىغاندا، كىتاب ئوغرىلاپ چىققاندا، كامىل قوينىغا بىر نېمە سالغانىكەن. . . ئۇنىڭ شەھەردىكى ئۆيىنى، يۇرۇڭ-قاش، گۇجاندىكى تۇغقانلىرىنىڭ هويلا، باغ - ئېغىللىرىنى قېزىۋەتتۇق، چىقمىدى. مەسۇم قابىل، كامىل ئۇ نەرسىنى بوستاندىكى نەفسەنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇۋەتتىمىكىن دېگەن گەپنى قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ يەرگە مىنبىگلارنى ئەۋەتىپ، بىر تىنتىپ بېقىڭلار. . .

— چوقۇم ئورۇندايمەن، ساجۇرېن. ئاڭلىسام، «قوشكۆل جىنلىرى» خېلى ئازادىمىشقۇ؟ . . . — دېدى خالىق كامىل، هېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئەهۋالىنى ئۇقۇش نىيىتىدە، — ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرى كۆرۈشەلەيدىكەن، خىرامان مۇڭدىشالايدىكەن. . .

— دەسلەپتە شۇنداق بوپتىكەن، — ساۋۇر روزىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — هېلىقى ئۈچ ئەپەندى هەتتا ئىككى باشلىقنىمۇ ئوسال ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. كېيىن مەن پاسار داۋۇتقا راسا قارىۋىس، تايىقىدىن قان تامىدىغان مىنبىگلاردىن سەككىزنى بېرىۋە-دىم. . . خېلى تىنجىپ قالدى. . .

ئۇلار خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساۋۇر روزى خالىقنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. قۇربان هاكىم توغرۇلۇق ئېنىق بىر ئۇقۇمغا ئىگە بولالمىغان خالىقنىڭ يەنىلا ئاغزى گەپ يۇقى ئىدى. ئۇ پات - پاتلا باشلىقىغا قاراپ هىجىيىپ قوياتتى.

— هە، يەنە سورايدىغانلىرىڭ بارمۇ - نېمە؟ قوندىغىنى تاپالمىغان توخۇدەك بويۇنداپلا تۇرسەنغۇ؟ . . .

— سا جۇرېن، — خالىق ئەتراپقا قاراپ قويدى، — قۇربان هاكىم يەنە بىرەر ئىش تېرىپ يۇرمەس؟ . . .

— هەي. . . ئۇنىڭ گېپىنى قىلما. . . — ساۋۇر روزىنىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ چىقتى، — هازىر ئۇ ئىچىنى تىڭشاپ قالدى. . . ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن قور-

قوپ، يەنە يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا كەتتى. . .

— ئۇنى. . .

ئىككى قاغا بىر - بىرىنىڭ قارىلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراشقىنىدەك، بۇ ئىككىسىمۇ بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىشىپ، كۆڭۈللىرىدىكىنى ئالماشتۇرۇپ بولۇشتى.

— ھەي، سەنزە، خاتىرجەم بولالمايۋاتىسەن - ھە؟ بۇنى دېمىسەم بولاتتى، — ساۋۇر روزىمۇ ئەتراپىغا قارىۋالدى، — ھازىر ئۇنىڭ ئارقىسىدا قويرۇق بار. . . بارغان - تۇرغان، قىلغان - ئەتكىنىنى پۇتۇپ مېڭىۋاتىدۇ. . . پاكىت تولۇقلانسىلا، كىرىت! — ساۋۇر روزى بارمىقىدا كەسكەن ئىشارىنى قىلدى.

— ئۇنداقتا، كۆڭلىڭىزدە سان بار ئىكەن - دە؟ پاھ. . . پاھ. . . سىز نېمىدېگەن يىراقنى كۆرەر ئادەم! . . . بولدى ئەمدى، مەن دادىل ئىشلەيمەن. . .

خالىق ساۋۇر روزىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، خېلى ئۇزۇن سىلكىدى.

— «قورallىق دۈشمەن يوقىتىلغاندىن كېيىن، قورالسىز دۈشمەن يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. . . ئۇ بىز بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. سەن ئۇلارنى يوقاتمىساڭ، ئۇلار سېنى يوقىتىدۇ» دېگەن ئۇلۇغ يەكۇننى ئېسىڭدىن چىقارما، — دېدى ساۋۇر روزى تەنتەنە بىلەن، — ھازىر لايقا، بوزاق، تۇساللا، لاگرۇ قاتارلىق ھەممە گوڭشېلاردا ئۆز ئادەملىرىمىز ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ بىر ياخشى ئامىل. سەن شۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەلۇماتلىق، يېتىلگەن، جىن - شاياتۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بىردىنبىر پىشقان ئىنقىلابچىسەن. . . بوستاننىڭ ئاھالىسى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، سىنىپىي كۈرەش مۇرەككەپ. «چىڭ تۇتمىغانلىق ئەمەلىيەتتە تۇتمىغانلىق بىلەن باراۋەر. . .» دېگەن يوليورۇقنى قولىقىڭغا سىرغا قىلىپ ئېسىۋال، بويۇنۇڭغا تۇمار قىلىپ تاقىۋال. . .

يۆلەش، يەل بېرىش، ئۇچۇرۇشلاردىن غەيرەتكە كەلگەن خالىق ئېتىغا لىككىدە سەكرەپ مىندى - دە، باشلىقىغا ئات ئۇستىدە يەنە بىر قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك كومىتېت دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئاشلىق ئىدارىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كېرىموفقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس ئاقساقلاپ ماڭسىمۇ، خېلىلا رەتلىك كىيىنىۋالغانىدى ھەم روھلۇق كۆرۈنەتتى. كېرىموف خالىقنى كۆرۈش بىلەن، قىسقا گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، بۇرۇنقى

ـدەك ئېگىزلىكنى ئۇچلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار قىزغىن ھالدا «ئىنقىلابىي»[1] سالاملاشقاند-
ـدىن كېيىن، كېرىموف ئۇنى ئۆيىگە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ
ئىچىدە ئىدى. قورسىقى ئېچىپ قالغان خالىق تارتىنمايلا ئېتىنى يېتىلەپ ماڭدى.
ئۆيگە كىرىپ، خالىقنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. تۆرگە تىزىلغان
كونا زاماننىڭ سېرىق قەلەي ئۇستىدىن تۇچ مىق قېقىلغان «تۆگە ساندۇق»لىرى،
ئۇلارنىڭ ئۇستىگە تىزىلغان رەڭگارەڭ تاۋار يوتقانلار، ئۇيۇقتا قويۇلغان سوۋېتنىڭ
ساماۋارى، چىنە ـ تەخسىلىرى پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يېزا ـ كەنتلەردە بۇ
نەرسىلەر «تۆت كونا» ھېسابلىنىپ تارتىۋېلىنغان ھەم ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى. ئۆينى
ھەممىدىن ھەشەمەتلىك كۆرسىتىپ تۇرغىنى تام ھەم يەردىكى قاتمۇقات گىلەملەر ئىدى.
قىسقىسى، كېرىموف ئىككى ئېغىز ئۆينى چوغدەك جابدۇپ قويغانىدى.
— قالتىسقۇ كېرىموف؟ ساڭا سۇلايمان پادىشاھنىڭ خەزىنىسى ئۇچ-
ـرىدىمۇ ـ نېمە؟— دېدى خالىق ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا قاراپ، —
نېمانچە كۆپ گىلەملەر بۇ؟ . . .
— ئىنقىلابنىڭ مېۋىسى دېمەمسەن! . . .
بۇ چاغقىچە بىر ـ بىرىنى سىلى ـ ئۆزلىرى دەپ تەكەللۇپ قىلىشىپ كەلگەن
بۇ ئىككى قەدىناس بىردىنلا سەنلىشىپ كېتىشتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كەيپى چاغ
ئىدى. كېرىموف ئاسقاقلاپ يۈرۈپ، نان ـ توقاچلارنى ئۇشتۇپ، چاي تەييارلىدى.
ئۇلار قەلەمتىراچتا كېسىلگەن نان قەلەمچىلىرىنى ئەنجۇر مۇرابباسىغا مىلەپ، قورساق-
ـنى ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن، غەلىبە شادلىقلىرىنى ئورتاقلىشىپ، ئىنقىلاب ھەققىدە
پاراڭغا چۈشۈشتى. كېرىموف سۇنغان چاغلىرىدا، خالىق ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، كۆزگە
ئىلمىغانىدى. شۇڭا ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، راست ـ يالغاننى قوشۇپ، راسا
بىر ماختىنىۋالدى:
— سادىغاڭ كېتەي مەدەنىيەت ئىنقىلابى، — دېدى كېرىموف ئىككى قات گىلەم
سېلىنغان سۇپىدا ئولتۇرۇپ، — ھەق ـ ناھەقنى ئايرىدى. مەن ھازىر ئاشلىق ئىدارىسى

---

[1] كۆرۈشكۈچى «ياشىسۇن ماۋجۇشى» دېگەن سۆز بىلەن سالام بەرسە، ئىككىنچى تەرەپ «ياشىسۇن، تۇمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن» دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

بويىچە بىرىنچى قول رەھبەرمەن. . . بۇ چاغقىچە ماڭا قول شىلتىيدىغان قېرى داشقاللارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولىنىپ مەسىلە تاپشۇرۇۋاتىدۇ. . . سوت تەرىپىدىن پارىخورلۇقتا ئەيىبلىنىپ، ئىشىك باقار بولۇپ قالغان جامال توختى چېغىدا، پەيچۇسونىڭ ھوقۇقىنى قايتا قولىغا ئالدى. ھازىر ئۇنىڭ ئىشى بەك ساز. . .

— مۇشۇ تازا پۇرسەت ئىكەن، — دېدى خالىق ئۇنى چېكىپ، — جامال توختىنىڭ قولىدا ھوقۇق بار مۇنداق چاغدا، سېنى ئۇرغان ھېلىقى ئۈچ ئەپەندىنىڭ راسا ئەدىپىنى بەرسەڭ بولمامدۇ؟ . . . بىر يىلدىن ئۇشۇق قولتۇق تاياقتا يۈردۈڭ. . . بۇ «مەيلىلا» دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئىشما؟ . . .

كېرىموف تۇنجۇققاندەك بولۇپ جىمىپ قالدى. ئۇ، ئۆزى ياللىغان ئادەملەردىن تاياق يېگەنلىكىدەك بۇ شەرمەندىچىلىكنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. دېگەننىڭ پايدىسى نېمە؟ يە ئۇ دەندىرەك، يالاڭ تۆشلەرنى تۇتۇپ بەرگىلى بولمىسا ياكى پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالمىسا؟ . . . ئۇلارغا چېقىلىش ئۆزىنىڭ پۇتىغا چىتىق سالغان بىلەن باراۋەر ـ دە! . . . كۆرسە ھالى قالمايدىغان، كۆرمىسە كارى بولمايدىغان، ھوقۇق، مەنپەئەتتە ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، قورساق سوقۇشى قىلىدىغان خالىق ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇقسا: «ئۆزۈڭنىڭ پۇلى بىلەن ئۆزۈڭنى ئۇرغۇزۇپسەن. . .» دەپ مەسخىرە قىلار؟ جېنى يايراپ كېتەر؟ . . .

— ئا. . . خا كاتىپ، ئاشۇ كونا خامانىنى سورۇشمايلى ماقۇما؟ — كېرىموف قول سىلكىدى، — لېكىن مەن ھامان بىر كۈنى ھېكمەتتىن ئۈچ ئېلىپ، نومۇسۇمنى ئاقلايمەن. . . بىراق، تارتقان زىيىنىمنى ئۇندۇرۇۋالغۇچە، ئامەت قولدىن كەتتى. . .

— قايىت قولغا ئېلىنىپمۇ؟

— ياق، سەن بىلمەيسەن، ماھىگۈل ئاجايىپ بالا بولغان، — كېرىموف تامىقىنى تامچىپ قويدى، — ئۇنىڭ قوش ئالمىدەك بېجىقلىرى، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى، يۇمران چۈجىدەك قوش ئېڭىكى قويۇپ قويغان گۈلزىبا. . . ئەمما ئۇ ئاچىسىغا قارىغاندا ياۋاش، ئانىكۈم ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە بولغان بولسا، دادىسىدىكى قەرزنى ئانىسى قېرىغا يۆلەپ تۇرۇپ، ئۇنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزۈۋالاتتىم. . . ئەپسۇس، ئۇ بىلگەندەك ئۇرۇمچىگە كېتىۋالدى. . .

ئۇلار كونا خامانلىرىنى سورۇشۇپ خېلى پاراڭلاشتى. خالىق گەپ ئارىلىقىدا،

ئۆزىنىڭ ھوقۇق - ئەمەللىرىنى دەۋالدى ۋە ئاغىنىسى ئەركىندىن كەلگەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەڭ - داغدام يولغا قەدەم قويغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتتى.

— ئەگەر، ئىنقىلاب بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلسا، پۇرسەت چوقۇم كەلگۈدەك. . .

— نېمىنى كۆزدە تۇتماقچىسەن؟

— بۇ ساڭا ئايان، — كېرىموف كۆزىنى قىسىپ قويدى، — مەن ئويلىغاننى سەنمۇ ئويلاۋاتىسەن. . .

كۈن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغانىدى. خالىق خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇ يولدا كەلگۈچە، كېرىموفنىڭ «ئىنقىلاب مېۋىلىرى» بىلەن بىزەلگەن ھەشەمەتلىك ئىككى ئېغىز ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، خالىقنىڭ ئالغىنى ياماقچە بولالمايدىكەن. . . ناھايىتى شۇ بىرەر - ئىككى جۈۋىلىق ئەلتىرە، بىرنەچچە گىلەم، بەش - ئالتە دانە ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن چەكلىنىپتۇ. . . ھازىرقى ۋاقىتتا تۆت كوننى يوقىتىمىز دەپ، بىر كىرگەن ئۆيگە يېنىشلاپ كىرىپ، توپا - توزاڭ كۆتۈرۈۋاتسا، كىم نېمىنى ئېلىپ، نېمىنى قويدى؟ ھېچكىم بىلمىسە، بۇ ئاخىرقى ھېسابتا، سايىقىنى تۇتقىلى بولمايدىغانلا بىر ئىشقۇ! بۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش ھاماقەتلىكتە! . . .

خالىق قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن، گۇگۇشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېتىنى ئات باقارغا بەرگەندىن كېيىن، يىغىۋېلىنغان «تۆت كونا» ئامبىرىغا كەلدى. قوراللىق ئىككى مىنبىڭ ئۇ يەردە چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇلار: «خا جۇرېن ھارمىغايلا» دېگىنىچە، ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى.

— سەن، — دېدى خالىق تازچاق مىنبىڭغا، — ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ دەرھال رېخىم نۇرىنى چاقىرىپ كەل. . . باھانە - سەۋەب كۆرسەتمىسۇن، ئۇدۇل ئىشخانامغا ئاپارغىن. . .

تازچاق مىنبىڭ كېتىشى بىلەن، خالىق مەمتىمىن ئىسىملىك مىنبىڭغا چوشقا فېرمىسىغا بېرىپ بىر باك ھاراق ئەكىلىشىنى، ئەتە ناھىيىدىن كېلىدىغان مېھمان بارلىقىنى ئېيتتى. . .

ئىككى مىنبىڭ كۆزدىن يوقىلىشى بىلەن، خالىق ئامبارغا كىرىپ، بۇرۇنلا كۆزلەپ قويغان ئانار گۈللۈك، چاشما ۋە ئىران نۇسخىلىق چوڭ گىلەمدىن تۆتنى بىر -

بىرلەپ گۈگۈشى بىغىنىڭ ئارقىسىغا يۆتكىدى. بۇ يەردىكى پاسىل تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىسىلا، ئۆزىنىڭ قورۇسى ئىدى. ئۇ بىردەمدىلا، ئات ئىغىلى لاپىسىغا پىچان ئىلىش ئۈچۈن قويۇلغان شوتىنى كۆتۈرۈپ كىلىپ، تامغا يۆلىدى ـ دە، گىلەملەرنى بىر - بىرلەپ هويلىسىغا تاشلىدى.

خالىق ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، رىخىم نۇرى ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

— قىنى ئولتۇر، — دىدى خالىق ئىشخانىغا كىرگەندىن كىيىن. ئۇ تۇيۇقسىز هۇجۇم باشلىغانىدى، — سەن يىغىۋالغان ئالتۇن بۇيۇم، زىبۇزىننەتلەرنى نىمىشقا تاپشۇرمايسەن؟ بۇ بىر ئىنقىلابچىنىڭ ئىستىلىمۇ؟...

— ئۇلار بار، خا جۇرىن، تاپشۇرماسلىققا بىشىم ئونمۇ؟ — خالىقنىڭ ئەلپازىدىن ئەندىككەن رىخىم نۇرى كىر ياغلىققا ئورالغان ئىككى دانە ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، بىر دانە تولغۇما كۈمۈش بىلەيزۈكنى ئۈستەلگە قويدى، — مەن ئۆزلىرىگە بىرىمەن دەپ، يانچۇقۇمغا سىلىپ قويغان...

— هەممىسى مۇشۇما؟ — خالىقنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولدى، — هەي ئىشتاچى ئەپەندى، ئۇنىڭچە دىهقان نىمىلەرنى ئىلىپ كەتكەنلىكىڭ هەققىدە سا جۇرىنغا ئەرز تۇتتى. ئوتتۇرا مەكتەپتىنمۇ ئوقۇتقۇچىلار بۇ توغرۇلۇق ناهىيىگە ئىسپات يىزىپ تاپشۇردى. ناهىيە باشلىقلىرى ساقلىمنى قىرىپ مىنى راهىپ قىلىۋەتتى. ئەمدى ماڭا تارتمىغان سىنىڭ دەردىڭ قالدىما؟ هەممىنى تاپشۇر...

«ئالتۇننىڭ مىهرى يامان» دىگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. رىخىم نۇرى يەتمىش ئىككى قەسەمنىڭ هەممىنى قىلىپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ، زادىلا ئىقرار قىلمىدى. خالىق كارىدورغا چىقىپ تازچاق مىنىبىگىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ياتاقتىكى مىنىبىگلاردىن تۆت ـ بەشىنى ئويغىتىپ كىلىشنى بۇيرۇدى.

— بوپتۇ، ئۆزۈڭنىڭ شورى ئۆزۈڭگە! — خالىقنىڭ تاماكا تۇتقان قوللىرى تىترەۋاتاتتى، — بۇ يەردە ئىقرار قىلمىساڭ، سوراقخانا[①] دىغۇ هوشۇڭنى تاپارسەن!...

— جىنىم خا جۇرىن... مەن... مەن... بولسا دىمەمدىمەن؟ ئىلـلا ـ بىلـلا ئەمـدى قالمىدى... راسـت دەۋاتىمـەن... مـاڭا ئىشەنسىلە...

---

① سوراقخانا — مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قۇرۇۋالغان قىيناق ئۆيى.

رىخىم نۇرى «ئوتتۇرا مەكتەپنى سوراۋاتقان بىر ئىنقىلابچىنى ئۇنداق قىلماس، بەلكى قوقاق سىلىۋاتىدۇ. . . بىردەم يالۋۇرسام ئىشىنىپ قالار» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن بىردەمدىلا ئىشخانا ئىشىكى ئالدىدا قىرلىق كالتەك، تاسما، ئارغامچا، زەنجىر تۇتقان جاللاتەك مىنبىگىدىن ئالتىسى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ تەلەتى خۇددى قانسىرىغان يىلپىزلارغا ئوخشاش ياۋۇز ئىدى. خالىق ئۇلارنىڭ باشلىقىنى چەتكە تارتىپ، بىرمۇنچە پىچىرلىغاندىن كېيىن:

— ئىقرار قىلغۇچە «سوراق» قىلىڭلار، — دېدى.

تراكتور پونكىتى بىلەن گۇڭشې قورۇسى تۇتاش ئىدى. سول تەرەپتىكى بىر قاتار پاكار ئۆيلەر باشلانغۇچ مەكتەپنى ئايرىپ تۇراتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ تراكتور پونكىتىغا قارىغان بىردىن پەنجىرىسى بولۇپ، تۆمۈر تاياقچىلار قېقىلغانىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ چىقىرىلغانلار ئەنە شۇ ئۆيلەردە سوراق قىلىنىپ، قىيناققا ئېلىناتتى. گۇڭشېنىڭ «سوراقخانىسى» بولسا تراكتور پونكىتىنىڭ ئايىقىدىكى ئات ئېغىلىنىڭ قېشىدا ئىدى. تراكتورلارنىڭ قاتتىق ئاۋازدا تارتىلدىشى، كېچىدە توك بېرىۋاتقان موتورنىڭ توختىماي گۇرۇلدىشى ئاستىدا، باشلانغۇچ مەكتەپ ياكى گۇڭشې سوراقخانىسىدىكى ھەرقانداق ئەسەبىي چىرقىراش، ۋارقىراش، يىغلىغان ئاۋازلار سىرتقا ئاڭلانمايتتى. . .

سوراقخانىنىڭ پەنجىرىسى يېنىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان خالىق رىخىم نۇرىنىڭ بوغۇزلانغان كالىدەك خاقىراشلىرىنى، بوغۇزىغا قىڭراق ئۇرۇلغان چوشقىدەك چىرقىراشلىرىنى ئاڭلاپ، بىردەم يايراپ تۇردى. مىنبىگىلار قىيناق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئېسىقتىكى رىخىم نۇرىنى يەرگە قويۇۋەتكەنمۇ، بىر چاغدا «گۇپ» قىلغان ئاۋاز چىقىشى بىلەن، ناھايىتى تېز ھەم ئېچىنىشلىق ھالدىكى: «ۋاي جان. . . ۋاي جان. . .» دېگەن ئاۋاز تەكرارلاندى ـ دە: «ۋاي ئۆلدۇم. . . ئۆلىدىغان بولدۇم. . . مەن ھەممىنى دەي. . . ھەممىنى تاپشۇراي» دېگەن خۇددى قۇدۇقنىڭ تېگىدىن چىققاندەك خىرقىراق، گۇڭگا ئاۋاز ئاڭلاندى. خالىق پۇسۇقىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئىشخانىسىغا كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مىنبىگىلار رىخىم نۇرىنىڭ قولتۇقلىرىدىن سۆرەپ كىرىپ، ئۇنى يەرگە گۈپپىدە تاشلىدى. كۆڭلىكى يىرتىلىپ كەتكەن، بەدىنىدە قالغان تاسما ئىزلىرى قاناپ قىر ـ قىر قان ئۇيۇپ چىققان، يۈزىدە نېمىلەرنىڭدۇر داغلىرى قالغان، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان قان ئارىلاشقان لاي ئېڭىكىگە ساقىپ

چۈشۈۋاتقان رىخىم نۇرى ئاچ بۆرىلەر تالىشىۋەتكەن لالما ئىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بىرنەچچە مىنبىڭ ئۈنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىپ، يېرىم سائەتمۇ بولماي قايتىپ كېلىشتى. مىنبىگلار ئۇستەلگە قوش مۇشت چوڭلۇقىدا بىر تېرە ھەميانىنى قويغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتىشتى. خالىق تېرە ھەميانىدىكى نەرسىلەرنى ئۇستەلگە تۆكتى. بۇلار ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، ھالقا، ئۈششاق يېشىل زۇمرەتتىن كۆز قويۇلغان بۇلاپكا، ئالتۇن زىرە، بىلەيزۈك، ئالتۇن پوپۇزىلار ۋە ھەرخىل رەڭلىك جىڭ مارجانلار ئىدى...

خالىق بۇ ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى خالتىسى بىلەن پولات ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئەتكەندىن كېيىن، رىخىم نۇرىغا تىكىلەندى:

— سەن تېخى تولۇق تاپشۇرمىدىڭ! مەن ساڭا بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي. ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلساڭ، — دېدى خالىق قولىنى شىلتىپ، — مەكتەپتىكى ئەملىگىدىن ئەمەس، جېنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسەن... مىنبىگلار سېنىڭ دۇمبىلىرىڭنى ئون بەش مىنۇتلا سىيلاپ قويىدى. تېخى ئۇلارنىڭ «چاشقاننىڭ تۆشۈك تېششى»، «تاۋۇز چېكىش»، «تىرناق بوياش»، «راكېتا ئۇچۇرۇش» تەك نۇرغۇن ھۈنەرلىرىنى كۆرمىدىڭ...

— خا جۇرىن ئەمدى...

— ماڭا قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئەمەلىيەت كېرەك. ساداقەتلىك كۆرستىپ، كۆمۈلگەن، يوشۇرغان، يۇرۇشتۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرساڭ، يېپىق قازان يېپىقلىغىچە قالىدۇ، ئەمەل قالپىقىڭ يەنە بېشىڭدا بولىدۇ، ئەگەر ئەتە قۇرۇق قول كەلسەڭ، سوراقخانا تېخى ئۆرۈلۈپ كەتكىنى يوق، مىنبىگلارمۇ ئۆلمىدى! ماڭ كەت!...

خالىق بۇ كېچە «ئىنقىلاب مېۋىسى» نىڭ خەزىنىسىگە ئىگە بولدى. ئۇ بۇ چاغقىچە يىغىلغان ئادەتتىكى مارجان، مىس، كۈمۈش بىلەيزۈك ۋە ھالقىلارنى تېرە ھەميانغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جىڭ ماللارنى يانچۇقىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى.

خالىق سەھەردىلا گۇڭشېغا كېلىپ، مىنبىگلارنى ئويغىتىپ ۋە نەفسەنىڭ ئۆيىنى تىنتىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ كېچىچە ئويلاپ قوراشتۇرغان پىلانىدىن ئۆزى مەمنۇن ئىدى. بۇنىڭدا، نەفسە ئۇنىڭدىن، ئاغرىنمايتتى، بەلكى مىننەتدار بولاتتى...

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، قۇتلۇق ھاجىمنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى چۈشكەن ھويلىغا ئون يەتتە مېنبىڭ يوپۇرۇلۇپ كىردى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا لوم تۆمۈر، كۆرەك، جوتۇ، كەتمەنلەر بار ئىدى. يالغۇز قالغان نەفسە بۇۋىسىنىڭ قارىسى ئۈشتۈلغىچە، بۇ قورۇدىن ھېچيەرگە چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتقاچقا، ئاچىسى قۇچىقىدىكى بالىسى بىلەن مەشەدە تۇرۇۋاتاتتى. دالان ئۆيدە بۆشۈكتىكى بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان تۇرسۇننىساخان ئاچ بۆرىدەك كىرىپ كەلگەن مېنبىڭلارنى كۆرۈپ، ئولتۇرغان يېرىدە مىقلىغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆيدە دەرس تەييارلىقى قىلىۋاتقان نەفسە يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلەنگىنىچە، ئۈن ـ تىنسىز قاراپ قالدى. ئۇلارغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرغانلىقىمۇ، تىللاپ، ۋارقىراپ ـ جارقىرىغانلىقىمۇ پايدىسى يوق ئىدى. نەفسە ئاچىسىغا «ئورنۇڭدىن قوزغالما!» دېگەندەك شەرەت قىلىپ قويدى. باغقا، ئۆي ئىچىگە، ھويلىغا، مال قوتانلىرىغا، ئۈزۈم بارىڭى ۋە ئېتىزلارغا بۆلۈنگەن مېنبىڭلار يەرلەرنى كەتمەن ـ كۆرەكلەردە تىلغاپ، لوم تۆمۈرنى سانجىپ، بىردەمدىلا، قورۇ بىلەن باغنى كونا خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار چاپىمىغان كارىۋات ئاستىلىرى، توپا سۇپىلار قالمىدى، ھەتتا گىلەم تارتىلغان تاملارغىمۇ لوم تۆمۈرنى سانجىپ چىقتى. ھويلىدىكىلەر كالىنىڭ ئوقۇرلىرىنى ئۆرۈپ، قوي قوتانلىرىنى چېقىۋەتتى. كىمدۇر بىرى توخۇ كاتىكىنى كەتمەن جۇلدىسى بىلەن بىرلا ئۇرۇپ، ئۇنىڭ شادىلىرىنى سۇندۇرۇپ، چۇۋۇۋىدى، توخۇلار قاقاقلاپ ئۇچۇپ چىقىشتى. ئۆگزىلەردە كىملەردۇر گۇپۇرلەپ يۈگۈرۈشەتتى. ۋارقىراش ـ تۇۋلاش، قاسىر ـ قۇسۇر، ۋاق ـ ۋۇق، گۇلدۇر ـ غالاپ قىلغان ئاۋازلار بىلەن، ھويلىدا بەجايىكى قارا قۇيۇن پىرقىرىماقتا ئىدى. شۇ پەيتتە، سىرتتا ئات تۇياقلىرىنىڭ گۈپۈرلىگەن ئاۋازى كەلدى. دەرۋازىدىن قامچا تۇتقان، تەرگە چۆمگەن ئىككى مېنبىڭ كىرىپ كەلدى. ئۇلار گويا يىراقتىن كەلگەن دوغىلاردەك ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەيتتى. ئېگىز كەلگەن بىرسى پۇشتىكىنى قاتتىق چېلىۋىدى، توپا ـ چاڭ، قارا ـ قۇرىلارغا مىلەنگەن مېنبىڭلار ھويلىغا توپلاندى.

— ھەرقايسىڭنى بۇ قورۇغا كىر دېگەن كىم؟ ئۇلۇشكۇنلا، خا جۇرېن: «ھاجىمنىڭ قورۇسىغا كىرمەيسىلەر» ، ئۇ پىلاندا يوق دېمەپمىدى؟ ۋۇي زوۋانسىز ھەزىلەكلەر! — تەمبەل قارامۇتۇق مېنبىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچىسىنى قامچا بىلەن قارس ـ قۇرس قىلىپ ساۋاپلا كەتتى، — خا جۇرېن شەھەردە يىغىندا بولۇپ قېلىۋىدى، بىر يەرلىرىڭ قىمشىپ، بۇ ھويلىغا كىرىشتىڭما؟... ئەمدى خا جۇرېن

ھەرقايسىڭىنىڭ بۇرنىڭدىن بۇلاق قىلىنىۋەتمىسە ھېساب ئەمەس. يەنە ئۆلۈك ئېشەكنىڭ كۆزىدەك ھاڭقىيىپ تۇرۇشىسەنغۇ؟ دەرھال ھويلا، باغ، ئۆيلەرنى تۈزلەپ بۇرۇنقىدەك قىلىش... شاپ بول دەيمەن! ۋۇي پېتىر قۇلاقلار...

مىنبەگلار غۇدۇراشقىنىچە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرغان نەفىسە ئويىنىلىۋاتقان بۇ ئويۇندىن ئەجەبلەنمىدى، ئۇ سوغۇق نەزەردە قاراپ تۇراتتى.

ھېچنېمە تاپالمىغان مىنبەگلار سالپىيىپ كېتىپ قېلىشتى. چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن تۇرسۇنىساخان بۆشۈك قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى.

— ئاچا، سەن قىزىڭنى يېشىپ، ئۆيۈڭگە كېتىۋەر، — دېدى نەفىسە ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك قىياپەتتە، — چۈشمۇ بولاي دەپتۇ، بالىلىرىڭغا تاماق ئېتىپ بەر، سەمەتكامۇ ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىدۇ...

— سەن تاماق يېگىلى بارمامسەن؟

— ياق، گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس...

— ئەگەر خا جۇرېن ئاشۇنداق دېمىگەن بولسا، بۇ تۆگكۈزلار ئۆينى ئۆرۈۋېتەمتىكى؟ — دېدى تۇرسۇنىساخان بالىسىنى يېشىۋېتىپ، — نېمىلا دېگەن بىلەن خا جۇرېننىڭ ئادەمگەرچىلىكى بار. ھاجىم بوۋامنىڭ نامىزىدىمۇ باشتىن - ئاخىر بېشىدا بولدى، نەزىر - چىراقلىرىغىمۇ قاراشتى...

— بولدى، ئوغامنى ئۆرلەتمە... ھەممە ئىشنى ئاشۇ جاللات پىلانلىغان... بىلەمسەن بۇ دېگەن بىر ئويۇن...

— سەنمىچۇ، ھەممىنى يامىنىغا ئۆرۈپلا تۇرسەن، — تۇرسۇنىساخان بىر ياشلىق قىزىنى قۇچىقىغا ئالدى، — ئەمىسە بۆشۈك ساڭا قالدى.

— بولدى كېتىۋەر، قولتاتقۇ، كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ، بالىنىڭ لاتا - پۇتا، كۆلتۈكلىرىنى ئۆزۈم يۇيۇۋېتىمەن...

نەفىسە سۈيدۈك لاتا، كۆلتۈك، شۈمەكلەرنى يۇيۇپ يېيىۋەتكەندىن كېيىن، دەرۋازىغا كىلىتاننى سېلىپ، بۆشۈك يېنىدا ئولتۇردى ۋە تەگ كۆرپىنى ئاستا قايرىدى، قاتىرىسىغا يېيىپ تىزىلغان تۆت كىتاب كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئىككىسى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خوتەن گۇجانلىق مەھزۇن ۋە نەۋبەتى تەخەللۇسلۇق شائىرلارنىڭ خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان قولىيازمىلىرى ئىدى. مەرھۇم غازاخۇن ئاكا ئۇلارنىڭ تىتىلغان قىرغاقلىرىنى قىرقىپ، يىرتىلغان يەرلىرىنى چاپلاپ، قاتتىق



مۇقاۋا بىلەن قاپلاپ، كىتابتەك قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك قولى تەگكەن كىتابتىن مۇشۇ ئىككىسى يالداما بولۇپ ساقلىنىپ قالدى. . . بۇلار كامىل قوينىغا تىقىۋالغان، نەفىسە ياستۇق ئىچىدىكى تورغاقتا ساقلىغان كىتابلار ئىدى. قالغان ئىككى-سى نەفىسە داۋاملىق ئوقۇپ كېلىۋاتقان كىتابلار بولۇپ، بىرسى ھەزرىتى مىرئەلشىر نەۋائىنىڭ خەمسەسى، يەنە ئۇنىڭ چاھاردىۋانىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قوليازما نۇسخىسى ئىدى.

بۇ كىتابلارغا قاراپ، نەفىسەنىڭ كۆز ياشلىرى دۇردەك تۆكۈلدى. چۈنكى، ئۇلارغا رەھمەتلىك غازاخۇن ئۇستازنىڭ، ۋاپادارى كامىلنىڭ قوللىرى تەگكەن. بولۇپمۇ بىر كېچە بىر ھارارەتلىك كۆكرەككە تېگىلگەن بۇ كىتابلار ئاشۇ دىيانەتلىك يىگىتنىڭ نەفىسەگە ئېيتماقچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى، قەلب سادالىرىنى، تولىمۇ سىرلىق شىۋىرلاشلىرىنى ئاڭلىغان! . . . تاقەتسىز سېغىنىش، نادامەت، مۇڭلۇق كۈيلىرىنى تىڭشاپ، كۆز ياشلىرىنى تۆككەن! ئۇ قورامىغا يەتكەن؛ يىگىتلىك قانلىرى تومۇرلىرىغا پاتماي ئېقىۋاتقان قىران يىگىت! . . . ئۇ نەفىسەدىن كۈندۈزى يۈزمۇ يۈز قاراپ ئولتۇ-رۇپ دېگىلى بولمايدىغان جەننەت ھۇزۇرلىرىنى تەلەپ قىلماسمىدى! ياق! ئۇ بۇلارنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن، ئاشۇ دەردلىك كۆزلىرىدىن ئايان قىلاتتى! . . . شۇنداق، نەفىسە ئۆزىنىڭ قىزىق لەۋلىرى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى تېخى مېھمان قىلغىنى يوق! . . . قوشكۆلنىڭ ھېلىقى جۇدۇنلۇق كۈنى، گەمە ئىچىدە يالغۇز قېلىش-قىنىدا، كامىلنىڭ تىترەپ تۇرۇپ: «نەفىسە ئاشۇ جەننەت بۇلىقىدەك لەۋلىرىڭىز بىلەن لەۋلىرىمگە بىر تامچە ئابى كەۋسەر بېرىڭ. . . مەن چاڭقاپ كەتتىم. . . » دېگەنىدى. ئەمما نەفىسە كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ: «مەھرەم كېچىسى. . . » دېدى ـ دە، يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن توسۇۋالدى. . .

نەفىسە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، كىتابلارنى سۆيدى. پېشانىسىگە ياقتى ۋە يەنە جايىغا قويۇپ، بۆشۈكنى قايتىدىن جابدۇدى. ئۇنىڭ سەرۋى بويى ھەسرەت، سېغىنىش، پىراقتىن ئېغىرلاشقانىدى. ئۇ يۇمشاق قەدەملەر بىلەن باغقا كىردى ۋە ئامۇت ئاستىدىكى كاتقا كېلىپ ئولتۇردى. بىر چاغلاردا دوستلار مۇشۇ كاتتا قۇتلۇق ھاجىمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. مەرھۇم بوۋاي ھېكمەت، گۈلزىبالارغا ئاجايىپ مۆرىۋەتلىك سۆزلىرى بىلەن نەسىھەت قىلغان، ئەقلىيە جەۋھەرلىرى ئارقىلىق كۈچ ـ مادار بەرگەن، گۈلزى-با: «ئەپۇ ئەتسىلە بوۋا، مەن ئەدەپسىزنى. . . » دەپ بوۋايغا ئېسىلغانىدى. . . ئاھ ئۇ

ناتىۋانمۇ بۇ دۇنيا غەلىيانلىرىنى ئارقىغا قالدۇرۇپ، يالغۇز ئوغلىنى يېتىم قىلىپ، كېتىپ قالدى!... ئۆلۈمنىڭ قەرەلى يوق ئىكەن، ياشقىمۇ، ياشانغانغىمۇ باراۋەر ئىكەن!...

نەفىسە نىمانچە مۇڭلىنىدۇ؟... كۆز ياشلىرى نېمە ئۈچۈن ئۈنچىدەك تۆكۈلىدۇ؟ ئۇ غايىلىك، ئېتىقادلىق، غەيرەتلىك مەسۇمە ئىدى، باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتەتتى. نەفىسە بۇ يىل ئۆرۈك چېچەكلىگەندە يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن ئىدى بىلەن خوشلىشىدۇ. ئۇ كامىل بىلەن قانچە - قانچە ئەھدىلەرنى قىلدى، ئۇنى تەقەززالىق، پىراق ئوتلىرىدا كۆيدۈردى... سۆز سالدۇرغان چاغلاردا، كامىل ئەلنامەدە بىر يىللىق سۈرگۈندە ئىدى. ئون يىلدەك تۈگۈلغان بۇ جەرياننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تويغا قوپۇشقانلىرىدا، ئانىسى قازا قىلدى. نەفىسەنىڭ بىر يىللىق قارىسى ئۆشتۈلۈپ، ۋىسال شەربىتىگە يېتىدىغان پەيتتە، مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلاندى. مانا ئەمدى بوۋىسى قازا تاپتى، خۇدا ئۇلارغا زادى ئاسايىشلىق بەرمىدى... پاك دىللار ئۈچۈن ئاللانىڭ سىناقلىرى نېمانچە كۆپتۇر؟ ئىشىق كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتمەك شۇنچە تەسمۇ؟ بۇنىڭ چېكى يوقمىدۇر؟... قىسمەت قاچانمۇ جۇدالىق گىريانلىرىغا بەرھەم بېرىپ، ۋىسال ئىشىكىنى ئاچار؟...

نەفىسە، ئاچىسى تۇرسۇنىساخان ۋە ئۇنىڭ ئېرى سەمەتلەرنىڭ خالىقنىڭ ئەلچىلىرىگە ماقۇل بولغانلىقىنى، ئەگەر ۋەدە بۇزۇلسا، كېلەر يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىككى قورۇنىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بوز يەرگە كۆچىدىغانلىقىنى ئۇقتى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ خەت يۈزىدە پۈتۈشكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. خالىق دېگەن بۇ چايان قۇربان ھاكىمنىڭ تاپانلىرى ئاستىدا يەنجىلىپ، نىمجان بولۇپ قالغىنىدا، نەفىسە قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى - ھە؟ ئۇ يوشۇرۇنمۇ، ئاشكارىمۇ ئادەم چاقالماس بولۇپ قالغانىدى... كۆپ ھەرەج تارتقان ئىككى كۆڭۈلنىڭ قوشۇلۇشىغا ھېچقانداق شەك - شۈبھە قالمىغانىدى. بىراق مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن بۇ تەتۈر شامال بۇ نىمجان چاياننى يەنە يەلپۈپ ئويغاتتى. ساۋۇر روزىدەك قارا كۆڭۈل شاپائەتچىلەر ئۇنى مەلھەم بېرىپ تىرىلدۈردى. بۇ تىرىلگەن چايان يەنە قانچە بىغۇبار، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە نەشتىرىنى تىقار؟...

نەفىسە نالە بىلەن خۇداغا سېغىنىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى:

«ئاھ شەپقەتلىك ئاللا، بۇ تىرىلگەن چاياننى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن جازالا، دوزاخ

ئاتەشلىرىدە كۆيدۇر. . . مۆمىن بەندىلىرىڭگە شاپائەت ۋە ساخاۋەت نۇرلىرىڭ-
ـنى چاچ. . . بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! . . .»

# ئىسيان

قوشكۆل سۇرگۇنلىرىنىڭ ھاياتىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى
سالغان ئۆيلەرگە كۆچۈۋالدى، تۇزۇم جەھەتتىمۇ بەزى ئەركىنلىكلەرگە ئېرىشتى. بۇ
چاغلاردا ئۇرۇمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كېلىۋاتقان: «ئامىمىغا زەربە
بېرىلدى» ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار يۆنىلىشىنى بۇرىۋەت-
ـتى. . .» ، «لۇشيەن خاتالىقى ئۆتكۈزۈلدى. . .» دېگەندەك خەۋەرلەر تارق-
ـلىپ، بۇ خەۋەرلەر خوتەننىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. يوقلاپ
كەلگەن يېقىنلىرىدىن بۇ خۇش خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىمۇ قۇلاق
ياقتى سۆھبەتلەر كۆپىيىپ قالدى. بۇ ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ئىدى. بۇ كۈنلەردە،
نائىبى، غازاخۇن ئاكا، قۇتلۇق ھاجىملارنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئاڭلىغان كامىل، ھېك-
ـمەت، مۇراتلار خۇددى بەتلەگىلىك مىلتىقتەك ئېتىلالماي تۇراتتى. ئۇلار بىر كۈنى،
ئۆزئارا باش قوشۇۋالغاندىن كېيىن، سابىر مەرۇپ، توساللا گۇگشى باشلانغۇچ مەكتە-
ـپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر قاتارلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى جىگەرلىك
ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ، بىر توپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە يىغىن ئاچتى. ئۇلار دەسلەپتە
مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەلەپنى قويۇشماقچى بولدى. بىرىنچى: ئوقۇتقۇچىلار ھەپتىدە بىر
كۈن دەم ئالسۇن، ئىككىنچى: تاماقنى ياخشىلاپ بەرسۇن، ئۈچىنچى: سەككىز سائەتلىك
ئىش تۈزۈمىگە كاپالەتلىك قىلىنسۇن. ئۇلار يىغىندىن تارقاپ، شۇ كېچىسىلا، بۇ
قارارنى زەينىدىن، ئايىم نۇرى، تۇردى ھېكىم قاتارلىق يىلتىزىدىن سېسىپ كەتكەنلەر-
ـدىن باشقا بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا يەتكۈزۈشتى. بۇ قوشكۆل سۇرگۇنلىرىنىڭ تۇنجى
قېتىم ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابى ئىدى.

ئەتىسى سابىر مەرۇپ ئىشقا چىقىشقا پۇشتەك چېلىشى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار «باش
شتاب» ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلاندى ۋە ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان بىرنەچ-
ـچەيلەن ئارقا - ئارقىدىن: «كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا يول
قويمايلى! » ، «سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويايلى! . . .» «تويغۇدەك

تاماقتا كاپالەتلىك قىلايلى!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى. بىردەمدىلا، سەككىز مىنبىڭ قوراللىرىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەيدىسىگە تىرەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. گۈلدۈرلىگەن شوئار ئاۋازىدىن مەڭدەپ قالغان گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپى پەلەمپەي ئۈستىدە پەيدا بولدى. ئوقۇتقۇچىلار ۋارقىراپ - جارقىراپ، قوللىرىنى شىلتىپ، ئۆز تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە قوناق بەرمەيتتى. ئىش قىلىپ، توپ ئىچى قالايمىقانىدى. گاڭ گۇتۇنىڭ دەسلەپتە كۆكىرىپ كەتكەن چىرايى بارا - بارا ئەسلىگە كېلىپ، ھىجىيىشقا باشلىدى. لېكىن تېزەك قېلىپىنىڭ كىچىك كۆزلىرىدىن چاقماق چېقنۋاتاتتى.

— ھاي، ھاي... تىنچ بوسۇن...— دېدى گاڭ گۇتۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، — سىلەر شۇ ۋارى - ۋارى قىلسا، گەپنى قانداق ئاڭلاڭ بوسۇن؟...

— ھەددىڭدىن ئېشىشما! — ۋارقىرىدى تېزەك قېلىپى تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ، — سەنلەر ئىسيان كۆتۈرمەكچىما؟ مىنبىڭلار!...

— يا جۇرىن! — گاڭ گۇتۇ پاسار داۋۇتنىڭ يېڭىنى تارتىپ، ئۇنىڭغا بوش ئاۋازدا بىر نېمە دېگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئەگەر تەلەپ - پىكرىڭلار بولسا، ئاراڭلاردىن ۋەكىل كىرگۈزۈڭلار، — دېدى تېزەك قېلىپى، — بىز سۆزلىشىپ كۆرەيلى.

ئوقۇتقۇچىلار دەرھال كامىل، ھېكمەت، ئابدۇقادىرلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشتى. ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، خېلى ئۇزۇن ھايال بولۇپ قېلىشتى. ئەمما ئوقۇتقۇچىلار ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي تۇرۇۋەردى. قوللىرى تېلىپ كەتكەن مىنبىڭلارنىڭ بەزىلىرى مىلتىقلىرىنى مورىسىگە ئېسىۋېلىشتى. ئاخىرى، پەلەمپەي ئۈستىدە ۋەكىللەر كۆرۈندى.

— يولداشلار، — دېدى كامىل قولىنى كۆتۈرۈپ، — ھەربىر ئوقۇتقۇچى ئىككى ھەپتىدە بىر نۆۋەت بىر كۈن دەم ئالىدۇ. شۇڭا، گۇرۇپپىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ھەر ھەپتىدە نۆۋەتلەشتۈرۈپ دەم ئالدۇرۇشى كېرەك، دەم ئېلىش ۋاقتىدا، ئائىلىسىگە بېرىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ھەربىر ئوقۇتقۇچىدىن ھەر ئايدا ئىككى يۈەن پۇلنى ئارتۇق تۇتۇپ قېلىش ئارقىلىق، تاماق سان، سۈپەت جەھەتتىن ياخشىلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمىزكى، — كامىل ئىككى قولىنى تەڭ كۆتۈرۈپ جاراڭلىق ئاۋازدا ئېلان قىلدى، — سائەت بەشتىن يەتتىگىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان

ئەتىگەنلىك دولقۇن ئەمگىكى، كەچ تەرەپتىكى ئىككى سائەتلىك ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئۆگىنىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى!...

مەيداندا ۋارقىراش، ئۇشقىتىش، بىر - بىرىنى قوچاقلاش، قول ئېلىپ كۆرۈشۈش باشلاندى. مانا بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، ئىنسانىي تۇرمۇشىدىن مەھرۇم قىلىنغاندىن كېيىنكى بۇ جەھەتلەردىكى تۇنجى غەلىبىسى ئىدى!... بۇ چاغدا، ئىشخانا ئىچىدە، لاۋچىلىڭ قازان قۇرۇمىدەك قارىداپ، ياۋۇز تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇرغان پاسار داۋۇتقا خىزمەت ئىشلەۋاتاتتى:

— پا جۇرىن، بىز شۇ قارىغىدەك بىر چوقۇپ، ئۈچ كۆرسە بولىدىكەن... تاڭ شۇجى: «ئۇرۇمچى، ئىچكىرىلەردە... ۋەزىيەت شۇ خولىماتاڭ... سىلەر ناھايىتى ئېھتىيات قىلىسۇڭ، ئىچكى جەھەتتىن كۆزىتىپ، تاشقى جەھەتتىن شۇ غەمخورلۇق قىلغاندەك بوسۇڭ...» دېگەن تۇرسا؟... سىز شۇ نېمانداق بالا مىجەز بولىدۇ؟ ۋەزىيەت ئوڭلانسا، ئۇلارنىڭ شەرتلىرىنى بىر تەپسە شۇ ئۆرۈلىدۇ ئەمەسمۇ؟...

بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشتا ئائىلىسىگە قايتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى دۇتار، ئىسكىرىپكا، راۋاب، داپ دېگەندەك سازلارنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار دەم ئېلىش چاغلىرىدا، مۇراتنىڭ راۋابى ۋە ناخشىسىنى ئاڭلايدىغان، ناخشىغا، سازغا خۇمار مۇئەللىملەر ئىدى. ئۇلار، ھەر كۈنى كەچتە، ئومۇمىي خور ھاسىل قىلىپ، بىر چاغلارغىچە ناخشا ئېيتىپ، ساز چالاتتى. باشقا ياتاقتىكىلەرمۇ يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ، كۆڭۈللىرىنى ئاچاتتى. بۇنى ئاڭلىغان قوشكۆلنىڭ دېھقانلىرىمۇ كېلىۋالىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئۇششاق بالىلار ئىدى. بىر كۈنى ئابدۇقادىرنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئۇلار كۇلۇب ئىچىگە كىگىزلەرنى سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئوتتۇرا كېچىلەرگىچە مەشرەپنى قايىنىتىۋەتتى. بۇنداق ئىشلارنى شەھەردە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ ئاسمىنى كەڭرى قوشكۆل «جىنلارنىڭ ئۇۋىسى» بولغاچقا، ئۇلار ئۆز بىلگىنىچە يايرىماقتا ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تېزەك قېلىپى كىرگەنچە: «ئەمدى ھەرقايسىڭنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، ئېيتمىغان سېرىق ناخشا، چالمىغان قارا سازلىرىڭ قالدىمۇ؟ يوقات بۇ نېمىلىرىڭنى!» دەپ چالۋاقاپ كەتتى.

— ھەي ئاداش، — دېدى مۇرات چاچراپ تۇرۇپ، — سەككىز سائەت يۇلغۇن كۆتەكلىرىنى قومۇرۇپ، قومۇش، شۇۋاقلارنى چېپىپ، بوز يېرىڭنى ئاچتۇق، كېسىكىڭنى قويدۇق، ياغىچىڭنى توشۇدۇق، بىزدە يەنە نېمە ھەققىڭ قالدى؟

جىن ـ شاياتۇنلار جىن ـ شاياتۇنلىقىنى قىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى. . .
سەن ئادەملىكىڭنى قىلىپ يۈرۈۋەرمەمسەن؟ بىزنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ساز چالغىنىمىز
بىر يېرىڭگە تاقاشتىمۇ؟ . . .

— ئادەمنىڭ پەيزىنى ئەجەپ قاچۇردىيا ما پەيلقۇش ئاداش؟ — دېدى چىرايىدىن
قارامىلىق چىقىپ تۇرغان بىر ياش دېھقان، — ئۇزۇن زامانلار بويىتىكەن بۇنداق مۇسۇلماند-
چە غەزەللەرنى ئاڭلىمىغىنى. . . چىقىڭلار دەيمەن شاتراق كالىنىڭ تېزىكىدەك پۇتقا
چاپلاشماي. . .

دېھقانىنىڭ بۇ گېپىدىن ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشتى. ئادەتتە ئۆزىنى باشقۇرۇۋات-
قان شياۋدۈيجاڭغا ئوتتۇز قاتلىنىپ تەزىم قىلىدىغان بۇ دېھقانلار تونۇمايدىغان بۇ كادىرنى
كۆرۈك توخۇچىلىكمۇ كۆرمىگەندى.

تېزەك قېلىپى ئىشخانىغا كىرگەنچە، گاڭ گۇتۇغا دادلىغىلى تۇردى:

— ھەممىنى قىلغان سىز. . . ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دەپ. . . مانا ئەمدى پاتىڭىمىز-
غا مىنىپ، گەجگىمىزگە سىيگىنى تۇردى. سىز پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى، سىند-
ېپي كۆرەشنى ئۇنتۇدىڭىز. . . مەندەك ئادەمگە قويۇپ بەرسە، ئۇلارنى تاپىنىدىن تاسما
تىلىپ، قويسا ئولتۇرالمايدىغان، ئولتۇرسا قوپالمايدىغان قىلىۋېتەتتىم. بۇ نېمىدېگەن
خورلۇق، ئاھانەت؟ . . . مەن زادى چىدىيالمىدىم! . . .

— ھەي. . . پا جۇرېن، سىز شۇ بەك ئەخمەق ئادەمكەن. . . — گاڭ گۇتۇ
كۈلۈمسىرىگىنىچە پېتىنى بۇزماي ئولتۇراتتى، — ھازىر ۋەزىيەت شۇ بەك ـ بەك
ئوسال، ئۇلار ناخشا، دۇتار بىلەن ئۆزىنى ئالداپ، بەزلەپ ئولتۇرسا، مۇڭگۇزىنى
بىزگە شۇ چىنەشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ شۇ. . . سىز شۇ جىق ئىشلارنى
بىلمەيدۇ. . . بىزدە شۇ مۇنداق بىر گەپ بار. . . ناخشا، ساز، «ئوينالاڭ» نى مەن
شۇ نېمە دېسە بولار؟ . . . — گاڭ گۇتۇ ئۆز تىلىدىكى بىر ئەقلىيە سۆزنى چۈشەندۈرەل-
مەي، قوللىرىنى شىلتىگىنىچە، ئىشخانىنى بىر ئايلاندى، — ھە، شۇ. . . «ئوينالاڭ»
نى ئاساسىي ئىش دەپ بىلگەن خەق شۇ دۇنيادىكى چوڭ ئىشلار. . . ھەتتا ئۆزىنىڭ
تەقدىرى بىلەنمۇ كارى بولمايدۇ. . . كۆپ ـ كۆپ «ئوينالاڭ» ئادەمنى ئۇخلىتىد-
دۇ. . . (ئۇ بىخۇدلاشتۇرىدۇ دېمەكچى ئىدى، ئۇقتۇرالمىدى.)

گاڭ گۇتۇ مۇشۇ ئەقىدىسى بويىچە، ئەتىسى مۇراتنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن
بىر «سەنئەت گۇرۇپپىسى» تەشكىللەش ھەققىدىكى دوكلاتىغا دەرھال قوشۇلدى. مۇرات

ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن «ئارتىس» تاللاپ، ئۇلارغا مەكتەپتە ئويناپ چىققان لەپەر، ئېيتىشىش، كومېدىيە، ناخشا نومۇرلىرىنى ئۆگەتتى. . . سازلار ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق ئىدى. كامىل «باساۋۇتتى»، «كەلسەۋۇتتى»[1] «دادۇيجاڭ چۈشەندى» دېگەندەك قىزىقارلىق تېكىستلەرنى يېزىپ بەردى.

بىر كۈنى، «كەچتە قوشكۆلنىڭ يېڭى كۇلۇبىدا ئاياغ ئويۇنى بار ئىكەن» دېگەن خەۋەر پۈتۈن قوشكۆل كەنتىگە ئاڭلاندى. يىللاپ ـ يىللاپ كىنو، سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرەلمەيدىغان دېھقانلار ئۈچۈن، بۇ تېپىلغۇسىز خۇشاللىق ئىدى. ئۇلار سورۇنلارنىڭ ماكانلاشقان چۆل تۈزلەڭلىكىگە قاراپ يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى.

ياتاقلاردا، ئەر ـ ئايال ئارتىسلار كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرمەكتە ئىدى. شۇ ئەسنادا بىر خانىم ھېكمەتنىڭ قولىقىغا: «سىرتتا بىر قىز ساقلاپ تۇرىدۇ، تېز چىقىڭ!» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ھېكمەت كۆڭلىدە: «بۇ مەھبۇبە دېگەن نېمە قىلماقچى؟ كەلمەڭ دېسەم يەنە كەپتۇ ـ دە؟ بۇ قېتىم قاتتىقراق گەپ قىلمىسام زادى بولمىدى» دەپ ئويلاپ، كۇلۇبنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى، بىراق ئۇ ئالدى ـ كەينىگە ماڭالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا گۈلرۇز تۇراتتى. ئۇ 3 ـ ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا توقۇما ياقىلىق كالتە جۇۋا كىيىۋالغان بولۇپ، بىر چاغدا ھېكمەت ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن يېشىل يۇڭ ياغلىقنى ئېڭەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ تېڭىۋالغانىدى.

— سىز. . . نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — ھېكمەتنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى.

— ھېكمەت ئاكا! — گۈلرۇز سۇرمىلىك كۆزلىرىنى سۈزۈپ قارىدى، — مەن. . . مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورىغىلى كەلدىم. . . سىز. . . سىز مېنى كەچۈرەرسىزمۇ؟ . . .

— مەن سىزگە ئۆتكەندىلا دېگەنىدىمغۇ؟ — ھېكمەت ئالدىراپ تۇراتتى، ئۇ ئىشلار ئۆتتى، ئاداۋەت ساقلىغىنىم بىلەنمۇ گۈلزىبا تىرىلىپ كەلمەيدۇ. . .

— مېنىڭ بىر ئۆتۈنچىم بار ئىدى. . .

— قېنى تېز بولۇڭ. . .

— نەبگە نەسىھەت قىلسىڭىز. . . مەن. . . مەن. . . ئۆيگە قايتىپ بېرىپ،

---

[1] باساۋۇتتى، كەلسەۋۇتتى — بارسا بولاتتى، كەلسە بولاتتى.

ئەزىمەتكە قارىسام. . .

— رەھمەت ياخشى كۆڭلىڭىزگە! بالامغا ئانام، نەبىلەر ياخشى قاراۋاتىدۇ. . . ئەمدى باشقىلارغا ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. . .

— ھاجىتىم چۈشمەيدۇ؟! . . . — گۈلرۇزنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، يۈزىگە قارا بۇلۇت سايە سالغاندەك بولدى.

ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن مۇرات يىراقتىنلا قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ھېكمەت، تېز بول، ھەممىسى تەييار بولۇپ قالدى. . .

— ھېكمەت گۈلرۇزغا خوش دېمەيلا قايتىپ كەلدى. ئۇ كۇلۇب ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە نۇرغۇن دېھقانلار توپلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھەق ئالىدۇ دەپ ئاڭلاپ قالغانمۇ، بەزىلىرى ئىككى تۇخۇم، بەزىلىرى نان، قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنى تەڭلەيتتى. ئون ئىككى ياشلىق نەۋرىسىنى باشلاپ كەلگەن بىر ئاقساقال دېھقان بىر چار مىكىياننى قولتۇقىغا قىستۇرغان ھالدا، ئىشىك توسۇپ تۇرغان مۇئەللىملەرگە تەلمۈرۈپ قارايتتى.

— غوجام بالام، —دېدى ئاقساقال ھېكمەتكە يالۋۇرغان قىياپەتتە، —مۇشۇ چار مىكىياننى بەرسەم، نەۋرەم ئىككىمىزنى كىرگىلى قويارما؟ بەك تۇغۇمچان مىكىيانتى. . .

— چوڭ دادا، مىكىيانلىرى ئۆزلىرىگە قالسۇن، جۇرسىلە.

— بوۋاينىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بىر توپ قاسقان تەلپەكلىكلەر ھېكمەتنى ئورىۋالدى. ئىشىك توسقۇچىلار ئۇلارنى كىرگۈزمىگەنىدى. ھېكمەت ئىشىك توسقان بىر مۇئەللىمنى چەتكە تارتىپ، سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ: «مۇرات مۇئەللىم دادۇيجاڭ، شياۋدۇيجاڭلارنى كىرگۈزمەڭلار، ئۇلار بىزنى ئەزالارغا ‹جىن - شەيتان› دەپ تەشۋىق قىلغان دېۋىدى، شۇڭا كىرگۈزمىدۇق» دېدى.

— ھەرقايسىڭلار دادۇيجاڭ، شياۋدۇيجاڭلار ئىكەنسىلەر، — دېدى ھېكمەت ئۇلارغا، — سىلەر كىرسەڭلار بولمايدۇ. چۈنكى سىلەر ئادەم. . . ئويۇن قويىدىغانلارنىڭ ھەممىسى جىن - شەيتانلار. . . ئۇلار ئادىمىزاتقا مۇشۇك، ئۆچكە، ئارغامچا بولۇپ كۆرۈنىدۇ. . . شۇنىڭ بىلەن، سىلەر شامالداراپ، ئاغزىڭلار مايماق، كۆزۈڭلار ئالغاي، پۇتۇڭلار ئەگرى كېتىپ، ئېيتماق بولۇپ قالىسىلەر.

— ئا. . . مۇئەللىم، شۇ گەپلەرگىمۇ ئىشىنەمسىلە؟ — دېدى بىر شياۋدۇيجاڭ، —

بۇنداق ئۆسەك گەپلەرنى تارقاتقان باشلانغۇچ مەكتەپتىكى دېرىزە كۆز مەمتىمىن مۇئەللىم. . . بۇنىڭدىن كېيىن دەپباقسۇن قېنى، ئاغزىنى تېزەك بىلەن يەملەۋېتىمىز. . .

كۆلۈپ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولدى. گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپىمۇ ئورۇندۇقلىرىنى تام تەرەپكە قويۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. ياشقىنا ئاق سېرىق قىز چىقىپ: «ئومۇمىي خور، ئۆكتەبىر تېگى①كوللېكتىپ ئورۇنلايدۇ» دەپ كىرىپ كەتتى. بۇ قىز توسالّلا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ناخشا مۇئەللىمى بولۇپ، «سېرىق ناخشا ئېيتتىڭ» دېگەن جىنايەت ئارتىلىپ، قوشكۆلگە كىرگەنىدى. . .

خور ھەيۋەت بىلەن باشلاندى. ئاھاڭ ئۆزگىرىشى، تاكتىلىرىغا كەلگەندە، ھېكمەت ئاستا بېرىلىۋاتقان مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ، دېكلاماتسىيە قىلاتتى. خور مۇڭلۇق، ئېچىنىشلىق ھەم جاسارەتلىك ئاھاڭدا پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ ماڭغاچقا، چاۋاكلار ئىختىيارسىز ئورۇلۇپ تۇردى. خور تۈگىگەن ھامان، تەلپەك كىيىپ، بۇرۇت تاقىۋالغان مۇرات سەھنىدە پەيدا بولۇپ، بىر نەمۇنچى دېھقان قىزغا كۆيۈپ ـ پىشىپ، ئاشىق بولغانلىقىنى قىزىق گەپلەر بىلەن ئېيتىپ، ھەممىنى ئارقا ـ ئارقىدىن كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ: «مانا. . . مانا، گېپىنى قىلىۋاتسام، ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى ئەمەسما؟» دېدى ـ دە، تاقىلداپ كەلگەن ئېلانچى قىزنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇ، پائۇزا بىلەن تەڭ ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

يېزىمىز گۈل باراخسان ئۆرگۈلەي،
يېزىمىزغا باراملا؟
سۇلىرى مول، باغلىرى كەڭ، ئايا رەي،
بىللە كەتسەك نېم دەيلا؟ . . .

---

① ئۆكتەبىر تېگى — ئۈچ ئۆزگىرىشلىك چوڭ خور. . . بۇ، مەرھۇم شائىر مۇسا سالىجاننىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يېزىپ بەرگەن تېكىستلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر، داستانلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالغان. پەقەت ناخشا، كومېدىيە، ئېيتىشىش قاتارلىق تېكىستلىرىلا خەلق ئاغزىدا ساقلىنىپ قالغان.

مۇراتنىڭ قىزنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، بىردە تىزلىرىنى يەردە قويۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويسا، تۇرۇپلا ئولتۇرغانلارغا قاراپ، ھەييارلىق قىلاتتى. . . قىزمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن ناخشىسىنى باشلىدى:

يېزىمىزنىڭ گۈلىمەن ئۆرگۈلەي —
نەمۇنچى، بىلەملا؟ . . .
ئىش ـ ئەمگەكنىڭ قوينىدا ئايا رەي،
ماڭا ھەمراھ بولامىلا؟ . . .

مۇرات بىلەن ئېلانچى قىز بىرمۇنچە يۇمۇرلۇق گەپلەر بىلەن كۆپچىلىكنى كۈلدۈ-رۈۋەتكەندىن كېيىن، كىرىپ كېتىشتى. لېكىن قىز كەينىگە يېنىپ كېلىپ يەنە: «كومېدىيە: دادۇيجاڭ چۈشەندى» دەپ ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا، مۇرات دادۇيجاڭ، ھېكمەت دېھقان بولۇپ سەھنىدە پەيدا بولدى. دېھقان دادۇيجاڭغا: «مامۇتاخۇن دادۇيجاڭ، ئۆزلىرى خاپا، يۈزلىرى توپا، خوتۇنلىرى سالدىمۇ جاپا؟. . . تەگدىمۇ سېلىگە تەنە ـ تاپا؟ . . .» دېگەن سۆزلەر بىلەن قىزىقچىلىق قىلىپ، كۆپچىلىكنى كۈلدۈرگەندىن كېيىن، دادۇيجاڭ مامۇتاخۇن مىسكىن قىياپەتتە دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

ئاما مېنى سايلىسا دادۇيجاڭ دەپ،
ئۆز ئىسمىمنى ئۆزگەرتتىم «ما دۇيجاڭ» دەپ.
ھەممە يەردە چوغ تارتىپ ئۆز نەپسىمگە،
ئەمدى بولسا ئاتالدىم «جا دۇيجاڭ» دەپ. . .

دېھقانلار خۇددى ئۇلار كۆڭلىدىكىنى دەۋاتقاندەك خۇشال بولۇشۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشتى. دېھقان ناخشىسىنى باشلىدى:

ئاما سېنى سايلىسا دادۇيجاڭ دەپ،
غادىيىۋالدىڭ ئۆزۈڭچە «ما دۇيجاڭ» دەپ.

ئەزالىرىمىز جاپادا، سەن راھەتتە،
بۇنداق قىلساڭ دېمەمتى «جا دۇيجاڭ» دەپ؟

مۇرات بىلەن ھېكمەت كومېدىيە تۈگىگىچە ھەممىنى كۇلدۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتتى. ئولتۇرغان دېھقانلار ئارىسىدا چاقچاق باشلىنىپ كەتتى:

— بۇ گاداي، — دېدى تەلپىكىنى تىزىغا كىيگۈزۈۋالغان تاقىر باش دېھقان يىگىتى، — توغراقلىق كەنتىنىڭ دادۇيجاڭى ساۋۇتقا ئوخشايدىكەن. ئۇمۇ ئىسمىنى سا دۇيجاڭغا ئۆزگەرتىۋالغان ئەمەسمىدى؟ كېيىن مەھسۇلاتنى ئاشۇرالماي، قۇمۇچاقمۇ ئالالمايدىغان «سا دۇيجاڭ» بولۇپ قالغان ئەمەسما؟...

دېھقانلار، مۇرات «باساۋۇتتى»غا چىققاندا، ئارقا - ئارقىدىن چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. ئۇ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، باشلىرىنى سىلكىپ، قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ، ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

باساۋۇتتى، باساۋۇتتى،
بىزنىڭ دادۇيجاڭ ئېتىزغا باساۋۇتتى.
ئەزالارغا باشلامچى بوپ ئېتىزلاردا،
قوللىرىغا كەتمەننى ئاساۋۇتتى...

ئويۇن باشتىن - ئاخىر قىزىقارلىق كومېدىيە، ئېيتىشىش، ئۇسسۇل - ناخشىلار بىلەن قىزىدى. مۇرات ئاخىرقى نومۇردىن كېيىن، سازچىلارغا ئومۇمىي ئۇسسۇلغا چېلىشنى بۇيرۇدى. ساز چېلىنىشى بىلەن، ئۆزى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، بىرنەچچە دېھقاننى ۋە دادۇيجاڭ، شياۋدۇيجاڭلارنى تارتىپ قويدى. كۇلۇبنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي ئۇسسۇل خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئويۇن ئاياقلاشتى. دېھقانلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىشلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئويلىغان مۇرات سورۇنغا چىقىپ، كۆپچىلىككە بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىدى:

— دېھقان قېرىنداشلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك كېچىنى قوللىغان ۋە ئۆزلىرىمۇ بىرلىكتە قاتناشقان چىڭ جۈرېن، پا جۈرېنلارغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرەيلى...

كۈلۈب ئىچىدە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. گاڭ گۇتۇ ئۆزىنىڭ ھۆل كېسەككە دەسسىتىلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، زورمۇزور كۈلۈپ، چاۋاك چالغان بولدى. بىراق تېزەك قېلىپى مىڭلىغان ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن كاتتا ئەربابتەك، جاۋابەن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى ۋە ئۆردەكتەك ئىڭاڭلاپ چىقىپ كەتتى.

— دادۇيجاڭ، شياۋدۇيجاڭلىرىمىز، — دېدى مۇرات ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىققاندا، — ھەرقايسىلىرى بۈگۈن كىمنىڭ دېيىغا ئۇسسۇل ئويناشقانلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىسىلا... نەق جىن - شەيتانلارنىڭ!...

بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن، دەسلەپتە بىرنەچچىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، كېيىن تۇيۇقسىزلا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتى...

بۇ خۇشاللىققا يەنە بىر خۇشاللىق قېتىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ياتاق، كۈلۈب، ھەتتا گاڭ گۇتۇنىڭ ئىشخانا ئىشىكلىرىگە قەدەر «چۈەندەن»[1] چاپلىنىپ كەتكەنىدى. بۇنى ئەتىگەن سەھەردە تۇرىدىغان كامىل كۆرۈپ قالدى. ئۇ ياتاق تېمىدىن بىر پارچىسىنى ئاۋايلاپ سويۇۋالدى - دە، يانچۇقىغا سالدى. ئوقۇتقۇچىلار تەرەپ - تەرەپتىن چاپلانغان «چۈەندەن»لەرنى ئوقۇماقتا ئىدى.

... «قوشكۆلدىكى سۈرگۈنلەر، ئازاب چەككەن ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى تۇتقۇنلار! سىلەر جىن - شەيتان ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابىي ئامما، پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ھوقۇق تارتىۋېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قىپقىزىل رەڭگىنى ئۆزگەرتىش، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش غەرىزىدە، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراپ، تىغ ئۇچىنى سىلەردەك ئاممىغا قاراتتى. ھازىر مەملىكەت بويىچە جىن - شەيتان قىلىنغان، ناھەق جازالانغان، قارا دېلولارنىڭ قۇربانى بولغان مىليونلاپ ئامما بىردەك قوزغالدى! ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى: ‹ئىنقىلاب قىلىش گۇناھ ئەمەس، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق...› دەپ تەلىم بەردى. ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇڭلار... قوزغىلىڭلار! ئاخىرقى غەلىبە چوقۇم سىلەرنىڭ ھەم بىزنىڭ...»

چۈەندەن باشتىن - ئاخىر جاراڭلىق شوئارلار، ئىنتوناتسىيىلىك جۈملىلەر بىلەن

① چۈەندەن — تەشۋىق ۋەرىقى. ئەينى يىللاردا شۇنداق ئاتالغۇدا ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتورمۇ شۇنداق ئاتاشنى لايىق تاپتى.

تولغان بولۇپ، ئاخىرىغا: «قەشقەر خوڭ ئەرسى، زاۋفەن يولى تۆەندىن»[1] دەپ يېزىلغانىدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سەككىز قوراللىق مىنبىڭ يېتىپ كەلدى ـ دە، چۆەندەنلەرنى يىرتىپ، يىرتالمىغانلىرىنىڭ ئۈستىگە قارا رەڭ سۈۋاپ، ئىشنى باشلىۋەتتى. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن گاڭ گۈتۈ ھەم تېزەك قېلىپى ئۇلارغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇش ۋە ياتاقلىرىنى تىنتىشنى بۇيرۇدى.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە، قوشكۆل كەنتىنىڭ شۇجىسى ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئۇلار پاختايۇلغۇن دېگەن يەردىن ئەللىك مودەك بوز يەر ئاچقان بولۇپ، پىچان ھەم يازلىق بۇغداي ئۇرۇقى چېچىشنى پىلانلىغانىدى.

ئون بەش ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىش قارار قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كامىل بىلەن ھېكمەت بار ئىدى. دېھقان ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئون كۈنلۈك نان ـ ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ، تراكتورغا چىقىشتى.

كۈن پېتىشقا قاراپ كېتىۋاتقان تراكتور سېسىق گاز چىقىرىپ، تېكىنەك باسقان قۇملۇقلاردىن، تاراسلاپ سونۇۋاتقان قارا شورلۇق يەرلەردىن، يول ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان قامقاقلىق ئارىلىرىدىن كېتىپ باراتتى. ناگان ـ ناگاندا، قۇرۇپ قوۋزاقلىرىمۇ تۆكۈلۈپ كەتكەن ئاجايىپ زور توغراق، ئات، ئېشەك، تۆگىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ ئۇچراپ قالاتتى. بەزىدە، چاق ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق، يېپىشاڭغۇ توپا ـ چاڭ دەستىدىن، كۇزۇپتا مىقتەك تىقىلىپ ئولتۇرغان ئەللىكتەك ئادەم بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي قالاتتى. شامال بولمىغاچقا، بۇ بوغىناق توپا خېلى يەرلەرگىچە ئەگىشىپ باراتتى. ئۇلار ئۈچ سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، تراكتور بۇزۇلۇپ قالدى. ھەممەيلەن يەرگە چۈشتى. تراكتورچى بالا ئامبۇر، كۈلۈچ، ئەتۋىركە قاتارلىقلار سېلىنغان مايلىق سومكىسىنى ئېلىپ، يەردىلا دۇكان يايدى ۋە: «ئاغىنىلەر، تۆمۈر بۇقىنىڭ خېلى دەردى باردەك قىلىدۇ، بىرەر سائەتتەك ئارام ئېلىڭلار...» دېدى ـ دە، تراكتورنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ كەتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت بەل ـ پۇتلىرىنى رۇسلىغاندىن كېيىن، سول تەرەپتىكى پەس ئېدىرلىققا قاراپ ماڭدى.

---

① «قىزىل ئىككىنچى سىلىڭبۇ، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق» پولكىدىن.

— ھاي... دۆڭلۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈشمىسىلە، — دېدى قوشكۆل كەنتىنىڭ شۇجىسى، — ئۇ يەردە تۇتقۇنلار بار...

— كۆرۈپلا يېنىپ كېلىمىز... — ۋارقىرىدى ھېكمەت.

دۆڭلۈكنىڭ ئۇ تەرىپى كۆز يەتكۈسىز تۈزلەڭلىك بولۇپ، مىڭلىغان ئادەملەر قىمىرلىشىپ زەيكەش كولاۋاتاتتى. ھەربىرسىنىڭ ئارىلىقى ئىككى يۈز قەدەمدەك كېلىدىغان زەيكەشلەرنىڭ ئاخىرى ئۇچىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلار خۇددى چۆلدە سوزۇلۇپ ياتقان قارا يىلانلارغىلا ئوخشايتتى. چوڭقۇر زەيكەش ئىچىدىكى ئاچچىق، تۇزلۇق سۇدىن لاي سۈزۈپ، ئۇنى زەمبىل، تاغارلاردا توشۇۋاتقانلار ئىككى قىرغاقتىكى پاتقاقلىق دۆڭگە بىر قولىدا تايانغىنىچە يامىشاتتى. ھېكمەت يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى دېھقانلارنى ئەسلەپ قالدى. كامىل ھېكمەتنى جەينەكلەپ: — ئالدىڭغا قارا! — دەپ پىچىرلىدى. يېقىنلا يەردىكى پاتقاق دۆڭ ئۈستىدە، ئامانىللا قۇربان تاغار يۆتكەپ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى، ئاسما مايكىسى، ئىشتانلىرى، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى، ئىش قىلىپ پۈتۈن بەدىنى قاپقارا لاي بىلەن بۇلغانغانىدى. كامىل، ھېكمەتلەر ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈۋىدى، ئۇچ قىرلىق قىزىل كالتەكنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولغان قاتاڭغۇر مىنبەك ئۇلارغا ۋارقىرىدى:

— ھاي توختاڭلار، سىلەر كىملەر، نەدىن كەلدىڭلار؟

— بىز... — ھېكمەت دەماللىققا گەپ تاپالماي قالدى، — بىز قوشكۆل كەنتىنىڭ دېھقان مىنبىڭلىرى...

— بۇ يەردە نېمە ئىشىڭلار بار؟ — مىنبەك ئۇلارنىڭ بېشىدىكى تەلپىكىگە، ئۆسكەلەڭ ساقاللىرىغا، چاپىنى ئۈستىدىن باغلىۋالغان چىگە ئارغامچىلارغا قارىدى، — بۇ دېگەن ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىكى ئاساسلىق ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ جىن - شەيتانلىرى تۇتقۇن قىلىنغان جاي... كەلسە - كەلمەس كېلىۋەرگىنى بولمايدۇ.

— مۇنداق ئىش ئىدى، — ھېكمەت يالغاننى توقىدى، — بىر بۇزۇق ئۇنسۇرنى قوغلاپ كەلگەندۇق. ئۇ مۇشۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا غايىب بولدى. شۇڭا، قاراپ باقىلى دېيۋدۇق.

ھېكمەت ئۇنىڭغا پاپىرۇس تۇتتى. مىنبېگىنىڭ چىرايى قوڭغۇراقلىق تىكەن گۈلدەك ۋىللىدە ئېچىلدى. ئۇ تاماكىنى پۇرىغاچ: «پاھ، پاھ كادىر تاماكىسىكەنغۇ؟ بىرەر سىقىم زىيالىينى قويغان ئوخشىمامسىلەر؟» دېدى - دە، تاماكىسىنى چېشلىدى.

ھېكمەت ئۇنىڭغا سەرەڭگە چېكىپ بېرىپ، بىر قاپ تاماكىنى شۇ پېتى بېرىۋەتتى. گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن مىنبىك: «بوپتۇ، بېرىپ سوراپ بېقىڭلار، مەن ئەتراپـ
تىكى مىنبىڭلارغا قول ئىشارىسى قىلىۋېتىمەن. . .» دېدى. شۇ چاغدىلا، كامىل بىلەن
ھېكمەت ئەللىك قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ قويۇلغان نۇرغۇن مىنبىڭلارنىڭ چۆلنى
قورشاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى.
— ئامانىللا، ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟ — دېدى ئىككىسى تەڭلا. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا
بىرنەچچە قەدەملا بار ئىدى، — شەھەردىكى ئىشلاردىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟
— ئۇختۇم، دادام ھەم نائىبى قازا قىپتۇ. . . — ئامانىللانىڭ كۆزلىرى لىقمۇلىق
ياشلار بىلەن تولدى، — ئەمما مېنىڭ ئېچىنىدىغىنىم، شۇنچە ئەجىر بىلەن ئېلىپ
چىققان كىتابلار كۆلگە ئايلىنىپ كەتتى.
— ئامال يوق. . . كۆڭلۈڭنى بۇزما، ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا، — كامىل ئالقىـ
نىدىكى چۆەندەننى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، — بۇنى يوشۇرۇن ئوقۇ. . .
— ئامانىللا، — دېدى ھېكمەت قوللىرىنى شىلتىغان بولۇپ، — ئالىمجان نەدە؟
— ئۇمۇ مەشەدە، — ئامانىللا ئۇنى ئۈنلۈك ئاۋازدا چاقىردى، — ئالىمجان، ماۋۇ
مىنبىڭلارنىڭ سېنىڭدىن سورايدىغان گېپى بار ئىكەن. . .
ئالىمجان زەيكەشتىن چىقىپ بولغۇچە، ھېكمەت بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىـ
قىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى. ئىشتان پۇشقاقلىرىدىن قاپقارا لاي سۇ ساقىپ تۇرغان
ئالىمجان يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ داۋاملىق كۈلۈمسىرىش كەتمەيدىغان چىرايى يادىغان
بولۇپ، ئىككى جاۋغىيى ئەتراپىدا ئىنچىكە سىزىقلار پەيدا بولغانىدى. ئۇلار چاندۇرماسـ
لىق ئۈچۈن، خۇددى يات ئادەملەر بىر-بىرسىدىن ئېھتىيات بىلەن سوراۋاتقان قىياپەت
ۋە ھەرىكەتتە سۆزلىشىۋاتاتتى.
— ئالىمجان، ئائىلەڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى كامىل، — نەفىسە، زۇمرەتـ
لەر يوقلاپ كىرىپتۇ، لۇتپىيە ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇ، ئوغلۇڭ ئابدۇلېتىپمۇ چوڭ بولۇپ
قاپتۇ. . .
— ئامان بولسۇن! — ئالىمجان كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ چەت ياقىلارغا
قارىۋالدى، — ھە، ئۆزۈڭلارچۇ، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىلەر؟ . . .
— ياخشى، يات يېقىندا يەنە جەم بولىمىز، — دېدى ھېكمەت ئىشەنچ بىلەن.
بۇ چاغدا، دۆڭ ئۈستىدىن كەنت شۇجىسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى كەلدى. كامىل

خوشلاشقان بولۇپ، ئامانلىلانىڭ قولىغا چۆەندەننى تۇتقۇزدى ـ دە، ئارقىغا قايتتى. ئۇلار پاتقاق دۆڭلۈكىدىن چۈشۈۋېتىپ، چاچلىرى سېرىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن، كۆكسىنى ئوبدانلا كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈللۈك كوپتىسىنى ئىشتان ئىچىگە تىققان، پۇشقاقلىرى تۈرۈلگەن بىرسىنى كۆرۈپ، ئۇنى تونىغاندەك قىلدى، ئۇ كامىل بىلەن ھېكمەتكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، لىق لاي بېسىلغان بىر چاقلىق غالتەك ھارۋىنى ئىتتىرىپ دۆڭگە تىرەجەپ چىقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كىرىشىپ كەتكەن بارماق ئارىلىقلىرىدا قان قېتىشىپ قالغانىدى. ئەمما چاچرىغان، سۇۋالغان لاي سۇلار بۇ ئايالنىڭ دۇبدۇگىلەك ئاي يۈزىنى، قاغا قانىتىدەك قاشلىرىنى، قوڭۇر كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى. لاي توشۇۋاتقانلار ئارىسىدا بۇنداق چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن باشقا ئاياللارمۇ بار ئىدى.

— كامىل، — دېدى ھېكمەت كېتىۋېتىپ، — بۇ ئايالنى تونىدىڭمۇ؟...

— بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، لېكىن ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن...

— بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگىنى ئېسىڭدىمۇ؟ ھەببەللى، شۇ چاغدا خىمىيىدىن ئوچۇق دەرس ئۆتكەن شىخولۇق مەريەم خانىم شۇ ئەمەسمۇ!...

— توغرا، ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى، سۆزلىگەن چېغىدىكى يۈز ئىپادىلىرى ئېسىمگە كەلدى، — دېدى كامىل خىيال بىلەن، — ئۇ ئاجايىپ ئىستىداتلىق ئوقۇتقۇچى ئىدىكەن. ئۇ چاغدا، بولۇپمۇ يوتىلىرىدا سويلاپ يۈرگەن ئىككى ئۆرۈم قارا چېچىغا ھەيرانلا قالغانىدىم...

— شۇنداق ئوبدان چېچىنى نېمىشقا چۈشۈرۈۋەتكەندۇر؟...

— ھەي... ھېكمەت، — دېدى كامىل ئېغىر تىنىپ، — كۈرەش مەيدانىدا بۇنداق ئۇزۇن چاچلارنىڭ ئايال كىشىگە دۈشمەن بولىدىغانلىقى ئۆزۈڭگە ئايانغۇ؟...

«پاختايۇلغۇن»غا كىرىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار ئالتىنچى كۈنى چۈش بىلەن قايتىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ، كالپۇكلىرىنى گەز باغلىغانىدى. ھېكمەت چېچىنى يۇيۇپ، ساقىلىنى ئېلىشقا ئەمدى تەييارلىنىپ تۇراتتى، ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ، نەبى ھۆركىرەپ يىغلاپ كىردى ـ دە، ھېكمەتكە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ: «مەن قانداق قىلاي!...»، «مەن ئۆلەي...»، «قانداق چىدارمەن؟...» دەپ ھېكمەتنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنى سىلكىيتتى... ئۆزىنى

ئۇيان - بۇيان ئۇراتتى. ئۇنىڭ ئايانچلىق ئاۋازى باشقا ياتاقلارغىمۇ ئاڭلاندى. چىرايى ئۆمسۈرۈن مىنبىڭلار يۈگۈرۈپ كىرىشتى... بۇ چاغدا، ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن ۋەھىمىلىك بىر ئوي قارا يىپ سۆرەتكەندەك ئۆتۈپ كەتتى:

— نەبى... نەبى ئۇكام، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! — ۋارقىرىدى ھېكمەت، — ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇ بىر قانداق بولۇپ قالمىغاندۇر؟...

— ياق!... ياق!... نەبى توختىماي باش چايقىدى، — ئەزىمەت... ئۇكام ئەزىمەت، بۈگۈن... بۈگۈن... ئۈچ كۈن بولدى، يوقاپ كەتتى!...

— نېمە؟... يوقاپ كەتتى؟!... — ھېكمەت ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا قالدى، — نېمە دېدىڭ؟... كىم يوقاپ كەتتى؟...

— ئۇكام ئەزىمەت!... — نەبىنىڭ توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى يۈزى، بويىنى ۋە مەيدىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى، — ئۈچ كۈندىن بېرى بارمىغان يېرىم، كىرمىگەن ئۆيۈم قالمىدى... بىردىنلا يوقاپ كەتتى!...

— يوقاپ كەتتى؟... ئۈچ كۈن بولدى؟... — ھېكمەت ئەسەبىيلەرچە تەكرارلىدى ۋە بىردىنلا نەبىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىدى، — ئېيتقىنا، ئۇ زادى قانداق يوقاپ كېتىدۇ؟... زادى قانداق؟...

— مەن... مەن... مەكتەپكە كەتكەن... ئانام تاماق ئېتىۋېتىپتىكەن... ئەزىمەت ھويلىدا غالتەك ئويناپ يۈرۈپتىكەن... بىردەمدىلا ئۇ، ئۇ، غايىب بوپتۇ... جېنىم ھېكمەت ئاكا، — نەبى ھېكمەتنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلىۋالدى، — مېنى ئۇرۇڭ! ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇرۇڭا! ئۇرسىڭىز، يېنىكلەپ قالىمەن! ئەزىمەتنىڭ دەردىدە، ئانام ھازىر ھوشسىز ياتىدۇ... ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىدىغان ئادەممۇ يوق! بۇ نېمە كەلگۈلۈك؟...

— ئاھ خۇدا! بۇ نېمە ئىش، قانداق قازا؟!... بالام نەلەردە بويۇن قىسىپ، «دادا!...» دەپ يۈرۈيدىغاندۇر؟... — ھېكمەت دەھشەتلىك ۋارقىرىدى، — ياق!... ياق!... مەن بالامنى ئىزدەيمەن... ئەمدى بۇ يەردە بىرەر دەقىقىمۇ تۇرمايمەن!...

ھېكمەت ئۆزىنى سىرتقا ئېتىۋىدى، مىنبىڭلار ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ تۇتۇۋالدى. ئىككى مىنبىڭ نەبىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، گەجگىسىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ سۆرۈلۈپ كېتىۋېتىپ، ياتاقتىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان: «مېنى قويۇپ

بېرىڭلار!» ، «مەن بالامنى تېپىۋالاي» ، «ئەزىمەت سەن نەدە؟! . . .» دېگەن ئازابلىق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇردى. ئىككى مىنبىنىڭ نەبىنى ئۇزۇن يەرلەرگىچە سۆرەپ ئاپىرىپ، پەستىكى يولغا تاشلىۋەتتى. نەبى ياش ۋە لاي بىلەن بۇلغانغان يۈزىنى يېڭىدە سۈرتۈپ، شەھەر تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە، ئۇ ھويلىغا كىرگەن ھامان ئەزىمەت ئويناپ يۈرىدىغاندەك بىر سېزىم تۇغۇلغانىدى. ئۇ بىرەر يەردىمۇ ئارام ئالماي، جىدەللىپ يۈگۈرۈپ، شەھەرگە كىرگەندە، كۆڭلەكلىرى تەردىن سۇغا چىلىغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. ھويلا جىمجىت، سۆرۈن ھەم كۆڭۈلسىز بولۇپ مۇڭلىنىپ تۇراتتى. نەبى ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى. بۇمەرەمخان بېشىدا ياستۇقمۇ يوق، تورۇسقا قادالغىنىچە، كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ياتاتتى. ئاقموللا ئىمام ئۇنىڭ ئېڭەكلىرىنى چېتىپ قويغانىدى. بېشىغا نېمە بالا - قازا كەلگەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن بۇ ئۆسمۈر ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. . .

— ھېلىلا جان ئۈزدى، — دېدى ئاقموللا ئىمام بۇمەرەمخاننىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ، — «ئەزىمەت، ئەزىمەت، ئەزىمەت. . .» دەۋېتىپ رەھمەتلىكنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. . .

— ئانا! . . . — نەبى ئېتىلىپ كېلىپ ئانىسىنى قۇچاقلاپ، يۈزلىرىنى - يۈزىگە يېقىپ، ئۇنىڭ تېرىلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى سۆيۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى تۈزۈك بىر نېمە يېمىگەچكە، ھالسىزلىنىپ، تېخى سوۋۇپ ئۈلگۈرمىگەن جەسەت ئۈستىگە يېتىپ قالدى.

— قوپ بالام، سەۋر قىلماق كېرەك، ئۇ ئارام ئالدى، — دېدى ئاقموللا ئىمام نەبىنىڭ بېشىنى سىيلاپ، — ئەمدى بۇمەرەمخاننى يىغا بىلەن تىرىلدۈرۈۋالالمايمىز. . .

ئەتىسى پېشىن نامىزىدا بۇمەرەمخاننىڭ جەستى مەسچىتنىڭ مۇساپىر يوپۇقى يېپىلغان جىنازىسىدا جامە ئىچىگە ئېلىپ كىرىلدى. نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇنى كەتسە كەلمەس يىراق مەنزىلگە — قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىشتى. جامائەت كۆپ ئەمەس ئىدى. جىنازا ئالدىدا، ئۇ دۇنيانىڭ جۇدالىقى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ قايغۇ - ئەلەملىرىنىڭ يۈكىنى ئارتقان ئون ئالتە ياشلىق نەبى نالە - زار، ئاھۇ - پىغان، ھەسرەت - مۇڭلىرى بىلەن كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ يىغلاپ كېتىۋاتاتتى. . . ئاق پوتا باغلاپ، ئىلەڭ - سىلەڭ سەنتۈرۈلۈپ، بوزلاپ

كېتىۋاتقان بۇ بالا تېخى تۈنۈگۈنلا تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ، مۇشۇ كوچىلاردا يۈگۈرۈپ ئوينىغانىدى. . . كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاراپ تۇرغان ئاپئاق چاچ موماي- لار، كۆز جىيەكلىرىنى قورۇق قاپلىغان بوۋايلار، تىجارەتچى، ھۆپىگەر- لەر، قۇلۇم - قوشنىلار ئۇنىڭ يۈرەكلەرنى ئۆرتەپ پارە - پارە قىلغۇدەك نىدالىرىغا چىدىيالماي، كۆز ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. . .

— دەرد - ئەلەمنىڭ يۈكىنى يۈكلەپ كەتكەن ئانام دەپ يىغلايمۇ ئانام؟. . . ، قېرىنداش سالغان جاپادا زەپىراندەك سارغىيىپ كەتكەن ئاچام دەپ يىغلايمۇ ئانام؟ . . . تىرىك ئايرىلغان ئەزىمەت، قېنى سەن ئوماق ئۇكام دەپ بوزلاپ يىغلايمۇ ئانام؟ . . . ئانىسىغا قانمىغان، ئاق سۈتىگە تويمىغان. . . شور پېشانە ئۇكام دەپ يىغلايمۇ ئانام؟ . . . بېشىمنى سىيلىغان قاياشىم ئانام! . . . يىغلىسام بەزلىگەن ھىماتىم ئاچام! . . . كۆڭۈل خۇشۇم مېھرىبان ئۇكام. . . مېنى يالغۇز تاشلاپ قايان كەتتىڭلار؟ . . .

كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا كۆرۈنگەن ھېكمەت «نەبى ئۇكام!» دېگىنىچە، يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. نەبىمۇ «ھېكمەت ئاكا. . .» دېدى - دە، ئۇلار يول ئۈستىدىلا تىزلىنىپ قۇچاقلىشىپ كېتىشتى. . .

— جېنىم ئاكا، بىز ئەمدى ئانىسىز قالدۇق. . . — نەبى تولا يىغلاپ كاركىراپ قالغان ئاۋازىدا غاراڭ - غۇرۇڭ سۆزلىمەكتە ئىدى، — گۈلزىبا ئاچام سىزنى قايغۇغا تاشلاپ كەتتى. . . ئەزىمەت بولسا مېنى نادامەتتە قويۇپ تىرىك ئايرىلدى. . . قايسى بىرسىنى دەي ئاكا؟ قايسى بىرسىگە يىغلاي ئاكا؟ . . .

ھېكمەت ئۇن سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى. كىمدۇر بىرى ھېكمەتنىڭ بىلىگە ئاق پوتا باغلاپ قويدى. . . ھېكمەت بىلەن نەبى بىر - بىرىنى يۆلىشىپ، قەبرىستانلىققىچە يىغلاپ بېرىشتى. مېيىت يەرلىكىگە قويۇلۇپ، جامائەت ئۆيىنى پەتىلەپ قايتقاندىن كېيىن، ھېكمەت بىر قىسىم كىيىم - كېچەكنى ۋە بىرنەچچە ناننى سومكىغا قاچىلاپ تەييار بولدى.

— ئۇكام نەبى، — دېدى ئۇ نەبىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — مەن قېچىپ كەلدىم. . . ئۇلار مېنىڭ يوقلىقىمنى بىلسىلا، قوغلاپ يېتىپ كېلىدۇ. سەن شەھەردە قېلىپ ئىزلە، تىڭ - تىڭلا، مەن بالامنى تېپىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بېرىشقىمۇ رازى، بۇ ئازراق پۇلنى چاي - تۈزغا ئىشلەت.

دېگەن گەپ بار. قىمارۋازدا ئۆي، خوتۇن، بالا، تۇرمۇش دېگەن ئەقىدە بولمايدۇ. . . ئاخىرى بېرىپ، نەبى يەنىلا كوچىدا قالىدۇ. . . قېنى بالام، يازسىلا، ئۆزلىرىمۇ ئالدىرايلا. . . ئۇيۇقتا خوتەن قەغىزى بار. شۇنىڭغا مەقسەتنى چىرايلىق پۈتۈپ بەرسىلە بولدى. . .

ھېكمەت ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ بېرىپ، ئىمام بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن نەبىگە دېيىشكە تېگىشلىك مۇھىم گەپلىرىنى دەپ بولۇپ، چوڭ كوچىغىمۇ چىقماي، تار كوچىلار بىلەن غايىب بولدى. ھېكمەت كېتىپ بىرەر سائەتمۇ ئۆتمەي، ئۆيگە تۆت مىنبىڭ قوراللىرىنى چېنىشىپ كىرىپ كېلىشتى. نەبى: «مەن ھېكمەت ئاكامنى كۆرمىدىم، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. . .» دېگەن بىر ئېغىز گېپىنى تەكرارلاۋەردى. ئەمما ئەتىسى سەھەردە، تۇنۇگۈنكى مىنبىگىلار تامدىن گۈپۈرلەپ ئارتىلىپ چۈشۈپ، يەنە بېسىپ كىردى. بەلكىم ئۇلار قورۇغا ھېكمەتنى ئورنىدىن قوپماستا تۇتىمىز دېگەن ئويدا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. . .

— لوپ، قارنقاشلارنى ئىزدەپ باقساق بولارمىكىن؟ — دېدى ئورۇق ساپسېرىق مىنبىڭ، — كېچىدىن شەھەرنى قېزىۋەتتۇق، تاپالمىدۇق. . .

— بولمايدۇ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز شەھەرنى ئىزدەش، — دېدى يۈزىنى داغ بېسىپ كەتكەن مىنبىڭ، — ساۋۇر روزى جۇرېن يەتتە ناھىيىگە مىنبىڭ ئەۋەتمەكچى. بەلكىم بۇ چاغقا ئۇلار يولغا چىقىپ بولغاندۇر. . .

تۆت مىنبىڭ شەھەر ۋە گۇڭشىلارنى بەش كۈن قېدىرىپ، قوشكۆلگە قۇرۇق قول قايتىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ سالپىيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكەن ئوقۇتقۇچىلار يېنىككىنە تىنىپ، ئۇلارنىڭ ھېكمەتنى تۇتالمىغانلىقىدىن خۇشال بولۇشتى. . . بىراق، شتاب ئىشخانىسىدا، تېزەك قېلىپى ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۈستەل ئۈستىدە، قەشقەر «خۇڭ ئەرسى زاۋفەن يولى» تەشكىلاتىنىڭ بىر بەتلىك چۇەندەنى تۇراتتى.

— بۇلارنىڭ ئىككى ھەپتىدە بىر نۆۋەت دەم ئېلىش تەلىپىگە قوشۇلمايلى، بۇ خۇددى يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەندەك بىر ئىش بولىدۇ، دېسەم، بۇ ۋەزىيەت ئىزىغا چۈشكىچە كۆرۈلگەن تەدبىر. . . دەپ تۇرۇۋالغانتىڭىز، ئەمدى ياخشى بولغاندۇر؟ — تېزەك قېلىپى ئۈستەلگە بىرنى ئۇردى، — بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قايتقان بۇ شاياتۇنلار قۇرۇق قول چىقمايدۇ. . . مۇشۇنداق ئەكسىيەتچى ۋەرەقچىلەرنى قوينىغا

تىقىپ كېلىپ، قولدىن - قولغا ئۆتكۈزىدۇ. ئەتىسى - ئاخشىمى ئالتە كاللا بىر يەرگە يىغىلىپ كۇسۇرلىشىدۇ... قەشقەرلىك خۇڭ ئەرسى دېگەن بىر نېمىلەر بۇ يەرگە ئىككى نۆۋەت چۈەندەن چاپلىدى. شۇنىڭدىنمۇ كۆزىڭىز ئېچىلمىدىما؟...

— ھەي.. لاۋپا... شۇ... شۇ چاغدا، تاڭ شۈجى، سا جۈرېنلەر شامالغا قاراپ ئارا ئاتسۇن دېگەن تۇرسا؟... — گاڭ گۇتۇ «داچيەنمېن» ماركىلىق تاماكىسىدىن ئېلىپ، دەرھاللا سەرەڭگە چاقتى، — خۇڭ ئەرسىدىن سىز شۇ قوقمۇسۇن... خازىر ئۈرۈمچىدە خۇڭ ئەرسىگە قارشى «يى سەن سى»[1] قۇرۇلدى. ئىككى چوڭ تەشكىلات ئىنقىلاب يۆنىلىشى ھەققىدە شۇ جىددىي بيەنلۇن (مۇنازىرە) قىلىشىۋاتىدۇ... قايسى قايسىنى يەۋېتىدۇ؟... بۇ تېخى قاراڭغۇ... لېكىن يى سەن سىنىڭ كۈچى كۆپ شۇ... ئۇنى رەھبەرلەر قوللايدۇ...

گاڭ گۇتۇ سۆزلەۋاتقاندا، شەھەرگە ئەۋەتكەن تۆت مىنبىڭ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغان تېزەك قېلىپى يەنە بىر ھازا قايىندى. ئەمما ئۇ ساجۈرېنىنىڭ يەتتە ناھىيىگە قوراللىق مىنبىڭ ئەۋەتىپ، ھېكمەتنى تۇتۇپ كېلىش بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم بولدى.

— ساجۈرېن يەنە، — دېدى يۈزىنى داغ باسقان مىنبىڭ، — «دىكتاتورىنى كۈچەيتسۇن، جىن - شەيتانلارنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك» دەپ يوليورۇق بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، «ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى باش شتابىنىڭ مۇنۇ ھۆججىتىنى جىن - شەيتانلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى مۇزاكىرىگە سالسۇن» دەيدۇ...

تېزەك قېلىپى ھۆججەتنى دەرھاللا قولىغا ئالدى. «ئەگرى - توقايلىقلاردا تەۋرەنمەي، ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى!...» دېگەن چوڭ سەرلەۋھىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گازىر كۆزلىرى خوشلۇقتىن يوقاپلا كەتتى. گاڭ گۇتۇنىڭ بەترەڭ چىرايىغا قان يۈگۈردى. ئۇلار خۇددى جەڭگاھتىن ئامان چىققان غازىلاردەك، جىن - شەيتانلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلماقچى بولۇشتى...

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا، چىرقىراق پۈشتەك ئاۋازى كەينى - كەينىدىن ياڭرىدى. ئوقۇتقۇچىلار نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، كۇلۇبقا يىغىلىشتى. ئۇلار نېمە ئىش

---

[1] يى، سەن، سى — بىرىنچى، ئۈچىنچى سىلىڭبۇ.

ئىكەنلىكىنى بىر ـ بىرىدىن سورىشاتتى. گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپىنىڭ مەغرۇر، غالىبانە قىياپىتى ۋە چىرايىدىكى مەڭسىتمەسلىك ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلار يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان شۇملۇقنى سەزدى. تېزەك قېلىپى گېلىنى قىرىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇ «قوراللىق دۈشمەن يوقىتىلغاندىن كېيىن...» دېگەن ئۆزۈندىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى باش شتابىنىڭ ھۆججىتىنى ئوقۇدى. ھۆججەتتە، مەملىكەت بويىچە يۈز بېرىۋاتقان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەنزە ئاغدۇرۇش شامى-لى، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ تەتۈر ھېساب ئېلىش قارا قۇيۇنىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش، ھەرگىز يول قويماسلىق تەلەپ قىلىنغان، پەردە ئارقىسىدىكى بىر قىسىم بۇزۇق كاتتىۋاشلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، «ئىسيانچى» تەشكىلاتلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلەردە قۇرۇلۇپ، ئىنقىلابىي كادىرلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان، بۇلار چوڭ كارۋانغا قاۋىغان پىستىدەك، ئاخىرى ھالاكەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، دېيىلگەنىدى.

تېزەك قېلىپى ھۆججەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە شەرھلى-دى. ئۇنىڭ سۆز ئورانىدىن: «قوشكۆل جىن ـ شەيتانلىرى، ياۋاشلىق بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىپ، ئادەم بولۇش يولىغا ماڭ، بولمىسا تەقدىرىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا!» دېگەن ئۇقۇم چىقىپ تۇراتتى. تېزەك قېلىپى نۇتقىنى مۇنداق ئاياقلاشتۇردى:

— بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ قەشقەر خوڭ ئەرسى توپىلاڭچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈ-رۈپ، ئەكسىيەتچى ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ چۈەندەنلىرىنى تارقىتىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقانلار بار... — تېزەك قېلىپى قىسقا قوللىرىنى شىلتىدى، — سەنلەر، ئىت كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ، ھوشۇڭنى تاپ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسى بىلەن ئوي-ناشما!... ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. كاپىتالىزمغا ماڭامسەن ياكى سوتسىيالىزمغىمۇ؟ قايسى يولغا مېڭىش بۇ سىنىپىي مەيدان مەسىلىسى، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا، ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا سادىق بولۇش ـ بولماسلىق مەسىلىسى! تەتۈر ھېساب ئېلىش، ئەنزە ئاغدۇرۇش — ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈم يولى بولىدۇ خالاس!...

ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار «ۋەزىيەتتە يەنە بىرقانداق پايدىسىز ئۆزگىرىش بولغان چېغى» دېگەن ئەندىشە بىلەن جىمجىت ئولتۇراتتى. قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان گاڭ گۇتۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ قىيسىق كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە تەكشى قارىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن شۇ، ئىككى ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىش بولمۇسۇن... ئەتىدىن باشلاپ سەھەرلىك دولقۇن ئەمگىكى شۇ... كەچلىك ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئۆگىنىشى قايتا يولغا قويۇلىدۇ... كىمىكى قارشىلىق قىلسا شۇ، قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ شۇ...

— ئىنقىلابىي ئاممىنى باستۇرغان بۇزۇق كاتتىۋاشلاردىن ھېساب ئالايلى!

— ئالايلى!...

غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەن مۇراتنىڭ شوئارى كۆپچىلىككە جان كىرگۈزدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، ئىنقىلابتا چىشلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ توۋلىغان شوئارى ئاڭلاندى. ئارقا - ئارقىدىن گۈلدۈرلىگەن شوئار بىلەن تەڭ، ھەممىسى ئولتۇرغان يېرىدىن گۈرردە قوزغالدى.

— ھەي سەن! — دېدى كامىل تېزەك قېلىپىغا قولىنى شىلتىپ، — خۇڭ ئەرسى توپىلاڭچىلىرى دېدىڭ... بۇ تەشكىلات ئۇرۇمچىدە قۇرۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقالدى. سېنىڭ نەچچە ئونمىڭلىغان خۇڭ ئەرسى ئىنقىلابچىلىرىنى «توپىلاڭچى» دېيىشكە نېمە ئاساسىڭ بار؟...

— سۆزلە!...

— گەپ قىلمامسەن!...

بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئارقىدا سوزۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار دېۋەيلەپ كەلدى. سەككىز مىنبىك ئۇلارنى توسيالماي، ئارقىغا چېكىندى. گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپى ئالمان - تالمان قېچىپ چىقىپ كەتتى. قەشقەر خۇڭ ئەرسى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئىككى قېتىم چۆەندەن چاپلىشى، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى بىلەن كېچىدە ئۆتكۈزگەن بىر - ئىككى قېتىملىق يىغىن ۋە شەھەردە ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىدىن كۆزى ئېچىلىپ قالغان ئوقۇتقۇچىلار قىلچە قورقۇپ قالمىدى. ئىنقىلابنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۇلاردا يۇرەك پەيدا قىلغانىدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە، كۇلۇب، ياتاق، ئىشخانا تاملىرىغا چاپلىنىپ كەتكەن ھەرخىل مەزمۇندىكى شوئارلار گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپىنى بەكمۇ ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. مىنبىڭلار سويۇپ ئېلىپ كىرگەن بىرنەچچە شوئار ئۈستەل ئۈستىدە تۇراتتى. «ئىنقىلابىي ئاممىنى باستۇرغانلارغا ياخشى ئاقىۋەت يوق»، «لاۋچىڭ، پاسار داۋۇت، ھوشۇڭنى تاپ!»، «بۇزۇق كاتتىۋاشلارغا ئەگەشكەنلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم!» دېگەندەك شوئارلارغا

تىكىلىپ قالغان تېزەك قېلىپىنىڭ تىزلىرى تىترەپ، ئىشتىنى بىلىدە توختىمايۋاتاتتى. ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرغان گاڭ گۇتۇ بولسا سارغىيىپ كەتكەنىدى. . .

پاسار داۋۇت ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، ئون ئىككى نەپەر قوراللىق مىنبىڭ بىلەن قايتىپ كەلدى. مىنبىڭلار ئەمدى يىگىرمىگە يەتكەنىدى. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك، ئوقۇتقۇچىلار سادىر مەرۇپ، ئابدۇقادىر، كامىل، مۇرات، چىشى تۆكۈلگەن مۇئەللىم قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ئون ئىككى كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇۋالدى. ئوقۇتقۇچىلار ئەمدى ھەرقانداق پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىك، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرماقتا ئىدى. قايتا يولغا قويۇلغان ئەتىگەنلىك دولقۇن ئەمگىكىگە زەينىدىن، ئايىم نۇرى، تۇردى ھېكىم قاتارلىق يىگىرمە نەچچە ئوقۇتقۇچىدىن باشقىلىرى چىقمىدى. ياتاقداش، ئىشداشلىرىنىڭ زەھەردەك ئالىيىشى، سېسىق گەپ قىلىشى ۋە ئارىغا قاتماسلىقتەك يەكلەشلىرىدىن، بۇ بەندىلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا دولقۇنغا چىقماس بولۇۋالدى. كەچلىك ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئۆگىنىشىدىمۇ ھېچكىم پىكىر بايان قىلمىدى، ھەممىسى جىم ئولتۇرۇۋالدى، زېرىككەن مىنبىڭلارمۇ ئاخىرى ياتقىدا قارت ئويناپ، ھاراق ئىچىدىغان بولدى. بۇنداق تىركىشىش ئۈچ ھەپتە سوزۇلدى. بىر كۈنى، ھەربىيچە كىيىنگەن، بەللىرىگە كۆپ پىستانلىق كەڭ كەمەر باغلىغان، بىلىكىگە بىر غېرىچ كەڭلىكتە قىزىل پەتتە چىگىلگەن تۆت ياش بالا قوشكۆلگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى خەنزۇ ئىدى. سادىر مەرۇپ، ئابدۇقادىر، كامىل، مۇراتلار ئۇلار بىلەن باش قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار كۇلۇبقا يىغىلدى. ھەممىسىنىڭ كۆزى قىزىل پەتتىدىكى سېرىق ھەل بىلەن يېزىلغان «خۇڭ ۋېيبىڭ»① دېگەن خەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاستىدا «قەشقەر خۇڭ ئەرسى. ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق تۇەنى» دېگەن خەتلەر پارقىراپ تۇراتتى. خەنزۇ باللارنىڭكىدە بولسا، «خوتەن خۇڭ ئەرسى، يۇكسەك چوققا ئىسيانكارلار تۇەنى» دېگەن سۆزلەر بار ئىدى. ھايال ئۆتمەيلا، يىگىرمە قوراللىق مىنبىڭ بۇ تۆت خۇڭۋېيبىڭنى تۇتۇش ئۈچۈن، كۇلۇبقا بېسىپ كىردى. ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان قىرىقتەك ئوقۇتقۇچى گىرەلىشىپ، ئۇلارنى چەمبەر ئىچىگە ئېلىۋالدى. ئوق چىقارسىلا، بۇ كۇلۇبتىن ساق

① قىزىل قوغدىغۇچى.

چىقالمايدىغانلىقىنى بىلگەن مىنبىڭلار بىردەم ئىتتىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ باققان بولسىمۇ، كۈچ ئېلىشالمىدى. قەشقەرلىك قوشۇما قاش يىگىت ئۇلارغا قاراپ سۆزلىدى:

— مىنبىڭ ئاكىلار، سىلەر دېھقان پەرزەنتى، ئاغزىڭلارغا بىلىم سالغان، ئىنى، سىڭىل، باللىرىڭلارنى ئوقۇتۇپ كۆزىنى ئاچقان بۇ ئۇستازلارغا مىلتىق چېنەشكە قانداقمۇ كۆڭلۈڭلار ئۇنىدى؟ — قوشۇما قاش خۇڭۋېيبىڭ گەپكە خېلىلا چىۋەر ئىدى، — سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ؟ مۇشۇ ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلار دۈشمەنگە ئوخشامدۇ؟ ياق، ئۇلار ئىنقىلابىي ئامما! پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئىنقىلابنىڭ نەيزىسىنى ئۇلارغا قاراتتى. سىلەر بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۆز قېرىندىشىڭلارغا تىغ كۆتۈرۈۋاتىسىلەر! . . .

مىنبىڭلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېشى ساڭگىلىدى، بەزىلىرى كالپۇكلىرىنى چىشلىدى، لېكىن قىسمەنلىرى يەنىلا مىلتىقىنى چىنەپ، بۆرىدەك قاراپ تۇراتتى. قەشقەرلىك خۇڭۋېيبىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچىلار، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، «فەندۇڭ لۇشيەن»[1]گە قارشى ئىنقىلاب ئوتى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە! خاتا زەربە بېرىلگەن ئامما «پىڭپەن»[2] قىلىنماقتا. ئىنقىلابىي ئامما ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ يېنىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكتە! ھەممىمىز ئويغىنايلى، ئىسيانكارلار بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، قارا قورغانلارغا ھۇجۇم باشلايلى! — قەشقەرلىك خۇڭۋېيبىڭ يېنىدىكى خەنزۇ يىگىتنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى، — ھازىر خوتەن ئاساسىي جەھەتتىن ئويغاندى، بۇ يەردە تۇنجى بولۇپ، «يۈكسەك چوققا ئىسيانكارلار تۈەنى» قۇرۇلدى. . .

كۇلۇب ئىچىدە گۇلدۇراس چاۋاكلار چېلىنىپ: «ئۆزىمىزنى - ئۆزىمىز ئازاد قىلايلى! » ، «ياشىسۇن. . . » دېگەندەك شوئارلار ياڭرىدى.

— ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچىلار، — دېدى قەشقەرلىك خۇڭۋېيبىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، — «خوتەن خۇڭ ئەرسى يۈكسەك چوققا تۈەنى» نىڭ باشلىقى، تولۇق ئوتتۇ-

---

① ئەكسىيەتچى لۇشيەن.

② ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

را مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جاڭ تيەننى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!

قىزغىن ئالقىشلاردىن كېيىن، جاڭ تيەن خەنزۇ تىلىدا قىسقىلا سۆزلىدى. قەشقەرلىك خوڭگۈيبىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى جۈملىمۇجۈملە ئۆرۈپ تۇردى:

— ئىنقىلابىي ئۇستازلار! ھازىر خوتەننىڭ ئىدارە، جەمئىيەت، كان ـ كارخانا، مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىسيانكارلار تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، ئەكسىيەتچى لۇشيەنگە جەڭ ئېلان قىلدى. سىلەرمۇ جەڭگىۋار سەپ تۈزۈپ، ئۆز تەشكىلاتىڭلارنى قۇرۇڭلار . . . قورقۇش، تېڭىرقاش، ئارقىغا قاراش پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا نومۇس! . . . تېررورلۇق، دەھشەتلىك قىيناق، قارا سوراقخانىلارنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان، يەرلىك قاراڭغۇ تۈرمىلەردە ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بىزنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. . . ئىنقىلاب بايرىقىنى يەتتە ناھىيىنىڭ ھەممىسىگە قادىشىمىز كېرەك. . . بىزمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەرگە ۋە قەشقەر خەلقىگە ئوخشاش، قارا ئۇۋىلارنى پاچاقلاپ، ئامما ئۈستىدىن تۇرغۇزۇلغان قارا ماتېرىيال، قارا دېلولارنى كۆيدۈرۈشىمىز كېرەك! . . . ئۇۋال قىلىنغان قېرىنداشلىرىمىزنى ئازاد قىلىش، ئۇلارنى ئۆز سېپىمىزگە قايتۇرۇپ كېلىش — بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز. . .

كۈلۈبتا قىقاس ـ چوقان، قاراسلاپ چېلىنغان چاۋاك ئاۋازلىرى ۋە شوئارلار ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىپ تۇردى! . . .

ئوقۇتقۇچىلار تۆت خوڭگۈيبىڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ، چوڭ يولغىچە بىللە كەلدى. ئۇلار يول ئۈستىدە توختاپ، ئىنقىلاب داۋلىلىرى ھەققىدە راسا سۆزلىشىۋاتقاندا، شەھەر تەرەپتىن ئات مىنگەن ئىككى قوراللىق مىنبىڭ چەمبەرچەس ماتاپ باغلانغان بومبا ساقال ئورۇق بىر ئادەمنى يالاپ ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى ساقاللىق خۇددى مەست ئادەمدەك يولنىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ دەسسەپ، سەنتۈرۈلۈپ باراتتى ۋە مۇرىسى بىلەن يىقىلىپ ئارانلا تۇراتتى. مىنبىڭلار توپ ئالدىغا كەلگەندە، ئاتتىن چۈشۈپ تۇتقۇننى زەرب بىلەن ئالدىغا ئىتتەردى. تۇتقۇن يەتتە ـ سەككىز قەدەم يەرگىچە دەلدۈگۈنۈپ كېلىپ، ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسكەن كۆپكۆك ياۋا قومۇشلار ئۈستىگە دۈملا چۈشتى. . . ئىككى مىنبىڭ توپلىنىپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە ھەربىي كىيىم كىيگەن تۆت خوڭگۈيبىڭنىڭ ئالدىغا خۇددى دۈشمەن قوماندانىنى ئەسىرگە ئالغان قەھرىمان جەڭچىلەردەك گىدىيىپ كەلدى. بۇ چاغدا، تۇتقۇن ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپ، ئىلەڭ ـ سىلەڭ ماڭغىنىچە كامىل

بىلەن مۇراتنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

— ئۆتۈنۈپ قالاي... بالامنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!... سىلەر... سىلەر، بالامنى ئېلىپ قاچتىڭلار!... ئۇ ئەمدىلا ئىككى ياشتىن ئاشقان... بۇدۇر چاچ، ئاپئاق توقاچ يۈزلۈك... تىلى چۈچۈك... بويى جوتۇ سېپچىلىكلا بار ئىدى... — دېدى.

— بۇ قاچقۇن ئەكسىيەتچىنى، — دېدى مىنبىگىنىڭ بىرسى قامچىسىنى بىلىگە قىستۇرۇۋېتىپ، — نىيە ناھىيىسىدىن توقسان كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەندىر دەرياسى بويىدىن تۇتتۇق... يولدا كەلگىچىلا ئاشۇ بىر گەپنى تەكرارلاپ كەلدى...

— سىلەر بالامنى قايتۇرۇپ بېرىڭلارچۇ! — دېدى تۇتقۇن گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — مەن ئۆمرۈم بويى قۇلدەك خىزمىتىڭلارنى قىلاي... ئىتىڭلار بولۇپ كېتەي... مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن...

— ھېكمەت! — ۋارقىرىدى مۇرات.

— ھېكمەت!!!... — كامىل دەھشەتلىك ۋارقىراپ، ئۇنىڭ مۇرىلىرىدىن سىلكىشلەشتۇردى، لېكىن ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق، ھارغىنلىق، بالىنىڭ ئوتى دەردىدە تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەن ھېكمەت كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، تىزلىرى ئېگىلىپ، بەدەنلىرى تىترەپ تۇرسىمۇ، ئاشۇ بىر ئېغىز «بالام... بالامنى...» دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى... مۇرات بىلەن كامىل ھېكمەتنى ئالدىراپ پېشىشكە باشلىدى. بۇ ئەسنادا، ھېلىقى مىنبىك مۇراتنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ: «ھەي ئەپەندى، بۇنى باشلىققا تاپشۇرمىغۇچە...» دەپ بولغۇچە، مۇرات ئۇنىڭ زاڭقىغا شۇنداق بىر مۇشت سالدىكى، مىنبىك قانداق بولۇپ ئۆزىنىڭ ئېرىق ئىچىدە ئوڭدا يېتىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىككى مىنبىگىنى ئورىۋېلىپ، تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ھېكمەتنىڭ ئۇچىسىدىكى ئارغامچا يېشىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان ئىككى قولى پەسكە چۈشمىدى. ئۇ گويا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئەنە شۇنداق ھالەتتە تۇغۇلغاندەك تۇراتتى. كامىل ھېكمەتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە بولۇپ شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى خوڭخۇيبىڭلارغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، غەزەپلەنگەن قەشقەرلىك خوڭخۇيبىڭ پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلارغا يۈزلەندى:

— يولداشلار، ئۇستازلار! بىر ئىقتىدارلىق رەسسام ۋە ئەدىب شۇنداقلا مۇنەۋۋەر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ قانداق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر! — ئۇنىڭ

ئىچىدىكى غەزەپ مۇشتۇملىرىغا يىغىلدى، — بۇنداق ئازاب چەككەن، خارلانغان ھېكمەت-لەر پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تولۇپ يېتىپتۇ! . . . بولۇپمۇ يەتتە ناھىيىدىكى تېر-رورلۇق، فاشىستلىق سەۋەبىدىن، ئۆلگەن، مېيىپ بولغان، ئەقلىنى يوقاتقان سانسىز ئوقۇتقۇچىلار ۋە خەلق ئازاب ئىچىدە تولغانماقتا! ئۇلار فەندۇڭ لۇشيەنىنىڭ قۇربانلىرى! . . . سىلەر بۈگۈندىن قالدۇرماي، تەشكىلاتىڭلارنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىنقىلابنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇڭلار! . . .

قەشقەرلىك خۇڭگۇيىبىڭ ھېكمەتنىڭ مۇرىسىگە بوش پەپىلەپ قويدى:

— يولداش ھېكمەت، كۆپ جاپا چەكتىڭىز. . . سىز ئىنقىلاب. . .

— بالامنىڭ ئىسمى ئىنقىلاب ئەمەس. . . ئۇ. . .

ھېكمەت تۇرغان يېرىگىلا يىقىلدى. . . ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى دەرھال كۆتۈرۈۋېلىشتى.

— سىلەر ھېكمەتنى بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدۇرۇپ، ئاز - ئازدىن قۇۋۋەتلىك تاماق بېرىڭلار، — دېدى قەشقەرلىك خۇڭگۇيىبىڭ، — قولىنى ئاستا - ئاستا ئۇۋۇلاپ پەسكە چۈشۈرۈڭلار. . . بولمىسا قولى تۇتماس بولۇپ قالىدۇ.

خۇڭگۇيىبىڭلار ۋېلىسىپىتلىرىگە مىنىشىپ كېتىپ قېلىشتى. ئوقۇتقۇچىلار ھېك-مەتنى كۆتۈرۈپ ياتاققا ئەكىرىپ كېتىۋاتقاندا، دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان گاڭ گۈتۇ بىلەن تېزەك قېلىپى باشلىرىنى شارتلا قىلىپ تارتىشتى.

ھېكمەتنىڭ كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ، ئاستا ياتقۇزۇلدى، ئۇنىڭ دۈمبە، مەيدە، قورساقلىرىدا قامچا، تاياق، تاسما ئىزلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قىل ئارغام-چا① مۇرىلىرىنى قىيىۋەتكەنىدى. بىلەكلىرىدە تولغۇم - تولغۇم قاپقارا قان ئۇيۇپ، خۇددى ئىككى بىلىكىگە ئىككى يىلان چىرمىشىۋالغاندەك تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلار داستا ئىسسىق سۇ ئەپكېلىشتى. كامىل ئۇنىڭ بەدىنىنى ئاۋايلاپ سۈرتتى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇقتا قايناق سۇ ئىچۈردى. قاچانلاردىدۇر يوقاپ كەتكەن مۇرات ئاشخانىدىن شورپا تەييار قىلىپ ئەپكەلدى.

---

① قىل ئارغامچا — يۇڭدىن ئىشلىگەن ئارغامچا بولۇپ، باغلاپ بولۇپ ئۈستىدىن سۇ قۇيۇۋەتسە ئارغامچا كىرىشىپ بەدەن، قوللارنى كېسىۋېتىدۇ. بۇ ئادەم جازالاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

تاڭ سەھەر ھاجەتكە چىققان گاڭ گۇتۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشكى ۋە تاملاردىكى شوئارلارغا قاراپ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۇ كالتە ئىشتىنىنىڭ ئېغىنى قاماللىغىنىچە ياتاققا كىرىپ، تېزەك قېلىپىنى ئويغاتتى. ئۇلار ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا ھويلىغا چىقتى. «تۇتقۇنلار مەيدانىدا ئەرك پىداكارلىرى ئىسيانكارلار تۇەنىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز!»، «ئەرك پىداكارلىرى! ئورنىڭلاردىن دەس تۇرۇپ، چەرەندە - پەرەندىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاڭلار!»، «يوقالسۇن ئەكسىيەتچى لۇشيەن!»، «ئەكسىيەتچى لۇشيەن مۇرتلىرىنى يوقىتايلى!» دېگەندەك شوئارلار بۇ ئىككى ئەرۋاھنىڭ جېنىنى ئېلىپ جەھەننەمگە تاشلىدى. ئۇلار قانداقتۇر تاشقا پۈتلاشقاندەك بولۇپ، ئاياغ ئاستىغا قاراشتى. يەردە، ئاپئاق ھاك تېشىدىن تىزىلىپ يېزىلغان «ئەرك پىداكارلىرى» دېگەن ئاجايىپ چوڭ خەت تۇراتتى. گاڭ گۇتۇ بىلەن تېزەك قېلىپى ئاشۇ خەت ئىچىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى «ئەرك پىداكارلىرى»نىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندەك، ھودۇقۇپ كېتىشتى.

— پا جۇرېن، سىز شۇ ھازىرلا شەھەرگە ماڭسۇن، — دېدى گاڭ گۇتۇ ياتاققا كىرگەندىن كېيىنمۇ چىشلىرى كاسىلداپ، — تاڭ شۇجى، ساجۇرېنلەر ئامال قىلمىسا بومىدى شۇ... ئىككىمىز شۇ يەردە بىكار - بىكار ئۆلسە بولامدۇ شۇ؟...

شۇ كۈنى ئوقۇتقۇچىلار ئەتىگەنلىك تاماقتا مىنبەڭلارنىڭ ئازلاپ قالغانلىقىنى سەزدى. بىر مىنبەڭنىڭ ئېيتىشىچە، سەھەردە تامدىكى شوئارلارنى كۆرۈپلا، توققۇز نەپەر مىنبەك قېچىپ كېتىپتۇ. تېزەك قېلىپىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىراق، چۈشتىن كېيىن، كۈن قايرىلغاندا، قاپقارا پارقىراپ تۇرغان بىر پىكاپ تۇتقۇنلار مەيدانىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن يۈزىنى قانداقتۇر قاپارتقۇلار قاپلاپ كەتكەن، ئورۇق، ئوتتۇرا بوي، ئالدىغا سەل ئېڭىشەڭگۈ تاڭ ۋېنسەي بىلەن قورساق سالغان ساۋۇر روزى ۋە تېزەك قېلىپى چۈشتى. ئۇلار شتاب ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىشى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار ھويلىنى قاپلىدى. بارا - بارا ياتاق، ئاشخانىدىكىلەرمۇ يىغىلىپ، ھويلا ئادەم بىلەن لىقمۇلىق تولدى. كامىل، مۇرات، ئابدۇقادىرلار توپ ئارىلاپ نېمىلەرنىدۇر دەپ يۈرەتتى ۋە بەزىلىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايتتى. شتاب ئىشخانىسى ئەتراپى پۈتۈنلەي قورشىلىپ بولۇنغانىدى. تۇيۇقسىز توپ ئارىسىدىن شوئار تووۋلاندى:

— فەندۇڭ لۇشيەننىڭ باش بالاخورى تاڭ لويىدىن ھېساب ئالايلى!...

— ئىككى قولى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ساۋۇر قور-

ساقنى يوقىتايلى! . . .

— چىقسۇنمۇ؟

— چىقسۇن! . . .

گۇلدۇرماممىدەك شوئار ئاۋازلىرى ئەرك توپلىرىدەك ياڭراپ، قوشكۆل ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلدى ۋە يىراق كەنت ئۈستىلىرىدىن غوگۇلداپ ئۆتتى. بۇ پۈتۈن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، تارتقان خورلۇقلىرى ئىككى مۇشتۇمىغا غەزەپ - نەپرەت بولۇپ تۈگۈلگەن تۇتقۇنلارنىڭ ئەرك يولىدا ئېلىپ بارغان ئىسيانى ئىدى. . . بۇ، ئەرككە سىرتماق سالغۇچىلارنى تۇنجى قېتىم تىترەتكەن ئىسيان بولۇپ قالدى!

شتاب ئىشىكى ئېچىلىپ، پەلەمپەي ئۈستىدە تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر روزى، گاڭ گۇتۇ ۋە تېزەك قېلىپى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن غەزەپلەنگەنلىك ئەمەس بەلكى قورققانلىق، ئەنسىزلىككە چۈشكەنلىك ئىپادىسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەسلىدە قارشىلىقنى بىر ئولغۇماچ بىلەن تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە پىچىقىنى بىلەپ چىققان بۇ بايقۇشلار تارىنىڭ مۇنچىلىك چىڭ تارتىلىپ كەتكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى. تارا ئۈزۈلسە، بۇلارغىمۇ ياخشى ئاقىۋەت يوق ئىدى.

— يولداشلار، — دېدى تېزەك قېلىپى تۇنجى قېتىم «جىن - شاياتۇن»نى ئېغىزىغا ئالماي، — ھەممىڭىز كۇلۇبقا كىرسەڭ، چىرايلىق پاراڭلاشساق. . . ھەرقانداق تەلەپ - پىكىرىڭلار بولسا، ئىككى رەھبىرىمىزگە دادىللىق بىلەن قويساڭلار بولىدۇ.

— ئۇلار بىزنى كىرگۈزۈۋېتىپ قاچماقچى! — دېدى كىمدۇر بىرى.

— ئاۋۋال سەنلەر كىرىش! — ۋارقىرىدى خانىملاردىن بىرسى.

كۇلۇب ئادەم بىلەن تولدى. بىراق ھېچقايسىسى ئولتۇرۇشمىدى، ھەممىسلا ئۆرە تۇرۇشاتتى. تاڭ ۋېنسەينىڭ ئاچچىقى كەلگەندە، يۈزىدىكى قاپارتمىلار قىچىشىپ كەتسە كېرەك، ئۇ پات - پات يۈزىنى تاتىلايتتى. ساۋۇر روزى پۈۋۈلگەن ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوغا قايناۋاتاتتى.

— تاڭ ۋېنسەي، مەن سېنىڭدىن بىر مەسىلىنى سورىماقچىمەن، — دېدى كامىل ئالدىغا چىقىپ، — سەن قوشكۆلگە سۈرگۈن قىلىنغان بىريۈز ئون توققۇز نەپەر تۇتقۇنغا ۋە مەكتەپلەردە رېجىم ئاستىدا ئىشلەۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچىلارغا قانداق قارايسەن؟ ئۇلار سېنىڭچە سىنىپىي دۈشمەنمۇ؟

— مەن ئۇلارغا ئىككى تەرەپتىن قارايمەن، — ئۆزۈن يىل يەرلىكتە ئىشلىگەن تاڭ

ۋېنسەي بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە بىلمەيتتى، ئۇنىڭ سۆزىنى تېزەك قېلىپى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىپ تۇردى، — بىرسى، ھەقىقىي مەسىلىسى بارلار، يەنە بىرسى، كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقىدىن قارىغا كەتكەنلەر بۇلار ئاز سانلىقلار. . .

— «ئاز سانلىقلار» دېگەن سۆزۈڭنى ئېنىقراق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسەن؟

— بۇ تەخمىنەن يۈزدە بەش پىرسەنتتىن ئون پىرسەنتكىچە. . .

— ئۇنداقتا، ناھىيە بويىچە تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تارتىپ چىقىرىلدى. . . ئۇنىڭدىن يىگىرمە ياكى قىرىق ئادەمنى چىقىرىۋەتسەك، قالغىنى سىنىپىي دۈشمەنمۇ؟

— بۇ. . .

— گەپ قىلە! — تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى.

— دۆلەت ئازاد بولغان ئون يەتتە يىلدا، پارتىيە رەھبەرلىك قىلدىمۇ ياكى بۇرژۇئازىيىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇقادىر، — بۇ نېمانچە كۆپ سىنىپىي دۈشمەن؟ . . .

ئۆز گېپىدىن تۇتۇلۇپ قالغان تاڭ ۋېنسەي نېمە دېيىشىنى بىلمەي، يۈزىنى تاتىلىدى. بۇ چاغدا، كۇلۇب ئىچىدە قالايمىقان ۋارقىراش، شوئار ئاۋازلىرى ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇردى.

— ھەي، ساۋۇر روزى، — ۋارقىرىدى مۇرات، — «ئەرك پىداكارلىرى» تەشكىلاتىنى قۇرغانلىقىمىزنى ئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ تونۇمسەن ياكى ئۇنى ئېتىراپ قىلمامسەن؟ . . .

— مېنىڭچە، پارتىيە رەھبەرلىك قىلمىغان ھەرقانداق تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى يولسىزلىق بولىدۇ.

— ئۇنداقتا، «خۇڭ ئەرسى» ، «يى سەن سى» قاتارلىق شىنجاڭدا ۋە مەملىكەت ئىچىدە قۇرۇلغان سانسىزلىغان ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىيەتچى تەشكىلاتمۇ؟ — ۋارقىرىدى ئەخمەت ھوشۇر. ئۇ بۇ چاغقىچە «قالپىقىم بار» دېگەن يۈك ئاستىدا، ئۈن ـ تىنسىز يۈرۈپ كەلگەنىدى.

كۇلۇب ئىچىدە سىستېمىلىق ھەرىكەت بۇزۇلۇپ، دەردكە تولغان ئوقۇتقۇچىلار بىر-بىرىگە يول قويماي ۋارقىرىشاتتى. بىر سوئالغا جاۋاب بېرىلىپ بولغۇچە، قانداقتۇر باشقا سوئاللار يېغىپ كېتەتتى. بىرسى: «ئۆلگەن، مېيىپ بولغان، ئەقلىنى يوقاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى سەندە! » دېسە، يەنە بىرسى: «مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا

بولغان كۆز قارىشىڭنى سۆزلە» دەپ توۋلايتتى. تاڭ ۋېنسەي يۈزىنى ھەدەپ تاتىلاپ قانىتىۋەتتى. ساۋۇر روزى بۆزىرىپ، تاتىرىپ، بەزىدە كۆكىرىپ، ھەربىر سوئال ـ سوراق باشلانغاندا، بىر خىل ئۆزگىرىپ تۇراتتى. بارغانسېرى ئۆرلەپ قېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا سىلجىپ كەلمەكتە ئىدى.

— يولداشلار، — دېدى بېشىنى تېڭىۋالغان بىر ئوقۇتقۇچى كۆپچىلىك-كە بۇرۇلۇپ، — ئۇلار نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچىلارنى سىنىپىي دۈشمەن، «ئەرك پىداكارلىرى» تەشكىلاتىنى ئەكسىيەتچى تەشكىلات دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن خاتا مەيداندا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭغا يول قويامدۇق؟...

— قويمايمىز!...

— كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان جاھىل ھوقۇقدارلارنى پرولېتارىياتنىڭ سوراق سەھنىسىگە يالاپ ئېلىپ چىقايلى!...

— قانخور ساۋۇر روزىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرەيلى!...

سادىر مەرۇپ، ئابدۇقادىر، كامىللارنىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئوقۇتقۇچىلار ئالدىغا بېسىپ كەلدى. زەيىندىن، تۇردى ھېكىملەرمۇ ئۇلارنى توسۇپ قولىنى كېرىپ تۇرۇۋال-غاندى، كىمدۇر بىرسى تۇردىنى بىر تېپىپ يۇملىتىۋەتتى. زەيىندىننى بولسا ياقىسى-دىن بوغقانچە تارتىپ، توپنىڭ ئارقىسىغا ئىتتىرىۋەتتى. ئۇندەك مىنبەرگىنىڭ قاتتىق مۇھاپىزىتى بىلەن، تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر روزى، گاڭ گۇتۇ، تېزەك قېلىپى ئىشىك ئالدىغا ئاران يېرىۋالدى ۋە بېسىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ، ماشىنا تەرەپكە قاچتى. تاڭ ۋېنسەي تېزەك قېلىپىنىڭ، ساۋۇر روزى گاڭ گۇتۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، ماشىنىغا چۈشتى ـ دە، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى گۈپلا قىلىپ ياپتى. ئوقۇتقۇچىلار يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئۇلار غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى. بىر يەرلەرگىچە قوغلاپ بارغان بىر توپ ئوقۇتقۇچى ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن تاش، كېسەكلەرنى ئېتىپ قېلىشتى.

ئەتىسى قوشكۆل تۇتقۇنلار مەيدانى ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان جىمجىتلىققا چۆكتى. شتاب ئىشخانىسى، مىنبەگلار ياتاقلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇراتتى. گاڭ گۇتۇ، تېزەك قېلىپى ۋە مىنبەگلار بىر كېچىدىلا تىكىۋەتكەنىدى. سادىر مەرۇپ ھويلىغا توپلانغان ئوقۇتقۇچىلارغا قاراپ، يۇقىرى ئاۋازدا دېدى:

— يولداشلار! بىز قوشكۆل جىنلىرى باشقۇرۇقىسىز قالدۇق دەپ، يامراپ كەتسەك

بولمايدۇ. . .

سادىر مەرۇپنىڭ چاقچىقى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— بىز شەھەرگە كىرىپ، ھوقۇقدارلاردىن ھېساب ئالىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن، قولىمىزدا سىستېمىلىق، مۇكەممەل، پاكىتلىق ماتېرىيال بولۇشى كېرەك. . . — دېدى سادىر مەرۇپ ئالقانلىرىغا ئۇرۇپ، — شۇڭا، ئوتتۇرا گۇرۇپپىلار بويىچە ئىككى كۈن فەندۇڭ لۇشيەن ئۈستىدىن شىكايەت ئېلىپ بارىمىز. . . ھەربىر ئوقۇتقۇچى كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغان، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئەھۋاللارنى تولۇق سۆزلىشى كېرەك. بىز توپلانغان ماتېرىياللارنى رەتلەپ دازىباۋ قىلىپ چاپلايمىز، چۇەندەن قىلىپ تارقىتىمىز، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پۈتۈن خوتەن خەلقىگە، ھەتتا مەملىكەتكە ئۇقتۇرىمىز. پاكىتتىن ئىبارەت قورال بىلەن قوراللىنىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئاداققىچە ئېلىپ بارىمىز. . .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا، شىكايەت قىلىش باشلاندى. بەزى گۇرۇپپىلاردىن قايناپ - تېشىپ، چاڭقىلداپ سۆزلىگەن ئاۋازلار ياڭرىسا، بەزىلىرىدىن ھۇ تارتىپ يىغلىغان نالىلەر كېلەتتى. . . ئۇلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككىدىن كاتىپ يېزىپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. بىرىنچى گۇرۇپپىغا كامىل يېتەكچىلىك قىلغانىدى. بۇ گۇرۇپپا بوستان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ۋە چايخانا مەكتەپنىڭ بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئايىم نۇرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان مەينىسا خانىم شىكايەت قىلىۋېتىپ ھوشىدىن كەتتى. ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى مەمەت يۈسۈپ بىر ئېغىز گەپ قىلالاتتىيۇ، بېشى توختىماي چايقىلىپ، ئۈنسىز يىغلايتتى. ئۇ، «زۇلمەتتىكى يۇلتۇزلار» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئايىم نۇرىنىڭ تۇنجى قۇربانى بولغانىدى. ھېكمەت شىكايەت يىغىنىغا قاتناشقان بولسىمۇ، بىر چەتتە تامغا يۆلەنگىنىچە، خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. لېكىن يەنىلا بىر ئەسلىگە كېلىپ، بىر كېتىپ قالاتتى. . .

— مەمەت يۈسۈپكا، — دېدى كامىل تەسەللى بېرىپ، — ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىرىماي سۆزلىسىلە. . .

— ئايىم نۇرى «ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ بايرىقىنى مەن مەمەت يۈسۈپكە بەرگەن،

ئۇ مەينىسا دېگەن قېرى ئەكسىيەتچىگە بېرىپتىكەن» دەپ تۇرۇۋالدى، — دېدى مەمەت يۈسۈپ يەنىلا ئېسەدەپ، — ساناپ باقسام، ئۇلار مېنى يىگىرمە بىر خىل قىيناق ئۇسۇلىدا قىينىدى. . . قېرى جېنىمنىڭ ئامان قالغىنىغا هازىرمۇ هەيران بولىمەن. . .

بىر قولىنى قولتۇقىدىن، يەنە بىر قولىنى مۈرىسىدىن تارتىپ چىقىپ، چوڭ بارماقلىرىنى سىمدا بوغۇش، ئىككى يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىغا قاقلاپ قويۇپ، كۆزى چىمچىقلاپ كەتسىلا ئۇرۇش، دوگغايتىپ، چاتىرىقىدىن ئىككى پۇتى ئارىلىقىدىكى لامپۇچكىغا قارىتىش. . . قولىنى كېرىپ، ئالقانلىرىغا خىش قويۇپ، بىر پۇتلاپ تۇرغۇزۇش. . . قاتارلىق خىلمۇ خىل قىيناق ئۇسۇللىرى ئوقۇتقۇچىلارغا يېڭىلىق بولمىسىمۇ، ئۇلار ياشانغان بىر ئادەمنىڭ بۇ جازالارغا قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىگە هەيران بولاتتى.

— جان چىقمىسا، ئادەمگە تەس ئىكەن. . . — مەمەت يۈسۈپ توختىماي چۇشۇۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇراتتى، — تاياق - توقماق، ئەقىلگە سىغمايدىغان قىيناقلار سۆڭەكلىرىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. . . مەن بەرمىگەن هەم كۆرمىگەن بايراقنى مەينىسا خانىمنىڭ يۈزىگە قاراپ قانداق سورىيالايمەن؟. . . شۇڭا، تەتۈر قاراپ تۇرۇپ: «مەينىسا خانىم، بايراقنى كۆردىڭىزمۇ؟» دەيتتىم. ئۇ بولسا: «مەن بايراق كۆرمىدىم. . .» دەيتتى - دە، هەر ئىككىمىز ئايىم نۇرىنىڭ دۇمبا - دەشناملىرىغا قالاتتۇق. . .

— قوپە، يانچۇقچى جالاپ، — مۇرات ئايىم نۇرىنىڭ كۆتىگە بىرنى تېپىپ، ئۇنى مەيدانغا چىقىرىپ قويدى، — سېنى هايۋان دېسەك، هايۋانغىمۇ ئۇۋال قىلغان بولىمىز. سەن قاباهەت مەلئۇننى سۈپەتلەشكە ئۇيغۇر تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. . .

ئوقۇتقۇچىلار بەس - بەس بىلەن دەرد تۆكۈپ، شىكايەت قىلماقتا ئىدى. «كۆلەڭگۈچ ئويناش»[1]، «چاشقاننىڭ تۆشۈك تېشىشى»[2]، «تاۋۇز چېكىش»[3]، «راكېتا

---

① كۆلەڭگۈچ ئويناش» — ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇش.

② «چاشقاننىڭ تۆشۈك تېشىشى» — ئىككى بارمىقىنى بوغۇپ، ئارىلىقىغا مەدەك تىقىش.

③ «تاۋۇز چېكىش» — چېچىنى قىرقىۋېتىپ، بېشىغا چۈۋۈق بىلەن ئۇرۇش.

ئۇچۇرۇش»، [1] «گاگزىغا بىسىش» [2] قاتارلىق خىلمۇخىل قىيناقلاردا يارىلانغان، جارا-ھەتلەنگەن، زىدە بولغان قول، پۇت، باشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئىسەدەپ - ئىسەدەپ يىغلايتتى. بەزىلىرى تۆكۈلگەن چىشلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كۆرسەتتى.

ئىككى كۈن داۋاملاشقان «فەندۇڭ لۇشيەن ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش» ئاخىرلاش-تى. ئوقۇتقۇچىلار بىر سەھەرلىكى سەپ تارتىپ شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. «قوشكۆل-نىڭ جىنلىرى يامراپ كېتىپتۇ...» دېگەن سۆز شۇ ۋەقەدىن قالغان بولۇپ، خەلق ئاغزىدا بىرمەزگىل ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، خوتەن دىيارىدا كېيىنچە لەتىپە، چاقچاقتا ئايلىنىپ قالغانىدى...

# قىزىل قىيان

ناھىيە بويىچە پۈتۈن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى چايخانا مەكتەپ ۋە 2 - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە توپلانغانىدى. شەھەر ئىچى بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ، ھەرقايسى ئىدارە - جەمئىيەت، كان - كارخانىلار، زاۋۇت - فابرىكىلار ئۆز ئالدىغا تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى، ئۇلار ئوخشاش ھەربىي كىيىم تىكتۈرۈپ كىيىپ، خۇڭۋېيبىڭ بەلگىسىنى تاقاپ، كوچا - كويلاردا نامايىش قىلاتتى. قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك دۇمباق، جاڭ ئاۋازلىرى ئالىتاغىل توۋلانغان شوئارلارغا قېتىلىپ، شەھەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغا پەيدا قىلغانىدى. نامايىشچىلار قوشۇنى ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆتۈپ كەتكەن ھامان، ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى يەنە بىر توپ ئادەملەر توۋلىشىپ كېلەتتى. قىسقىسى، كوچىلار ئۆتۈشۈپ تۇرغان نامايىشچىلار قوشۇنىدىن خالىي بولالمايتتى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، قوشكۆل ئوتتۇرلىرى پارچىلىنىپ، ھەرخىل تەشكىلاتلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بوستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ

---

① «راكېتا ئۇچۇرۇش» — ئىككى ئۇچىغا خىش ئېسىلغان بادرا ياغاچقا قوللىرىنى كېرىپ باغلاپ، مەيداندا يۈگۈرتۈش.

② «گاگزىغا بېسىش» — ئادەمنى تاختايغا تىزلىرىغىچە باغلىۋېتىپ، تاپان ئاستىغا خىش قويۇش.

مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى «تيەنبىڭ»[1] سىلىڭبۇسىنى قۇردى. ئۇنىڭ سىلىڭلىقىغا مەمتىلى ئىبراھىم تەيىنلەندى. نامزات كۆرسىتىشتە مۇراتقا بېرىلگەن ئاۋاز ئەڭ كۆپ ئىدى. لېكىن كامىل، ھېكمەتلەر قەتئىي قارشى چىقىپ: «ئۇنىڭ تەبىئىتى يېنىك، مىجەزى چۇس ھەم ئالدىراقسان...» دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، مەمتىلى ئىبراھىمنى مۇقىملىدى. ئەسلىدە، مۇراتنىڭ «سىلىڭ» بولغۇسى بار ئىدى. كامىل بىلەن ھېكمەت ئۇنى خالىي بىر جايغا ئاپىرىپ: «سەن كىم بىلەن تۇتۇشماقچى؟ قەدەمدە بىر ئۆزگىرىۋاتقان مەدەنىيەت ئىنقىلابى نەگە بېرىپ، نەدە توختايدۇ؟ ئەگەر راستىنلا بولغۇڭ بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن بىزدىن ئالاقىنى ئۈز، سېنىڭدەك دوستىمىز يوق» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زۇمرەت ۋارقىراپ: «سىزنىڭ مەن بىلەن گۈلچىنئايغا ‹سىلىڭ› بولغىنىڭىزمۇ يېتەر. تولا ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ. قارا، بۇ شادىپاچاق، يوغان بۇرۇننىڭ سىلىڭلىقتىن تەمەيى باركىنا تېخى؟» دەپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەردى.

مەمتىلى ئىبراھىم قاچانكى «فەندۇڭ لۇشيەن»نى پىپەن قىلىش كۈرىشى باشلاندى، شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ يېڭى يۈزلىنىشنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپ قالغانىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئوغرىسى رېخىم نۇرىنى بىر تېپىك بىلەن يىقىتقان خالىق ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كۈرەش مەيدانىغا تاشلاپ بەردى. بۇ ئىتاچىنىڭ دەردىنى بولدى دېگۈچە تارتقان ئوقۇتقۇچىلار غەنىيمەت پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى، ئۇنى بوغۇپ ـ مۇجۇپ، كونا پايتىمىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەمتىلى ئىبراھىم ئۇنىڭ تەختىنى ئىگىلىدى. رېخىم نۇرى، ساجىتخان، قۇتبىرەملەر زەربە بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تارى ئاستا ـ ئاستا بوشىتىلىپ، ئۇلار ئامما قاتارىغا ئۆتكۈزۈلدى. مەكتەپتە ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان توختى قۇربان، زىكرۇللا غوجى، يۈسۈپ قاتارلىق ئوننەچچە مۇئەللىم ئويچە ياتاقتىن ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلدى. ھەر كۈنلىكى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەش، پىپەن يىغىنلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك شىددەتلىك تۈس ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاكتىپ بولغان مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ ئەتراپىغا مىتۈزدە ئۇلاشتى. قوشكۆل تۇتقۇنلىرى شەھەرگە كىرگەن كۈنى، ئالدىغا

---

[1] «تيەنبىڭ» — تەڭرى لەشكەرلىرى. بۇ ئىسىم ماۋجۇشى شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان.

چىقىپ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغان، ياخشى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرغان، ئىسمەت بۇ-جاڭنىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىق خەۋىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەن شۇ مەمتىلى ئىبراھىم ئىدى.

«تيەنبىڭ» سىلىڭبۇسى قۇرۇلۇپ، ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، ئوقۇتقۇچىلار بىلەكلىرىگە قىزىل پەتتە باغلىدى، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىلىكىگە چىگىلگەن قىزىل پەتتىدىكى: «خۇڭۋېيبىڭ»، «تيەنبىڭ ئىسيانكارلار سىلىڭبۇسى» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ، بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى. كەچتە، ھېكمەت نەبىنىڭ ئۆيىگە باردى. تىكەندەك يالغۇز قالغان نەبى ئۇماچ چېلىپ ئولتۇراتتى. ھېكمەت قوشكۆلدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى نەبى بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ ياتقانىدى. ئۇ ئاچىسى گۈلزىباغا، ھېكمەتكە بىر ئۆمۈر يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تاڭ ئاتقىچىلا يىغلاپ چىقتى. تەسەللى بېرىش، بەزلەش ئۇنىڭغا زادىلا كار قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزى بىردەم - يېرىمدەم ئىلىنىپ كەتسىمۇ، چۆچۈپ ئويغىنىپ ھۇ تارتىپ يىغلاپ كېتەتتى. «ئەزىمەت، ئۇكام ئەزىمەت. . .» دەپ جۆيلۈيتتى. . .

— ھېكمەت ئاكا كەلدىڭىزما؟ — دېدى نەبى ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ ئورۇقلاپ بويى ئېگىزلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، — تاماق يەپ بولۇپ، يېنىڭىزغا باراي دەپ تۇراتتىم.

— نېمە، بىر ئىش بارمىدى؟

— مەن ئەمدى ئوقۇمايمەن. . .

— نېمىشقا؟

بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىم ئەزىمەتنى ئىزدەش بىلەن ئۆتىدۇ، بۇ چاغقىچە، ئاقموللا ئىمامغا تارتىشىپ، يىراقلارغا بارالمىغانىدىم، ئىمام بوۋاممۇ تۈگەپ كەتتى. . .

بۇمەرەمخان تۈگەپ، ئارىدىن بىر ئايمۇ ئۆتمەي، ئاقموللا ئىمام قازا قىلغانىدى. نەبى ئاق پوتا باغلاپ، تاۋۇت ئالدىدا: «مېھرىبان بوۋام، ئاق كۆڭۈل ئاتام. . .» دەپ يىغلاپ، بوۋاينىڭ مېيىتىنى خارلىققا قويمىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئوقۇشنى تاشلاپ، ئەزىمەتنى ئىپىشقا بەل باغلىغانىدى.

— ئوقۇمايمەن دېسەڭ، مەن بۇنىڭغا رازى ئەمەس. 8 - سىنىپتا ئوقۇۋاتىسەن، يەنە ئىككى يىل چىدىساڭ، ئوزۇمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتەرمەن دېگەن ئويدا ئىدىم.

— ئويلاپ بېقىڭ، ئوقۇشىڭىزمۇ تايىنى بولمىسا؟ كۈندە شوئار توۋلاپ

نېمە پايدىسى؟

— شۇنداقتىمۇ، مەكتەپتىن چېكىنمەسلىكىڭ كېرەكتە. . . ئەزىمەت يۇتتى، ئۇ خۇددى قۇمغا چۈشكەن تامچىدەك يوقاپ كەتتى. . . — ھېكمەت ئالدىدىكى بىر ئاياق ئۇماچقا تىكىلىپ قالغانىدى، — يەتتە ناھىيىنىڭ مەن بارمىغان چۆل - ئېدىر، مەھەللە - كوچىلىرى قالمىدى. قۇملۇق، يۇلغۇنلۇقلاردا ئايغا قاراپ تۈنىدىم. . . نەچچە كۈنلەپ بىر تال ئۇۋاق نان يېمىدىم، بىر تامچە سۇ يۇتمىدىم. . . «ئەزىمەتنى ئېلىپ قاچقان ئاشۇ دوزىخىيلار ئاتا - بالا مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەمدىغاندۇر؟ . . .» دەپ، خۇداغا نالە قىلدىم. لېكىن، ئويلاپ باقسام، بۇ ماڭا بېرىلگەن جازا ئىكەن. مەن ئاتا - ئانامنى يوقلىمىغىلى توققۇز يىل بوپتۇ. . . خۇدا ماڭا: «سەن ئاتا - ئاناڭنى ئۇنتۇغىنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ سېنىڭ ئوتۇڭدا قانچىلىك كۆيۈۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ بۇنى بىلىپ باق. . .» دەپ كۆزۈمگە كۆرسەتكەن چېغى. . .

ھېكمەت بىلەن نەبى ئاشۇ كېچە گۈلزىبانىڭ كارىۋىتىدا يانمۇيان يېتىپ، ئوتتۇرا كېچىگىچە مۇڭدىشىپ چىقتى. ئۇلار گەرچە بىر تۇغقان قان - قېرىنداشلار بولمىسىمۇ ئۇنىڭدىن چارى ئاكا - ئۇكىلاردىن بولغانىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئۇلارنى ئەنە شۇنداق تەقدىرداش قىلىپ قويغانىدى.

ھېكمەت ئەتىگەندە كۆزىنى ئېچىپلا، يېنىدا نەبىنىڭ يوقلۇقىنى سەزدى: «سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەر» دەپ ساقلىدى. بىراق ئۇ كىرمىدى. ئۇ بىر چاغدا، ئۈستەل ئۈستىدە بىر پارچە خەت بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا تۆت تال ئاچقۇچ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ نەبىنىڭ قېرىنداش بىلەن يازغان خېتى بولۇپ، ئۇ مۇنۇ سۆزلەرنى قالدۇرغانىدى:

. . . «ھېكمەت ئاكا! مەن قاتناش بېكىتىدە بىر ئادەمنىڭ يىغلاپ - تىپىرلاپ تۇرغان ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بالىنى ماشىنىغا زورلاپ ئېلىپ چىققانلىقىنى ئاڭلىدىم. . . بۇنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرىم چاك - چاك بولۇپ كەتتى. ئەزىمەتنىڭ نەلەردىدۇر ‹نەبى ئاكىي› دەپ بويۇن قىسىپ يۈرگەنلىكى، ئەتراپىغا قاراپ مېنى چاقىرىۋاتقانلىقى، بەكمۇ مىسكىن يىغلاۋاتقانلىقى، يات يەر، يات ئادەملەر ئارىسىدا يان - يېنىغا قاراپ تەلمۈرۈپ

تۆرغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى! . . . ئەزىمەت، مەن تاماق يېمىسەم، ئۇمۇ يېمەيتتى. ئانامنىڭ مۈرىلىرىگە كىچىك قوللىرىدا ئۇرۇپ: «ئاكى، مەن ئانا ئەھ، ئەھ ئەتتىم» دەپ مېنى بەزلەپ، ئاغزىمغا قوشۇقتا ئاش تەڭلەيتتى، مەكتەپتىن كېلىپ بولغۇچە، مېنى ئىشىك تۈۋىدە ساقلايتتى. . . مەن كۈچۈك ئۇ ئاسلان بولۇپ ئۆمىلەپ، بىر - بىرىمىزنى قوغلاپ ئوينايتتۇق. . . ئۇ بۇدرۇق قوللىرىدا بوينۇمنى قۇچاقلاپ: «هام. . . هام. . .» دېگىنىچە، يۈزلىرىمنى چىشلەپ ھۆل قىلىۋېتەتتى. ئاھ خۇدا، مەن بۇلارنى ئۆمرۈم بويى ئۇنتالمىسام كېرەك. . . ئەزىمەت يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

ھېكمەت ئاكا، مەن ۋېلىسىپىتىڭىزنى ۋە ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ساتتىم. . . ئەمدى كەتمەكچىمەن، ئەزىمەتنى ئىزدەيمەن. ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالساملا، دۇنيانىڭ ئۇ چېتى بولسىمۇ بارىمەن. قاچان قايتىپ كېلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بەلكىم جاھاننىڭ بۇ قالايمىقانچىلىقىدا، كېلەلمەسلىكىممۇ مۇمكىن. گۈلزىبا ئاچامغا بەرگەن قەسىمىم، سىزنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجىر - شاپائەتلىرىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمدە قوشلاپ جاراھەت پەيدا قىلدى. مەن ئۆرە يۈرگىنىم بىلەن، ئىچىم غەلۋىردەك ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتتى. . . ھەر قېتىم سىزنىڭ چىرايىڭىزغا قانچىلىك زۇلۇم بىلەن قارايدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز. . . مەن ئەمدى ئىچىمدىكىنى دەۋالدىم. ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. خەير ئاكا، ئامان بولۇڭ! ئىككى قورۇ - جاي سىزگە قالدى. ئاچقۇچنىڭ ئىككىسى ئىمام بوۋامنىڭ دەرۋازىسى بىلەن ئۆينىڭ، ئىككىسى بىزنىڭ.

ئىنىڭىز: نەبىدىن.»

ھېكمەت خەتكە ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى، يەنە قايتىدىن ئوقۇدى. ئۇ نەبىنىڭ ئازابلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنىڭ بۇنچىلىك ۋىجدان ئازابىغا قالغانلىقىنى ھېس قىلمىغانىدى.

ھېكمەت مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندە، ھەممە ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان

ماتېرىيالنى دازىباۋ قىلىپ يېزىۋاتاتتى. مەمتىلى ئىبراھىم قەغەز يېتىشمىگەن گۇرۇپ-پىلارغا بولاق - بولاق كونا گېزىتلەرنى تارقىتىپ يۈرەتتى. كارىدور ئىچى، ياتاقلار خۇددى ئۇرۇش دەۋرىدىكى جەڭگىۋار ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

— ھېكمەت، — دېدى مەمتىلى ئىبراھىم بەت نومۇرى قويۇلۇپ بولغان بىر باغلام دازىباۋنى سۇنۇپ، — سەن بۇنى گۈلباغدا دازىباۋ چاپلاۋاتقانلارغا يەتكۈزۈپ بەرسەڭ قانداق؟

— بولىدۇ.

گۈلباغدا مەخسۇس تيەنبىڭ سىلىڭبۇسىنىڭ بورىدا، تاختايدا ياسىغان پىپەن تاملىرى بار ئىدى. ئۇستەل ئۈستىگە ئورۇندۇق قويۇپ چىقىپ دازىباۋ چاپلاۋاتقان، سۇپۇرگىدە شىلىم سۈۋاۋاتقان، سۇنۇپ بېرىۋاتقان يىگىرمىدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. تاملار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىر - بىرىگە قاراپ تۇراتتى. ھېكمەت ئېلىپ كەلگەن دازىباۋ، مەدەنىيەت يۇرتى تەرەپتىكى بورا تامنىڭ ئىدى. ئۇ بىر قۇچاق دازىباۋنى يەرگە تاشلاپ تۇراتتى، چاپلاۋاتقان بىر قىز ئېگىز دە تۇرۇپ: «21 - بەت...» دەپ ۋارقىرىدى. ھېكمەت ئاختۇرۇپ تېپىپ بولغۇچە، ھېلىقى قىز ئاچچىقى بىلەن: «شىلىم قۇرۇپ كېتىدۇ، تېز بولۇڭ!» دەپ ۋارقىرىدى - دە، قايرىلىپ قارىدى. ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە تىكىلىپلا قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، ھېكمەتقۇ سىز؟...

— سىز مەھبۇبەغۇ!...

— ھەر نېمە بولسا ئىسمىم يادىڭىزدىكەن، سىزنى مېنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپتىمەن.

— سىز قانداق قىلىپ؟...

— بىز شەھەر گۇڭشې باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ئون بىر ئوقۇغۇچى «تيەنبىڭ سىلىڭبۇسىغا ئەزا بولۇپ كىردۇق. قانداق قارشى ئالامسىز؟...

ھېكمەت دازىباۋنى ئالمان - تالمان سۇنۇپ بېرىپ، گەپ قىلمايلا كېتىپ قالدى. ئۇ يىراقتىن ئىككى قاتار تامغا قارىدى. ئۇنىڭ بىرسىدە: «فەندۇڭ لۇشيەننىڭ باش بالاخورلىرى تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر روزىلاردىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئالايلى!» يەنە بىرسىدە: «ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەننى جان تىكىپ قوغدايلى» دېگەن سەرلەۋھە چوڭ خەت بىلەن يېزىلغانىدى. بۇ دازىباۋلارنىڭ مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت

ئىنقىلابى باشلانغاندىن بېرىقى زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانى ئىدى.
شۇ كۈنى كېچىدە، بوستان، لايقا، توساللا، بۆزاق، ئاقتاش قاتارلىق بارلىق گۇڭشېلاردا قۇرۇلغان سىلىگبۇ، تۇەنلەرنىڭ رەھبەرلىرى، شەھەردىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ئىدارە - جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقلىرى باش قوشقان مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننى مەمتىلى ئىبراھىم بىلەن جاڭ تيەن باشقۇردى. ئۇلار يىغىندا دەسلەپ، خوتەن ناھىيىسى بويىچە «ئىسيانكارلار باش سىلىگبۇسى»نى قۇرۇپ چىقتى، زۇڭ سىلىگلىققا جاڭ تيەن، مۇئاۋىن زۇڭ سىلىگلىققا مەمتىلى ئىبراھىم ۋە ئاقتاش گۇڭشې ئىسيانكارلار سىلىگبۇسىنىڭ سىلىگى تۇرسۇنتوختى ئالىم ئىككىسى تەيىنلەندى. ئاندىن، تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر روزى قاتارلىق ئەكسىيەتچى لۇشيەن بالاخورلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئۇلار ئۆز جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىلمىغۇچە كۆرەشنى توختاتماسلىق ۋە ئۇلارنى سازايى قىلىش ئارقىلىق ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈش قارار قىلىندى. ئۇچىنچىدىن، جىن - شەيتان، ئەكسىيەتچى قىلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قارا دېلو، قارا ماتېرىياللىرىنى تەلەپ قىلىش، ئەگەر ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىپ بەرگىلى ئۇنىمىسا، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە كۆيدۈرۈش ئېلىپ بېرىش ماقۇللاندى. . .
ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ، تۆتتىن تىزىلغان ئىسيانچىلار چايخانا مەكتەپ قورۇسى ۋە كوچىلارغا توپلاندى. نەچچە مىڭلىغان ئادەم توپى ئۇن - تىنسىز جىمجىت ئىدى. ئۇلار خۇددى يار ئېلىش ئالدىدا تۇرغان قىيان سۇغا ئوخشايتتى. ئۇلار كەڭ كوچىلارنى لىقمۇلىق تولدۇرۇپ مېڭىپ، ناھىيىلىك كومىتېت ئالدىدا توختاشتى. ئۇن نەچچە ئادەمنىڭ گىرەلەشكەن قوللىرى ئۇستىدە ئۆرە تۇرغان تۇرسۇنتوختى ئالىم ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:
— ئىنقىلابچىلار، ئىسيانكارلار، ئىنقىلاب ئوتى لاۋۇلدىماقتا! ئەكسىيەتچى لۇشيەن مۇرتلىرى غال - غال تىترىمەكتە! . . . بىز ئۇلارنى كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ، پرولېتارىياتنىڭ سوراق سەھنىسىگە سۆرەپ ئېلىپ چىقايلى! — ئۇنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزى ئارىلىقىدا جاھاننى لەرزىگە سالغۇدەك شوئار ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇراتتى، — شوئارلار توۋلانسۇن! داقا - دۇمباقلار چېلىنسۇن! ئالغا! . . .
تەرەپ - تەرەپتىن دۇمباقلار گۈمبۈرلەپ، شوئارلار توۋلىنىپ، ئادەم توپى ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ ھويلىسىغا كەلكۈندەك بېسىپ كىردى. ئالدىن تەييارلانغان جەڭچى-

لەر بارلىق ئىشخانىلارنى قورشاپ بولدى. بىر توپ ئىنقىلابچىلار تاڭ ۋېنسەي بىلەن ساۋۇر روزىنى گەجگىسىدىن بېسىپ ئېلىپ چىقتى. ئۇلار غال - غال تىترىمەكتە ئىدى.

— تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر! — دېدى تۇرسۇنتوختى ئالىم كۆپچىلىكنى تىنچلىنىشلار دېگەندەك قولىنى كۆتۈرۈپ، — سەنلەر بۇگۈنكى ئاممىنىڭ ھەرىكىتىگە نېمە دەپ باھا بېرىشىسەن؟

— ئىنقىلابىي ھەرىكەت، — ئىككىسى تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

— زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، قارىلانغان ئاممىنى پىكپەن قىلىش، قارا ماتېرىيال-لارنى كۆيدۈرۈش ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي دولقۇنغا ئايلاندى، سەنلەر قاچانغىچە ئەكسىيەتچى لۇشيەندە جاھىللىق بىلەن تۇرۇ-شىسەن؟ . . .

— بىزمۇ باشلايمىز. . . — دېدى تاڭ ۋېنسەي.

— چوقۇم ئىجرا قىلىمىز. . . — ساۋۇر روزىمۇ غۇدۇڭشىدى.

— قارا ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇشامسەن - يوق؟

— تاپشۇرىمىز. . . تاپشۇرىمىز! . . . — ئۇلار ئىككىسى تەڭلا باشلىرىنى لىڭ-شىتتى.

تۇرسۇنتوختى ئالىم ئاممىغا يۈزلەندى:

— بەلگىلەنگەن ئىنقىلابچىلار قارا ماتېرىياللارنى تىزىملىك بويىچە تاپشۇرۇۋېلىڭ-لار. . . تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلغان. . . يوشۇرغانلارنىڭ ئىت كاللىسىنى يەنجىپ تاشلاڭلار. . .

بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كې-تىشتى. تۇرسۇنتوختى ئالىم بايىقىدەك گىرەلەشكەن قوللار ئۈستىدە تۇرۇپ، ئىسياد-چىلارغا تەكشى قارىدى:

— ئىنقىلابچىلار، شوئارلار ياڭرىسۇن! . . . داقا - دۇمباقلار چې-لىنسۇن! . . . تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر روزى، جۇر! . . .

تۇرسۇنتوختى ئالىمنىڭ «جۇر. . .» دېگەن سۆزى خېلى بەك سوزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىنتونانسىيىسى كۈچلۈك، تەسىرچانلىقى يۇقىرى ئىدى. جاڭ تيەن بىگىز قولىدا تاڭ ۋېنسەينىڭ بۇرۇنلىرىغا نوقۇپ، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە سوئالنى ئارقا -

ئارقىدىن سورىۋىدى، ئۇ يۈزىنى تاتىلاپ، قاپارتمىلىرىنى قانىتىۋەتتى.

رەستىلەرگە پاتماي ئېقىۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنى شوئار، دۇمباق سادالىرى ئىچىدە، بويىنغا تاختا ئېسىلغان تاڭ ۋېنسەي بىلەن ساۋۇر روزىنى سازايى قىلماقتا ئىدى. ئۇلار شەھەر ئىچىنى بىر ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەندە، چايخانا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا قارا ماتېرىياللار ئېگىز قىلىپ بېسىلغان رېزىنكە چاقلىق ئىككى هارۋا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستى ئاق قەغەزدىن خۇددى تاۋۇتقا ئوخشاش ياسالغان بولۇپ: «ئەكسىيەتچى لۇشيەننى دەپنە قىلايلى!» ، «قارا دېلولارنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيلى!» ، «ئەكسىيەتچى لۇشيەن ئۆلۈمگە مەھكۇم!» دېگەندەك شوئارلار يېزىلغانىدى. بىرىنچى هارۋىنىڭ شوتىسى ئىچىگە تاڭ ۋېنسەي، ئىككىنچى هارۋىنىڭكىگە ساۋۇر روزى كىرگۈزۈلدى. ئۇلار نامايىشچىلار ئالدىدا هارۋىنى سۆرەپ گۈلباغقا قايتىپ كەلدى. قارا ماتېرىياللار رەستە ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەندى، ئۈستىگە كىمدۇر بىرسى سولياۋ باكتىن بېنزىن چاچتى.

— تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر روزى، — دېدى تۇرسۇنتوختى ئالىم ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سەرەڭگە تۇتقۇزۇپ، — ئۆز قوللىرىڭ ئارقىلىق ياساپ چىققان بۇ قارا دېلولارغا ئۆز قوللىرىڭ بىلەن ئوت يېقىش! . . .

تاڭ ۋېنسەي بىلەن ساۋۇر روزىنىڭ سەرەڭگە تۇتقان قوللىرى تىترەپ، قارا ماتېرىيال دۆۋىسىگە يېقىن بارالمىدى. مەيداندا غەزەپلىك شوئار ئاۋازلىرى ئارقا - ئارقىدىن ياڭرىدى. بىرقانچە ئوقۇتقۇچى ئۇلارنى گەجگىسىدىن باسقىنىچە قارا ماتېرىيال دۆۋىسىگە ئېلىپ باردى.

سەرەڭگە چىقىلدى! . . . تۆكۈلگەن قانلار، سۇنغان چىشلار، يۇلۇنغان چاچلار، بېغىشلىرى ئاجرىغان قوللار، قىيىلغان جانلار ئۈستىگە قۇرۇلغان قارا دېلو، قارا ماتېرىياللار بىردىنلا تۇتىشىپ، يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. كىتابلار كۆيدۈرۈلگەندە، ئاچچىق ياشلارنى تۆككەن ئوقۇتقۇچىلار بۇ قېتىم شادلىق ياشلىرىنى تۆكتى. ئۇلار بىر - بىرىنى تەبرىكلەيتتى، قۇچاقلىشاتتى، يىغلىشىپ سۆيۈشەتتى.

— ھېكمەت، سىزنى تەبرىكلەيمەن، — ھېكمەت چۆچۈپ قارىدى. مەھبۇبە ئۇنىڭغا قول سوزۇپ تۇراتتى، — پىكىپەن بولغانلىقىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

— رەھمەت سىزگە! — ھېكمەتمۇ چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ قول ئۇزاتتى.

بۇ چاغدا، توپنىڭ ئۇ تەرىپىدە كامىل — نەفىسە، مۇرات — زۇمرەتلەر ئۇنىڭغا

قول پۇلاڭلاتتى. ھېكمەت مېڭىۋىدى، مەھبۇبەمۇ ئۇنىڭغا سوگدۇشۇپ بىللە كەلدى.

چۈشتىن كېيىن، ئىسيانچىلار ۋىلايەتلىك كومىتېت قورۇسىغا بېسىپ كىردى. ئۇلار بىرىنچى شۇجى خۇاڭ چىڭ،① مۇئاۋىن شۇجى ئابلا توختى ۋە ۋالىيلار بىلەن مۇنازىرىلەشتى. خۇاڭ چىڭنىڭ پوزىتسىيىسى يۇمشاق ۋە ئىلمىي بولۇپ، جايلاردا يۈرگۈزۈلگەن ئەكسىيەتچى لۇشيەن خاتالىقلىرىدا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ يەتتە ناھىيىگە ئىسيانچىلار بىلەن بىرگە بېرىپ، پىكىيەن ھەرىكىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەتىسىدىن باشلاپ، يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كوزۇپلىرىدا سانجاق - سانجاق بولۇپ ئۆرە تۇرۇشقان ئىسيانچىلار «دېڭىزدا پاراخوت رولچىغا تايىنىپ ماڭار» دېگەن ناخشىنى ياڭرىتىپ، ناھىيىلەرگە يول ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىلەكلىرىدە خۇڭۋېيبىڭ بەلگىلىرى ئوتتەك چاقناپ، مەيدىلىرىدە ماۋجۇشى ئىزناكلىرى پارقىرايتتى. مەمتىلى ئىبراھىم ئۈچ دوستىنى «يېزىقچىلىقتا ماھىر» دەپ، ئۈچ تەرەپكە تەقسىم قىلىپ، ئۇلارغا كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئارتقانىدى. كامىل بىلەن نەفىسە چىرىيە بىلەن كىرىيەگە، مۇرات، زۇمرەتلەر قارىقاشقا، ھېكمەت لوپ ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقىشتى. لوپ ناھىيە گورۇپپىسىدا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابلا توختى بار ئىدى.

ھېكمەتنىڭ كۆزى تاسادىپىيلا ئالدىنى كوزۇپ تەرەپكە قىلىپ تۇرغان مەھبۇبەگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ھەربىيچە مايسىرەڭ ئىشتان - چاپان بولۇپ، قوڭۇر چاچلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرغان شەپكىسىگە تىرناقتەك چوڭلۇقتىكى قىپقىزىل ماۋجۇشى ئىزنىكىنى تاقىۋالغانىدى. ئۇ كوزۇپ تاختىيىنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتقان ھالدا، كۈلۈشنى بىلمەيدىغان بوتا كۆزلىرى بىلەن قاياققىدۇر قادىلىپ تۇراتتى. ھېكمەت ئۇنى يان تەرەپتىن كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كىچىك ئەمما مەرمەردەك پارقىراق بۇرنى، ئەرەب قىلىچىدەك ئەگرى كىرپىكلىرى، چىرايلىق لەۋ سىزىقلىرى، تۇخۇم پايىنىكىدەك ئېڭىكى خۇددى ئىتالىيە ھەيكەلتىراشى مىكلان جىلۇنىڭ رىم پاپاسىنىڭ ساراي تاملىرىغا ئويغان مەبۇدلىرىگىلا ئوخشايتتى. مەھبۇبە شېرىن خىيال قايىنىمىغا چۆككەنمۇ، ئۇنىڭ

---

① خۇاڭ چىڭ — ئازادلىق ئۇرۇشى ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا «خۇاڭ يولۋاس» دەپ نام ئالغان پېشقەدەم كادىر.

ئوماق چېھرىدە تەبەسسۇم يېيىلىنجاپ تۇرغاچقا، سول مەڭزىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس زىناق
پەيدا بولغانىدى. قىز تۇيۇقسىزلا قايرىلىپ، ھېكمەتكە لەپپىدە قارىدى ـ دە، يېقىملىق-
قىنە كۈلۈمسىرەپ، قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز تىكىلىپ قالغان ھېكمەتمۇ
ئۆزىنىڭ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇمۇ بىر كۈلۈمسىرەش
ھەدىيە قىلدى.

ماشىنا لوپ ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ھويلىسىغا كىرىپ
كەلدى. ناھىيىلىك كومىتېت شۇجىسى لوساۋ ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا
چىقتى. قارشى ئالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئون سەككىز ـ يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكى
ئوقۇغۇچى سىياق ياش بالىلارمۇ بار ئىدى. ئىنقىلابچىلار خىش يانقۇزۇلغان، ئىككى
تەرىپى گۈللۈك يوللاردىن، يۇمىلاق گونگۇرىلىك ئىشىكلەردىن ئۆتۈپ يىغىن زالىغا
كىرىشتى. ئالدىدا كىرگەنلەر ئورۇندۇق، دىۋانلاردىن ئورۇن ئالدى. باشقىلار ئۇلارنى
چۆرىدەپ ئۆرە تۇرۇشتى. لوساۋ خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىق-
نى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇلارغا لوپنىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى. ئۇ: «مەدە-
نىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن بېرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇپ، ئىنقىلاب ئېلىپ
بارغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ چات كېرىۋالمىغانلىقىنى، ئىنقىلابنى بوغمىغانلىقىنى سۆز-
لەپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى پۇرىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سۆزى ئاياقلىششى
بىلەنلا، سەھنىدە يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكى، قارىمۇتۇق، ئوتتۇرا بوي بىر بالا پەيدا
بولدى. ئۇ خاتىرىسىنى ئېلىپ، ماۋجۇشىنىڭ: «ئىنقىلاب قىلىش زىياپەت بېرىش،
مېھمان چاقىرىش ئەمەس...» دېگەن ئۆزۈندىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، لوپ ناھىيە-
سىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ
ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنى بويىچە توغرا بولغانلىقىنى، ھېچقانداق خاتالىق ۋە
سەۋەنلىكلەرنىڭ ئۆتۈلمىگەنلىكىنى، تارتىپ چىقىرىلغان جىن ـ شەيتانلارنىڭ جىنايى
قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، ئۇلارنى مائارىپ سېپىدىن تازىلىمىغۇچە جاھاننىڭ پاكلانمايدى-
غانلىقىنى پاكىتلار بىلەن دەلىللىدى. ئۇنىڭغا ئالدىن تەييارلاپ بېرىلگەن سۆز تېكىستى-
نىڭ ۋەزنى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارغاچقا، ئوقۇغۇچى نۇتۇق ئوتتۇرىسىدا، مۇنۇ
ئۆزۈندىنى نەقىل كەلتۈردى:

— «پاراكەندىچىلىك سېلىش — مەغلۇپ بولۇش، يەنە پاراكەندىچى-
لىك سېلىش — يەنە مەغلۇپ بولۇش، ئاخىرى بېرىپ ئۇزۇل ـ كېسىل

هالاك بولۇش — ئىلىمىزدىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ، شۇنداقلا چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئورتاق مەنتىقىسى. . . »

ئۆزلىرىنى ئاران ـ ئارانلا بېسىپ ئولتۇرغان خوتەن ئىسيانكارلىرى غەزەپ بىلەن پارتلىدى، زالنىڭ ئىچىدە: «ئەكسىيەتچى لۇشيەننى جان تىكىپ قوغدىغۇچىلارغا ياخشى كۈن يوق! »، «ئىنقىلاب قىلىش گۇناھ ئەمەس، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق! »، «لوساۋ، ھوشۇڭنى تاپ! » دېگەندەك شوئارلار شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. بىر توپ ئىنقىلابچىلار ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ خاتىرىسىنى تارتىۋېلىپ، «ماڭ، لوساۋنىڭ كۈچۈكى. . . » دېگىنىچە، ئۇنى گەجگىلىرىگە مۇشتلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. خوتەن ئىنقىلابچىلىرىدا ئالدىن ئىگىلەنگەن ماتېرىيال بولغاچقا، دەھشەتلىك تېررورلۇق، فاشىستىك ۋاستىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، مېيىپ قىلىنغان، كۆلپەت چەككەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، لوساۋنى ئولتۇرغان يېرىگە مىقلىۋەتتى.

— لوساۋ، سەن جىنايى قىلمىشىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، — دېدى مەھبۇبە مەيدانغا چىقىپ، — لوپ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چوڭ كۆلۈبىدا ھازىرغىچە نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار قوي پادىسىدەك سولىنىپ ياتىدۇ، ئۇلارنى پىت ـ سىركە بېسىپ، چۇسا ـ بۈرگىلەر چېقىپ، بەدەنلىرى قوتۇرلىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن سېنىڭ خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ . . .

— گەپ قىل! . . .

— سۆزلە! . . .

— ئىنقىلابىي يولداشلار، — دېدى ئابلا توختى شۇجى، — مەن ۋىلايەتلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن شۇنى جاكارلايمەنكى، لوساۋنىڭ خاتالىقى جىددىي خاتالىق. بۇ جىددىي خاتالىققا جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى تۈزىتىش كېرەك. . . بۈگۈن كەچ بولدى، ئەتە ئىنقىلاب تايانچىلىرىنى جىددىي يىغىپ، لوپ ناھىيىسى بويىچە «پىڭپەن» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى جىددىي يۈرگۈزۈش لازىم، بۇ ھەرىكەتنى جىددىي قانات يايدۇرۇش زۆرۈر. بۇ نۆۋەتتىكى ئىنقىلابنىڭ جىددىي تەقەززاسى ھەم تەلىپى. . .

ئەتىسى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىنقىلاب تايانچىلىرى چاقىرتىلىپ يىغىن ئېچىلدى. لوساۋ كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى ئۈستىدە، قارا دېلو تۇرغۇزۇلغان، تارتىپ چىقىرىلغان، ھەرخىل قالپاقلار كىيدۈرۈلگەن ئوقۇتقۇ-

چىلارنى دەرھال پىكپەن قىلىشنى باشلاش ھەققىدە سۆزلىدى. ئابلا توختىمۇ «جىددىي» نى مەردلىك بىلەن ياغدۇرۇۋەتتى. لوپقا تەقسىم قىلىنغان ئىنقىلابچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر مەدىيانىڭ نۇتقى ھەممىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك بولغان بولسىمۇ، تايانچىلار بۇتتەك تۇرۇلۇپ ئولتۇرۇۋېلىشتى ھەم ئىپادە بىلدۈرمىدى.

يىغىندىن كېيىن، ئابدۇقادىر مەدىيا باشلىق يىگىرمىدەك ئىنقىلابچى لوپ ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈرەش نۇقتىسى بولغان 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ماڭدى. ھېكمەت يولدا كېتىۋېتىپ مەھبۇبەگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. تۈنۈگۈن يىغىن زالىدا بۇ قىزنىڭ چاقماقتەك سۆزلەشلىرى ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ھېكمەتتە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئامراقلىق، سۆيۈنۈش ھېسسىياتى تۇغۇلدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى مەھبۇبە قايرىلىپ قاراپ، — مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسىز؟

— ياق، سىزگە ھەۋەسىم كېلىۋاتىدۇ. لوپتىكى ئىشلاردىن ئەجەپ خېلىلا خەۋەردىڭىز بار ئىكەن؟

— ھە، شۇ گەپمىدى؟ — دېدى مەھبۇبە كۈلۈپ، — لوپتا غاپپار دەيدىغان ئاتا جەمەت بىر ئوقۇتقۇچى تۇغقىنىمىز بار. ئۇ ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگەن. گەرچە ئۇ تايانچىلار ئىچىدىكى بىر ئاكتىپ بولسىمۇ، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادى ئۆتمەيدۇ. فەندۇڭ لۈشيەن راسا پەللىگە يەتكەن چاغلار ئىدى. ئانام ئىككىمىز دەم ئېلىش كۈنى لوپقا كەلدۇق. غاپپاركام مېنى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ كىردى. شۇ چاغدا مەن كۆرگەنلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. . .

جىن ـ شەيتانلار لوپ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چوڭ كۈلۈبىغا سولانغانىدى. ئۇلارغا كۈنىگە ئىككى زاغرا تارقىتىلاتتى ياكى بىر قاچىدىن يۇندىدەك ئوماچ بېرىلەتتى. ھەركۈنى سائەت ئونلاردا، كۈلۈبنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەنلا، ئۇلار قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشلاردەك، مەكتەپنىڭ كۆلىگە يۈگۈرەيتتى. پۇت ـ قولىدا مادارى يوق ياكى مېيىپلىكتىن ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىرى بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ ماڭاتتى. ئۇلارنى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان مىنبىڭلار ۋارقىراش ـ جارقىراش، ھوقۇيتىش، قامچىلاش ئارقىلىق ئالدىرىتاتتى. نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى چوڭ كۆل ئەتراپلىرىدا دۈم يېتىشىپ، غورتىلدىتىپ سۇ ئىچەتتى. ئۇلار سۇغا قانا ـ قانمايلا، مىنبىڭلار ئۇلارنىڭ دۈمبە، باشلىرىغا پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ قوغلاپ ماڭاتتى ۋە نازارەت ئاستىدا

ئۇلارنى تەرەتخانىغا ئېلىپ كېلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنى كۇلۇبقا ئەتىسى تاكى شۇ ۋاقىت بولغۇچە سولاپ قوياتتى...

1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسى كەڭ ۋە ئازادە بولۇپ، ئۇدۇلدىكى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ دېرىزىلىرىدىن جىن - شەيتانلارنى كۆرمۇش قىلىۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «تاياقچىلار» ئەكسىيەتچى لۇشيەننى جاھىللىق بىلەن يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئابدۇقادىر مەديا سىنىپلارغا بۆلۈنۈپ كىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھېكمەت مەھبۇبە بىلەن تۇتقۇنلار سولانغان كۇلۇبقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇقادىر مەديا ئۇنىڭغا ئىدرىس ئىسىملىك قاپىقى يامان تاغلىق ئوقۇتقۇچىنى قېتىپ بەردى. مەكتەپ ھويلىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، ئەتراپىنى تەتۈر سۆگەت قاپلاپ تۇرغان چوڭ كۆل بار ئىدى. ئۇنىڭدىن يۈز ئەللىك قەدەم يىراقلىقتا كۇلۇب ئاكاتسىيە، سانا دەرەخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېكمەت، مەھبۇبە، ئىدرىسلار كۇلۇب ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك ئالدىدا قىزىل كالتەك تۇتقان ئىككى مىنبىڭ تۇراتتى. ئۇلار قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىكنى ئاچقىلى زادىلا ئۇنىمىدى. ئىدرىس ئېتىلىپ كەلگىنىچە بىرسىنىڭ كارنىيىدىن ئالدى. بىراق ھېكمەت ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتقاچ، مەھبۇبەگە قايرىلدى:

— سىز دەرھال لوساۋغا تېلېفون بېرىڭ! ئەسكەر ئەۋەتسۇن!...

لوساۋنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان مىنبىڭلار لاسىدە بوشاپ، ئىشتان بېغىغا باغلانغان بىر كاللەك ئاچقۇچنى چىقاردى - دە، ئىشىكنى ئېچىۋەتتى. ئۇلار ھېكمەتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانىدى، ئىدرىس ئۇلارنى گەجگىلىرىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ، — ۋوي لالما ئىتلار! — دەپ تىللىدى.

كۇلۇب ئىچىگە كىرە - كىرمەيلا، دىماغلارنى يېرىۋەتكۇدەك شۇنداق قاڭسىق بىر ھىد ئۇرۇلدىكى، ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە ئىختىيارسىز ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى تۇتتى. ئىدرىس دەرھال بېرىپ، كۇلۇبنىڭ قوشقاناتلىق ئىشىكىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. شۇندىلا ئۇزۇن ھەم كەڭ كۇلۇب ئىچىدىكى نىمجان تەنلەر غۇۋا كۆرۈندى. ئۆسۈپ كەتكەن ئاپئاق، قاپقارا، چار چاچلار، سارغايغان چىرايلار، ماغدۇرسىزلىقتىن پۈكۈلگەن بەللەر، تامغا يۆلىنىپ بېشى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغان بىچارىلەر... نېمىلەرگىدۇر تەلمۈرۈپ تىكىلگەن گۆنسىز كۆزلەر، تىترەپ تۇرغان سىمالار بەجايىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ قەپىزىگە سولانغان قۇربانلىقلارغا ئوخشايتتى. خۇددى يالماۋۇز ھەركۈنى سېمىزلىرىدىن بىر - ئىككىنى تاللاپ يېگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرنەچچىسىنى

ھەر سائەت، ھەر ۋاقىت سۆرەپ چىرقىرىتىپ كۆرەشكە تارتىۋاتقاچقا، ئۇلار
ھېكمەت، مەھبۇبە، ئىدرىسلارنى كۆرۈپلا: «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز،
مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز...» دېگەندەك، بىر يەرگە قورۇلۇپ غۇژمەكلىشىۋال-
دى... بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغان تىرىك ئەرۋاھ-
لار ئىدى. پەقەت گۆردەك ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنىڭ پىلىلداپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ
ھايات شامىنىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، يىرتىق ئىشتان ـ
كۆڭلەكلىرىدىن، ئوچۇق قالغان بويۇن ـ مەيدىلىرىدىن كىر ھەم قوتۇر باسقان ئەتىيانلى-
رى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھالىتى يۈرەكلەرنى تىترىتىپ، كۆڭۈلنى بىئارام
قىلاتتى. كۇلۇب ئىچى شۇنچىلىك مەينەت ئىدىكى، خۇن يۇقى ئەسكى لاتا، قەغەزلەرمۇ
كۆزگە چېلىقاتتى، ئەڭ بولمىغاندا، ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ بوينىنى سۇغا سېلىپ،
كىيىم يۆتكەپ تۇرىدىغان ئايال ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدە گەپ ئېچىش تېخىمۇ
تەس ئىدى!... مەن ئۇلارنى تەسۋىرلەشتىن قەلەمنى ئازاد قىلدىم.. ئۇ ئېچى-
نىشلىق كۆرۈنۈشلەر ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا!... ئويلىسام‌لا، يۈرەك ـ باغرىم ئۆرتى-
لىپ كېتىدۇ... ئاھ، مەرىپەت مەشئەللىرى! ئەسلىدە زامان سىلەرنى چۈشەنسە،
بېشىغا شاھ تاجىدەك قادىسا، ئىزىڭلار چۈشكەن تۇپراقنى تاۋاپ قىلسا، كۆزىگە سۈرت-
سە... ئوقۇتقۇچى دېگەن مۇبارەك نامىڭلارنى قۇرئان سۈرىسىدەك تىلىدا زىكرى قىلسا
توغرا بولاتتى! ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس... پېشانەڭلەر نېمانچە شورلۇقتۇر سىلەر-
نىڭ؟...

ھېكمەت كۇلۇبنىڭ ئاخىرقى بۇلۇڭىدا بىر يەرگە توپلىشىپ ئولتۇرغان ئەر ـ ئايال
خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھالى، قىياپەتلىرى ئۇزۇن يىلدىن
بېرى تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان مەھبۇسلاردىن كەم ئەمەس ئىدى...

— ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار، — ھېكمەت ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرى-
دى، — سىلەر ئازاب چەكتىڭلار... مەن خوتەن ئىنسانكارلار زۇلۇم سىلىگېۋسى
نامىدىن سىلەردىن ھال سورايمەن...

تۇتقۇنلار باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قاراشتى. ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك،
بۇ جاراڭلىق ئاۋاز ئۇلارغا غەيرىي تۇيۇلدى بولغاي، بىر ـ بىرىگە گۇمانلىق نەزەردە
قارىغىنىچە، تېڭىرقاپ قېلىشتى. ھېكمەت ئىنقىلاب ۋەزىيىتى، ئۇنىڭ خاراكتېرى،
مەملىكەت بويىچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاممىنى ئىسلىگە كەلتۈرۈش زور دولقۇنى-

نىڭ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە قەدەر ئۇچۇق
سۆزلىدى. ئۇ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارغا قاراپ، ئۆز نۇتقىنى خەنزۇ تىلىدا تەكرارلىدى.
بىراق ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە دۈۋەيلىشىپ تۇرغان ئىككى مىنبەگنى كۆرۈپ، باشلىرىنى
تۆۋەن سالدى. ھېكمەت ئىدىرىسقا شەرەت قىلىپ: ئۇ «ئىككىسىنى ھەيدىۋېتىپ ئۆزۈڭ
تۇر!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، تۇتقۇنلار يەنە باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، يېنىك
تىنىشتى. لېكىن بىر - بىرىگە قارىشىپ، «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز...» دەيدىغانلار-
دىن ئەنسىرەپ، جىم بولۇپ قېلىشتى. ھېكمەت ئۇرۇمچى، قەشقەر، خوتەن ھەتتا
مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇۋاتقان ئىسيانكارلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئازاد
قىلغان تۇتقۇنلار ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ قوشكۆلگە سۈرگۈن قىلىنغان جىن - شەيتان
ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا، بىرنەچچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن
كۆرۈشتى.

— ئازاب چەككەن، قىيناققا ئېلىنغان، جىن - شەيتان بولغان، — دېدى مەھبۇبە
زىل ئاۋازدا، — ھېكمەتلا ئەمەس، سىلەرنى ئازاد قىلغىلى كەلگەن ئىنقىلابچىلارنىڭ
كۆپى دېگۈدەك فەندۇڭ لۇشيەننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلار... ھازىر ئۇلار ماۋجۇشى
ئىنقىلابىي لۇشيەننىڭ ئاۋانگارتلىرى!... بىز تۈنۈگۈن لوساۋ باشلىق بىر قىسىم
گوماشتىلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردۇق. بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە، ھەممىڭلار
ئازادلىققا ئېرىشىسىلەر!...

— مەن ئەمدى ئىشەندىم، — دېدى دۈمچىيىپ قالغان ئاپئاق چاچلىق بىر ئوقۇتقۇ-
چى، — ئاخشام ئىشىك تۈۋىدىكى مىنبەگلەرنىڭ سۆزلەشكىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم...
ئەسلىدە سىلەر ئىكەنسىلەر - دە؟...

ئۇ، يەردە دوككىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، چېكىلىرىنى قامالىغىنىچە يىغلىۋەتتى.
باشقىلارمۇ بىر - بىرلەپ كەلدى. ھېكمەت بىرقانچە پېشقەدەم ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلار
بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلىۋالدى. ئۇ بىر ياقتىن چۈشەندۈ-
رۈپ، بىر ياقتىن تەسەللى بېرىپ، خاتىرە يېزىۋاتقاندا، چاچلىرى سېۋەتتەك چۇۋۇل-
غان، يۇمىلاق ئۇياق يۈزى مەينەتلىشىپ كەتكەن قىرىق - قىرىق ئىككى ياشلاردىكى بىر
خەنزۇ ئايال كېلىپ «گېمىڭ تۇڭجى (ئىنقىلابىي يولداش) دېگىنىچە، ھېكمەتنىڭ
قوللىرىنى تۇتتى. ئۇ: «سىلەرنى ماۋجۇشى ئەۋەتكەن...» دەپ، بىر ھازا ياشلىرىنى
ئېقىتىپ يىغلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ پاجىئەسىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى:

ئۇنىڭ ئىسمى لى خۇڭمىي ئىدى. ئۇ خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق سىنىپىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، فىزىكا، خىمىيە، گېئومېتىرىيىگە ئائىت چەت ئەل كىتابلىرىنى كۆپ يىغقانىدى. ھەر قېتىم ئىچكىرىگە ئائىلە يوقلىغىلى بارغاندا، بىرەر يەشىك كىتاب قاچىلاپ كېلەتتى. لى خۇڭمىي ئۆزلىكىدىن تىرىشىپ، ئىنگلىز ۋە ياپون تىللىرىنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇيغۇر تىلىنىمۇ قىينالماي سۆزلەيتتى. ئىنقىلاب باشلىنىش بىلەن، ئۇنى چەت ئەلگە باغلانغان ئىشپىيون، چەت ئەل تىللىرىنى مەقسەتلىك ئۆگەنگەن دېگەن جىنايەت بىلەن تارتىپ چىقىرىپ، قاتتىق قىيناققا ئالغانىدى. سىمغا ئۆتكۈزۈلگەن بارلىق چەت ئەل ماتېماتىكا كىتابلىرى، ئىنگلىزچە، ياپونچە لۇغەتلەر ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۇ ئىككى كۈن سازايى قىلىنغان، ئالدى ـ ئارقىسىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان كىتابلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن قەدەمدە بىر يىقىلىپ، پۇتلىشىپ مېڭىپ، كۆپ تاياق يەپ كەتكەن. بولۇپمۇ كىتابلىرىغا ئوت قويۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى كۆرگىلى بولمايدىغان ھالدا قانغا بويىلىپ كەتكەن. . .

— ماۋجۇشى! . . . ماۋجۇشى سىز ھايات ئىكەنسىز، — لى خۇڭمىي ھېكمەتنىڭ مەيدىسىدىكى ماۋجۇشى ئىزنىكىنى سىيلىغانچە ئېسەدەيتتى، — سىز بىز ئوقۇتقۇچىلارنى ئويلاپسىز. . . بېشىمىزنى سىيلاپسىز. . . سىز بىزگە بەخت ئېلىپ كەلدىڭىز. . .

ھېكمەت لى خۇڭمىيغا تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى ۋە مەھبۇبەنى ئورىۋالغان ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەرخىل سوئاللىرىنى تىڭشاپ، چېچەنلىك بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئەمما قاراڭغۇ بۇلۇڭدا بىر خەنزۇ ياش بالا ھېچكىمگە ئارىلاشماي، ئېڭەك تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنچىلىك ئورۇق ئىدىكى، ئومۇرتقا سۆڭەكلىرى كىر كۆڭلىكىنى پىچاق بىسىدەك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چوققا چاچلىرى چۇشۇپ كەتكەچكىمۇ، تاتىراڭغۇ يۈزى كۆكچە قوغۇندەك ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۈچلۈق ئېڭىكىنىڭ ئۇستىگە ئۈنۈپ قالغان بەش ـ ئالتە تال تۈك يۆگىمەش گۈلىنىڭ يىپىدەك تولغىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن تۇرغۇن ھېكايىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان ياش يازغۇچى ئىكەن، كىتاب كۆيدۈرۈشتە تۇرغۇن يېڭى قولىيازمىلىرى، ھېكايە كىتابلىرى ئوتقا تاشلانغاچقا، ئېسىنى يوقىتىپ، ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. . .

ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارغا يېڭى ئۈمىد، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەھبۇبە ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە بېسىلغان چۆەندەنلەرنى ھەممىگە تارقىتىپ

بەردى. ھېكمەت ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ كەلگەنلەرگە ئاستا پىچىرلاپ:

— مەن بايا دېگىنىمدەك ئىچىڭلاردا ئۇيۇشۇپ تۇرۇڭلار، ئۇزۇنى بىر ھەپتە، بولمىسا ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە، چوڭ ھەرىكەت قوزغايمىز. . . — دېدى.

چۈشلۈك دەم ئېلىشقا يەنە يىگىرمە مىنۇتتەك ۋاقىت بار ئىدى. ھېكمەت، مەھبۇبە، ئىدرىسلار ئۇدۇل كەلگەن بىر سىنىپقا كىردى. ئابدۇقادىر مەدىيا ئىشىك تۈۋىدىلا بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرەش مەيدانىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. دوسكا ئالدىدىكى سۇپىدا بىر ئوقۇتقۇچى باش ئېگىپ تۇراتتى. تاياقچىلار لوساۋنىڭ دوكلاتىدىن كېيىن، تارتىپ چىقىرىلغانلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، بۇرۇنقىدەك قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا كۆرەشكە تارتىۋاتاتتى. ئۇلار خوتەندىن كەلگەن ئەللىكتەك ئىنقىلابچىنى كۆزگە ئىلمىغانىدى. مەھبۇبە ھېكمەتنى جەينەكلەپ، كۆرەشنى باشقۇرۇۋاتقان باشلىقنىڭ يېنىدىكى ئاق سېرىق، يالپا يۈز ئادەمنى شەرەت قىلىپ پىچىرلىدى:

— مەن سىزگە دېگەن تۇغقىنىمىز غاپپار ئاكام بولىدۇ. كەچتە ئۆيگە بىللە بارىلى. . .

ۋاقىت توشۇشى بىلەن، ئابدۇقادىر مەدىيا قىسقىغىنا سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقىدا ئېغىر بېسىم بار ئىدى:

— سىلەر ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنى بىلەن قارشىلىشىپ، بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتىسىلەر، — دەرسنى ياخشى ئۆتمىگەن، دەرس تەييارلىقى قىلمىغان، كېچىككەن، دەرس قالدۇرغان دېگەندەك مەسىلىلەر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت. ئۇنى تەربىيە ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. سىلەر بولساڭلار ئۇنداقلارنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرەش قىلىپ، ئاممىغا زەربە بېرىپ، فەندۇڭ لۇشيەننى قوغداشتەك ئېغىر سىياسىي خاتالىقنى سادىر قىلىۋاتىسىلەر، — ئابدۇقادىر مەدىيا غەزەپلەنگەنىدى، — بۇنىڭ جاۋابكارلىقى چوقۇم سۇرۇشتە قىلىنىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە مىليونلىغان ئوقۇتقۇچى ئويغاندى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئازاد قىلماقتا، تارتىپ چىقىرىلغان ئاممىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە. . . شۇنداق ئىكەن، كىچىككىنە لوپ ناھىيىسىدە فەندۇڭ لۇشيەننى ساقلاپ قالالامسىلەر؟ بۇ ماۋجۇشى ۋە ماۋجۇشى يېتەكچىلىكىدىكى پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى بىلەن قارشىلىشىش. . . سىلەرگە مەدەت بېرىۋاتقان، ئارقاڭلاردىن كۇشكۇرتىۋاتقان ھوقۇقدارلار ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاممىنى قۇربان قىلماقتا. . . مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتى يەنىلا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان

ھوقۇقدارلار! . . . ھەرگىز ئاما ئەمەس! . . . ئۇلار سوراق سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلغاندا، بارلىق جاۋابكارلىقنى يەنىلا سىلەر تايانچلارغا ئارتىپ قويۇپ، سىلەرنى قۇربان قىلىدۇ! . . .

ھەممە تارقاشتى. ئابدۇقادىر مەدىيا، ھېكمەتلەر ھويلىغا چىققاندا، مەھبۇبە كاردور ۋە بىنا ئالدىلىرىغا چېچىۋەتكەن چۈەندەنلەرنى ئىشىككە پاتماي چىقىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئالمان - تالمان ئېلىپ، قويۇنلىرىغا تىقىشتۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلار بىرسى - بىرسىدىن خۇدۇكسىرەپ، خوتەن ئىنقىلابچىلىرىغا يېقىن كېلەلمەيتتى.

ھېكمەت، مەھبۇبە، ئىدىرىسلار ئەتراپلىرى باغ بىلەن ئورالغان لوپ مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، باشقىلارمۇ يىغىلىپ بولغانىدى. ئۇلار تاماق يەۋېتىپ بارغان يەرلەردىكى ئەھۋاللارنى ئابلا توختىغا دوكلات قىلدى. بەزى گۇرۇپپىلارنى كۆرەش مەيدانىغا كىرگۈزۈشمىگەن، بەزىلىرى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىغان، ھەتتا لوپ باشلانغۇچ مەكتەپ كۆرەش ئوچاستىكىسى مىنبەرلارنى قۇترىتىپ خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنى ئۇرغۇزماقچىمۇ بولغانىدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان ئابلا توختى، ئابدۇقادىر مەدىيا قاتارلىق مەسئۇللاردىن بەش كىشى لوساۋنىڭ ئىشخانىسىغا كەتتى. ئابدۇقادىر مەدىيانىڭ جوزىغا مۇشتلاپ تۇرۇپ: «ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەستلىرىڭنى توختات، بولمىسا چوڭ داداڭ خۇاڭ چىڭنى ئالدىمغا سېلىپ ئېلىپ كېلىمەن» دېگەن سۆزىدىن ئەندىككەن لوساۋ شۇ ھامان ئادەم ئەۋەتىپ، تېلېفون بېرىپ، تايانچلار رەھبەرلىرىنى يىغدى. ئۇمۇ جوزىغا مۇشتلاپ، قول ئاستىدىكىلەرنى دىر - دىر تىترىتىۋەتتى. چۈشتىن كېيىنكى ئىشلار خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئىنقىلابچىلار كەچلىك تاماقنى يەپ، ياتاقلىرىدا ئارام ئېلىپ تۇرغاندا، تەلپەكلىرىنى كۆزلىرىگىچە چۆكۈرۈپ كىيگەن، يۈزلىرىگە ماسكا تارتقان ئىككى كىشى ياتاققا كەلدى ۋە نىقابلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆزىنى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى غېنى نىياز دەپ، يەنە بىرسى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى سىيىت سالى دەپ تونۇشتۇردى. غېنى نىياز ئوتتۇرا مەكتەپلەر بويىچە ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنىڭ، سىيىت سالى بولسا باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن ئەللىكتەك ئوقۇتقۇچىنىڭ پىكرى بىرلىككە كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەتىلا بايراق كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقىدىغانلىقىنى دېدى. ئابدۇقادىر مەدىيا قانداق قىلىمىز؟ دېگەندەك ھېكمەتكە قارىدى.

— مېنىڭچە بولمايدۇ، — دېدى ھېكمەت گەپنى ئۈزۈپلا، — بۇلار جەمئىي سەكسەن-

دەك ئادەم بوپتۇ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىدا بولسا مىڭلىغان ئادەملەر بار، ئىدىيە ئازاد بولمايۋاتقان، قورقۇش، ئەندىشە بوغۇپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئوقۇتقۇچىلار تاياقچىلارغا ئەگىشىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا، كوچىلاردا مۇنازىرە باشلىنىپ، ئاخىرى «ئۇر – تۇت»قا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇلار بۆشۈكىدىلا بوغۇپ قويۇلىدۇ. . .

— ئەمىسە قانداق قىلساق بولار؟ — ئابدۇقادىر مەديا بېشىنى قاشلىدى.

— چۇەندەننى كۆپرەك بېرەيلى، بۇلار ئەزالىرىغا تارقاتسۇن، ئەزالىرى يېقىن – يۇرۇقلىرىغا يۇرۇشتۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا ئادەم تارتىپ، قوشۇننى كۆپەيتسۇن. . . مەن ھازىر مەھبۇبە بىلەن ئۇلارنىڭ غاپپار دېگەن باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بارىمەن.

— ھەببەللى، — دېدى غېنى نىياز، — غاپپار فۇجۇرېنىنىڭ گېپىنى ھەممە ئاڭلايدۇ. ئۇ ئەسكى ئادەم ئەمەس.

— ئەگەر بېرىشسىلا، دىققەت قىلىشسىلا، — سېيىت سالى ئاستا شىۋىرلىدى، — ئەتراپتا ئادەم بار، ئارقىلىرىغا سايە چۈشۈۋالمىسۇن.

— بۇ نېمە گەپ ئۆزى، — چۆچۈپ قارىدى ئابدۇقادىر مەديا، — كىمنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنى بۇ؟. . .

— تېخى بىلىشمەيلا، — دېدى غېنى نىياز، — پەردە ئارقىسىدا لوپىنىڭ پۈتۈن ئىنقىلابىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋالغان ئىككى ئادەم بار، بىرسى تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى سۇلايمان سونجاق، يەنە بىرسى مائارىپ ئىدارىسىدىكى كىۋىر يەكچەشمە. ھەر قايسىلىرى كەلگەن كۈنىلا ئۇلار ئارقىلىرىغا ئادەم سېلىپ بولغان. بىز شۇ كۈنى قانچە قىلىپمۇ مېھمانخانىغا كىرەلمىدۇق. مانا ھازىرمۇ مۇشۇنداق تونىيالمىغۇدەك ياسىنىپ، رېشاتكىدىن ئارتىلىپ ئاران كىردۇق.

— ئۇلارنى تونۇمسىلەر؟ — سورىدى ئابدۇقادىر مەديا.

— تونۇيمىز، ھەممىسى سۇلايمان سونجاق بىلەن كىۋىر يەكچەشمىنىڭ ئادەملىرى.

ئابدۇقادىر مەديا «سايىلار»نىڭ ئىسمىنى بىلىۋېلىپ، شۇ ھامان لوساۋغا تېلېفون بەردى ۋە دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتمىسا، «ئىنقىلابىي تەدبىر» قوللىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. كۈنلىرىنى ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان لوساۋ قورقۇپ كەتكىنىدىن تېلېفوننى ئالدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ چاقىرماي: «ھەي سانجاق، يەكچەشمە قارىغۇ، جاھاننى توپان بېسىۋاتسا، ئۇشۇقىڭغا كەلمەيدىغۇ؟ مېنى ئۆز ئەجىلىمدە ئۆلگىنى قويۇش!» دەپ تىللىدى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتمەي، ئىككى لاتا پىكاپ چىرقىـ

راپ كەلدى ـ دە، ناھىيىلىك كومىتېت ئالدىدا ۋارقىراش، تىللاش، ئۇپۇر ـ توپۇرلەر باشلىنىپ، ماشىنا كېتىشى بىلەن ئەتراپ جىمىقتى. بۇنى مېھمانخانا دېرىزىسىدىن كۆرۈپ تۇرغان ھېكمەت مەھبۇبەنى باشلاپ سىرتقا چىقتى. ئۇلار دەرەخلىك تار كوچىلار، سۇلار بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان خىلۋەت سايلاردىن ئۆتۈپ، چاققانغىنا قوشقاناتلىق يېشىل دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. ئىشىك ھالقىسى ئۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئادەم تىۋىشى پەيدا بولدى ۋە دەرۋازا ئېچىلدى. چىققان كىشى غاپپار ئىدى. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ مېھمانلارنى چوڭ ساراي ئۆيگە باشلىدى. ئۆي ئازادە، كەڭ بولۇپ، ئوتتۇرىغا گۈللۈك كىرىلىنكا يېيىلغان چوڭ تاماق ئۈستىلى قويۇلغان، ئەتراپىغا قەدىمكى زاماننىڭ قوڭۇر رەڭلىك، ئەگمە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلىرى تىزىلـ
غانىدى. ئۆي ئىچىدىكى ئويما نەقىشلىك ئىشكاپ، كىتاب جاھازلىرى ھەتتا قوزۇققا ئېلىپ قويغان كۈمۈش رەڭ پەتنۇسمۇ چەت ئەلنىڭ ئۆي مۇلۇكلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. . . قىرىق ياشلاردىكى تولغان بىر ئايال كىرىپ، مەھبۇبە بىلەن قۇچاقلىـ
شىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، پەتنۇستا چەينەك، چىنىلەرنى كۆتۈرۈپ كىردى. بۇ چاغدا، بوسۇغىدا ھاسا تايانغان، ئۇزۇن بۆرتۈم رومال ئارتقان موماي پەيدا بولدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغۇچە، مەھبۇبە: «چوڭ ئانا» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. موماي ئورۇندۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆزبېك تەلەپپۇزىدا كايىپ كەتتى:

— بەلەم، كىيىۋالغانلەرىڭ بۆلمەپتى، جۇدە بولمەپتى، — دېدى موماي مەھبۇبەنىڭ ھەربىيچە كىيىملىرىگە قاراپ، — بىر قىز بەلە سولداتچە (ئەسكەرچە) كىيىنىۋەلسە، ئۇنىڭ زىننەتى بۆلگەن ناز ـ كەرەشمەسى، ھۆسن ـ رۇخسارى نېمە بۆلگەلىك؟ . . .

— چوڭ ئانا، ھازىر دېگەن ئىنقىلاب دەۋرى، ھەممىسى شۇنداق كىيىنىدۇ، — دېدى مەھبۇبە قىزىرىپ. . .

— ئىنقىلابنى سەن قىلىياپسەنمە؟ بۇ كىيىملەرىڭمە؟ . . . پاھ. . . پاھ. . . باشلەرىڭدەكى زىننەتلەرىڭدەن ئايلانىپ كېتەي جانىم. . . — موماي شەپكىگە قادالغان ئىزناكنى ياقتۇرمىغانىدى.

ھېكمەت بىلەن غاپپار تەڭلا كۈلۈۋەتتى. بۇ چاغدا، غاپپارنىڭ ئايالى كىرىپ، مومايىنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتتى. مەھبۇبە چاي قۇيۇپ، توقاچلارنى ئۇشتۇپ قويدى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى. ھېكمەت گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي، دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى تۈپتۈزلا ئوتتۇرىغا قويدى. غاپپار لوپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئۆيۈشۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ غەيرەتكە كەلدى بولغاي، كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلىدى. بولۇۋاتقان تېررورلۇققا، ۋەھشىيلىككە يۈزدە توقسان سەككىز پىرسەنتتىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قارشى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتتى. ئۇ ئاخىرىدا، مەھبۇبە بەرگەن چۆەندەنلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ:

— ماڭا ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭلار، مەن ئۆزۈم ئىشەنگەن گۇرۇپپا باشلىقلىرى، مەكتەپ رەھبەرلىرىنى چاقىرىپ، بىر مەسلىھەتكە كېلىۋالاي، ئاندىن سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن، — دېدى.

كېچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشقان ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە خوشلىشىپ قايتىشتى. ماينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. بىر تەرىپى غۇۋالاشقان ئاي لوپ ئاسمىنىدىكى پىلىلدىغان سانسىز يۇلتۇزلار ئارا ئۈزۈپ يۈرەتتى. قويۇق يوپۇرماقلار ئارىلىرىدىن چۈشكەن ئاق داغلار خۇددى ئاق گۈللۈك پاياندار سالغاندەك، يوللارنى تولىمۇ سىرلىق گۈزەللىككە تولدۇرغانىدى. ھۆپپىدە ئېچىلغان سىرىنگۈللەرنىڭ ھىدى باغ، ھويلا تاملىرىدىن ھالقىپ، سالقىنلىق ھۆكۈم سۈرگەن خىلۋەت كوچىلارنى ئىللىق پۇراقلارغا تولدۇرۇپ، يۈرەكلەرگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. ھېكمەت تۈيۈقسىزلا كۈلۈۋەتتى. مەھبۇبە ئۇنىڭغا يالتتىدە قارىدى.

— سىز چوڭ ئانامنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈۋاتىسىز - ھە؟ — مەھبۇبە نەق ئۈستىدىن چۈشكەنىدى، — ئالجىغان قېرى، قاچانلا كەلسەم ئەيىبلەيدۇ، بىرەر قېتىم چىرايلىق گەپ قىلغىنىنى بىلمەيمەن. . .

— مومايدىن رەنجىشكە بولمايدۇ، — ئەسلىدە ھېكمەت قىز بالا دېگەن قىز بالىدەك كىيىنىشى كېرەك دېمەكچىدى، بىراق غەيرىي يېڭىلىقلارغا ئىنتىلىۋاتقان بۇ قىزنى رەنجىتىشنى خالىمىدى. ئۇ مەھبۇبەنىڭ شەپكىسىنى ئېلىپ ئىزناكىنىڭ ئىلغۇچىنى ئاجراتتى، — مومىڭىزنىڭ خاپا بولغىنى مانا مۇشۇ. . . بۇنى مەيدىڭىزگە تاقاڭ. . .

— ئەمىسە، ئۆزىڭىز تاقاپ قويۇڭ. . . ۋاي ياق، بولمايدىكەن، بولمايدىكەن. . .

مەھبۇبە دەرھاللا مۇڭگۇزدەك چىلىك كۆكسىلىرىگە قاراپ، ئىزا تارتقىنىچە يۇزلىرىنى قاچۇردى ۋە ئىزناكنى تەتۇر قاراپ ئۆزى قادىدى. ئەمدىلىكتە ئىزناك ئاي نۇرىدا خۇددى تاغ چوققىسىدىكى پادىچى گۇلخانىدەك قىپقىزىل ۋىلقىلداپ چاقنىدى. . .

— مەھبۇبە، سىز ئۆزبېكمۇ؟ — ھېكمەت خىيال بىلەن كېتىۋاتقان قىزغا قارىدى، —چوڭ ئانىڭىز. . .

– ياق، مەن ئۇيغۇر. . . دادامنىڭ ئىككى تۇغقان ئىنىسى ئۆزبېك ئايال بىلەن توي قىپتىكەن. . . — مەھبۇبە يۇزلىرىنى قاچۇردى.

كوچىلار جىمجىت، ئاپئاق ئايدىڭ، سالقىن كېچە! . . . ئۇلار شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ كۆۋرۈكى ئۇستىدە توختاشتى. ھېكمەت كۆۋرۈك سالاسۇنىنى تۇتۇپ پەسكە قارىدى. ئۆركەشلىرى بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ تېز ئېقىۋاتقان سۇ چېقىن چاققاندەك ۋىلىقلايتتى. ئىككى قاسناقتىكى قېلىن ئوتلار بوش تەۋرىنىپ، سۇغا ئېگىشىپ قالغان بىر شاخ توختىماي شاپىلدايتتى. . . ھېكمەت يىراقتىكى ئېگىز ـ پەس دەرەخ ئىزنالىرىغا، يۇلتۇز قاپلىغان كۆك ئاسمانغا، مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇرغان ئايغا قارىغىنىچە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. . . ئۇنىڭ ئېسىدىن گۇلزىبا بىلەن ئوغلى ئەزىمەت كەچكەنىدى. . . ھېكمەت گۇلزىبا بىلەن تالاي ـ تالاي ئايدىڭ كېچىلەرنى بىرگە ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ بەختلىك كۇنلەر ھاياتىنىڭ سائادەتلىك كۇنلىرىنىڭ خاتىرىسى سۇپىتىدە يۇرىكىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە! گۇلزىبا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قالدى، بارسا كەلمەس مەنزىلگە كەتتى. . . ئۇنىڭ مەنزىلى ئۇزاق، بەكمۇ ئۇزاقتا ئىدى. . . ئۇنداقتا ئەزىمەتچۇ؟. . . ئۇ، باغرى يارا، بۇ ئالەمدە خوۋلۇقتىن كۆرە خورلۇقنى كۆپ كۆرگەن دادىسىنى دەردكە مۇپتىلا قىلىپ، نەگىمۇ كەتكەندۇر؟. . .

ھېكمەت قوشكۆلدىن كاللا ـ پاچاق ئەكەلگەن كېچە ئۇنىڭ يۇرىكىدە جاراھەت بولۇپ قالدى! . . . ئويغىنىپ كەتكەن ئەزىمەت دادىسىنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغاندەك، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىغانىدى، ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، ساقاللىرىغا يۇزىنى يېقىپ، ھېچقاچان تۆكۈپ باقمىغان قىيالماسلىق ياشلىرىنى تۆككەنىدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيغانىكەن. . . ھېكمەت چىقىپ كېتىدىغان چاغدىكى ئۇنىڭ تەلمۇرۇپ قاراشلىرى دادىسىنىڭ دىدارىغا ئاخىرقى قېتىم قېنىۋېلىش ئۇچۇن ئىكەن! . . .

— ھېكمەت، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ —سورىدى مەھبۇبە مەيۇس قىياپەتتە.

— ئوغلۇمنى!
— ئۇھ... ئەجەپ ئېغىر پاجىئە بولدى! — مەھبۇبە كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ! تېپىلىپ قالار...
— ئۇ ئەمدى تېپىلمايدۇ، كۆڭلۈمنى ياسىماڭ. ئەڭ بولمىسا قەيەرگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقسامچۇ كاشكى...
— ھېكمەت، ئۆيلىنىڭ... — مەھبۇبە ناھايىتى ئاستا گەپ قىلغان بولسىمۇ، ھېكمەت ئۇنى ئېنىق ئاڭلىدى، — بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇشقا ياردىمى بولار...
— دوستلىرىمۇ شۇنداق دېگەن... بىراق زادىلا كۆڭلۈم تارتمايدۇ...
— دوستلىرىڭىز بىرەر قىزنى كۆرسەتكەنمىدى؟
— ئۇلار ماھىگۈلنى سايە قىلىشقانىدى. ئوغۇ پەزىلەتلىك قىز... ئۆزۈممۇ... لېكىن...
— لېكىن، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟
— بۇنىڭ ئەكسىچە!...
مەھبۇبە بىرھازا تۇنجۇقۇپ كەتتى... ئۇنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى كۆكسىنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تاشلانغانلىقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.
— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن ماھىگۈل بىلەن توي قىلمىدىڭىز؟...
— ئۇ بىر تۇغقان سىڭلىمدەك بولۇپ قاپتىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچۇم تۇرسا!...
— باشقا قىزلارغا سۆز ئېچىپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟...
— دېدىمغۇ؟ كۆڭلۈم تارتمايدۇ... ئېھتىمال گۈلزىبا ھەممىنى ئېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، — ھېكمەت مەھبۇبەگە قايرىلىپ قارىدى، — مەن سىزگە مەدداھتەك سۆزلەپلا كەتتىمغۇ؟ كەچۈرۈڭ، قىزلارنىڭ يېشىنى سوراش ئەيىب بولسىمۇ سىزدىن سوراپ باقاي، نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟
— 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يىگىرمە بىرگە كىرىمەن...
— يەنە ئۈچ ئاي بار ئىكەن... يۈرگەن يىگىتىڭىز بارمۇ؟...
— بار دېسەممۇ بولىدۇ، يوق دېسەممۇ بولىدۇ... ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن!...
— قىزىق گەپ، — ھېكمەت كۈلۈۋەتتى، — ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭىز بار



تۇرۇقلۇق يەنە نېمە دىلغۇللۇق بۇ؟ بۇنداقتا، ئۆزىڭىزگە ھەم يىگىتىڭىزگە ئىشەنچىڭىز
يوق ئىكەن ـ دە؟
— دۇنيادا چۈشەندۈرمەن دەپمۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بەزى ئىشلار بولىدىـ
كەن. . .
— ئەگەر مېنى ئاكا ئورنىدا كۆرۈپ سىرىڭىزنى يوشۇرمىسىڭىز، سۆزلەپ بېقىڭ،
ياردىمىم تېگىپ قالار. . .
— ئاكا ئورنىدا ئەمەس، دوست ئورنىدا دەڭ. . .
— ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل. . .
— سۆزلىمەيمەن. . .
— نېمە بولدى ئەمدى؟ بىردەمدە خۇيىڭىز تۇتۇپ قالدىغۇ؟ . . .
— خۇددى سودا قىلىشىۋاتقاندەك ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەۋاتقىنىنى! . . .
— كەچۈرۈڭ. . . كەچۈرۈڭ، پەقەت ئويلىماپتىمەن، — ھېكمەت قوپال گەپ
قىلىپ قويغىنىدىن ئۆزىمۇ خىجىل بولدى.
مەھبۇبە ھېكمەتكە شۇنچىلىك يېقىن كەلدىكى، ئۇلارنىڭ بىلەكلىرى بىر ـ بىرىگە
تېگىشىپ تۇراتتى. ئۇمۇ كۆۋرۈك سالاسۇنىنى تۇتۇپ، نەق ئۇدۇلىدا ئۆزىگە مەدەت
بېرىۋاتقان ئايغا قارىدى. . .
— مەن ئون ئالتە يېشىمدا بىر يىگىتكە ئاشىق بولغانىدىم، — دېدى مەھبۇبە ئېغىر
خۇرسىنىپ، — بۇنداق دېسەم، راسا شاللاق قىز ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ. دەسلەپتە،
كۆرمىسەم ئۇنتۇپ كېتەرمەن دەپ ئويلىدىم. نەدىكىنى؟ كېچىلىرى خىيالىمدىن چىقمايـ
دۇ، تەنها قالغانلىرىمدا سېغىنىمەن، ئويلايمەن، ئويلايمەن. . . ناھايىتى كۆپ ئويلايـ
مەن. . . مەن ئۇنى ساراڭلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئەمما ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى
بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ قەلبىمدە كىچىككىنە ئۈمىد چىرىغى يېنىپ تۇراتتى. ئۇ بولسىـ
مۇ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يىگىتنى ياراتمايتتى، ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلمايتتى.
لېكىن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى دەپ ئېيتقۇسىز ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا،
مەن يىگىت بىلەن قانداق يېقىنلىشالايمەن؟ پەقەت خۇدادىن بىرەرسىنىڭ توي ـ مەرىكە
ئۆتكۈزۈشىنى تىلەيتتىم، باغاق كېلەرمىكىن دەپ، ئىشىك تاراقلىسا يۈگۈرۈپ
چىقاتتىم. . .
— شۇ چاغلاردا مېنى كۆرۈپتىكەنسىز ـ دە؟ — ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ «مەن سىزنى

تويلاردا كۆرگەن» دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇمىغانىدى، — قېنى سۆزلەڭ، بۇ بىر تراگېدىيە ئىكەن...

— مەن يىگىتنىڭ سايىسىنى قوغلىشىپ يۈردۈم، بىر يىل ئۆتتى. ئۇ ئاخىرى سۆيگىنى بىلەن توي قىلدى... مەن تەقدىرگە تەن بەرمەي جاھىللىق قىلدىم... ئۈمىد چىرىغىمنى ئۆچۈرمىدىم... نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن... قاراڭ ھېكمەت، يۇلتۇز كۆچتى، — قىز قويرۇق قالدۇرۇپ ئېقىۋاتقان يۇلتۇزنى كۆرسەتتى، — توۋا، بۇ گەپلەرنى سىزگە نېمىشقا دەپ ئولتۇرىمەن؟ بوپتىلا، ئەڭ بولمىسا ئىچىم بوشاپ قالار. ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتتى... مەن ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىدىم. ئۆيدىكىلەر مېنىڭ توي تەييارلىقىمغا چۈشتى. كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەبىممۇ يوق ئىدى. ئۇلار بىزگە شىرەم تۇغقان كېلىدىغان بىر يىگىتنى تېپىشتى. ئۇ قۇرۇلۇش شىركىتىدە كاسسىرلىق قىلاتتى. سۆز سالدۇرۇلۇپ، چاي ئىچۈرۈلدى. توي سېلىقىمۇ مۇقىملاندى. ئەمدى توي ئۆتكۈزۈلسە، مېنى نە مۇھەببىتىم، نە نەپرىتىم بولمىغان بىر يىگىت ئېلىپ كەتسىلا بولاتتى. ئەمما، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ھايات يولۇمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. مېنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزۇم كۆك ئاسماندا قايتىدىن چاقنىدى. چۈنكى، مەن ياخشى كۆرىدىغان يىگىت ئائىلىدىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى... مەن ئەتە توي دېگەن كۈنى لوپقا قېچىپ كەتتىم...

— ھازىر بىز بارغان غاپپار تاغىنىڭ ئۆيىگىمۇ؟ — ھېكمەت بۇ ئۇزۇن ھېكايىگە قىزىقىپ قالغانىدى.

— شۇنداق، ئۇ كۆزقارىشى يېڭى، كۆڭلى ساپ ئادەم بولغاچقا، بۇ كونىچە تويغا قارشى ئىدى، — مەھبۇبە سۇغا قارىغىنىچە جىمىپ قالدى، — غاپپاركام مېنى سامپۇل يېزىسىدىكى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى، ئانام يىغلاپ ـ قاخشاپ تۈگىشىپلا كېتىپتۇ، تويمۇ يېنىپ كېتىپتۇ، مەن قايتىپ كەلدىم...

— قېنى سۆزلەڭ، يازغۇدەك ۋەقە ئىكەن بۇ! — دېدى ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ بۇلاقتەك خۇمارلىق كۆزلىرىگە قاراپ، — كېيىن ئۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ مۇھەببىتىڭىزگە قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟

— ئۇ مېنى بىر كېچىدە ئىزدەپ كەلدى!...

— پاھ، تارتقان رىيازىتىڭىز بىكارغا كەتمەپتۇ - دە!...

— ئەمما ئانام ئۇنى شۇنداق تىللىدىكى، جاھاندىكى قاباھەت تىللارنىڭ ھېچقايسىسى قالمىدى. ئۇ دەرۋازا بوسۇغىسىدىنلا ئارقىغا قايتىپ كەتتى!...

— ئاپلا، كۆرۈڭ بۇ پىشكەللىكنى! سىز شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلدىڭىز؟...

— نەدىكىنى؟ ئۇنى كېسەل بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ باردىم. ئۇ ئاپارغان تامىقىمنى يەپ - يەۋېلىپ مېنى: «بۇنىڭدىن كېيىن مېنى يوقلاپ كەلگۈچى بولماڭ!» دەپ ھەيدىۋەتتى...

— ئۇ قاملاشمىغان ئىش قىپتۇ، — دېدى ھېكمەت قىزغا تەسەللى بېرىپ، — تامىقىڭىزنى يېگەندىن كېيىن، ئەدەپ يۈزىدىن بولسىمۇ ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلسا بولمامدۇ؟ ئەدەپسىز!...

— شۇنى دېمەمسىز! — مەھبۇبە يەنە خىيالغا چۆمدى، — شۇنىڭغا قارىغاندا، نۇقسانسىز ئادەم يوق ئوخشايدۇ...

— شۇنىڭ بىلەن بولدى قىپسىز-دە؟...

— ياق... مەن ھازىرغىچە، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغان ئاشۇ «ئەدەپسىز»نى قوغلاۋاتىمەن...

— ھەي... ئاتا - ئانا دېگەنمۇ بەزى ۋاقىتلاردا بالىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويىدۇ... ئانىڭىزنىڭ ئاتايىتەن كەلگەن يىگىتنى تىللاپ، ھاقارەتلەپ، كەتكۈزۈۋەتكىنى نېمىسى؟...

— مەن شۇ كېچىسى ئانام بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇرۇشۇپ چىقتىم. ئۇ بالىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئوچۇق جاكارلىدىم... ئانام لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇپ پېشانەمنى يېرىۋەتتى.

مەھبۇبە ئاي يورۇقىدا پېشانىسىنى كۆرسەتتى. يېرىمى چاچ ئارىلىقىغا كىرىپ كەتكەن ئىلپەتەك تۈز تارتۇق سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سىز ئۇ بالا ئۈچۈن خېلى كۆپ قۇربان بېرىپسىز... بىراق، ئانىڭىزنىڭ تىل - ئاھانىتى ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەپتۇ، — ھېكمەتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — مېنىمۇ بىر موماي ناھايىتى قاتتىق تىللىغان. ئۇنىڭ ھاسىسىنى كۆزۈمگە، مەيدەمگە چىنەپ تۇرۇپ: «تەلەتىڭ قۇرغۇر قاراقچى، زۇۋانى تۇتۇلغۇر، كاپىر، پاقا تەشكەن سويما، ئوغرى - بۇلاڭچى، دىۋانە... ئىلاھىم دوزاختا

كۆيۈپ، يىلان ـ چايانغا يەم بولارسەن. . . ئىككىنچى بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما! » دېگەن پاسكىنا تىل ـ ھاقارىتى ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ. . .

— ئۇ موماينى سىز كەچۈرەمسىز؟ . . .

— ھەرگىز كەچۈرەلمەيمەن ھەم ئۇنتالمايمەن، — ھېكمەتنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — مۇسۇلمانچىلىقتا ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قالغان قەلەندەرنىڭمۇ كۆڭلىنى رەنجىتىشكە بولمايدۇ. مەن ناھايىتى تېنەپ ـ تەمتىرەپ بېرىپ، بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. بىلەمسىز، بىر كۆڭۈل ئاغرىقى مىلىڭ كالتەكتىن يامان دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ قىزى: «رەھىم قىلىڭچۇ ئانا» دەپ قويۇۋىدى، چوپچوڭلا بولۇپ قالغان قىزنى «يوقال رەسۋا قانجۇق» دەپ تىللىدى. بۇنداق مومايلار ئاخىرى قىزنى بەختسىز قىلىپ قويىدۇ، يىگىتلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كۈيئوغۇل بولۇپ كىرىش ئەمەس، ھەتتا قوشنا ئولتۇرۇشنىمۇ ھەزەر ئەيلەيدۇ. . .

مەھبۇبە ئۈن ـ تىنسىز جىمىپ كەتتى. ئۇ بىر چاغدىلا غەلىتىلا كۈلۈپ، «جۇرۇڭ كېتىلى! » — دېدى.

ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە خۇماردىن چىققۇدەك مۇڭداشقان كېچىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. سەھەردىن باشلاپلا، لوپ مېھمانخانىسىنىڭ چوڭ قورۇسىغا ئوقۇتقۇچىلار توپلىنىشقا باشلىدى. ھەممە جىددىي كەيپىياتتا ئىدى. كوچىنى بىر ئالغۇدەك پلاكاتلارغا ئىنقىلابىي شوئارلار يېزىلىپ، ئۇلار خادا تاياقلارغا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. تۆت ئادەم بەل تاياقلار بىلەن كۆتۈرۈپ ئىككى ياندىن چېلىپ ماڭىدىغان قىزىل دۇمباقلار، قول بايراقچىلار بىر كېچىدە تەييارلانغانىدى. ئادەم بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، گۇرۇپپا، ئوچاستىكا باشلىقلىرى ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ، كىملەرگىدۇر بىرنېمىلەرنى دەيتتى، قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ چۈشەندۈرەتتى. غاپپار، غېنى نىياز، سىيىت سالى قاتارلىقلار خوتەن ئىسيانچىلىرى بىلەن پىچىرلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كىملەرنىدۇر ساقلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ھايال ئۆتمەي، ئابدۇقادىر مەدىيا، ئىدرىس، ھېكمەت قاتارلىق يىگىرمىدەك ئوقۇتقۇچى باغلانغان ئۈچ كىشىنى يۇگۇرتۇپ ئېلىپ كېلىشتى. بۇلار لوپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئىنقىلابىي ئامما ئۈستىدىن تېررورلۇق ۋە فاشىستلىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن سۇلايمان سونجاق، كېۋىر يەكچەشمە يەنە بىرسى ھېلىقى قارا ئوقۇغۇچى ئىدى. ئابدۇقادىر مەدىيا ئۇلارنىڭ قوللىرىنى يەشتۈرۈۋېتىپ تۇراتتى، ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار لوساۋنى يۇگۇرتۇپ ئېلىپ كەلدى.

لوپ ئىنقىلابچىلىرى شوئارلارنى توۋلاپ، دۈمباقلىرىنى گۈمبۈرلىتىپ چىققاندا،
شەھەر ئىچى قاچانلاردىدۇر چاپلانغان لوزۇنكا، شوئارلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.
بوينىغا تاختاي ئېسىلغان سۇلايمان سونجاق، كېۋىر كېپەكلەرنى ئوقۇتقۇچىلار گەجگە-
سىدىن بېسىپ، توپ ئالدىدا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. كۆپچىلىك ھەيۋەت بىلەن چۇقان -
سۈرەن كۆتۈرۈپ، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بېسىپ كىردى. كۈرەش يىغىنى بولۇۋاتقان
سىنىپلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىشىك - دېرىزىلەردىن گۈلدۈرلەپ چىقىپ، ئىسيانچىلار
توپىغا قوشۇلماقتا ئىدى. ئۇلارنى باشقۇرۇۋاتقان قەبىھ باشلىقلاردىن بىرنەچچىسى تۇتۇل-
غان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى ئارقا ئىشىك، دېرىزىلەردىن قېچىپ، باغ تېمىدىن ئارتىلىپ
چۈشۈپ، قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇشتى. مەكتەپ ئىچىنى قوغداۋاتقان مىنبىڭلارمۇ بۇ
شىددەتلىك قىزىل قىياندىن قورقۇپ، قۇيرۇقىنى خادا قىلىشتى. ھېكمەت، ئىدرىس،
مەھبۇبە قاتارلىق ئوندەك ئىنقىلابچى كۇلۇب ئىشىكىنى ئاچتى - دە، ئىچىگە ئېتىلىپ
كىردى.

— ئازابلانغان ئوقۇتقۇچىلار، — ۋارقىرىدى ھېكمەت، — قۇياش نۇرىدىن بەھرىمەن
بولۇڭلار! سىلەر مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ھۆرلۈككە ئېرىشتىڭلار... ئۇرۇق -
تۇغقان، ئاتا - ئاناڭلار بىلەن جەم بولۇپ، سالامەتلىكىڭلارنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈڭلار!...

— بىز ئىنقىلاب قىلىمىز!...

— ياشىسۇن ئىنقىلاب!...

ئاپئاق چاچلىق ئوقۇتقۇچىلار، تەنلىرى مادارسىز خانىملار پۇتلىشىپ يىقىلىپ،
يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى — دە، ھېكمەت، ئىدرىس، مەھبۇبەلەرنى قۇچاقلىشىۋېلىشتى.
ئۇلار ھۆركىرەپ يىغلايتتى، بىھوش بولۇپ يىقىلاتتى، تاياقتەك ئورۇق قوللىرىنى
كۆتۈرۈپ، زەئىپ ئاۋازدا نېمىلەرنىدۇر دەپ خىرقىرايتتى. كىتابلىرى كۆيدۈرۈلۈپ
ئىككى كۈن سازايى قىلىنغان لى خۇڭمىي مەھبۇبەنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئايلىنىپ
كەتكەنىدى. ئۇلار ھويلىغا چىقىشى بىلەن، نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەرىپەت
جاپاكەشلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى، مەينەتچىلىك باسقان، جاراھەت قاپلىغان
يۈزلىرىنى سىيلاشتى. كۇلۇبنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، بىر ئورۇق، نىمجان گەۋدە قولىدا
نېمىدۇر بىرنەرسىنى پىرقىرىتىپ ئولتۇراتتى. بۇ ھېكايىلىرى، يېڭى قوليازمىلىرى
كۆيدۈرۈلگەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچى ئىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى. ئۇ

يىپ باغلانغان مەدەكنى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى تەمەچىنىڭ ئۇچىغا باغلىۋېلىپ، ئۇنى خۇددى زاڭزۇ لامالىرىدەك پىرقىرىتىپ ئولتۇراتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا ئائىلىسىگە كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كۆزلىرى جەھەننەمدەك قايناپ تۇرغان بۇ يازغۇچى بىر قىسىملا ھېجىيىۋىدى، ئۇنىڭ ئورۇق يۈزىدىكى قورۇقلار تارتىشىپ، گارمون كارتىلىرىغىلا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئويۇنچۇقىنى پىرقىراتقىنىچە، كۈلۈۋېتىن چىقىپ كەتتى.

لوپ شەھەر ئېچىدە چاڭ ـ توزان ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلدى. نەچچە مىڭ كىشىلىك ئىسيانكارلار قوشۇنى شىددەت بىلەن ۋارقىراپ، دۇمباقلارنى چېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. . . ئۇلارغا ئەتراپتىكى ئالىمانمۇ قوشۇلماقتا. باشقا ئوچاستىكىلارمۇ كوچا ـ كوچىدىن سەپ تارتىپ كەلمەكتە. . . قارا ماتېرىياللارنىڭ دېلو گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىن ئاللىقاچان يۆتكىۋېتىلگەنلىكىنى بىلگەن ئوقۇتقۇچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، سۇلايمان سونجاق بىلەن كېۋىر يەكچەشمىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئۇلار ئاخىرى جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، راست گېپىنى قىلدى. قارا ماتېرىياللار گۇڭشې بېغىدىكى نەچچە يۈز يىللىق ياڭاقنىڭ كاۋىكىدىن، تاشلاندۇق شامالدۇرغۇچ ساندۇقىدىن، يەر ئاستى كۆكتات ئامبارلىرىدىن تېپىلدى. ئۇلار تىزىملىك بويىچە بىر ـ بىردىن تەكشۈرۈلدى ۋە ھارۋىلارغا بېسىلدى. قارا ماتېرىياللارغا گەرچە جىنازا ياسىمىغان بولسىمۇ، ئاغزى ـ بۇرنى ئىششىپ، قاپاقلىرى كۆكىرىپ كەتكەن سۇلايمان سونجاق بىلەن كېۋىر يەكچەشمە ھارۋىلارغا ئۇلاق ئورنىدا قېتىلدى.

شەھەر مەركىزىدە تەبىئىي يۇمىلاق مەيدان ھازىرلاندى. قارا ماتېرىياللار دۆۋىلەندى، لوساۋ تىترىگەن قوللىرىدا سەرەڭگە چاقتى. . . ئوت ئۇزۇن تىللىرىنى سوزۇپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، تەنتەنە سادالىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى. مانا بۇ زۇلۇمدىن تۇغۇلغان غەزەپ ئىدى. . .

تۇيۇقسىز توپ ئارىسىدىن «بالامنى تېپىپ بەر! . . .» دېگەن ئېچىنارلىق ھەم غەزەپلىك ئاۋاز ئاڭلاندى. بىر ئادەم سانجاق قوشۇن سېپىنى يېرىپ مەيدانغا ئېتىلىپ كىردى-دە، لوساۋنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ۋە سۇلايمان سونجاق بىلەن كېۋىر يەكچەشمىنى قارا ـ قويۇق پاقىلدىتىپ ئۇرغىلى تۇردى. ئۇنى باشقىلار تۇتۇۋالدى، ئۇ بۇلجۇڭۇپ، سىلكىنىپ، تېپىرلاپ: «بالامنى تېپىپ بەر. . .» دېگەن بىر سۆزنىلا تەكرارلايتتى. ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان چار ساقال، ئاق چاچلىق بۇ ئادەم ۋارقىراپ ـ ۋارقىراپ،

ئاخىرى ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ «بالامنى تېپىپ بەر! . . . » دېگەن سۆزى ھېكمەتنىڭ يۈرەك يارىسىنى قانىتىۋەتتى. ئۇ چارساقالنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، مەھبۇبە يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا، لوپلۇق بىر ئوقۇتقۇچى كېلىپ ياردەملەشتى. ئۇلار بۇ ئادەمنى يۆلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. لوپلۇق ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلگەچكە، يول باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆيى شەھەر ئىچىدە بولغاچقا، ئانچە ئۇزۇن ھايال بولماي يېتىپ كېلىشتى. لوپلۇق ئوقۇتقۇچى نامايىشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ھېكمەت ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان بۇ پېشقەدەمنىڭ دەردىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قېپقالدى. ئەللىك بەشلەردىن ئاشقان ۋىجىك ئايال سوغۇق چاي ئېلىپ كەلدى. چارساقاللىق ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ، بىر ئاز ئەسلىگە كەلدى.

ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى غوپۇر نىياز بولۇپ، سودا سارىيىنىڭ پېنسىيىگە چىققىنىغا ئۈچ يىل بولغان پېشقەدەم بوغالتىرى ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە بەش بالا يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، ھەممىسىلا يېشىغا توشماي ياكى تۇغۇلۇپلا چاچراپ كەتكەنىدى. شۇڭا، بالىغا زار بۇ ئەر - خوتۇن ئەڭ ئاخىرقى «تاغار قېقىندىسى» بولۇپ تۇرغان ئوغلىغا «تۇرسۇنتوختى» دەپ ئىسىم قويغان. بۇ كونىلارنىڭ ئېرىمى بويىچە، «تۇرۇپ قالسۇن، توختاپ قالسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. دەرۋەقە، تۇرسۇنتوختى تۇرۇپ قالدى، توختاپ قالدى! ئۇ شوخ، گەپتان چوڭ بولدى. تۇرسۇنتوختى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ، لوپ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. دادىسى ئۇنى ياخشى كۆرگەن قىزىغا ئۆيلەپ قويدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، «دېڭتو، ۋۇخەن، لياۋمۇشا»لارنى پىپەن قىلىش ھەركىتى باشلاندى. بىر كۈنى ساددىراق بىر ئوقۇتقۇچى: «دىڭتو دېگەن زادى نېمە قىپتىكەن؟» دەپ سوراپتۇ. تۇرسۇنتوختى قىزىقچىلىق قىلىپ: «دىڭتو تولۇق ئۆتكۈزمەپتىكەن. . . »① دەپ سالىدۇ. بۇ بىر ئېغىز سۆزنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا كىملەردۇر كۆتۈرۈپ چىقىپ، قورقۇنچلۇق سىياسى مەزمۇنلاردا تەھلىل قىلىدۇ. تۇرسۇنتوختى كۈرەش مەيدانىغا تارتىپ چىقىرىلىدۇ. . . «دېڭتو

---

① دېڭتو — لامپۇچكا بېكىتىدىغان پاترون. بۇ سۆز «دېڭتو» دېگەن ئادەم ئىسمى بىلەن ئاھاڭداش بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرسۇنتوختى گەپ ئويۇنى قىلغان.

توك ئۆتكۈزمەيتۇ...» دېگەن سۆزنىڭ ئەكسىيەتچى مەزمۇنىدىن ھېساب بېرىپ بولالمىغان تۇرسۇنتوختىنى مىنبەگلار «كېچىلىك يىغىن تەربىيىسى...»[①]دە قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ يېرىمجان تېنىنى تېخى بىر ئاي ئىلگىرىلا ئاتا - ئانىسىغا تاشلاپ بەرگەنىدى. ئۇ ئەتىسىلا جان ئۈزدى. بۇ ئەر - خوتۇنلار ئاخىرقى ئۈمىدى، كۆڭۈل خوشى بولغان بىر تال ئوغلىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى...

— سەۋر قىلسىلا غوپۇركا، بىئارام بولۇپ ئۆزلىرىنى قىينىغان بىلەن، ئوغۇللىرى قايتىپ كەلمەيدۇ، — دېدى ھېكمەت ئۆزىگە تەقدىرداش بۇ ئادەمگە خەيرخاھلىق قىلىپ، — مانا مەنمۇ ئىككى يېرىم ياشتىن ئاشقان ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم...

ئۇنى قانداقتۇر قارا كۆڭۈل، ئادىمىلىك پەزىلىتى يوق، ياۋۇز، دوزىخى ئادەملەر ئوغرىلاپ كەتتى... ئۇ بۇدۇرە چاچ، ئاپئاق توقاچ يۈزلۈك، تىلى چۈچۈك... بويىنىدا قىزىل يىپەك يىپقا ئېسىلغان كىچىك قەلەمتىرچى بار بالا ئىدى، ئۇ قەلەمتىراچ دادامدىن قالغان تەۋەررۈك ئىدى... خۇدا ئۇ دىيانەتسىز مەلئۇنلارنىڭ كۆزىگە كۆرسەتەر...

ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— ھېكمەت، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى مەھبۇبە، — غوپۇركامغا تەسەللى بەرمەي، ئۆزىڭىز ياش تۆككىنىڭىز نېمىسى؟

— ئەپۇ قىلسىلا غوپۇركا، — ھېكمەت مەھبۇبە سۇنغان قولياغلىقتا ياشلىرىنى سۈرتتى، — ئوغلۇم ئەزىمەت ئېسىمگە كەلسىلا، ئاغزىم ئېچىلىپ كېتىدۇ. تاڭ ئاتماس كېچىلەردە، شامۇ سەھەرلەردە، ئانىسىنىڭ قەبرە بېشىدا قان - قان يىغلىغانلىرىمنى بىر خۇدا بىلىدۇ... ئوغلۇم تۇغۇلۇپلا ئانىسىدىن ئايرىلدى... ئەمدى قانداقتۇر قارا يۈرەك ئىمانسىزلار ئۇنى مەندىن ئايرىۋەتتى...

ياستۇققا يۆلىنىپ، بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ ياتقان غوپۇر نىيازنىڭ چىرايى خوتەن قەغىزىدەك سارغىيىپ كەتتى... ئۇ كۆزلىرىنى تەرەپ - تەرەپكە يالت - يۇلت قىلىپ ئېلىپ قېچىپ، ھېكمەتكە قارىمايتتى. ۋۇجۇدى ئايالمۇ رومىلىنى غىجىمداپ، چەكچىيىپ قاراپ قالغانىدى. بىردىنلا ئىچكەركى ئۆيدىن «دادى» دەپ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋاز

---

① كېچىلىك يىغىن تەربىيىسى — قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ تەن جازاسى بېرىش.

كەلدى. بۇ ئاۋاز ھېكمەتنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىلىپ، ئوغلىنى ئېسىگە سالدى.

— يىغلىغان سىلىنىڭ نەۋرىلىرىمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— شۇنداق! . . . شۇنداق! — غوپۇر نىياز چۆچۈپ باش لىڭشىتتى، — ئۇ ئوغلۇمنىڭ تەۋەرۈكى. . . ئانىسى، مېڭىلار، بالا ئېچىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، يۆگەپ قويۇڭلار. . . ئاھ ئوغلۇم. . . بىر تال گۆھىرىم. . . كۆزۈمنىڭ قارىسى. . .

غوپۇر نىياز باشقىدىنلا يىغىنى باشلىدى. ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، قايتىپ چىقىشتى. ئۇلار چوڭ يولغا چىققاندا، ئاياق ـ ئۇچىنى كۆرگىلى بولمايدىغان نامايىشچىلار قوشۇنى لوساۋ، سۇلايمان سونجاق، كېۋىر يەكچەشمىلەرنى ئالدىغا سېلىپ، ھەيۋەت بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.

— قاراڭ مەھبۇبە، — دېدى ھېكمەت قىزغا ئىشارەت قىلىپ، — ئۇلار ئالدىدىكى پۈتۈن توسقۇننى يېمىرىپ ماڭىدىغان قىيان سۈغا ئوخشايدۇ. يازغۇچىلار: «زۇلۇمدىن غەزەپ، خورلۇقتىن قەھرىمانلىق، تەڭسىزلىكتىن قارشىلىق تۇغۇلىدۇ. . .» دەپ توغرا ئېيتقان. . .

# تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى

ماۋجۇشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان سەككىز يۈز خەتلىك «سىلىڭبۇنى توپقا تۇتايلى» سەرلەۋھىلىك دازىباۋسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسيانكارلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبيېكتى، يۆنىلىشى تۇپتىن ئۆزگەردى. بۇ دازىباۋ ئېلان قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، خوتەن شەھەر ئىچى، يېزا ـ بازارلىرى، كەنتلەرگىچە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش چوڭ يىغىنلىرى، نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى. تەشۋىق قىلىش ھەرىكىتى كوچا ـ كوچىلاردا بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتى. ئۇلارنىڭ توۋلىغان شوئارلىرى دازىباۋنىڭ روھى بويىچە، «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى يوقىتايلى»، «جاھىل قورغانلارنى پاچاقلاپ تاشلايلى»، «بۇرژۇئا سىلىڭبۇسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى. . .» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئىسيانكارلار «جاھىل قورغان»لارغا ھۇجۇم باشلاۋاتقان كۈنلەردە، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ گاڭلىڭى (پروگراممىسى) — ئون ئالتە ماددا ئېلان قىلىندى. ئون ئالتە ماددىنى تەبرىكلەش، تەشۋىق قىلىش، پلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىش يەنە بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتى. شەھەر ئىچى

ئۆۋنسى بۇزۇلغان ھەرىنىڭ ئۇزىلا بولدى. تەرمپ ـ تەرەپتە، ۋاڭ ـ چۇڭ، شوئار، داقا ـ دۇمباق ساداسى زادىلا ئۈزۈلمەيتتى. . . «سىلىڭبۇنى توپقا تۇتايلى» ئىنقىلابىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە تۇتاشتۇرغۇچى ئوت بولغان بولسا، ئون ئالتە ماددا ئىسيانكارلارنىڭ ئوت پۈركىگۈچ قورالىغا ئايلاندى! . . . ئون ئالتە ماددىدا، رەھبىرىي كادىرلار: «بىر قەدەر ياخشى كادىرلار» ، «خاتالىقى بار، لېكىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا بولىدىغانلار» ، «بۇر-ژۇئازىيە پاتقىقىغا ئېغىر پاتقانلار» ، «ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭ-غان ھوقۇقدارلار» دېگەن تۆت خىلغا ئايرىلغان بولسىمۇ، خۇددى ئورمانغا چاقماق چۈشسە، ھۆل ـ قۇرۇق ئوخشاشلا كۆلگە ئايلانغاندەك، «بىر قەدەر ياخشى» ، «قۇتقۇ-زۇۋېلىشقا بولىدىغان» دېگەن ماددىلار بىر چەتكە قايرىلىپ قالدى. ۋىلايەتلىك كومى-تېت، ناھىيىلىك كومىتېت، ئىدارە ـ جەمئىيەت، كان، كارخانا، زاۋۇت، فابرىكا، گۇڭشې، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان ھەر دەرىجى-لىك كادىرلار ئارقا ـ ئارقىدىن تارتىپ چىقىرىلدى. ئۇلارنى ھەركۈنى بېشىغا كۆلا كىيگۈزۈپ، بوينىغا تاختا ئېسىپ سازايى قىلىش، كۈرەشكە تارتىش، تەن جازاسى بېرىش، ھەرخىل قىيناش ئۇسۇللىرى بىلەن ئازابلاش يەنە باشلاندى، زۇلۇم تارتىش نۆۋىتى ئەمدى رەھبىرىي كادىرلارغا كەلگەنىدى.

«تيەنبىڭ» سىلىڭبۇسى ئىسيانكارلىرى تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر روزى قاتارلىق ناھىيە رەھبەرلىرىنى، شۇنداقلا چايخانا مەكتەپتە تېررورلۇق يۈرگۈزگەن سا چۇجاڭ (ئىسمەت بۇجاڭ ئېسىلىپ ئۆلتۈۋالغانىدى) قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك چاپارمەنلەرنى كۈرەشكە تارتىپ، ئەكسىيەتچى لوشيەندىن ھېساب ئېلىش كۆرىشىنى باشلىۋەتتى. ۋىلايەتكە قاراشلىق ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋىلايەتنىڭ شۇجىلىرىدىن خۇاڭ چىڭ، ئابلا توختى، ۋالىيلاردىن نۇرىيۇپ، ، مامۇت نىياز، يۇسۇپ مۇھەممىدى قاتارلىق رەھبەرلەرنى ھەر كۈنى دېگۈدەك سازايى قىلىپ، كۈرەش قىلماقتا ئىدى. ھوقۇقدارلارغا نىسبەتەن، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى رەھىمسىز ئىدى. ئۇلار سازايى قىلىش، مەيدانغا ئېلىپ چىقىش، ھېساب ئېلىش كۈرەشلىرىدە، ئۇلارنى بەل تاسمىلى-رى بىلەن ئۇرۇپ، ئېغىر نەرسىلەرنى بوينىغا ئېسىپ، قوللىرىنى قايرىپ، ھەرقاندىقى-نى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە قارا تەرگە چىلاشتۇرۇپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي فورما كىيىپ، توقىسىغا بەش شوئار چۈشۈرۈلگەن بەل تاسمىلىرىنى باغلىۋېلىشقانىدى، يەڭلىرىدە خۇڭگۇېيبىڭ بەلگىسى، مەيدە ۋە شەپكىلىرىدە ماۋجۇشى ئىزناكلىرى بار ئىدى.

ئۇلار كوچىلاردىن تەرتىپسىز چېچىلىپ، قارا بوراندەك چىقىپ كەلسە، ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكى سىرقىراپىتتى. بۇ «باتۇرلار» داۋاملىق ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا تەرگە چىلىشىپ يۈرگەچكە، تەپچىپ چىققان تەر بەدەن ۋە كىيىملىرىگە بىر سىڭىپ، بىر قۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار بىر كىمنىڭ يېنىغا كېلە ـ كەلمەي، ئۇلاردىن بەتبۇي، قاڭسىق بىر ھىد گۈپۈلدەپ كېلىپ، دىماغلارنى ئېچىشتۇرۇۋېتەتتى. بۇ چاغلاردا، ۋاڭ ئېنماۋ، ۋۇگۇاڭ، سەيپىدىن ئەزىزىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن پىپەن قىلىنىۋاتقان، بىرقىسىم تەشكىلاتلار شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن ئەكسىيەتچى لۇشيەننىڭ باش بالاخورى ۋاڭ ئېنماۋ دېسە، بەزىلىرى ئۇنى ۋۇگۇاڭغا ئارتىۋاتقان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. بەزى تەشكىلاتلار: «يوقالسۇن ۋاڭ ئېنماۋ!» دەپ ۋارقىرىسا، بەزىلىرى «ۋۇگۇاڭدىن ئىبارەت گومىنداڭ ئىشپىيونىنى ئۆزۈل ـ كېسىل يوقىتايلى!» دېگەن قارىمۇقارشى شوئارلارنى توۋلىشاتتى. بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا، بۇ شوئار بالىلاپ، «يوقالسۇن ۋۇ، لۇي، چى، جاڭ ...»[1] غا كۆپەيدى.

بىركۈنى، گۈلباغدا قىقاس ـ چوقان كۆتۈرۈلدى. بىر قىسىم تەشكىلاتلار خۇاڭ چىڭنى سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بوينىدا سىم بىلەن ئېسىلغان ئوتتۇز كىلولۇق گىر تېشى بار ئىدى. خۇددى ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە پارتىزانلار ئىشلەتكەن مىنادەك شەكىلدىكى گىر تېشى ئۇنىڭ تىزلىرىدا پۇلاڭلاپ، پاچاق سۆڭەكلىرىگە ئۇرۇلاتتى. ئارقىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان خۇاڭ تەيتەي خۇڭۋېيبىڭلارنىڭ ياقىلىرىغا ئېسىلاتتى، يۈزلىرىگە چاڭگال سالاتتى، يۈزلىرىگە شالاقلىتىپ تۈكۈرەتتى ۋە ئۇلارنى ئېغىزىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ تىللايتتى... ئۇ ئادەتتىكى ئاما، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېرى يولىدا جان تىكىشتەك پىداكارلىق روھىغا ئىگە ئايال بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى، ئۇنىڭدىن قورقاتتى...

— ۋۇي فاشىستلار، قاراقچىلار، بۇلاڭچى ئەبلەخلەر... — دەيتتى خۇاڭ تەيتەي ئۆزىنى توسۇۋالغانلارنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ، — خۇاڭ چىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىدا قان

---

① ۋۇ، لۇي، چى — ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى ۋۇگۇاڭ، لۇي جيەنرېن، چى گو؛ جاڭ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ باش قوماندانى جاڭ جۇڭخەن.

تۆككەندە، سەنلەر نەدىدىڭ؟ . . . ئۇ دادۇخېنىڭ پولات زەنجىر كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتكەندە، سەنلەر بارمىدىڭ؟ . . . ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن قانلىق جەڭلەر ئېلىپ بارغاندا، سەنلەر نەدە قېلىشقانىدىڭ؟ پارتىيە ئۇنىڭغا «خۇاڭ يولۋاس» دېگەن نامنى بەرگەندە، سەن پاراكەندىچىلەر ئاناڭنىڭ قورسىقىدىمۇ يوق ئىدىڭ! داداڭنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر تېمىم سۈيدۈك بولۇپمۇ تۆرەلمىگەن!

ئوقۇغۇچىلار خۇاڭ چىڭنى ئىتتىرىپ، قوللىرىنى قايرىپ، ماشىنىنىڭ ئېچىۋېتىلگەن كوزۇپىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇنى كوزۇپقا سۆرەپ ـ تارتىپ چىقاردى ـ دە، ئېلىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن باشلاپ، گۇلباغنى چوڭ ـ كىچىك لوزۇنكىلار، پلاكاتلار قاپلىدى. ئۇلاردا: «چىشى يولۋاس شىسى تەيخۇ[1] — خۇاڭ تەيتەينىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرايلى!»، «خۇاڭ تەيتەيدىن ھېساب ئالايلى»، «ئىت كاللىسىنى چېقىپ تاشلايلى. . .» دېگەندەك مەزمۇنلا يېزىلغانىدى.

بۇ ۋەقەدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، «يۈكسەك چوققا» سىلىكبۇسى (بۇرۇنقى تۆەندىن سىلىكبۇغا ئۆزگەرگەنىدى) خۇاڭ چىڭنى ماشىنىدا سازايى قىلىشقا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئىششىپ، كالپۇكلىرىدا قان قېتىپ قالغانىدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ماشىنا يېنىغا كەلگىلى بولمايتتى. «تيەنبىڭ» سىلىكبۇسىنىڭ ئىنقىلابچىلىرى شىددەت بىلەن بېسىپ كەلدى ـ دە، ماشىنىغا ياماشتى. ئۇلار خۇاڭ چىڭنى ئېلىپ كېتىپ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، چىڭ تۇرۇۋالدى. بىر ئاز ئىتتىرىش، سۈركىلىش بولغاندىن كېيىن، جاڭ سىلىڭ (جاڭ تيەن) رازىلىق بىلدۈردى. «تيەنبىڭ» سىلىكبۇسىنىڭ ئىسيانكارلىرى خۇاڭ چىڭنى چايخانا مەكتەپكە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بۇ كەچ تەرەپ بولغاچقا، مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئۇنىڭغا تاماق بېرىپ، ياتاقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆرپە تاشلاپ بەردى. بېشى مايلىشىپ كەتكەن كىر سامان تەكىيگە تېگىشى بىلەن، خۇاڭ چىڭ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى، بويىنىدىكى گىر تېشى ئېلىپ تاشلانغان خۇاڭ چىڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، خوتەندە يۈرگۈزۈلگەن ئەكسىيەتچى لۇشيەندىن ھېساب بەردى. ئۇرۇش، تىللاش، قول قايرىشلار بولمىدى. بۇ چاغلاردا، مەمتىلى ئىبراھىمنى «مەي

---

① شىسى تەيخۇ — مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانى بولغان زالىم ئايال.

سىلىڭ» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغانىدى. خۇاڭ چىڭ شۇ كۈنى كەچتە كاتىپ كامىل بىلەن مەي سىلىڭغا مۇنداق دېدى:

— بۈنىڭدىن كېيىن، مېنى سىلەر كۆرمش قىلىساڭلار! «يۈكسەك چوققا» سىلىڭ-بۇسىنىڭ ئىسيانكارلىرىغا بەرمىسەڭلار... ئۇلار ماۋجۇشىنىڭ «قەلەم كۈرشى قىلىش، ئەلەم كۈرشى قىلماسلىق» دېگەن يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلمايدۇ، بەكمۇ رەھىمسىز...

خۇاڭ چىڭنىڭ ئېگىز، قاۋۇل گەۋدىسى دۈمچەيگەن، سېمىز، يوغان كالپۇكلىرى ساڭگىلىغان، ئىششىغان قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇرغان هالدا ئۇلارغا يالۋۇردى. ئۇنىڭ بۇ سىياقىنى هېكمەت ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۇنتۇيالمىدى...

«تيەنبىڭ» سىلىڭبۇسى خۇاڭ چىڭنى ئۈچ كۈنگىچە هېچقانداق تەشكىلاتقا بەرمىدى. تۆتىنچى كۈنى، «يۈكسەك چوققا» سىلىڭبۇسىنىڭ جاڭ تيەن باشلىق ئادەملىرى چايخانا مەكتەپكە بېسىپ كىردى. ئاۋۋال خۇاڭ چىڭ، ئاندىن ۋاڭ ئېنماۋ، ۋۇ گۇاڭ توغرىسىدا مۇنازىرە بولدى. هويلا ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ۋارقىراشلارغا تولدى. ئاخىرىغا بېرىپ ئۇلار مۇشتلىشىشقا ئۆتتى. بىرەر يۈزدىن ئارتۇق ئىنقىلابچى هويلىدا كاللەكلىشىپ، بىر - بىرىنى تاسما بەلباغ، تاياق - توقماق، پارتا - ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتلىرى بىلەن قارا - قويۇق ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، قەيىرى توغرا كەلسە، شۇ يېرىگە سېلىشقا باشلىدى. بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۇرۇپ تاش، خىش پارچىلىرىنى ئېتىشتى. ئاغزى - بۇرنى قان، پېشانە - قاپاقلىرى يېرىلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان ئىنقىلابچىلارنىڭ بۇ ئېلىشىشى خۇددى ئىككى مەھەللىنىڭ ئىتلىرىنىڭ قانجۇق تالاشقىنىغا ئوخشاپ قالدى. جاڭ تيەن ۋارقىراپ:

— سىلەر زاۋپەيپەي ئەمەس[1] بەلكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلارنى قوغدايدىغان باۋخۇاڭپەي[2] بولدۇڭلار!... ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ۋۇ گۇاڭ مەسىلىسىدە ئىنقىلابنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىدىن تايدىڭلار! ۋاڭ ئېنماۋ بىرىنچى قول شۇجى بولغانىكەن، شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن فەندۇڭ لۇشيەنگە شۇ ئىگە بولۇشى كېرەك...

«يۈكسەك چوققا» سىلىڭبۇسىنىڭ ئىسيانكارلىرى بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كې-

---

① زاۋپەيپەي — ئىسيانچىلار.

② باۋخۇاڭپەي — قوغدىغۇچىلار.

يىن، خۇاڭ چىڭنى بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھويلىدا تاش - كېسەك پارچىلىرى، ئۈزۈلگەن تاسما بەلباغلار، كارىدورلاردا بولسا سۇنغان پارتا - ئورۇندۇقلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. ئېلىشىشتا، ھېكمەتنىڭ پېشانىسى يېرىلغانىدى، مەھبۇبە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى تېڭىۋاتاتتى. لېكىن مۇرات بىرسىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ماخىرىنى ئېزىۋەتكەنىدى. كامىل ياتاق ئىچىدە جىلى بولۇپ قوللىرىنى شىلتىپ، ئۇلارنى ئەيىبلەشكە باشلىدى:

— مەن ھەرقايسىڭنى ئەلەم كۆرىشى بولغان يەرگە بارماڭلار، ئارىلاشماڭلار دېمىگەنمىدىم؟ . . . ئەينەككە قاراپ بېقىشقىنا، ئەپتىلىرىڭ نېمە بولۇپ كېتىپتۇ؟ بۇ مالىمانچىلىق، ئۇر - چاپتا، قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا، كىم مۇلچەرلىيە لەيدۇ؟ ئاخىرىدا، بۇ ئىشلارنىڭ ھېسابى بولامدۇ؟ ھەي مۇرات، سېنىڭ يۈزۈڭ نېمىگە شۇنچىۋالا قان بولۇپ كەتتى؟

— مېنىڭ ئەمەس ئۇنىڭ، — غۇدۇڭشىدى مۇرات، — ھېلىقى گۇيىنىڭ ئاستىدا قاپتىكەنمەن، بۇرنىنىڭ قېنىنى يۈزۈمگە سۈۋىدىمۇ، ئىش قىلىپ قان تۇرىدۇ.
غۇ! . . .

— مۇراتقۇ گەپ ئاڭلىماس پېتىر قۇلاق بولدى، — دېدى كامىل ھېكمەتكە قاراپ، — ئەمدى سېنىڭ بۇ نېمە بولغىنىڭ؟

— قارىسام، مۇراتقا ئىككىسى ئېسىلىۋاپتىكەن. . . مەنمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپتىمەن، شۇ. . .

كامىل خاپا بولۇپ چىقىپ كەتتى. مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ بېشىنى تېڭىپ بولۇپ، كۆرۈشكىدا چاي ئېلىپ كەلدى.

— قېنى قىزىق - قىزىق ئىچىڭا! ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دېدى مەھبۇبە ئېگىشىپ، — شاپىگرافتا چۈەندەن باسىدىغان ئىشىڭىزنى قىلىسىڭىزچۇ، جېدەلگە ئارىلىشىپ يۈرمەي. . .

— ھوي، ئاچا. . . — دېدى مۇرات مەھبۇبەگە، — تەربىيە بەرمىگەن ئەمدى سىز قالدىڭىزمۇ؟ ھېكمەت خۇددى ئېرىڭىزدەك ئۇنى باشقۇرۇپلا كەتتىڭىزغۇ!

مەھبۇبە يۈزىنى تۇتقانچە چىقىپ كەتتى.

— ھەي، ئەجەپ گېپىڭ قوپال نېمىكەنسەن، — ھېكمەت ئالىيىپ قارىدى، — قاچانمۇ چىرايلىقراق گەپ قىلىشنى ئۆگىنەرسەن؟ . . .

— ھوي، ھوي، مونۇنىڭ ئەزۋەيلەپ كەتكىنىنى كۆرەيمۇ! — مۇراتمۇ ئالايدى، — مۇشۇ كۈنلەردە بۇ خېنىم تامىقىنى توشۇپ، قاچىقىنى يۇيۇپ، كۆڭلەك - ئىشتانلىرىنى ئۆيىگە ئەكىتىپ، تېخى دەزمال سالغان قاتلاقلىق قولياغلىقلارنى بېرىپ، ئۆچكە يېغىدەك ئېرىپلا كەتتا؟... يە شۇنداقراق بىر ئىش بولۇۋاتامدۇ؟...

— يوق يېمە، بۇ دېگەن ئىنقىلابىي دوستلۇق، ياخشى كۆرۈش دېگەن باشقا گەپ...

— ئۇنداقتا بوينىنى قايرىپ سۆيۈپ باقمىدىڭ؟ ھەم ياخشى كۆرمەيسەن؟...

— ياق!

ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ھەممە گەپنى ئاڭلىغان مەھبۇبە يىغلىغانچە ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

كەچتە گۈلباغدا يەنە مۇنازىرە بولدى. گۈلدۈرلىشىپ يۇگۇرۇپ يۇرگەن توپ - توپ ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن ۋۇ گۇاڭنىڭ قايسىسى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار ئىكەنلىكى ئۈستىدە پاكىت كۆرسىتىپ، نەزەرىيە سۆزلەپ، ۋارقىراشماقتا ئىدى. بۇ مۇنازىرىمۇ قىزىرىشىپ، ئىتتىرىشىپ، ئاخىرى مۇشتلىشىشقا ئايلاندى. گۈلباغدا، قاچ - قاچ، قوغلا - قوغلا باشلاندى. ئارىدا ھارام تاياق يەپ كېتىۋاتقان بىگۇناھ شەھەر ئاھالىلىرى قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشۈپ قاچماقتا ئىدى.

بۇنداق مۇنازىرە، پاكىت كۆرسىتىش، نەزەرىيە سۆزلەش ئۇن نەچچە كۈن داۋاملىشىپ، «زاۋپەنپەي» ، «باۋخۇاڭپەي» دېگەن ئىككى كۆزقاراش پەيدا بولدى. بۇ تەرەققىي قىلىپ، مۇنازىرىلەشكۈچىلەر تەرەپپاز تەشكىلاتلارغا ئايرىلدى. ئەكسىيەتچى لۇشيەنگە قارشى كۈرەش، جىن - شەيتانلارنى ئازاد قىلىش ئىنقىلابلىرىدا بىر سەپتە ماڭغان يولداشلار ئەمدى قېنىقماس دۈشمەنلەرگە ئايلانغانىدى. ئۇلار بىر-بىرىنى «باۋخۇاڭپەي» لىكتە ئەيىبلەپ، دازىباۋ، پلاكات، لوزۇنكىلارنى يېزىپ چاپلايتتى. بىر - بىرىنىڭ يازغانلىرىنى يىرتىپ ياكى ئۈستىگە چاپلاپ، بىردەمدىلا سۈركىلىش پەيدا قىلاتتى. قوللىرىغا تاياق، كالتەك، خىش پارچىلىرىنى ئېلىپ، رەستىمۇرەستە قوغلىشىپ، كوچا جەڭلىرىنى ئېلىپ باراتتى. شۇنىڭ بىلەن، مۇنازىرىلىشىش - مۇشتلىشىشقا، مۇشتلىشىش تەرەققىي قىلىپ كالتەك، توقماق، تاشلار بىلەن ئېلىشىشقا ئالماشتى.

ۋەزىيەت مۇشۇنداق لىغىلداپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «يۇكسەك چوققا» ئىسيانكارلار سىلىڭبۇسى بىر كېچىدىلا شەھەر ئىچىنى دازىباۋ، لوزۇنكىلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى.

پىپەن تاملىرى، بىنا تاملىرى، دەل ـ دەرەخ غوللىرى ھەتتا ئاسفالت يوللارغىمۇ دازىباۋ چاپلاشتى. ئەتىسى سەھەردە، شەھەرنى زىلزىلىگە سالغۇدەك شوئار ئاۋازلىرى، دۇمباق سادالىرى ياڭرىدى. ئۇلار ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك، ئاڭلىسا قورققۇدەك شوئارلارنى توۋلايتتى.

— يوقالسۇن ليۇ، دېڭ، تاۋ! . . .[①]

— ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، تاۋ جۇلارنى پرولېتارىيات سەھنىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايلى! . . .

— پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرايلى! . . .

— ماۋجۇشىنى جان تىكىپ قوغدايلى! . . .

نامايىشچىلار قوشۇنى رەستىمۇرەستە رەسىملىك ۋە رەسىمسىز چۇەندەنلەرنى چېپ-چېپ ماڭاتتى. ئۇلار ئۇزاپ كەتكەن ھامان، ئۇششاق باللار، شەھەر ئاھالىلىرى، كاسىپ ـ ھۇنەرۋەنلەر يوللاردا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن ۋەرەقىلەرنى تېرىپ قويىنىغا سالاتتى ۋە ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىگە قارىغىنىچە، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتەتتى. بىر كۈنى مەھبۇبە ئاشۇنداق بىر ۋەرەقىلەردىن ئۈچنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭ بىرسى: «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار ليۇ شاۋچىنى يوقىتايلى» دېگەن سەرلەۋھىلىك تەشۋىق ۋەرەقى بولۇپ، ئۇنىڭدا ليۇ شاۋچىنى مەلۇم مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا، ماۋجۇشىنىڭ يېنىدا ياتقان نىقابلانغان يولۋاس، «تەتۈر ھېساب ئالغۇچى بۇرژۇئا ۋەكىلى» دېگەندەك مەزمۇنلار يېزىلغانىدى، يەنە بىرسىدە، دېڭ شياۋپىڭ بىلەن تاۋجۇنىڭ «جىنايەتلىرى» پاش قىلىنغانىدى، ئۈچىنچىسىدە بولسا، ھەربىي فورما كىيىشكەن خۇڭۋېيبىڭ ئوقۇغۇچىلار تەمبەل بىر ئادەمنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ، گەجگىسىدىن بېسىپ سەھنىدە كۆرەش قىلىۋاتقان رەسىملىك ۋەرەقە ئىدى. سىم بىلەن ئېسىلغان تاختىيى بويىنىغا تېرىلىپ، تاقىر بېشى يەرگە تەگكۇدەك بولغان بۇ ئادەم ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ئازادلىق ئۇرۇشى جەڭلىرىدە ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەن، كېيىن بېيجىڭ شەھرىنىڭ باشلىقى بولغان پىڭ جېن ئىدى. «يۈكسەك چوققا» سىلىكبۇسى بۇنداق يېڭى خەۋەرلىرى بىلەن بارغانسىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، پىڭ دېخۇەي، جېن يى، خې لۇڭ. . . قاتارلىق بىرمۇنچە

---

① ليۇ، دېڭ، تاۋ — ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، تاۋ جۇ.

جۇڭگىياڭ رەھبەرلىرىنىڭ «چېكىدىن ئاشقان جىنايى قىلمىشلىرى» يېزىلغان تەشۋىق
ۋەرەقىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تارقاتتى، ئۇلارنى كوچىلارغا چاپلاپ، يېپەن سەھنىلە-
رىنى تولدۇرۇۋەتتى. بۇ چاغلاردا «تيەنبىڭ» سىلىگبۇسى «باۋخۇاگپەي» قالپىقى
ئاستىدا، نەزەردىن چۈشۈپ قېلىشۋاتاتتى. مەي سىلىگمۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان
ھوقۇقدارلارنى قوغدايدىغان «بۇزۇق كاتتىۋاش» بولۇپ قالغانىدى. مانا بۇ «يۇكسەك
چوققا» ئىسيانكارلار سىلىگبۇسىنىڭ دازىباۋ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى ۋە گۇلباغدا ھەركۈ-
نى ياڭراپ تۇرغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كارنايلىرىدا ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغان
تەشۋىق ـ تەرغىباتلىرىنىڭ بەرگەن مېۋىسى ئىدى.

ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرى تەكلىماكاندىن قىيپاش ئۇرغان شامال قۇم ـ توپىلارنى
ئۇچۇرۇپ كەلمەكتە. خوتەن ئاسمىنىغا قارا بۇلۇتلار يىغىلماقتا ئىدى. يۇرۇڭقاش
دەرياسىنىڭ بويلىرى تۇتاش مانانلاشقان. . . ئەنسىزلىك ھەم ۋەھىمىگە تولغان كوچىلار
تىمتاس ۋە سۈرلۈك ئىدى، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە گۇمانلىق قارىشىپ، ئۆز سايىلىرى-
دىنمۇ ھۈركۈپ، يولنىڭ چەت ـ ياقىلىرىدا باشلىرىنى چۆكۈرگىنىچە، ئۆز غەمخاسىغا
ئالدىرىشىدۇ. ئۇلار جانغا پاتقان شوئار، دۇمباق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاشتىن، ئاغزى ـ
بۇرنى قانغا بويالغان، بويۇنلىرىغا چۆيۈن تاختىلار ئېسىلغان، مۆلۈلدەپ قاراپ تۇرغان
كۆزلەرنى كۆرۈشتىن بىزار بولغانىدى. شۇنداق، ئۇلارغا خاتىرجەم ھايات، تىنچ تۇر-
مۇش، تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئاسايىشلىق كېرەك ئىدى. . .

پولات زاۋۇتى تەرەپتىن زور قوشۇن نەرە تارتىپ كەلمەكتە ئىدى! مىڭلىغان
زەمبىرەكلەر بىردەك گۈمبۈرلىگەندەك شوئار ئاۋازى بىلەن گۈپ ـ گۈپ قىلىپ
رىتىملىق بېسىلغان قەدەم ئاۋازلىرى گۇلباغقا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. بۇ مىڭلى-
غان خەنزۇ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي فورما كىيگەن،
بىلەكلىرىدە خۇڭگۇيبىڭ بەلگىسى، مەيدە ۋە شەپكىلىرىدە ماۋجۇشى ئىزنىكى بولۇپ،
قوللىرىدا بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا قىزىل پۆپۈكلۈك تۆمۈر نەيزىلەر بار ئىدى. نەيزىلىرى-
نىڭ بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئوخشاشلىقى، ئۇچلۇق بىسلىرىنىڭ پارقىراقلىقى،
دەستىلىرىنىڭ سىيلىقلىقىدىن، ئۇلارنىڭ پولات زاۋۇتىدا ياسالغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى.
سول يېنىغا تاپانچا ئاسقان جاڭ تيەن توپنىڭ بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ئۆتەتتى. قوشۇن
شەھەردىكى تۆت كوچىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، گۇلباغقا كەلگەندە، بىر بۇيرۇق
بىلەن، ئالدى ـ ئارقىغا يۈرۈشۈپ، سەپ ئارىلىقىنى كېڭەيتتى ۋە نەيزىلە-

ـرىنى ئالدىغا شىلتىپ، «شا. . . شا. . . شا. . . »[1] دەپ ۋارقىراشتى. ئۇلار بۇ ھەرىكىتىنى ئون مىنۇتتەك تەكرارلىدى. ھېكمەت بۇ توپنىڭ ئارىسىدا گۈلرۇزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇمۇ ئىسيانكارلارغا ئوخشاش كىيىنگەن بولۇپ، نەيزىسىنى غەزەپ بىلەن «شا. . . شا. . . شا. . . » دەپ ئالدىغا شىلتىيتتى. ئاياغ ـ قۇيرۇقىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن: «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى قوغدىغانلارغا ياخشى كۈن يوق! » ، «ئىسيان كۆتۈرۈش شەرەپلىك، خائىنى قوغداش نومۇس» ، «جاھىل قورغانلارنى پاچاقلاپ، ئۇنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئىنقىلاب ئوتىدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرەيلى» دېگەندەك خىلمۇ خىل مەزمۇندىكى شوئارلارنى خېلى ئۇزۇنغىچە توۋلىدى. . .

بىر كۈنى، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، مەمتىلى ئىبراھىم تيەنبىڭ سىلىڭبۇسىـنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىنى ئىشخانىغا يىغدى. ئۇ روھىي سۇلغىن، قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن ھالدا ئولتۇراتتى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ خوشياقمىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى. . . قانداق قىلىمىز؟ . . . «يۈكسەك چوققا» سىلىڭبۇسىنىڭ بىر تۈەنى بولۇپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىمىزمۇ؟ ياكى سىلەرنىڭ باشقا چارە ـ ئامالىڭلار بارمۇ؟

— مەنچە، بوستانغا قايتىپ، — دېدى كامىل گەپنى سوزۇپ ئولتۇرـماي، — ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلساق. . .

— سېنىڭچە كۆڭزىنىڭ ئوتتۇز ئالتە تەدبىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تەدبىر «پەشنى قېقىپ كېتىش ھەممىدىن ئەلا» مۇ؟ قۇيرۇقىمىزنى خادا قىلىدىكەنمىز ـ دە؟ — دېدى مۇرات نارازىلىق بىلەن.

— سەن ئۆزۈڭنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما، — كامىل ئالىيىپ قويدى، — شەھەردە بۇ ئۇر ـ چاپقا ئارىلىشىپ، نېمىگە ئېرىشمەكچىدىڭ؟

— مەن كامىلنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، — ھېكمەت قولىنى كۆتۈردى، — ئەڭ ياخشىسى، مەكتىپىمىزگە چىقىپ كېتەيلى. . .

مۇزاكىرىدە كۆپ پىكىر ئىختىلاپلىرى بولمىدى. ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن

---

[1] — ئۆلتۈر، ئۆلتۈر، ئۆلتۈر. . . دېگەن مەنىدە.

قايتىشنى توغرا تاپتى. ئۇلار بۇ قارارنى باشقىلارغا ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن چىقىپ كېتىشتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ھويلىغا چىققاندى، نەفىسە، زۇمرەتلەر كېلىپ قالدى. ئۇلار دەسلەپتە ئالىمجان، شادىمانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاندىن ئامانىللانىڭ ئائىلىسىنى يوقلاشنى مەسلىھەت قىلىشتى. ئالىمجان بىلەن ئامانىللا فەندۇڭ لۈشيەن پىيەن قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قايتىپ كەلگەنىدى. كامىل دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ھەممە دوستلارنىڭ بىرلىكتە نائىبى بىلەن غازاخۇن ئاكىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىشى لازىملىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. ئۇلار كوچىغا چىققاندا، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن مەھبۇبە دەرەخ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. نەفىسە بىلەن زۇمرەت ئەرلەرگە: «سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار» دەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار پاراڭلاشقاچ مېڭىپ، قىزلارنى گۈلباغدا ساقلىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىلا، نەفىسە، زۇمرەتلەر ئىتتىك قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە ھېكمەت بىلەن مۇراتقا ئالىيىۋالدى.

جەم بولغان دوستلار ئۆزئارا مۇڭدىشىش، بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى سۆزلەش، خانىمزاتخان ئانىنى يوقلاش، قەبرىستانلىققا بېرىش ئىشلىرى بىلەن ۋاقىت تېز ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ھېكمەت كۆن يۇرۇڭقاش بويلىرىغا قىڭغىيىشى بىلەن، نەبىنىڭ ئۆيىگە قايتتى. گەرچە ئۇ يەردە، ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان گۈلزىبا بىلەن ئوغلى ئەزىمەت بولمىسىمۇ، نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئۇ ئۆيگە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بارغۇسى كېلىپ تۇراتتى. گۈلزىبانىڭ ھىدلىرى سىڭگەن ھۇجرىدا بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىدى. دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىۋېتىپ، جەينەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ خىيال سۈرۈش، شېرىن خاتىرىلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئاشۇ كارىۋاتتا يېتىپ، سۆيۈملۈك چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، ئاۋغان كوچىسى دوقمۇشىدىكى تۇنجى خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشتىن تارتىپ تا يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى يالغۇز تېرەككە قوش يۈرەكنى ئويغانغا قەدەر خاتىرىلەرنى ئەسلەش ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ قالغانىدى.

قورۇ ئىچى بوراندا ئۆگزىلەردىن ئۈچۈپ چۈشكەن چاۋار ـ چاتقال، قەغەز، كونا پايتىمىلار بىلەن پاسكىنا بولۇپ كەتكەنىدى. ھېكمەت ئۇچاققا ئوت قالاپ، چۆگۈننى قويغاندىن كېيىن، ئۆستەڭدىن سۇ ئەكىرىپ ھويلىغا چاچتى. ئۇ ئەخلەتنى كونا داسقا ئېلىۋاتقاندا، مەھبۇبە شەپە چىقارماي كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا يۆگەكلىك داستىخان بار ئىدى. ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ كۈلۈپ قويدى.

چۈنكى، بۈگۈن ئالىمجان، ئامانىللا، كامىللار ئۇنى مەھبۇبە توغرۇلۇق خېلىلا تەرلەتكە-ندى. ئۇلار: «بىر قىز بالىنىڭ ساڭا شۇنچىلىك كۆيۈنۈشى، ھەتتا قوشكۆلگە يوقلاپ بېرىشى ئاسانمۇ؟» دېيىشىپ ئۇنى ئەيىبلەشتى. بولۇپمۇ نەفىسە بىلەن زۇمرەت ھېكمەتنى ئامانىللانىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ: «ياخشى كۆرمەيمەن، بۇ دېگەن ئىنقىلابىي دوستلۇق دېگەنلىرىڭىز نېمىسى؟ ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم نېمە ئۈچۈن باشتا ئۆزىڭىزنى تارتمىغان؟» دېيىشىپ، ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىشتى. تېخى زۇمرەت: «ياكى سىز مازارغا شەيخ بولماقچىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. شۇڭا، ھېكمەت مەھبۇبەگە قايىقىنى تۇرۇشتىنىمۇ ئېھتىيات قىلدى.

— ئەكىلىڭ، ئەخلەتنى مەن ئېلىۋېتەي، — مەھبۇبە داستىخاننى تونۇر بېشىغا قويۇپ، ھېكمەتنىڭ قولىدىكى سۇپۇرگىنى ئالدى، — كېلىپلا تازىلىق قىلىپ كېتىپسىز - دە!

چۈگۈن قاينىغانىدى. ھېكمەت قايناق سۇنى چايدانغا ئالغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغىنىنى چەينەككە قۇيۇپ چاي دەملىدى. گۈلزىبانىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، مەھبۇبە گويا ئۆز ئۆيىدەكلا، چىنىلەرنى چايقاپ چاي قۇيدى. داستىخاننى ئېچىپ، بىر لېگەن بولدۇرۇق مانتىنى ئۈستەلگە ئالدى. ئۇنىڭ دۇبدۇگىلەك قارا كۆزلىرى خۇددى زىناقلىرىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك كۈلۈپلا تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ خۇدۇكسىرىگەندەك، ھەرىكەتلىرى تەبىئىي ئەمەس ئىدى.

— قېنى ئېلىڭە، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇر؟ — مەھبۇبە ئىككى قوللاپ چاي سۇندى، ھېكمەتكە ئۇنىڭ ھەممىلا بارماقلىرىدا ئۈزۈك باردەك بىلىنىپ كەتتى، — ئالدىراپلا قىلغانىدىم، ئوخشىدىمىكى؟...

— يەنە «يىگىتىم تامىقىمنى يەۋېلىپ، ئۆزۈمنى ھەيدىۋەتتى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرەرسىزمىكىن؟...

— ۋاي خۇدايىم، بولدى قىلىڭە! دېمىسەممۇ بوپتىكەن...

— راست، يىگىتىڭىز بىلەن كۆرۈشمىدىڭىزمۇ؟

— ھازىر ئۇ بىر قىز بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى مەھبۇبە قىزىرىپ، — ئىلاھىم، ئۇلارنى پاتراق توي قىلىسكەن دەيمەن...

— سىز مېنى نەفىسە بىلەن زۇمرەتكە چېقىپسىز - ھە؟...

مەھبۇبە دەرھاللا تەتۈر قاراپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ يىغلىغانلىقى بۇرنىنى

توختىماي تارتىشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىز. . . سىز. . . «ئىنقىلابىي دوست» ، «ياخشى كۆرمەيمەن. . . » دېگەندىن كېيىن. . .

ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قوشكۆلگە يوقلاپ بارغاندىلا بىلگەنىدى. ئۇنىڭ گۆدەك باللاردەك ساددا، مۇلايىم چېھرى ئېچىقلىق خاتىرىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. لوپ ناھىيىسىدە بىللە بولغان كۈنلەردىمۇ ئىككىسى چۈشىنىش ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى، ئىچىدە نېمە بولسا، شۇنى تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن دەۋېتەتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەرقانداق يىگىت بىر كۆرۈپلا كۆڭلى چۈشۈپ قالغۇدەك قىز ئىدى، بىراق ھېكمەت ھەرقانداق قىزغا گۈلزىباغا قارىغان كۆز بىلەن قارىمايتتى. شۇنداقلا ئۇ بېشىدا قاراپ تۇرغاندەك ۋىجدان ئازابى تارتاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇ كۆڭۈلگە تالىق ھەرقانداق ھېس - تۇيغۇلارنى تەرك ئېتەتتى. . .

— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى سىز قانداق چۈشىنىسىز؟ — دېدى ھېكمەت بىلمەسكە سېلىپ، — قېنى دەپ بېقىڭە؟. . .

— مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ئۆزىڭىزگە ئايان. . . سىز قەستەن مېنى قىيناۋاتىسىز ھېكمەت! . . . — مەھبۇبە قايرىلىپلا، ھېكمەتكە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىۋەتتى. . .

— ھېكمەت، بىز توي قىلايلى. . . مەن سىزنىڭ ھەرقانداق شەرتلىرىڭىزگە ماقۇل دەي، — مەھبۇبە ئۆپكىدەپ - ئۆپكىدەپ سۆزلەيتتى، — ئانام «توينىمۇ بۇزدۇڭ، ئەمدى ھابدالنى تاپامسەن، ئوغرىنى باشلاپ كېلەمسەن، تېز تويۇڭنى قىل. . . يېشىڭمۇ يىگىرمىدىن ئاشتى» دەپ، كۈندىلا تاپا - تەنە قىلىدۇ. مەن خىزمىتىمنى يۆتكەپ، سىزنىڭ قېشىڭىزدا بولىمەن، سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق. . .

ھېكمەت بىر ئوبدان قىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىمىدى. ئەمما ئۇنىڭ «توي قىلىش» تەلىپى ھېكمەت ئۈچۈن بەكمۇ ئۇشتۇمتۇت بولۇپ قالغانىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قەلب خەزىنىسىنى گۈلزىبا ئىگىلەپ تۇراتتى، مەھبۇبەگە زادى ئورۇن قالمىغاندەك ئىدى، ئۇ ئازاب ئىچىدە قالدى. . .

— مەھبۇبە، مەن مەكتەپكە چىقىپ، بىر مەزگىل ئويلىناي. . . دوستلىرىمغا مەسلىھەت سالاي، بولامدۇ؟ . . . — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى ۋە قىزنىڭ كۆڭلىگە يارىشا چاقچاق قىلدى، — مۇنۇ مانتىلىرىڭىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ، يەنە يەپ بولۇپ

سىزنى ھەيدىۋەتكەنمۇ بولماي...

مەھبۇبە ئۇچقاندەك كېلىپ، ھېكمەتنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قۇچاقلىۋالدى ۋە يۈزىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يېقىپ خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن، — مەن ئاخىرى بەختىمگە يەتتىم... دەپ پىچىرلىدى.

— ئەگەر دوستلۇرۇم ئۇنىمىسىچۇ؟ — ھېكمەتمۇ ئاستا شىۋىرلىدى.

— مەن ئۇلارغا ئۆزۈمدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىمەن...

— ئەگەر ئۆزۈم يېڭىۋالسامچۇ؟...

— مانتامنى يەۋېلىپ يېڭىۋالدى دەيمەن...

— بەك ئەسكىكەنسىز!...

— مەن سىزنى ئەسكى دېيەلمەيمەن...

— مەھبۇبە، ھويلىدا شەپە بار، مەن چىقىپ كىرەي...

ھېكمەت ھويلىغا چىقىپ، چەكچەيگىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئالدىدا، ھەربىيچە فورما كىيىپ، خۇڭۇيبىڭ بەلگىسىنى تاقىغان گۈلرۇز تۇراتتى...

— مەن سىزنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەتتىم، — دېدى گۈلرۇز شەھۋانىيەت چېقىنى چاقنىغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — يېنىڭىزدا بىردەم ئولتۇرسام بولامدۇ؟

— چىقىپ كېتىڭ، ئەگەر سىزنىڭ بۇ ھويلىغا كىرگەنلىكىڭىزنى نەبى ئاڭلىسا، سىزنى بوش قويمايدۇ.

— قورقمايمەن... چۈنكى ئۆلۈك غەلۋە قىلالمايدۇ... ئاڭلىسام، نەبى ئاغدبۇلاقنىڭ تاغلىرى ئارىسىدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپتىمىش... كۆرگەن شوپۇرلار بار...

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەي، يوقىلىڭ بۇ يەردىن! — نەبىنى پاجىئەگە ئۇچراپتۇ دەپ شادلىنىۋاتقان گۈلرۇزغا غەزىپى ئۆرلىگەن ھېكمەت قاتتىق ۋارقىرىدى، — يوقال، كۆڭلى قارا ۋىجدانسىز!...

— نەبىنى خۇددى مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەندەك ۋارقىرايسىزغۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن سىزدىن ھېساب ئالغىلى كەلدىم، — گۈلرۇزنىڭ قاشلىرى ئۇچۇپ، چىرايىغا چاقماق بۇلۇتى سوقۇلدى، — بالامنى تاپ... دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم سالمىسىڭىز، ئۇ مۇشۇنداق پاجىئەلىك ھالدا ئۆلەرمىدى؟... گۈلزىبا ئاچامنى ئالداپ، ھارامدىن بالا تېپىپ، ئۇنى ئازابلاپ ئۆلتۈردىڭىز، ئۇكام نەبىگە بېسىم ئىشلەتتى-

ڭىز، ئۇنىڭ ئۆلۈكى چۆللەردە قالدى. كېسەلچان ئانامغا بالا باقتۇرغاننى ئاز دەپ، ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدىڭىز. دادامنى يوشۇرۇن چېقىپ، تۈرمىگە كىرگۈزدىڭىز. ئۇكام نەبى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ، قېرىنداشلارنى ئادا - جۇدا قىلىۋەتتىڭىز. قىسقىسى، ئىناق بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلدىڭىز... سىزدىن جاۋاب ئالىدىغان ۋاقىت ئەمدى كەلدى! ئەگەر ياۋاش بولمىسىڭىز، مەن سىزنى تۈرمىدە چىرىتىۋېتىمەن!...

ھېكمەت قورقۇنچلۇق بىر پالاكەتنىڭ بىشارىتىنى سەزدى، گۈلرۇز قانداقلىكى ئىشقا بەل باغلىمىسۇن، ئۇنى يامانلىق بىلەن بولسۇن، كۈلۈپ تۇرۇپ بولسۇن، ئىشقا ئاشۇراتتى. ئۇ بۇ يولدا ھەرقانداق قۇربانلىقلارنى بېرەلەيتتى. گۈلرۇز ھازىر «يۇكسەك چوققا» سىلىكبۇسىنىڭ ئادىمى. بۇ تەشكىلات «تيەنبىڭ» سىلىكبۇسى بىلەن ئۆچەكىشىپ، بىرەر ئىلىنىدىغان يەرنى تاپالماي تۇرغىنىدا، ھېكمەتتىن ئىبارەت بىر كاۋاك ئۇلارنىڭ قورغانغا بېسىپ كىرىش ئېغىزى بولۇپ قالاتتى.

گۈلرۇزنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈپ، ئارقىسىغا نەچچە قەدەم چېكىنگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. چۈنكى، مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولغانىدى. بۇ ئىككى قىز ياش جەھەتتىن ئوننەچچە كۈنلۈك پەرق قىلاتتى. مەھبۇبە ماھىگۈلدىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئۇلار ئاغىسىز ئىشتان كىيىپ، لايدىن قورچاق ياساپ ئوينايدىغان چاغلىرىدىن تارتىپلا، بىر كوچىدا ئۆرۈشۈپ، يالىشىپ بىرگە چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى، باسقان قەدەملىرى بىر - بىرىگە سىر ئەمەس ئىدى.

— گۈلرۇز، يەنە بىر دەپ باقە! كىمنى تۈرمىدە چىرىتىۋەتمەكچىسەن؟ — دېدى مەھبۇبە زەردە بىلەن، — دېمەمسەن؟... ئەگەر بۇ دۇنيادا ياشاي، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەي دەيدىكەنسەن، قىنامىڭغا پېتىپ يۈر... مەن سېنى بىلمەمدىم؟ سېنىڭ ئاچچىق ئۆچىنىڭ، قارىداپ كەتكەن ئۆپكەڭ - قېرىنلىرىڭغىچە ماڭا ئايان!...

— مەھبۇبە... بۇ... بۇ... ئۇقۇشماسلىق... مەن ھېكمەتكامغا چاقچاق قىلىپ...

— ئەجەب چاقچاقچى بولۇپ قاپسەنغۇ؟ بىلمىگەن بولساڭ بىلىپ قوي؟ ھېكمەت مېنىڭ! ئەگەر ئۇنىڭغا تىرنىقىڭنى پاتۇرماقچى بولساڭ، مەن سېنىڭ ھەممە ئىشىڭنى خەلقئالەمگە يايىمەن... بىلىسەن، ساقچى، سوتلاردا تۇغقانلىرىم بار... ماڭىدىغان يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاللىۋال!...

گۈلرۇز غىپپىدە چىقىپ كەتتى. مەھبۇبە ھېكمەتنى باشلاپ، ھۇجرىغا ماڭدى.
مۇنداق بىر جادۇگەر، يالماۋۇزغا تەڭ كېلەلەيدىغان ئادەممۇ باركىنا؟ يەنە كېلىپ،
تۇرۇلغىدەك نازۇك، مۇلايىم بىر قىزنىڭ ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ، ئاغزىنى
تۇۋاقلاپ قويۇشى بۇ نېمە ۋەجىدىن؟ گۈلرۇزنىڭ، مەھبۇبەنى كۆرۈپلا تاتىرىپ كېتىد-
شى، زۇۋانى باغلىنىپ خۇشامەت قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىشقۇ؟... ھېكمەت تېڭىر-
قاپ ئولتۇرۇپ قالدى...

— مەھبۇبە، ئېيتىڭا، گۈلرۇز سىزدىن نېمانچە قورقىدۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— ئىشتانغا چىققان كۈچۈكلە ئايان دېگەندەك، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگىنىم-
دىن...

— ئېنىقراق ئېيتىڭچۇ، قانداق ئىشلار ئۇ؟

— ئۇنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، — مەھبۇبە جىمىپ قالدى، — ئۇ
ئەتلەس كارخانىسىنىڭ ئەتلەسلىرىنى، يىپەكلىرىنى ئوغرىلىدى. سۇيىقەست ئىشلە-
تىپ، گۈلزىبانىڭ ئورنىدا توي خېتى ئالدى، ئۆزى ئالغان توي خېتىنى ئاچىسىغا
ئارتىپ، ئۇنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن، مېنى ۋە يەنە بىر قىز دوستىنى گۇگۇشى ئالدىغا
ئاپاردى.

— شۇلىما؟ — ھېكمەتكە بۇ ئىشلار ئانچە يېڭىلىق بولمىغاچقا، ئانچە ئىشىنىپ
قالمىدى، — يەنە باشقا ئىشلىرىمۇ بارمۇ؟...

— توغرا، — دېدى مەھبۇبە چېكىسىنى تاتىلاپ قويۇپ، — ئۇ كېرىموفتىن نۇرغۇن
پۇل ئېلىش بەدىلىگە، ئانىسى نامىدا ئىلتىماس يېزىپ، ئۇنىڭغا قول قويدۇرۇپ،
گۈلزىبانى بوستاندىن يۆتكەپ ئەكەلگەن...

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، — دېدى ھېكمەت، — گۈلرۇزنىڭ بۇنچە قورقۇشى،
ئەنسىزلىككە چۈشۈشى ئۇنىڭدىن ئەمەس، چوقۇم ئۇنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا
بىر ئىش بار...

مەھبۇبەنىڭ خىيالغا يېتىپ قېلىشى ھېكمەتنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

— مەھبۇبە، مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتىسىز... مەن سىزدىن خوش بولۇپ
كېتەي...

— بىر ئىش بار، دېسەم بولمايدۇ... مەن ئۇنىڭغا قەسەم قىلغان... سىز
دېگەندەك، بۇ نومۇسسىزلىق ئۇنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك...

— مەنمۇ سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي. . .

ھېكمەت ئاقمۇللا ئىمامنىڭ «بۇ گۈلرۇزنىڭ ئويۇنلىرى بولمىسۇن» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدى. شۇڭا ئۇ ئوغلى ئەزىمەتنىڭ بىرەر دېرىكىنى ئېلىش مەقسىتىدە تەقەززا بولۇۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا لوپنىڭ ئۈستەڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئوغلى ھەققىدە گەپ ئاچقاندا، مەھبۇبەنىڭ بىر قىسمىلا بولۇپ كۆزلىرىنى قاچۇرغانلىقى كەلدى. «گۈلرۇز بىلەن مەھبۇبە ئوتتۇرىسىدا دېگىلى بولمايدىغان بىرەر سىر بارمۇ ـ قانداق؟ » دېگەن قورقۇنچلۇق ئوي ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئەنسىزلىك سېلىپ ئۆتكىنىدە، ئۇنىڭدا ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزغا شەك ۋە گۇمان تۇغۇلدى. . .

— ئەمىسە، ھەرگىز يۈزىگە سالماڭ، — دېدى مەھبۇبە بىردەم تۇرۇۋېلىپ، — ئۇ دوختۇرخانىدا ئىككى نۆۋەت بالا ئالدۇرۇۋەتكەن. . . مەن ئانامنى داۋالىتىشقا ئاپىرىپ، ھەر ئىككى قېتىمدىلا ئۇنىڭ ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ قالغانىدىم، ئۇ دوختۇرخانىدا ئىكەن. . . بۇ ئەلۋەتتە بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقۇسىز نومۇس! . . .

ھېكمەت لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ يالغۇز قېلىشنى خالايتتى. گۈلرۇزنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار مەھبۇبە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، گۈلرۇزدىن گۇمانلىنىش ئورۇنسىزدەك قىلاتتى. ھېكمەت ئوچۇق دېرىزىدىن ھويلىغا قارىدى. سىرتتا ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بارغانسېرى روشەن چاقنىماقتا ئىدى.

— مەھبۇبە، قايتىپ كېتىڭ! بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. . .

ھېكمەتنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۇساللىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن مەھبۇبە ئىچىدە گۈلرۇزنى قارغىدى ۋە داستىخانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭدى. ھېكمەت ئۇنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، — ئاپىرىپ قويايمۇ؟ — دېدى. لېكىن مەھبۇبە ئۇنىمىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۇزىتىپ قويۇش گېپى چىقسىلا، ئۇنىمايتتى.

— ئۆيىڭىز خېلى يىراقمۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ.

— ياق، ئانچە يىراق ئەمەس. . .

مەھبۇبەنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ھېكمەت ئۆيگە قايتىپ كىردى ـ دە، چىراغمۇ ياقماي، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نەبى زادىلا كەتمەيتتى. ئۇنى نېمە ئۈچۈن تونۇپ قالالمىغاندىمەن؟ دېگەن ھەسرەتلىك ئارمان كۆڭلىدىن كەچكىنىدە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى.

ھېكمەت ئەتىسى سەھەر مەھبۇبە بىلەن كۆرۈشمەيلا، ئايرىلغىلى بىر يىل بولاي دېگەن مەكتىپىگە چىقىپ كەتتى. مەكتەپ ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەندى. پەقەت قىزىل گىل سۇۋالغان سىنىپ بىناسى ئالدى، مەيدان ئەتراپى بورا قېقىلغان پېپەن تاختىلىرى بىلەن سورلۇك كۆرۈنەتتى. چاپلانغان دازىباۋلاردا، لىۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، تاۋ جۇلارنىڭ «جىنايەتلىرى» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان، بەزىلىرىدە تەھلىلى پېپەن يۇرگۈزۈلگەن بولۇپ، ۋۇ گۇاڭ توغرۇلۇق يېزىلغانلىرى كۆپ ئىدى. بۇنىڭدىن، بۇلارنى چاپلىغانلارنىڭ يى سەن سى كۆزقارىشىدىكى «باۋخۇاڭپەي» تەشكىلاتلىرىغا تەۋە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۈستى ـ ئۈستىلەپ چاپلانغان دازىباۋلارنىڭ تېگىدىكى كونىلىرىنىڭ بۇرجەك قىرلىرىدا كامىل، ھېكمەت، مۇرات دېگەن ئىسىملارنىڭ بەزى ھەرپلىرى كۆزگە چېلىقاتتى.

ھېكمەت مەكتەپنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، پوچتىخانىغا باردى. مەمتىمىنئا-خۇن ئۇنىڭغا كەلگىلى ئۇزۇن بولغان ئىككى پارچە خەتنى بەردى. ئۇنىڭ بىرسى ماھىگۈلنىڭ خېتى بولۇپ، يازغىلى تۆت ئاي بولغانىدى. يەنە بىر كونۋېرت ئۈستىدە: «مەكىت ئازادلىق ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئامىنەدىن. . . » دېگەن خەتلەر تۇراتتى. بۇ خەتنىڭ چېسلاسىغا قارىغاندا، يېزىلغىنىغا توققۇز ئاي بولغانىدى. ھېكمەت تۇنجى مۇھەببىتىگە تىغ ئۇرغان ئامىنەنىڭ خېتىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنتۇلغىنىغا ئالتە ـ يەتتە يىل بولۇپ قالغان ئامىنە نېمىلەرنى يازغاندۇر؟ . . . ھېكمەتنى داغدا قويۇپ تاپقان بەختىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچىمۇ ياكى بەختسىزلىكىنى دېيىش ئارقىلىق ئۆتمۈشنى ئەسكە سالماقچىمۇ؟ ھېكمەت ئامىنەنىڭ خېتىنى ئاچتى. . .

. . . «ئىنقىلابىي كىشىلەر بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىدۇ،
بۇ ھاياتنىڭ ئەڭ مەنىلىك بەلگىسى. . . »
— ماۋ زېدۇڭ.

. . . «قەدىرلىك ھېكمەت! قانداق ئەھۋالىڭىز، سالامەت تۇرامسىز؟ . . . مەن سىزنىڭ ئادرېسىڭىزنى قولۇمغا ئالغان كۈنۈم، قانچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلالمايسىز. . . مېنىڭ پو-

چۇركامنى تونيالىدىڭىزمۇ؟ مەن هازىر مەكىت ئازادلىق ئارمىيە دېهقانچىلىق مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتىمەن. . . بىز تۇرغان چازىدا، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق ئوقۇغۇچىلار هەم هەربىيلەرمۇ شۇنچە كۆپ. مەن دائىم ئاشخانىغا بارغىنىمدا، ئابدۇللا هەم سەيدۇللا ئىسىملىك ئىككى هەربىي بالىنىڭ بىر جوزىدا تاماق يەيدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. بىر كۈنى، تاماققا كېچىكىپ قاپتىمەن. ئاشخانىدا ئاشۇ هەربىي بالىلاردىن باشقىسى يوق ئىدى. ئايرىم جوزىدا تاماق يەۋېتىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. تەلەپپۇزلىرىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، قاچامنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم ۋە سىزنى سورىدىم. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ: ‹هېكمەت مۇئەللىم بىزنىڭ سىنىپ تەربىيىچىمىز بولىدۇ› دېدى. خۇشاللىقىمدا ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتىمەن. . .

هېكمەت، مېنى كەچۈرۈڭ! ئاشۇ يىللاردىكى ‹گۆدەك› لىكىمنى كەچۈرەمسىز؟ . . . مەن ئۇ چاغلاردا هايات، ئىقبال، تەقدىر ئۆز قولۇمدا، مەن ئۇنىڭ رولچىسى دەپ ئويلايتتىم. بىراق تۇرمۇشتىن ئىبارەت سۇرلۇك دېڭىز ۋە ئۇنىڭ رەهىمسىز دولقۇنلىرى قىسمەت كېمەمنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كەتتى! قانداقتۇر قىرغاقلارغا سوقتى، قىيا تاشلارغا ئۇردى! . . . شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى مېنى كىملەرنىڭدۇر تىكەنلىك چاڭگاللىرىغا تاشلىدى! . . . تۇرمۇش مەنزىلى ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باقمايدىكەن. . .

هېكمەت ئېسىڭىزدىمۇ؟ زىمچۈەنزىنىڭ توغراق ئورمانلىقى. . . ئايدىڭ كېچە. . . لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان. . . شۇ چاغدا ئېيتىلغاندەك، هەقىقىي چىن دوستلار قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلمىسۇن، هامان كۆڭلىدە ئىسسىق بىر نەرسە ساقلىنىدىكەن. . . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بەڭۋاشلىق ئاستا - ئاستا تۈگەپ، كىشى ئەقىل تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ گۆدەكلىكىگە ئېچىنىدىكەن. مەن سىزنى هامان ئەسلەيمەن. . . كىچىك سىڭلىڭىز لالەنىڭ رەسىمى تېخىچە ئالبومىمدا چاپلاقلىق تۇرىدۇ. . . 26 - ئاۋغۇست هەم ئېسىمدە (61 - يىلى سىزنىڭ يولغا چىقىشىڭىزنىڭ هارپىسى). ئاه، سەنئەت مەكتەپتىكى هاياتىمىز هەقىقەتەنمۇ ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ئالتۇن

دەۋر ئىكەنغۇ؟ مەن يازدا ئۇرۇمچىگە باردىم، سىزنىڭ ئۆيدىكى رەسىمىڭىز ھەم ئىككىمىز خەلق باغچىسىنىڭ كۆلىدىكى قولۋاقتا بىرگە چۈشكەن رەسىملەرنى كۆرۈپ، ئۆتمۈشنى يەنە بىر ئەسلەپ چىقتىم. قىسقىسى، بەختسىزمەن. . . سىزنىڭمۇ بولسا بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن. . .

ھېكمەت، گۆدەك چېغىمدا تونۇشقان ۋە بىرگە ئوقۇغان، قەلب بېغىمغا تۇنجى گۈل تەرگەن ئەزىز ساۋاقدىشىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈم كېلىدۇ. ئەيىبكە بۇيرىمايسىز. بۇ قالايمىقان زاماندا، خېتىمنىڭ تېگىش - تەگمەسلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، شۇنداقتىمۇ، بۇ خەتنى ئۈمىد بىلەن يازدىم، خېتىڭىزنى كۈتىمەن. . .»

ھېكمەت ئامىنەنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە تەمەنnادىن خالى «بەختسىزمەن» دېگەن بۇ خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇش قايناملىرىدا خېلى كۆپ ئازاب چەككەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. بىراق ئۇنى مەسخىرىلەپ كۈلمىدى، خۇشال بولۇپ ئاداۋەت قىلمىدى، «خۇدا كۆزۈڭگە كۆرسىتىپتىغۇ؟» دېگەندەك چاكىنا خىياللاردىمۇ بولمىدى. قوشۇلۇش بىلەن ئايرىلىش ھېكمەت بىلەن ئامىنەدىن قالغان ئىشمىدى؟ . . . نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ئۈچ - تۆت يىللىق ساۋاقدىشى، دوستى ئىدى. ئەينى يىللاردا، ھېكمەت مۇساپىرچىلىق، تەنھالىق، جۇدالىق گىردابلىرىدا غېرىپسىنىپ قالغىنىدا، ئاشۇ قىزنى ئويلاش، خەتلىرىنى تاقەتسىز كۈتۈش، سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، رەسىملىرىگە قاراش بىلەن قەلب بوستانىنى چۆلدەرەتمىگەنىدى. ئەمما، ئۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ھېكمەتنىڭ كۆڭلىنى پايخان قىلىۋەتتى. بۇنىڭلىق بىلەن، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلىسۇنمۇ؟ ياق! ئامىنە بىر قىز بالا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز بەختىنى ئىزدەشكە ھوقۇقلۇق. . .

ھېكمەت ئامىنەگە جاۋاب خەت يېزىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ماھىگۈلنىڭ خېتىنى قولىغا ئالدى.

نەبى ئۆيدىكى يۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ، يول تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئائىلىدە يۈز بەرگەن ھەممە پاجىئەنى ماھىگۈلگە يازغانىدى. ئۇ خېتىدە: «ئەمدى ئائىلىدە تارتىشقۇدەك ھېچكىمىم قالمىدى، ئاڭلىسام، ئوغرىلانغان باللارنى چوڭ شەھەرلەردە ساتىدىكەن. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈمنى ئەزىمەتنى

ئىزدەشكە ئاتىدىم. ئەگەر خەت يازساڭ، بوستانغا يەنى ھېكمەت ئاكامغا قارىتىپ ياز...» دەپ ئەسكەرتكەنىدى.

ماھىگۈلنىڭ خېتى باشتىن ـ ئاخىر پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈش بىلەن تولغانىدى. ئاچچىسىدىن قالغان بىردىنبىر يالداما ئەزىمەتنىڭ يوتۇپ كېتىشى، ئۇنىڭ دەردىدە ئانىسىنىڭ قازا قىلىشى ئۇنى يىقىتقانىدى. ئۇ ھەپتىلەپ تۈزۈك تاماقمۇ يېمەي يىغلاپ، خوتەنگە كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالغان، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئوقۇشتىكى نەتىجىلىرىگە قاراپ، ئۇنى قولدىن چىقىرىشنى خالىمىغان، شۇڭا، ئۇنىڭغا يازلىق تەتىلنىڭ ئاز قالغانلىقىنى، ئىمتىھاندىن كېيىنلا ماڭسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، ئەمما ئۇ زادىلا ئۇنىمىغان. ئۆزىگە دەرس بېرىۋاتقان پەيزۇللا ئىسىملىك ئاسپىرانت بالىنىڭ بۇ توغرىدىكى چىرايلىق گەپلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىغان. ئامالسىز قالغان فاكۇلتېت رەھبەرلىكى ئاخىرى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان، ئەمما ماھىگۈل بىر ئەتىگەنلىكى مەيدىسىنى تۇتقانچە، ئورنىدىن تۇرالماي قالغان. ھازىر ئۇ ئىنستىتۇت دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋېتىپتۇ... ئاسپىرانت پەيزۇللا دېگىنى خوتەنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەن ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇ ماھىگۈلنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ... شۇڭا، ماھىگۈل يازلىق تەتىلدىمۇ يۇرتىغا قايتالمايدىكەن. ئۇ بۇلارنى زور ئۆكۈنۈش ئىچىدە يازغانىدى. ماھىگۈل خېتىدە، ئوقۇتقۇچى پەيزۇللانىڭ بىلىملىك، ئۆز كەسپىنى سۆيىدىغان، كىشىلەرگە مېھرىبان ئىكەنلىكىنى خېلى تەكىتلىگەنىدى. ھېكمەت بۇ سەھىپىلەرنى ئوقۇغىنىدا، ئۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىيۇ، ئەمما، يۈرىكىنىڭ قەيىرىدۇر ئېچىشقاندەك بولدى...

ھېكمەت شامنى ياندۇرۇپ قويۇپ، كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە، ئامىنە بىلەن ماھىگۈلگە جاۋاب خەت يازدى. كامىل شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئەتىسى ئەتىگەن، گۇڭشې پوچتىخانىسىغا خەتلەرنى سېلىۋېتىپ قايتىپ كەلگەن ھېكمەت ئەمدىلا بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ تۇراتتى، ساجىتخان كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىچكىرىدە بېسىلغان بىر ھەجۋىي رەسىملىك تەشۋىقات ۋاراقچىسىنى ھېكمەتكە بېرىپ، ئۇنى دەرھال چوڭايتىپ سىزىشنى بۇيرىدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بوستانغا قايتىپ كېلىپ، ھەيران بولۇپ باش چايقاشتى. چۈنكى، شەھەرگە كىرمەي بار ئوقۇغۇچىنى باشقۇرۇپ ئىنقىلاب قىلىۋاتقان ساجىتخان، قۇتبىرەملەر مەكتەپنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار بوستان گۇڭشې

دېھقانلار سىلىگىبوٴسىنىڭ «ئىنقىلاب ئاۋانگارتلىرى» توەنى بولوپ، خالىق سىلىگىغا
بەيئەت قىلاتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى بورىنى يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئەكسىيەتچى
لوٴشيەننى جېنىنىڭ بارىچە يوٴرگوٴزوٴپ، ئوقوٴتقوٴچىلار ۋە ئىدارە - جەمئىـ
يەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن خالىق، مەملىكەت بويىچە ئەكسىـ
يەتچى لوٴشيەن پىپەن قىلىنىپ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقوٴقدارلارنىڭ ئەدىپى
بېرىلىشكە باشلىغاندا، بىرلا يوٴمىلاپ بوٴ ھەرىكەتنىڭ ئاۋانگارتىغا ئايلانغانىدى. ئوٴ،
دەرھال دېھقانلار سىلىگىبوٴسىنى قوٴروٴپ، نەچچە يوٴزلىگەن دېھقان ياشلىرىدىن «مىنبىگـ
لار توەنى» تەشكىللىگەن، داۋاملىق ئوٴماچ ئىچىپ، زاغرا يەپ سەسكىنىپ كەتكەن بوٴ
ئادەملەر ئاشخانىنىڭ تەييار ئوٴچ ۋاق تامىقىنى يەپ، راسا دەندەپ قالغانىدى. ئوٴلار
خا سىلىگىنىڭ ئىما - ئىشارىتىنىلا ئەمەس، بەلكى نېمە ئوٴچوٴن كېكىرگەنلىكىنىموٴ
چوٴشىنىپ يېتىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. دېھقانلار سىلىگىبوٴسىنىڭ بوٴيروٴقى بويىچە،
پوٴتوٴن بوستان دېھقانلىرى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى تاشلاپ، نەچچە كوٴن شوئار توۋلاپ
نامايىش ئۆتكوٴزدى. شارائىت پىشىپ يېتىلىشى بىلەن، ۋاڭ لىمىڭ، توٴراپ ئىمىن
قاتارلىق گوٴڭشې رەھبەرلىرى ۋە ئىدارە - جەمئىيەت باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىر
كېچىدىلا باغلىنىپ، قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولىنىپ ۋە ھەركوٴنى دېگوٴدەك سەھنىلەرگە
يالاپ ئېلىپ چىقىلىپ كوٴرەش قىلىنىدى. خالىق بوٴ ئارقىلىق رەقىبلىرىگە زەربە بېرىپ،
موٴتلەق نوپوٴزىنى تىكلىمەكچى بولدى. بىراق ئوٴنىڭ بىلەن ئۆزەڭگە سوقوٴشتوٴروٴۋاتقان
كوٴچلوٴك رەقىبتىن بىرسى بولوٴپ، ئوٴ «خوٴڭ ئەرسى قىزىل قوغدىغوٴچىلار دېھقانلار
توەنى»نى قوٴرغان جوٴ روٴڭفا ئىدى (كىتابخانىنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، بوٴ كىشى
بوستان گوٴڭشېسىنىڭ سوٴ ئىشلىرى تېخنىكى). بوٴ تەشكىلات ئادىمى ئاز بولسىموٴ،
خالىقنىڭ كۆزىگە قېقىلغان مىقتەك مەۋجوٴت بولوٴپ توٴراتتى. گوٴڭشې
ئالدىدىكى بىر - بىرسىگە قاراپ توٴرغان ئىككى قاتار پىپەن تاملىرى ئالدىدا،
پات - پاتلا موٴنازىرە ۋە ئوٴروٴش - جىدەل بولوٴپ توٴراتتى. «قىزىل قوغدىغوٴچىلار
دېھقانلار توەنى» ۋاڭ ئېنماۋنىڭ جىنايەتلىرى يېزىلغان دازىباۋلارنى چاپلىغان ھامان،
دېھقانلار سىلىگىبوٴسىنىڭ توٴت پوٴتى ئۆرە قالاتتى ۋە ۋوٴ گوٴاڭنى تىللاپ دازىباۋ چاپلايدى-
تى، لوزوٴنكىلارنى ئاساتتى. شوٴنىڭ بىلەن «ئوٴ ياخشى، بوٴ يامان» دېگەندەك
تالاش - تارتىش، ياقىلىشىش، شىلىم چېلەكلىرىنى بىر - بىرسىنىڭ باشلىرىغا
كىيگوٴزوٴپ قويوٴش باشلىناتتى. بوٴنداق موٴنازىرە جەڭلىرىدە، خالىق ئوٴتتوٴرا - باشلانغوٴچ

مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا تايىناتتى. ھە دېسە ساجىتخان، قۇتبىرەمنى چاقىرىپ، نەچچە خىل مەزمۇندا، نەچچە تاختا دازىباۋ يېزىش توغرۇلۇق ۋەزىپە تاپشۇراتتى. «تيەنبىڭ سىلىڭبۇسى» قايتىپ كېلىپ دېھقانلار سىلىڭبۇسىنىڭ كۆچىنى بىر ھەسسە زورايتتى. مەمتىلى ئىبراھىم سىلىڭبۇ ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنى خالىقتا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، جۇ رۇڭفاغا قارشى تىغ كۆتۈردى! بىراق ئەزەلدىن ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆچ خالىق مەمتىلى ئىبراھىمغا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «ئىنقىلاب ئاۋانگارتلىرى» تۆەنىنىڭ باشلىقلىقىنى سايە قىلدى، «مۇئاۋىن سىلىڭ بول» دېگەن گەپ ئېغىزىدىن چىقمىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ توغرۇلۇق قورساق ئۆرۈشى بولۇۋاتقان چاغلاردا، مەملىكەت بويىچە ئوقۇغۇچىلار كەلكۈن سۈدەك بېيجىڭغا ئېقىۋاتاتتى. ئۇلار «چۈەنلىيەن»[1] نامى بىلەن تەرەپ - تەرەپلەردىن مۇنتىزىم ۋە ئىستىخىيىلىك ھالدا، پىيادە ئاتلىنىپ، يوللاردا ماشىنا توسۇپ، پويىزلارغا تىقىلىشىپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار شۇنچىلىك زوراۋان ئىدىكى، ئۇچرىغان ئاشخانىلاردا: «بىز ماۋجۇشىنىڭ خۇڭۋېيبىڭلىرى» دەيتتى - دە، ھەقسىز تاماق يېيىشتىن سىرت، ئۇلارنىڭ نان، گۆشلىرىنى بۇلايتتى. ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن ئاشخانا، ناۋايخانا، ساڭلار، دۇكانلار كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە چاشقان كىرسە يامانلاپ چىققۇدەك قۇرۇغدىلىپ قالاتتى. پۈتۈن ۋىلايەتلەر، ناھىيە، شەھەر، ھەتتا چۆللەرمۇ ئوقۇغۇچىلار قايىنىمىغا ئايلانغانىدى. ماشىنىنىڭ كوزۇپلىرى، پويىز ۋاگونلىرى قىزىل تاشلىق ئۈزۈندە تۇتقان سانجاق - سانجاق خۇڭۋېيبىڭلار ئاپتىگە دۈچ كەلدى. ئۇلارغا ھەرقانداق شوپۇر، دوختۇر، ئاشپەز، ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى قاش كۆتۈرۈپ قارىيالمايتتى. ھۆججەتلىك فىلىملەرمۇ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى مىليونلىغان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇلار دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ، ھەربىي فورما كىيىپ، خۇڭۋېيبىڭ بەلگىسىنى تاقىغان ماۋجۇشىغا قاراپ تەلپۈنەتتى، «ياشىسۇن، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن!» دەپ توۋلايتتى. بەزىلىرى يىغلاپ ھوشىدىن كېتەتتى. بۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن قوبۇل قىلىش ھەر كۈنى داۋاملىشاتتى. ماۋجۇشىمۇ: «مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى!»، «ياشىسۇن خەلق...» دەپ شەپكىسىنى پۇلاڭلىتاتتى.

خالىقتىن ياخشىلىق كۈتمىگەن مەمتىلى ئىبراھىم بىر ھەپتە تەييارلىق قىلدى -

---

[1] چۈەنلىيەن — ئالاقە باغلاش.

ده، ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ بېيجىڭغا چۆەنلىيەنگە ئاتلاندى. كامىل، ھېكمەت، مۇرات، نەفىسە، زۇمرەت قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار تيەنبىڭ سىلىڭبۇسىدىن چېكىنىپ چىققانلىقى ھەققىدە بايانات يېزىپ، گۇڭشې ئالدىغا چاپلىدى. ئۆز رەقىبلىرىنى ئالقىنىمغا چۈشتى دەپ خۇشال بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغان خالىق بۇ باياناتنى كۆرۈپ، كۆچۈلا يېگەن ئىتتەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ، «كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار قىزىل قوغدىغۇچىلار تۆەنگە ئەزا بولۇپ كىرسە، جۇ رۇڭفانىڭ نەزەرىيەچىلىرى كۆچىيىپ، يولۋاسقا قانات چىقىدىغان بولدى» دەپ ئەندىشە قىلغانىدى، بىراق ئەمەلىيەت ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى، دوستلار مەسلىھەتلىشىپ، جۇ رۇڭفانىڭ تەشكىللاتىغىمۇ، مەكتەپتىكى «ئىنقىلاب ئاۋانگارتلىرى» تۆەنگىمۇ قاتناشمىدى.

ئاۋغۇست ئېيىمۇ كىردى. گۇڭشې ئالدىدا، بازار رەستىلىرىدە خا سىلىڭ بىلەن جۇ تۆەنجاڭنىڭ ئادەملىرى پات ـ پاتلا تۇتۇشۇپ، قاش ـ قاپاقلىرىنى يېرىپ، بىر ـ بىرىنىڭ دازبىاۋلىرىنى يىرتىپ، كۆيدۈرۈپ، بوستاننى مالىمان قىلماقتا ئىدى. بىر كۈنى، ھېكمەت ياتىقىدا ھەجۋى رەسىم سىزىۋاتاتتى، مۇرات كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە خەت بار ئىدى.

— بۇ خەت ساڭا كەپتۇ، — مۇرات خەتنى قوپاللىق بىلەن ئۇستەلگە تاشلىدى، — قەشقەرگە خەت سالغىلى پوچتىخانىغا بارغانىدىم. گۇڭشې ئالدىدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى راسا ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. . .

— ئارىلىشىپ قالمىغانسەن؟ — ھېكمەت خەتنى ئېلىپ ئادرېسىغا قارىدى.

— ھەي، بۇ ھېلىقى ئىسكىرىپكىچى قىز ئامىنەغۇ دەيمەن؟ ئۇ يەنە نېمە دەپ ئىلەشتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ . . .

— ئۆتكەندە بىر پارچە خەت يېزىپتىكەن، جاۋاب يېزىۋەتكەنىدىم. . .

— ئۇنىڭ ئەجەپ خەت يازغۇسى كەپ قاپتۇغۇ؟ نومۇسنى بىلمەيدىغان قىز ئوخشىمامدۇ؟

— قىزىقكەنسەن، تۆت يىللىق ساۋاقداش تۇرساق، دوستلۇق يۇزىسىدىن يازمامدۇ؟

— دوستلۇقمىش تېخى! سەن ئۇۋچىنىڭ ھېكايىسىنى، «ۋاپاسىز كېيىك»نى ھەم تەنھا ياش تۆككەن كۈنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن.

ھېكمەت كۈلۈپ قويۇپ، كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

— ھەي مۆمىناخۇن، ئاۋازىڭنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇمامسەن؟ مېنىڭ بۇ خەتنى

ئاڭلىغىنىم ئاڭلىغان، — دېدى مۇرات ئاچچىقلاپ، — ياكى خەتتە باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان «ئاخشاملىققا كەل» دېگەن گەپ بارمىكەن؟

— مەن سېنىڭدىن نېمىنى يوشۇرغان؟ — ھېكمەت خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

سەيلى قىلغان بۇندا بىر چاغلاردا، سىرداشلار كېلىپ،
كەلدى جۇشقۇنلۇق ئاشۇ يىللار ئېسىمگە تىزلىپ. . .

*　　　*

كىم بىلسۇن قاياقلارغا ئۇچتى ئۇ سېرىق تۇرنا؟
شۇ سەيلى ماكانىلا قېپقالدى پەقەت بۇندا. . .

(ماۋجۇشى شېئىرلىرىدىن)

سالام ھېكمەت! . . .

ماڭا يېڭى ئىلھام ۋە يېڭى كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىغۇسى سالىمىڭىز مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەلپۈنگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا قانات ئېلىپ كەلدى. خۇشاللىقتىن يۈرىكىم ئويناپ، قەلبىم ھاياجانغا تولدى!

بۇنىڭدىن توققۇز ئاي بۇرۇنقى خېتىمنىڭ جاۋابىنى تاپشۇرۇۋېلىش تۇ- يۇقسىز بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئالتە ـ يەتتە يىللار بۇرۇنلا ماڭا تونۇش بولغان خېتىڭىز مېنى ھەيران قالدۇرمىدى. . . ھېكمەت رەھمەت سىزگە! كۈتۈپ خەت كەلمىگەندىن كېيىن، سىزنى «يۆتكىلىپ كەتكەن بولسا كې- رەك» دەپمۇ ئويلىدىم. . . كىم بىلىدۇ، خېتىمنى كۆرۈپ كونا نەپرەتلەر ئويغانغان بولسا، ئۇ ئەرزىمەس خېتىم ئۇنىڭ غەزەپ دەرياسى دولقۇنلىرىدا غەرق بولدىمۇ دېگەن ھېسلارغىمۇ چۈمدۈم، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ئۇنداق ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. . .

قەدىرلىك ھېكمەت! سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن تولغان، چوڭقۇر مەز- مۇنلۇق خېتىڭىز مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، كۆزۈم دەممۇدەم غۇۋالى- شىپ، ئۇنى سۆزۈك پەردە قاپلىدى. قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇپ چىقتىم. شۇ

گۈزەل چاغلار خۇددى كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى... ئۇچۇشقا تەلپۈنۈپ تۇرغان خىيال كەپتىرىم سىزنىڭ ئەسلەتمىلىرىڭىزدىن قاناتلىنىپ، ئاشۇ باغلارغا، ئورمانلارغا، سېرىق چېچەك ۋە كاككۇك گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئېدىرلارغا، بىز تانسا ئوينىغان زاللارنىڭ ھەممىسىگە بېرىشقا ئۈلگۈردى!... قەدىرلىك ھېكمەت، ئەسلىمەي مۇمكىنمۇ ئاخىر؟ بۇلار خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە! مەن ئۇ چاغلاردا ئەقىلسىز ئىدىم، گۇدەك بولسام كېرەك، سىزنى قاتتىق رەنجىتتىم... يۈرىكىڭىزنى يارىلىدىم! شۇلارنى ئەسلىسەم، يۈرىكىم مۇجۇلۇپ ئاغرىيدۇ، كۆزلىرىم ئاچچىق ياشقا تولىدۇ...

— بىر توۋا ئون ۋەدىدىن ياخشى، — دېدى مۇرات، — بۇ قىز پۇشايمان قىپتۇ... قېنى، داۋامىنى ئوقۇ!

26 - ئاۋغۇست ھازىرقىدەك ئېسىمدە... بىز ئوقۇتۇش بىناسىدىن چىقىپ (كېچە سائەت ئون ئىككىلەردىن ئاشقان چاغ) ياتاققا ماڭغۇچە، مەن توڭلىدىممۇ ياكى ئايرىلىش قىيالماسلىقىممۇ، ئەيتاۋۇر تىترەپ كەتكەنىدىم. سىز: «ئامىنە كۆتۈرەيمۇ؟...» دېگەنىدىڭىز. ئويلىسام، ئاشۇ ھەسرەتلىك ئاۋازىڭىز ھازىرمۇ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بىلىنىدۇ. ھېكمەت، بىز ئايرىلدۇق. سىز خېتىڭىزدە: «سىزدىن ئايرىلغان ئالتە - يەتتە يىل ئىچىدىكى تارىخىمنى بىلىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسىڭىز، شۇ يىللاردىكى سىزنىڭ ھايات سەپىرىڭىز مېنى ھەم قىزىقتۇرىدۇ. سىز: «بىراۋ بىلەن بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، مېنى ئۇنتۇغان ۋە يامان كۆرگەن ھالىتىڭىزدىمۇ، بىر چاغلاردىكى دوستلۇقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، بىر - بىرىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىلىشىمىز بەلكىم زەرەرلىك ئەمەستۇر؟» دەپ يېزىپسىز... ئەلۋەتتە زەرەرلىك ئەمەس ھېكمەت! شۇنداقلا مېنىڭ «بىراۋ» بىلەن بەختىيار ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىممۇ ۋە سىزنى يامان كۆرگىنىممۇ يوق، ئۇنتۇغىنىممۇ يوق!...»

ھېكمەت بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىدا، مۇرات «تۇنجى مۇھەببەت» دېگىنى ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرىكىدە كۆرگەندەك بولدى...

... «61 - يىلى يازدا، سىز خوتەنگە كەتتىڭىز، مەن شائخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەتتىم. سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى بولالماسلىقى سەۋەبىدىن، بىر يىلدىن كېيىن شى شىرۇڭ مۇئەللىم مېنى قايتۇرۇپ كەلدى. لېكىن يەنىلا ئوقۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. بۇنىڭغا مەكتەپ رەھبەرلىكى قوشۇلمىدى. مەن سەيپىدىن ئەزىزىگە ئېيتتىم. نەتىجىدە ئۇ مېنى بىۋاستە بۇيرۇق بىلەن مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ مەكتەپتە شىنجاڭلىق مەنلا ئىدىم. پۈتۈن كۆڭلۈمنى ئىسكىرىپكا چېلىش ۋە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتتى. 65 - يىلى ئۈرۈمچىگە كەلدىم. سىزنى يوللاردا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالارمەنمۇ دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن ئۇچرىتالمىدىم... مەن خام تەمەدە كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، بېيجىڭ مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا ئىشلەيدىغان ئۆمەرجان دېگەن بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم... (ئۇنى ئىلگىرى كۆرگەن، لېكىن تونۇشمايتتۇق) ئۇ شۇنچىلىك قىزغىن ۋە ئاجايىپ ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. ئەمما ئارىدا قىلچە باشقىچە سۆز ئېچىلمىدى. كەچۈرۈڭ ھېكمەت!... قانداق بولدى، قايتىدىغان ۋاقتىمدا، مېنى ساقلاپ تۇرغاندەك، پويىز ئىستانسىسىدا ئالدىمغا چىقتى. بىز بېيجىڭغا بىللە قايتتۇق. بېرىپلا ئۇ ئۆز تەلىپىنى قويدى. ئۆمەرجان خۇددى 59 - يىللىرى سىز سۆزلەپ بەرگەن «تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر» دىكى ئىسكەندەرگە ئوخشاش ئارتىس ئىدى. ئۇنىڭ يىلىنىشلىرى، ناخشا، دۇتارلىرى، بولۇپمۇ «شېرىن» سۆزلىرى مېنى قايىل قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن، 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تەلىپىنى قوبۇل قىلدىم... ئۇ مېنىڭ ئاغزىمدىن «ماقۇل» دېگەن جاۋاب چىقىشى بىلەنلا، توي قىلىشقا قىستىدى، مەن ئۇنىماي يۈردۈم. 12 - ئايمۇ كىردى. تۇيۇقسىز بىزنى بۆلۈش ئىشى باشلاندى. قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۆمەر توي قىلىشتا ناھايىتى چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇ بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ھەرىكەتكە سېلىپ، ئاخىرى

مېنى قايىل قىلدى.

قەدىرلىك ھېكمەت، مېنى كەچۈرۈڭ... 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى توي بولدى. مەن 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتىم. بىزنى مائارىپ نازارىتىدىن مەكتىتىكى ئازادلىق ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىغا تەقسىم قىلدى. ئۆمەرجان بۈلتۈر كۈزدە ئاپىسى كېسەل بولغىنى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە مېنىڭمۇ رۇخسەت سوراپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن بولغان سەممىيەتسىزلىكلىرىنى سېزىشكە باشلىدىم. بۇ ماڭا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ بېيجىڭدا ۋە ئۈرۈمچىدە «گۈل تېرىپ يۈرگەن» ھەرخىل ئىشلىرىنى ئاڭلىدىم (سىزگە يازغان بىرىنچى خېتىمدىن كېيىن).

— جان تۇمشۇقىغا كەلگەندە ئىمان ئېيتىپتۇ ـ دە، بۇ قىز، — دېدى مۇرات ئاچچىقىدا، —مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس دېگەن گەپ شۇ...

... «مەن ئۇنىڭ سەھنىدىلا ئارتىس ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىمۇ ئۇستا رولچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ھېكمەت، بۇ ماڭا ئېغىر ئەمەسمۇ؟ مەن ھەرقانداق قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىقلارغا چىدايمەنكى، بۇنداق ھاقارەتكە، خورلۇققا چىداپ تۇرالمايمەن! مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا بۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ بولۇشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئاقىۋەت كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتتىم...

قەدىرلىك ھېكمەت، ئەرزىمەس قىسمەتلىرىم بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، كەچۈرۈڭ... سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنىمۇ ئۇقتۇم. ياخشى كۆرگەن ئايالىڭىز ۋە ئوغلىڭىزدىن ئايرىلىپ، سۈرگۈن ھاياتىنى بېشىڭىزدىن كەچۈرۈشىڭىز مېنى تولىمۇ قايغۇغا سالدى. ھەقىقىي سۆيۈپ توي قىلىشقان ھەمراھلارنىڭ تۇرمۇشتىكى شېرىن مۇھەببىتىنى بېشىمدىن كەچۈرمىگەن بولساممۇ، ئەمما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ھېس قىلالايمەن! . مەن سىزگە سەممىي تىلەك بىلەن خەيرخاھلىق قىلىمەن...

قەدىرلىك ھېكمەت، چېنىقىش ۋاقتىمىزمۇ توشۇپ قالدى، ئەمدى سىزگە ئوخشاش خەلق ئۈچۈن خىزمەتكە بىرىنچى قەدىمىمىزنى بېسىش ئالدىدا

تۇرىمىز. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە تىياتىر ئىنستىتۇتى ۋە ئىككى مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىن بولۇپ قىرىق ئوقۇغۇچى ئۇرۇمچىگە قايتاتتۇق. لېكىن ئۇ- رۇش تەييارلىقى بىلەن، ئۇرۇمچىدىكى سەنئەت ئورۇنلىرىنى باشقا جايلارغا يۆتكەيدىكەن. شۇڭلاشقا، نەلەرگە كېتىمىز، ئۇقمايمىز. خوتەنگە بېرىپ قالغان بولسام، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. سىز بىلەن دىدارلاشقان بولاتتىم. ھازىر مەركەزنىڭ ئۈچ ھۆججىتىنى ئۆگىنىپ، مەسلىسى بارلارنى پىپەن قىلىۋاتىمىز...

ئاھ، قەدىرلىكىم ھېكمەت!... بىز ئەجەپ لىرىكىلىق ئىدۇق، تۇر- مۇش بورانلىرى بىزنى قاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى ـ ھە!...»

... ئۆكۈنۈش، سېغىنىش، ئۈمىد ئارىلىشىپ كەتكەن خەتنىڭ تەسىرىدىن ھېك- مەت بىلەن مۇرات بىر ھازا جىمىپ كەتتى... ئامىنەنى ئەيىبلەشكىمۇ ئورۇن يوق ئىدى.

— قارىغاندا، ئامىنەنىڭ خوتەنگە كەلگۈسى، سەن بىلەن قايتا دىدارلاشقۇسى بار ئىكەن... — دېدى مۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھەر ھالدا ئويلىنىپ كۆرەرسەن... بۇ خەتنى زۇمرەتكە ئوقۇپ بەرسەم قانداق دەيسەن؟...

— بوپتۇ ئال... لېكىن كامىل ھازىرچە ئۇقمىسۇن...

مۇرات چىقىپ كەتتى. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندە، ھېكمەت ئامىنەنىڭ يەنە بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەت قىسقىلا يېزىلغانىدى. كونۋېرت ئىچىدە ئامىنەنىڭ دوستى بىلەن چۈشكەن بىر پارچە رەسىمىمۇ بار ئىدى. مۇرات ئامىنەنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سۈرىتىنى كۆرۈپ، بۇ ئىسكىرىپكىچى قىزنىڭ ھېكمەت كۆيدۈرۈۋەتكەن سۈرىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە جۇدەپ ئوماقلىقىنى يوقىتىپتۇ، — دېدى ـ دە، خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«قەدىرلىك ھېكمەت:

بۈگۈن ئادەتتىكى بىر شەنبە. دەم ئېلىش قىلدۇق. يوشۇرالمايمەن، بۈگۈن سىزنى تازىمۇ ئەسلىدىم... خېتىڭىزنى قايتىلاپ ـ قايتىلاپ ئوقۇ- دۇم. ھازىرقى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى ئىپادىلەشكە قابىلىيىتىم يار بەرمەيدۇ.

تولا خەت يېزىپ، سىزنى ئاۋارە قىلىشتىن قانچىلىك ئېھتىيات قىلساممۇ، سىزنى سېغىنغان قەلبىم ھېچ تاقەتسىز سىزگە خەت يېزىشقا مەجبۇر قىلدى، كەچۈرۈڭ! مېنىڭ ئۆزۈمچە «9 ـ باھا» دېكى:

تۇزۇغىسى كەلسە چېچەكنىڭ نېمە چارە بار ئاگا؟
ئەسلى سىرداش قارلىغاچلار قايتىپ كېلىدۇ يانا...

دېگەن سۆزلەرنى يادلىۋالدىم كېلىدۇ... بۇ شېئىر بۇرۇن ماڭا ئانچىلا تەسىر كۆرسەتمىگەن. لېكىن ئۇ ھازىر ئۈمىد چىراغلىرىمنى ياندۇرماقتا... ھېكـمەت، مەن خوتەنگە خىزمەتكە بېرىشنى قارار قىلدىم. سىز بىلەن كۆرۈـشۈش، ئارزۇ ـ ئىقبال چېچەكلىرىنى قايتا ئېچىلدۇرۇش ئۈمىدىم بارغانسېـرى كۈچىيىپ بارماقتا. ئۈزۈلگەن تەقدىر يىپلىرىنى ئۇلىغىم كېلىدۇ. مەن رەھبەرلىككە ئىلتىماس يازماقچىمەن. مېنى كەچۈرەلەمسىز؟ جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن!...

ھېكمەت، مەن نېمىنى ئويلىسام سىزگە شۇنى يېزىۋاتىمەن. ئەيىپكە بۇيرىمايسىز... چوڭقۇر سەممىي ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان خەتنىڭ تەـسىر كۈچىمۇ چوڭ بولىدىكەن. ئۇ ئەزىز خەتنى ھېچ قولۇمدىن چۈشۈرگۈم كەلمەيدۇ... ھېكمەت، ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقانسىز؟ ئەجەبلەنمەڭ، ھەيـرانمۇ بولماڭ، مېنىڭ تەقدىرىم ئەنە شۇنداق بولدى. مەن سىزگە بېيجىڭدىن ئايرىلىش ئالدىدا چۈشكەن بىر پارچە رەسىممىنى ئەۋەتتىم. ھازىرقى ئامىنەنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەرسىز... مېنى تونىيالارسىزمۇ؟ يېنىمدىكى قىز جۇڭگىياڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىكى تۇركچە ئاڭلىتىدىغان رازىيە، مۇمـكىن بولسا، سىزمۇ يېقىنقى رەسىمىڭىزدىن بىرنى ئەۋەتسىڭىز...

ھېكمەت، ئەتىگەندىن بېرى خېتىمنىڭ جاۋابى كەلگۈچە خەت يازماي تۇراي دەپ ئويلىغانىدىم، كەچقۇرۇن يەنە يازغۇم كېلىپ قالدى. ئەپسۇسكى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كەچكى ئۆگىنىشكە پۈشتەك چېلىنىپ قالدى، كەچۈرۈڭ...

ھۆرمەت بىلەن: سىزنى سېغىنغان ئامىنەدىن.

مۇرات خەتنى ئۇتقىنچە خىيالغا كەتتى. . . ھېكمەت ئادەتتىكى كۆڭلى سۇيۇقلار-دىن ئەمەس. ئۇ ئەينى ۋاقىتدا گۈلزىبانىڭ مۇھەببىتىنى تەرك ئېتىپ ئامىنەگە ۋاپادار-لىق، ساداقەتلىك كۆرسەتكەندى. بىراق ئۇ ھېكمەتنى داغدا قويدى. گۈلزىبا ھېكمەت ئۈچۈن پاك سۆيگۈ يولىدا ئاخىرىغىچە پىداكارلىق كۆرسەتتى ۋە ئامىنە قالدۇرغان داغلارنى يۇرەك قانلىرى بىلەن يۇيدى. ھېكمەت ئۇنى ئەبەدىلئەبەد ئۇنتالمايدۇ. ئۇ ئايالىنىڭ، ئوغلىنىڭ ئوت پىراقىنى ئۇنتالماي تۇرغىنىدا، ماھىگۈل، مەھبۇبەلەر پەيدا بولدى. ماھىگۈلدىن ئۆزىنى قاچۇردى، مەھبۇبەگە ئۇچۇق بىر نېمە دېمىدى. ئەمەلىيەتتە ئامىنە ئۆزى قالدۇرغان جاراھەت ئىزلىرىنى قايتا تاتىلاپ ئازابقا سالسا، بۇ ئادىللىق بولامدۇ؟ تەقدىرنىڭ بۇ ئويۇنلىرى قاچانمۇ ئاياقلىشار؟ . . .

— ئامىنە بىر قارارغا كېلىپ بوپتۇ، — دېدى مۇرات ئېغىر نەزەردە قاراپ، — ئۇ پەقەت سېنىڭ جاۋابىڭغىلا قاراپ قالغان ئوخشايدۇ. . .

— بولمايدۇ. . . — ھېكمەت دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان باغقا تىكىلىپ قالغان-دى، — مەن گۈلزىباغا يۈز كېلەلمەيمەن. بىلەمسەن مۇرات! . . . خەتتە يېزىلغان ئىككى مىسرا شېئىرنى گۈلزىبا قۇرۇم كۆلىدىكى ئارالدا ئوقۇپ: «بىزنى خۇدا قوش-قان، شۇڭا باشقىلىرى تۇزغاقتەك توزۇپ كەتتى. . .» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە گۈلزىبا-نى توزۇپ كەتكەنگە چىقىرىۋېتەلمەيمەن. ئۇ مەڭگۈ مېنىڭ قەلبىمدە! . . . ئۇنى مەن يۈرىكىمگە، نەق يۈرىكىمگە دەپنە قىلغان، ھەقىقىي سىرداش قارلىغاچلار ئايالىم ھەم ئوغلۇم ئىدى! . . .

— يارايسەن. . . مەن سېنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم.

مۇراتنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ خەتنى ئالمان - تالمان يانچۇقىغا سالدى. چۈنكى كامىل كىرىپ قالغانىدى. ئۇ، مەكتەپنىڭ دەرۋازا، بىنا تاملىرى ۋە تاختا تاملىرىغا يېڭى يېزىقتا ئۆزئۆزىدە يېزىۋاتاتتى. ئۇ مۇراتقا قاراپ ئالىيىپ قويدى - دە، كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھەي، مۇئەللىملەر سېنى گوڭشې ئالدىدا بولغان جېدەلگە ئارىلاشتى دەيدىغۇ؟ بۇ راستمۇ؟ — دېدى كامىل چىرايىنى ئاچماي، — بۇنداق قىلساڭ، باياناتىمىزنى ئۇلار ئېتىراپ قىلامدۇ؟

— تاماشا كۆرگىلى بارغىلىمۇ بولمامدۇ؟ ياللا مۇشۇ خەقنىزە. . .

كامىل تەنبىھنى باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، ياتاققا ئىككى دېھقان يىگىتى كىرىپ

كەلدى. ئۇلار گەپنى ئەگتمەيلا، ئۆزلىرىنى جۇ رۇڭفا تۇەنجاڭنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۆزى ئالدىراش بولۇپ قېلىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن ئۇزۇر سورىدى.

«قىزىل قوغدىغۇچىلار دېھقانلار تۇەنى» دە بىر شاپىگراف ماشىنىسى ۋە يېتەرلىك ماي، قەغەز بار ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۇرۇمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى كۆپەيتىپ بېسىش، ئۆز كۆزقاراشلىرىنى شەرھلىگەن ماقالىلەرنى يېزىپ تارقىتىش ئىشلىرىدا قىيىنچىلىق تارتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇلار كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى ئۆز تەشكىلاتىغا تەكلىپ قىلىپ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ كەلگەنىدى.

— ۋەزىيەت بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، — دېدى كامىل ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، — ئەگەر ئىنقىلاب قەلەم كۈرىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولسا، بۇ باشقا گەپ ئىدى. ھازىر ئەلەم كۈرىشى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. بىز بولساق ئوقۇغۇچىلار، بىرەر ئىشنىڭ توغرا - خاتالىقىنى پەرق ئەتمەي، قارىسىغا ئارىلىشىپ قالساق، ئوبدان بولمايدۇ.

— ماۋجۇشى تەلىم بېرىپ، — دېدى قاپقارا ساقاللىق يىگىت، — «ئۇلار چېقىلسا بىزمۇ چېقىلىمىز...» دېگەن. دېھقانلار سىلىگۇسى باۋخۇاڭ تەشكىلات. ئۇلار ۋاڭ ئېنماۋنى قوغداش يولىدا بىزگە چېقىلدى، شۇڭا بىزمۇ قاراپ ئولتۇرمىدۇق...

— سىلەر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش بار، — ھېكمەت ئۆز تونۇشىنى دېدى، — بىز ئۇچىمىزنىڭ نامى ياخشى ئەمەس. خالىق ئەتىلا: «قىزىل قوغدىغۇچىلار دېھقانلار تۇەنى» نىڭ سىپى پاك ئەمەس، ئۇنىڭدا چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلار، شيۇجېڭجۇيىچىلار، بۇزۇق ئەپەندىلەر بار...» دەپ دازىباۋ چاپلاشتىن، رادىئو كارنايلىرىدا، چۇەندەنلىرىدە تەشۋىق قىلىشتىن يانمايدۇ. بىزغۇ مەيلى، لېكىن تەشكىلاتىڭلارنىڭ نام - نىشانىنى بۇلغىۋالسىلەر...

— ھېكمەت توغرا ئېيتتى، — دېدى كامىل، — شۇڭا جۇ تۇەنجاڭ رەنجىمىسۇن، بۇ ئۆزى ئۇچۇنمۇ ياخشى.

دېھقان يىگىتلەر: «قۇرۇق قول بارساق، تۇەنجاڭ بىزگە ئاچچىقلايدۇ» دەپ كەتكىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى قايتا - قايتا تەكرارلاپ تۇرۇۋالغاچقا، تەڭلىكتە قالغان دوستلار تەشكىلات سىرتىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە رازى بولۇشتى. دېھقانلار كېتىشى بىلەن، مۇرات: «قاتناشساقمۇ

يامان بولمايتتى» دەپ غۇدۇڭشىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن كامىل، ھېكمەتلەر تەڭلا ئۇنىڭغا ئالايدى.

ھېكمەتنىڭ بىر سائەت دەرسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرس تەييارلىقى ۋە كىتابلىرىنى ئالدى. ھازىر سىستېمىلىق دەرس ئۆتۈلمەيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى چۈەنلىيەن قىلىپ كەتكەچكە، مەكتەپتە ئازلا ئوقۇغۇچى قالغانىدى. شۇڭا، ئوخشاش قارارىدىكى باللارنى بىر سىنىپقا يىغىپ دەرس ئۆتۈلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ خېلى ئازادىلىشىپ قالغاچقا، بىكار بولسىلا، قارت ئوينايتتى، توپ مەيدانىدىن كەلمەيتتى. بەزىلىرى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆكتاتلىقىدا ئىشلەيتتى. ھېكمەت ئۈچ سىنىپتىن يىغىلغان يىگىرمە سەككىز بالىغا دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن سىنىپقا كەتتى. مۇرات ھېكمەتنىڭ ئوچۇق جاۋابىنى ئاڭلىغاچقا، خەتلەرنى كامىلغا كۆرسەتتى. ئامىنەنىڭ ئىككى پارچە خېتىنى ئوقۇپ چىققان كامىل يەلكىسىگە تۈگمەن تېشى ئارتىپ قويغاندەك تۇنجۇقۇپ كەتتى. ئۇ شەھەردىكى چېغىدا مەھبۇبە نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتىپ يالۋۇرغانىدى. ئۆتكەندە بوستانغا چىققاندىمۇ كامىل ئۇنىڭغا: «خاتىرجەم بولۇڭ، ھېكمەت مېنىڭ گېپىمنى يىرمايدۇ، پات ئارىدا تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمىز» دەپ ۋەدە بەردى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇنچە يىللار ئۆتكەندە، بۇ ئىككىسىنىڭ يەنە تېپىشىۋالغىنى نېمىسى؟ ئامىنەنىڭ «ئايرىلىش» خېتى كەلگەندە، ھېكمەت نېمىلەر بولۇپ كەتمىدى! ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك ئۇزۇنغىچە ئىلەڭ - سىلەڭ يۈرمىدىمۇ! ئۇنى دوستلار قانچىلىك ھەرەج تارتىپ قۇتقۇزۇپ قالدى! «ئوۋچىنىڭ ھېكايىسى» چىن كۆڭۈلدىن چىقمىغان ئىكەندە! «ۋاپا» رەسمى ئۇنىڭ ۋىجدانىدىن چىققان قەسەم ئىدىغۇ! ئاھ خۇدا، ئادەملەرنى چۈشەنمەك نېمىدېگەن تەس! شۇنچە يىللىق دوستۇڭنى - ھە؟ گۈلزىبانىڭ روھى قورۇنماسمۇ؟ . . . ھېكمەت بۇنى نېمىشقا ئويلىمىغاندۇر! ؟ . . .

كامىل تەڭقىسلىق، خىجالەتچىلىك ئىلكىدە قىينىلىپ تۇرغىنىدا، ياتاقتا نەفىسە، زۇمرەتلەر قول سومكىسى تۇتقان مەھبۇبەنى باشلاپ كىردى. كامىلنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرگەن قىزلار بىر - بىرىگە قارىشىپ جىمىپ قېلىشتى. بۇ جىمجىتلىق خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. .

— سىلەر ئىككىڭلارغا نېمە بولدى؟ — سورىدى نەفىسە ھەيران بولۇپ، — بىز كىرسەكلا، ئۈنۈڭلار ئىچىڭلارغا چۈشۈپ كەتتىغۇ؟ . . .

— نەفسەنىڭ سۆزى بوشلۇقتا يوقالدى. ياتاق ئىچىدە ئېغىر تىنغان ئاۋازلارلا ئاڭلىناتتى. نېمىنىدۇر كۆڭلى تۇيغان مەھبۇبە يۈزىنى تۇتۇپ مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. . .

— بولدى، مەن چىقىپ كېتەي، — نەفسە ئورنىدىن تۇردى، — مەھبۇبە ئاتايىتەن شەھەردىن كەلسە، بۇ نېمە خىجالەتچىلىك؟

— ئولتۇرۇڭ نەفسە، ئۇلاردا گۇناھ يوق، — زۇمرەت نەفسەنى تۇتۇۋالدى، — گەپ ھېكمەتتە، گەپنى ئېچىۋەتمىسەم بولمىدى، ھېلىقى بىر يىلى ھېكمەتنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئامىنەدىن ئۇنىڭغا خەت كەپتۇ. . .

— زۇمرەت، بولدى قىلىڭ! — ۋارقىرىدى مۇرات، — سىزنىڭ ئاغزىڭىزنىزە. . .

— ياق! دەيمەن. ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىسىگە خەت يېزىشىپ يۈرسە، بۇ يەردە مەھبۇبەنى ئەخمەق قىلغاننىڭ پايدىسى نېمە؟

— ئۇ ئالىيزادە، ئىسكىرىپكىچى قىز ئۆز ۋاقتىدىكى ۋاپاسىزلىقىدىن نومۇس قىلمامدىكىنە؟ — نەفسە ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلىدى، — قېنى ئۇ خەت؟ مەن كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ . . .

مۇرات ھەر ئىككىلا خەتنى چىقىرىپ بەردى. نەفسە بوش ئاۋاز بىلەن ھەممىنى ئوقۇپ چىقتى. ئامىنەنىڭ رەسىمىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى. چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ كەتكەن مەھبۇبە ئېسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلىماقتا ئىدى. ئامىنەنىڭ ھېكمەتنى دەپ خوتەنگە كەلمەكچى بولغانلىقى، بولۇپمۇ ئەينى يىللاردىكى كۆڭۈللۈك خاتىرىلەر توغرىسىدا يېزىلغان سەھىپىلەر، ئەۋەتكەن رەسىم مەھبۇبەنى ئۈمىدسىزلىك قايناملىرىغا تاشلىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئېچىنىش-لىق، ئاچچىق ياش تۆكەتتى. . .

— ھەممە گۇناھ ھېكمەتتە، — دېدى زۇمرەت ۋارقىراپ، — نېمە ئۈچۈن ۋىجدانەن ئىش قىلمايدۇ؟ ئامىنە ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلغان تۇرسا؟

— ھېكمەت گۇناھسىز، — مۇراتمۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، — ئۇنىڭ ئامىنە بىلەن توي قىلىمەن دېگىنى يوققۇ؟ ھەتتا «قەتئىي بولمايدىغانلىقى، گۈلزىباغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى» دەۋاتسا، يەنە ئۇ گۇناھكارمۇ؟

— بۇ راستمۇ؟ — كامىل چۆچۈپ قارىدى، — نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىدىڭ؟

— دېگىلى پۇرسەت بولمىسا؟ دەپ بولغىچە قىزلار كىرىپ قالدى. ئاندىن سەن

روكۇدىكى ئىمامدەك بېشىڭنى ئېچىڭگە تىقىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ھەممىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردۇڭ. . .

— ھەي سەنزە. . . گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ، — كامىل بىردىنلا جانلاندى، — ساڭا زۇمرەت تېتىمىسا باشقىمىز بىكار. مەن كۆڭلۈمدە ھېكمەتنى ئەيىبلىگىنىم ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— ھېكمەتنى ھېچقايسىڭلار مەندەك چۈشەنمەيسىلەر، بۇ قېتىم ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم، — مۇراتنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك تۇس ئالدى، — ئۇ ئامىنەنىڭ بىرىنچى قېتىملىق «بەختسىز مەن» دېگەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ تەقدىرىدىن كۈلمىگەن، مەسخىرىلىمىگەن، بەلكى بۇرۇنقى ئازاب - ئاداۋەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق، دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزگەن. . . ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى نۇرغۇن گۈزەل ھەم جەڭگىۋار خاتىرىلەرنى ئەسلىتىپ، تەپسىلىي خەت يازغان، كۈچ، ئىشەنچ ئاتا قىلغان، ھەتتا ھېكمەت ئامىنەنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئايرىلىش خېتى يازغانلىقى توغرۇلۇقمۇ «بىر قىز بالا ئۆز بەختىنى ئىزدەشكە ھوقۇقلۇق» دەيدۇ. . . كۆڭلى - كۆكسىنىڭ كەڭلىكى، پاكلىقى، سەمىمىيلىكى جەھەتتە، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا يېتەلمەيمىز. . .

مۇراتنىڭ سۆزى ھەممىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. مەھبۇبەمۇ كۆز - ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇ سومكىدىكى داستىخاننى ئېلىپ، ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. بۇ ھال ياتاق ئىچىنى جانلاندۇردى.

— مۇنداق بولسۇن، — كامىل ئورنىدىن تۇردى، — ھازىرقى بولۇنغان گەپ ھەم خەتلەرنى ھەممىڭلار ئۇنتۇڭلار، ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىزغىن كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈڭلار. مۇرات، ھېكمەتنى باشلاپ كەلسۇن، ئۇ بەلكىم دەرستىن چۈشۈپ، ئىشخانىدا دەرس تەييارلىقى قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

مۇرات ئىشىك ئالدىغا چىقىپلا قايتىپ كىردى ۋە ھېكمەتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى دېدى.

ھېكمەت ياتاققا كىرگەندە، كامىل، مۇرات، نەفىسە، زۇمرەتلەر، مەھبۇبەنى ئورىۋېلىپ راسا پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەھبۇبە ھېكمەتنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى - دە، قىزىرىپ قالغان كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى. . .

— قارا ھېكمەت، مەھبۇبەنىڭ چىڭگىزلىكىنى؟ سەن كىرمىگۈچە،

ئەكەلگەن داستىخىنىنىمۇ ئاچمىدى، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ، — ئەمدىغۇ ئاچساق بولار؟...

— ھەي ئاچ پاقا! — دېدى زۇمرەت مۇراتنىڭ قولىغا ئۇرۇپ، — مەھبۇبە شەھەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلسە، ئۆيگە تەكلىپ قىلايلى دېمەي، ھەدەپ ئۇنىڭ داستىخىنىنىڭ گېپىنى قىلىسىزغۇ؟...

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. زۇمرەت ئۇلارنى باشلاپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىردەمدىلا چاي دەملەپ، ئۈستەلگە بىرنېمىلەرنى تىزىپ قويدى. مەھبۇبە داستىخاننى ئېچىپ، بىر لېگەن سامبۇسىنى زۇمرەتكە تۇتقۇزدى. ئۈستىگە ئۇندەك سوقۇلغان قەنت سېپىلگەن مايدا پىشۇرۇلغان سامبۇسىدىن كۆتۈرۈلگەن مەززىلىك ھىد ھەممىسىنىڭ ئىشتىيىنى ئېچىۋەتتى. تالادىن يۈگۈرۈپ كىرگەن بىر يېرىم ياشلىق گۈلچىنئاي كېلىپلا ئانىسىغا ئېسىلدى. زۇمرەت ئۇنىڭغا سامبۇسىدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويۇۋىدى، ئۇ خۇشاللىقىدا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

ھەممىسى ئىشتىھا بىلەن: «ئوخشاپتۇ، بەك بەلەن بوپتۇ... بۇ ئۆزبېكچە سامبۇسىكەن...» دېيىشىپ يېيىشتى. مەھبۇبە ئالقىنىنى ئاغزىغا تۇتۇپ، سامبۇسا يەۋاتقان ھېكمەتكە قاراپ، تۇيۇقسىزلا كۈلۈۋەتتى.

— ھە، مەھبۇبە، ھېكمەتكە قاراپ زوقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى مۇرات چاقچاقنى باشلاپ، — سامسىڭىز ئۇنىڭغا راسا تېتىدى. قاراڭ كالپۇكلىرىنى يالاپ كەتكىنىنى!...

— سامبۇسا تېتىغان بىلەن مەن تېتىمايمەن - دە! مەھبۇبەمۇ بوش كەلمىدى، — تۇۋا، بىر كېچە ئۇخلىماي راسا ئوخشىتىپ سامبۇسا ئېتىپ قوشكۆلگە ئەكىرسەم، «تېتىدى» دىن ئۇچنى تەكرارلاپ بولۇپ، «ئەمدى كەلمەڭ!» دەپ ھەيدىۋەتتى دېسە...

ئولتۇرغانلار ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلۈشتى. نەفسە بىلەن زۇمرەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— سامسا قەدىرىنى بىلەمدۇ بۇ دېۋەڭ؟ — مۇرات سامبۇسىنى قەستەن سامسا دەپ چاقچاقنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى ئىدى، — قەدىرىگە يەتسە سىزنى ھەيدىۋېتەرمىدى؟...

— ھەي، ئاغزى پالاكەت ئاچكۆز، — دېدى زۇمرەت چوڭ كۆزلىرىنى

ئالايتىپ، — سامبۇسىنى سامسا دەپ گەپنى نەگە ئېلىپ قېچىۋاتىسىز؟...

— ۋاي خۇدايىم، — مەھبۇبە گەپنىڭ تېگىگە يەتكەندى، — سامسىڭىز راسا تېتىدى دېسە، مەنمۇ «ھەئە» دەپتىمەنا تېخى...

كۈلكە باشقىدىنلا ئەۋجىگە چىقتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ مەھبۇبە، — دېدى كامىل ھېكمەتكە قولىنى شىلتىپ، — بۇ شىماللىق بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ھەيدىۋەتسە، ئۇنى بىرەر ھابدالغا دۇئا قىلدۇرۇۋېتىمەن...

— قاش - كۆزى جايىدا خېلى ئوبدان يىگىتىم، — مۇرات چاقچاقنى راستقا ئايلاندۇرماقتا ئىدى، — ھابدالغا بېرىۋەتسەك، ئۇ زايە كېتەرمىكىن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، سامبۇسىغا تېگىشىۋەتسەك قانداق؟...

نەفىسە، زۇمرەت، مەھبۇبەلەر ھەربىر چاقچاق ئاياقلاشقاندا، قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. مۇرات بىلەن كامىلمۇ خۇددى كېلىشىۋالغاندەك بىر - بىرىگە پاس چىقىرىپ، قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى بېرىۋاتاتتى. ھېكمەت ئۆزى دەرستىن چۈشكىچە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى گەپ - سۆزلەرنىڭ ئۆتۈلگىنىنى تۇيدى.

— يا... ياق، سامبۇسىغا ئەرزان كەتكۈدەك... — كامىل نەفىسەگە «گەپ قىلىڭ» دېگەندەك كۆزىنى قىسىپ قويدى، — ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، نېمىگە تېگىشسەك بولار؟...

— مېنىڭچە، — نەفىسە زۇمرەتنى چىمداپ قويدى، — جامائەتنى گۇۋاھ قىلىپ بىر قازان پولۇغا تېگىشسەك، راسا ياخشى بولارمىكىن؟...

— بولىدۇ... بولىدۇ... قوشۇلىمىز... — ھەممىسى بىردەك ۋارقىراشتى.

— ئەمىسە، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس دېگەن گەپ بار، — دېدى زۇمرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — تېگىشىدىغان ئورۇن، ۋاقىتنى مۇقىملايلى...

ھېكمەت ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەندى. ئۇ بوستانغا قايتىپ كېلىپ ھەپتە ئۆتمەي، مەھبۇبە ئۇنى ئىزلەپ كەلگەندى. كۆڭلىنى زادىلا توختىتالماي تۇرغان ھېكمەت ئۇنىڭغا: «مەن غۇلجىغا بېرىپ ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ كېلەي، ھازىر دادام كېسەل ئىكەن... سىزگە ئاندىن جاۋاب بېرەي...» دەپ ئۇنى قايتۇرغانىدى. ئەمدى دوستلىرىنىڭ بوگۈنكى چاقچاق - ھەزىللىرىنىڭ مەنىسىدىن، ئۇلارنىڭ توينى دەرھال قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— ئورۇن مەھبۇبەنىڭ ئۆيى، ۋاقتى يەكشەنبە بولسا قانداق؟ — نەفسەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھەممە بىردەك قوشۇلدى.

— قېنى بۈگۈن سەيشەنبە، — مۇرات بارماقلىرىنى ساندى، — بولغۇدەك، تېخى تۆت كۈن بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟...

ھېكمەتنىڭ گۈلزىبادىن كېيىنكى ئۆمۈرلۈك ئىشى دوستلارنىڭ چاقچىقى بىلەن ئەنە شۇنداق بېكىتىلدى. كامىل، مۇرات ئىككىسى ھېكمەتنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار مەكتەپ بېغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىر ئېرىق لېۋىدە ئولتۇردى.

— بۇ ئىش ساڭا بىسمىم بولۇپ قالسا بولمايدۇ، — دېدى كامىل ھېكمەتنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ، — بۇ توغرۇلۇق مەھبۇبە بىلەن ئىككىڭلار ئىككى نۆۋەت پاراڭلىشىپسىلەر، ئەگەر كۆڭلۈڭگە خوپ كەلگەن بولسا، ۋاقتىنى كەينىگە سۈرگەننىڭ پايدىسى يوق، ئۆزۈڭمۇ تۇرمۇشتىن قىينىلىپ قېلىۋاتىسەن...

— بايىقى گەپلەرنىڭ ھەممىسى چاقچاق، — مۇرات نېمە ئۈچۈندۇر مۇڭلۇق كۆرۈنەتتى، — بىلىمەن، سەن گۈلزىبانى ئۇنتالمايسەن... ئۇ سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ بىر يۆلىكى ئىدى. ئەمما ئويلاپ باق، ئۆمۈر بويى ئۇنى ياد ئېتىپ، ھەسرەت چېكىپ، ئادامەتتە ئۆتكىلى بولمايدۇ — دە... جۇدالىق دەردىنى تارتامسەن، بالاڭنىڭ كۆيۈك ئۆتىنىمۇ؟ سېنىڭ جېنىڭ تۆمۈردىن پۈتمىگەنغۇ؟... مەن كۈلۈپ، چاقچاق قىلىپ يۈرگىنىم بىلەن، داۋاملىق سېنى ئويلايمەن!... سەن دەردىڭنى ئىچىڭگە يۈتىسەن... سېنىڭ تېشىڭ پۈتۈن بولغىنى بىلەن ئىچىڭ تۈتۈن! سەۋر قىل، گېپىمنى قىلىۋالاي، مېنىڭ پىغانىم ئۆرلەپ تۇرىدۇ... كېچىدىن بىر چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن... مەن بىر ئاق ئاتقا مىنىپ، مانان باسقان چەكسىز بىر بوشلۇقتا چېپىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن... سەن شىۋاقلىق چۆللەردە مېنى يالاڭ ئاياغ قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەكسەن... ئۇستىۋاشلىرىڭ بەكمۇ ئوسال... «مۇرات كەتمە... سەن كەتمە!... مېنى تاشلاپ كەتمە!... مەن سەن دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالماي!...» دېگۇدەكسەن... — مۇراتنىڭ چوڭ كۆزلىرى لىقمۇلىق ياشلار بىلەن تولغانىدى، — ۋاي خۇدا، مەن نېمە بولدۇم؟ سېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىڭنى سۆزلىشىۋېتىپ، نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟ ھەر ھالدا، كامىل ئىككىمىز سېنىڭ دەردلىرىڭنى مىسقالچە بولسىمۇ يېنىكلىتىشنى ئويلايمىز... ئۆيلەنسە، تۇرمۇشنىڭ غېمى، خىزمەتنىڭ بېسىمى بىلەن، كونا جاراھەتلىرىنى ئۇنتۇلارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە مۇشۇنداق مەسلىھەتكە كەلگەنىدۇق...

كامىل مۇراتنىڭ ھېكمەتكە ئامراقلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ ئامراقلىقىدىن قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىدۇ، ئاچچىقلىتىدۇ، كېيىن ھېكمەتنى قوچاقلاپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەلەمزادە بولۇپ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى تۆككىنىنى ئۇچراتمىغانىدى. كامىل شۇنى ھېس قىلدىكى، مۇرات دوستىنىڭ چەككەن دەرد ـ ھەسرەتلىرىنىڭ تەڭ يانسىنى ئۆز زىممىسىگە يۈكلىۋالغانىدى.

— مۇرات ھەممىنى دېدى، — كامىلمۇ ھەسرەتلىك خۇرسىندى، — ئەگەر كۆڭلۈڭگە خوپ كەلسە، مەھبۇبەڭنىمۇ خوش قىلايلى. . . ئۇ قىز پۈتۈن كۆڭلىنى ساڭا ئاتىغان، ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قالمىغىن!

— ماقۇل، — دېدى ھېكمەت نەگىدۇر قاراپ، — بۈگۈن مەن راستىنلا گۈلزىبادىن ئايرىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. . . ئۇ بۇ چاغقىچە داۋاملىق مېنىڭ يېنىمدا ئىدى، گەپلىرىمنى ئاڭلايتتى، قۇلاقلىرىمغا پىچىرلايتتى. . . بىز تاڭلار ئاپئاق ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ چىقاتتۇق. . . لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئەزىمەتنىڭ يېتىپ كەتكەنلىكىنى تېخى دېمىدىم! دېسەم بولمايتتى، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ تارتقان دەردلىرى ئازمۇ؟ ئۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە كۆرگەنلىرىدە چوڭ بولدى. . . ھېچ خوشاللىق كۆرمىدى، مېنىڭ جاپايىمنى يەتكۈچە تارتتى، بىراق مەن ئۇنىڭغا دەردتىن باشقا نېمە بېرەلىدىم؟ — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش يۇمىلاپ چۈشۈپ لەۋ سىزىقلىرىغا سىڭىپ كەتتى، — بۇ چاغقىچە مەن ئۇنى ئۆيلىمىغان بىرەر دەقىقەمنىڭ بولغانلىقىنى ئېسىمگە ئالالمايمەن. ئۇ ھامان مېنىڭ باغرىمدا ئىدى. مانا ئەمدى يات بىراۋلار يېنىمدا بولىدۇ. . . گۈلزىبا يەنە كېلەرمۇ؟ كېلىدۇ! . . . ئەمما قېشىمغا كېلەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىنى باشقىلار ئىگىلىگەن! . . .

كامىل، مۇراتلار كۆڭلى سۇنۇق بۇ دوستىغا كۆپ تەسەللى بەردى. ئۇلار ھايات، تۇرمۇش، تەقدىر توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلىرىنى، قىسقا رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى ۋە توي توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كىردى. چېچەن زۇمرەت ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، مۇرات نېمە بولدىڭىز، يىغلاپسىزغۇ؟ — زۇمرەت ھېكمەتنىڭمۇ كۆزلىرىنىڭ ياش يۇقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەندىكتى، — ئىككىڭلارلا يىغلاپسىلەرغۇ؟ . . .

— سارالڭ بولماڭا زۇمرەت. . . يىغلايدىغانغا بىز كىچىك بالا بولمىساق، — مۇرات

شۇنداق دېدىيۇ، لېكىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — كۆزىمىزگە كۆمۈتا كىرىپ كەتتى.

نەفىسە بىلەن مەھبۇبەمۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ جىمىپ قېلىشتى.

— ئەمىسە، ھېكمەتنى پولۇغا تېگىشىدىغان بولدۇق، — دېدى كامىل باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، — ئەتە ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە ئىككىسى شەھەر گۇڭشېدىن توي خېتى ئالىدۇ، مۇرات بولسا ئالىمجان، ئامانىللانى باشلاپ بېرىپ، مەھبۇبەنىڭ ئانىسى بىلەن توي رەسمىيەتلىرىنى بېكىتىدۇ ۋە توي تەييارلىقلىرىنى قىلىدۇ. لېكىن، توي داغدۇغىسىز، نەغمە - ناۋاسىز بولىدۇ. چۈنكى شەھەر بەك قالايمىقان، ئەلەم كۆرۈشى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، توي رەسمىيىتىنى ئۆتەپلا قايتىپ كېلىمىز. مەن زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت ھوشۇر، ساجىتخانلارغا مەسلىھەت سېلىپ، ئۆي ئىشىنى ھەل قىلىمەن ۋە ئۆينى ئاقارتىپ تەييارلايمىز.

ھېكمەت ئەتىگەن تۇرۇپ، ساجىتخاننىڭ تامغا بېسىپ بەرگەن خېتىنى ئېلىپ، شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل قەبرىستانلىققا بېرىپ، گۈلزىبانىڭ قەبرىسى بېشىدا يېرىم سائەتتەك كۆز يېشى تۆكۈپ ئولتۇردى ۋە مەرھۇم ئايالىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. مەھبۇبە ئۇنى شەھەر گۇڭشې دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. بۇ قېتىم زەينەپخان كاتىپ، پازىل غازىبويۇنلار ئۇلارنى كۈلۈپ قارشى ئالدى ۋە ھايال بولمايلا توي خېتى كېسىپ بەردى. ئۇ مەھبۇبەنى باشلاپ، ماگزىنلارنى ئارىلىدى ۋە ئۇنىڭغا تويلۇق بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ، گۈلباغقا چىقتى. يەرلىك كومىتېت تەرەپتىن بىر توپ خۇڭۋېيبىڭلار دۇمباقلارنى چېلىپ، شوئار توۋلاپ، بەش ئادەمنىڭ قوللىرىنى قايرىپ تۇتۇپ، ئۇلارنى سازايى قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەللىك - ئاتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئادەملەرنىڭ بېشىغا ئۇزۇن قەغەز كۇلا كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، بوينىغا تاختا ئېسىلغانىدى. ئاياغ چاچلىرى قالايمىقانلاشقان، تاقىر باشلىرى قىزىرىپ كەتكەن، قەدەمدە بىر مۈدۈرۈپ كېتىۋاتقان بۇ بىچارىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈشنى خالىمىغان ھېكمەت مەھبۇبە بىلەن خوشلىشىپ، بوستانغا قايتتى.

ئۇ ئىككى سائەت ناھايىتى تېز ماڭغانلىقى ئۈچۈن، بەك تەرلەپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ياتاققا كىرىپلا، بېشىنى يۇيۇپ، بەدەنلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن مايكا، كۆڭلەكلىرىنى يۇياي دەپ تۇراتتى، ياتاققا بىر ھەربىي بالا كىرىپ كەلدى. بۇ ئۈچ يىل ئالدىدا ھەربىي سەپكە كەتكەن سىنىپ باشلىقى ئابدۇللا ئىدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈش-

تى، ھال - ئەھۋال سوراشتى. ھېكمەت تەخسىدىكى چوڭ بىر ساپ ئۈزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئابدۇللا سانجىدىكى مەلۇم ھەربىي گازارمىدا تۇرۇپتۇ. بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنى مەكتەپتىكى ئازادلىق ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ھازىر پەيجاڭ دەرىجىلىك كادىر ئىكەن.

— سەن بىلەن بىرگە كەتكەن سەيدۇللامۇ شۇ يەردىكەنغۇ؟ — ھېكمەت كونا ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇنتۇمىغانىدى.

— شۇنداق. بۇ قېتىم ئائىلە كۆرۈپ كېلىشكە ماڭا رۇخسەت قىلدى. كېلەر يىلى ئۇنىڭغا نۆۋەت كېلىدۇ.

— سىراجىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟

— مەن سانجىدىكى چاغدا ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. ئۇ ئۈرۈمچىدە بىرىنچى كالوندا شوپۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ.

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئابدۇللا تۇيۇقسىزلا ئامىنەنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن خەت كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سورىدى. ھېكمەت خەت كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇ قىز مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، بىزنىڭ مەيدانىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا كەلگەنىكەن، — دېدى ئابدۇللا كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇ سەيدۇللا ئىككىمىزنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سىزنى سورىدى. بىز: «ئۇ بىزنىڭ سىنىپ تەربىيىچىمىز بولىدۇ» دەپ قويۇپتىكەنمىز، بىزگە بۆلەكچىلا قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. ئاشخانىدا، يولدا ئۇچراشساقمۇ سىز توغرۇلۇق گەپ سورايدۇ، ياتىقىمىزغىمۇ ئىزدەپ باردى.

— ئامىنە مېنىڭ ئىنستىتۇتتىكى ساۋاقدىشىم بولىدۇ. ئۇ نېمىلەرنى دەيدۇ؟

— نېمە دېمەكچىدى، «قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۆيلەندىمۇ، بالىسى بارمۇ؟ بىز يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق» دېگەندەك گەپلەر... ئادرېسىڭىزنى سورىغانىدى، يېزىپ بەردىم. كېيىن ئۇ قىزدىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدىم...

— نېمە ئۈچۈن؟...

— مەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ بىر ھارۋىكەش بالا بىلەن چاتاق چىقىرىپ قويۇپتىكەن... يەنە كېلىپ، ناھىيىگە كېتىدىغان يول ئۈستىدىكى قومۇشلۇقتا... بۇ گەپنى ئاڭلاپ، رايىم يېنىپلا كەتتى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئامىنە غۇرۇرلۇق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك قىز، بولۇپمۇ خورىكى ناھايىتى ئۈستۈن. . . ئۇ، ئۇنداق تۆۋەن ئوقۇرلارغا بويۇن سوزمايدۇ. . . قانداق قىلىپ، — ھېكمەت ئىشەنمىگەندى، — بۇنداق ئىپلاس يولغا ماڭسۇن؟ بۇ، بويى يەتمىگەنلەرنىڭ تاپقان ئىغۋاسىدۇر تايىنلىق؟

— مەنمۇ ئىشەنمىگەن، بىراق خەقنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ بار. . .

— خەق نېمە دېمەيدۇ، قاغا نېمە يېمەيدۇ؟ زېرىككەن تاز كۆۋرۈك بېشىدا ئات ھۆركىتەر دەپ، بۇ قانداقتۇر بىر لەنىتىنىڭ يامان غەرىزىدىن كېلىپ چىققان تۆھمەتتى! — ھېكمەت ئۆزىنىڭ قايناپ ـ چېچىلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى، — مەن ئامىنە بىلەن تۆت يىللىق ساۋاقداش. . . ئۇنى ياخشى چۈشىنىمەن. . . سىلەر رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ھەربىيلەر مۇشۇنداق پىتنە ـ پاساتنى توسۇشىڭلار، يامان نىيەتتىكى ئەبلەخلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشىڭلار كېرەك. بۇ بىر ئاجىزە ئۈچۈن دەھشەتلىك ئازاب ـ تە؟ . . .

— كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، مەن قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپلەرنى قىلىپ سالدىم.

ئابدۇللا خىجىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھېكمەت توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن ئابدۇللا يەنە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇزاپ چىقتى.

— ئابدۇللا، چوقۇم كەلگىن، مەن ئامىنەگە خەت يېزىپ بېرىمەن، — دېدى ھېكمەت ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — ئەگەر كېلەلمەي قالساڭ، مېنىڭ توييۇمغا قاتناشقانلىقىڭنى ئېيتىپ قوي. . .

ئامىنە توغرۇلۇق بولۇنغان سەت گەپلەر ئىككى كۈنگە قالماي «يىلمان توي» غېمىدە يۈرگەن ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يەكشەنبە ئەتىگەندە، ئېرىز تارمۇش ئېلىپ كەلگەن ئىككى ئىرگۇلۇ، بىر ئېشەك ھارۋىغا تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشقان ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار شەھەرگە مېڭىشتى. كامىل يېنىدا ئولتۇرغان ھېكمەتنىڭ خاپا ئىكەنلىكىنى ياكى خوش بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىپادىسىز چىرايىغا پات ـ پات قاراپ قويۇپتتى ۋە ئىچىدە: «ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بىر ـ بىرىگە مېھرى چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس. . . بىر ـ بىرىنى كۆرمەي توي قىلغانلارمۇ ئىناق ئەر ـ خوتۇن بولۇپ كېتىدىغۇ؟ . . .» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار يولدا بارغۇچە، مۇراتنىڭ قىزىق چاقچاق، يۇمۇرلىرىنى ئاڭلاپ، شەھەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى. هارۋىلار قىزىق دەرۋازىسى تەرەپكە قايرىلىپ، ئاۋغان كوچىسى ئالدىدىن ئۆتتى. هېكمەت تۇمارلىق سۇمبۇل چاچلارنى قايتا كۆرگەندەك، ئەتلەسلىك سەرۋى بەدەن ئۇ كوچىدىن يۈگۈرۈپ چىققاندەك، كوچا دوقمۇشىغا، قوشقاناتلىق ئىشىككە تەلمۈرۈپ قاردى. بۇنى سېزىپ ئولتۇرغان كامىل ئۇلۇق - كىچىك تىندى. . .

هارۋىلار كۆمۈر بازىسى ئالدىدىكى ئېگىز ئەنجان تاملىق قورۇ ئالدىدا توختىدى. دەرۋازا ئالدىدا بىرمۇنچە ئەر - ئايال ساھىبخانىلار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھاسىسى بېشىدىن بىر غېرىچ ئېگىز تۇرغان بىر دوك مومايمۇ بار ئىدى. قارا ئەتلەس كۆڭلەك ئۈستىدىن نىمچا كىيىۋالغان بۇ چىشسىز مومايىنى هېكمەت بىر كۆرۈپلا، بېشى پىررىدە پىرقىرىغاندەك بولدى. چۈنكى، ئۇ ھېلىقى بورانلىق كېچىسى ئۆزىنى تىللاپ، ھاسىسىنى چىنەپ، ئۇنى بوسۇغىدىن قوغلىۋەتكەن ئاغزى بىشەم خوتۇن ئىدى.

دوك موماي باشلىق ساھىبخانىلار «خوش كېلىشىپتىلا» ، «ھارمىغايلا. . .» دېيىشىپ، مېھمانلارنى قورۇغا باشلىدى. ئۆيلەر كۆتۈرمە قىلىنىپ ئېگىز سېلىنغاچقا، ھويلا زىنداندەك چوڭقۇر كۆرۈنەتتى. ئالدى ۋە سول تەرەپتىكى قەدىمكى پوسۇندىكى قىيما تۈۋرۈكلۈك ئەگمە پېشايۋانلارغا كىگىز، گىلەملەر سېلىنغانىدى. قارشىسىدا، ئامبار، قازناق، ئوتۇنخانىلار بولسا كېرەك، بىر قاتار پاكار ئۆيلەر تۇراتتى. ئەمما كۆتۈرمە ئۆيلەرنىڭ تاملىرى شۇنداق سىپتا، سىيلىق سۇۋالغانىدىكى، ئۇنىڭ ھاك، ئاق سېمونت ياكى گەج ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ: «بۇ ئەنجانلىق كاتتا باينىڭ قورۇسى» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. توۋا، ھېلىقى ئەنسىز كېچىدە، «ئانا، رەھىم قىلىڭچۇ! دەپ يالۋۇرغان قىز مەھبۇبە ئىكەندە! . . . ئۆزىنى قاغاپ، ھاقارەتلەپ، ئىتنى قوغلىغاندەك ھەيدىۋەتكەن بۇ موماي ئەمدى ئۇنىڭغا قېينانا بولماقچى. . . قارا بۇ تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرىنى! ئىنسان بالىسى بۇ ياقتىن كېلىپ ئۇ ياقتىن كېتىپ بولغۇچە، ئۆز تەقدىرىگە ئويۇنچۇق بولۇپلا ئۆتەمدىغاندۇر؟ ئۆمەر ھەييام: «بىز گويا قورچاق، پەلەك قورچاقباز» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. مەھبۇبەنىڭ كېچىلىرى ئۆزىنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئۇنىمىغانلىقى، بىرەر قېتىممۇ «ئۆيگە بارىلى» دېمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىكەن - دە!

ئىچكەركى ئۆيدە ئولتۇرۇشقان ئالىمجان - لۇتپىيە، ئامانىللا - روشەن،

شادىمان ـ گۈلباھارلار ئېگىز تاختاي پەلەمپەيلەردىن پەسلەپ چۈشۈپ، كامىل، ھېكمەت، مۇرات، نەفىسە، زۇمرەتلەر بىلەن كۆرۈشتى. قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇلار ھويلا پېشايۋانلىرىغا ئورۇنلاشتى. بوستاندىن كەلگەنلەر چوڭ مېھمانخانىدا شەھەرلىك دوستلار بىلەن ئولتۇرۇشتى. مېھمانخانىغا تۇتاش كىچىك ھۇجرىدا نىكاھ ئوقۇلماقچى ئىدى. شۈكۈر ئا، ئالىمجان، ئامانىللا، كامىللار ھېكمەتكە، نەفىسە، زۇمرەت، نازىلئايلار مەھبۇبەگە ھەمراھ بولۇپ، ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇردى. ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇپ بولغاندا، قىز ـ يىگىتلەر شاكارايقا چىلانغان ناننى ئالدى ـ دە، ھېكمەت بىلەن مەھبۇبەگە يېگۈزدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئۆمۈر مۇساپىسىنى تەڭ باسىدىغان ئەر ـ خوتۇنلار بولدى.

توي خۇددى ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدەك سۈسلا ئاياقلاشتى. چايلار تارتىلدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، پەتنۇس ـ لېگەنلەردە يەل ـ يېمىشلەر تىزىلدى. پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. موماي مەھبۇبەنى شاپىلدىتىپ سۆيۈپ باغرىغا باستى. ئاندىن ھېلىقى تىللىغاق ئېغىزىدا ھېكمەتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. قىز ـ يىگىتلەر بېشىغا گۈللۈك يىپەك رومال ئارتقان مەھبۇبە بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان ھېكمەتنى ئېلىپ ماڭغاندا، موماي ئورۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

ھارۋىلار بوستانغا قاراپ ماڭدى. كامىل، مۇرات، ئېزىز تارمۇش، نەفىسە، زۇمرەتلەر، قىز ـ يىگىتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار شەھەردىن ئۆزاپ، گازۇن يولىغا چىققاندىلا، كۈلكە ـ چاقچاقلارنى باشلىۋەتتى. مۇرات ھېلى زۇمرەتنى تېرىكتۈرسە، ھېلى ھېكمەتنى شاكاراپ ناننى جىق يەۋالدى، ئەمدى ئۈچ كۈنگىچە قورسىقى ئاچمايدۇ دەيتتى. . . ھارۋا خىلۋەت يېزا يوللىرىغا چىققاندا، ھەممىسى بىردەك چاۋاك چېلىپ ناخشا ئېيتتى. مۇرات ھارۋىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇ ھەييارلىق قىلىپ، ئارقىدىكى ھارۋىدا ئولتۇرغانلارنى ئۇسسۇلغا تارتتى ۋە ئۇلارنىڭ لەقەملىرىنى چىشلەپ چاقچاق قىلدى.

— سىلەرگە دەيدىغان بىر مۇھىم گەپ بار، — دېدى مۇرات بوستاننىڭ تەۋەلىكىگە كىرگەندە، — توي تەييارلىقىنى قىلىمەن دەپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قۇربان ھاكىمنىڭ قىزى ماھىنۇرنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ھېلىقى بىزگە خەت كىرگۈزۈپ تۇرغان سىرلىق ساخاۋەتچى قۇربان ھاكىم ئىكەن. . . خەتلەرنى ئۇ قىزى ماھىنۇرغا يازدۇرغانىكەن. . .

— گۇمانىم توغرا چىقتى، — دېدى كامىل بېشىنى لىڭشىتىپ، — ناھىيىلىك كومىتېت ئىچىدىكى كۆرەش ۋەزىيىتىنى شۇ كىشىلا بىلەلەيتتى.

— قۇربان ھاكىمنى ئەجەپمۇ تاشلىۋەتتۇق. . . — ھېكمەتنىڭ بوگۇنكى تويىدىن بېرى تۇنجى قېتىم گەپ قىلىشى ئىدى، — بىرەر قېتىم يوقلاپمۇ قويالمىدۇق. ئۇ كىشى بىز دوستلار ئۈچۈن باھا يەتمەس ياخشىلىقلارنى قىلغانىدى.

— ماھىنۇرنىڭ دېيىشىچە، ھازىر ئۇ تاڭ ۋېنسەي، ساۋۇر روزىلار قاتارىدا، مەسىلە تاپشۇرۇۋېتىپتۇ، — مۇرات دوستلىرىغا ئېڭىشىپ ئاستا پىچىرلىدى، — ساۋۇر روزى ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاپ دازىباۋ يېزىپتۇدەك. . .

— قەيەرگىلا بارما، ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم، — نەفىسەنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى تۈرۈلدى، — ۋەزىيەت سەل ئوڭشالانسا، ھەممىمىز ئۇ ئادەمدىن ھال سوراپ يوقلاپ بارىلى. . .

ھارۋا بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىردى. ئەخمەت ھوشۇر چوڭ ئىشخانىنى جابدۇپ، داستىخان سېلىنغان ئۈستەللەرگە ھەرخىل يەل - يېمىشلەرنى تىزىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. توي كۆچۈرگۈچىلەر قىز - يىگىتنى باشلاپ كىرىپ، ھەممىسى ئورۇن ئېلىشتى. ئەخمەت ھوشۇر بىلەن زىكرۇللا غوجى ساجىتخانىنى «قابىلىيەتلىك جۇرېن، كەلگۈسى مۇدىر» دەپ ماختاپ ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ، تويغا بىر قوي سويدۇرغانىدى. شۇڭا، يەل - يېمىش شۆپۈكلىرى تازىلىنىپ، قورداق تارتىلدى. ئارقىدىن ھەرخىل قورۇمىلار كىردى. شېكەر قارىم، ئەخمىتاخۇن ناۋاي، جومىراخۇن ئۇستاملار قولمۇقول بىرنەرسىلەرنى توشۇپ، جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى.

— يولداشلار، — دېدى ئەخمەت ھوشۇر بىر باك ئاق ھاراقنى ئۈستەلگە ئېلىپ، — بۇ ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھېكمەتنىڭ تويىغا ئاتىغىنىمىز. بۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرىشىمىزغا ئۇزۇن زامان بوپتۇ، شۇڭا، ھەممىمىز ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرساق. . .

ھەركەت، ئىنقىلاب ئىس - تۈتەكلىرىدە بۇرۇختۇم بولۇپ، چۆلدەرەپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار بىردىنلا چاۋاك چېلىپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. ئېزىز تارمۇش يوشۇرۇپ قويغان تەمبۇر، دۇتار، گارمونىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. كامىل تەمبۇرنى، ھېكمەت گارمونىنى، توختى قۇربان دۇتارنى قولىغا ئالدى. ئەخمەت ھوشۇر داپ چالدى. ساز بىلەن تەڭ ھاراقمۇ قۇيۇلدى. مۇرات سورۇننى باشقۇرۇپ، ھاراقنى قولىغا ئالغانىدى. ئۇ

دەسلەپتىلا بىر پىيالە هاراقنى ساجىتخانغا سۇنۇپ: «سىزدەك جۇرئەت بۇ جاهاندا تېپىلماس، قېنى رەهبەرلىك سالاهىيىتىڭىز بىلەن باشلاپ بېرىڭ...» دېگەندەك تىكىنى بار ياغلىما گەپلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىچۈرۈۋەتتى. ئۇسسۇل، ناخشا قىزىماقتا ئىدى. مۇرات قولىدا بىر پىيالە هاراق، بارماقلىرىدىن قارس چىقىرىپ ئىشخانىنى بىر ئايلاندى - دە، ساجىتخاننى ئۇسسۇلغا تارتىپ، هاراقنى ئۇنىڭغا بەردى. ئوقۇتقۇچىلار ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈپ: «ساجىتخان رەهبەر ئىچىدۇ، ئىچمىسە بولامدۇ؟ ئىچىپ بولۇپ ئوينايدۇ» دېيىشتى. ساجىتخان هاراقنى ئىچىپ بولۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ ئىشخانا ئىچىدە ئۇششاق چامداپ، غىت - غىت دەسسەپ، قولىنى بىر كۆتۈرۈپ قويااتتى. ساجىتخان بۇ هەرىكىتىنى تەكرارلاۋەرگەچكە، ئىشخانا ئىچىدە قىقاس - چۇقان، قاتتىق كۈلكىلەر كۆتۈرۈلدى.

— ۋاي - ۋاي، ساجىتخان جۇرئەت، — دېدى مۇرات چاۋاك چېلىپ، — ئەگەر چۆەنلىيەن قىلىپ قالسىلا، مۇشۇ مېڭىشلىرىدا، ماشىنىغا چۈشمەي، پويىزغا ئولتۇرماي-مۇ بېيجىڭغا پىيادە يېتىپ بارالايلا...

— ئىنقىلابىي يولداشلار، — ساجىتخان خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغانىدى، — هازىر مۇرات، كامىل، هېكمەتلەرمۇ... ئىنقىلابىي يو... يولداش...، ئۇ... ئۇلارنىڭ بىلىكىدە پەتنە...، هەي... مەيدىسىدە ئىزناك...، قولىدا ئۇزۇندە... بار...، ئۇھ، ۋاي جېنىم، بېشىم... ئەجەپ قايدا؟... مېنىڭ... مېنىڭ... بىر تەلىپىم بار... هېكمەت ئۆزى يالغۇز... گارموكنى (گارموننى) مىسكىن بىر ... بىر پەدە چالسا...

— ئەمدى قويمىساڭ بولمىدى ئاداش، — مۇرات هېكمەتنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى، — ساجىتخان جۇرئەت تەلەپ قىلىۋاتقان يەردە، نېزىقاپ ئولتۇرساڭ بولمايدۇ.

هېكمەت تۇنجى قېتىم گۈلزىبا بىلەن تونۇشقان چاغدىكى «گۈل بېغىم» دېگەن ناخشىنى ئورۇنداپ بەردى. گارمون كارتىلىرىنىڭ لەرزان تارتىلىشى، مۇڭلۇق ئاهاڭنىڭ ئاستا تەۋرىنىشى بىلەن، ئىشخانا ئىچى جىمىپ كەتتى.

گۈل بېغىمدا چاقنايدۇ گۈزەل قۇياش نۇرلارى،
يالتىرايدۇ مەرۋايىتتەك ئېرىقتىكى سۇلارى...

«ئۇنىڭ تېكىست ۋە مۇڭلىرىدىن جۇدالىق كۈيى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ! . . . بۇ كىمنىڭ ئاۋازى؟ . . . گۈلزىبانىڭ! ئۇ شۇنداق دېگەن. . . ھېلىھەم شۇنداق دەپ پىچىرلاۋاتىدۇ. . .»

ناخشا بىردىنلا يېنىك كۆچىنىشلەر بىلەن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. . .

. . . بەك سېغىندىم ئامىرىقىم، چىڭ ئەمەسمۇ ۋەدىمىز؟ . . .

بۇ مۇڭلۇق سادا، ھەسرەتلىك سىنا! ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ يۈرەكلىرىدىن تەڭ ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. . . ئۇلار قۇرۇم كۆلى ئارىلىدىكى ۋەدىلىرىنى، يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى ئاي ۋە سۇنى شاھىت قىلىپ بېرىشكەن قەسەملىرىنى، باغرىنى ـ باغرىغا ياققان يوشۇرۇن نىكاھ كۈنلىرىنى قايتا زىكرى قىلماقتا، ياد ئەتمەكتە ئىدى. . . ھېكمەت بىردىنلا ھوشىغا كەلدى. . . ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر مۇسۇلمان نىكاھى بىلەن قوشۇلغان ئايالى مەھبۇبە بار. . . ئۇ ئاق كۆڭۈل قىز ئۆز تەقدىرىنى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئۇنىڭغا ئاتىغان يەردە، ھېكمەت ئۇنىڭغا قارا سىنسا، ئالا كۆڭۈللۈك قىلسا بولامدۇ؟ بۇ ئادىمىيلىك ئەمەس. . .

ھېكمەت كۆپچىلىككە تەزىم قىلىپ مەھبۇبەنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. سورۇن ناخشا، ئۇسسۇل، چاقچاق بىلەن راسا قىزىۋاتقاندا، مەست بولۇپ قالغان رېخىم نۇرى ھەممىنىڭ كەيپىنى بۇزدى.

— ھەي غىتمەك جۇرېن! — يەر دەسسەپ تۇرالمايۋاتقان رېخىم نۇرى ساجىتخاننىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، — مېنىڭ . . . مېنىڭ. . . ھو. . . قۇ. . . قىمنى سەن. . . تارتىۋالدىڭ. . . سەن. . . سەن. . . دېگەن بىر ھەزىلەك تۇرساڭ. . . قانداق جۇرېن. . . بولىسەن ـ ھە؟ . . . ئاۋۇ قانجۇق. . . قۇتبىرەمنىڭ. . . ھىجىيىپ كەتكىنىنى. . . ۋۇي رەسۋا جالاپ! . . . خا. . . خالىقنىڭ. . . ئاش. . . ئاشنىسى! . . .

— ھەي ئىت بىلەن يالاق تالىشىدىغان ئىتاچى، — قۇتبىرەم قولىنى شىلتىدى، — ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ رەسۋا بولغان سەنمۇ ـ مەنمۇ؟ پاسكىنا ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل. . . ۋۇي ئىتقا خوتۇننى تېگىشىدىغان سولامچى! . . .

— ھوي ئالتۇن - كۈمۈش ئوغرىسى، — دېدى ساجىتخان ھوشىنى يىغىپ، — دىۋانە، قەلەندەر... سەن مېنى... تىللىغۇدەك بولدۇڭما؟ ۋۇي بېشىنى يەيدىغان ئىتاچى... ئىتنى قۇچاقلاپ ياتىدىغان ھەلەق... قېنى قايسىڭلار بار؟... بۇ ئىتنىڭ تاپىنى چوشقا ئېغىلىغا تاشلىۋېتىڭلار!...

بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى رېخىم نۇرىنىڭ قول - پۇتلىرىدىن دارقىرىتىپ سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سورۇننىڭ كەيپىياتى پەسلەپ كەتكەنىدى، ئەمدى بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلەلمەيتتى، شۇڭا، دوستلار قىز - يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ، تارقاپ كېتىشتى.

ئاقارتىلغان بىر ئېغىزلىق ئۆي بەكمۇ چىرايلىق ياسالغانىدى. بۇ مۇرات، زۇمرەت ھەم نەفىسەنىڭ ھىممىتى ئىدى. مۇرات توي كۈنىگىچە شەھەردە يۈرۈپ، ھەممە ئىشنى جاي - جايىدا ئورۇنلاشتۇردى. مەھبۇبەنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تويغا تەييارلىغان ئۆي جاھازلىرى، گىلەم، يوتقان - كۆرپە، چىلتەك - تورلار، چىنە - قاچىلار، ئۆزبېكىستاننىڭ قەدىمىي پار - پۇرلىرى ھارۋىدا ئىككى نۆۋەت توشۇلدى. زۇمرەت بىلەن نەفىسە ئۆينى ياسىدى. شۇڭا بۇ ئۆي بۆلەكچىلا چىرايلىق تۈسكە كىرگەنىدى.

مەھبۇبە بېشىدىكى رومىلىنى ئېلىۋېتىپ ئولتۇراتتى. نەفىسە، زۇمرەتلەر گىرىم قىلىپ ئۇنى تېخىمۇ ئۇماق قىلىۋەتكەنىدى. كۆز ئاستى، قاپاقلىرىغا تارتىلغان بىلىنەر - بىلىنمەس سۈرمە، لەۋ، مەڭىزلىرىدىكى سۇس ھال رەڭ قىزىللىق، قاشلىرىدىكى قېنىق ئىچكەن ئوسمىلىرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ياراشقانىدىكى، ئۇ گويا ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان سۈرەتنىڭ ئۆزىلا بولغانىدى. لېكىن، ئىزا تارتقانلىقتىنمۇ ياكى بۇرۇنقى يىگىتى ئېسىگە كەلدىمۇ، ئىش قىلىپ غەمكىنىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ئەلبەتتە ئۇ ھېكمەتنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ئون ئالتە يېشىدىن باشلاپ سايىسىنى قوغلاشقان يىگىتنى ئۇنتۇپ كېتەلەمدۇ؟

— مەھبۇبە نېمە ئويلاۋاتىسىز، ھېلىقى يىگىتنىمۇ؟...

— مەن سىزدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايمەن...

— تۇنجى مۇھەببەت ھەرقانداق قىز - يىگىتنىڭ يۈرىكىدە ئۇنتۇلمايدۇ، — دېدى ھېكمەت سەل كۈندەشلىكى كەلگەندەك تەلەپپۇزدا، — بۇنداق تېز «تونىماس» بولۇۋالغىنىڭىزغا قارىغاندا، مېنىمۇ ئاسانلا ئۇنتۇپ كەتكۈدەكسىز...

— مېنى ھاقارەتلىمەڭ... نېمىگە شۇنداق دەيسىز؟...

— نەچچە يىل بىر يىگىتنىڭ سايىسىنى قوغلاپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولدىڭىز، — ھېكمەت بۇ سۆزلەرنى قاتتىقراق ئاۋازدا ئېيتتى، — ئەمدىزە، مېنى كۆرۈپلا سۆيگەن كىشىڭىزنى تونىماس بولۇۋالسىڭىز... بۇ گۈلگە شەيدا بولغان كېپىنەكنىڭ تۇراقسىزلىقىغۇ؟

— مەن سىزدىن باشقا ھېچقانداق يىگىتكە ئاشىق بولۇپ باقمىدىم، — مەھبۇبە تەتۈر قارىغىنىچە يىغلىۋەتتى، — ئۇ دېگەن سىز!... بىلەمسىز، سىز!...

— مەن؟... — ھېكمەت ئۈنلۈك كۈلۈۋەتتى، — قىزىق گەپ... قانداقلارچە مەن بولۇپ قالاي؟

— قوشكۆلگە ئاتايىتەن ئىزدەپ بارسام، بىر ئېغىز چىرايلىق گېپىڭىز يوق، تامىقىمنى يەۋېلىپ ھەيدىۋەتكىنىڭىز يالغانمۇ؟ — مەھبۇبە يىغلاۋېتىپ پىققىدە كۈلۈۋەتتى.

— ئەمىسە، «دوختۇرخانىغا يىگىتىمنى يوقلاپ بارغانتىم» دېگەنتىڭىزغۇ؟

— ئۇ چاغدا شۇنداق دېمىسەم بولمايتتى، — مەھبۇبە ئېسەدەپ كەتتى، — مېنىڭ پەقەت ئىچىمنى بوشىتىۋېلىش، دەردلىرىمنى تۆكۈۋېلىش نىيىتىم بار ئىدى.

— ئەمىسە، بۇ بالا سىزنى ئىزدەپ كەلسە، ئانىڭىز تىللاپ ھەيدىۋېتىپتىكەنغۇ؟

— سىز ئۆز ئايىقىڭىز بىلەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغاندا، ئانامنىڭ سىزنى تىللاپ ھەيدىۋەتكىنى يالغانمۇ؟...

— ئۇنداقتا «ھازىر يىگىتىم بىر قىز بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ، ئىلاھىم ئۇلار پاتراق توي قىلىسكەن...» دېگەن گېپىڭىزنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— لوپتا سىزنىڭ مېنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكىنىڭىز يالغانمۇ؟ مانا ئۇلار ھازىر مەن تىلىگەندەك توي قىلدىغۇ!...

ھېكمەت تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ قىزغا گەپ تېپىپ بەرمەك ناھايىتى تەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ مەھبۇبەنىڭ ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن دەردلىرىنى تۆكۈۋېلىش ئۈچۈن قىلغان سۆز ئويۇنلىرىنى راست دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقانىدى. مانا ئەمدى بۇ قىزنىڭ يىغلاپ، ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى شورىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

— سىز گۈلزىبا ئاچام بىلەن تېخى توي قىلمىغان چاغلىرىڭىزدا، پات - پات ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلەتتىڭىز. مەن ئۇ چاغدا ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەندىم، — مەھبۇبە مىچىلداپ يىغلىغىنىچە سۆزلەۋاتاتتى، — مەن سىزنى كۆرگەندىن كېيىن، يادىمدىن زادىلا چىقماس بولۇۋالدىڭىز... سىز بەك پاكىزە يۈرەتتىڭىز... ئەتراپىڭىزدىكى قىز - چوكانلارغا نەزەرمۇ سالماي، خىيال بىلەن ماڭاتتىڭىز... ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، دەپتەرلىرىمنىڭ بەتلىرىنى «ھېكمەت» دېگەن خەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتەتتىم... شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىنى خۇددى ھېيت - بايراملاردەك كۈتۈۋالاتتىم ۋە مەكتەپتىن قېچىپ كېلىپ بولسىمۇ، سىزنى جامە ئالدىدا ساقلايتتىم. قىزىق دەرۋازىدا سىزنىڭ قارىڭىز كۆرۈنگەن ھامان، ئالدىڭىزغا بېرىپ، سىزگە ياندىشىپ ماڭاتتىم... سىز داۋاملىق بىر بولاق نەرسىنى كۆتۈرۈپ گۈلزىبا ئاچامنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كېتەتتىڭىز... — مەھبۇبە ھېكمەت سۇنغان لۆڭگىنى ئېلىپ كۆزلىرىگە باستى، — مەن ئون يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئابلىز نەۋانىڭ تويى بولدى. سىزنىڭ چالغان گارمونلىرىڭىز، ئېيتقان ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزگە تېخىمۇ غايىۋانە باغلىنىپ قالدىم... گۈلزىبا ئاچامغا ھەسەت قىلدىم... گۈلرۇز سۈيىقەست، تۆھمەت ئىشلەتكەندە، گۈگۈمدە ئالدىغا بىللە بېرىپ، ئۇ ئىپلاس ئىشنىڭ شاھىدى بولدۇم. مەن سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايمەن. گۈلرۇزنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشسا، سىز خۇددى ماڭا قالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتىڭىز... چۈنكى سىز گۈلرۇزنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيتتىڭىز... شۇڭا، مەن ساراڭلاردەك، قەيەردە توي بولسا، قىچقارسىمۇ، قىچقارمىسىمۇ باراتتىم... مەھەللىدە يوشۇرۇن نىكاھ قىلغىنىڭلار تارقىلىپ كەتكەندە، مەن ئاقمۇللا ئىمامغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىمكى، بىر كۈنى ئارقىدىن ئۇنىڭغا يۇندا چېچىۋەتتىم... بۇ گەپلىرىمنى چۈشەنگەنسىز؟... كېيىن گۈلزىبا ئاچام قازا قىلدى. كەچۈرۈڭ... مېنىڭ ئۈمىدىم باشقىدىنلا چېچەكلىدى. ئەمما ماھىگۈل پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭغىمۇ ھەسەت قىلدىم... ئۇ تۆت يىللىق ئوقۇشقا ماڭغاندا، مەن شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىمكى، سورىمايلا قويۇڭ! مەن ئۈمىدىمنى بىرەر دەقىقىمۇ ئۈزۈپ قويغىنىم يوق. خۇدا بۇنى كۆردى!

— ئۈمىدىڭىز ئۈزۈلگەن ۋاقىتلارمۇ بولغانمۇ؟

— بولغان، — مەھبۇبە لەپپىدە قارىۋالدى، — سىز ئۆزىڭىزنى تىللىغان مومايىنى قەتئىي كەچۈرمەيدىغانلىقىڭىزنى، بۇنداق ئانىلارغا كۆيۈمچان بولۇش ئەمەس ھەتتا قوشنا

ئۆلتۈرۈشقىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋاقتىڭىزدا، مەن كىچىككىنە ئۇنىسىز يىغلاپ چىققان. . .

مەھبۇبەنىڭ مۇھەببىتى خۇددى يەر ئاستى ئېقىنلىرىدەك سۈزۈك، پاكىزە، پىنھان ئىدى. بۇ مەخپىي ئازاب، سىرلىق كۆيۈك گويا ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قاننى كۆرگىلى بولمىغىنىدەك، ئۆزىدىن باشقا كىشىگە مەڭگۈ مەۋھۇم ئىدى. مەھبۇبەدە تېرىقنىڭ قاسىرقىدەك ئىشەنچ بولمىسىمۇ، ئۇ ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھنى يۈرەك قەسىرىگە دەپنە قىلىپ، قۇرئاندىكى: «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر. . .» دېگەن بەقەرە سۈرىسىگە ئەقىدە باغلىغانىدى. بۇ ئەقىدە ئېتىقادقا ئايلاندى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ھايات سەھنىسىدە تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان پاجىئەلىك روللارنى ئېلىپ چىققان بولسىمۇ، تەقدىر ئۇلارنىڭ ئەجرىگە چۇشلۇق كىچىككىنە ھەممەتنى كۆرسەتتى ـ دە، قالغىنىنى سەۋر قىلغۇچىغا قالدۇردى. مانا بۇمۇ تەقدىر- نىڭ يەنە بىر ئويۇنى بولغانىدى. . .

— كەچۈرۈڭ مەھبۇبە! . . .

— ھېكمەت! . . . — مەھبۇبە مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپ ئېرىنىڭ باغرىغا تاشلاندى، — بىلىمەن، سىز مېنى ياخشى كۆرمەيسىز. . . ياخشى كۆرمىسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن يامان كۆرمەڭ. . . مەن سىزنىڭ قەدرىڭىزگە يېتىمەن، سىزنى پۈتۈن مېھرىم بىلەن سۆيىمەن. . .

— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز؟ مەن سىزنى ياخشى كۆرمىسەم سىز بىلەن توي قىلامدىم؟ . . . — ھېكمەت بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكى لوپ ناھىيىسىنىڭ ئايدىڭ كېچىسىنى ئەسلىدى، — مەھبۇبە بۈگۈن قانداق كۈن بىلەمسىز؟

— بىز ئىككىمىز توي قىلغان خاسىيەتلىك كۈن!

— يەنچۇ؟

— بىلەلمىدىم. . .

— بۈگۈن 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، سىز يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن يەنە بىر خاسىيەتلىك كۈن. . .

— كۆۋرۈك ئۈستىدىكى گەپلىرىمنى ئۇنتۇماپسىز. . .

— مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن! — ھېكمەت ئۇنىڭ پېشانىسىگە، ئاندىن ئوتقاچتەك

مەگزى ۋە لەۋلىرىگە سۆيدى.

— غۇلجىغا بارىمەن دېگەنىدىڭىزغۇ؟... ئەمدى بارمايدىغان بولدىڭىزمۇ؟

— بارىمەن...

— مەن يەنە قالغۇز قالامدىم؟

— ئىككىمىز بىللە بارىمىز...

مەھبۇبە بوتا كۆزلىرى بىلەن ھېكمەتكە كۈلۈپ قارىدى ـ دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ھېكمەت مەھبۇبەنىڭ مەكتىپىدىن ۋە مائارىپ ئىدارىسىدىن رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولۇپ، ساقچىدىن خەت ئالدى. ئاندىن ئۇلار بىر سەھەرلىكى غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتى...

## غۇبارسىز كۆزلەردە قاتقان قان

1968 ـ يىلى كىرىشى بىلەن، قانلىق يىللارنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى... «زاۋفەن» ۋە «باۋخۇاڭ» تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى قوراللاندى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بەش ئاتار، بەنزىدۇڭ[1]، قىسقا تۇمۇر پىرىكىلاتلىق ئاپتومات، پوقاق پىلىموت، تەخسىلىك پىلىموت قاتارلىق زامانىۋى ئۇرۇش قوراللىرى بار ئىدى. ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدىغۇچى «باۋخۇاڭ» تەشكىلاتلىرىنى يەرلىك شۆبە ھەربىي رايون، «زاۋفەن» تەشكىلاتلىرىنى «752 ـ قىسىم» (ھاۋا ئارمىيىسى) قوللايتتى. ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنى قوللىغۇچى ھەربىي ئورۇنلارغا بېسىپ كىرىپ «قورال بۇلايتتى»، قىسىملارمۇ كۆپ قارشىلىق قىلمايتتى ياكى «بۇ يەردە قورال يوق» دەپ قەيەرنى كۆرسەتسە، دەل شۇ يەردىن تىزىقلىق قوراللار چىقاتتى... تەرەپباز تەشكىلاتلار ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن ۋۇ گۇاڭنىڭ قايسىسىنى يوقىتىش ھەققىدە تالىشىپ، كوچا جەڭلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئۆلگەنلەرنى «قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى» دەپ كۆمۈۋېتەتتى. ئۇرۇش جىددىيلىشىپ، قان

---

① بەنزىدۇڭ — يېرىم ئاپتومات مىلتىق.

كۆپ تۆكۈلگەنىدى، قورالىلار سۈپەت جەھەتتىنمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەربىر گۇڭشېدىكى «باۋخۇاڭ» تەشكىلاتلىرى شەھەرگە قېچىپ كىرىپ، ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنى شتاب قىلىپ جايلاشتى ۋە «لىيەنزۇڭسى»[1]نى قۇرۇپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئاساسى تەركىبى دېھقانلار بولۇپ، قالغانلىرى شەھەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، كادىرلار، ئاھالىلەردىن ئىبارەت ئىدى. «زاۋفەن» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچلۈك قىسىملىرى ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسى ۋە پولات زاۋۇتىغا توپلىنىپ، «با ـ با زۇڭسى»[2]نى قۇردى (ئۇلارنىڭ ئاز ساندىكى تۈەنلىرى پاختا زاۋۇتىنى ئىگىلىگەندى). بوستان، لايقا، بۇزاق، توساللا گۇڭشېلىرى «با ـ با» زۇڭسىنىڭ، جەڭئېرىق، لاسكوي، ئاقتاش قاتارلىق يېزا ـ گۇڭشېلار لىيەنزۇڭسىنىڭ ئىشغالىيەت رايونلىرى ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپباز تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى ئۆز تېررىتورىيىسىدىن چىقالمايتتى. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئانچە مۇھىم بولمىغان ئادەمنى بولسا ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ سولىتىۋېتەتتى ياكى پاچىقىنى چاقاتتى.[3]

مەمتىلى ئىبراھىم چۆەنلىيەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىپ، «زاۋفەن» تەشكىلاتىنى قۇردى. كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتمىگەن رېخىم نۇرى، ساجىتخان، قۇتبىرەم، يەنە بىرنەچچە ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار شەھەرگە قېچىپ كىرىپ، «لىيەنزۇڭ»غا قاتناشتى. نەفىسە بىلەن توي قىلىش تەمەسىدە يۈرگەن خالىق ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن بوستاننى ئىگىلەپ ياتماقتا ئىدى. «2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى توي قىلىش، بولمىسا ھاجىم بىلەن سەمەتنىڭ قورۇسىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى بوز يەرگە ھەيدەش» توغرىسىدىكى تىلخەتنىڭ ۋاقتى توشقانىدى. لېكىن، ئامۇتلۇق كەنتىنى جۇ رۇڭفانىڭ قوراللىق تەشكىلاتى شتاب قىلىۋالغاچقا، ئۇ يەرگە خالىق تەرەپبا

---

① «لىيەنزۇڭسى» — «بىرلەشمە باش سىلىڭبۇ»، كېيىنچە لىيەنزۇڭ دەپ ئاتالدى.

② «با ـ با زۇڭسى» — 8.8 باش سىلىڭبۇسى (8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قۇرۇلغان).

③ پاچاق چېقىش — پاچاقنىڭ ئاستىغا تاش قويۇپ، ئۈستىدىن بولقىدا ئۇرۇپ چېقىش. بۇ، ھەر ئىككىلا تەشكىلاتنىڭ تۇتۇۋالغانلارنى جازالاشتىكى بىر ئۇسۇلى بولغان.

بىسىپ كىرەلمىدى. بوستان ئۇتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى «زاۋفەن» كۆزقارىشىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، «با ـ با» سىلىڭبۇسىنىڭ بىر قىسىم قوراللىقلىرى توساللا گۇڭشې هالالباغ كەنتى ئارقىلىق سەپ تارتىپ كېلىپ، ئۇتتۇرا مەكتەپكە كىردى ۋە «بوستان دېهقان ئىسيانكارلىرى سىلىڭبۇسى» نى قۇردى، مەكتەپ چوڭ شتابقا ئايلاندى. جۇ رۇڭفا ئۆز قوراللىقلىرى بىلەن «دېهقان ئىسيانكارلىرى سىلىڭبۇسى» غا قېتىلدى. خالىق، تۇردى هېكىملەر بىر كېچىدىلا قوشۇنلىرىنى باشلاپ، لاسكوي ئارقىلىق شەھەرگە كىرىپ ليەنزۇڭنىڭ قارمىقىدا «جەڭگىۋار دېهقانلار تۇەنى» بولدى. خالىق سۇئىدارىسىنى يەتمىش كۈن قورشاش جېڭىدە خىزمەت كۆرسىتىپ، مۇئاۋىن سىلىڭلىققا ئۆستۈرۈلدى.

بوستان ئۇتتۇرا مەكتىپى شتاب بولغاندىن كېيىن، زادىلا ئاراملىق بولمىدى. ليەنزۇڭنىڭ «جەڭگىۋار دېهقانلار تۇەنى» خالىقنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، لاسكوي، باغچا، توتۇن تەرەپلەردىن هۇجۇم قىلىپ تۇردى. جەڭ كۆپىنچە بوستان بىلەن لاسكوي ئارىلىقىدىكى «بەشتاش» تۈگمەن ئەتراپىدا بولاتتى. هەر قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىككىلا تەرەپ ئۆلۈكلىرىنى سۆرۈشتۈرۈپ ئېلىپ كېتەتتى. بوستان دېهقانلىرى سىلىڭبۇسىنىڭ قوماندانى جۇ رۇڭفا ۋە مەخمۇتلار هەركۈنلىكى مۇداپىئە پىلانلىرىنى، هۇجۇم قىلىش تاكتىكىلىرىنى مۇزاكىرە قىلاتتى. خەرىتىلەرنى سىزاتتى. پات ـ پاتلا كېچىلىرى ئاچچىق چېلىنغان پۇچتەك ئاۋازى، ئارقىدىنلا «تاڭ، تاڭ، تاڭ. . .» قىلغان سىگنال ئوقلىرى ئېتىلاتتى. كىيىملىرى بىلەنلا ياتقان قوراللىقلار ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي، باغ تاملىرىدىن، ئېغىل قاشالىرىدىن ئاتلاپ، ئۆگزىلەردىن سەكرەپ، ئېغىر قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يۈگۈرۈشەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتومات تۇتقان مەتمۇسامۇ بار ئىدى. ئۇ قۇتلۇق هاجىم قازا قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرقى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىپ، نەفسەنىڭ بىر يىل قارىلىق تۇتۇشقا ماقۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، خالىق ئۇنى مىنبىڭلارغا قاتتىق ئۇردۇرۇۋەتكەنىدى. مەتمۇسانىڭ ئالدىنقى قېتىم ئەلچىلىككە بارغاندىمۇ ئىش بۇزغانلىقىنى كۆڭلىگە سېلىپ قويغان خالىق ئۇنىڭدىن بىر يولىلا ئۆچىنى ئالدى. ئۇ، ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ئۇنى خىيانەتچىلىكتە ئەيىبلەپ، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ كۆرەش مەيدانىغا تاشلاپ بەردى. ئىچى ـ ئىچىدىن دەردكە تولغان مەتمۇسا قىساس ئېلىش ئۈچۈن، ئەمدىلىكتە جەڭلەرگە بېشى بىلەن يۈگۈرۈپ كىرەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى جەڭگاھ ئىچىدىن خالىقنى ئىزدەيتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇ چوڭ

ماۋزۇر تۇتقان جۇ رۇڭفانىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇرۇشقا مەخمۇت قوماندانلىق
قىلغاندىمۇ، ئۇ ئۇنى قوغداش خىزمىتىنى ئۆتەيتتى. مەخمۇت بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى-
نىڭ يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئەلەم كۈرىشى باشلانغاندىن كېيىن، پىلان،
تاكتىكىلىرىغا تايىنىپ، ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ ئورنىنى ئىگىلە-
گەنىدى. ئۇنىڭ مۇرىلىرىدە چاپراس ئۇچاڭدەي، بىلىگە باغلىغان كەڭ تاسما كەمىرىدە
سەككىز ۋالتىرلىق ئىككى تاپانچا داۋاملىق ئېسىلىپ تۇراتتى. مەخمۇت پاكار، بەدىنى
تولغان، چىرايى قارا، گەپنى ئاز قىلىدىغان كەمسۆز بالا ئىدى. گەرچە ئۇ ئون سەككىز
ياشلاردا بولسىمۇ، پۈتۈن قوراللىقلار ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى.

ئوقۇش توختىدى، بارلىق پارتا - ئورۇندۇقلار چىقىرىۋېتىلىپ، سىنىپلار قورال-
لىقلارنىڭ ياتىقىغا ئايلاندى. پاسىل تاملار ئۆڭكۈردەك ئويۇلۇپ، بىنانىڭ ئۇ بېشىدىن
كىرىپ ئىككى قاتار سىنىپلارنى ئايلىنىپ چىققىلى بولىدىغان ئۆتۈشمە قىلىندى.
بىنانىڭ ئالدى ۋە ئارقىدىن بىر خىش چوڭلۇقىدا تۆشۈكلەر ئېچىلدى، ئۇ تۆشۈكلەردىن
قوراللارنىڭ ئەجەل ئېغىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوقۇتۇش بىناسى تېلېفون تۇرۇپكى-
سىدەك بولۇپ ئىككى چەتتىكى ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان ئىشخانىلارنىڭ يان تۆشۈكچىسى-
دىن قاراپ تۇرۇپ، بىنانىڭ تام دالدىسىغا، دېرىزىلەر ئاستىغا كېلىۋالغان دۈشمەنلەرنى
ئېتىۋەتكىلى بولاتتى. پەقەت ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى ئىتتىپاق ياچېيكىسى
ئىشخانىسىلا ساق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭدا ھېكمەت ماۋجۇشىنىڭ چوڭ رەسىملىرىنى
سىزاتتى. «با - با» زوڭسى قارىمىقىدىكى گوڭشېلار، باشقۇرۇش رايونلىرى، دادۈي،
شياۋدۈي، ئىدارە - جەمئىيەتلەرگىچە بىس - بەس بىلەن داھىنىڭ رەسىمىنى چوڭ
سىزدۇرۇپ، ئۇنى ھەممىلا ئورۇنغا - ئىدارىلەرنىڭ، ئىشخانىلارنىڭ ھويلىلىرى ۋە
ئالدىلىرىغا قوپۇرۇلغان سېمونت، گەج تاملارغا ئورنىتىش ئادەتكە ئايلانغانىدى. قايسى
ئورۇننىڭ سىزدۇرغان رەسىمى چوڭ ھەم ھەيۋەتلىك بولسا، شۇنداقلا كۆپ بولسا،
بۇ ئۇلارنىڭ ماۋجۇشىغا بولغان سادىقلىقىنىڭ شۇنچە يۇقىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.
شۇڭا، يېزىلاردا ئېتىز - ئېرىق، خامان - يوللارغىچە تام قوپۇرۇلۇپ، ماۋجۇشىنىڭ
باش رەسىمى سىزىلىپ، سۆز ئۈزۈندىلىرى يېزىلاتتى، ھەتتا مال ئېغىللىرىمۇ قۇرۇق
قالمايتتى.

ھازىر كامىل بوستاندا يوق ئىدى. ئۇ ئىككى ئايدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ
قالغان خانىمزاتخان ئانىغا قاراۋاتاتتى. نەفىسە يەنىلا بۇۋاي قەمبەردە ئوقۇغۇچى، ئوقۇت-

قۇچىلارنى تارقاتماي، ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىلا، توسالالا گۇڭشېنىڭ هالالباغ، جالالباغ، قاتچى، قارامەت، توققۇزگۇمبەز قاتارلىق ئوننەچچە كەنتلىرىنى ئايلىنىپ مېڭىپ كىرىپ، شەھەردىكى خان ئانىنى يوقلايتتى، چۈنكى بوستان يولىنى لىيەنزۇڭ قامال قىلىۋالغانىدى. نەفسەنىڭ بوۋىسىغا تۇتقان بىر يىللىق قارىسى ئۈشتۈلۈپ، بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپمۇ كەتتى. دەسلەپتە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن شەھەر يوللىرى توسۇلۇپ، ئۇ كامىل بىلەن توي قىلىشقا ئامالسىز قالدى. مانا ئەمدى كېسىلگە ئىشەنچ قىلالمايۋاتقان موماي: «بالىلىرىم، ماڭا قارىماڭلار، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا، ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ نىكاھ قىلىپلا، بىر ئۆيگە كىرىۋېلىڭلار...» دېگەن بولسىمۇ، كامىل بىلەن نەفسەلەر ئەلە - مەلىنىڭ سۆز - چۆچەككە قېلىشتىن نومۇس قىلىپ، زادىلا ئۇنىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كۈنلەردە توي خېتى كېسىدىغان ئورۇنلارمۇ يوق ئىدى. چۈنكى مەكتەپلەر، ئىدارە - جەمئىيەت، كان - كارخانىلار، ماگىزىن - دۇكانلار تاقىلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن بەند ئىدى.

مۇرات هازىر مەتمۇسا بىلەن بىر قوراللىق ئەترەتتە جەڭچى ئىدى. كامىل، هېكمەتلەر ئۇنىڭغا قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇ: «بۇ قېتىم مېنى توسماڭلار، مەن جەڭ مەيدانلىرىدا يۈرىكىمنى قاتۇراي، ئەگەر بولمىسا، قورال ئېتىشنى ئۆگىنىۋالاي» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. مۇرات هازىرغىچە بىرنەچچە جەڭلەرگە قاتناشقان بولسىمۇ، كۆڭلىدە مۆلچەرلىگەن ئادىمىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى قارىغا ئالالمىغانىدى. زۇمرەت دەسلەپتە ئۇنىڭ ئەلەم كۈرىشىگە قاتنىشىشىغا يول قويمىدى. ئەمما مۇرات زۇمرەتنىڭ ئىككى يىل روهىي كېسەل بولۇپ ئازاب تارتقانلىقىنى، پۇتلىرىغا زەنجىر باغلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ قىش زىمىستانلاردا يالاڭ - ئاياغ زەنجىر بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۆز دۈشمىنىنى قوغلاپ ئۇرغانلىقىنى، دادىسى ياقۇپنىڭ بوز يەرنىڭ چۆللىرىدە خارۇ - زارلىقتا ئۆلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تارتقان هېسابسىز خورلۇقلىرىنى زۇمرەتنىڭ ئېسىگە سېلىپ، قىساس ئېلىش پەيتى كەلگەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇنى ئېرىتتى. بۇ قىساس هەر ئىككىسىگە ئورتاق ئىدى. مۇرات هەر قېتىم ئۆيگە يېرىم ئاپتومات مىلتىق ۋە ئاپتومات ئېلىپ كىرگەندە، زۇمرەت ئۇنىڭغا ماڭىمۇ «ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇڭ، سىز يوق چاغلاردا، ئۆزۈمنى، قىزىمنى قوغداشقا بولسىمۇ ئەسقېتىپ قالار...» دەپ تۇرۇۋالاتتى. شۇڭا مۇرات ئۇنىڭغىمۇ يېرىم ئاپتومات مىلتىقنى قانداق ئېتىشنى ئۆگىتىۋاتاتتى.

بىر قېتىم ئۇ ئۆيگە تۆمۈر پىروكىلاتلىق قىسقا ئاپتومات ئېلىپ كىردى. زۇمرەت ئۇنىڭ ئوقلۇق دىسكىسىنى ئېلىۋېتىپ تۇرۇپ، ئۆيدە قارىغا ئېلىشنى ۋە ئېتىشنى مەشىق قىلدى. كەچ تەرەپتە، كۆكتات مەيدانىنىڭ ئەڭ چېتىگە بېرىپ، تامغا رەسمىي ئوق ئېتىپ كۆردى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ قورالغا قىزىقىپ قالدى.

ئايىغى چىقماس ئۇرۇش ـ جەڭلەر بىلەن، ياز تۈگەپ ئۆكتەبىر ئېيىمۇ كىردى، كېچىلىرى سوغۇق بولاتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ئۈچ پاي ئوق ئېتىلىپ، قوراللىقلار ھويلىغا توپلاندى، خالىق لاسكوي گۇڭشېسىنىڭ تاسمىچى كەنتىدىن باغچا كەنتىگە ھۇجۇم باشلىغانىدى. مەخمۇت سىلىڭ مۇرات، مەتمۇسا باشلىق يىگىرمە سەككىز كىشىلىك قوراللىق ئەترەتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. باغچا كەنتىنى ساقلاۋاتقان ئوننەچچە قوراللىق كىشى قارشى تەرەپنىڭ ئوت كۈچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، كەنت ئىچىگە چېكىنگەنىدى. ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىشى بىلەن، جەڭ باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى، ئەتراپ قوماچ ئېتىلغاندەك، «تاراس ـ تۇرۇس، تا. . . تا. . . تات»لارغا تولدى. تۇرۇپلا، گۈلدۈرلىگەن پارتلاش ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. خالىقنىڭ ئادەملەري چېكىنىپ، كەڭ ئوچۇقچىلىققا چىقتى. بۇ يەردە ئۇلار شال تىگانلىرىنى دالدا قىلىپ ئېتىشماقتا ئىدى. مەخمۇت سىلىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇلارنى ياي شەكلىدە قورشاشقا بۇيرۇدى. مۇرات بىلەن مەتمۇسا چوڭقۇر ئېدىرلىقلار ئىچىدىن دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتتى. لېكىن ئۇلار ئۇ يەردىن ئوق ئۈزۈشى بىلەنلا، ئۆزلىرى باش كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى ئىككى تۈپ جىگدە ئارىلىقىغا ئورنىتىلغان پۇتلۇق پىلىموت شۇنداق سايرىماقتا ئىدىكى، مۇرات بىلەن مەتمۇساغا مىڭلىغان ھەرىلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندەك ئوقلار باش ئۈستى ۋە قۇلاق تۈۋلىرىدىن ۋىژىلداپ ئۆتەتتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بەش قوراللىق شال تىگانلىرىنى دالدا قىلىپ، ئۇلارغا قاراپ ئۆمىلەپ كەلدى. ئوق ئۈزمەي كېلىۋاتقانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇراتلارنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش نىيىتى بار ئىدى. بۇنى ئەڭ چەتتە تۇرغان مەتمۇسا بايقاپ قالدى. ئۇ يېرىم ئاپتومات مىلتىقىنىڭ زامۇكىنى ئۈزۈن بېسىپ، ئوقنىڭ ھەممىسىنى ياغدۇرۇۋېتىپ، دىسكىنى قايتىدىن يېڭىلىدى. ئەمدى ساق قالغان ئۈچ قوراللىق ئۇلارغا قارىتىپ ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئېتىشقا باشلىدى، چۈنكى پىلىموتنىڭ ئۈنى ئۆچكەنىدى. مەتمۇسا چېچىلىپ مېڭىپ ئوق ئۈزۈۋاتقانلارنى نەقلىيەلمەي، يەنە بىر

دېسكا ئوقنى توگەتتى. قورالىقلار ئۇنىڭ ئوقىنىڭ توگىگەنلىكىنى سەزدىمۇ، باشلىرى-نى كۆتۈرۈپ يېقىنلىشىشقا باشلىدى. . .

— ھەي جىگمولىلەك، ئاتامسەن؟ . . . — ۋارقىرىدى مۇرات، ئۇ مەتمۇسانىڭ دىقماقىقىنا گەۋدىسىنى مەسخىرە قىلىپ، شۇنداق لەقەم قويۇۋالغانىدى.

— ئوقۇم توگىدى. . . — مەتمۇسا يېقىنلاپلا قالغان قورالىقلارغا قاراپ قورقۇپ كەتتى، ئۇ قاچىسىلا ئوققا يەم بولاتتى.

— توتە مانا! — مۇرات ئۇنىڭغا بىر دېسكا ئوق تاشلاپ بەردى.

بەنزىدۇك ئوقلاندى، ئۈچ قورالىقمۇ ئوچۇقچىلىقتا يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى. قورقىنىدىن ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان مەتمۇسا زامۇكنى بىر بېسىش بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىككىسى موللاق ئاتتى، بىرسى ئاسقاقلىغىنىچە كەينىگە قاراپ يۈگۈردى، كېيىن ئۆمىلەپ قېچىپ كەتتى.

جەڭ ئاخىرلاشتى. خالىقىنىڭ قوشۇنى چېكىنگەنىدى. باغچىنى قوغداۋاتقانلاردىن بىرسى، مەخمۇت باشلاپ كەلگەنلەردىن ئۇچەيلەن ئۆلگەنىدى. ئۇلار توت جەسەتنى كالا هارۋىسىغا سېلىپ، مەكتەپكە قايتتى.

— مۇرات، قالتىس ئەسقاتتىڭ جۇمۇ! — مەتمۇسا ئۇنىڭ قولىنى قىستى، — بولمىسا، مەنمۇ شۇ ئۇي هارۋىسىدا، پۇتۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتقان بولار ئىدىم.

— سەن نېمىشقا پىلىموت ياكى ئاپتومات تۇتمايسەن؟ — دېدى مۇرات ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى بەنزىدۇكقا قاراپ قويۇپ، — تىرىك قولغا چۈشۈپ قالغان بولساڭ، ئوقتا ئۆلگەندىن بەتتەر قىينىلاتتىڭ.

— ئەمىسە، سەنمۇ نېمىشقا بەنزىدۇك ئىشلىتىسەن؟ . . .

— بۇنىڭ ئوقى ئۇزۇنغا بارىدۇ.

— ھەببەللى، مەنمۇ شۇنى ئويلاپ بۇ جانىۋارنى ئىشلىتىۋاتىمەن. . . ، — مەتمۇسا مىلتىقىنىڭ زاتۋۇرىنى سىيلاپ قويدى، — پىلىموت دېگەن يېقىنغا ياخشى.

مۇرات، مەتمۇسانىڭ قورسىقىدىكى نىشانىنى پەملەپ بولدى، شۇنداقتىمۇ، ئۇنى يەنە چېكىپ كۆردى:

— ئەجەپ يىراقتىكىنى قارىغا ئېلىشنى ئويلاپ قاپسەن، ياۋا توڭگۇز ئوۋلامتىڭ - يە؟ . . .

— توغرا ئېيتتىڭ، مەگىنى بىر غېرىچ كېلىدىغان قاۋان تۇڭگۇزدىن بىرنى ئۇۋلىغىم بار...

ئۇلار مەكتەپكە يېتىپ كېلىشى بىلەن، يىغا - زارە باشلاندى. تۆت جەسەت قاتىرىسىغا ياتقۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ باش، كۆكرەك، قورساقلىرىدىن لاتقا تىنىپ قالغان بۇلاقنىڭ كۆزىدىن سۇ چىققاندەك، بۇلدۇق - بۇلدۇق قىلىپ قان چىقىۋاتاتتى. بىر چاغدا، ھېكمەت ئوغرىلاردىن پىچاق يەپ يارىدار بولغاندا ئۇنى داۋالىغان ئابلىمىت دوختۇر جەسەتلەرنىڭ يارا ئېغىزلىرىنى تىكمەكتە ئىدى. ئەڭ چەتتە ياتقان يىگىرمە نەچچە ياشلىق ئاق يۈزلۈك يىگىتنىڭ ئارقا مېڭىسىدىن كىرگەن ئوق ئېغىز جاۋغىيىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. قارىغاندا، ئاتقۇچى ئۇنى ئېگىزدىن ئېتىۋەتكەنىدى. كەنتلەردىن كەلگەن ئاتا - ئانا، قېرىنداشلار بورا ئۈستىدە تۈپتۈز ياتقان باللىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى ئېتىشىپ، نالە - پەرياد كۆتۈرۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار كىملەرنىدۇر قارغىشاتتى، تىللايتتى. يىغلاپ - قاقشىغانغا ئۇلارنىڭ بۇ جانجىگەرلىرى تىرىلىپ قالمايتتى... ئاخىرى ئۇلار قازاغا زىرا دېيىشىپ، باللىرىنى هارۋىلارغا سېلىشتى. توپلانغان ئىسيانكارلار: «بۇ قانلىق قىساسنى ئۇنتۇپ قالمايلى!»، «يوقالسۇن قانخورلار!» دەپ شوئار توۋلاشتى.

خالىق ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەترەت باشلىقلىرى تۇردى ھېكىم، مەتتۇردى پاناق، تۇرسۇن تايغان، مەتسىدىق سېرىق قاتارلىقلارنىڭ بوستانغا بولغان ھۇجۇمى بىلەن پاراكەندىچىلىكى توختاپ قالمىدى. بىر ياز داۋاملاشقان بېسىپ كىرىش - يەنە چېكىنىش، ھۇجۇم قىلىش - ئۇلجا ئېلىپ قېچىشلار ھەممىنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ كۈنى قېچىش، قايتىپ كېلىش بىلەنلا ئۆتتى. بۇنداق قىسقا جەڭلەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ، 12 - ئايمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. قارا سوغۇق بىردىنلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. سوغۇق بىلەن تەڭ، ئەلەم كۈرەشمۇ شىددەتلىك تۈسكە كىردى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم جايلاشقان چوڭ كوچا مەدەنىيەت سارىيىنىڭ دوقمۇشىدىن بوغۇلۇپ، قۇم قاچىلانغان تاغارلار بىلەن ئېگىز بارىكادىلار ياسالدى. مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئورنىتىلغان ئېغىر پىلىموتلار «با، با» زوڭگىسىنىڭ پولات زاۋۇتى بىلەن سۇ ئىدارىسىدىكى بازىلىرىغا قارىتىپ داۋاملىق ئوق ئۈزۈپ تۇراتتى. ھەر كۈنلىكى: «تىككۈچىلىك كارخانىسىنىڭ ئالدىدا مۇنچە ئادەم ئۆلۈپتۇ...»، «ئاشلىق ئىدارىسى ئالدىدا نورمىغا ئۆچرەتتە تۇرغانلاردىن

مۇنچىسىغا ئوق تېگىپتۇ...» دېگەندەك خەۋەرلەر تارقىلىپ تۇراتتى. ئاشۇ بىھۇدە ئۆلگەنلەر بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن تىرىكچىلىك كويىدا جان ئېتىپ يۈرگەن شەھەر ئاھالىلىرى ئىدى. كىمنى يوقىتىش، كىمنى يوقاتماسلىقنى تاللىشىپ قان تۆكۈۋاتقان ئىككىلا تەرەپباز تەشكىلات قولىدىكى زامانىۋى قوراللارغا قانائەت قىلىپ قالمىدى. «ليەنزۇڭ» يەرلىك زەمبىرەك (تۇپاۋ) نى پەيدا قىلدى. خۇددى توپىدىن ئايرىلغان ياۋا ئۆردەكتەك ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ئوقلار شەھەر ئۈستىدىن ۋۇكۇلداپ ئۆتۈپ، سۇ ئىدارىسى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر جايلاشقان جايلارغا چۈشۈپ، ئۇلارنى ۋەيران قىلماقتا ئىدى. زەمبىرەك ئوقى مازارلىقتىكى قەبرىلەرگىمۇ چۈشۈپ گۈلدۈرلەپ پارتلايتتى. ئۆلۈكلەرمۇ گۆرىدە تىنچ ياتالماي قالدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىل كۈن كۆرمىگەن ئاپئاق سۆڭەكلىرى ھاۋاغا ئۆرلەپ چىقىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. خۇددى ئاغزىغا ناسۋال سېلىپ قويغان يىلاندەك تولغىنىپ، قۇيرۇقىدىكى چاقپىلىكىنى پىلدىرلىتىپ كېتىۋاتقان ئوقلارنى كۆرگەن «با، با» زۇڭسى، «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك، ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىدىن زېنىت توپ[1] بۇلاپ كەلدى. ئۇلار پولات زاۋۇتىنىڭ ئېگىز ئۆگزىسى ئۈستىدە تۇرۇپ، بۇ توپلار بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرەپكە ئوت ئاچتى. تەگكەنلا يەرگە ئوت قويۇۋېتىدىغان بۇ ئاپەت بەزىدە قارشى تەرەپنىڭ قوراللىقلىرى جايلاشقان بازىلىرىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىغا چۈشۈپ ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ، بۇ جەڭ بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى بولمىغان بۇ مۆمىن ـ بىچارىلەرنىڭ تەنلىرىنى پارچىلاپ تاشلايتتى. ليەنزۇڭنىڭ غەزەپلەنگەن باشلىقلىرى دادامىنىڭكىدىن ئانامىنىڭكى ئېشىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ بۇ ۋاڭبا[2]لارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى دېدى ـ دە، دالا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىدىغان تانكا پەيدا قىلدى. «با، با» زۇڭسىنىڭ باش قوماندانلىرى بولغان ئاسىم باندىت[3] بىلەن جاڭ تيەن چىچاڭشىپ: «ۋۇي شەرمەندە باۋخۇاڭلار، بىڭسىمىزنى ئەمدى كۆر...» دەپ، پولات زاۋۇتىدا ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا قېلىن پولات تاختىلارنى پاياتلاپ ئوق ئۆتمەيدىغان «برونېۋىك» ياساپ چىقتى. بۇ كۈچ سىنىشىش، ھەيۋە كۆرسىتىشلەر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قانخور-

---

① زېنىت توپ — ئايروپىلان ئاتىدىغان زەمبىرەك.

② ليەنزۇڭ تەرەپ «با، با» زۇڭسىنى تىللاپ «ۋاڭبا» (تاشپاقا) زۇڭسى دەپ ئاتايتتى.

③ قارشى تەرەپ ئاسىمنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

لۇقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىقلىرىنى رەھىمسىز فاشىستلارغا ۋە جاللاتلارغىلا ئايلاندۇردى.

ليەنزۇڭ تەرىپ قولىغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى قىيناپ، پاچىقىنى چېقىپ، ئۇلارنى مەڭگۈلۈك مېيىپ قىلىپ قوياتتى. بولقا، كەكە، كالتەك، تاسمىلاردا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەچكە، ھەرقانچە چوڭ ئادەم بولسىمۇ ئادەتتىكى بىر خالتىغا سىغاتتى. ئەگەر ليەنزۇڭنىڭ ئادەملىرى «با، با» زۇڭسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇلارنى ئىككى بارمىقىنى گەجگىسىگە تارتىپ سىم بىلەن بوغۇپ باغلايتتى - دە، تىرىك كۆمەتتى ياكى قولىنى چىغرىق① ئارىسىغا تىقىپ، بارماقلىرى بىلەن ئالقانلىرىنى يايما قاقتەك قىلىپ ئېزىۋېتەتتى. بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ئادەم ئىشەنمەيدۇ ھەم تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ.

1969 - يىلى 1 - ئاينىڭ بىر سوغۇق كۈنى، خالىقنىڭ قوشۇنى بوستاننىڭ يۇقاقۇن كەنتىگە زور كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قوشۇنى ئارىسىغا بېشىغا خوتەنچە تەلپەك، ئۇچىسىغا يەڭسىز كالتە جۇۋا كىيىۋالغان خەنزۇ ئەترىتىمۇ قوشۇۋېتىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا، قىسقا دەستىلىك ئاپتومات ۋە پوقاق پىلىموت بار ئىدى. جەڭ قوناق كۆتەكلىرى چوقچىيىپ تۇرغان كەڭ ئېگىزلىقلار ۋە توڭ ياتقۇزۇلغان كۆزگى بۇغداي تاختىلىرىدا كېتىۋاتاتتى. بۇ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا جۇ رۇڭفا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ قول ئاستىدىكى قوراللىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان، ئۆزى بەش قوراللىق بىلەن بىللە خەنزۇ ئەترەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇش مەيدانىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇۋاتاتتى. خالىقنىڭ ئادىمى كۆپ، قوراللىرى خىل بولغاچقىمۇ، ئۈستۈنلۈك شۇلار تەرەپتە بولۇپ، ئۇلار ئىسيانچىلارنى بارغانسېرى چېكىندۈرۈپ، كەنت ئىچىگە قىستاپ كىردى. جۇ رۇڭفا پۈتىغا باغلىۋالغان ئوق ساندۇقىنى سۆرەپ، پەس يارلىق ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەيتتى ۋە قارشى تەرەپنى ئۈزمەي ئوققا تۇتاتتى. ئۇنىڭ قېشىدىكى بەش ئادەمدىن بىرسى ئۆلۈپ، ئىككىسى قېچىپ كەتتى. ئېتىشىش ئەللىك قەدەم ئارىلىقىدا دەھشەتلىك تۈس ئالدى. مۇشۇ پەيتتە، ئاسىم سىلىڭ يىگىرمىدەك قوراللىق بىلەن چوڭ ماشىنىدا يېتىپ كەلدى. ئۇ ماشىنا

---

① چىغرىق - پاختا چىگىتىنى ئايرىيدىغان يەرلىك ياغاچ قۇرۇلما.

ئۇستىگە بېكىتىۋالغان ئۈچ پۇتلۇق زېنىت توپنى پەسكە قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. «دۈك، دۈك، دۈك. . . » قىلغان ئاۋازلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلاندى. بەدىنىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەنلەر بولسا كېرەك، قارشى تەرەپتىن ۋارقىرىغان، چىرقىرىغان ئاۋازلار كەلدى. خالىقنىڭ قوشۇنى ئوق ئۈزمەي، جىمىپ قالدى.

ئاسىم سىلىك ئۆزى جىۋەك، قوۋۇزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشقان، ئوتتۇز بەش ياشلاردا بولۇپ، ناھايىتى چاققان، تېتىك، بەك تېز سۆزلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىرلا ئەيىبى پوچىراق ئىدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگەن ھالدا: «بۇ باۋخۇاڭلار سۈيۈق چىقىرىپ، قۇيرۇقنى خادا قىلدىمۇ نېمە؟» دەپ تۇراتتى، ئىككى يان تەرەپتىكى بولجالىق ۋە ئوتتۇرىدىكى پەس يارلىق ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى دەھشەتلىك ئوت ئېچىلىپ، زېنىت توپ تەرەپكە نۇرغۇن قورالللىقلار يامراپ كېلىشتى. جۇ رۇڭفا باشلىق قورالللىقلار پىلىموت، يېرىم ئاپتومات مىلتىق ۋە ئاپتومات-لاردىن بىردەك ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئەمدى بۇ بەكمۇ يېقىن ئارىلىقتا بولۇۋاتقان ئۇرۇشقا زېنىت توپنى ئىشلەتكىلى بولمايتتى. خالىقنىڭ بىرمۇنچە قورالللىقلىرى ئېڭىشىپ، ئۆمىلەپ، ماشىنىغا يېقىنلا كېلىپ قالدى. بىرنەچچىسى ئېرىق ئىچىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى ـ دە، ماشىنىغا ياماشتى. بىراق، مەتمۇسا يېرىم ئاپتومات مىلتىقتىن ئوق ئۈزۈپ ئۇلارنى يەر چىشلەتتى. ئاسىم سىلىك بىر توپ تېرەك ئارقىسىدا تۇرۇۋېلىپ، تاپانچىسىنى ئۈزمەي ئېتىۋاتاتتى. ئۇ خالىقنىڭ زېنىت توپنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ قالدى ـ دە، قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ماشىنىنى تېز چېكىندۈر!

ماشىنا ئوت ئالمىدى. بىر يىگىت ئوت ئالدۇرۇش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋىدى، ئوق تېگىپ يىقىلدى.

— زېنىت توپنى قۇتقۇزۇڭلار! بۇ بۇيرۇق! — ئاسىم سىلىك بار ئاۋازىنى ئىشقا سالدى، — تېز بولۇش! . . .

ئالتە قورالللىق ماشىنىغا ئۇچقاندەك يامىشىپ چىقتى. بىراق، زېنىت توپنى چۈشۈرۈش ئارىلىقىدا، ئۇلارنىڭ بىرسى كوزۇپ ئۈستىگە، بىرسى يەرگە گۈلۈپپىدە قىلىپ يىقىلدى. قالغانلىرى زېنىت توپنى ئېلىپ قاچتى. بۇ چاغدا خالىقنىڭ قوشۇنلىرى بېسىپ كېلىپ، ماشىنىنىڭ چاقلىرىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈۋالدى. جۇ رۇڭفانىڭ ئادەملىرىنىڭ بەزىلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ قاچ-

تى، بەزىلىرى جان ـ جەھلى بىلەن تىركىشىپ، ئېتىشقاچ چېكىندى. سول تەرەپ ياندىن ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارنى توسۇپ تۇرغان قورالىقلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلە- رى يارىدار بولدى، بىر قىسمى ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچتى. ئوقى تۈگەپ ئىككى يېنىغا قاراپ قالغان مەتمۇسامۇ غىپپىدە تىكىۋەتتى. ئۇ بىر شور تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېرىق ئىچىدە ئىنجىقلاپ ئولتۇرغان مۇراتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ پاچىقىغا ئوق تەگكەنىدى. مەتمۇسا ئۇنى بىرنەچچە قەدەم يۆلەپ ماڭدى. لېكىن مۇرات بارغانسې- رى پۇتىنى سۆرەپ ماڭالماي قالدى.

— كېلە، مەن سېنى يۈدۈپ ماڭاي، — دېدى مەتمۇسا ئېڭىشىپ.

— ھەي جېگمولىلەك، ئېزىلىپ كېتەرسەنمىكىن؟ — مۇرات ئىنجىقلاپ تۇرۇپ چاقچاق قىلدى.

— قوناق خېمىرى ئاسان ئېزىلىپ كەتمەيدۇ. . . — مەتمۇسامۇ مۇراتقا قويۇۋالغان لەقىمىنى چىشلەپ تارتتى، — ئاۋايلا جۇمۇ، قوناق شېخىدەك سۇنۇپ كەتمە يەنە؟ . . .

مەدەنىيەت ئىنقىلابى دوستلارنى ئۆزئارا دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ، كۆ- شەندىلەرنى بىر ـ بىرىگە دوست قىلىۋەتكەنىدى. خالىقنىڭ تۇغقىنى بولغان، ئۇنىڭ پاناھىدا يۈرگەن مەتمۇسا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان، ئۇزۇن زامان ئاداۋەت ساقلىغان دۈشمىنى بولغان مۇرات بولسا دوستى بولۇپ قالغانىدى.

مەتمۇسا ئۇزۇن پۇتلىرى يەر سىجاپ كېتىۋاتقان مۇراتنى يۈدۈپ، ئېتىز يوللىرى، كوچەتلىكلەر ئارقىلىق چوڭ يولغا چىقتى. ئۇلار شۇما ئۈستىگە كەلگەندە، ئالدىدىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈپ نۇرغۇن قورالىقلار «پو ـ پو»غا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بۇلار مەخمۇت سىلىڭ ئېلىپ كېلىۋاتقان «بوستان دېھقان ئىسيانكارلىرى سىلىڭبۇسى»نىڭ قورالىقلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا، «با، با» زۇڭسىنىڭ باش سىلىڭيۈەنى قوش تاپانچىلىق جاڭ تيەن، توسالا گوڭشې «پولات ئىستىھكام سىلىڭبۇسى» نىڭ سىلىڭيۈەنى ئەخمەت غېجەكلەر قوشۇنلىرى ئالدىدا ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. مەخمۇت، جاڭ تيەن، ئەخمەت غېجەكلەر مەتمۇسادىن ئازراقلا گەپ سورىغاندىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى يۈگۈر- تۈپ كېتىپ قالدى.

مەتمۇسا مۇراتنى ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا ئەكىرىپ، دوختۇر ئابلىمىتقا تاپشۇرغاندىن كېيىن، يوقاقۇنغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇرۇن، قولاقلىرى سوغۇقتىن قىزىرىپ

كەتكەن بولسىمۇ، ئىچىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ، جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇرۇش ئاياقلاشقان بولۇپ، خالىق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى. مەتمۇسا كامىلنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭ خان ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. كامىل ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە ئۆلگەنلەرنى تىزىملاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

جاڭ تيەن، ئەخمەت غېجەكلەر قوشۇنلىرىنى ئېلىپ قايتىشتى. جۇ رۇڭفا بىلەن مەخمۇت سىلىڭ كەنتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئىككى ئەترەت قوراللىقلارنى قالدۇردى ۋە كامىلغا قۇربان بولغانلارنىڭ ئانكىتىنى تولۇق قالدۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزلىرى شتابقا قايتتى.

ياردار بولغان ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەن ئۈچ ئادەمدىن باشقا، بۇ قېتىمقى جەڭدە ئون تۆت ئادەم ئۆلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقاقۇننىڭ دېھقانلىرىمۇ بار ئىدى. كامىل قاتىرىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان جەسەتلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، نەلىك ئىكەنلىكى، يېشى، نەرگە ئوق تەگكەنلىكى قاتارلىقلارنى يازماقتا ئىدى. باشلىقلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۆلۈكلەرنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. بۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپتىن قانلىق ھېساب ئالغىلى بولارمىش. . .

جەسەتلەرنى كەنت دېھقانلىرى ئورىۋالغان بولۇپ، بەزىلىرى مىچىلداپ، بەزىلىرى ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. يەتمىشتىن ئاشقان، ئاپئاق پاخپاق چاچلىق بىر موماي يىگىرمە ـ يىگىرمە بىر ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتنىڭ قانلىق بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزى يوغان ئېچىلسىمۇ ئۈنى چىقمايتتى. ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن قورۇقلىرىدىن ئاققان ياش جەسەتنىڭ قانلىق يۈزىنى يۇيماقتا ئىدى. مومايىنىڭ ھېچنېمىسى يوق تەنھا بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭغا مۇشۇ نەۋرىسىلا قارايتتى. بۇ يىگىت دۆيىنىڭ ماللىرىنى باقاتتى. ئۇ ئۇلاغلارنى سۇغارغىلى ئېلىپ چىققاندا ئوق تەگكەنىدى. بولۇپمۇ جەسەتلەر ئىچىدىكى بويىنىغا جىلتا ئېسىقلىق ئونبىر ياشلاردىكى بىر قىز بالا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋېتەتتى. ئۇ نېمىگىدۇر ھەيران بولغاندەك، قاپقارا چوڭ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا، مەيدىسىدىكى جىلتىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ ياتاتتى. . . ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا قان قېتىشىپ قالغانىدى. . . كامىل قىزنىڭ بادام قاپاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى.

جەسەتلەر بىر ـ بىردىن ئېلىپ كېتىلدى. كامىل مەتمۇسانى باشلاپ مەكتەپكە

قايتتى. ئۇلار بوستان بازىرىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئىككى ماشىنا چىقىپ كەلدى. كوزۇپ ئىچىدە مىق قاققاندەك ئۆرە تۇرۇشقان قورالىلقلار بار ئىدى.

— مەتمۇسا؟ — ماشىنىدىكىلەردىن بىرسى ۋارقىردى، — پولات زاۋۇتىغا يىغىنغا ماڭدۇق، بارامسەن؟

— ياق، — مەتمۇسا تاماق كۆتۈرۈپ، مەكتەپ ئىچىدىن چىقىۋاتقان زۇمرەتنى كۆرۈپ دەرھال يەرگە قارىۋالدى، — بارمايمەن.

— مەتمۇسا ئاكا، رەھمەت سىزگە! — دېدى زۇمرەت، — مۇراتنى قۇتقۇزۇۋاپسىز، شۇنداق خوش بولدۇم...

— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز زۇمرەت قىز؟ — مەتمۇسا يەنىلا يەرگە قاراپ تۇراتتى، — بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەۋاتقان ئادەملەر تۇرساق، ئۇنچىلىك ئىشنى قىلمىسام بولامدۇ؟...

— شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ؟ — كامىلنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئەجەپ ماڭا دېمەپتىلىغۇ؟...

— ئابلىمىت دوختۇر ئۇنىڭ يارىسىنى ئانچە ئېغىر ئەمەس دەيدۇ، — دېدى زۇمرەت كامىلغا، — مەن تاماق ئېلىپ ماڭدىم. سىزمۇ بارامسىز - يە؟

— جۈرۈڭ.

كامىل بىلەن زۇمرەت دوختۇرخانىغا كەتكەندىن كېيىن، مەتمۇسا ئوقۇتۇش بىناسىدىكى قوماندانلىق شتابى قىلىنغان مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردى. شتاب كاتىپى توختى قۇربان شاپىگراف قەغىزىگە قەلەم بىلەن كىرتىلدىتىپ بىرنېمە يېزىۋاتاتتى. ئۇ ھازىر پۈتۈن لىيەنزۇڭ كۆزقارىشىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە ئەڭ خەتەرلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى، قارشى تەرەپنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا بەرگەن باھالىرى، مۇلاھىزىلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلارنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا، توختى قۇرباننى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇلار مەخسۇس رازۋېتكا ئەترەتلىرى چىقارغان، ئۇلار بىرقانچە قېتىم ئورۇنۇپ بېقىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى.

— مەكتەپتە ئاران ئون قورالىق قالدى، — دېدى توختى قۇربان قەلىمىنى قويۇپ، — شۇڭا، بۈگۈن كېچە سەگەك بولمىساڭلار بولمايدۇ... بەلكىم بۇ چاغقىچە، ئارمىيىدىكى ئايغاقچىلار بۇ ئەھۋالنى خالىقا يەتكۈزۈپمۇ بولغاندۇر...

— خوپ، — دېدى مەتمۇسا تىك تۇرۇپ، — مەن ھازىرلا ئائىلىلەرگە خەۋەر قىلىۋې-
تەي. ئۇلار بۈگۈن كېچە ئۆزلىرىنى بالىلىرى بىلەن دالدىغا ئالسۇن.

— توختا، — توختى قۇربان پېشانىسىنى ئۇۋۇلىدى، — مەكتەپتە ئۈچ يۈزدەك كالتەكلىك مىنبېك، ئائىلىلىكلەرنى قوشقاندا تۆت يۈزدەك ئادەم بار، ۋاقتى كەلگەندە، مىنبېگلار قولىدىكى كالتەك، نەيزىلەرنى تاشلاپ قېچىشتىن يانمايدۇ. . . شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنىلا ئۆزۈڭلارغا تايىنىشىڭلار كېرەك! . . .

مەتمۇسا دەسلەپتە ھېكمەت رەسىم سىزىۋاتقان ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا كەلدى. لېكىن ئىشىك قۇلۇپلانغانىدى. ئۇ مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىدى. مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ ئۆيى ئۈجمىلىك يولنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدە توختى قۇربان، سول تەرىپىدە ھېكمەت ئولتۇراتتى. مەتمۇسا مەمتىلى ئىبراھىمنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە كىردى. مەھبۇبە ئېغىر بوي ئىدى. ئۇ بەك چوڭ قورساق كۆتۈرگەچكە، كەڭ قارا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، رەسىم سىزىۋاتقان ھېكمەتكە بوياق، پەي قەلەم سۇنۇپ بېرىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، ھېچكىم ماۋجۇشىنىڭ رەسىمگە قارىتىپ ئوق ئاتالمايدىغان بولغاچقا، ھېكمەت ئۆيدە تورۇسقا تاقاشقۇدەك رەسىمدىن ئىككىنى سىزغانىدى. ئەگەر تۇيۇقسىز بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، مەھبۇبە رەسىملەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالسا، جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالالايتتى. ھېكمەت مەتمۇسانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەھبۇبەنى جىملەپ كەتتى:

— مەن سىزنى شەھەرگە ئەكىرىپ قويااي دەپ نەچچە قېتىم دېدىم، — ھېكمەت پەي قەلەمنى بوياق تەگشەش تاختىسىغا تاشلىدى، — ئەجەپ گەپ ئاڭلىمايدىغان پېتىر قۇلاقكەنسىز. . . ئانامغۇ يالغۇز تۇرسا. . .

— تېخى ئىككى ئاي ۋاقتىم بارغۇ؟ — مەھبۇبەنىڭ پەقەتلا كەتكۈسى يوق ئىدى، — ئاندىن، سىزگە كىم تاماق ئېتىپ بېرىدۇ؟ . . .

— مەن قورالىقلار بىلەن بىرگە يېسەم بولمىدىمۇ؟ — ھېكمەت مەتمۇساغا قارىدى، — مەتمۇسا ئاكا، خاپا بولمىسىڭىز، مىنبېگلاردىن بىرسى مەكتەپنىڭ ئېشەك ھارۋىسىدا مەھبۇبەنى شەھەرگە ئەكىرىپ قويۇپ كەلسە! . . .

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا بۇيرۇۋېتىپ، ئاندىن مۇرات، زۇمرەتلەرنىڭ قېشىغا بارااي، ئۇلار قىزىنى ئېلىپ بىر يەرگە يوشۇرۇنسۇن.

مەئمۇسا چىقىپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قورقۇشۇپ كېتىدىكەن، — مەھبۇبە تەتۈر قارىۋالدى، — ھەرقانچە ياۋۇز جاللات بولسىمۇ مېنىڭ بۇ تۇرقۇمنى كۆرۈپ رەھىم قىلار...

— بولۇڭ دەيمەن! — ھېكمەت قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — نېمە ئەزمىلىك بۇ؟ بىر نەرسىلىرىڭىزنى سومكىغا قاچىلىمامسىز؟...

مەھبۇبە مىچچىدە يىغلاپ، چامادانىدىن ئازراقلا كىيىملىرىنى ئالدى. لېكىن ھېكمەت ئۇنىڭ غۇلجىدىكى ئاپىسى، سىڭىللىرى قىلىپ بەرگەن سارجا كۆڭلەك، پوپايكا، پەلتو، ئۆتۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى چوڭ سومكىغا پۇرلاپ تىقتى. مەھبۇبە غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەن بىر يىلدىن بۇيان، ھېكمەتتىن ئايرىلىپ باقمىغانىدى. ئۇلار غۇلجىدا ئۆت ئاي ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەر قوينىدا ياشىدى، لېكىن دادىسىنىڭ قىرىق نەزىرسىگە ئۈلگۈرۈپ بارغانىدى. خۇددى كىچىك بالىدەك كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يىغلاۋاتقان مەھبۇبەگە قاراپ، ھېكمەتنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئەلۋەتتە ئېغىر بوي ۋاقىتلىرىدا ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى بەك نازۇكلىشىپ كېتىدۇ دېگەن گەپمۇ بار ئىدى. ھېكمەت مۈرىلىرىدىن قۇچاقلاپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتتى.

— خاپا بولماڭ! مەن ناماقۇل، بولامدۇ؟ — ھېكمەت ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، — سىزگە ۋارقىراپ سالدىم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ!

— سىز مېنىڭدىن قۇتۇلالماي قاپسىز... مەن بولسام...

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەمىسە، نېمىشقا سومكىغا ھەممە كىيىملىرىمنى سالىسىز؟ بۇ ئەمدى كەلمەڭ دېگىنىڭىز بولماي نېمە؟...

— سىززە، ئاجايىپ ساددا ـ دە! — ھېكمەت بېشىنى ئېغىتتى، — مەن سىزنى ئويلىغىنىم ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، ئەگەر بىزگە مەكتەپنى تاشلاپ قېچىش توغرا كەلسە، كېيىن «ۋاي ئىسسىت، غۇلجا پاسونىدىكى كىيىملىرىم» دەپ، يەنە ماڭا تاپا ـ تەنە قىلماي قالامسىز؟

— قاچان قايتىپ كېلىمەن؟

— جاھان سەل تىنجىغاندا، ئۆزۈم قايتۇرۇپ ئەكىلىمەن.

— ئۇ چاغقىچە تۇغۇپ قالسامچۇ؟

— ئۇنداقتا تېخى ياخشى، ئىككىڭلارنى بىللىلا ئەكەلمەمدىم؟

— ھە!... سىز... مەن تۇغقىچە بارمايدىكەنسىز - دە! — مەھبۇبە كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋالدى، — كەتمەيمەن! نېمە بولسام مەشەدە بولىمەن...

— چىرايلىق مەھبۇبە، ئوبدان خوتۇن، مەن سىزنى ھەر ھەپتىدە يوقلاپ تۇرىمەن...

ئىشىك چېكىلىپ ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلاردىكى مىنبىك بالا كىرىپ، ھارۋا ئەكەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ھېكمەت ھارۋىغا كۆرپىلەرنى سېلىپ، سومكىلارنى جايلاشتۇرۇپ، مەھبۇبەنى ئولتۇرغۇزدى.

— ئەمىسە، مېنى يېرىم يولغىچە ئۇزىتىپ قويارسىز! — دېدى مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، — ھە، بوپتۇ، توساللا گۇڭشېسىگە ئايلىنىدىغان يارلىققىچە بىللە بېرىڭ...

— رەسىم سىزىۋاتقىنىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ئويناشتىم، ئويناشتىم، — تەڭلىكتە قالغان ئېرىگە مەھبۇبەنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى، — ئەمىسە، دەرۋازا ئالدىغىچە، بولامدۇ؟...

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە... ئۇنداق قىلماي بولامدىغان!...

بۇ كېچە ناھايىتى جىمجىت ئىدى. لاسكوي تەرەپتىن ئادەتتە تاڭ ئاتقىچىلا ئۈزۈك - ئۈزۈك ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان «تاڭ - تۇڭ...، دۇ، دۇ، دۇ... گۇم...» قىلىدىغان ئاۋازلار ئاڭلانمايتتى. مانا بۇ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان بىرەر ئاپەتنىڭ نىشانىسى ئىدى. ئوتتۇرا كېچىمۇ تىمتاسچىلىق بىلەن ئۆتتى. بىراق، تاڭ قاراڭغۇسى مەزگىلىدە، مەكتەپ ھويلىسىدا قىيامەت قايىم باشلاندى. تەخسە پىلەموتنىڭ ئۇزمەي گۇپۇلدىشى، ئاپتوماتلارنىڭ ئاچچىق تىرىلدىشى، بەش ئاتار مىلتىق، يېرىم ئاپتومات مىلتىقلارنىڭ چاقىلدىغان ياڭراق ئاۋازى، گۈمبۈرلىگەن پارتلاش ئاۋازلىرى ۋە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. «چىق ۋاڭبالار!»، «قولۇڭنى كۆتۈر!»، «تىزلان!» دېگەن ۋارقىراشلار، مىلتىق پايىنكى بىلەن ئىشىك قېقىشلار، ئاياللارنىڭ چىرقىراش، يىغلاشلىرى مەكتەپنى قوماش قورىغاندەك قىلىۋەتتى. ھېكمەت بىر پۇتىغا پىيما كىيىپ يەنە بىر پۇتىغا سېپىپ بولغىچە، ئىشىك ئىلغىرى ئاجراپ، ئۆيگە ئالتە قورallıq نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى چىنەپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ

ھەممىسى دېگۈدەك سالۋا تەلپەكلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغاچقا، كۆزلىرىمۇ ئارانلا كۆرۈنەتتى.

— گەپ قىلە ۋاڭبا! — دېدى تاپانچا تۇتقان پۇچۇق بۇرۇن بىرسى، — لايقا گۇڭشېسىدىن بۇلىغان قوراللارنى نەگە يوشۇردۇڭ؟

ھېكمەت پۇچۇق بۇرۇننىڭ ياۋۇز تەلەتىگە بىرلا قاراپ، ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشتە داڭقى چىققان مەتتۇردى پاناق① ئىكەنلىكىنى مۇسەللىدى. ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن، ئۆز-لۈكىدىن تەسلىم بولغانلارنىمۇ شۇ مەيداندىلا پىلىموتتا سىرىۋېتەتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى، بوستان دېھقان ئىسيانكارلىرى سىلىڭبۇسىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى لايقا گۇڭشېغا جايلاشقان ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىدىن قورال بۇلاپ كەلگەنىدى. بۇ قورالارنى توختى قۇربان نومۇر، ماركىلىرى بىلەن تىزىملىدى. ئايغاقچى ئۇلارغا: «ئۇجمىلىك يولنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيگە كىرمەي، بېقىنىدىكى ئۆيگە كىرسەڭلار، توختى قۇرباننى تۇتالايسىلەر...» دەپ خەۋەر بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار ئوڭ تەرەپتىكىگە كىرمەي، سول تەرەپتىكى ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىدى.

— مەن قورال دېگەننى بىلمەيمەن، — ھېكمەت ماۋجۇشىنىڭ رەسىملىرىنى ئىما قىلدى، — مانا مۇشۇنداق ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى سىزىدىغان ئادەممەن.

— سەن تېخى جاھىللىق قىلماقچىمۇ؟ — مەتتۇردى پاناق ئاپتومات تۇتقان قورال-لىققا بۇيرۇق قىلدى، — دېمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي، ئات پاچاققا!

ئاپتوماتنىڭ زاتۋىرى قارس - قۇرس قىلدى - دە، ئۇنىڭ پۇتىغا تەگلەندى. ھېكمەت مەشىنىڭ ئارقىسىدا تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يالاڭ ئاياغ پۇتىنى كۆتۈرۈۋالدى - دە، ۋارقىرىدى:

— ھەي ئاتما... نېمىشقا بىكاردىن - بىكار ئاتىسەن؟...

— ئاۋۇ پاچىقىغا ئات! — دېدى مەتتۇردى پاناق ھېكمەتنىڭ پىيمىلىق پۇتىنى كۆرسىتىپ، — ئات دەيمەن!...

ھېكمەت كۆتۈرۈۋالسا پۇتىغا ئوت تەگمەيدىغاندەك، پىيمىلىق پۇتىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

---

① مەتتۇردى پاناق — بۇ ئادەم ئىنقىلاب ئاياقلاشماي تۇرۇپلا، قانۇن تەرىپى-دىن باستۇرۇلغان.

— ھەي ئاتما! ئەگەر ئاتىدىغان بولساڭ، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى سىنىمۇ بوش قويمايدۇ. چۈنكى، ماۋۇ ماۋجۇشىنىڭ رەسمى شۇلارنىڭ!...

لىيەنزۇڭنىڭ بەيئەت قىلىدىغان مەككىسى — خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى ئىدى. ئۇلار بىر كۆزقاراشتا بولۇپ، قورال‌لارنىمۇ شۇ يەردىن «بۆلايتتى». مەتتۇردى پاناق يىقىلاپ كەلدى - دە، «يالغان ئېيتما!» دېگىنىچە، تاپانچىنىڭ دەستىسى بىلەن ھېكمەتنىڭ پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى. ھېكمەت ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سۇ تۆكۈلۈپ كەتكەن يەردە تېيىلىپ، دۈملا چۈشتى ۋە ئىككى قولى ئالدى يېپىلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى. بىراق شۇ ھامان «چاڭ» قىلغان قاتتىق ئاۋاز ياڭراپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئەسلىدە، ئورۇندۇق ئاستىغا چاشقان تۇتىدىغان تاختامۇشۇك قويۇلغان بولۇپ، ھېكمەت يىقىلغاندا، قولى ئۇنىڭغا تېگىپ كەتكەنىدى.

قېچىپ چىقىپ كەتكەنلەر مىلتىق، نەيزىلىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ يەنە كىرىپ كېلىشتى. ۋە «ھازىر ئاتقىنىڭ نېمە؟» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى - دە، ئورۇندۇق ئاستىدىن ھېلىقى تاختامۇشۇكنى تارتىپ چىقاردى ۋە قاراپ بېقىپ، ئۇنى چۆرۈۋەتتى. ئۇلار ھېكمەتنى ئاتىمىز دەپ، بىر توپ ئۆرۈك قېشىغا ئەپكېلىشتى. شۇ چاغدا، ئوغۇللار ياتىقى تەرەپتىن: «قاچتى، قوغلاڭلار... ئات!...» دېگەن ئەنسىز ۋارقىراش بىلەن تەڭ، مىلتىقلار قارا - قويۇق ئېتىلدى. ھېكمەتنى ئېتىش ئۈچۈن كەلگەن بىرنەچچە قورال‌لىق شۇ ياققا قاراپ يۈگۈردى. ھېكمەت «ئىشىكنى تاقاپلا قاچاي» دەپ ئويلىدى، ئەمما ئوڭ - سول تەرەپتىكى باغ ئېرىقلىرىدا پۇتلۇق تەخسە پىلىموت، ئاپتومات ۋە مىلتىقلىرىنى ئائىلىلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىگە قارىتىپ ياتقان نۇرغۇن قورال‌لىقلارنىڭ بېشىنى كۆردى. بۇ چاغدا، باستۇرۇپ كىرگەنلەر تەرەپ - تەرەپتىن مۇئەللىملەرنى ئىنتىرىشىپ، مىلتىق پاينەكلىرىدە ئۇرۇپ ئەكەلمەكتە ئىدى.

— غوجام، مەن ئۆتۈكمنى كىيىۋالسام بولاما؟ — سورىدى دېھقان سىياق بىر ئادەم قولىدا تۇتۇۋالغان بىر پاي ئۆتۈك بىلەن پايپىمىلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭمۇ ھېكمەتتەك بىر پۇتى يالاڭ ئاياغ ئىدى.

— ۋۇي شاۋچى ۋاڭبا، ئېتىزىڭدا ئىشلەشنى بىلسەڭچۇ! — قورال‌لىق ئۇنىڭ كۆتىگە بىرنى تەپتى. ھېكمەت كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ھېلىقى دېھقان سىياق ئادەم توختى قۇربان ئىدى. ئۇ بېشىغا مويلىرى چۈشۈپ ياغاقلىشىپ كەتكەن يوغان

تەلپەك، يەڭلىرى جەينەكتە، مازلىرى تىتىلغان چاپان كىيىۋالغان بولۇپ بىلىگە پوتا باغلاقلىق ئىدى. ھېكمەت ئۆيىگە كىردى ـ دە، بىر پاي پىيمىسىنى پۇتىغا سىپپىلا چىقىپ كەتتى، ئىشىكنى تاقىدى. چۈنكى قورالىقلار ئۆيمۇئۆي تىنتىش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

مەكتەپ مەيدانىدا، ئەسىر ئېلىنغان مىنبېك ۋە ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم تۆتتىن قاتار قىلىندى. بىر قىسىملار قېچىپ كەتكەندى. مەكتەپنى قوغداشقا قالدۇرۇلغان ئون قوراللىقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھېكمەت ئاستا سىغ-دىلىپ كامىلنىڭ قېشىغا كەلدى. مەتتۇردى پاناق ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ ۋارقىرىدى:

— ھەممىڭ قولۇڭنى كۆتۈرۈش، مەن شوئار باشلاپ بېرىمەن، لاسكويغا بارغۇچە توختىماي توۋلاپ مېڭىشىسەن. كىمكى توۋلىمىسا، جاجىسى بىر پاي ئوق!

مەتتۇردى پاناق قولىنى كۆتۈرۈپ شوئار باشلىدى:

— قارا ھوگۇاڭنى قەتئىي يوقىتايلى! قارا ھوگۇاڭنى يوقىتايلى!... بىر... ئىككى... ئۈچ...

يەتتە يۈزدەك قول ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، بۇ شوئارلارنى ئۈزمەي تەكرارلىغىنىچە، لاسكويغا قاراپ ماڭدى. توپ ئارىسىدىكى بىر گاچا قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە: «تى، تى، تى... تا... تا... تات» دەۋەرگەچكە، قاتتىق تاياق يەپ كەتتى... گاچىنىڭ ھەر شوئار توۋلىغاندا، پولتىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە، چىڭقىلىپ، بوغۇلغان يۈزىگە قاراپ كۈلۈپ سالغان تەنتەربىيە مۇئەللىمى غوپۇرمۇ ئەدىپىنى يېدى، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە نەيزىنىڭ دەستىسى بىلەن بىرلا ئۇرۇپ، يېڭى تىكتۈرگەن ئەتىۋارلىق چىپەرقۇت چاپىنىنى ياقىسىدىن ئېتىكىگىچە بۆسۈپ تاشلىدى...

— ھېكمەت، —دېدى قولىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان كامىل ئاستا پىچىرلاپ، — ساناپ باقسام، بۇلار ئاتمىشتەك قوراللىق ئىكەن، ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنىڭ تەڭ يېرى-مىنىڭ زاتۇۋرى يوق تۇردۇ، قاراپ باقە...

ھېكمەت ئالدى ـ ئارقىسىدىكى قوراللىقلارغا قاراپ، ھەيران بولدى. كۆپىنچە مىلتىقلارنىڭ زاتۇۋر ئورنى لۆڭگە بىلەن ئوراپ چىگىتىۋېتىلگەندى.

— ئەگەر خالىق، تۇردىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق، بۇ جاندىن ئۈمىد يوق، — كامىل چاندۇرماي يان ـ يېنىغا قاراپ قويدى، — شۇڭا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا خەۋەر قىلساق... بىر قوراللىققا بەش ئادەم توغرا كېلىدىكەنمىز...

— بۇ قورقۇنچاقلار جورتەت قىلالارمۇ؟ — دېدى ھېكمەت پەس ئاۋازدا، — بەش - ئونىمىز ئېسىلىپ، قالغانلار ئالدى - كەينىگە قارىماي تىكىۋەتسىچۇ؟...

— بىر تەۋەككۇل قىلمىساق بولمىدى، — كامىل جىددىي ئاگاھلاندۇردى، — لاسكويغا كىرىپلا قالساق، ساق چىقالمايمىز...

ئۇلار پىچىرلىشىۋاتقاندا، ئارقىسىدىن بىرسى ھېكمەتنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتتى. بۇ مەكتەپنى قوغداشقا قالغان ئون قورالنىڭ بىرسى ئابلىز ئىدى. ئۇنىڭ بويى پاكار ھەم ئۆزى قاتاڭغۇر، ئورۇق بولغاچقا، ئۇنى «ئابلىز كىچىك» دەپ ئاتىشاتتى.

— بىر مىلتىق ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭلا، ھەممىمىز ياتىمىز... — دېدى ئابلىز ناھايىتى تېزلا، — بەشتاش تۆگمەن ئەتراپىدا...

ئەھۋال چۈشىنىشلىك ئىدى... كامىل، ھېكمەتلەرمۇ بۇ خەۋەرنى ئالدىدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇلار بەشتاش تۆگمەن يېنىغا كېلىپ بولغىچە، سەپنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بۇ خەۋەر تارقىلىپ بولدى. ئىككى تەرەپنى قورشاپ كېتىۋاتقان قوراللىقلارنىڭ كۆپلىرى مۈزلاپ كەتكەنلىكتىن، قوللىرىنى يەڭلىرىگە تىقىپ، قوراللىرىنى قولتۇقلىۋالغانىدى. بەشتاش تۆگمەنگە يېتىپ كېلىش بىلەن، ئەسىرلەر توختىدى. مەتتۇردى پاناق سەپنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، كىشىلەرنى ئاپانچىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپ، «توختى قۇربان دېگەن قايسىڭ؟» دەپ ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇ، ئەسىرلەرنى قورقىتىش ئۈچۈن، نەچچەيلەننى نەق مەيداندا ئېتىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن ۋە مىنبەڭلاردىن بولۇپ سەپنىڭ ئالدىغا ئون ئىككى ئادەمنى تارتىپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ھېكمەت بىلەن توختى قۇربانمۇ بار ئىدى. مەتتۇردى پاناق توختى قۇرباننى كۆرسىتىپ بەرمىسە، ئۇلارنى ئاتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇ چاغدا، يېقىنلا يەردە «تاڭ» قىلغان بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسىرلەر تۇرغان جايىغىلا يىقىلدى. مەيداندا قوراللىقلارلا چوقچىيىپ چىقىپ قالغانىدى. شۇ ھامان، تەرەپ - تەرەپتىن پىلىموت بىلەن يېرىم ئاپتومات مىلتىقنىڭ ئاۋازلىرى تاتىلداپ، ئاياقچى مەھەللىسى ۋە بەشتاش تۆگمەن ئەتراپىدىكى ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەردىن ئادەملەر قارا چۈمۈلىلەردەك يامراپ چىقتى. بىرقانچە ئادىمى ئوق يەپ يىقىلغاندىن كېيىن مەڭدەپ قالغان لىيەنزۇڭنىڭ ئادەملىرى قوراللىرىنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى. مەتتۇردى پاناقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلارنىڭ ياردىلى بولغان ۋە ئۆلگەن ئادەملىرى يول ئۈستىدە سونايلىنىپ ياتاتتى، قولغا چۈشكەن سەككىز ئادىمى قوراللىرىنى تاشلاپ تىزلانغىنىچە، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يىغلاشماقتا ئىدى. قۇتۇلغان دېھقان مىنىبىگىلار يوپۇرۇلۇپ كەلگىنىچە، ئۇلارنى ئۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى بىردەمدىلا تونۇغۇسىز قىلىۋەتتى. ئەگەر مەتمۇسا باشلىق قوراللىقلار توسمىغان بولسا، ئۇلار قولغا چۈشكەنلەرنى شۇ جايىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

— بىرنېمە بولۇشمىغانلا؟ — دېدى مەتمۇسا كامىل بىلەن ھېكمەتلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، — مۇشۇنداق پىلان قىلمىغان بولسام، مەكتەپتە ئادەم نۇرغۇن، ئۆلۈم - يېتىم كۆپ بولاتتى، شۇنداقلا ئۇلارغا كۈچىمىزمۇ يەتمەيتتى.

— قالتىس پىلان بوپتۇ! — كامىل مەتمۇسانىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، — مەن تېخى ئادەمىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ، پولات زاۋۇتىدىكى قوراللىقلارمۇ يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

— نەدىكىنى؟ ھەممىسى ئاياقچى مەلىنىڭ دېھقانلىرى، ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشىپ، باراڭ كۆرسىتىشكە ئەسقاتتى. . .

شۇنچە چوڭ ئىش تەۋرەتكەن مەتمۇسا خۇشال بولۇشىنىڭ ئورنىغا خاپىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ پېيىگە چۈشكەن تۈلكىنى قاچۇرۇپ قويغان ئوۋچىدەك جىلى بولۇپ قالغانىدى، كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى. مۇراتنىڭ: «مەتمۇسانىڭ قوراللىقلار سېپىگە كىرىشى خالىقتىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالغان كامىل ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق نەزەرىدە قاراپ قويدى.

مەتمۇسا، ئابلىز كىچىكلەر ئەسىرلەرنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مىنىبىگىلار توپ - توپ بولۇشۇپ كەينىگە قايتتى. ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر مىنىبەگ كامىلغا يانداپ كېلىپ، ھىڭگىدە ھىجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى تونۇشتەك قىلاتتى.

— مەن سېنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ — دېدى كامىل مىنىبىگىغا.

— ئۆزلىرى ئەلنامەدە تۇرغانىيا! — مىنىبەگ ئولجا ئالغان مىلتىقىنى پات - پات سىيلاپ قوياتتى، — ئۇ ۋاقىتىدا مەن ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردا ئىدىم. . .

— مۇنداق دېگىن، رەجەپكام، گۈلنىساخان ئاچام، قادىر پاخلان، تۇراخان كوت - كوتلار تىنچلىقتۇ؟

— ھەممىسى ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، گۈلنىساخان ئاچام سىلىنىڭ تۆسپىلىرىدىن

ئېرى بىلەن يارىشۋالدى. هازىر ئىككى بالىسى يېنىدا، — مىنىبىڭ گەدىنىنى قاشلىدى، — ئاممىزە، شىياۋدۇيجاڭ رەجەپ كارنايىنىڭ سوقما ئۇچىيىنى كېسىپ ئېلىۋەتتى. هازىر ئۆيىدە ياتىدۇ، پات - پاتلا سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىدۇ.

— بەك سەت ئىش بوپتۇ، ئۇقماپتىمەن ئەمەسمۇ! — مەن ئەلنامەدىكىلەر بىلەن كۆزدە كۆرۈشكەنچە. ئەتىلا بىر يوقلاپ قوياي، — كامىل ھېكمەتكە قارىدى، — سېنىڭ رەجەپكامنى بىر كۆرگۈڭ بار ئەمەسمىدى؟

— شۇنداق! ياخشى پۇرسەت بولدى.

ئۇلار مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندە، پولات زاۋۇتىغا كەتكەن قورالىقلار قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، مەكتەپ مەيدانىغا يىغىلىپ: «قانغا قان، جانغا جان!» دەپ شوئار توۋلاۋاتاتتى.

ئايغاقچىلارنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، «يوقاقۇنغا ھۇجۇم قىلىپ كۆپ چىقىم تارتقان خالىق ئاتچوپىنىڭ ئىلەك يارلىقى بىلەن قاشى كەنتىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن دېگەن خەۋەر تارقالدى. ئەسلىدە قاشىمۇ لايقا ۋە توسالالا گوڭشېسىنىڭ ئىسيانكارلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان كىچىك بىر ئىستىھكام ئىدى. ئۇ يەرنى ئون بەش قورالىق ساقلايتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەتمۇسا دەرھاللا شتاب ئىشخانىسىغا كىردى. بۇ چاغدا، مەخمۇت بىلەن جۇ رۇڭفا قارشى ئىستىھكامنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇ يەرگە بىر ئەترەت قورالىق كۈچ ئەۋەتىشنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى. مەتمۇسا: «مەنمۇ ئۇ يەرگە قەتئىي بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، جۇ رۇڭفا ئون ئادەمنى تاللاپ، ئۇنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى...

ئەتىسى كامىل بىلەن ھېكمەت گوڭشې سودا ماگىزىنىغا بېرىپ، قەنت بېلىتى بولمىغاچقا، نۇرۇممىتاخۇنغا يالۋۇرۇپ، تۆت بولاق نورمىسىز قەنت ئالدى. ئۇنىڭغا ئاق نان ۋە كەسمە چۆپتىن ئىككى باغلامنى قوشۇپ، ئەلنامەگە كەتتى. ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى. ئەتراپنى ئاپئاق تۇمان باسقان بولۇپ، دەل - دەرەخلەرنى، يول بويىدىكى قۇرۇق ئوت - چۆپلەرنى گويا ئۇلار چېچەكلەپ كەتكەندەك قىراۋ باغلىغانىدى. كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ نازۇك چىۋىقلىرى خۇددى ئاق يىپەك تالالار ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئاق قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن قىرلىق تەلپەكلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ كېتىشىۋاتاتتى.

— كامىل، — دېدى ھېكمەت قولاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، — ئەمدى مۇراتنى

تومىساق بولمىدى. ئۇ، ئۆچ ئالىمەن دەپ، جېنىنى سېلىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ. يۇقاقۇندا بولغان ئۇرۇشتا ئۇنى مەتمۇسا قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەپتۇ. بولمىسا...

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئۆلسىمۇ، زادى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ئۆلىدۇ دېمەمسەن! پۈتۈنلەي ساراڭلىق! تىنچ خەلقنى ئىتتەك تالاشقا سېلىپ قويۇشتى... — كامىل تەنە بىلەن كۈلدى، — بۇ يەردە كىملەرنىڭ دۇر تالىشىپ، بىر - بىرىمىزگە قان چېچىۋاتىمىز...

— هازىر هەر ئىككىلا تەرەپباز تەشكىلات ئۆلتۈرۈش، بۇلاش - تالاش ۋە ئۇرۇپ - چېقىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ئىش قىلىپ، ھەممە تەسكىلىكلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى، — دېدى ھېكمەت، — بۇنىڭ ھېسابى بولماسمۇ؟... ئاخىردا ئاچچىق ئۈچەينى سىيرىغاندەك بىر سىيرىيدۇ - دە، قايتا ھېساب بېرىش باشلىنىدۇ.

ئۇلار پاراڭ بىلەن ئەلنامەگە يېتىپ كەلدى. كامىل دادۇي ئىشخانىسىدىن ئۆتۈپ، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ دورىخانىسى ئالدىغا كەلگەندە، ھېلىقى بورانلىق كېچىدە كىتاب، رېتسېپ ۋە دورا ئوغرىلىغان ئىشنى ئەسكە ئالدى. ئەگرى - بۈگرى توپىلاق يوللار، ئېتىز - ئېرىقلار، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىس چىقىۋاتقان پاكار ئۆيلەر، ئۆزىگە تونۇش چىرايلار، ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى دېھقانلار بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى يادىغا سالدى...

كامىل تونۇش دەرۋازىنى ئىتتىرىپلا ھويلىغا كىردى. رەجەپ كارناي ئوچاقتىكى ئوتقا مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ كامىلنى كۆرۈپ خوش بولۇپ كەتكىنىدىن، بېقىنىنى تۇتۇپ ئارانلا تۇردى - دە، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ھېكمەت بىلەن قول ئېلىشتى. گۈلۋەرىخان ئىشقا چىقىپ كەتكەنىدى. كامىل رەجەپ كارنايىنىڭ داستىخان سېلىشىغا يول قويمىدى. ئۇلار بىر چاغلاردىكى ئىشلار ۋە ھازىرقى بولۇۋاتقان ئىنقىلاب ھەققىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، كامىل ناسىراخۇن ساپايىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ۋە گۈلنىساخاننى يوقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— ناسىراخۇن ساپايىنى ئىنىسى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ كېسەل ئايالىمۇ قازا قىلدى، — دېدى رەجەپ كارناي بېقىنىغا ئالقىنىنى قويۇپ، — بىر يىلغا قالماي، توقسان ياشلىق بوۋايمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككى قىزى بولسا تۇغقانلىرىنىڭ

ئۆيىده. . . بارغانلىرى بىكار. . .

رەجەپ كارناي ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقتى. كامىل ھېكمەتتىنى گۈلنىسا-خاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. يولدا كېلىۋېتىپ، بۇ بىچارە ئايالنىڭ سەرگۈزەشتىلە-رىنى ئۇنىڭغا قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ھويلا ئەتراپى بۇرۇنقىدەك ۋەيرانە، ئۇچۇقچىلىق ئەمەس ئىدى. تاملار سوقۇلۇپ، ئىشىك بېكىتىلگەنىدى. كامىل ئۆزى بىر يىل ياتقان قازناقتا، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ ئامۇتقا بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ قالدى. بۇ ئامۇت باھار كېلىشى بىلەن ئاپئاق چېچەكلەپ كېتەتتى. ھويلىدىكى شەپىنى ئاڭلىغان گۈلنىساخان ئۆيدىن چىقتى ۋە كامىلنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن مەڭدەپ قالدى بولغاي، ئالمان - تالمان بېشىدىكى ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئېتەكلىرىنى قاقتى:

— ۋاي خۇدايىم، كامىل مۇئەللىمغۇ بۇ؟ — گۈلنىساخان ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، — قېنى ئۆيگە كىرسىلە، توۋاپ كەتكەنلا، مۇنۇچ قەۋەتلا سوغ بولۇپ كەتتىيا؟. . .

ئۇلار بوسۇغىدا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. گۈلنىساخان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ داستىخان سالدى، كاڭ ئوچاقتىكى ئوت ئۈستىگە مەدەك سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتى. ئاندىن چاي دەملىدى. ھازىر ئۇنىڭ بۇرۇنقى چۈشكۈنلىكى، ئۇندىمەسلىكى، ئېغىرلىقى قالمىغانىدى. ئۆزىمۇ تولۇپ سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— قېنى، قىزىق - قىزىق چاي ئىچىشسىلە، ئىسسىق باسىدۇ، — دېدى گۈلنىسا-خان كاۋا ئارىلاشتۇرۇپ ياققان زاغرىنى ئۈشتۈۋېتىپ، — بالىلارنىڭ دادىسى ھارۋا ھەيدەپ چىقىپ كەتكەن، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

— ئوبدان تۇرۇپلا گۈلنىساخان ئاچا، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — قارىسام، چىرايلىرىمۇ تۈزۈلۈپلا قاپتۇ. . .

— ۋاي مۇئەللىم، بۇمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھىممەتلىرى، — گۈلنىساخان يېشىغا ماس كەلمىگەن چار چاچلىرىنى ياغلىق ئىچىگە يوشۇردى، — ئۆزلىرىدەك مۇرەببىيم بولمىغان بولسا، ماڭا بۇ كۈنلەر نېسىپ بولارمىدى؟ بالىلارنىڭ دادىسى بىلەن يارشۇالدىم. ئىككى بالام قېشىمدا، ئۇلار ئوقۇۋېدۇ. لېكىننزە، ئېرىمنى «قاشى»لىقلار ھازىرغىچە قويۇپ بەرمەي، ھارۋىكەشلىككە سېلىۋاتىدۇ.

— بوپتۇ، قاشى بىلەن ئەلنامەنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغاندىن كېيىن، ئىشلىگەچ تۇرسۇن، — دېدى كامىل ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — كېيىنچە، ۋەزىيەت

ئوڭشالغاندا، ئەلنامەگە كېلىۋالامدۇ؟

— ھېلىمۇ شۈكرى مۇئەللىم، مىڭ قەتلىك شۈكرى...

پاراڭ قىزىۋاتقاندا، سىرتتىن گۈلدۈرلىگەن، تا - تاتلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇلار يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتى. بۇ ۋەھىمىلىك ئېتىشىش قاشى كەنتى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، خالىق دېگىنىنى قىلغاندى. كامىل، ھېكمەتلەر گۈلنىساخان بىلەن خوشلىشىپ چوڭ يولغا چىقتى. قاشى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەملەر قېچىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا قان يوق، بىر - بىرىگە باقماي شۇنداق يۈگۈرۈيتتىكى، يىقىلىپ كەتكەنلەرنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتسە كېتەتتىكى، يۆلەپ قوياي دېمەيتتى. قاچقانلارنى كۆرگەنلەرمۇ ھېچنېمىنى ئۇقمايلا سەپكە قېتىلاتتى. بۇ ھال خۇددى تاغدىن پەسكە دومىلىغان بىر تال تاشنىڭ نۇرغۇنلىغان تاشلارنى قوزغاپ، ئاخىرى تاش - بوران ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشايتتى. ھېكمەت ئىچىدە: «ئادەم ھۈركە-سە، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ھۈركىيدىكەن - دە...» دەپ ئويلىدى. مىلتىق ئاۋازلىرى بىرىم سائەتتەك داۋاملىشىپ توختاپ قالدى. كامىل بىلەن ھېكمەت قاشىدا نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش نىيىتىدە، يۈگرىلاپ ماڭدى. ئەلنامە بىلەن قاشىنى بىر يارلىق ئىچىدىكى يايسىمان يول ئايرىپ تۇراتتى. ئۇلار ئالدىنى كۆزەتكەچ، قاشى يارلىقىغا چىقتى. يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئېشەككە ئوتۇن ئارتقان بىر دېھقان يولۇقتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، «دۈشمەن»لەر دادۋي بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئارىلىقىدا بىردەم قوغلاشما جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ يارلىق ئىچى بىلەن غايىب بوپتۇ. كامىل بىلەن ھېكمەت يۈگۈرۈشۈپ داداۋي ئىشخانىسىغا كەلدى.

ئەسلىدە خالىقنىڭ قوراللىقلىرى ئىككى قاراۋۇلنى جايلىۋېتىپ، باغ، ھويلا تەرەپ-تىن بىر يولىلا ئوت ئاچقاندى. ھېلىمۇ ياخشى، جۇ رۇڭفا باشلىق قوراللىقلار ئۆتەشمە قىلىنغان ئىككى ئۆينىڭ ئىچىدە يەردە ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يەۋاتقان-كەن. دېرىزە ۋە پەنجىرلەردىن كىرگەن يامغۇردەك ئوق ئۇلارنىڭ باش ئۈستىلىرىدىن ئۆتۈپ تاملارنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى. ئۆيدىكى قوراللىقلار ئوت كۈچىنى مەر-كەزلەشتۈرۈپ، دېرىزە ۋە ئىشىك يوچۇقلىرىدىن ئېتىشقا باشلىغاندا، جۇ رۇڭفا، مەتمۇسا قاتارلىق بىر قىسىم قوراللىقلار ئىشكتىن ئوقتەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، تال بوستاننى ئىھاتە قىلغان كالتە تام تۈۋىگە بېرىۋالغانىدى. بۇ چاغدا، ئۆي ئىچىدىكىلەر تۆگلۈكتىن ئۆگزىگە چىقىپ، قارشى تەرەپنى دەھشەتلىك ھالدا ئوققا تۇتۇپ، باش

كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار كاۋا بارىڭنىڭ جازىلىرى، مال قوتانلىرى، تەرەتخانىنىڭ قۇرۇق تاملىرى ئارىلىرىدا قوغلىشىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئەتراپىدا قاتتىق تۇتۇشقاندىن كېيىن، خالىقنىڭ قوشۇنلىرى قېچىپ كەتكەنىدى...

بۇ قېتىمقى كالتە جەڭدە، جۇ رۇڭفانىڭ ئۈچ ئادىمى چىقىم بولۇپ، بەشى ئېغىر يارىدار بوپتۇ، ئۆزىنىڭ بىر كۆزى گرانات ئوسكۇلكىسىدا قۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. مەتمۇسا-نىڭ سول قېشىنىڭ ئۈستىنى ئوق جىجىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ پېشانىسىنى داكىدا تېڭىۋالغانىدى. بىراق ئۇنىڭ چىرايى بەشتاش تۈگمەن ئەتراپىدىكى جەڭدىكىدىنمۇ بەكرەك تۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، دادۋي ئالدىدىكى سۇپىدا مىلتىقىنى قۇچاقلاپ، خىيالغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كامىل بىلەن ھېكمەت يۈگۈرۈپ شۇ تەرەپكە كېتىپ قالدى. مەكتەپ مەيدانىدا ئوقۇغۇچى ۋە دېھقانلار غۇژمەكلا دۈۋىلىشىۋالغانىدى. سورۇن ئوتتۇرىسىدا، قاپقارا ساقاللىق بىر ئادەم سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بالىنىڭ جەسىتىگە چاپلىشىپ يىغلاۋاتاتتى. بىھوش بولۇپ قالغان ياشقىنا بىر چوكاننى بىرنەچچە ئادەم يۆلەپ تۇراتتى. قارا ساقاللىق ئادەم ئاۋازى پۈتۈپ كاركىراپ قالغان بولسىمۇ، نالە قىلىپ يىغلايتتى:

— جېنىم بالام، تېخى ئاغشاملا خانىم مېنى ماختىدى دېمەپمىدىڭ؟... چىراغ-نىڭ يېغى تۈگىدى دېسەم، كىتاب ئوقۇپ بېرەي دەپ يالۋۇرغانتىڭغۇ بالام؟ كۆزۈڭنى ئاچقىنا بالام... بۇ نەدىن كەلگەن بالا - قازا بالام؟... كىملەر سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بولدى بالام؟...

بىرنەچچە دېھقان ساقاللىق ئادەمنى نەستە يۆلىدى. بالا قوللىرىنى تاشلاپ، مۇش-تۇملىرىنى تۈگكەن ھالدا، ئوڭدىسىغا ياتاتتى. پۈرلىشىپ كەتكەن ئېلىپبە كىتابى ئۇنىڭ ئاستىدىن يامراپ چىققان قانغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، كىتابنىڭ تيەنئەنمېن سۈرىتى بېسىلغان بېتى قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەنىدى. يۇقاقۇندىكى ئون بىر ياشلىق قىزغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ، بۇ رەزىل دۇنيانى كۆرگىسى كەلمىگەندەك، كۆز قارىچۇقلىرىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى...

ئەتىسى بوستان دېھقان ئىسيانكارلىرى سىلىڭبۇسىدا: «مەتمۇسا قېپ-چىپ كېتىپتۇ»، «شەرمەندە باۋخۇاڭلارغا تەسلىم بوپتۇ...»، «ئاكىسى خا سىلىڭ يوشۇرۇن خەت كىرگۈزگەنىكەن...» دېگەن ئەپقاچتى گەپلەر تارقالدى. كەچ

تەرەپتە، مۇرات ئاستا ئاسقاقلاپ كامىلنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ياتاقتا ھېكمەتمۇ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. مۇرات كارىۋاتقا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دوستلىرىغا ئېغىر نەزەردە قارىدى. ئاندىن بوشراق يۆتىلىپ قويدى.

— مەتمۇسا ئاخشام دوختۇرخانىغا مېنى يوقلاپ بېرىپتىكەن، — مۇرات يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ كامىلغا سۇندى، — بۇنى ئۇ قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپتۇ. مەنمۇ بايىلا ياستۇقۇمنىڭ تېگىدىن تېپىۋالدىم. . .

خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«مۇرات ئېسىڭدىدۇر؟ بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى سەمەندەر زەنجاڭ-نىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا ئۇرۇشۇپ قالغىنىمىز؟ مانا شۇنىڭدىن كېيىن، مەن كۆپ ھاماقەتلىكلەرنى قىلدىم. ئەمدى كېتىش ئالدىدا، سېنىڭدىن ھەم زۇمرەتتىن كەچۈرۈم سورايمەن. . . نېمە ئۈچۈن دەمسەن؟ چۈنكى، مۇشۇ كېتىشىم بىلەن، قايتىپ كېلەلەمدىم - كېلەلمەمدىم، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەي-مەن. ئويلاپ باقسام، تۇرمۇشنىڭ قىزىقى، كۆڭۈللۈك بولۇشى، ئۆمۈرنىڭ مەنالىق، شېرىن ئۆتۈشى پەقەتلا چىن دوستلۇق بىلەنلا بولىدىكەن! سېنىڭ بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇقراق قان كېچىپ، جەڭلەردە بىللە بولدۇق. . . ئاشۇ قان ھىدى بۇخسىغان، ئەجەل سوغۇق قوللىرىنى سوزۇپ تۇرغان، ئۆلۈم بۇرنىغا پۇراپ تۇرىدىغان ۋەھىملىك، سۈرلۈك مىنۇتلاردىمۇ كۆڭلۈم توق، كەيپىم چاغ يۈرگىنىمگە ھازىر ھەتتا ئۆزۈممۇ ھەيران بولىمەن! نېمە ئۈچۈن؟ . . . چۈنكى يېنىمدا سېنىڭدەك دوستۇم بار ئىدى! سېنىڭ ياسىما قوپاللىقىڭ، ئاچچىق ھەم قىرتاق چاقچاقلىرىڭ، غەرەزسىز تىللاشلىرىڭ. . . مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى، دىلىمنى يورۇتتى. . . شۇندىلا ئادىمىيلىك كوچىسىنىڭ نەقەدەر مەنالىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. . . بۇ چاغقىچە باسقان يولۇمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، ھاياتىم توزغاقتەك توزۇپ ئۆتۈپتۇ، تالى مەجنۇن پوتلىسىدەك، مەناسىز ھەم قەدىر-سىز بولۇپ، قاياقلارغىدۇر غايىب بوپتۇ. . . يوغانراق مەنسەپ، باشقىلارنى قاساپ يېگۈدەك ئىمتىياز، ئاجىزلەرنى دەپسەندە قىلىدىغان شەھۋانىي نەپسىم ئۈچۈنلا ئات ساپتىمەن. بۇ يولدا، ۋىجدان، كۆڭۈل، دوستلۇق، دىيانەت

دېگەنلەرنى ئۇنتۇپتىمەن. . . دۇنيانىڭ ئۇلارنىڭ ئارتۇق بايلىقىنىڭ يوقلۇقىنى زادىلا ئويلاشماپتىمەن! گەرچە خالىق مەندىن كىچىك بولسىمۇ، پەقەت ماڭا كىچىككىنە ئەمەل بەرگىنى ئۈچۈن، نومۇس قىلماي ئۇنى «ئاكا» دېدىم. . . ئۇ تېپىپ، دۈشكەللەپ، خارلاپ تۇرسىمۇ، ئايىغى ئاستىدا كۆچۈكتەك سوۋاندىم، يىلىندىم، كىشكىشلىسە، باشقىلارنى قاۋىدىم. . . ، خالىق زۇمرەتنى ماڭا ساتقاندا، «ئۇ بىر مال بولمىسا؟» دېمىدىم! ئۇ كامىلنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن (مەن بۇنى كېيىن قارىقاشلىق بىر ئوغرىدىن ئاڭلىدىم)، پۇللىرىمنى ئىككى - ئۈچ نۆۋەت بۇلاپ ماڭغاندا، غىڭ قىلمىدىم. بىراق، مەن نەفسەگە كىرگۈزۈلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئىشىنى ئىككى قېتىم بۇزۇپ قويغىنىم ئۈچۈن، ئۇ مېنى مىنبەڭلارغا تاشلاپ بېرىپ ئېسىپ ئۆلتۈرغۇزدى. ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ كۆرەش مەيدانىدا ئون بەش كۈن كۆرەش قىلىپ، مېنى خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق ۋە پارىخورلۇقتا ئەيىبلەپ، ئۆيۈمنى مۇسادىرە قىلغۇزدى.

مۇرات، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنى ئويلىسام، گۆرگە تىرىكلا كىرىۋالغۇم كېلىدۇ. مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەرزىمەس ھاياتىمنى بىرلا كىشىگە ئاتاپ قويدۇم. . . ئايىغاق ساقاللىق قېرىلارنىڭ، قورۇق باسقان چىشسىز موماي لارنىڭ كۆز ياشلىرىنى، ياش ھەم نارەسىدىلەرنىڭ قىپقىزىل قانلىرىنى كۆرۈۋېرىشتىن بىزار بولدۇم. . . قانداقتۇر بىر ئەمەلدارلارنى تالىشىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ، قان تۆكمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىممۇ ئازمۇ؟ مۇرات! . . . راست گەپنى قىلسام، قەدىر - قىممەتسىز، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز نەپرەت بىلەن ئەسكە ئالىدىغان بۇنداق قانخورلۇقنىڭ، ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىقنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇۋاتىمەن. . . ماڭا قانداقتۇر ئىتاچىلار بىزنى تالاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ. . .

مۇرات، مەن مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن، بىر مەلئۇننىڭ نەق يۈرىكىگە كىرمەكچىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك خۇشامەت قىلسام ئەرزىيدۇ. لېكىن، خاتىرجەم بول، مەن ئەمدى ئۆز ئادەملىـ

ـرىمنى ھەرگىز ئوقۇپ يەم قىلمايمەن. . .

ئەرزىمەس بۇرادىرىڭ: مەتمۇسادىن. »

مۇراتنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتكەندى. چۇنكى «قىپقىزىل قانلارنى كۆرۈشتىن بىزار بولدۇم» ، «ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۇرۇشكە قولۇم بارماس بولۇپ قالدى» ، «كەلگۇسى ئەۋلادلىرىمىز نەپرەت بىلەن ئەسكە ئالىدىغان» دېگەن سۆزلەر خۇددى ئوتلۇق خەنجەردەك ئۇنىڭ يۇرىكىگىمۇ قادالغانىدى. . .

# قىساسكارلار

ليەنزۇڭ دېھقانلار سىلىگبۇسىنىڭ شتاب ئىشخانىسى. ئىككى ئادەم جەينەكلىرىگە بېشىنى قويغىنىچە، ھەربىيچە جۇۋىلىرىغا يۆگىنىپ، كارىۋىتىدا تاماكا چېكىشمەكتە ئىدى. مايسىرەڭ شىرىق چاپىنى ئۇستىدىن كەڭ كەمەر باغلىغان، قاپقارا چاچلىرى پارقىراپ، چوڭ كۆزلىرى قىسىلغان ھالدا تورۇسقا تىكىلىپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭ، قاملاشقان ئادەم خالىق سىلىڭ ئىدى. خالىققا يانتۇ قاراپ ياتقان، ھەربىيچە كىيىملىرى ئۆزىگە خوپ كەلمىگەن، كەمەر ئۇستىدىن قورسىقى ئېسىلىپ تۇرغان، خۇددى پۇلـ ـگەن دوۋساقتەك كۆرۈنىدىغان دومىلاق كىشى كېرىموف ئىدى. ئۇ ھازىر زاۋۇت، ئىدارە ـ جەمئىيەت، كان ـ كارخانىلاردىن ئۇيۇشقان «قاتتىق سۆڭەك ئىشچىلار تۈەنى» نىڭ تۈەنجاڭى بولۇپ، كۆپىنچە پولات زاۋۇتى ۋە سۇ ئىدارىسىدىكى «ۋاڭبا باندىتلىرى» بىلەن ئېلىشاتتى. سۇ ئىدارىسىنى يەتمىش كۈن قورشاشتا، ئۇنىڭ تۈەنى ئالدىنقى قاتاردا رول ئوينىغانىدى. خالىق بوستانغا ھۇجۇمغا ماڭغاندا، كېرىموف ھەر قېتىم: «خا سىلىڭ، ئىككىلىمىز تەقدىرداش، ماڭا پۇرسەت يار بەرمەيدۇ. بۇرادەرلىكىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن، ھېكمەتنى ئەسىر ئېلىپ، مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولساڭ! ئەڭ بولمىسا، مەن ئۇچۇن بىر پاي ئوقنى ئايىمىغان بولساڭ! . . . » دەپ يالۋۇراتتى. خالىقمۇ: «كۆڭلۇڭنى توق تۇت، ھېكمەتـ ـنىلا ئەمەس، سېنى ناھىيىگە، سوتقا، ھاكىمغا چېقىپ، ھەممە نەرسەڭدىن ئايرىـ ـۋەتكەن، سەت ھاقارەتلەرگە قويغان كامىل، مۇراتلارنىمۇ ئېسىمدىن چىقىـ

رىۋەتكىنىم يوق. . . » دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇراتتى. لېكىن، كېرىموف خالىق-
نىڭ ئۆز رەقىبى بولغان كامىلنىلا يوقىتىش، شۇنداقلا بوستاننى ئالقىنىغا ئېلىپ،
نەفسەنى قولغا كىرگۈزۈشتەك نىيىتىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپمۇ
كەتمەيتتى. مەتتۇردى پاناقنىڭ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى
ئاڭلىغان كېرىموف لاسكويدا بىر كېچە كىرپىك قاقماي ساقلىغانىدى. كىم بىلىپتۇ،
ئۇ پاناقنىڭ پوتلا - مىشقىنى ئېقىتىپ قېچىپ كېلىشىنى! . . .
— كې تۆەنجاڭ، — دېدى خالىق تورۇسقا قادالغىنىچە، — بۇ ئىشقا ئۇنچىۋالا باش
قاتۇرۇش كەتمەيدۇ. بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە نەچچە يۈزلىگەن مىنبىڭلار ۋە قورالىق-
لار بار، كىم - كىمنى تونىيالايدۇ؟ . . . بىر كېچىدە دېھقانچە ياسىنىپ، يېرىم
ئاپتومات مىلتىقتىن بىرنى ئېسىپ، ئىلەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي، ئۆستەڭنىڭ مۇز
توڭلاپ كەتكەن ئەپلىك يېرىدىن ئۆتۈپ، يوشۇرۇنۇپ بېرىۋالساڭ بولمامدۇ؟ . . .
مەكتەپ بېغىدىكى ئېرىقلارنىڭ بىرسىدە ماراپ يېتىپ ئۇ ئۆيىدىن چىققان
ھامان. . .
— كېچىدە تونىغىلى بولارمۇ؟
— ئۇنىڭ يەڭ ۋە پەشلىرىگە ئاق جىيەك تۇتۇلغان، ئاق ياقىلىق پالىشۇپكىسى
بىر كۈنلۈك يەردىنمۇ كۆرۈنىدۇ. . .
— مىلتىقنىڭ ئاۋازى چىقىشى بىلەن، قوراللىقلار قوزغىلىپ كەتسىچۇ؟
— ساددىكەنسەن، چوشقا قوتىنى، ئوغۇللار ياتىقى، قىزلار ياتىقىنىڭ ئۆگزىلىرى-
دىن لاسكوي تەرەپكە قارىتىپ داۋاملىق ئوق ئېتىشىۋاتسا؟ قايسى بىرسىنى پەرقلەندۈرە-
لەيدۇ؟ ئۇلار ھېكمەتنى قوتقۇزۇش بىلەن بولۇپ قالغاندا، سەن ئاللىقاچان ئاتچۆي
ئۆستىڭىدىن ئۆتۈپ، خىرامان قايتىپ كەلگەن بولىسەن. . .
كېرىموف تاماكا ئىسىنى تورۇسقا قارىتىپ ھالقا - ھالقا چىقارغىنىچە، جىمىپ
قالدى. ئۇ، خالىقنىڭ دېگەنلىرىنى غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. توغرا، بۇ سەل خەتەر-
لىكرەك كۆرۈنگىنى بىلەن، قاملاشتۇرالىسا، بولىدىغان پىلان ئىكەن. بولسا يالغان
ساقال - بۇرۇت تاقىۋالسا، تېخىمۇ ئەپلىك بولغۇدەك. . . يۇقاقۇن ئۇرۇشىدا ئەسىرگە
ئېلىنغان ۋاڭباۋالارنىڭ قىزىل يەڭ بەلگىسى نەدە قالغاندۇر؟ . . .
— خا سىلىڭ، ئۆتكەندە ئەسىرگە ئېلىنغان باندىتلارنىڭ خۇڭۋېيبىڭ بەلگىسى
بارمۇ؟ — كېرىموف ئورنىدىن تۇردى، — بولسا ماڭا بېرىڭ. . .

— قانداق؟ كاللىدىن ئۆتتىما؟ — خالىق كۈلۈۋەتتى، — ئۇلار ئۆلدى. يەتتىسىنى قان كېيىملىرى بىلەنلا كۆمۈۋەتتىغۇ دەيمەن. . . لېكىن، مەندە ئۇنداق نېمە ساماندەك كۆپ. چۈنكى، رازۋېدچىكلىرىمىزغا بەك لازىم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ . . .

— ئاڭلىسام، بوستانغا يەنە يۈرۈش قىلىدىغان ئوخشايسەن، بەلگىدىن بىرنى هازىرلا بەرگەن بولساڭ!

خالىق ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇردى ۋە بىر كېرىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشكاپنى ئاچتى. ئۇ: «يۈرۈش قىلمىساق بولمايدۇ. . . » دېگىنىچە، «بوستان دېهقان ئىسيانكارلىرى سىلىگبۇسى» نىڭ خۇگۇۋېيىبىڭ بەلگىسىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى.

— ناهايىتى ياخشى بولدى. سەن قاچانغا تايىن تاپتىڭ؟ . . .

— ئەتە! . . . بۇ قېتىم ئۇ باندىتلارنىڭ نەق بېقىنىدا ئوۋ ئوۋلايمىز.

— نەدە؟

ئىشىكنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن، ئۇلارنىڭ سۆهبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىشخانىغا بېشىغا تىك قاسقانلىق پىرىداق كىيگەن، ئېگىز بوي، بەدىنى تولغان، كۆزلىرى ئىتتىك، ئەمما چىرايىنى قارا ـ قۇرا داغ هەم تارتۇقلار قاپلىۋالغان بىر ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ياش تۇرۇپلا بۇزۇلغان چىرايى هەم تۇرۇلگەن قاپاقلىرىدىن، خۇددى چوقۇيدىغاندەك تىكىلىپ قاراشلىرىدىن، قاراملىقى، جەسۇرلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

— هە، ئابدۇنەيىم، نېمە ئىشىڭ بار؟ — دېدى خالىق مۇرىسىدىكى ۋۇجۇاڭدەيىنىڭ تاسمىسىنى ئوڭلاپ، — شورباغنى چارلىغىلى كەتمىگەنمىدىڭ؟ . . .

— ئەترەتتىكى باللار بوستان چېگرىسىدا قالدى، — ئابدۇنەيىم كېرىموفقا ئالىيىپ قويدى، — چېگرىدىن بىز تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەن بىر قورالىقنى تۇتۇۋالغاندۇق. ئۇ «خا سىلىگنىڭ ئىنىسى بولىمەن. . . » دېگەچكە، ساق ئېلىپ كەلدىم. . .

— ئېتى نېمىكەن؟

— مەتمۇسا! . . . ، قولىدا يېپيېڭى يېرىم ئاپتومات مىلتىق بار ئىكەن. . .

— مەتمۇسا؟ . . .

خالىق ئىشخانا ئىچىدە بىردەم ئايلاندى. ئۇنىڭ كاللىسىدا: «كونا رەقىبلەر پېتىشالماپتۇ ـ دە؟ ئۇچ ئەپەندى ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالماي قويارمىدى؟» دېگەن خىياللار ئۆتتى.

— قانداق، سولىشىپتەيمۇ؟ — ئابدۇنەيىم ماڭماقچى بولدى.

— ياق، ئۇنى ئېلىپ كىر... لېكىن يېنىنى ئاختۇرۇپ، تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولسىمۇ ئېلىۋال...

ئابدۇنەيىم مەتمۇسانى ئېلىپ كىردى. ئۇ كىرىپلا «ئاكا!...» دېدى - دە، يەرگە گۆپلا ئىزلاندى. خالىق ئۇنىڭغا ئېڭىشكىنىچە، بىگىزدەك سانجىلىپ بىردەم قاراپ تۇردى. ئاچچىقى كەلسە ئۇنىڭ چىرايى داتلاشقان مىستەك بولۇپ كېتەتتى.

— ھەي لالما، ۋاڭبالارنىڭ يالىقىنى يالاپ، ئەمدىزە ئايغاقچىلىق قىلىپ كەلدىڭما؟ تۇفى! — خالىق ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈرۈۋەتتى، — ئېيتە، نېمە دەپ كەلدىڭ؟...

— ئاكا، سىز ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ بۇنداق دېسىڭىز، باشقىلار نېمە دەيدۇ؟ — مەتمۇسا ئالقانلىرىدا كۆزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى، — مېنىڭ بوستاندا نېمە ئۈچۈن قالغىنىم سىزگە ئاياقتىكى قېتىقتەك ئايانغۇ!...

زۇمرەت ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، بىساتىدىن ئايرىلىپ، ھەتتا كۆتى كۆيۈپ بىرەر ئايلارغىچە ئولتۇرالماس بولۇپ قالغان مەتمۇسانىڭ مۇراتقا ئۆچى بارلىقىنى بىلىدىغان خالىق سەل ئويلىنىپ قالدى.

— قانداق، ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىدىڭمۇ؟ — سورىدى خالىق تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ.

— يۇقاقۇندىكى ئۇرۇشتا ئاتقاندىم، جان يېرىگە تەگمەپتۇ...

خالىق مەتمۇسانىڭ گېپىگە ئىشەندى. چۈنكى ئۇ يۇقاقۇندىكى ئۇرۇشتا مۇراتنىڭ يارىدار بولغانلىقىنى ئايغاقچىلىرىدىن ئاڭلاپ بولغانىدى.

— مېنىڭ ئاتقىنىمنى قانداقتۇر بىر لەنىتى بىلىپ قاپتىكەن، — دېدى مەتمۇسا يۈزىدىكى بەلغەمنى سۈرتۈپ، — مېنى ئۇرۇپ سولىۋەتكەنىدى، ئاخشام ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا، پوستنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مىلتىقىنى ئېلىپ قاچتىم... لېكىن، ئاتچويىنىڭ ئىلەك كۆۋرۈكىدىكى پوستلاردىن ئۆتەلمەي بەك چۆرگىلەپ قالدىم...

— كامىل، ھېكمەتلەرچۇ؟

— ئۇلار بەك قۇۋ نېمىلەر ئىكەن. قورالمۇ تۇتمايدۇ، ئۇرۇشقىمۇ قاتناشمايدۇ.

— ھېكمەت يېڭى خوتۇنى بىلەن قايسى ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ؟ — كېرىموف رەقىبىنىڭ ئۆيىنى بىلىۋالماقچى بولدى، — بۇرۇن گۈلزىبا ئىككىسىگە بەرگەن ئۆيدىما؟...

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلمىغاچقا، قايسى ئۆيدىلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. . .

— قايسى ئۆيدە بولاتتى؟ — دېدى خالىق ئۆزىنى ئاشكارىلاۋاتقان كېرىموفقا زەردە بىلەن، — ئاشۇ ئارقىدىكى بىر قاتار ئۇزۇن ئائىلىكلەر بىناسىدا بولمامدۇ؟ تال بوستانلىق ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلەردە زەيىندىن، ئەخمەت هوشۇر، زىكرۇللا غوجىلار بار. . .

— خا سىلىڭ، بۇ ئادەمنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئابدۇنەيىم مەتمۇساغا كۆز قىرىنى تاشلاپ.

— قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ياتاققا ئورۇنلاشتۇرغىن. . . ئاندىن ماڭا يولۇققىن.

ئابدۇنەيىم مەتمۇسانى ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى. كېرىموف خالىقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— مۇشۇ قاپىقى يامان بالىنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، لېكىن هېچ ئېسىمگە ئالالمايمەن. . .

— قانداق دەيسەن؟ — خالىقنىڭ قاپاقلىرى غۇژژىدە تۈرۈلدى.

— 62 — 63 - يىللار بولسا كېرەك. . . ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ، توغرا، گۈلزىبانىڭ ئۇكىسى بولۇشى مۇمكىن. . . لېكىن. . .

— ئۇ چاغلاردا ئابدۇنەيىم ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى بالىدە! . . . شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ يۈزى شۇنداق مېيىپمىدى؟

— مەسىلە شۇ يەردە. . . ئۇ دوپ - دومىلاق چىرايلىق بىر بالا ئىدى، — كېرىموف تاماكا ئىچىپكە ئورالغان پوجاڭزا بىلەن تۇمشۇقلىرىنىڭ تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغانىدى، — لېكىننزە، يامان شۇم ئىدى. . .

— گۈلزىبانىڭ ئۇكىسى بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى خالىق سىنەكىمەي، — بۇ بالا قارىغاش قارا سايدىن، يەتتە يېشىدا تونۇرغا چۈشۈپ كېتىپ، يۈزى كۆيۈپ كېتىپتىكەن. . .

گېپى بولۇۋاتقان ئابدۇنەيىم ئىككى يىل ئالدىدا ئەزىمەتنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن نەبى ئىدى. ئۇ، «قاتناش بېكىتىدە بىر ئادەمنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغۇل بالىنى يېغلىتىپ ماشىنىغا سالغانلىقىنى» ئاڭلىغاندىن كېيىن، پىيادە مېڭىپ، ماشىنىلارغا ئېسىلىپ، شوپۇرلاردىن تاياق يەپ، «هىمىتنىڭ چۆلى» دەپ ئاتالغان سۇسىز جەزىرىدىن

ئۆتتى. گويا ساغاننىڭ ئايدالاسىدا بىر كېچە قونۇپ، «چولاقنىڭ سېپى»نى بېسىپ ئۆتتى. قىزىل دېگەن يېزىغا يېتىپ كەلگەندە: «ئىككى ياشلار ئەتراپىدىكى بىر بالىنى كۆتۈرگەن بىر ئادەمنىڭ قارا ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدىن چۈشۈپ تاماق يېگەنلىك» خەۋىرىنى ئالدى. نەبى بالا ئىزدەپ ماڭغاچقا، كۆپىنچە يوللارنى پىيادە باساتتى. ئۇ قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، يېڭىسارلارنى ئارىلاپ، ئۇچرىغانلا ئادەمدىن ئېرىنمەي سوراپ، قەشقەرگە كەلدى. كۈن چىقاتتى ھەم پاتاتتى. . . ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇرالغۇ جاي بەرىبىر ئىدى. ئايدالا، چۆل، تاشلىق، يۇلغۇنلۇقلار ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. قاقاس سايلار، ئاسمان گۈمبىزىنى قاپلاپ كەتكەن ساناقسىز يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. كېچىلىرى شىتىر قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن پاتمىچۇق، چۆل كىرپىلىرى ياكى ھۇركىگەن ياۋا توشقانلار ئۇن ئالتە ياشلىق نەبىگە ئۇنىڭ يالغۇزلىقىنى بىلىندۈرمەيتتى.

نەبى كورلىغا كەلگەندە، يۈك بېسىلغان ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىرزېنتنى قايرىپ، كىچىككىنە يوچۇقتا بېكىنىۋالدى. شوپۇر خوشۇتقا كېلىپ تاماق يېدى. ئاندىن بىرزېنتنىڭ بوشاپ خالتىلىشىپ كەتكەن يەرلىرىنى تارتىپ چىڭىتىۋېتىپ، نەبىنى كۆرۈپ قالدى. شوپۇر ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، بىرنى تەپتى. نەبى ھەرقانچە يالۋۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا گېپىنى ئۇقتۇرالمىدى. خوشۇتتىن تاشيول بويلاپ پىيادە ماڭغان نەبى ئىككى كۈندە ئارغىبۇلاقنىڭ تاقىر تاغلىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر پارچە نان، بىرەر تېمىم سۇمۇ يوق ئىدى. يوتىلىرى تېلىپ ئاغرىپ، پۇتلىرى ئۇزۇمدەك قاپىرىپ، ھالىدىن كەتكەن نەبى ئارانلا قەدەم ئالاتتى. ئارغىبۇلاقنىڭ ئەگرى - بۈگرى تاغ يوللىرىدىن ناگان - ناگاندا يۈك باسقان ماشىنىلار ئۆتەتتى، لېكىن توختىمايتتى. ئىنقىلاب ۋاقتى بولغاچقا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ ئىدى. بىرەر ئادەم يولۇچى قىياپىتىگە كىرىپ يول توسۇيتتى، ماشىنا توختىغان ھامان، قورام تاش، قىيالىقلاردىن خۇڭخۇيبىڭلار ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇلار بۇ ھەرىكىتىگە «ئىنقىلابىي دا، زا، چياڭ[1]» دەپ چىرايلىق نام قويۇۋالغانىدى. شۇڭا، شوپۇرلار قاتمۇقات تاغ ئارىلىقلىرىدىكى بۇ ئەگرى - توقاي يوللاردا توختاشتىن ئېھتىياتچانلىق قىلاتتى.

① دا، زا، چياڭ — ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش.

ھارغىنلىق، ئاچلىق، بولۇپمۇ ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن كۆزلىرى ئېلىشىپ، پۇتلىرى تېلىپ، ئىلەڭ - سىلەڭ كېتىۋاتقان نەبى بىر يىقىلىپ، بىر تۇراتتى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، تومۇز ياندىغان كۈنلەر بولغاچقا، ئەتراپتىكى تۆمۈردەك قىزىپ كەتكەن تاش تاغلاردىن يانغان ئىسسىق ئۇنىڭ يەلكىسى ۋە يۈزىنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ، كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ ئاچقىلى قويماۋاتقان ئاچچىق تەرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئادەتتە شوپۇرلار ئارغىبۇلاق تاغلىرى ئىچىدىكى يامغۇر ۋە قىيان سۇلىرى كاتاڭ قىلىۋەتكەن بۇ يوللاردىن يېرىم كۈندە ئاران چىقىپ بولاتتى. نەبى لېۋىنى - لېۋىگە چىشلەپ، يېرىم كۈندەك ماڭغان بولسىمۇ، يولنىڭ يېرىمىغىمۇ كەلمەي، يىقىلىپ يېتىپ قالدى.

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا، ياتلا بىر ئۆيدە ياتاتتى. بېشىدا بولسا، شاپاق دوپپىسى مايلىشىپ كەتكەن ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىر ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ نەبىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ ھىجىيىۋىدى، تاماكىدىن قارىداپ كەتكەن چىشلىرى كۆرۈندى.

— ئاكا مەن نەدە؟ بۇ قەيەر؟ — نەبى گەپ قىلىشى بىلەنلا گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى يېرىلىپ، قان تەپچىرەپ چىقتى، — مەن نېمە بولدۇم؟...

— بىر كېچە قورقاتتىڭ ئاداش، — دېدى ئۇ ئادەم سەممىي چىراي بىلەن، — ئارغىبۇلاق ئىچىدە ئۆلگىلى تاسلا قاپسەن، ماشىنامغا سېلىپ، تۈنۈگۈن كەچ توقسۇن يولۇچىلار مېھمانخانىسىغا ئارانلا ئەكىلىۋالدىم... قوپە ئەمدى تاماققا چىقايلى...

شوپۇر مېھمانخانا ئاشخانىسىدىن ئىككى تەخسە لەڭمەن ئالدى. تاماق يەۋېتىپ، ئۇ نەبىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىدى. ئاندىن ياتاققا كىرىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ئۇ نەبىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، نەبى توقسۇندا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئۇكىسىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى.

نەبى توقسۇن بازىرىغا چىقىشى بىلەن، بىلىكىگە خوڭخۇيبىڭ بەلگىسىنى تاقىغان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. بىرسى ئۆزۈندە ئوقۇ دەيتتى، بىرسى قايسى كۆز قاراشتا سەن؟ دەپ ئۇنى ئىتتىرەتتى. تىللايتتى. نەبى ئۇلارنىڭ قايسى كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇچۇق بىر نېمە دېمىدى.

— ھەي سەن خوڭ ئەرسىمۇ يى سەنسىمۇ؟ گەپ قىلە! — دېدى ياپپاڭ يۈز بىرسى، — يېنىنى ئاختۇرۇڭلار بۇ گاچىنىڭ...

خوڭۇيبېگلار ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ، گېلىدىن قىسىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان يول خىراجىتى پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى. نەبى يالۋۇرۇپ، يېلىنىپ، يىغلاپمۇ ئۇلاردىن پۇلنى ئالالمىدى. ئاخىرى ئۇ قارس - قۇرس قىلىپلا ئۇلاردىن بىر ئىككىسىنى ئۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بالايىئاپەتنىڭ قېپى يېرىلدى. نەبىنى باغلاپ بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولىدى ۋە تۆمۈر زىخ، كەمەر توقىلىرى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى تىلىم - تىلىم يېرىۋەتتى. نەبىدىن تاياق يەپ بۇرنى، ئاغزى قاناپ كەتكەن ئىككى خوڭۇيبېڭ ئۇنىڭ يۈزىنى يېنىۋاتقان شام بىلەن كۆيدۈرۈپ، قىزدۇرۇلغان ئات تاقىسىنى ياقتى. يۈزىنى جاراھەت قاپلاپ، يىرىڭداپ كەتكەن نەبىنى ئۇلار ئون ئىككى كۈندىن كېيىن قويۇپ بەردى. ئەمدى ئۇنىڭغا تىلەمچىلىك قىلماقتىن باشقا چارە قالمىغانىدى.

نەبى تىلەمچىلىك بىلەن ئۈرۈمچىدە بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇ، سانجى، مىچۈەن، تۇدۇڭخابا قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ئىزدەپ، ئەزىمەتنى تاپالمىدى. 1968 - يىلى، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئۆزئارا تەرەپبازلىق ئۇرۇشلىرى ئۈرۈمچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى. شەھەر ئىچىنى يېشىل چۈيۈن قالپاق كىيگەنلەر قاپلاپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا زامانىۋى قوراللار بولۇپ، كوچىمۇكوچا قوغلىشىپ بىر - بىرىنى قىرغىن قىلماقتا ئىدى. نەبى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدىدا كېچە - كۈندۈز يېتىپمۇ ئاچىسى ماھىگۈلنى كۆرەلمىدى. كېيىنچە مەكتەپ ئەتراپى پۈتۈنلەي قوراللىقلار بىلەن قورشالدى، ئۇ يەرگە ھېچكىمنى يېقىن يولاتمىدى.

11 - ئاي كىرىشى بىلەن، ئۈرۈمچىدە قاتتىق سوغۇق باشلاندى. ھەركۈنى دېگۈدەك قار يېغىپ تۇراتتى. ئۈمىدى ئۈزۈلگەن نەبى: «مەندەك يېتىم، مۇساپىرغا رەھىمىڭىز كەلسۇن! . . .» دېگەندەك تىلەمچىلىك سۆزلىرىنى تەكرارلاپ ئارقىغا قايتتى. ئۇ بىر كۈنى، داۋانچىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، شىرەلەردىكى ئاشقان - تاشقانلارنى يىغىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىزلا بىر كىم چاقىرىپ قالدى.

— ھەي بالا، ماۋۇنى يەۋەت! — دېدى چوڭ شىرەدە يالغۇز ئولتۇرغان بوغما چاپانلىق بىرسى، — ياپ - ياشلا ئىكەنسەن، ئىشلىسەڭ بولمامدۇ؟ . . .

نەبى بىر جىڭموما بىلەن يېرىم تەخسە ياڭيۇ قورۇمىسىنى يەپ، تەخسىنى بىر دەممىدىلا بىكار قىلىپ قويدى. ئۇ ساخاۋەتچىگە رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرغانىدى، ھېلىقى

ئادەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى ۋە:
— تەلەپپۇزۇڭغا قارىغاندا، خوتەنلىك ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق ئاكا، مەن خوتەنلىك. . .
— خوتەننىڭ نەرىدىن؟
— شەھەر ئىچىدىن. . .
بوغما چاپانلىق جىمىپ قالدى، يانچۇقىدىن بىر تال پاپىرۇسنى ئېلىپ شىرەگە ئۇرۇۋېتىپ: «ئۇنداقتا سەن تونىمايدىكەنسەن» دەپ قويدى.
— سىز خوتەنلىكمۇ؟ . . . — نەبى يامبۇ تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كەتتى، — خوتەننىڭ نەرىدىن؟
— مەن بوستان گۈڭشېدىن. . . ئۆزۈم شوپۇر، خوتەنگە يۈك ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.
— بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە مېنىڭ بىر ئاكام بار. . . ئىسمى ھېكمەت. . .
— نېمە، سەن ھېكمەت مۇئەللىمنىڭ ئىنىسىما؟ . . . يالغان ئېيتما، ئۇ غۇلجىلىق تۇرسا؟ . . .
— ئۇ ئاچامنىڭ يولدىشى. . .
— نېمە؟ سەن گۈلزىبا خانىمنىڭ ئىنىسى ئىكەنسەن ـ دە؟ . . . مەنمۇ شۇ ھېكمەت مۇئەللىمنى سورىماقچى ئىدىم. ئۇ مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم بولىدۇ. . . مېنىڭ ئىسمىم سىراجى.
نەبى مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. سىراجى ئۇنىڭغا قايتىدىن تاماق بۇيرۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. نەبىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، ھېكمەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولدى.
— شۇنداق، ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، — دېدى سىراجى ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن ھالدا، — گۈلزىبا خانىم 65 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قازا قىلدى. ھېكمەت مۇئەللىم مېنى 4 ـ ئايلاردا ئوقۇشقا تونۇشتۇرۇپ يولغا سالدى. . . قورسىقى دەريادەك كەڭرى مۇئەللىم. . . مېنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكىم قالمىغان. . . لېكىن ئۇ. . .
سىراجى نەبىنى خوتەنگە ئەكىلىپ قويدى. ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە ئۈچ ئاي كەم ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. نەبى كېلىپلا، ھېكمەتنىڭ مەھبۇبە بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. كۆڭلىدە: «بوپتۇ، ئۆزىمۇ يالغۇزلۇق تارتىپ قالغان، ئوغلىنىڭ پىراق

ئۆتمۇ يېنىكلىشەر . . . » دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئاچىسى گۈلزىباغا تەئەللۇق بىر يۈرەكنىڭ قاتلىرىغا يات بىراۋلارنىڭ سىغدىلىپ كىرىشىدىن ئۇنىڭ ئىچى تارتىلدى.

نەبى كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، ئەتىگەندە ھويلىدا يۈزىنى يۇيۇۋاتقاندا، دەرۋازا ئېچىلىپ مەھبۇبە كىرىپ كەلدى. ئۇ نەبىنىڭ ئېگىز، بەستلىك گەۋدىسىگە قاراپ، ھەيرانلا قالدى.

— كېلىڭ، مەھبۇبە ئاچا، — نەبىنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى، — دەرۋازا سىرتىدىن قۇلۇپلاغلىق ئىدى، قانداق ئېچىپ كىردىڭىز؟ . . .

— مەنمۇ سىزدىن سوراپ باقاي، سىز قانداق كىردىڭىز؟ — مەھبۇبە ئاچقۇچلارنى كۆرسەتتى، — قاراڭ بۇ نېمە؟

— ئاخشام كۆڭلۈمگە كېلىۋىدى، لېكىن چارچاپ قاپتىكەنمەن، كىرەلمىدىم. . .

— شۇڭا، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئۆينىڭ قۇلۇپىنى قايرىپسىز-دە؟ . . . — مەھبۇبە كۈلدى، — جۈرۈڭ، سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى قوشنىلاردىن ئاڭلاپ، سىزگە گۆشنان پىشۇرۇپ قويدۇم، ئىسسىقىدا يەۋېلىڭ! . . .

نەبى خىجىل بولۇپ ئۇنىمىغانىدى، مەھبۇبە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

موماي قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىدى. ئىككى يىلدىن بېرى بۇنداق مەززىلىك ئۆي تامىقى يەپ باقمىغان نەبى قورسىقى تويغان بولسىمۇ، يەنە ئىككى كېسىم ئۇشۇق يەۋەتتى. مەھبۇبە پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ، پوفايكىسى بىلەنلا ئولتۇرغاچقا، ئۇنىڭ خېلىلا دومبىيىپ قالغان قورسىقىنى كەڭ ئەتلەس كۆڭلەكمۇ يوشۇرالمىغانىدى. ئۇ نەبىنىڭ يۈزىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھەيران بولغان بولسا، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن تالاپەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىنى ھەسرەت، نادامەت يامغۇرى دېگەندىن كۆرە، پۇشايمان ۋە ۋىجدان ئازابىنىڭ زەردابى دېگەن تۈزۈك ئىدى. مەھبۇبە ھېكمەت بىلەن لوپتا ئىنقىلاب قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى يوشۇرغانىدى. ھېلىقى ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ، ئۆستەڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە پاراڭ قىلىشقاندا، قانچە دېگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېكمەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئېغىز ئاچالمىغانىدى. چۈنكى، ھېكمەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان، ھېچقانداق نەرسىگە

باقماي، گۈلرۇزنى ئىزدەپ كېتەتتى، يەنە ئايلاپ - يىللاپ، بالىسىنى ئىزدەش بىلەن سەرسان بولاتتى. ھېكمەت بۇلتۇر بوستانغا قايتىدىغان ھارپا ئاخشىمى، ئۇنىڭدىن: «گۈلرۇز سىزدىن نېمانچە قورقىدۇ؟» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاندا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ «گۈلرۇزنىڭ ئىككى قېتىم بالا ئالدۇرۇۋەتكەنلىكىگە» باغلاپ تۇرۇۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە ماقۇل جاۋابى بەرگەن ھېكمەتنىڭ بالا ئىزدەپ چىقىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ: «شەھەردە ئىنقىلاب قىلىۋاتقان چاغدا، ئەڭ بولمىسا، لوپنىكى چاغدا، بۇ گەپنى ماڭا نېمە ئۈچۈن دېمىدىڭىز؟» دەپ ئۇرۇشىشىدىن قورقاتتى. ھەتتا ھېكمەتنىڭ: «نېمانداق قارا كۆڭۈل قىزسىز؟...» دەپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن يېنىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەسلىدە ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

... مەھبۇبە ئانىسىنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا داۋالىتىۋاتقاندا، گۈلرۇز قورسىقىدىكىنى ئىككىنچى قېتىم قىردۇرۇۋېتىپ چىقىپ كەتكەنىدى. مەھبۇبە ئەتىسى ئانىسىغا چۈشلۈك تاماقنى يېگۈزۈپ، يىغىلىپ قالغان چىنە - كورىلارنى داستىخانغا ئوراپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ بېقىنىدىكى مۇساپىر زەرەتكارلىقىنىڭ ئادەمسىز پىنھان يولى بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ ناھايىتى تېز كېلىۋاتقان گۈلرۇزغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. بەكمۇ ھودۇقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن گۈلرۇز قانداق قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، گەپنى قىسقىلا قىلدى.

— مەھبۇبە، مەن ساڭا دەپ قوياي، سەن مېنى كۆرمىدىڭ، مەن سېنى كۆرمىدىم... بۇ گەپلىرىمنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇت... بولمىسا، مېنىڭ قولۇمدىن ھەر بالا كېلىدۇ، مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن!...

مەھبۇبەنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، نەبىنىڭ كۆزلىرى جامدەك يوغىناپ چەكچەيدى. ئۇنىڭ پېشانىسى ئاقىرىپ، تارتۇقلىرى قىزىرىپ، قوڭۇر داغلىرى قارىداپ كەتتى. ئۇ، بىگىز بارمىقىنىڭ ئۇگىسىنى چىشلىدى، گىلەم گۈلىگە تىكىلگىنىچە، تېخىمۇ قاتتىق چىشلىدى. چىشلىرىنىڭ بارمىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قانىنىڭ ساقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزى سەزمەيتتى...

— مەن سىزنىڭ ئەزىمەتنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكىنىڭىزنى كېيىنلا ئۇقتۇم... — دېدى مەھبۇبە خىجالەتچىلىك ئوتىدا پۇچىلىنىپ، — بولمىسا سىزنى توسۇپ قالاتتىم، ھەقىقىي ئەھۋالنى دەيتتىم... كەچۈرۈڭ مېنى! گۈلرۇز: «نەبىنىڭ ئۆلۈكى ئارغىبۇلاق تاغلىرىدا قالدى...» دەپ كۆلگەندە، مەن بەكمۇ ۋىجدان

ئازابىدا قالغانىدىم. . .
— گۈلرۇز! . . . گۈلرۇز! . . . — نەبى چىشى ئارىلىقلىرىدىن ئاستا شىۋىرلە-
-دى ۋە بىردىنلا غەزەپ بىلەن شۇنداق ۋارقىرىدىكى، ئالدىدىكى شىرەنى لېگەن، چىنىلە-
-رى بىلەنلا ئىرغىتىپ ئېتىۋەتتى، — گۈلرۇز!!! سەن گۈلزىبا ئاچامنى تۆھمەت،
سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردۈڭ! ھېكمەت ئاكامنى ۋەيران قىلدىڭ! ئەزىمەتنى ساتتىڭ!
ئانامنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ! مېنى ئىككى يىل سەرسان قىلىپ، ياشلىقىمنى نابۇت
قىلدىڭ! تىلەمچىلىك كوچىلىرىغا تاشلىدىڭ! مەن سېنىڭ بىر قوشۇڭ قېنىڭنى ئىچە-
-مەن! . . .
نەبى ئۆيدىن بوراندەك چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن يۈگۈرۈپ چىققان مەھبۇبە دەرۋازا
تۈۋىدە ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلدى.
— جېنىم نەبى ئۇكام. . . سىزدىن خوش بولۇپ كېتەي، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى
ھېكمەتكە دېمىسىڭىز! بولمىسا ئىسسىق ئۆيۈم بۇزۇلىدۇ. . . ئۇنىڭدىن مېنىڭ ئۆلگە-
-نىم ياخشى! . . .
— سىزمۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ھېكمەت ئاكامغا ئۇقتۇرماڭ. ئۇ ھەممە ئىشنى
كىتاب بويىچە قىلىدىغان ئادەم! دۇنيادا كىتابقا قارىمايمۇ قىلىدىغان ئىشلار
جىق! . . .
. . . ئەمدى كىتابخانىغا نەبىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، قانداق مەق-
-سەتتە ليەنزۇڭغا قاتناشقانلىقى ئايان بولدى بولغاي. ئۇ ئەسلى كېرىموفنىڭ «قاتتىق
سۆڭەك ئىشچىلار تۈەنى»گە قاتنىششنى تەلەپ قىلغانىدى. چۈنكى، گۈلرۇز شۇ
تەشكىلاتتا بولۇپ، ئۇ ھازىر لاسكويدا تۇرۇشلۇق ئاپتوماتچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى
ئىدى.
كېرىموفنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپلا، ئاچىسىنىڭ تارتقان ئازابلىرى نەبىنىڭ كۆز
ئالدىدىن زادى كەتمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە يەنە بىر مەلئۇننىڭ ئىسمى
يېزىلدى. بۇ قىساس يولىدا ھاياتىنى دوغا تىككەن يىگىتنىڭ قايتماس ئىرادىسى ئىدى.
خالىق نەبىنىڭ قاراملىقى، جەسۇرلىقى، قورقماسلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كاملىنى
ئۇجۇقتۇرۇشتا ياخشى قورال بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ يېنىدا
ئېلىپ قالدى. . .
ئاجايىپ قىسمەتلەر. . . مەتمۇسا خالىقنىڭ، خالىق كاملىنىڭ، كېرىموف ھېك-

مەتنىڭ، نەبى كېرىموف بىلەن گۈلرۇزنىڭ، گۈلرۇز ھېكمەتنىڭ پېيىدا بۇرۇۋاتىدۇ. . . بۇ قىساسكارلارنىڭ قايىسىنىڭ تەقدىر - تارازىسى قايىسىنىڭ قولىدا؟ بۇ بىزگە قاراڭغۇ! . . .

مەتمۇسانىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئۇنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەلگەن «ئابدۇنەيىم» خالىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ۋە نېمە بۇيرۇق بارلىقىنى سوردى.

كېچە - كۈندۈز نەفسەنىڭ ئوت - پىراقىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان خالىق بوستاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولىغا ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ «ئىسيانكار دېھقانلار سىلىڭبۇسى» غا تەھدىت ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك چارىسىنى ئويلاپ تاپقانىدى. بەگئېرىق گۇڭشېسىنىڭ تۈنۈن كەنتى بوستاننىڭ باغچى كەنتى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئۇ يەردىكى شال تىگانلىرى، بۈك ياڭاقلىقلار ۋە ئورمانلار جەڭ قىلىشقا ئەپلىك ئىدى. بىرنەچچە جەڭگىۋار ئەترەت چېشىغا تېگىۋەرسە، جۇ رۇڭفا بىلەن مەخمۇت ئاساسىي كۈچىنى باغچىغا يۆتكىمەي قالمايتتى. ئۇ چاغدا، خالىق زور قوشۇنى بىلەن بوستان بازىرىغا تىگىش قىلاتتى.

— سەن بىرىنچى، ئىككىنچى، بەشىنچى جەڭگىۋار ئەترەتلەرگە ئۇقتۇرۇۋەت، — دېدى خالىق ئابدۇنەيىمگە، — قوراللىرىنى تازىلاپ، بىرەر قۇردىن كىيىملىرىنى تەييار قىلىپ قويسۇن. ئەتە ئەتىگەندە تۈنۈن كەنتىگە بارىمىز. . .

— تۇتۇپ كەلگەن ئادەمنى قانداق قىلىمىز؟ — نەبى خالىقنىڭ ئۆز تۇغقىنىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەكچى ئىدى، —ئۇنى تاشلاپ قويىمىزمۇ ياكى؟ . . .

— ئۇنى ئېلىپ كېتىپ ئەجەلنىڭ ئېغىزىغا قويىمىز. . .

ئەتىسى تولۇق قوراللانغان بىر ماشىنا ئادەم تۈنۈن كەنتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار دادۋي ئىشخانىلىرىنى ئىگىلەپ، ئاشخانىغا ئوچاق ياساپ، قازانلارنى بېكىتىپ، تاماق ئېتىپ بولغۇچە، قاراڭغۇ چۈشتى. ھېرىپ كەتكەن قوراللىقلار بېشى ياستۇققا تېگە - تەگمەيلا خورەكنى باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى تەبرىكلىمەكچى بولغاندەك، ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا، ياتاق، ئاشخانىلار شىددەتلىك ئوققا تۇتۇلدى. ئەگەر ھويلىغا يوشۇرۇن قويۇلغان ئىككى پوست سېزىپ قېلىپ ئوق چىقارمىغان بولسا، بېسىپ كەلگەنلەر ئۇلارنى خۇددى توخۇ تۇخۇم باستۇرغاندەك، ياتاقلىرىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتى. مەڭدەپ كەتكەن يالىڭاچ قوراللىقلار ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى

قولتۇقلاپ قېچىشقا باشلىدى. بەزىلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۆزىنى ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە ئاتماقتا ئىدى. ئۆگزە، تام ئارقىلىرىغا يوشۇرۇنۇپ ئوق ئۈزۈۋاتقانلار ياتاقلاردىن چىققانلىكى قارا كۆلەڭگىنى يەر چىشلىتەتتى. خالىق ئاخشاملا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، نەبىنى ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە ياتقانىدى. ئۇ، كوچىغا ئارانلا قېچىپ چىققان قىرىقتەك قوراللىقنى بىر يەرگە جەملىدى. توپلانغانلار تۇيۇقسىز زەربىدىن قورقۇپ كەتكەنمۇ ياكى سوغۇقتا توڭلىغانمۇ، ئەيتاۋۇر مىلتىق، ئاپتوماتلىرىنى قۇچاقلاپ، كاسىلداپ تىترەشمەكتە ئىدى.

— ئاۋازىغا قارىغاندا، — دېدى خالىقمۇ تىترەپ، — ئۇلاردا ئىككى ئاپتومات، بەش - ئالتە تال مىلتىق بار، ھەممىسى ئونغا يەتمەيدۇ. . . بىز بۆلۈنۈپ، ئۇلارنى قورشايلى.

خالىق قوراللىقلارنى ئەترەتلەر بويىچە تەقسىملىدى. كونا بەش ئاتار مىلتىق تۇتقان مەتمۇسانى بىر ئەترەتكە قوشۇپ بەردى - دە، ئەترەت باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. خالىقنىڭ جەڭگىۋار ئەترەتلىرى تەرەپ - تەرەپنى قورشاپ بولغاندا، مىلتىق ئاۋازلىرى بىردىنلا جىمىپ، ئەتراپ خۇددى ئۇرۇش بولمىغاندەك تىمتاسچىلىققا چۆمدى، كەلگەنلەر ھېچقانداق چىقىم تارتماي غىپپىدە تىكىۋەتكەنىدى. . .

تاڭ يورىدى. قوراللىقلاردىن يوشۇرۇنغانلار، قاچقانلارمۇ يىغىلدى. ئۆلگەن ئالتە يىگىتنىڭ جەسىتى قاتىرىسىغا ياتقۇزۇلدى. ئېغىر يارىدارلاردىن تۆت ئادەم ياتاق ئالدىدا ئىڭراپ جان تالاشماقتا ئىدى. دادۋي ھويلىسىغا ئەر - ئايال، ئۇششاق باللار بىر - بىرلەپ توپلاندى. ئاياللار ئۈن سېلىپ ۋە مىچىلداپ يىغلايتتى. ئەرلەرنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار: «قانخور ۋاڭبالار، جاللاتلار، ياۋۇزلار. . .» دەپ تىللايتتى، قارغايتتى. جەسەتلەر ۋە ئېغىر يارىدارلار ئېشەك ھەم كالا ھارۋىلىرىدا يۆتكەپ كېتىلدى. ئۇلار كەنت كوچىسىدىن ئۆزاپ كېتىشى بىلەن، ئىككى قوراللىق بىر يىگىتنىڭ جەسىتىنى قولى ۋە پۇتلىرىدىن كۆتۈرۈپ كېلىشتى. بۇ يىگىت كەنت چېگرىسىغا قاراۋۇللۇققا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، كۆكرەك ۋە بېقىنىغا ئىككى پىچاق تىقىلغانىدى. ئۇ ئايرىم ئېشەك ھارۋىسىغا ياتقۇزۇلۇپ، چاپىنى غىرىپچىسىغا ئۈستىگە يېپىلدى. قاچقانلار ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرۇۋالغاچقا، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى ھارۋىدىن ئېشىپ چىقىپ، دىردىيىپ تۇراتتى. ئالتە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ جەسەتنىڭ پۇتلىرىنى تۇتتى ۋە توپ ئالدىدىكى ئانىسىغا قاراپ: «ئانا، ئاكاشنىڭ پۇتى مۇزلاپ

كېتىپتۇ» دېدى ـ دە، ئۈستىدىكى يېلىك چاپىنىنى سېلىپ، كۆكرىپ كەتكەن پۇتلارنى يۆگەپ قويدى. ئۇ ئەمدى گىلەمنىڭ قوپال يۇڭ يىپىدىن توقۇلغان پوپايكىسى بىلەنلا قالدى. بۇ كۆرۈنۈش مەتمۇسانىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ ئىچىدە: «خۇدا ياخشىلىق ۋە مۇرۇۋۋەتنى ئادەم ئاپىرىدە بولغاندىلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە سېلىپ يارىتىلىدىغان ئوخشايدۇ... مەن ئۆمرۈمدە ئاشۇ بالىچىلىك ساخاۋەتلىك ئىش قىلالىدىممۇ ـ يوق؟ ...» دەپ ئويلىدى. بالا ھارۋىنىڭ قېشىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان مەتمۇسانىڭ مىلتىقنى ئاستا سىيلىدى ۋە ئۆزىگە ئىللىق مېھىر بىلەن قاراپ تۇرغان بۇ ئادەمگە تىكىلدى:

— داداش، — دېدى بالا مىلتىقنى كۆرسىتىپ، — سىز مۇشۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۈرەمسىز؟ ...

— ياق بالام...، مەن گۇناھسىز ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن يامان ئادەملەرنى ئۆلتۈرىمەن...

— سىز بەك ياخشى ئىكەنسىز...

بالا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسىنىڭ ئېتەكلىرىنى تۇتتى. مەتمۇسا بوي ـ تۇرقى ئۆزى بىلەن تەڭ، تاشپۇرچاقتەك تولغان، ساغۇچ قوڭۇرغا مايىل چېقىر كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، قاش ـ كىرپىكلىرى تۇكۇلۇپ تۇرغان، ئوتتۇز ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئايالغا ئىختىيارسىز قاراپ قالدى. مەتمۇساغا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ، ئىش قىلىپ ئۇ ئايالنىڭ ناۋات رەڭ چېھرىدە ئۆزگىچە بىر تەبەسسۇمنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھايا بىلەن كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى...

خالىق پوستلارنى كۆچەيتتى. بوستان چېگرىسىغا، تۇنۇن كەتتىنىڭ ئەترەت پاسىللىرىغا، دادۇي ئەتراپىغا بولۇپ، ئۈچ قات پوست قويۇلدى. مەتمۇسا ئەڭ خەتەرلىك ئۆلۈم ئېغىزى بولغان بوستان چېگرىسىدا داۋاملىق كېچىسى پوستتا تۇردى. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئۈچ شياۋدۇينى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مەتمۇسا دەم ئالغان چاغلىرىدا، دادۇي ئىشخانىسىدىكى ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، ساقال ـ بۇرۇتىنى پاكىزە قىرىپ، يۈز ـ بويۇنلىرىنى يۇيۇپ، ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرەتتى ـ دە، ئامانلىقنى ساقلىغان بولۇپ، ئەترەتلەرنى ئايلىناتتى... بۇ قىش بولغاچقا، ئېتىز ـ ئېرىقلارغا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەزالار كۆپىنچە مال ئايىغىدىن قىغ چىقىرىش، پاسار، پېچان توغراش، ئېغىللارغا توپا قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. مەتمۇسا ئۈچ قېتىم

چۆرگىلەپ، ھېلىقى ئۆزىگە قاراپ كۈلگەن «تاشپۈرچاق»نى زادىلا ئۇچرىتالمىدى. سوراي دېسە، ئىسمىنى بىلمەيتتى. ئەمما ئۇنى كۆرگەن كۈندىن تارتىپلا، ئىچىگە بىر ئوت كىرىۋالغانىدى.

تۆتىنچى كۈنى كېچىدە، مەتمۇسا قاراۋۇللۇق ئورنىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرىدىغان يىگىت بولجالىق ئىچىگە يوشۇرۇنغانىدى. بولجالىقنىڭ ئالدى ئوچۇقچىلىق بولۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قېرى قارىياغاچ، دوڭغاق سۆگەتلەر بار ئىدى. مەتمۇسا ئىچى كاۋاكلىشىپ كەتكەن بىر پور قارىياغاچنىڭ غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ھېلىقى ئالتە ياشلىق ئوغۇل بالا بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى زادىلا كەتمىدى. . .

توۋا، «دادا» دېگەن سۆزنىڭ روھىي قۇدرىتى نېمانچە ئۇلۇغدۇر؟ ھېلىقى بالا مەتمۇسانى بىر قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم «داداش» دەپ قويۇۋىدى، ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. گويا سالاپەتلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئاتىدەك، روھىي كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى خوش، مەغرۇر يۈردى! . . . ھېلىقى تاشپۈرچاق ئايال بولسا: «دادىسى، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالسىلا! »، «بالام، داداڭ كېلىۋاتامدىكىن؟ قاراپ باققىن. . . »، «ئەجەپ ھېرىپ كەتتىلە، غوللىرىنى تۇتۇپ قويايمۇ؟ » دەۋاتقاندەك، ئەر ـ خوتۇنلۇقنىڭ ئاجايىپ شېرىن مېھرىنى سەزگەندەك بولدى. ھەي. . . مەتمۇسا تۇرمۇشنىڭ بۇنداق تاتلىقلىقىنى نېمىشقا بۇرۇنراق سەزمىگەن بولغىيتتى؟ «ھەممە نەرسىنىڭ يېڭىسى ياخشى، بولۇپمۇ خوتۇننىڭ. . . » دېگەن شەھۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، شۇ ياشلىق بولغىچە، ھاياتىدىن مەمنۇن بولغۇدەك، ئەسلىگۈدەك ھېچقانداق ئىزنامۇ قالماپتۇ. . . ئۇنى بىرەرسى مېھرى بىلەن «دادىسى» دەپ چاقىرىپ باقمىدى، «دادا. . . » دېگەن پەرزەنت ئاۋازىنى بولسا ئەسلا ئاڭلىمىدى. . . پىلە قۇرتى چېغىدا، بىر ياز يېگەن ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يىپەك قىلىپ قالدۇرىدىكەن. . . مەتمۇسا ئادەم تۇرۇقلۇق بىرەرسىگە نېپ بەرمىسە، باشقىلار ياد ئەتكۈدەك خەير ـ ساخاۋىتى بولمىسا؟ بۇ دۇنيادىن ئۇ نام ـ نىشانسىز، ئىز ـ دېرەكسىزلا كېتەرمۇ؟ قۇرت چېغىدا ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئىزى قالىدىغۇ! «مەشەدە مەرھۇم دادامنىڭ مۇبارەك بېشى بار ئىدى. . . » دەپ قەبرىسىگە دۇئا قىلغۇدەك بىر ھىماتى بارمۇ ئۇنىڭ؟ . . . راست، مەتمۇسانىڭ ھاياتى قايسىدۇر بىر بېيىتتە ئېيتىلغىنىدەك:

بىر قەترە دەريادا يوق بولۇپ كەتتى،
يەرگە بىر چاڭ قوندى، كۆمۈلۈپ كەتتى.
دۇنياغا كېلىشىڭ ـ كېتىشىڭ نېمە؟
بىر چۈشىن تۇغۇلدى يا ئۆلۈپ كەتتى...

دېگەندەكلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، يا ئۆزىنى ياكى ئۆزگىنى خوش قىلالماي ئۆتۈپتۇ... ئۇ قارىمۇقىنىڭ قاسىرقىدەك كىچىككىنە ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتنى ئالداپ، قاساپ يەپ كەپتۇ... بىچارە، مۆمىنلەر ھاجەت بولۇپ ئالدىغا كەلسە، ئۇلارنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇغداپ قويىمىغۇچە، نەپسى قانماپتۇ. لېكىن، ئاشۇ ھاراملىق بىلەن تاپقان دۇنياسى ئۆزىگە ئەسقاتتىمۇ؟ ياق! خۇدا ئۇنىڭدىنمۇ نەپسى يوغان بىر ھاراملىقنى كۈشەندە قىلىپ، ئۇنى غاجاپ، تالاپ، خۇددى ئوغرىنى قاراقچى ئۇرغاندەك قىلدى. شۇنداق، مەتمۇسا ئالدىدى، ئالداندى، تالىدى، تالاندى، ئاخىرى، بۇ دۇنيانىڭ ھېسابى بارلىقىنى، بۇ ھېسابنىڭ ئۇ دۇنياغىمۇ قالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئەدناسى، ئاللا ئۇنى تەنھالىقتا ئازابلاۋاتامدۇ؟... ئاياللارمۇ خۇدانىڭ بىر بەندىسىغۇ!... ئۇلارمۇ بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۆز ھېماتىغا ئېرىشسە، يۈرىكى پۈتۈن، كۆڭلى توق يۈرىدۇ، بەختىنىڭ ھەممە ئىشىكى ئۆزىگە قاراپ ئېچىلغاندەك خۇشال بولىدۇ!... ئاياللار سۆيۈشنىلا چۈشىنىپ قالماي، بەلكى ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان پىداكارلاردۇر! لېكىن، ئۇلارنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ، تەقدىرى بىلەن ئويناشسا، ئۇلارنى گويا چىشىنىڭ كامىرىغا كىرىپ قالغان چىرىندىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋېتىپ خارلىسا، يارانقان ئىگىسى ئالدىدا بۇنىڭ سورىقى بولمامدۇ؟ مەتمۇسا پاك مەسۇمەلەرنى زار - زار قاقشىتىپ، بىر - بىردىن يولغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئوت ئۇۋالىغا قالدى... زادى ئۇ بۇ دۇنياغا شۇمبۇيىدەك ئۈنۈپ، باشقىلارغا زەخمەت سالغىلى، بىزار قىلغىلى، نەپرەت ئۇرۇقلىرىنى چاچقىلى كەلگەنمۇ؟...

مىلتىقىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان مەتمۇسانىڭ ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ، چاپىنىنى سېلىپ ئۆلۈكنىڭ پۇتىنى يۆگەپ قويغان ھېلىقى بالىنىڭ ئىللىق چىرايىنى، چىت كۆڭلىكى ئۆڭۈپ كەتكەن ئايالىنىڭ مۆلايىم

كۆلۈمسىرىشىنى، بېشىغا تاغدەك بالىلار ياغقان ھېكمەت، كامىل، مۇراتلارنىڭ سەمىمىي چىرايلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئۆزىنىڭ ئىس ئېلىپ كەتكەن ئادەمدەك گاراڭ، قۇياش نۇرى كۆرمىگەن لەھەتتەك قاراڭغۇ، قۇيۇندىغان موردەك قاپقارا ھاياتىنى كۆرگەندەك بولدى. . . ئۇلار ئۇيۇپ قالغان ئۇماچلىرىنى يۇنۇپ يەپ، سوغۇق سۇ، زاغرا بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ يۈرسىمۇ، روھىي دۇنياسى باي، بەختلىك كىشىلەر ئىكەن، مەتمۇسادەك مەنىۋى خەزىنىسى قۇرۇق، روھىي دۇنياسى نامرات ئەمەس ئىكەن. . .

مەتمۇسا مۇرات بىلەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بىر يىلدەك بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچچىق - تاتلىق چاقچاقلىرىنى، سەمىمىي يۇمۇر - ھەزىللىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى ئادىمىيلىككە قايتقاندەك ھېس قىلدى. كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ: «مەتمۇسا، تولا قارامىلىق قىلمىسىلا، ئوق دېگەننىڭ كۆزى يوق، سىلى تېخى ياش، نۇرغۇن ياخشى كۈنلەر ئالدىلىرىدا. . .» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كۈنى، ئۇ بىر كېچە ياش تۆكتى. . . توۋا، «بۇ دۇنيادا ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ شاپائەت قىلىدىغان ئادەملەرمۇ تېخى بار ئىكەنا؟» دەيتتى ئۇ مىچىلداپ يىغلاپ. بۇ چاغقىچە ئۇ نېمىشقىمۇ دوست تۇتمىغان بولغىيتتى؟ كونىلارنىڭ: «دوستسىز ھايات — يىلتىزسىز دەرەخ. . .» دېگىنى توغرا ئىكەن ئەمەسمۇ! شۇڭا، بالا - قازا تاغلىرى يەلكىلىرىدىن باسسىمۇ، ئۇلارنىڭ مىت قىلىپ ئىگراپ قويمىغىنى شۇ ۋەجىدىن ئىكەن - دە!

ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ياخشى ياكى يامان بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. ئۇنىڭ گۆدەك، غۇبارسىز دەۋرلىرى بولىدۇ. . . ھايات، تۇرمۇش ۋە ئادەملەر بارا - بارا گۈزەللىك ھەم رەزىللىكتىن ئىبارەت ئۇندۇرمىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. . . ئىنسان بالاغەتكە يېتىپ، دىيانەتنى دوست تۇتسا، گۈزەللىك بىخلىرى ياشناپ، رەزىللىك ئۇرۇقلىرى ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كېتىدۇ. . . ئەگەر ئۇ قاباھەتنى ئۆزىگە يار قىلسا، گۈزەللىك بىخلىرىنىڭ قاتىلى ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بەزىدە گۈزەللىك ئۇندۇرمىلىرى سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق، كۆڭۈلسىز ياكى خۇنۇك نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. . .

مەتمۇسانىڭ كۆڭلى بۈگۈن بەك سۇنۇق ئىدى. پات - پاتلا ئۆلۈكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان بۇنداق كۈنلەردە، ئالتە ياشلىق بالىنىڭ كىچىككىنە ئىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ تەسىر قىلغانىدى. ئۇنىڭ «داداش» دېيىشى،

ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن بېقىشى ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ بۇنداق قېچىش، مۆكۈش، قان تۆكۈشتىن ئىبارەت سەرسانلىق تۇرمۇشتىن جاق تويدى. مەتمۇسا ئىسسىق بىر ماكان، ئىللىق بىر ئائىلىنى چىن دىلىدىن خالاپ قالدى.

مەتمۇسا ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، يېقىنلا بىر يەردىن تارس - تۇرس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ۋال - ۋۇل قىلىپ ئوت كۆرۈندى - دە، بىر كىم ئۇنى تۇيۇقسىز ئۇرۇۋەتكەندەك، قاڭقىپ بېرىپ قارىياغاچقا يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلىكى چىممىدە ئېچىشىپ، ئىسسىق بىر نەرسە ئېقىپ چىقتى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، مەتمۇسا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى. بۇ چاغدا، بولجاللىقتىكى قاراۋۇلمۇ يېتىپ كەلدى. لېكىن، تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى گاڭگىرىتىپ قويغاچقا، ئۇلار ئارقىغا قاچتى. ئىككىسى بۆلۈنۈپ، خېلى ئىزكىشىپ باققان بولسىمۇ، كەنت تەرەپتىن ھېچكىم ياردەمگە كەلمىدى. مەتمۇسانىڭ ھەمراھى بىردەمدىلا غايىب بولدى. بىلىكىنى چىڭ سىقىمدىۋالغان مەتمۇسا كەنتكە قېچىپ كىردى. قاراڭغۇلۇقتىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ شەپىسى يېقىنلاپلا قالغانىدى. تۇتۇلۇپلا قالسا، «خائىن» دېگەن بەتنام بىلەن ئېتىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان مەتمۇسا ئۇدۇل كەلگەن بىر شور تامدىن ئۆزىنى ئۇ تەرەپكە ئاتتى - دە، بىر باغقا گۈلۈپپىدە قىلىپ چۈشتى. ئۇ، ئۆمىلىگىنىچە، تال كۆمۈش ئۇچۇن توپا ئېلىنغان بىر ئويمانغا كىرىپ ياتتى. ئۇنىڭ بېشىدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى.

— قورقمىسىلا، — ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەتمۇسانىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، — مەن سىلىنى يوشۇرۇپ قوياي، تېز تۇرسىلا. . .

ئايال ئۇنى باشلاپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى دۆۋىلەنگەن ساماننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ: «ئۇلار كەتكىچە جىم ياتسىلا!» دەپ شىۋىرلىدى. ئايال ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، دەرۋازا ئەنسىز قېقىلىپ، بىرنەچچە قورallıق تاملاردىن سەكرەپ ھويلىغا چۈشتى. . . ئايال كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ: «كىمۇ بۇ ئالا كېچىدە ئىشىك قاققان؟ . . .» دېگىنىچە، ئۆيدىن چىقتى.

— شەرمەندە باۋخۇاڭدىن بىرسى قاچتى، — دېدى مىلتىقىنىڭ نەيزىسىنى چىنەپ تۇرغان بىر قورallıق، — ھويلىغا چۈشكىنىنى سەزمىدىڭمۇ؟ . . .

— ياقەي، بالام خاپا قىلىپ، قاتتىق ئۇخلاپ قاپتىمەن، بىرەر شەپىنىمۇ سەزمىدىم. . .

— باغ، ئۆيلەرنى ئىزدەڭلار، — دېدى قوراللىق ۋارقىراپ، — ئۇ مۇشۇ كوچىغا كىرىپلا يوقاپ كەتتى...

قوراللىقلار باغنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە، ئۆينىڭ قازناق - موربىلىرىغىچە قىدىرىپ، تاپالماي چىقىپ كەتتى. كوچىلار جىمىدى... ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىمۇ بارا - بارا پەسەيدى. ئۇلار جۇ رۇڭفانىڭ پات - پاتلا پەيدا بولىدىغان رازۋېدكا ئەترىتى بولۇپ، قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز يوقالدى. ئايال مەتمۇسانى قولتۇقلاپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى - دە، قارا چىراغنى ياندۇردى. قولىنىڭ ئاغرىقى بىلەن قالغان مەتمۇسا سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ، تامغا يۆلەندى - دە، كۆزلىرىنى يۇمدى.

— چاپانلىرىنى سالسىلا، — دېدى ئايال مۇلايىم ئاۋازدا، — قان بەك كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ، مەن تېڭىپ قوياي...

مەتمۇسا كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى «كۆلۈمسىرىگەن» ئايال تۇراتتى. ۋارقىراشلاردىن ۋە مىلتىق ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن بالا يوتقان ئۈستىدە قىپيالىڭاچ ئولتۇراتتى. ئايال ئۇنىڭغا: — يوتقانغا كىر، سوغ تېگىدۇ... — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ يەڭلىرىنى تۇرۇپ، داسقا ئىسسىق سۇ تەڭشىدى. ئاندىن مەتمۇسانىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇپ، بىلەكلىرىنى يالىڭاچلىدى. ئوق جەينەكنىڭ يۇقىرىسى، مۈرىگە يېقىن يەرنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مەتمۇسا كۆڭلىدە: «يېرىم ئاپتومات مىلتىقنىڭ ياكى بەش ئاتارنىڭ ئوقى ئىكەن - دە! پىلىموتنىڭ ئوقى بولسا توختاپ قالار ئىدى» دەپ ئويلىدى. ئايالنىڭ قوللىرى بەك ئەپچىل ئىدى. ئۇ يارا ئېغىزى ئەتراپىنى قىزىق سۇغا چىلانغان لۆڭگىدە پاكىزە تازىلىدى. ئاندىن بىر كاللەك پاختىنى كۆيدۈرۈپ باستى - دە، داكا ياغلىقتا چىڭ يۆگەپ تاڭدى. مەتمۇسا ئۇنىڭ چىرايىنى بىر غېرىچ ئارىلىقتا كۆرۈپ، بۇرنىغا ئۇرۇلۇۋاتقان ئايال ھىدىدىن ھوزۇرلانماقتا ئىدى. ئوغلى ئىككىسىگىلا سېلىنغان يوتقاننى كۆرۈپ، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ يوقلۇقىنى ياكى ھاشارغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. مەتمۇسا يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ، ئۆزىگە كۆلۈپ قاراپ تۇرغان بالىغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— قورساقلىرى قانداق، بىر نېمە قىلىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى ئايال قولىنى يۇيۇۋېتىپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ! — مەتمۇسا ئايالنىڭ تومتەك بىلەكلىرىگە قارىدى، — بۇ

تۇندە سېلىنى كۆپ پاراكەندىچىلىككە سېلىۋەتتىم...

— ئاۋۇ قىلمىسىلا، — دېدى ئايال پەگادا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، — كەچتە ئۇگرە ئاش ئەتكەندىم، قازاندا بار، ئىسسىتىپ بېرەيمۇ - يە؟...

مەتمۇسانىڭ قورسىقى ئاچقانىدى، ئەمما ئۇ، بۇ سۇمباتلىق ئايالدىن ئەيمىنىپ تۇزۇت قىلىۋاتاتتى. بۇنى سەزگەن ئايال پىسسىڭغىدە كۈلۈپ قويۇپ، مۇرا ئۇچاقتا پاسارنى تىقتى - دە، ئوت ياقتى. ئۇ بىر ئاياق ئۇگرە ئاشنى داستىخان ئۈستىگە قويغانىدى، مەتمۇسا قولىنىڭ ئاغرىقىدا ئېڭىشەلمىدى. ئايال ئاياقنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇتۇپ بەردى. سەل خىجىل بولۇپ تۇرغان مەتمۇسا ئاشنى ياغاچ قوشۇقتا شالاپ - شۇلۇپ قىلىپ ئىچىشكە باشلىدى.

— ئالدىرىماي ئىچسىلە، — ئايال كۈلۈپ قويدى، — قېقىلىپ كەتمىسىلە يەنە...

مەتمۇسانىڭ جانلىرى سۆيۈنۈپ كەتتى. خۇددى قىرىق يىللىق ۋاپادار ئايالىنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە نائىل بولغاندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىدى... تۇرمۇش ئۆزىنىڭ ئاددىي، سەممىي، تەبىئىيلىكىنى ساقلاپ قالغاندا، ئۇنىڭ بېرىدىغان روھىي ئوزۇقى ئەنە شۇنداق تاتلىق، شېرىن - شەربەت بولىدۇ. بۇنى پاراغەتتە ياشاپ، توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىدىغان بەگزادىلەر - خېنىملار ھېس قىلالمايدۇ ھەم بۇنداق غۇبارسىز مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيدۇ...

— ئىسىملىرى نېمە؟ — ئايال مەتمۇسانىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان بىر تامچە ياشنى بارمىقىدا سۈرتۈۋەتتى، — ئوغلۇم سىلى بىلەن گەپلەشكەن كۈندىن بېرى، گەپلىرىنى قىلىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ بۇ بالىنى زادىلا يادىمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم، — مەتمۇسا ئۇخلاپ قالغان بالىغا قاراپ قويدى، — مېنىڭ ئىسمىم مەتمۇسا، ئۆزلىرىنىڭچۇ؟ مەن كەنتنى ئارىلاپ، سىلىنى زادىلا ئۇچرىتالمىدىم.

— ئىسمىم مەلىكە سايىپخان، مەن كەنت گىلەم كارخانىسىنىڭ يۇڭ يىپىنى ئىگىرىمەن، شۇڭا، تالا - تۈزلەرگە ئانچە چىقىپ قالمايمەن... كۈنلۈك ۋەزىپەم بار...

دۇنيادا كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ ھەم سىرلىق بىر نەرسە بولمىسا كېرەك. مەتمۇسا مەلىكە سايىپخاننى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالغان بولسا، مەلىكە سايىپخانمۇ بۇ بودەك ساقالغا لەپپىدە قاراش بىلەن، ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. مەتمۇسا بىر ئىشتىن

ئەنسىرىگەندەك، ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا قارىماقتا ئىدى. بۇنى سەزگەن مەلىكە سايىپخان كۈلۈپ قويۇپ:

— ئېرىم ئاشقازان كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ چاغدا، ئوغلۇم نۇرەخمەت بىر ياشتا ئىدى، — دەپ قويدى...

— بالىنى تەستە چوڭ قىلغانلا؟ ھەي... — مەتمۇسا سول قولى بىلەن يۈزىنى سىيلىدى، — مانا مەنمۇ يالغۇز، ئەرمەك بولغۇدەك بىرەر بالاممۇ يوق. بۇنداق سەرسانلىق تۇرمۇشتىن سەسكەندىم... بىراق، لايىقىدا بىرەر ھەمراھ تاپالماي، بويتاق يۈرۈۋاتىمەن...

ئۇلار بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن، مەلىكە سايىپخان مەتمۇساغا ئوغلىنىڭ يېنىغا ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆزى ئۇ تەرەپتە يېتىپ قالدى...

مەتمۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە، مەلىكە سايىپخانغا يېنىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇزۇپ: «بالىغا كىيىم قىلىپ بەرسىلە... مەن سىلىنى يوقلاپ تۇرىمەن» دېدى-دە، قايتىپ كەتتى. ئۇ دادۇي ئىشخانىسىغا كىرگەندە، خالىق جەڭگىۋار ئەترەتلەرنىڭ باشلىقلىرى — تۇرسۇن تايغان، مەمەت سىدىق سېرىق، مەتتۇردى پاناقلار بىلەن ھاراق ئىچىۋاتاتتى. بۇ سورۇندا، قېچىپ كەتكەن قاراۋۇلمۇ بار ئىدى. ئۈستەلگە يېيىلغان گېزىت ئۈستىدە، پارچىلانغان ئىككى توخۇنىڭ گۆشى تۇراتتى. خالىق مەتمۇسانىڭ تېڭىلغان قولىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، غاجاۋاتقان توخۇ پاچىقىنى ئۈستەلگە تاشلىدى.

— ھە، قولۇڭغا نېمە بولدى؟ بىر كېچە يوقاپ كەتتىڭغۇ؟ — خالىقنىڭ چىرايىدىن قوراللىقلارنى قەستەن ئەۋەتمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — ئادەم ئەۋەتسەم تاپالماي كەپتۇ... بىز تېخى سېنى ۋاكبا باندىتلىرىغا قېتىلىپلا كېتىپ قالدىمىكىن دەپتۇق.

مەتمۇسا بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. لېكىن خالىق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— مۇنداق دېگىن! بىر كېچە پەيزى سۈرۈپسەن-دە... قانداق تۇتۇنلۇق خوتۇنلارنىڭ خۇلقى سازمىكەن؟...

— ئۇ، پاك، سەممىي ئايال، — مەتمۇسا قەسەم ئىچىۋاتقاندەك نەگىدۇر قاراپ قوشۇپ قويدى، — مەن ئۇنىڭ ئوغلىغا ئاتا بولماقچى...

— ياخشىغۇ! مەن ئۇ سەتەڭنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقسام

بولغۇدەك. . . — خالىق ھاياسىزلىق بىلەن ھىجايدى، — ئاندىن توي قىلساڭمۇ ئۆلگۈرسەن. . .

ئۇلتۇرغانلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. يوغان ئېچىلغان ئېغىزلاردىكى چاينالغان لوقمىلار ئۇستەلدىكى توخۇ گۆشىگە چاچرىدى. مەتمۇسا خالىققا شۇنداق ئالايدىكى، ئولتۇرغانلار ئەندىكىپ كېتىشتى. . .

خالىق باغچا كەنتىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، بىرەر تال قورالغىمۇ ئىگە بولالماي قايتىپ كەلدى، ئەكسىچە، يەنە بىرنەچچە ئادىمىدىن ئايرىلدى. شۇڭا، قول ئاستىدىكىلەرگە قىرىچە - يېنىچە تېگىدىغان سەپرا مىجەز بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە، مەتمۇسانىڭ جاراھىتى ئېغىرلىشىپ، كېچىلىرى لوقۇلداپ ئاغرىپ، ئۇنى زادىلا ئۇخلاتمىدى. شۇڭا ئۇ گۆكشي دوختۇرخانىسىغا كۆرسەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شتاب ئىشخانىسىغا كىردى. قول - پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەدەن ھەرىكىتى قىلىۋاتقان خالىق گويا يېنىدا ھېچكىم يوقتەك، بىر ھازا گەپ قىلمىدى. مەتمۇسا ئىككىنچى قېتىم رۇخسەت سوراش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقاندىلا، ئۇ: «پاشا چاقسىمۇ پادىشاھقا ئەرز قىلىدىغان ھۆداق نېمىكەنسەن، مىق جىجاپ كەتكەندەك بىر يەرگىمۇ دوختۇرخانىغا بارىمەن دەۋاتقىنىنى!» دېدى - دە، ھەرىكىتىنى ئويناۋەردى. بىراق ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى «ئابدۇنەيىم» ئاخشام ئۆزىنىڭ مەتمۇسانىڭ جاراھىتىنى كۆرگەنلىكىنى، ئەگەر ۋاقتىدا داۋالاتماي، يىرىڭ كېڭىيىپ كەتسە، ئۇنىڭ قورالمۇ تۇتالمايدىغانلىقىنى ئەيمەنمەيلا دېدى. خالىق «ئابدۇنەيىم»گە قايرىلىپ قارىدىيۇ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، تۈرۈلگەن قاپاقلىرىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى ئەپقاچتى. نۇرغۇنلىغان پارچە جەڭلەردە، ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇملاردا ئۆزىنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىغان، ھەتتا ئەسكەرلىرى ئۆز جېنىنى ئېلىپ قېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان جىددىي پەيتلەردىمۇ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بۇ قارام يىگىتتىن خالىق ئەيمىنەتتى ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

— بوپتۇ بارغىن. . . لېكىن ۋەزىپەڭنى ئۇنتۇپ قالما.

— بۇ ئىشلىرى جايىدا بولدى، — دېدى «ئابدۇنەيىم» يەنىلا ئۇنىڭغا قارچىغىدەك تىكىلىپ، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىسى بىلەن دادىسىنى قوغدىغىلى كەلمىگەن. . .

مەتمۇسا بۇ غورا قاپاق بالىدىن سۆيۈنگەن ھالدا چىقىپ كەتتى. ئۇ بوستان چېگرىسىدىن قېچىپ ئۆتكەندە، ئۇنى مۇشۇ بالا تاياقتىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى، بۈگۈن

يەنە ھەممىتىنى ئايىمىدى. مەتمۇسا قولىنى تاڭدۇرۇپ يېنىپ كەلگەندە، چۈشلۈك تاماق بولۇپ قالغانىدى. قوراللىقلارنىڭ ھەممىسى داۋۇي قورۇسىغا توپلاندى. خالىق جەڭچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇتىنى كېرىپ ماختانغان ھالدا، يۇقاقۇندىكى قانلىق جەڭدە يوتىسىنىڭ يارىلانغانلىقىنى، ئابدۇنەيىمنىڭ ئۇنى يۆدۈپ، يامغۇردەك ئوقلار ئارىسىدىن قۇيۇندەك ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. قوراللىقلارمۇ بۇ ئون سەككىز ياشلىق كەم سۆز بالىغا چاقچاق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئوشۇق - تۆشۈك گەپمۇ قىلالمايتتى. ئۇ ھېچكىمگە ئارىلاشمايتتى. ئۇلار ئۇنىڭ داۋاملىق قانداقتۇر چوڭقۇر خىيال بىلەن يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتى. گويا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر كۆز باردەك، ئۇنى بەكمۇ سىرلىق ھېس قىلاتتى...

خالىقنى ئورىۋالغان قوراللىقلار ھەرقايسى جەڭلەردە بولغان جىددىي ئېلىشىشلار ھەققىدە راسا قىزغىن پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا، دەرۋازىدىن مەلىكە سايىپخان ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، كورىدا تاماق كۆتۈرۈپ كىردى. مەتمۇسا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە: — مەلىكەم، ئاۋارە بولۇپ تاماق ئېلىپ كەپسىز... — (ھازىر ئۇلار سىزلىشەتتى) دېدى - دە، ئۇنى ياتاققا باشلىدى. ياتاق ئىشىكى يېپىلىشى بىلەن، ھويلىدىكى قوراللىقلار ھاياسىزلىق بىلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى. ھايۋانلار! — دېدى مەلىكە سايىپخان كورىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ. ئۇ تۇخۇم قورۇپ لەغمەن ئېتىپ ئېلىپ كەلگەنىدى.

— قېنى ئىسسىقىدا يەۋېلىڭ! — مەلىكە سايىپخان چوكىنى رومال ئۇچىدا سۈرتۈۋېتىپ مەتمۇساغا تۇتقۇزدى.

مەتمۇسا خالىقتىن بۈگۈن كۆرگەن خورلۇقلىرىنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخار قاپلىدى. ئەگەر شۇ تاپتا ئىمكانىيەت يار بەرسە، ئۇنىڭ مەلىكە سايىپخاننى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئاشۇ گىردە ناندەك يېرىلغان مەڭزىلىرىگە، جاپادا قاتقان ئالقانلىرىغا، ئىشىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ، خۇمارلىشىپ تۇرغان قوڭغۇر چېقىر كۆزلىرىگە قانماي - قانماي سۆيگۈسى، ئۇنىڭغا: «مەلىكەم، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈم سىز ئۈچۈن! ۋاپادار ئەر، كۆيۈمچان ئاتا بولىمەن...» دەپ، ئىمانى بىلەن ئەھدە قىلغۇسى كەلدى...

مەتمۇسا تامىقىنى يەۋېتىپ، تۇخۇم چىقىسلا، بېقىنىدا سۈۋۈشۈپ ئولتۇرغان بالىنىڭ ئاغزىغا سالاتتى. ئاتا مېھرى كۆرمىگەن بۇ گۆدەك خۇددى ئۆز ئاتىسىنى تېپىۋالغاندەك، ئاغزىنى كاككۇك بالىسىغا ئوخشاش ئاچاتتى.

— داداش، قولىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ . . .

— ياق بالام. . . ھازىر خېلى ياخشى. . .

— ئاخشاملىقتا مېنىڭ بىلەن يېتىڭ! . . . ئۆتكەندىكىدەك بويىنىڭىزنى قۇچاقلاپ ياتىمەن.

— داداشىنىڭ كېچىدە ۋەزىپىسى بار، — مەلىكە سايىپخان بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — ۋەزىپىسى تۈگىگەندە، سىېنىڭ بىلەن ياتىدۇ. . .

— ئەمىسە، قولىغا ئوق تەگكەندە ياتامدا؟ . . .

مەتمۇسا بىلەن مەلىكە سايىپخان تەڭلا كۈلۈۋەتتى. ئۇلار ئىناق ئەر - خوتۇنلاردەك كۈلۈشۈپ، بالىنى گەپكە سېلىۋاتقاندا، خالىق كىرىپ كەلدى. ئۇ ئائىلىنىڭ تولۇق تاشتەك تولغان بەدىنىگە، چىڭ كۆكسىلىرىگە، تۆكۈلۈپ تۇرغان قاش - كىرپىكلىرىگە، بولۇپمۇ ئاياللاردا ئاز تېپىلىدىغان ساغۇچ قوڭۇر چېقىر كۆزلىرىگە قاراپ، ئىچىدە: «بولىدىغان مال ئىكەن. . . » دەپ ئويلىدى. گەرچە ئاق پىشماقلاردىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ مېھرى ئىسسىق، مىجەزى شوخلۇق ئايال ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مەلىكە سايىپخان خالىقنىڭ ھاياسىز قاراشلىرىغا، بىزەڭ چىرايىغا ئاچچىقى كەلدى بولغاي، قاچىلارنى داستىخانغا ئوراپ، بالىسىنى يېتىلەپ، مەتمۇساغا «خوش» دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

— خېلى - خېلى ئىشلارغا دىتىڭ يەتمىگىنى بىلەن، — دېدى خالىق تاماكىسىنى چېشلىگىنىچە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، — خوتۇن تاللاشتا كۆزۈڭ ئۆتكۈر ئىكەن جۇمۇ سېنىڭ! پاھ - پاھ، تېنىگە ئەت قونغان پاخلاندەك مىققىدە بىر نېمىكەنا؟ . . . بىرەر - ئىككى كېچىلىككە يارايدىكەن. . .

مەتمۇسا سەكرەپ قوپۇپ، ئۇنىڭ گېلىدىن بوغماقچى بولدىيۇ، لېكىن ۋاقتى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بۇنداق قىلغاندا، «قىساس يولىدا يەتمەكچى بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرى» بەرباد بولاتتى. ئۇ بۇ قىساس ئۈچۈن، ھەرقانداق خورلۇقلارغا چىداشقا رازى ئىدى. . .

خالىق بۇگۈن كېچە مەتمۇسا «ئەجەل ئېغىزىغا» كەتكەن ھامان، مەلىكە سايىپخاننى تۇتۇپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ شېرىن خىيالى ھايال ئۆتمەي كۆپۈككە ئايلاندى. چېپىپ كەلگەن ئېتىدىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقان خەۋەرچى دادۇي ئىشخانىسىغا كىردى - دە، خالىققا بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزدى. بۇ «بىرلەشمە

باش سىلىغىبۇ» نىڭ خالىقىنىڭ دەرھال قايتىپ يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشى ھەققىدىكى بۇيرۇقى ئىدى.

قورالىقلار تەييارلىقنى قىلىپ كوچىغا توپلاندى. مەلىكە سايىپخان بالىسى بىلەن مەتمۇسانى ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن كەلدى. ئۇ ياغلىقىقا ئورالغان پىششىق تۇخۇمنى كەلگۇسى ئېرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ: «ئامان بولۇڭ، بالىنى ئويلاڭ، ئۇ سىزگە بەك ئامراق. . . مەن سىزنى ساقلايمەن. . . » دېدى ـ دە، يىغلىۋەتتى. بۇنى ئات ئۇستىدە تۇرغان خالىق كۆرۈپ، دىمىغىنى قاققانچە، قورالىقلارغا ۋارقىرىدى:

— مېڭىڭلار! . . .

# يىقىلغان چىنار، تۇزىغان گۇل

ئاپرېلنىڭ ئىللىق شامىلى تەبىئەتكە جان ئاتا قىلىپ، داۋۇ دەرەخ، گۇل - گىياھلارغا ئۇششاق، يۇمران، نازۇك بىخ ۋە ياپراقلارنى سوۋغا قىلدى. كائىنات سۇس مايىسرەڭ لىباس كىيگەن، مەجنۇن تاللارنىڭ ئەۋرىشىم چوكان جالالىرى خوتەن قىزلىرىنىڭ قىرىق ئۆرۈم چاچلىرىدەك سۇباتلىق كۆرۈنەتتى. باغلار، ھويلىلار ئاق، ھال رەڭ، قىزغۇچ چېچەكلەرگە پۇركەلدى.

ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق، ھەر باھار كەلگەندە، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىمۇ باھار شادلىقىغا چۆمىدۇ. . . بىراق، گۇجان كوچىسىدىكى بالىخانىلىق، باغلىق قورۇ ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. خانىزاتخان ئانىنىڭ ھالى ئېغىرلاشقان. . . ئۇ، ئەتراپىدا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغان كامىل، ھېكمەت، مۇرات، ئالىمجان، شادىمان، ئامانىلا، سەئىدە، نەفىسە، زۇمرەت قاتارلىق يىگىت ـ قىزلارغا قاراپ ئاستا سۆزلىمەكتە. . . نەسىھەت قىلماقتا. . . ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قالدۇرماقتا ئىدى. ئۇ ھاسىراپ تۇراتتى:

— بالام ئالىمجان، ئۆزلىرى باشقىلاردىن ھۆرمەت ـ ئىناۋەتتە، ئەقىل ـ پاراسەتتە چوڭ، — موماي ھەممىگە تەكشى قارىدى، — مەن كامىل بالامنى ئاۋۋەلەن خۇداغا، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم. . . ئاكىلىق ھەم ئاتىلىق مېھرلىرىنى ئاتا قىلارلا. . .

— خاۋاتىرلەنمىسىلە خان ئانا. . . ئۆزلىرى بىر ئوبدان تۇرۇپتىلىغۇ! خۇدايىم

شىپالىق بېرىدۇ، — ئالىمجان مومايىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — بىز دوستلار كامىلنى يېتىمسىرىتىپ قويمايمىز.

خاننىزاتخان ئانا ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدەك، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى-دە، يەنە تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن سەئىدە يىغلىغانچە ئاستا ئېڭىشتى ۋە:

— خان ئانا، ياستۇققا يۆلىنەملا؟ — دەپ سورىدى.

— بالىلىرىم، مېنى يۆلەپ باغقا ئېلىپ چىقساڭلار... — دېدى خاننىزاتخان ئانا ئىلتىجا بىلەن، — باغنى بىر كۆرگۈم بار...

— گىلەم بىلەنلا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقايلى، — دېدى ئالىمجان سەئىدەگە، — كىچىكرەك گىلەم بولسا تېخى ياخشى...

سەئىدە قوش كارىۋاتقا سالىدىغان سۇلۇ گىلەمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇستىگە كۆرپىنى ئىككى قاتلاپ سالدى ۋە پەي ياستۇقنى قوشلاپ قويدى. يىگىتلەر گىلەمنىڭ تۆت ئۇچىدىن ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. بۇنىڭدىن سەكسەن بەش يىل مۇقەددەم ئون ئالتە ياشلىق خاننىزاتخان خېنىمنى ئابدۇلەتىپ ئەمىر نەققاشىغا ياتلىق قىلغاندا، يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشى كوچىسىدىكى بالىخانىلىق قورۇدىن ئۇنى مانا مۇشۇنداق گىلەمدە كۆتۈرۈپ چىقىشقانىدى... ئۇنىڭ ھايات خاتىرىلىرىدە بۇ خاسىيەتلىك كۈن زادىلا ئۇنتۇلمىغانىدى. موماي ئىچىدە: «مۇرەببەم، دىدارلىشىدىغان دەقىقىلەر يېتىپ كەلدى...» دەپ پىچىرلىدى. مومايىنىڭ قويۇڭلار! دېگەن ئىشارىتى بىلەن، يىگىتلەر گىلەمنى ياپيېشىل يۇمران چىملىق ئۇستىگە قويدى. خاننىزاتخان ئانا چېچەكلىك باغقا، سۇس يېشىلىققا پۈركەلگەن مېۋە كۆچەتلىرىگە تويماي - تويماي قارىدى. ئاندىن يېنىدىكى قىر ئۇستىدىن بىر غولاچتەك بىخلىنىپ چىققان مەغىز گۈلىگە مېھىر بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ بىر غېرىچتەك كېلىدىغان قىپقىزىل بىخ بەرگىلىرىدە ئۈنچىدەك شەبنەملەر يالتىراپ تۇراتتى... موماي مەغىز گۈلى بىخلىرىنى ئالقانلىرىدا ئاستا سىيلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش دوملاپ چۈشتى...

خاننىزاتخان ئانا ئەتىسى تاڭ نۇرلىرى چېچىلغاندا دۇنيادىن ئۆتتى... ھەممىلا يەردە توساق ۋە بارىكادىلار بولغاچقا، يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار كېلەلمىدى. كامىلنىڭ دوستلىرى، شەھەردىكى يېقىن - يورۇقلار ۋە گۇجان كوچىسىدىكى جامائەت كۆچۈپ دېگۈدەك كېلىپ، مەرھۇمەنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. دوستلار يېشىل مەخمەل يۇپۇق يېپىلغان جىنازىنى خاننىزاتخان ئانىنىڭ ئەجدادلىرى قويۇلغان گۇجان مازىرىغا

ئېلىپ كەتتى...

ھېكمەت، مۇرات، ئالىمجان، نەفىسە، زۇمرەتلەر مەرھۇمەنىڭ يەتتە نەزىرىگىچە كامىلغا ھەمراھ بولۇشتى. مەھبۇبە تۇغۇتلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن كېلەلمىگەنىدى. جامائەت نەزىردىن تارقىغاندىن كېيىن، ھېكمەت قېينانىسىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. موماي يالغۇز قالغان قىزىدىن ئەنسىرىدىمۇ، ئۆزىدىن ئېگىز ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ دوگىغايغىنىچە ھېكمەتنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ھېكمەت ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئېگىز پەلەمپەي ئالدىدا مومايىنى يۆلىۋالدى.

مەھبۇبەنىڭ قىرقى توشمىغان بالىنى زاكىداپ ئۆيدە كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن موماي: «قىرقىڭ توشمىغۇچە نېمىشقا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ؟» دەپ ۋارقىراپلا كەتتى. لېكىن مەھبۇبە قېتىغىمۇ ئالماي: «كونىلارنىڭ ھېسابىدا قىرىق كۈن، ياشلار-نىڭ قائىدىسىدە يىگىرمە كۈن، ماڭا بىر ئايدىن ئاشتى» دەپ، ئانىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

ھېكمەت قىزى تۇغۇلغاندا بىر قېتىم كەلگەنىدى. خانىمزاتخان ئانىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇنىڭغا بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقانغا ئون كۈن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، خوشلۇقىدىن ئۆزىنى بىلمەي قالغان مەھبۇبە بالىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئېرىنىڭ قېشىغا ئولتۇردى - دە: «قىزىم ئۇچقۇنئاي، دادا كەلدى، ئەنە قاراڭ، ئوغرى، قىمارۋاز، دىۋانە، قاراقچى، كاپىر دادىڭىز كەلدى!» دەپ ئەركىلەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مومايىنىڭ ئەرۋاھى ئۆرلىدى:

— ھەي، دېۋەڭ شەپشەك، ئېرىنى تىللاپ بالا ئەركىلەتكەن نەدە بار؟ — موماي قوللىرىنى شىلتىپ چالۋاقاپلا كەتتى، — قارا ئاغزىنىڭ ئەسكىلىكىنى! ھېكمەتجان بالام، ھەرگىز كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

— ۋاي تېخى ياخشىچاق بولۇۋالغىنىنى! — مەھبۇبە دەرھاللا جاۋاب ياندۇردى، — سەن تىللىساڭ بولىدىكەنۇ، مەن تىللىسام بولمامدىكەن؟...

— ھەي مەھبۇبە! — ھېكمەتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئانا بىلەنمۇ تاكاللىشام-دۇ؟ قانداق بىمەنىلىك بۇ!

— مەن قاچانمىتەم ھېكمەتجان بالامنى تىللاپتىمەن - ھە؟ — موماي دېۋەيلەپ كەلدى، — ۋۇي قارا ئېغىز...

— ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ ئالتە يىل ئىلگىرى ئۇ كېچىسى مېنى يوقلاپ كەلسە،

تىللاپ، قارغاپ ھەيدىۋەتكىنىڭ يالغانمۇ؟ . . .

— نېمە؟ . . . — موماي تۇنجۇقۇپلا كەتتى. . . ئۇنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتكەنچە، كەچكىچە گەپ قىلمىدى. ئۇ، ھويلىغا چىقىپ كەتكەن ھامان، ھېكمەت مەھبۇبەگە ئاچچىقلاپ قالدى:

— مەن يۈزىگە سالماڭ دېمىگەنمىدىم؟ بۇگۈن سىزگە زادى نېمە بولدى؟ مەن كېتىمەن، — ھېكمەت ئورنىدىن تۇرغانىدى، مەھبۇبە دەرھاللا ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

— بولدى، خاپا بولماڭا! مەن ئانامدىن كەچۈرۈم سورىسام بولمىدىمۇ؟ — مەھبۇبە خىجىل بولغانىدى، — شۇ چاغقىچە ئىچىمدە ساقلىنىپ كەلگەن گەپ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. . .

كەچلىك تاماق جىمجىت يېيىلدى. ھېكمەتنىڭ ئىشارە قىلىشى بىلەن مەھبۇبە ئانىسىغا قارىدى ۋە «خاپا بولماڭا ئانا! . . . ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. . . » دېدى ـ دە، مىچچىدە قىلىپ يىغلىدى.

— ئانا! — دېدى ھېكمەت ئەپۇ سورىغان تەلەپپۇزدا، — ئۇ سىلىگە قارىتىپ دېگەن گەپ ئەمەس، مەھبۇبە داۋاملىق مەن بىلەن چېقىشىپ، ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ، مەنمۇ كۆنۈپ قاپتىمەن. . .

— بولدى، كۆڭلۈمنى ياسىمىسىلا بالام، — موماي رومىلىنىڭ ئۇچىنى كۆزلىرىگە باستى، — مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ پاراكەندە بولۇۋاتقىنى قىزىمنىڭ ھازىر جاۋابلىقى ئەمەس. مەن خۇدا ئالدىدا كۈيۈرلۈق ئۆتكۈزۈپتىمەن. مېنىڭ سىلىنى بوسۇغامغا «ئىككىنچى دەسسەتمەيمەن» دەپ ھەيدىۋەتكىنىم ئېسىمدە. . . لېكىن خۇدا: «ئۇ ئەگەر ساڭا ئوغۇل بولۇپ قالسا نېمە دەيسەن؟ » دەپ كارامىتىنى كۆرسەتتى. . . تووۋا قىلدىم! تووۋا. . .

موماي ياقىلىرىنى چىشلىدى. ئاندىن قەدىمكى بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى:

. . . بۇرۇنقى زاماندا، ناھايىتى سەت ھەم نامرات بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئوتتۇز ياشقىچە ئۆيلىنەلمەپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا قىزىنى بەرمەپتۇ. . . بۇ يىگىت ھەركۈنى كېچىسى خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپتۇ. . . ئاللا ئۇنىڭ تىلىكىنى مەقبۇل ئەتتىمۇ، ئىش قىلىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئاللادىن ئۇنىڭغا: «ھەي يىگىت، بۇگۈن ئاخشام مۇشۇ مەھەللىدە بىر قىز تۇغۇلىدۇ، شۇنى ساڭا جۇپتى ھالال قىلىپ ئاتىدىم. . . » دېگەن

ۋەھى كەپتۇ. . . يىگىت تېخىمۇ غەمگە تولۇپتۇ ۋە: «بۇگۈن تۇغۇلغان شۇم قاچان چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكىچە مەن خوتۇنسىز بويتاق يۈرەمدىم؟» دەپ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، نىيىتىنى بۇزۇپتۇ ـ دە، كېچىدە ئۇ بوۋاقنى بۆشۈكىدە تۇرغۇزۇپلا بوغۇزلىۋېتىپ، يات يۇرتلارغا قېچىپ كېتىپتۇ. . . ئۇ، ئۇ يەرلەردە ئىش ـ ئوقەتكە كىرىشىپ، پۇل ـ ماللىق بوپتۇ. بىراق، يەنىلا ئۆيلىنەلمەپتۇ. ئاخىرى، كەمبەغەل بىر ئوتۇنچى ئون بەش ياشلىق قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئۇ چىمىلدىققا كىرگەندە، قىزنىڭ بويندىكى تارتۇقنى كۆرۈپ قېلىپ، نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. قىز: «بوۋاق ۋاقتىمدا، بىر قارا كۆڭۈل ئادەم مېنى بۆشۈكۈمدە تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىۋېتىپتىكەن. . .» دەپتۇ. . .

— كۆردىڭمۇ بالام؟ — دېدى موماي ھېكمەتكە، — خۇدا پېشانىگە پۈتسە، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلماق زىنھار مۇمكىن ئەمەس. . .

ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەندە بوستانغا يۈرۈپ كەتتى. شەھەردىن بوستان چېگرىسىغىچە بولغان يەرلەر لىيەنزۇگىسىنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ يەرلەردىن ئۆدۈللاپ ئۆتكىلى بولمايۋاتاتتى. شۇڭا، ھېكمەت گۇجان كوچىسى بىلەن توسالللا گۇڭشېسىنىڭ «توققۇز گۇمبەز» كەنتىگە چىقتى، ئۇ يەردىن مېڭىپ، قارامەت، جالالباغ، ھالالباغلارنى ئايلىنىپ، كۈن قىيىلغاندا، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ مەھبۇبە سومكىسىغا سېلىپ قويغان قاتلىما بىلەن قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، ئىنتىپاق ياچېيكىسىغا كىرىپ رەسىم سىزدى. ئۇنىڭ سىزىۋاتقىنى ماۋجۇشىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان ئۆلچەملىك سۈرىتى ئىدى. ھېكمەت ئۇنى مەمتىلى ئىبراھىم ئۈچۈن سىزىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئون بەش كۈن ئالدىدا ھېكمەتكە: «ئىككى بالام كىچىك، ئۆيدە ئاش ـ تاماق ئەتكۈدەك ئوتۇن قالمىدى. دادۇيلەرگە چىقسام، بىر تۇپمۇ دەرەخ سېتىپ بەرمىدى. ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بەرگەن بولساڭ، ئوتۇنغا تېگىشمەكچى ئىدىم. . .» دەپ يالۋۇرغانىدى. ھېكمەت گۇڭشې، دادۇيلەر ئېلىپ كىرگەندە ئېشىپ قالغان تاختايلاردا رامكا ياسىغان، ئۆتكەندە سىزغان رەسىملىرىدىن قالغان خام سۈرۈپنى تارتقان. ئاندىن ئۇنىڭغا يار يىلىم سۈيى بېرىپ، سۈرۈپ قاتقاندىن كېيىن، رەسىمنى سىزىشنى باشلىغانىدى. ھېكمەت رەسىمنىڭ چالدىسىنى كەچكىچە ۋە ئەتىسى بىر كۈن سىزىپ پۈتتۈردى. بوياقلىرى قۇرۇپ بولغۇچە، يەنە بىر كۈن ئۆتتى. ئاندىن، مەمتىلى ئىبراھىم ئۇنى قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ

ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى چۈشتە، مەمتىلى ئىبراھىم ئۈچ ئات قېتىلغان ئىككى ھارۋىغا ئۆرۈك ئوتۇنى، تۆت تاغار مەدەك، تاختاي تىلىدىغان ئىككى كېسىم ئۈجمە ياغىچى قاتارلىقلارنى دۆۋىلەپ بېسىپ مەكتەپكە ئېلىپ كىردى. خوشاللىقتىن، ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندى.

كەچتە، ھاۋا ئاينىپ بوران چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئۆرۈك چېچەكلىگىنى ۋاقىتىدا بولىدىغان بىر قېتىملىق جۇدۇن ئىدى. ئەمدىلا چاشقان قۇلىقى بولغان يۇمران يوپۇرماقلار ۋە قىپقىزىل نازۇك بىخلارنى قىيپاش ئۇرغان بوران رەھىمسىزلىك بىلەن تۆكمەكتە ئىدى. گۈركىرىگەن، ئۇشقىتقان ئاۋازلارغا تەڭكەش بولۇپ، ئاندا - ساندا مىلتىق، ئاپتوماتلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوغۇل - قىزلار ياتاقلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە قۇم تاغارلىرىدىن ياسالغان پوتەيلەردە شۇمشەيگەن قاراۋۇللار لاسكوي تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئۇزۇپ قوياتتى. بۇنداق جۇدۇنلۇق كۈنلەر خەتەرلىك ھېسابلانغاچقا، قاراۋۇللار كۈچەيتىلدى. قىشچە گۈلخان يېقىپ چىققاچقا، قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن ئۆتۈشمە سىنىپلاردىكى قوراللىقلار خىش تامنىڭ تۆشۈكلىرىگە كەپلەشتۈرۈلگەن قوراللىرىنى قۇچاقلاپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇراتتى. . . گوڭشې ئىدارىسى، ئاشلىق پونكىتى ۋە سودا سارايلىرىنى قوغداۋاتقان دېھقان قوراللىقلار چوڭ دەرۋازىدىن ئالدىرىشىپ چىقىپ يۈرۈشەتتى. . .

ھېكمەت بىر ئايدىن بېرى غېرىپسىنىپ قالغان مەشكە ئوت ياقتى. ئۆي ئەمدىلا ئىسسىپ تۇراتتى، مۇرات كىرىپ كەلدى. ئۇ تىترىگىنىچە، كىچىك ئورۇندۇقنى مەشنىڭ ئالدىغا سۈردى.

— ۋاي، ۋاي، مۆمىناخۇن، ئۆيۈڭ ئەجەپ ئىسسىقكىنا؟ — مۇرات قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى، — زۇمرەت گۈلچىنئايغا ئىشتان - پايپاق تىكىۋاتىدۇ. زېرىكىپ سېنىڭ قېشىڭغا كىرىشىم.

— ھەي، شۇنداق جۇدۇن بولۇۋاتسا، كۆڭلەكچانلا چىققىنىڭ نېمىسى؟ — ھېكمەت پالىشۇپكا جۇۋىسىنى ئۇنىڭغا يېپىپ قويدى، — سوغۇق تېگىپ، مىچىلداپ قالما يەنە. . .

— پاھ. . . پاھ، ئانامدەكلا مېھرىبان نېمىغۇ سەن! . . .

مۇرات بىر ناخشىنى دىمىغىدا غىڭشىپ ئېيتقىلى تۇردى. ئۇ ئاھاڭغا ماسلاشتۇرۇپ مەشنىڭ قاپقىقىنى بارماقلىرىدا چەكمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ

چىرايىدىن خۇشاللىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
— ھەي، ئۈمۈچۈك پاچاق، — دېدى ھېكمەت چاي دەملەۋېتىپ، — بەك خوش كۆرۈنسەنغۇ؟ زۇمرەت ساڭىمۇ ئېغى ئوچۇق ئىشتان تىكىپ بەردىمۇ - يە؟...
— يامان سەزگۈر نېمە جۇمۇ سەن! ئەكەل، قىزىق چېيىڭنى بىر پىيالە ئىچەي، — مۇرات پىيالىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ۋە ئالدىرىماي پۈۋلىدى، — خوشلىقىم ئىچىمگە پاتماي ساڭا دېگىلى كىردىم...
زۇمرەت چۈشتە تۇخۇم قورۇۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا «ھۆ» دېدى - دە، تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مۇرات ئارقىسىدىن چىققاندا، ئۇ ئېرىق لېۋىدە ئولتۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇق ھۆ قىلىۋاتاتتى. كۆزلىرىنى لىقمۇ لىق ياش قاپلىۋالغان زۇمرەت ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېرى سۇنغان لۆڭگىنى ئېلىپ كۈلدى. ئۇ مۇراتنىڭ: «زىيان قىلغۇدەك نېمە يېگەنتىڭىز؟...» دېگەن سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، كۈلۈپلا تۇراتتى. ئاياللارنىڭ قورسىقىدا قالغاندا، يېمەكلىكلەردىن، بولۇپمۇ ماي پۇرىقىدىن ھۆ بولىدىغانلىقى بىردىنلا ئېسىدىن كەچكەن مۇرات: «شۇنداقراق ئىش بارمۇ - يە؟» دەپ سورىدى. «بارمۇ - يە؟» ئەمەس «بار... دەڭ!...» زۇمرەت قاقاقلاپ كۈلدى - دە: «ھېلىمۇ ياخشى، گۈلچىنئايىنى ئۈچ ياشقا كىرگۈزۈۋالدىم...» دېدى. خوشلۇقتىن خۇدىنى يوقاتقان مۇرات زۇمرەتنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم پىرقىراتتى ۋە ئىككىسى تەڭلا كارىۋاتقا يىقىلدى. مۇرات: «قېنى ئېيتىڭا، نەچچە ئايلىق بولغاندۇر... چوقۇم ئوغۇلغۇ دەيمەن؟...» دەپ پىچىرلىدى. زۇمرەت: «مۇشۇ ئاي ھېساب... ئالدىنقىسىغا قارىغاندا، باشقىچە ئالامەتلەرنى سېزىۋاتىمەن... شۇنىڭغا قارىغاندا...» زۇمرەتنىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەيلا، مۇرات قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئاھاي، ئوغۇل!... ياشىسۇن شور تۇمشۇق زۇمرەت!... تۇمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن!...» دەپ شۇئار تووۋلىدى...
ھېكمەت قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.
— ھەي ئەكسىيەتچى، شىۋجېڭجۇيىچى شادىپاچاق... بىز بىرلا ئادەمنى «تۇمەن مىڭ يىللار...» دەپ شوئار تووۋلايمىز... — دېدى ھېكمەت قولىنى شىلتىپ، — ئەگەر مۇشۇ گېپىڭنى خۇڭۋېيبىڭلار ئاڭلاپ قالسا، ئۆزۈڭنى ئاسماققا ئېسىپ، تېرەڭنى تەتۈر شىلىدۇ جۇمۇ!...
— مېنىڭ خوتۇنۇمنى شۇنداق دېيىشكە ھوقۇقۇم بار... — دېدى مۇرات قېتىغد-

-مۇ ئالماي.

— ھوقۇقتىن گەپ ئېچىۋاتقىنىنى ماۋۇ يىگىناغۇچنىڭ؟ سېنىڭ بىلەن ماڭا نەدە قالغان ھوقۇق ئىكەن ئۇ؟ ھازىرقى ۋاقىتتا ھوقۇق دېگەن گەپ يوق. رىجىم بىلەن قالپاقتىن قۇتۇلالماي تۇرغاندا، دەۋاتقان گېپىنى كۆرەيمۇ بۇنىڭ؟

مۇراتنىڭ خۇشال چىرايىنى بارا - بارا ھەسرەتلىك تۇمانلار قاپلىدى. ئۇ، چىنە-سىنى يېنىغا قويۇپ، يۇزلىرىنى سىيلىدى. قانداقتۇر كۆڭۈلسىز بىر ئىشنى ئەسكە ئالغاندەك ئۇلۇق - كىچىك تىندى. ھېكمەت مەھبۇبە بىلەن توي قىلىپلا غۇلجىغا كەتكەندىن كېيىن، مۇرات زۇمرەتنى ئېلىپ قەشقەرگە بارغانىدى. ئانىسى گۈلچىنىئاينى «ماڭا ھەمراھ بولسۇن، قالدۇرۇپ كەت!» دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما مۇرات: «ھازىر گۈلچىنىئاي بىر ياشتىن ئاشتى... ئىككى - ئۈچ ياشقا كىرسە، ساڭىمۇ ئېغىرلىقى چۈشمەيدۇ، شۇ چاغدا قالدۇرۇپ قوياي...» دەپ ياندۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇلتۇر يازدا، ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى... ئۇلار قىزىنى چوڭ ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ، مەرھۇمنىڭ نەزىر - چىرىقىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەتتى.

— شۇ چاغدا ئانامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىم كۆڭلۈمدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر داغ بولۇپ قالدى، — دېدى مۇرات ھەسرەت بىلەن، — مانا ئەمدى بېرەي دېسەم ئۇ يوق!...

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما!... ئادەمنىڭ ئۆمرى ئارزۇ - ئارمان بىلەنلا ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ...

— ھېكمەت، سەن داداڭنىڭ، مەن ئانامنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدۇق، — دېدى مۇرات غەمكىن ھالدا، — ياكى ئۇلارنىڭ بىزنى باققان ئەجرىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ قايتۇرالمىدۇق... بەزىدە، بۇلارنى ئويلاپ، ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىپ كېتىمەن... ئانام ياشلا تۇل قالغانىدى. ئۇ مېنى دەپ ياتلىق بولمىدى. دوپپا - تۇماق تىكىپ، ماشىنچىلىق قىلىپ، مىڭ بالالىقتا مېنى باقتى، چوڭ قىلدى، ئوقۇتتى. ئۇنىڭ ھېيت - ئايەملەردىمۇ ئۇچىسىغا يېڭىراق كىيىم چىققىنىنى ئەسلىيەلمەي-مەن. ئاتا - ئانا بالا ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىكەن، لېكىن بىز بالىلار باغرى تاش كېلىدىكەنمىز...

— بۇنى باغرى تاشلىق دېگىلى بولماس؟ — ھېكمەت مۇراتنىڭ چىنىسىنى تولدۇ-رۇپ چاي قۇيۇپ قويدى، — ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا، تۇنجى بولۇپ

ئامىنە ئىككىمىز كومسومول ئەزاسى بولدۇق. بىز ئۆزىمىزنى خۇددى جەمئىيەتنى تۈزەيدىغان، ئاۋام خەلقنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان، كوممۇنىزمنىڭ ئۇلىغا بىر - بىرلەپ خىش قويىدىغان پىداكارلاردەك ھېس قىلاتتۇق... مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ياشلاردىن ئىدۇق... بۇ ئەقىدە - ئېتىقاد قانلىرىغا ئايلىنىپ، تومۇرلىرىمىزدا ئۇرغۇپ تۇراتتى. «پارتىيە، خەلق نەگە ئەۋەتسە، شۇ يەردە كۆكلەپ مېۋە بېرىمىز...» دېگەن سۆز بىزنىڭ جاراڭلىق شوئارىمىز ئىدى. بۇ يولدا، ئاتا - ئانا، قۇۋم - قېرىنداش، سۆيگەن يار دېگەنلەرنى ئىككىنچى ئورۇندا قوياتتۇق...

مۇرات مەتمۇسانىڭ خېتىدىن كېيىن، قورالىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئەلەم كۈرۈشىگە قاتناشماس بولغانىدى. ئۇ ۋاقتى چىقىسىلا، كامىل، ھېكمەتلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۈچ دوستنىڭ سەككىز - توققۇز يىللىق ھايات خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئالاتتى، مەكتەپتە قويغان ئويۇنلار، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆتكەن قايناق ھايات، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قۇرۇم كۆللىرىدىكى كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىشلار، بوز يەر، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەر بىرمۇ بىر سۆزلىنەتتى. غازاخۇن ئاكا، نائىبى، گۈلزىبا، قۇتلۇق ھاجىم، خانىمزاتخان ئانىلار ياد ئېتىلەتتى... خانىمزاتخان ئانا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئۈچ ئايدىن بېرى، كامىل كۆپىنچە شەھەردە بولغاچقا، مۇرات ھېكمەتنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمىگەنىدى، ھېكمەت رەسىم سىزىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنىڭغا دۇتار چېلىپ بېرەتتى، بوياق، پەي قەلەملەرنى سۇنۇپ بېرەتتى ياكى ئۇلارنى يۇيۇپ تازىلايتتى. ئۇ چاقچاق قىلىپ: «ئارقاڭدا بىر يىللاپ يۈرسەم، رەسساملىقتا سېنىڭدىن ئۆزۈپ كەتكۈدەكمەن» دەيتتى.

— ھېكمەت، كامىلنىڭ بۈگۈن قايتىپ كېلىدىغان كۈنى ئىدى، كەلمەيدىغۇ؟— مۇرات تۇيۇقسىزلا كامىلنى ياد ئەتكەنىدى، — يوللاردا تۇتۇلۇپ قالمىغاندۇ؟

— ياقەي، يەنە شۇ پەتچىلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي كېلەلمىگەندۇ...

— مەن بىر ئىشنى ئويلاپ قويدۇم، — دېدى مۇرات كۈلۈپ، — خانىمزاتخان ئانىنىڭ قىرقى توشقان ھامان، ئۇنىڭ تويىنى قىلىۋېتىمىز...

— ئۇ موللام يەنە «بىر يىل قارىلىق تۇتىمەن» دەپ تۇرۇۋالارمىكىن؟ — دېدى ھېكمەت مەشكە ئوتۇن سېلىۋېتىپ، — ئەجەپ سوغ بولۇۋاتىدۇ، باشقىدىنلا قىش بولۇپ كېتەمدۇ - نېمە؟...

— مېنىڭ ئامالىم بار... مەن ئۇنىڭغا بىر ئېغىزلا گەپ قىلسام، ئۇ قايىل

بولىدۇ. . .

— ۋۇي، قالتىسقۇ سەن؟ . . . كامىلنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن قايىل قىلالامسەن؟

— ۋاقتى كەلگەندە كۆرسەن. . .

— دېگىنە قېنى، قىز بالىدەك ناز قىلماي!

— خاننىزاتخان ئانا تۈگەيدىغاندىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ماڭا بىر ئىشنى تاپىلىغان، — مۇرات كۆزلىرىنى ھېيلىگەرلىك بىلەن ئويناتتى، — ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «كامىل بالام يىلىمغىچە قارىلىق تۇتىمەن دېسە، مەن گۆرۈمدە تىنچ ئولتۇرىمەن. . . ئەگەر مېنىڭ روھىمنى خوش قىلىمەن دېسە، قىرقىم توشقان ھامان، توينى قىلىۋەتسۇن. . . ئىككى ياشنىڭ ئۇۋالىغا قېلىشنى خالىمايمەن. . . » دېگەن. ئۇقتۇڭمۇ مۆمىناخۇن؟ . . .

— سەن بۇ گەپنى كاساڭغا ئۈرۈپلا تاپتىڭ. . .

— ئىشەنمىسەڭ، سەئىدە ئاچامدىن سورا، خان ئانام گەپ قىلىۋاتقاندا، ئۇ كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنىدى. . . — مۇراتنىڭ بىر ئىش يادىدىن كەچتى بولغاي، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى تاتىلاپ جىمىپ قالدى، — ھەي سەن، مەمتىلى ئىبراھىمغا رەسىم سىزىپ بېرىپ، خاتا قىلدىڭ جۇمۇ!

— قانداق دەيسەن؟

— يەنە بىرەر ھەرىكەت بولۇپ قالسا، «ھېكمەت ئىككى ھارۋا ئوتۇن، تۆت تاغار مەدەك، ئىككى كېسىم ياغاچ بىلەن گېلىمنى ياغلىغان» دېيىشتىن يانمايدۇ جۇمۇ ئۇ خومسى.

— ئۇنداقمۇ قىلماس ئادەمنىڭ بالىسى بولغاندىكىن؟ . . . ئوتۇنۇم يوق، ئىككى بالام بىلەن قىينىلىپ قالدىم دېگەچكە، ئىچىم ئاغرىپ. . .

— ئىچ ئاغرىتىش بۇ سەندىكى كېسەل. . . ئۇ يولىدا ياخشى. . . سەن ئالدىڭغا يىلان يىغلاپ كەلسىمۇ، ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاشتىن يانمايسەن. . . — مۇرات سائەتكە قارىدى، — ۋۇي سائەت ئونبىر بولۇپ قاپتۇ، مەن چىقاي جۇمۇ. . . زۇمرەت ئەنسىرەپ قالمىسۇن يەنە؟ . . .

مۇرات ئىشكنى ئېچىپلا: «ۋاھ، يامغۇر شارقىراپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ پالىشۇپكاڭنى كىيىۋالدىم ئەمىسە. . . » دېدى - دە، چىقىپ كەتتى. بىراق ھايال ئۆتمەي، يېقىنلا يەردە، «تارس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە «ھېكمەت! . . . » دېگەن بوش ئەمما

ئايانچىلىق نىدا كەلگەندەك بولدى. ھېكمەت يۈگۈرۈپ چىققاندا، مۇرات تامغا يۆلەنگىنىچە، بېقىنىنى تۇتۇپ ئېڭىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ۋە پالىشۇپكىنىڭ ئاپئاق مويلىرىدىن قاپقارا بىرنېمە ساقىۋاتاتتى.

— مۇرات، نېمە بولدۇڭ؟ — ھېكمەت دوستىنى يۆلىۋالدى، — ئاھ خۇدا، ساڭا ئوق تېگىپتۇ ئەمەسمۇ؟...

— باغ... باغدىن... — مۇراتنىڭ تېنى بوشاپ كېتىۋاتاتتى، — زۇمرەت... زۇمرەتنى...

— زۇمرەت!... — ھېكمەت بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، — زۇمرەت!...

ھېكمەت مۇراتنى يۆدەپ ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقىنىدا، زۇمرەتمۇ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى.

— مۇرات!... مۇرات!... نېمە بولدىڭىز؟ — زۇمرەت ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلىماقتا ئىدى. قوشنا ئۆيلەردىكى ئەر - ئايال مۇئەللىملەرمۇ يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى.

ھېكمەت مۇراتنى ئاۋايلاپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى. مۇراتنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. سول بېقىنىدىن چىقىۋاتقان قان كارىۋاتتىن يەرگە شورقىراپ چۈشمەكتە ئىدى. زۇمرەت ئېرىنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ قويۇپ بەرمىدى.

— مۇئەللىم، — دېدى ھېكمەت ئەخمەت ھوشۇرغا، — دەرھال ئابلىمىت دوختۇرنى چاقىرىپ كەلگەن بولسىلا... بۇ تۇرقىدا مۇراتنى يۆتكىگىلى بولمايدۇ...

ئەخمەت ھوشۇر قاتتىق يامغۇردا يېپىنچىسىمۇ ئاتماي چىقىپ كەتتى. يوتقاندىن يېڭىلا سۇغۇرۇلۇپ چىققان بەزى مۇئەللىملەر ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. مۇراتنىڭ بارغانسېرى ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىنى كۆرگەن زۇمرەت چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ، ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ، ئاخىرى ئايلىنىپ يىقىلدى. بىرنەچچە خانىملار ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھېكمەت بىلەن زىكرۇللا غوجى مۇراتنىڭ پالىشۇپكىسىنى سالدۇرۇپ، مەھبۇبەنىڭ ئۆلۈم - يېتىملەردە ئارتىدىغان داكا ياغلىقىدا جاراھەتنى تاڭدى. قان داكىدىن ئۆتۈپ يامراپ چىققىلى تۇردى. ھېكمەت يوتقان كىرلىكىنى يىرتىپ، قاتمۇ قات تاڭغاندىن كېيىنلا، قان توختىغاندەك قىلدى. شۇنداقتىمۇ، زىكرۇللا غوجى قوراللىقلاردىن داكا ئەپكېلىشكە چىقىپ كەتتى.

— ھېكمەت... سۇ... سۇ... بەك... بەك... ئۇسساپ... كەتـ

تىم... — مۇرات زەئىپ شىۋىرلىدى...

— بۇنداق چاغدا سۆز ئىچسەڭ بولمايدۇ، سەۋر قىل! ئابلىمىت دوختۇر ھازىرلا كېلىدۇ...

— مەن... مەن... بولالمايۋاتىمەن... — مۇرات بېشىنى چايقىدى، — كۆرگەن... كۆرگەن چۈشۈم... مەن... ئاق ئاتقا... مىنىپ... سەن مۇساپىر... دوستۇم دەپ... چۆللەردە يۈگۈرۈپ... قالىدىغان بولدۇڭ...

— ئۇنداق دېمە مۇرات... سەن... سەن، — ھېكمەت يىغلىۋەتتى، — سەن كەتسەڭ بولمايدۇ... ساقىيىپ كېتىسەن!...

— مېنى... مېنى... خوتەنلىكلەر ئەسلەرمۇ؟...

— تىلىڭنى ئۇششۇتمە مۇرات... ئوق ناھايىتى جىجاپلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ...

— لېكىن... سەن... سەن... شىماللىقنى ئەسلىمەيدۇ... نېمە؟... تىرىكمەيسەنغۇ؟...

— ئەسلىمىسە مەيلى... — ھېكمەتنىڭ ياشلىرى ئۇزۇلمەي چۈشمەكتە ئىدى، — سەنلا ساقىيىپ كەتسەڭ... نېمە بولسام مەيلى!...

— مەن... مەن... ساڭا قىيالمايمەن... سېنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭ... يۈرۈش - تۇرۇشلىرىڭ... قاراشلىرىڭ... كۈلۈشلىرىڭ... ھەتتا... ھەتتا... — مۇراتنىڭ چوڭ كۆزلىرى ۋاللىدە ئېچىلىپ يەنە يۇمۇلدى، — ئاچچىقلىساڭمۇ... شۇنچە... سە... سىمى...

مۇرات يۇقىرىغا تىنىشقا باشلىدى ۋە خىرىت، خىرىت قىلىپ، كالپۇكلىرىدىن يۈزۈدە كۆپۈك چىقتى - دە، جىمىپ قالدى...

— مۇرات!... مۇرات!!... — كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ھېكمەت ئەنسىز توۋلىدى... بۇ چاغدا ئابلىمىت دوختۇر، جۇ رۇڭفا، مەخمۇت، ئەخمەت ھوشۇر، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربانلار كىرىپ كېلىشتى. لېكىن، مۇرات جان ئۈزگەنىدى... ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن زۇمرەت، مۇراتنىڭ يۈزىدىكى ئەديالنى شارتلا تارتىپ ئاچتى - دە، تېخى بەدىنىدىن ئىسسىق كەتمىگەن جەسەتنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى... زۇمرەتنىڭ ئاۋازى ئۆيدىكى يىغا - زارىنى بېسىپ چۈشتى...

— ياق!... ياق!! ئۇ ئۆلمىدى... ئۆلمەيدۇ... — زۇمرەت مۇراتنىڭ قولى

ۋە بويندىن تارتماقتا ئىدى، — مەن ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىمەن... ئىسسىق سۇ
تەييارلاپ قويدۇم... ئۇ پۇتىنى يۇيدۇ... قىزىق چاي ئىچىدۇ... قىزىنى سۆ-
يۈپ قويدۇ... — زۇمرەت ئەسەبىي چىرقىرىدى، — مۇرات!!!...
قوپۇڭ دەيمەن... سىز... سىز... نېمشقا يېتىۋالسىز؟...
ئۆيگە ئىككى قورالىق يۈگۈرۈپ كىردى. بىرسى ھاسىراپ:
— باغدىكى چوڭقۇر ئېرىق ئىچىدىن يېرىم ئاپتومات مىلتىقنىڭ بىر تال مىشكىنى
تاپتۇق ھەم ئۇ يەردە ھەربىيچە ئاياقنىڭ ئىزلىرىمۇ بار ئىكەن! — دېدى.
زۇمرەت ھوشىدىن كەتتى... ئۇنى خانىملار كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
ئۇ شۇ ياتقانچە ئىككى كۈنگىچە ھوشىغا كېلەلمىدى. سەھەرلىكتە، ھېكمەت بوستان
مەسچىتىدىكى ئاخۇنۇم ۋە مېيىت يۇيغۇچىلارنى چاقىرىپ كەلدى.
مۇرات كېپەنلىككە ئېلىنىپ بولغاندا، كامىل بىلەن مەھبۇبە كىرىپ كەلدى.
كىرپىكلىرى قايرىلغان، قاڭشارلىق بۇرنى ئاقارغان، ئېغىزى چىڭ يۇمۇلغان مۇرات
سۈرەتتەك ياتاتتى... كامىل ئۆزىنى ئېتىپ، كېپەنگە ئورالغان دوستىنى قۇچاقلىۋال-
دى. لېكىن ئاخۇنۇم ئۇنى: «ئاخىرەتلىك كىيىمنى كىيگەن مېيىتنى قۇچاقلىسا يامان
بولىدۇ بالام...» دەپ ئاجرىتىۋالدى. زۇمرەت ۋاپادار، خۇشچاقچاق، شېرىن سۇخەن
ئېرىنىڭ يۈزىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرەلمىدى...
مۇرات مەكتەپنىڭ يېنىدىكى بوۋىسى مازىرىغا قويۇلدى، جامائەت تارقىدى. لېكىن
ئىككى دوست قەبرە بېشىدا قالدى... كامىل تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سۈكۈت ئىچىدە
بىرنېمىلەرنى ئىچىدە ئوقۇماقتا. ھېكمەت قەبرىنىڭ ھۆل توپىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىماقتا
ئىدى:
— مۇرات!... دوستۇم مۇرات، مۇساپىر دوستۇڭنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتسەڭ
بولمامدۇ؟ مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟... — قىرغاقلىرى يار ئالغان دەريادەك تۆكۈلۈ-
ۋاتقان ھېكمەت يۈزىنى قەبرە توپىسىغا سۈۋۈماقتا ئىدى، — ئەمدى مەن سېنىڭ
ئىزلىرىڭنى قەيەردىنمۇ تاپاي قېرىندىشىم؟... ئارىمىزدىكى بىر چىنار ئىدىڭ دوس-
تۇم!... چىنار يىقىلدى دەپ يىغلايمۇ ئەمدى؟... شاخلىرىم قايرىلدى دەپ
پەريات چېكەيمۇ مەن؟... ئاھلىرىم خۇداغا يەتمەسمۇ مېنىڭ؟... مۇ-
رات!... مۇرات!!!...
ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقان كامىل يۈزى پۈتۈنلەي لاي بولۇپ كەتكەن ھېكمەتنى

يۆلەپ، ئارانلا ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئەمدىلىكتە ھېكمەت ئاق بەلباغنى قامالLAP، قەبرىنى ئايلىنىپ يىغلىماقتا ئىدى.

ئىككى دوست، ئەڭ ئوتلۇق يۈرەك، پاك ۋىجدان، ساپ كۆڭۈل دوستى دەپنە قىلىنغان قەبرە بېشىدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتى...

زۇمرەت بۇرۇنقى ئەسەبىيلىككە ياندى... ئۇ كېچە ـ كۈندۈز كىرپىك قاقماي، بىر بۇلۇڭغا تىكىلىپلا ئولتۇراتتى. گاھ ـ گاھ ئەسلىگە كەلگىنىدە: «مۇرات، تامىقىڭىز سوۋۇپ قالدى...»، «مۇرات، قىزىڭىزنى هاي دەڭ، خېمىرنى مۇجۇغداۋاتىدۇ...»، «مۇرات!... مۇرات!!... قولۇم كۆيۈپ قالدى...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى... هازىر ئۇنىڭ قىزى بىلەن كارى يوق ئىدى. شۇڭا مەھبۇبە گۈلچىنىئاينى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى. ئۇ تاماق ئېتىپ، خۇددى كىچىك بالىغا ئىچۈرگەندەك، زۇمرەتكە ئىچۈرۈپ قوياتتى... زۇمرەت ئېڭىكىدىن ئېقىپ بويىنىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئاش سۇلىرىنى تۇيماي تىكىلىپلا تۇراتتى. بەزىدە ئاغزىغا سېلىپ قويغان تاماقنى چايناشماي، يۇتماي سائەتلەپ تۇرۇپ كېتەتتى. مۇراتنىڭ ئۆلۈمىگە ئۆيدىكىلەردىن ھېچكىم كېلەلمىدى. قۇتلۇق خۇيجاڭ يەرلىك تۈرمىگە سولاقلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئىككى قىزى ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋېتتى، بىر ئوغلى بولسا لېيەنزۇڭ قوراللىقلار قىسمىدا بولۇپ، ئۆيىگە كېلەلمەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قورۇسى «با، با زۇڭسى» نىڭ ئىگىلىگەن رايونىدا ئىدى. يالغۇز ئايالى ئېرىگە تاماق توشۇيتتى، تىككۈچىلىك كارخانىسىغا بېرىپ ئىشلەيتتى. شۇڭا، گۈلچىنىئاينى ئاپىرىپ قويغان بىلەنمۇ قارايدىغان ئادەم چىقمايتتى.

مۇرات ئۆلۈپ 17 ـ كۈنى سەھەردە، ئاچچىق پۇشتەك ئاۋازى ياڭرىدى. قوراللىقلارمۇ ھويلىغا توپلاندى. لېيەنزۇڭ قوشۇنلىرى يۇقاقۇننى بېسىۋالغانىدى. جۇ رۇڭفا، مەخمۇت سىلىڭلار مەكتەپكە يىگىرمىدەك قوراللىقنى قالدۇرۇپ، قالغان قوراللىقلارنى يۈگۈرتۈپ ئېلىپ كېتىشتى. يۇقاقۇننىڭ ئارىلىقى خېلى بار ئىدى، چوشقا فېرمىسىنى، باغچى، شۇما قاتارلىق بىرقانچە كەنتلەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. قوراللىقلار كېتىپ، بىر سائەتلەر ئۆتتى بولغاي، تۇيۇقسىزلا مەكتەپ ئىچى قىقاس ـ چۇقان، قاچ ـ قاچ بولۇپ، ھەرخىل قوراللارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن تولدى. يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموتلارنىڭ تا ـ تاتلىغان، گۇپۇلدىگەن، تىرىلدىغان سايراشلىرى ئوقۇش بىناسىنىڭ ئەتراپىدىلا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھېكمەت

بۇياققا! . . . قورقۇۋاتامسەن؟ ! . . .

بۇ زۇمرەتنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا پىسەنت قىلماي، كارىدورغا يېتىپ كىردى ۋە ئايىقى ئاستىدا ياتقان ئۆلۈكنىڭ بەنزىدۇكىنى ئېلىپ، سىنىپمۇ ـ سىنىپ قوغلاپ يۈرۈپ ئېتىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازنى ئىنتىپاق ياچېيكىسىدىكى ھېكمەت، كامىللار تونىدى. . . لېكىن، بۇ پەيتتە يۈگۈرۈپ چىقىش ئۆزىنى بىكاردىن ـ بىكارغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش ھېسابلىناتتى. شۇنداقلا بۇ دەقىقىدە ئەسەبىي زۇمرەتنى تۇتۇپ قېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قىساس ئوتىدا تورلاشقان كۆزلىرى بەلكىم ياخشى ـ يامانىنىمۇ پەرق ئېتەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. زۇمرەت قولىدىكى قورالنىڭ ئوقى تۈگىسە، ئۇنى تاشلايتتى ـ دە، ئۆلۈكلەرنىڭ تۇغرا كەلگەن قورالىنى ئېلىپ، ئالدىدا ئادەم بولسۇن ـ بولمىسۇن، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاتاتتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزىنى بېسىۋالغان، چىرايى قورقۇنچلۇق، ھەرىكىتى ۋەھشى، قورقۇمسىز، قارام زۇمرەتنى كۆرگەن قوراللىقلار ئوق چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، دېرىزە ۋە ئۆتەشتەملەردىن قاچماقتا ئىدى. بىرنەچچە سىنىپتىكى قوراللىقلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىۋەتكەن بۇ قىساسكار كارىدورغا چىقىپ، قولىدىكى پوقاق پىلىموتنى تاشلىدى. ئۇ بىر ئۆلۈكنىڭ مەيدىسىدىكى تۆمۈر پىرۇكىلاتلىق ئاپتوماتنى قولىغا ئالدى. . .

— خالىق. . . ھەي مۇناپىق، چىق دەيمەن! . . . — زۇمرەتنىڭ كۆزىگە قان تولغانىدى، — بىر خوتۇن كىشىدىن قورقۇۋاتامسەن؟ . . . ۋۇي ھەزىلەك. . . كۆت، چىقمامسەن! ؟ . . . مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى ئارقاڭغا تىقىۋېتىشىمدىن قورقتۇڭما؟ . . .

زۇمرەت قىساس ئېلىشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى. قورقۇش، ئەنسىرەش، ۋەھىمە ئۇنىڭغا يات ئىدى. خالىق كارىدورغا قارىتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن قارىسىغىلا ئوق ئۈزۈۋەردى. يەنە بىر سىنىپتىكى قوراللىقلارنى يەر چىشلىتىپ قويغان زۇمرەت مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئاجراپ قېيسىيىپ قالغان ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. خالىق تاپانچىسىنىڭ زامۇكىنى باستى، لېكىن پىستان چاقمىدى، چۈنكى ئوق تۈگىگەنىدى.

— خالىق ھېجىقىز، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى! — زۇمرەت تىترەپ تۇرغان كېرىموفقا قارىدى، — ھەي چوشقا، تاشلا قورالنى! . . .

— ما. . . ماقۇل. . . زۇمرەت خ. . . خېنىم. . .

زۇمرەتنى ئاتقان تەقدىردە، تاپانچىنىڭ ئوقى ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ بولغۇچە،



ئۆزىنىڭ غەلىۋىدەك ئۆتمەتۆشۈك بولۇپ كېتىشىنى بىلگەن كېرىموف تاپانچىنى ياۋاشلىق بىلەن تاشلىدى. ئالۋاستىنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق چۇۋۇلغان چاچلار، قان چاچراپ تۇرغان كۆزلەر، ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان چىراي، زامۇكنى يېرىم بېسىپ تۇرغان، ئاقىرىپ كەتكەن بارماقلاردىن ئەندىككەن خالىق بەل كەمىرىگە قىستۇرۇقلۇق يەنە بىر تاپانچىغا قول ئۇزىتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ شارتلا قىلىپ، كېرىموفنىڭ كارنىيىنى سىقىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ دالدىسىغا ئالدى...

— خا... خا... خا سىلىڭ... بۇ... بۇ... نېمە قىلغىنىڭ؟... قويۇۋەت!... — كېرىموف خىرقىرىدى...

خالىقنىڭ كۆزى زۇمرەتنىڭ زامۇكتىكى بارماقلىرىدا ئىدى. بىگىز بارماق بارغانسېرى بېسىلىپ، ئەجەلنىڭ يامراپ چىقىشىغا يىڭنە كۆزىدەكمۇ ئاردلىق قالمىغانىدى...

— زۇمرەت.. زۇمرەت قىز... تو... توختاڭ!...— كېرىموفنىڭ گېلىنى ئامبۇردەك قىسىۋالغان خالىقنىڭ چىرايى بۇلغانغان ھاك سۇيىدەك بەترەڭ تۇسكە كىرگەنىدى، — مۇ... مۇراتنى ئۆلتۈرگەن مەن... مەن ئەمەس... ئۇ كېرىموف... يالغان بولسا، مانا ئۆزى تۇرۇپتۇ...

— زۇم... زۇمرەت ئاي...— كارنىيى بەك سىقىلىپ كەتكەن كېرىموفنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ چىقتى، — بىر - بىر قوشۇق... قېنىمنى تى... تىلەي... مەن... مەن ئەسلى... ھېكمەت... ھېكمەتنى...

— قانخورلار!!!— دەھشەتلىك ۋارقىراش بىلەن تەڭ ئېتىلىپ چىققان ئەجەل ئەلچىلىرى كېرىموفنىڭ قورساق، كۆكرەكلىرىنى ھەرە كۆنىكىدەك قىلىۋەتتى. خالىق ئۆلۈك چوشقىدەك ئېغىرلاپ قالغان جەسەت بىلەن بىللىلا ئۆرۈلگەن تام خارابىسىدىن بوغالتىر ئىشخانىسىغا ئوڭدىسىغا چۈشتى... ئۇ مىلىقلاپ قالغان جەسەتنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، ھاپىلا - شاپىلا ئۆمىلەپ، كارىدورغا قېچىپ چىقتى. خالىق، كارىدور بويلاپ قاچقىنىدا ئاسانلا ئوق تېگىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۆشۈكلەر ئارقىلىق سىنىپتىن - سىنىپقا قاچتى. زۇمرەت ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ ئاتماقتا ئىدى. بىراق، ئاپتومات «چىرىس، چىرىس» قىلىپ توختاپ قالدى. دىسكىدا ئوق تۈگىگەنىدى. بۇنى سەزگەن ھىيلىگەر خالىق سىنىپنىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن زۇمرەتكە قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. بىر قولىدا ئاپتوماتنى چىڭ سىقىمدىغان زۇمرەت قورسىقىنى تۇتقىنىچە،

كارىدور تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. . .

ئۇرۇش ئاياقلاشتى. كارىدور، سىنىپلار قۇشخانىغا ئايلاندى. بۇنداق سۇنايلىنىپ، تۇگۇلۇپ ياتقان ئۆلۈكلەر مەكتەپنىڭ ئېتىز قىرلىرى، ئېرىقلاردىمۇ ئۇچرايتتى. قورالـلىقلار بىر پۇشتەك بىلەنلا، چاقماق تېزلىكىدە، ئەسىر ئالغان ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى، تۆت قوراللىقنى ۋە مىنبىڭلار بولۇپ يۈزدەك ئادەمنى مەيدانغا توپلىدى. خالىق ئۇلارنىڭ ئىچىدە كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، قوراللىقلارغا قارىدى:

— ھەممە ئۆي، ئاشخانا، مال ئېغىللىرىغىچە ئاختۇردۇڭلارمۇ؟— دەپ ۋارقىرىدى خالىق زۇمرەتنىڭ ئوقى جاراھەتلەندۇرگەن مۈرىسىنى تۇتۇپ قويۇپ، — ئاساسلىق جىنايەتچىلەر يوق. . .

— ئوقۇتۇش بىناسىدىكى بىرلا ئىشخانىنى ئاچقىلى بولمىدى، — دېدى بىر قوراللىق.

— ئىشىكنى چېقىڭلار! . . .

بۇ چاغدا، ئىتتىپاق ياچېيكىسىدىكى ئالتە مۇئەللىم تار رەسىم جازىسىنىڭ ئارقىـسىدا تامغا چاپلىشىپ تۇراتتى. ئەڭ چەتتىكى غوپۇر ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يېنىدىكىسىنى قىستىغان ھامان، ئۇ چەتتىكىسى چىقىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ سىغداشماق ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھېكمەت ئاستا پىچىرلىدى:

— ھەي ئاغىنىلەر، ئاۋۇ تامغا يۆلەگلىك رەسىملەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋالساڭلار ھېچكىم تاپالمايدۇ. . . — ھېكمەت دوسكا بار تامغا كەپلىشىپ تۇرغان ئىككى جازىنى كۆرسەتتى، — جازىلارمۇ ئېغىر. . . ھەم چوڭ. . .

مۇئەللىملەر ئۇ تامدىن بۇ تامغا كېلىشكە قورقۇشۇپ، ئۆز جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ھېكمەتنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا، ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى. ئارقىدىن: «چېـقىڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇ چاغدىلا ھېكمەت تىيەكنى ئېلىۋەتتى. ئۆزى بولسا، كۆك خالاتنى كىيىپ، قولىغا پەي قەلەم تۇتقان ھالدا، رەسىم ئالدىدا تۇردى. كىمدۇر بىرى ئىشىككە قاتتىق مۈرىدىگەنمۇ، ئۆي ئىچىگە موللاق ئېتىپ كىرىپ كەلدى، ئارقىدىن بىرنەچچە قوراللىق كۆرۈندى. ئۇلار تۆت تامغا تىكىلىنىپ كەتكەن رەسىملەرگە قارىغىنىچە ھەيرانلا قالدى. . .

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — سورىدى جىرتاق كۆزلۈك قوراللىق، — باياتىن بېرى نېمىشقا ئىشىكنى ئاچمايسەن؟ . . .

— كۆرمىدىڭلارمۇ؟ مەن ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتىمەن... ئېشىكنى ئاچماسلىقىم ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىغا ئوق تېگىپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن بولغان...

— پاھ... پاھ، بۇ رەسىملەردىن بىرەرنى خىللاپ ئېلىپ كەتسەك بولغۇدەك...

— بەنجاڭ...، ئاۋۇ رەسىمنىڭ ئارقىسىدا ئادەم بار ئىكەن... — دېدى پېشانىسىنى تېڭىۋالغان بىر قوراللىق.

— چىقىشە ۋاڭبالار...

كامىل، غوپۇر، ئەخمەت ھوشۇر، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربانلار بىر - بىرلەپ چىقتى.

— ۋاڭبا باندىتلىرىنى يوشۇرغان ماۋۇ سۇرەتچىنىمۇ ئېلىپ مېڭىڭلار!...

قوراللىقلار ئۇلارنى يالاپ ئېلىپ ماڭغاندا، كامىل بىلەن ھېكمەت تامغا يۆلىنىپ، قان ئۇستىدە ئولتۇرغان زۇمرەتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىر قولىدىكى ئاپتوماتنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى...

مەكتەپتە ئۇششاق باللار، قېرى - چۆرىلەر، قۇچىقىدا بالىسى بار خانىملارلا قالدى. قوراللىقلار قاتار تىزىلىپ ئۇلارنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇچقۇنئاينى كۆتۈرۈۋالغان مەھبۇبە گۈلچىنئاينىڭ قولىدىن تۇتۇپ يىغلاۋاتاتتى. قوراللىقلار ئۆزلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى چوڭ دەرۋازا ئالدىدىكى ماشىنىغا ئۇمۇلاقمان توشۇماقتا ئىدى. پۇت - قوللىرىدىن سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ كېتىۋاتقان جەسەتنى كۆرگەن كامىل ھېكمەتنى جەينەكلەپ قويدى. ئۇ ئاق كۆڭلىكىنىڭ ساق يېرى يوق، قانغا بويىلىپ كەتكەن كېرىموف ئىدى. ئۇنىڭ بېشى بىر يانغا ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، ئاغزىدىن چىقىپ قالغان تىلىنى چىشلەپ تۇراتتى. ئەسىرلەرنى ھېچقانداق داغدۇغىسىزلا يۇگۈرىتۈپ ئېلىپ كېتىشتى...

«بوستاندىكى ۋاڭبا باندىتلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ھەممىنى لاسكويغا ئېلىپ كەپتۇ...» دېگەن خەۋەر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە شەھەرگە يەتتى. نەبى ئولتۇرالمايلا قالدى. ئەگەر ھېكمەت، كامىللار تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، خالىق، كېرىموفلارنىڭ ئۇلارنى ساق قويمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ سەككىز ۋالتىرلىق تاپانچىدىن بىرنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە قىستۇردى ۋە ئۆزى تۇتۇپ كېلىۋاتقان يېرىم ئاپتومات مىلتىـ

قىنى ئالدى ـ دە، خالىقنىڭ ئىتىغا مىندى. . . يۈرىكى تەرتىپسىز ئۇرۇۋاتقان نەبى قىبلە ئاسمىنىغا قارىدى، كۆز ئولتۇرۇپ كەتكەندى، ئۇ غەزەپ بىلەن ئاتقا قامچا سالدى. . .

قاراڭغۇ چۈشتى. لاسكوي گۆڭشىپسىنىڭ قاتار كەتكەن بىر ئېغىزلىقتىن ئۆيلىرىگە سولانغان ئەسىرلەر تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، تامغا يۆلىنىپ، توپىغا موكلا چۈشۈپ غەم ئىچىدە ياتماقتا. ئۇلار ئەتىگەن ئانچە ـ مۇنچە ناشتا قىلغانچە، ھېچنېمە يېمىگەندى. ۋاقىت خۇددى بىر جايدا قېتىپ قالغاندەك، ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە. ئەسىرلەرنىڭ يانچۇقلىرىنى قۇرۇغداپ، قوللىرىدىكى سائەتلەرنىمۇ تارتىۋالغاچقا، قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

گۆڭشى قورۇسىدا، بېشىغا پىرىداق كىيگەن، تېرە پىنجىكى ئۈستىدىن كەمەر باغلىغان، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇ تۆمۈر پىروكىلاتلىق قىسقا ئاپتوماتنى قۇچاقلىغان پېتى ئەسىرلەر سولانغان ئۆيلەرگە بىرمۇ بىر كىرمەكتە ئىدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئېغىر پۇشۇلداشلىرىدىن، ھەرىكىتىنىڭ قوپاللىقىدىن ئۇنىڭ نېمىگىدۇر غەزىپى كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى بىر تەقەززالىقنىڭ قىيناۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. . .

— ھېكمەت دېگەن قايسىڭ؟ — دېدى ئۇ قاراڭغۇ ئۆيگە سىنچىلاپ قاراپ، — تۇر ئورنۇڭدىن! سوراققا تارتىلىسەن. . .

ھېكمەت كامىلنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. يىگىت ئۇنى ئالدىغا سېلىپ، گۆڭشى دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقتى ـ دە، چوڭ يولغا چۈشتى ۋە لاسكوي يېپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئايلىنىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ھېكمەتنىڭ ئارقىسىدا ئۈچ ـ تۆت قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئاپتوماتنى چىنەپ كېلىۋاتاتتى. سوراق قىلىنىدىغان شتاب ئىشخانىلىرى گۆڭشى قورۇسىدا قالدى. بۇ يىگىت ھېكمەتنى زادى نەگە ئاپارماقچى؟ . . . نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئادەمسىز ئوت باسقان بۇ ئېگىز ـ پەس چىغىر يوللار بىلەن ئېلىپ ماڭىدۇ؟ ياكى بۇ خالىق، تۇردى ھېكىملەرنىڭ ئۇنىڭغا زەھەرلىك قول سېلىشىمۇ؟ . . . ھېكمەت سول تەرەپ ئېگىزلىكتىكى زاۋۇتنىڭ كۆك خىشلىق پاسىل تاملىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ نو قويۇلغان سۆڭگۈچلىرىدىن بۇسلىغان پىلىنىڭ قاڭسىق سۇلىرى شىرقىراپ ئېقىپ چىقماقتا ئىدى. ئوڭ تەرەپ ئۆستەڭ، ئەگەر ئۇدۇلغا قاچسا، ئىككى ـ ئۈچ قەدەممۇ ماڭماي، ئوققا يەم

بولىدۇ...

ھېكمەت ئەجىلىنىڭ توشقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكىنىدە، ئوغلى ئەزىمەتنى ئەسلىدى. ئاندىن يېڭىدىن تۇغۇلغان قىزى ئۇچقۇنئاي، ئايالى مەھبۇبەلەر كۆز ئالدىدىن بىر - بىردىن ئۆتتى. گۈلزىبا ئوغلىنى ھېكمەتكە تاپشۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ قىزىنى مەھبۇبەگە قالدۇرۇپ كۆز يۇمارمۇ؟... بۇ شۇم خەۋەرنى ئاپىسى، قېرىنداشلىرى ئاڭلىسا، نېمە بولۇپ كېتەر؟... پۈتۈن دۆلەتكە، خەلققە كېلىۋاتقان بۇ دېشۋارچىلىقنىڭ سەۋەبچىسى زادى كىملەر؟... ليۇ شاۋچى، چېن يى، خې لۇڭلارنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ، پېڭ جېن قاتارلىق نۇرغۇن جۇڭگونىڭ رەھبەرلىرىنى سازايى قىلىپ، كۆرەشكە تارتىۋاتقاندا، ھېكمەت قانچىلىك ئادەم ئىدى؟ ئۇنى خۇددى چۈمۈلىنى دەسسىگەندەك دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ!...

— بىز نەگە بارىمىز؟ — ھېكمەت كەينىگە قايرىلدى. بىراق يىگىت دەھشەتلىك ۋارقىراپ ئاپتوماتنىڭ زاتۋورىنى شاراقلاتتى:

— ئالدىڭغا دەسسە!... ئەگەر قايرىلىدىغان ياكى قاچىدىغان بولساڭ، — دېدى يىگىت قەھرى بىلەن، — دۈمبەڭنىڭ ئون يېرىدىن تۆشۈك ئاچىمەن...

بۇ ئاۋاز تونۇشلا ئىدى. بىراق ھېكمەت زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى... ئۇلار زاۋۇتنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كەڭ يالاڭلىققا چىقتى. ئۇزۇن زامان سۇ كۆرمەي قۇرۇپ كېتەيلا دەپ قالغان دوڭغاق جىگدىلەر ئۇ يەر - بۇ يەردە ئېڭىشىپ تۇراتتى... تىك كۆتۈرۈلگەن ئاي بۇ ئوچۇقچىلىققا يارقىن نۇرلىرىنى ئايىماي سېپىۋاتاتتى.

— توختا!...

ھېكمەت جايىدا توختىدى. ئەمما ئارقىغا قارىمىدى...

— سەن بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان ۋاقتىڭدا، كىمنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىڭنى بىلىپ كەت... قارا ماڭا!...

ھېكمەت ئاستا قايرىلدى. قوراللىق يىگىت بېشىدىكى پەرداقنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىنچىكە بۇرۇتىنى سىيپىۋالدى. ئۈچ قەدەملا نېرىدا سېرىق چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆز پاختىلىرى چەكچەيگەن قىزنى كۆرگەن ھېكمەت ئۇنىڭ ئىسمىنى تۈۋلىۋەتتى:

— گۈلرۇز!...

— شۇنداق، مەن گۈلرۇز...، سەن ھەم گۈلزىبا دەۋا قىلىپ مائاشنى چۈشۈرۈۋەتكەن، ئاگاھلاندۇرۇش مۇكاپاتى ئالغان، سېنىڭدىن خورلۇق تارتقان گۈل-

ـروز بولسەن. . .

— خورلۇق تارتقان سىز ئەمەس، بەلكى گۈلزىبا! . . .

— ئۆلىدىغان ۋاقتىڭدىمۇ گۈلزىبانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىسەنغۇ؟ ئۇنداق بولسا، بۇ سېنىڭدىن بۇرۇنراق كەتكەچ تۇرسۇن! . . .

گۈلروز يانچۇقىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى. بۇ بىر بۇرجىكىگە قوش يۈرەك كەشتىلەنگەن ئاپئاق يىپەك قولياغلىق بولۇپ، ئۇ گۈلزىبانىڭ ھېكمەتكە بەرگەن يالدامىسى ئىدى. گۈلروز ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى جىگدىنىڭ تىكىنىگە سانجىدى. قولياغلىق خۇددى ئوقيا ئوقى تەگكەن كەپتەرنىڭ ئاق قانىتىدەك ھىلپىرلەشكە باشلىدى ۋە ئاپتوماتنىڭ بىر نەپەس تا ـ تاتلىشىدىن كېيىن، پاختا ئاتقاندەك ئۇچۇپ، تىكەنگە سانجىلغان كىچىككىنە بىر بۇرجىكىلا جايىدا قالدى. . .

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى گۈلروز قاقاقلاپ كۈلۈپ، — گۈلزىبارىڭنىڭ خاسىيەتلىك سوۋغىسى سېنىڭدىن بۇرۇن كەتتى. ئەمدى سەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋال. . .

گۈلروز ئاپتوماتنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى. لېكىن ئېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك توختاپ قالدى. بۇ پۇرسەتتە، ھېكمەت ئېغىز ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى ياندۇرمىدى:

— گۈلروز، مەن سىز بىلەن توي قىلمىغانلىقىم ئۈچۈنلا، ماڭا، گۈلزىباغا قىلمىغان ئەسكىلىكىڭىز، ئىشلەتمىگەن ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەستلىرىڭىز قالمىدى! . . . مەن سىزگە يالۋۇرماقچى ئەمەس. . . بۇنداق ئىپلاسلىقنى خۇدا كۆڭلۈمگە سالمىغاي. . . بىراق، يەنە تۈگىمەيدىغان قانداق ئۆچ ـ ئاداۋەت بۇ؟ . . .

— ئۆچ ـ ئاداۋەت؟ — گۈلروز دىمىغىنى قاقتى، — بىلىپ قوي، ئۆچۈمنى ئاللىقاچان ئېلىپ بولغانمەن! . . . ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشىنىڭ ئالدىدا، بالاڭنىڭ قانداق يوقالغانلىقىنى بىلىپ كەت! . . . ئەزىمەت شۇمۇڭنى مانا مەن سېتىۋەتكەن! . . .

— نېمە؟ . . . — ھېكمەت چۆچۈپ قايرىلدى.

— ئارقاڭنى قىل! . . .

— ئۆلسەممۇ، ئايالىم گۈلزىبانىڭ، ئوغلۇم ئەزىمەتنىڭ، بومەرەمخان ئانىنىڭ، نەبىنىڭ ھەم ئۆز بەختىمنىڭ قاتىلىنى تونۇۋېلىپ، كۆزنگە تىك

قاراپ ئۆلەي! . . . — ھېكمەت غەزەپتىن تىترىمەكتە ئىدى، — ئەسلىدە، ئەزىمەتنى ساتقان سەن ئىكەنسەن ـ دە؟ . . .

— بۇنى ساڭا خوتۇنۇڭ مەھبۇبە دېمىدىما؟ . . . — گۈلرۇز مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — ئۇنداقتا، ئۇ ساڭا سادىق خوتۇن، ۋاپادار ھەمراھ ئەمەس ئىكەن. . . ھەي، ئىسىت! ئەخمەق بايقۇش. . .

— جۆيلۈمە. . . ئۇ قانداقلارچە؟ . . .

— ئەزىمەتنى ساتقىلى ئېلىپ ماڭغان چېغىمدا، مەھبۇبە مۇساپىر زەرەتكارلىقىنىڭ يولىدا ماڭا ئۇچرىغان. ئۇ: «ئەگەر ھېكمەتتىن ئۈمىدىڭنى ئۈزسەڭ، مەن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ھەرقانداق ئامال ـ چارىلەر بىلەن، ئۇنى قولغا چۈشۈرىمەن، بۇ يولدا مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سەۋر سۆيى بىلەن يۇغۇرۇلغان. . . مۇشۇ ئەھدىدە تۇرالىساڭ، ئەزىمەتنى ساتقىنىڭنى ھېچكىمگە تىنمايمەن. . . مېنىڭمۇ ئۆگەي بالىغا ئانا بولغۇم يوق. . . » دېگەنىدى.

ھېكمەتنىڭ بېشى پىررىدە پىرقىرىغاندەك بولدى ـ دە، دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، لوپپىدا ھەم گۈلزىبانىڭ ھۇجرىسىدا مەھبۇبەنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنى يوشۇرغان چىرايى نامايان بولدى. . .

— ئۇنداقتا بارلىق ئۆچۈڭنى ئېلىپ بولۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن مېنى ئاتماقچى بولىسەن؟ . . .

— بىرلا ئېغىز گەپ. . . مەن ئىگە بولالمىغان نەرسىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايمەن! . . .

— ئۇقتۇم! —ھېكمەتمۇ ئاچچىق كۈلدى،— چايانىنىڭ چاقمىقى دۈشمەنلىكتىن ئەمەس، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن! . . .

— بولدى، گېپىڭنى توختات! ئەمدى مېنىڭ سەۋر قاچام تولدى. . .

گۈلرۇز ئاپتوماتنى ھېكمەتكە توغرىلىدى. شۇ پەيتتە، ئارقىدىن چوڭقۇر ئېرىقتىن مۈشۈكتەك شەپە بەرمەي ئىرغىپ چىققان قارا سايە مىلتىقنىڭ ئۇچىنى گۈلرۇزنىڭ چېكىسىگە تىرىدى:

— قورالنى تاشلا! . . . مەن ساڭا تاشلا دەۋاتىمەن! — دەھشەتلىك ۋارقىرىدى سايە،— بولمىسا، كاللاڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن. . .

گۈلرۇز ئاپتوماتنى ئاياغ ئاستىغا تاشلىدى. سايە ئۇنى بىرلا تېپىپ، نېرىغا

ئىنتىرىۋەتتى. . .

— ھېكمەت ئاكا، بىرنېمە بولمىغانسىز؟ — سايە ھېكمەتنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— سەن. . . سەن كىم؟ — ھېكمەت يۈزلىرى شىكەستىلەنگەن بەستلىك يىگىتكە قارىدى.

— مەن نەبى ئەمەسمۇ! . . .

— نەبى؟ . . . — ھېكمەت نەبىنى قۇچاقلىۋالدى، ئاھ خۇدا، گۈلرۇز سېنى ئۆلدى دېگەن ئەمەسمىدى؟ سەن ھايات ئىكەنسەن. . .

ئۇلارنىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلانغان گۈلرۇز ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ـ دە، ئاپتوماتنى قولىغا ئالدى. نەبى ھېكمەتنى قاتتىق ئىتتىرىۋېتىپ تۇراتتى، «تا. . . تا. . . تات» قىلغان ئاۋازغا ياندىشىپلا، «لاپ، لاپ» قىلىپ ئوت كۆرۈندى. نەبى يەردە ئىككى يۇمىلىنىپ، ئۇڭدا ياتقىنىچە، بەنزىدۇڭدىن «گۇپ، گۇپ، گۇپ» قىلىپ ئۈچ پاي ئوق ئۈزدى. گۈلرۇز ئىككى غۇلاچ يەرگە قاڭقىپ چۈشتى ۋە بىر سىلكىنىدى ـ دە، جىمىپ قالدى. نەبى بىلەن ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى. ئاپتوماتنىڭ ئوقى نەبىنىڭ تەلپىكىنىڭ ئۈستىنى ئۈچۈرۈۋەتكەنىدى. ئېھتىمال، ئوق جىجىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، قان ساقىۋاتاتتى. ھېكمەت يىقىلغاندا جەينىكى سۈرۈلۈپ كەتكەچكە، بىلىكىنى چىڭ سىقىمداپ تۇراتتى. گۈلرۇز بولسا قانغا چىلىشىپ، ئاغزى يوغان ئېچىلغان ھالدا ياتاتتى.

نەبى ئەسىرلەر سولانغان ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ھېكمەتنى كېرىموفنىڭ ئادەملىرى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن گۇمان قىلدى. ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈپ، لاسكوينىڭ بوستان يولىغا قايرىلىدىغان ئاچالغا كەلدى. شۇ ۋاقىتتا، ئۇ زاۋۇت ئارقىسىدىكى جىگدىلىكتىن كەلگەن ئاپتومات ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

— ئازابتىن يېنىكلىگەندەك بولدۇم، — دېدى نەبى گۈلرۇزنىڭ جەسىتىگە قاراپ، — مەھبۇبە ئاچامدىن ئەزىمەتنىڭ خەۋرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىدىم. . .

— نېمە؟ مەھبۇبە راستىنلا بىلەمدىكەن؟ . . .

— گۈلرۇزنىڭ ئېيتقانلىرى راست، — دېدى نەبى بېشىنى سالغان ھالدا، —

مەھبۇبە ئاچام ئۆز ۋاقتىدا دېگەن بولسا، ئىككىمىز بۇنچىلىك سەرسان بولمىغان بولار ئىدۇق... مانا ئەمدى يىپ ئۇچى ئۈزۈلدى...

— ئىپلاس... ئۇنىڭ بۇنچىلىك قارا كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلسەمچۇ كاشكى...

— ھېكمەت ئاكا، سىز دەرھال كېتىڭ! ھېچنېمىنى كۆرمىگەن - بىلمىگەن بولۇڭ... — دېدى نەبى ئالدىراپ، — مەن مىلتىق نەيزىسى بىلەن ئورا كولاپ، ئۇنى كۆمۈۋېتىمەن...

— كامىلنى قانداق قىلىمىز؟... ئۇنى خالىق ھەرگىز بوش قويمايدۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭ... مەن ئۇنى بۈگۈن كېچىنىڭ ئۆزىدىلا قاچۇرۇۋېتىمەن... ھەتتا ھەممە ئەسىرلەرنىمۇ...

— شۇنچە كۆپ ئادەمنى قانداق قۇتقۇزالايسەن؟...

— ئامالىم بار... دەرۋازىدىكى پوستنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ھەممە ئۆيلەرنىڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىۋېتىمەن...

— ئۇنداق بولسا، يەرلىكنى ئىككىمىز تەڭ كولايلى... — دېدى ھېكمەت جىددىيلەشكەن ھالدا، — بولمىسا ئۈلگۈرەلمەيسەن...

نەبى غىلابىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى ھېكمەتكە بېرىپ، ئۆزى مىلتىق نەيزىسىنى سۇغۇرۇۋالدى. يۇمشاق قۇمساڭغۇ توپا ئاسانلا قېزىلىپ چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى. نەبى يەرلىكنى كولاۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىككى يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئورەك تىزدىن ئاشقاندا، گۈلرۇزنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ ياتقۇزدى.

— ئەمدى كېتىڭ! — دېدى نەبى نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ، — بىر كىم سىزنى كۆرۈپ قالسا، ئۆزىڭىزگە ياخشى ئەمەس.

ھېكمەت ئايدىڭ كېچىدە تېز قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى نەپرەت ھەم ئاچچىق قاپلىۋالغانىدى. ئەگەر نەبى: «گۈلرۇزنىڭ ئېيتقانلىرى راست» دېمىگەن بولسا، ھېكمەت بەلكىم گۈلرۇزنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمەس ئىدى. ھازىر بۇ ھەقىقەتكە ئايلاندى. «ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ھەرقانداق ئامال - چارىلەر بىلەن قولغا چۈشۈرىمەن...» بۇ سۆزلەرنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى بار ئىكەن - دە!... «ئون ئالتە يېشىمدىن تارتىپ بىر يىگىتنىڭ ئىزىغا چۈشتۈم... گۈلرۇزنىڭ سۈيىقەستلىرىگە قاتناشتىم، سىز گۈلزىبادىن ئايرىلىسىز،

گۈلرۇزنى ئالمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم...» بۇ مەھبۇبەنىڭ گۈلرۇزغا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ قوشكۆلگە بېرىشى، تيەنبىڭ سىلىڭبۇسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشى... لوپتا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈشى... مەكتەپكە قېلىنلىق قىلىپ چىقىشى ئۆزى دېگەندەك ئىزىمغا چۈشكەنلىكىنىڭ ئېنىق ئىسپاتىغۇ؟... شۇنچە جەريان ھەم مۇناسىۋەتلەردە، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئەزىمەت توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى؟ چۈنكى ئۇنىڭ «ئۆگەي بالىغا ئۆگەي ئانا بولغۇسى يوق!...»

ھېكمەت مۇشۇ خىياللارنى قىلىپ كېتىۋاتقاندا، نەيى گۈلرۇزنىڭ قەبرە بېشىدا «ئەلھەمدۇ» سۈرىسىنى ئوقۇۋاتاتتى. ھېكمەت مەكتەپكە كىرگەندە، ئوتتۇرا كېچە بولۇپ قالغانىدى. زۇمرەتنىڭ ئۆيى يورۇق بولۇپ، ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار چىقىپ ـ كىرىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ھېكمەتنى كۆرۈپلا، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ئەسىرلەرنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق سوراشقا باشلىدى. «بۈگۈن كېچە ھەممىسى قۇتۇلۇپ چىقىدۇ...» دېگەن جاۋابتىن كۆڭلى تىنغان خانىملار خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى. ئېرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئېتىلىپ كەلگەن مەھبۇبەنى ھېكمەت قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، مۇراتنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئېگىز چېتىلغان زۇمرەت تۈپتۈز ياتاتتى. خانىملار ئۇنىڭ يۈزىدىكى قاننى تازىلاپ، چاچلىرىنى تاراپ قويغاچقا، ئۇ خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەكلا ئىدى. زۇمرەتنىڭ جەسىتىنى مەتمۇسا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەسلىدە، كېرىموف ھېكمەتنى ئاتقىلى كەلگەن... بىراق كېچىدە ھېكمەتنىڭ پالىشۇپكىسىنى كۆرۈپ، خاتا ئېتىپ سالغان... بۇ ۋاپادار قىز ئاخىرقى ھېساپتا ئېرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

يۇلتۇزلارنىڭ سۇسلىشىشى تاڭ قاراڭغۇلۇقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، ھەممە مۇئەللىملەر قايتىپ كېلىشتى. ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ چىقىم بولمىغانىدى، ئەمما كامىل كۆرۈنمەيتتى. زىكرۇللا غوجىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزغان بالا ئۇنى بىر سائەت بۇرۇن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، شۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كىرمەپتۇ... ئەخمەت ھوشۇر ئۇ بالىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى ۋە ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم قورال تۇتقانلىقىدىن بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. نەيى ئەسىرلەر سولانغان ئالتە ئۆينىڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىپ بولۇپ، ئەخمەت ھوشۇرنىڭ قولىغا تاپانچىسىنى تۇتقۇزدى. ئۆزى بەنزىدۇڭنى ئېلىپ، چوڭ دەرۋازا ئالدىدىكى ئىككى قاراۋۇلنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالدى ـ دە، زاتۇۋۇرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، قوناقلىقتا تاشلىۋەتتى. ئەخمەت ھوشۇر

ئىككىسىگە تاپانچا تەڭلەپ تۇراتتى. نەبى چوڭ يول ئاغزىدىكى ئىككى پوستنىڭ قوراللىرىنىڭ زاتۇۋۇرىنى سۇغا پىرقىرىتىپ ئاتتى. زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربانلار ئەسىرلەرنى تىۋىشسىز باشلاپ چىقىپ، چوڭ يولغا چىقتى. ئۇلار بوستانغا كېتىدىغان ئاچالغا قايرىلغاندىن كېيىن، نەبى پوستلارغا: «ئەمدى زاتۇۋۇرلارنى تېپىپ، قوراللىڭنى ساق قىلمىساڭ، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسەن. . . ئۇنىڭدىن كېيىن ‹ۋاي قاچتى. . . › دەپ تۇۋلاشساڭمۇ ئۆلگۈرۈشسەن. . . » دېدى ـ دە، ئېتىغا مىندى.

مۇئەللىملەر زۇمرەتنىڭ ئۆلۈمىدىن چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى. ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈشتىكى ئەستايىدىللىقى، ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، خۇشچاقچاقلىقىنى ئۇلار بەس ـ بەس بىلەن تەرىپلەشمەكتە ئىدى.

يۈيۈلۈپ، تارالغان زۇمرەت جىنازىغا ياتقۇزۇلدى ۋە مەكتەپ مەيدانىدا نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇۋۇم مازىرىغا ئېلىپ كېلىندى. بۇنىڭدىن ئون يەتتە كۈن بۇرۇنقى قەبرە قايتا ئېچىلىپ، مۇرات ياتقان لەھەتنىڭ ئۇدۇلىغا يەنە بىر «ئىچ ئۆي» قېزىلغانىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۈچ يەردىن بوغۇلغان كېگىزنى پەسكە سۇندى. ئەخمەت ھوشۇر بىلەن ھېكمەت ئۇنى ئىچ ئۆيگە ئاۋايلاپ كىرگۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، لەھەت ئىچىدىكى ئاخۇنۇم ھايال ئۆتمەيلا كىگىزنى چىقىرىۋەتتى. ئاندىن ئۆزى قايتىپ چىقتى. لەھەت ئېغىزىنى بېكىتىۋاتقان ئاخۇنۇمغا كېسەك سۇنۇپ بېرىۋاتقان ھېكمەت ئېڭىشىپ قارىدى. زۇمرەتنىڭ ئېچىۋېتىلگەن يۈزى قىبلىگە قارىتىپ قويۇلغانىدى. . . ئۇ گويا قورسىقىدىكى بالىسىنى بىللە ئېلىپ، سۆيگەن ئېرى بىلەن يەنە جەم بولغانلىقىدىن خۇشال بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ ياتاتتى. . . لەھەت ئېغىزى بارغانچە كىچىكلەپ، ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايى غۇۋالىشىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. . .

ئاخۇنۇم جۈپ قەبرە ئۈتتۈرىسىدا قىرائەت قىلغاندىن كېيىن، جامائەت دۇئا قىلىشىپ قايتىشتى. ئۇلار مەكتەپكە قايتىپ كىرگەندە، مەيداندا ئىككى يۈك ماشىنىسى تۇراتتى. بىر مۇنچە قوراللىقلار زېنىت توپىنى كۆتۈرۈشۈپ كۆكتاتچىلىق ئېتىزىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئەسلىدە، كامىل نەبى بەرگەن لىيەنزۇڭنىڭ خۇڭشۈيبىڭ بەلگىسىنى تاقاپ، ئۇدۇللاپ شەھەرگە كىرگەنىدى. ئۇ، مۇئەللىملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، پولات زاۋۇتىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئاسىم ۋە جاڭ تيەن سىلىڭلارغا خەۋەر قىلغانىدى. گەرچە مۇئەللىملەر قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاسىم سىلىڭ ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدىمۇ، كۆكتاتلىققا ئورنىتىلغان ئۈچ پۇتلۇق زېنىت

توپنى لاسكويغا قارىتىپ ئېتىشنى بۇيرۇدى. خېلى بىر ۋاقىتقىچە گۇپۇلدىگەن ئاۋاز مەكتەپنى ئىس ـ تۈتەككە تولدۇردى. بۇ ھېكمەتكە خۇددى باتۇر، ۋاپادار، چىن ئىنسان بولغان خوتەن قىزى زۇمرەت ئۈچۈن ئېتىلغان ھۆرمەت توپىدەك بىلىندى.

جاڭ تيەن جۇ رۇڭفا بىلەن مەخمۇت سىلىڭغا كايىپ كەتتى. ئۇ، خالىق بىلەن كېرىموفنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەسلىدە يۇقاقۇندىن شەپە بېرىپ قويۇپ، چوڭ بازىغا ھۇجۇم قىلىش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قارشى تەرەپنىڭ دامىغا چۈشۈپ، چوڭ قوشۇننى يۈتكەپ، خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇلارنى تەنقىدلىدى. كەچتە پولات زاۋۇتىدىن كەلگەن قورالىقلار زېنىت توپنى ماشىنىغا سېلىپ ئۆز بازىسىغا قايتىشتى.

— مەن ئۇ بالىنىڭ «مۇئەللىملەرنى قۇتقۇزىمەن» دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەي، شەھەرگە ئالدىراپ كىرىپ كەتكەنىدىم، — دېدى كامىل ھېكمەتكە، — ئەجەپ يۈرىكى چوڭ بالىكىنا؟. . .

— سەن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونىيالمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— ياق!

— گۈلزىبانىڭ ئۇكىسى نەبى ئەمەسمۇ! . . .

— بىر ئوبدان ئوماق بالا ئىدى، يۈزلىرى نېمە بولۇپ كەتكەن؟ . . .

ھېكمەت نەبىنىڭ گۈلرۇزغا يەرلىك كولاۋېتىپ ئېيتىپ بەرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— مۇنداق دېگىن! مەھبۇبە ئەزىمەتنىڭ سېتىلغانلىقىنى بىلىدىكەن ـ دە؟. . .

— شۇنداق. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر يوشۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ؟ — ھېكمەتنىڭ چىرايىنى بۇلۇت قاپلىدى، — نېمىدېگەن قارا كۆڭۈللۈك بۇ! . . .

كامىل «مەسلىھەت بار» دەپ ھېكمەتنى ياتىقىغا باشلاپ كىردى، ئۇ قۇتلۇق خۇيجاڭنىڭ ئائىلىسىدىكى پاجىئە توغرۇلۇق توختالدى، ئۇ ئائىلىنىڭ ھازىر بالا باققۇدەك ھالىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا گۈلچىنىئاينى ئاچىسى سەئىدە بالا قىلىپ بېقىۋالسا دەپ ئويلىشىۋاتقانلىقىنى، شۇنداق قىلسا كېيىنچە مۇراتنىڭ دادىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن بىرەر نارازىلىقمۇ بولامدۇ ـ قانداق دەپمۇ ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھېكمەت قوشكۆلگە كىرىش ھارپىسىدا، دوستلار خانىمزاتخان ئائىنى يوقلاپ بارغان ۋاقىتتا بولۇنغان سۆزلەرنى ئەسلىدى. موماي زۇمرەتكە: «بۇ قېتىم تۇغسىڭىز، گۈلچىنىئاينى ئېلىۋالىمەن، سەئىدەگە ھەمراھ بولىدۇ. . .» دېگەندە، زۇمرەت قىزىرىپ: «قىزىم

ئۆزلىرىدىن ئايلانسۇن... سىلى ئۆز ئانامدىنمۇ چارى...» دېگەندى.

— مانا، ئېسىڭدە بار ئىكەن، — دېدى كامىل، — مۇراتمۇ: «ھېلىنغۇ بىر قىزىم ئىكەن، ئون قىزىم بولسىمۇ سىلىگە تەسەددۇق» دېمىگەنمىدى؟ بۇنداقتا، ئۇلارنىڭ روھىمۇ خوش بولىدۇ...

— كامىل، خاتىرجەم بول! — دېدى ھېكمەت ئىشەنچ بىلەن، — بىز ئۈچىمىز قىيامەتلىك دوستلاردىن ئىدۇق... بىر - بىرىمىزدىن ھاياتىمىزنىمۇ ئايىمايتتۇق، مانا ئەمدى بىر بېغىشىمىز قايرىلدى... مۇراتتىن ئايرىلىپ قالدۇق، — ھېكمەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ گەپ قىلالماي قالدى، — ئۇنىڭ پەرزەنتىنى ئوبدان بېقىپ چوڭ قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز ھەم قەرزىمىز... بۇنى قۇتلۇق خۇيجاڭمۇ چۈشىنىدۇ... ئۇلاردا ھازىر كىچىك بالا باققۇدەك شارائىت يوق... ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ كىشى بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.

ھېكمەت ئۇزاپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. دېگەندەك، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆيدە جېدەل چىقتى. ۋارقىراش - يىغلاش تاڭ ئاتقىچىلا بېسىلمىدى. كامىل تەخىر قىلالماي، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى كارىۋاتتا بىر - بىرىگە بۇتنىشىپ ئولتۇراتتى. ھېكمەتنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، مەھبۇبە ئۇخلاۋاتقان ئۈچقۇنئاي بىلەن گۈلچىنئايغا قاراپ يىغلاۋاتاتتى.

— مەن ئاجرىشىپ كېتىمەن، — دېدى ھېكمەت ۋارقىراپ، — بۇنداق قارا كۆڭۈل بىلەن ئۆي تۇتمايمەن!...

— مەن ئاجراشمايمەن... ئەگەر چىڭ تۇرسىڭىز ئۆلۈۋالىمەن، — مەھبۇبە ئېسەدەپ يىغلىماقتا ئىدى، — مەن گۈلرۇزغا: «ئىزىڭغا چۈشىمەن، قولىغا كەلتۈرىمەن، ئۆگەي بالىغا ئانا بولمايمەن» دېمىدىم. ئۇ يالغان ئېيتىپتۇ...

— مەن ئۆز ۋاقتىدا سىزنى تونىمىسام، نېمانچە قوغلىشىسىز؟... بۇ گۈلرۇزغا دېگەن گېپىڭىزنىڭ ئەمەلىيىتى ئەمەسمۇ؟

— قوغلاشقىنىم راست... چۈنكى مەن سىزنى باشتىن - ئاخىر ياخشى كۆرۈپ كەلدىم...

— ياخشى كۆرگەن ئادەم ئېرىدىن سىر يوشۇرامدۇ؟...

— گۈلرۇز: «بىر كىمگە تىنساڭ، جېنىڭنى ئالىمەن» دېگەن بول-

غاچقا قورقتۇم. . .

— لوپتىمۇ قورقتىڭىزمۇ؟. . .

— ئۇ ۋاقتىدا دېسەم. . . مېنى تاشلاپ كېتىپ قالاتتىڭىز. . .

كامىل مەھبۇبەنىڭ سۆزلىرىدە سەمىمىيلىك بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈش بۇ قىزنى ھېس - تۇيغۇ جەھەتتە قارىغۇ قىلىپ قويغان، ئۇ ئۆزىنىلا ئويلىغاچقا، قارشى تەرەپنىڭ خەيرخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندى.

— ھېكمەت، ئاجرىشىمەن دېگەن گەپنى قوي! — دېدى كامىل سەل خاپا بولۇپ، — بىر چىرايلىق قىزنىڭ تۇرسا. . . ئۇنى يېتىم قىلىشقا قانداقمۇ كۆزۈڭ قىيار؟. . .

— ئەزىمەتمۇ مېنىڭ بالام ئىدىغۇ؟ — ھېكمەت ئاچچىقىدا تىترەۋاتاتتى، — مانا ئىككى يىل بولدى، دېرىكى يوق. . . ئۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ؟. . . نەبىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنى سەنمۇ تونىيالماپسەنغۇ؟. . . تېخى ھېچنېمە كۆرمىگەن ئاشۇ بالىغا نېمە زۇلۇم ئۇ! . . . زادى ئاجراشقىنىم ئاجراشقان. . . بۇنداق ئىپلاسنى كۆزۈم كۆرمىسۇن! . . .

— مەن ئاجراشمايمەن. . . ئۆلسەممۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن، — مەھبۇبە باشقىدىنلا يىغىنى باشلىدى، — مېنى ئۇرۇپ ئاچچىقىڭىزنى چىقىرىڭ. . . لېكىن. . . لېكىن ئاجراشمايمەن. . .

كامىل خېلى كۆپ نەسىھەت قىلىپمۇ ھېكمەتنى قايىل قىلالمىدى. ئۇ مەھبۇبەنى باشلاپ سىرتقا چىقتى. مەھبۇبە بۇنداق چاپلىشىۋالغانسېرى، ھېكمەتنىڭ ئۆرلەپ تۇرغان غەزىپى پەسەيمەيتتى، بەلكى جەھلى تېخىمۇ قاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى ياخشى چارە ئىدى.

— مەن كەتسەم، ئۇ ھېلىقى ئىسكىرىپكىچى قىز بىلەن يەنە تېپىشىۋالىدۇ. . . شۇڭا شەھەرگە كىرمەيمەن، — دېدى مەھبۇبە ئېسەدەپ، — مېنى تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ مەيلى. . .

— ئامىنەنى ئالىدىغان ئويى بولسا، سىز بىلەن توي قىلارمىدى؟. . . نەۋاق ئۇ قىزغا جاۋاب بېرىۋەتكىلى. . . — كامىل جىددىي سۆزلەۋاتاتتى، — بۇنداق قىلسىڭىز، مۇناسىۋەتىڭلار تېخىمۇ يامانلىشىدۇ. بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتسە، ھېكمەت قىزنى

سېغىنماسمۇ؟ سىزنى كۆرگىسى كەلمەسمۇ؟ . . . ئۇنىڭ ئاچچىقى يانسۇن. . . كۆزىگە كىرىۋالماڭ. . .

ئەتىگەندە، كامىل مەھبۇبە، گۈلچىنئاي، ئۇچقۇنئايلارنى ئېشەك هارۋىسىغا سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. ھېكمەت ئۇزاتقىلى چىقمىدى. ئۇلار كېتىپلا، مەخمۇت سىلىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

توساللا گۇگۇشېسىنىڭ ھالالباغ ۋە جالالباغ كەنتلىرى قورالىلقلار جايلاشقان مۇھىم بازىلاردىن ھېسابلىناتتى. شۇڭا، كەنت ھەم شياۋدۇيلەرگىچە ماۋجۇشى رەسىمىنى سىزىدىغان سېمونت ۋە گەج تاملار قوپۇرۇلغانىدى. ھازىر ھالالباغ كەنتىنىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان تۆمۈر تۆەنجاڭ ماۋجۇشى رەسىملىرىنى سىزىپ، كەنتنى قىزىللاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ خەت ئەۋەتكەنىدى.

— ئەمىسە مۇئەللىم، ھازىرلا ئەسۋاب ـ سەرەمجانلىرىنى ئېلىپ تەييار بولسىلا، —دېدى مەخمۇت سىلىڭ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — سىلىنى بىر قورالىلىق هارۋىدا ئاپىرىپ قويىسۇن! . . .

# ھالالباغ شامالىلىرى

ھالالباغ كەنتى دېڭىز ئۈستىدىكى ئاجايىپ زور سالغىلا ئوخشايدۇ. تەرەپ ـ تەرەپلىرىدە يارلىقلار بولۇپ، يارلىقلار ئىچىدىكى قومۇشلۇقلار باھار، ياز پەسىللىرى خۇددى دېڭىزدەك كۆپكۆك كۆرۈنىدۇ، مامۇقتەك يۇمشاق پۆپۈك توزۇندىلىرى، مېۋە ھىدلىرى ئۆرلەپ تۇرغان قاراڭغۇ باغلارغا، ئۇزۇمزارلارغا، ئاددىي دېھقان ئۆيلىرىگە توي چاچقۇسىدەك چېچىلىدۇ. . . كەنتنىڭ غەربىدىكى چەكسىز كەتكەن ھالالباغ سۇ ئامبىرى ئاسمان بىلەن تەڭ تالاشقاندەك كۆپكۆك جىمىرلاپ، كۆزلەرنى چاقىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆمچەك ـ دۆمچەك دۆڭلۈكلەرنىڭ ئەتراپىنى ۋە قىرغاقنى بويلاپ ئۆسكەن قومۇش، يېكەنلەر خۇددى خوتەن گىلەمنىڭ گۈللىرىدەك كۆركەم! . . . ئىغاڭلاپ تۇرغان قومۇشلۇقلار ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ سىماسى بولسا، توختىماي شىۋىرلاۋاتقان يېكەنلىكلەر ئومۇمىي خور ئورۇنلاۋاتقان ئارتىسلارغا ئوخشايدۇ. يېكەن توخۇلىرىنىڭ چاڭىلداپ سايرىشى، جۇپتىنى چاقىرغان ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ «غارت ـ غارت» قىلىشى، ئۇچۇپ ئۆتكەن بىغىتاقلارنىڭ «ۋىچ. . . ۋىچ. . .» قىلىپ

كۆلۈشى، يىراقلاردىن ئاڭلانغان جىگدىچى قۇشلارنىڭ «چىۋ. . . چىۋ. . .» دەپ ئۈشقىتىشى ھالالباغ سۇ ئامبىرىنىڭ ھاياتىي كۆچكە تولغان يېقىملىق سىمفونىيىسىنى، سىرلىق مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغانىدى. . .

ھالالباغ كەنتى دېھقانلىرىنىڭ ئاساسىي قوشۇمچە كىرىمى قومۇشتىن كېلەتتى. كۈز كېلىشى بىلەن، كەنت دېھقانلىرى قومۇش ئورۇيتتى، ئورغان قومۇشلىرىنى ھەربىر شىاۋدۈينىڭ خامانلىرىغا، كەنت ئىشخانىلىرىنىڭ ھويلىلىرىغا، مال ئېغىلى لاپاسلىرىغا دۆۋىلەيتتى. ئاندىن تاكى كېلەر يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلارغىچە بورا توقۇيتتى. ھەربىر ئەزاغا ۋەزىپە بېرىلەتتى. ئاشۇرۇۋەتكەنلەر ئارتۇق ئىش ھەققىگە ئىگە بولاتتى. پۈتكەن بورىلارغا مېتىر سېلىنىپ كۋادراتى چىقىرىلاتتى ۋە ئۆز تۈرى بويىچە تۈرمەللىنىپ ھارۋىلارغا بېسىلاتتى. شۇڭا، شىاۋدۈي خامانلىرى، كەنت، ئەترەت ئىشخانىلىرى، يوللار، دېھقان ھويلىلىرى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بورا توقۇۋاتقانلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. بەزىلىرى قومۇش يېرىپ، سىيرىش بىلەن، بەزىلىرى يەنجىش، سۇغا چىلاش بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇستىلىرى بولسا ئەپچىل قوللىرى بىلەن بورا توقۇيتتى، زەدۋال بورىسى توقۇيدىغانلار قازانلاردا ھەرخىل رەڭلەرنى قايناتتىش، سىيرىلغان قومۇشلارنى بوياش بىلەن ئاۋارە بولاتتى. . .

ئۆزى پاكار، لېكىن تەندۇرۇس تۆمۈر تۇەنجاڭ يوغان بۇلغار قاپلىق ماۋزۇرىنى يوتىسىدا پۇلاڭلىتىپ، لىكوس ـ لىكوس ئاسقاقلىغىنىچە، بورا توقۇۋاتقانلارنى ئايلىناتتى. بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئېسىۋالغان تاپانچىسى ئېتىلىپ كېتىپ، يوتىسىدىن كىرگەن ئوق ئۇنىڭ پاچىقىدا توختاپ قالغانىدى. گەرچە دوختۇرلار ئوقنى ئېلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھازىرغىچە ئېگىز ـ پەس دەسسەيتتى. تۆمۈر تۇەنجاڭ ئىنقىلاب باشلانغان يىلى دادۇي ئەمەلدارلىرىدىن ھوقۇق تارتىۋالغانچە، ھازىرغىچە ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. ھېكمەت رەسىم سىزىشنى باشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ پات ـ پاتلا پەيدا بولۇپ، ئارقىسىغا تايانغىنىچە رەسىمگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ كېتەتتى ۋە: «ئەجەبىيدەي كارىكەن بۇ؟ . . . ياپىلاق تامدا بۇرۇن، قۇلاق، ئېڭەكلىرى تۇتقىلى بوغىدەك چىقىدىكەنيا؟ . . .» دەپ كۆپكۈك ئېڭىكىنى چىمداپ، تۇرۇپ كېتەتتى. ھېكمەت دادۈينىڭ قوش قاناتلىق قىزىل دەرۋازىسىدىن كىرگەندىن كېيىنلا كۆرۈنىدىغان يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتە ياسىتىلغان سېمونت تامغا رەسىم سىزىۋاتاتتى. بۇ رەسىم يېشىل موۋۇتىن ھەربىيچە كىيىم كىيگەن ماۋجۇشىنىڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا

تۇرۇپ خۇگۇۋېيىڭلارنى قوبۇل قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئىدى. ھېكمەت ئېگىزلەتكىلى ھەم پەسلەتكىلى بولىدىغان «بالداقلىق جا»غا چىقىپ سىزاتتى. ياشانغان بىر ئايال تاماق ئېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى.

رەسىم بەش كۈندە تاماملاندى. ھېكمەت ئەسۋاب - سەرەمجانلىرىنى يۇدۇپ، بوياق تەگشەش تاختىسىنى ماي بوياق پىچىقىدا قىرىپ ئولتۇراتتى، دۇمباق - جاغلارنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، نەرسە - كېرەكلىرىنى ياتىقىغا ئەكىرىۋېتىپ، دەرۋازا ئالدىغا چىقتى، ئالتە شياۋدۈينىڭ ئەزالىرى كوچا - كوچىلاردىن شوئار توۋلىشىپ تىزىلىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار دادۈي قورۇسى ۋە كوچىلاردا تىقىلىشىپ، «ياشىسۇن!» دەپ ۋارقىرىشاتتى، دۇمباق - جاغلىرىنى ئۈزمەي چېلىشاتتى. ئارقىدىكىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئالدىدىكىلەر قىستىلىشىپ رەسىمگە قارىشاتتى. «توۋا، توۋا، ئەجەپ قاملىشىپتىيا!» دېيىشىپ، ياقىلىرىنى تۇتاتتى. قېرىلار: «ماۋجۇشى ئۆزىمىزغۇ ئۇز يېتىمكەن...» دەپ ساقال سىيپايتتى. تۆمۈر تۇەنجاڭ ئەتىگەندە رەسىمنىڭ چۈشتە پۈتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كېتىپ قالغانىدى. ئەسلىدە دېھقانلار رەسىمنىڭ پۈتۈش شەرىپىگە تەنتەنە قىلغىلى كەلگەنىكەن. تۆمۈر تۇەنجاڭ دەبدەبىلىك بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلىگەندىن كېيىن، شوئار ئاۋازلىرى ياڭراپ، دۇمباق - جاغلار قايتىدىنلا چېلىندى. شياۋدۈيجاڭلار ھېكمەت بىلەن قول ئېلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەترەت ئىشخانىلىرىغا بېرىپ رەسىم سىزىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋېلىشتى. تۆمۈر تۇەنجاڭ ئالتە شياۋدۈينىڭ ھەربىرىگە بىردىن رەسىم سىزدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا، دېھقانلار قىزغىن چاۋاكلارنى ياڭراتتى. ئىككى كۈن ئىچىدىلا، ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر قىرىق سانتىمېتىر كېلىدىغان ئالتە چوڭ رامكا تىكلەندى. بۇنىڭغا كېتىدىغان خەسە، بوياق، مىخلار ھېسابلاندى. تۆمۈر تۇەنجاڭ ئۆزى مىنىدىغان «قارىگىر جىۋەك»نى يېتىلەپ ئېلىپ كەلدى.

— مۇئەللىم، شەھەرگە كىرىپ لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ، سىر دۇكىنىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تۇرسىلا، ئېشەك ھارۋىسى ھايال بولمايلا ئۇلگۇرۇپ بارىدۇ، ئېشەك بەك يارامىلىق، — تۆمۈر تۇەنجاڭ ئېتىنىڭ پېشانىسىگە بوش شاپىلاقلىدى، — بىراق مۇنۇ جىۋەك بەك شاش، چۇلۋۇرنى تارتىپ، قاتتىق باشقۇرمىسىلا، چاپىمەنلا دەپ تۇرىدۇ... ئەگەر ماشىنا، تراكتور يولۇقسا، بىر چەتكە تارتىپ تەتۈر قارىتىۋالسىلا! بۇ ئات بەك ھۈركۈيدۇ.

دەرۋەقە، «قارىگىر جىۋەك» قارنى ئىچىگە تارتىلغان ئىنچىكە تايغانغىلا ئوخشايتتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ، پات - پاتلا پۇشقۇرۇپ تۇراتتى. شەھەرگە كىرگىچە، ئۇ ھېكمەتنى ئىككى قېتىم تاشلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. بىراق ئۇنىڭ يورغىسى سىيلىق، مېڭىشى بەك چىرايلىق ئىدى. ئەگەر چۇلۋۇر تاسمىسىنى تارتىپ چىڭ باشقۇرۇپ، ھوشيار ئولتۇرمىغاندا، ھۈركۈشكە، ئېلىپ قېچىشقا ئارانلا تۇراتتى.

ھېكمەت پولات زاۋۇتىغا كەلگەندە ئوڭغا قايرىلىپ، تار كوچىلار ئارقىلىق مەدەنىي بۇيۇملار شىركىتى ماگىزىنىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ ھويلىغا كىردى. ئۇرۇش ۋاقتى بولغاچقا، پەقەت ماگىزىنىنىڭ ئىچى تەرەپتىنلا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. ھېكمەت تېگىشلىك پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن، دۇكانچى تۆت باك سىر ۋە خەسە، مىخلارنى ئامباردىن ئېلىپ چىقتى. ئەسلى چوڭ رەسىملەر مەخسۇس ماي بوياق بىلەن سىزىلاتتى. لېكىن ماي بوياقنى تاپقىلى بولمىغاچقا، قىزىل، كۆك، سېرىق، ئاق سىرلارنى رەڭ تەڭشەش ئىلمى بويىچە بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوشۇپ، توققۇز - ئون خىل رەڭ قىلىپ ئىشلەتكىلى بولاتتى. ھېكمەت ئالغان نەرسىلىرىنى كاسسىرنىڭ ئىشخانىسىغا قويۇپ قويۇپ، ئېتىغا مىندى - دە، ئەنجان كوچىسى ئارقىلىق قىزىق دەرۋازىغا، ئۇ يەردىن مەھبۇبەنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قىزىنى كۆرگۈسى كەلگەنىدى. تېخى تۆت ئايغا توشمىغان بوۋاقنىڭ گۇڭگراپ بىر نېمىلەرنى دېيىشى، بۇدرۇق قوللىرىدا دادىسىنىڭ تۇمشۇقلىرىنى تاتىلىشى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشى كۆز ئالدىغا كەلگەن ھېكمەت دەرۋازىنى ئۇرماقچى بولدى. ئەمما: «ئۆگەي بالىغا ئاتا بولغۇم يوق...» دېگەن سۆز قايتا تەكرارلانغاندەك بولدى - دە، ئېتىغا مىنىپ كەينىگە قايتتى. ئۇ ماگىزىنىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە قايتىپ كەلگەندە، ئېشەك ھارۋىسىنى ئېلىپ كەلگەن دېھقان بالا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ھېكمەت ئالغان نەرسىلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ بېرىپ، ئۇنى يولغا سېلىۋەتتى. ئۆزى كامىلنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ھېكمەت ئېتىنى پېشايۋان شادىسىغا باغلاپ تۇراتتى، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان گۈلچىنئاي «ھېكمەت دادىي» دەپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. يېتىم قىزنى باغرىغا باسقان ھېكمەتنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— ۋۇي، ھېكمەتقۇ بۇ؟ جۇرۇڭ ئۆيگە كىرىڭ! — سەئىدە پېشايۋاندا قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى، — بوستاندىن كېلىشىڭىزمۇ؟

— ياق، ھالالباغدىن. . .
— ۋاي، ئىسىم قۇرۇسۇن، كامىل دېگەنىدى، خەتمىدىن چىقىپتۇ.
— كامىل بارمۇ؟
— يوق، ئۈلۈشكۈن كەپتىكەن، بىر كېچە قونۇپ، تۈنۈگۈن قايتىپ كەتتى.

سەئىدە بىردەمدىلا چاي دەملىدى. گۈلچىنىئاي ھېكمەتنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ: «ئانا مەن ئوينايمەن» دېدى ـ دە، ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— سەئىدە ئاچا، گۈلچىنىئاي خاپا قىلمىغاندۇر؟ — دېدى ھېكمەت پىيالىنى قولىغا ئېلىپ.

— بىر ـ ئىككى كۈن «ئانام ـ دادام» دەپ يىغلىدى. ھازىر جىمىپ قالدى، — سەئىدە ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى، — ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى بولغاچقا، ئىشنىڭ تايىنى يوق. كۆپىنچە گۈلچىنىئاي بىلەن ئۆيدە بولىمىز. . . كارخانىغا بارغۇدەك بولسام، ئۇنى ئالغاچ بارىمەن، ئۇششاق باللار بىلەن ھويلىدا ئوينايدۇ.

— كىچىك ئەمەسمۇ، ئاسان كۆنۈپ كېتىدۇ.

— ھېكمەت، مەھبۇبە بىلەن نېمە بولۇشتىڭلار؟ — سورىدى سەئىدە، — ئۇ قىز نەچچە قېتىم بالىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ھال ئېيتتى. بىچارە تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ. . .

— سەئىدە ئاچا، ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭا! . . . رايىم يېنىپلا كەتتى. . .

— ئۇ قىز بىر ئېزىپتۇ، سىز كەڭ قورساق بولۇڭ. . . بىز ئاياللار تۇرمۇشتا بەكمۇ شەخسىيەتچى كېلىمىز، — سەئىدە نەسىھەت قىلغاندەك يۇمشاق سۆزلەۋاتاتتى، — ئۇ سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇ ئىشنى يوشۇرۇپتۇ. . . تويدىن كېيىن دېمەكچى بولۇپتىكەن، لېكىن «ئۇر، چاق، تۇت» بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىقتا، سىزنىڭ بالا ئىزدەيمەن دەپ خەتەرگە يولۇقۇشىڭىزدىن ئەنسىرەپتۇ. ئۇنىڭمۇ كۆڭلىنى چۈشىنىڭ. . .

— ئۇنىڭ گۈلرۇزغا دېگەن گەپلىرىدىن خەۋىرىڭىز يوق سەئىدە ئاچا، — ھېكمەت دەردلىك كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى، — شۇڭا، مۇشۇنداق نەسىھەت قىلىۋاتىسىز. . .

ھېكمەت «ئۇنىڭ توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغۇم يوق» دېمەكچى ئىدىيۇ، سەئىدەگە ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن ئۈنچىقمىدى. ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئورنى-

ـدىن تۇردى. ئۇ، ئېتىنى يېتىلەپ كوچىغا چىققاندا، گۈلباغ تەرەپتىن ئۇوق ئاۋازلىرى
ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. گۈلدۈرلىگەن ئاۋازدىن كېيىن، يەرلىك زەمبىرەك ئوقىـ
ـنىڭ ۋىڭىلدىشى، ئۇنىڭغا جاۋابەن زېنىت توپىنىڭ گۈپۈلدەشلىرى ئاڭلىناتتى.

هېكمەت هالالباغقا كەچ يېتىپ كەلدى. دېهقانلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك بىرىنچى
شىياۋدۈي تەرەپكە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇششاق باللار ۋارقىرىشىپ: «شاپ بول،
بىرىنچى شىياۋدۈي خامىنىدا ئاياغ ئويۇنى بار ئىكەن» دېيىشىپ يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى.
هېكمەت ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ، پىچان تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن، بىرىنچى شىياۋدۈيگە
ماڭدى. خاماندا ئادەملەر قىمىلدايتتى. سۇپا قوپۇرۇلۇپ ياسالغان سەهنىنىڭ جازىلىرىغا
پەردىلەر تارتىلغانىدى. ئويۇن قويىماقچى بولغانلار «با، با زۇڭسى» نىڭ «ماۋ زېدۇڭ
سىشياڭى تەشۋىقات ئەترىتى» ئىدى.

ئويۇن باشلاندى. هەربىيچە كىيىنگەن، بىلەكلىرىگە خۇڭۋېيبىڭ بەلگىسى، مەيدىـ
ـسى، شەپكىلىرىگە ماۋجۇشى ئىزناكلىرىنى تاقىغان قىز ـ ئوغۇللار ئۈچ قاتار تىزىلىپ:
«شەرق قىزاردى» ، «دېڭىزدا پاراخوت رولچىغا تايىنىپ ماڭار» خورلىرىنى ئورۇندىـ
ـدى. ئارقىدىن قىز ـ ئوغۇللار سەهنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن قىزىل بايراق كۆتۈرگەن
هالدا شۇنداق سەكرەپ چىقتىكى، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى بالىتچىلاردەك بىر تۈز سىزىق
هاسىل قىلدى. سەهنىنىڭ ئۈستى قالايمىقان يۈگۈرۈش، پىرقىراش، يۇمىلاش، مولـ
ـلاق ئېتىش بىلەن تولۇپ، توپا ـ توزان كۆتۈرۈلدى. ئۇلار «ئىسيان كۆتۈرۈش
يوللۇق» ناخشىسىنى توۋلايتتى، ۋارقىرايتتى، ئاهاڭغا سېلىنغان ئۈزۈندە ناخشىلىرىنى
ئېيتاتتى. ئات ئۈستىدە يۈرۈپ يوتىلىرى ئاغرىپ كەتكەن هېكمەت زاڭزۇچە «ماۋجۇشى
ئالتۇن رەڭلىك قۇياش» ناخشىسى باشلانغاندا، دادۇيگە قايتتى. ئۇ، بىرسىنىڭ چاقىرـ
ـغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئارقىغا قايرىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تونۇشلا بىر قىز
تۇراتتى.

— هېكمەت مۇئەللىم، مېنى تونۇمىدىڭىزما؟ — قىز تارتىنىپقىنە كۈلدى، —
سىز بىزگە ئەدەبىيات دەرسى بەرگەن ئەمەسمۇ؟...

— توغرا سىز سائادەتقۇ؟ — هېكمەتمۇ كۈلۈپ قويدى، — ئېسىمدە
قېلىشىچە، سىز 63 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرىغا كىرىپ
كەتكەن...

— شۇنداق، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تۇرۇۋىدۇق، مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ كەتـ

تى، يېزىلارغا قايتۇرۇلدۇق. . . ھازىر دېھقان بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى.

— ئىنقىلاب تۈگىسە، يەنە ئوقۇش پۇرسىتى چىقىپ قالار. . .

— بۇ لەنەت تەگكۈر ئىنقىلاب تۈگىگىچە قېرىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. . . — دېدى سائادەت دادىللىق بىلەن، — نېمە، ئويۇن كۆرمەي قايتامسىز؟

— چارچاپ قاپتىمەن، بېرىپ ئۇخلاي. . .

— مەنمۇ كېتەي دەپ تۇراتتىم. . . جۈرۈڭ بىللە كېتىلى. . .

ئۇلار ماڭغاچ، 62 ـ يىللاردىكى كۆڭۈللۈك مەكتەپ ھاياتىنى، ھېكمەت ئۆزى يېزىپ ئۆزى رولغا چىققان دىراممىلارنى ئەسلىشىپ كۈلۈشتى. سائادەت ئۇ چاغلاردا ئون ئىككى ياشلىق سەبىي قىز ئىدى. بىر غېرىچتەك چېچىغا يېلىم چېپىپ، ئىككى ئۆرۈۋالاتتى. ئىككىسى دادىۋي ئالدىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ، ئاندىن ئايرىلىشتى.

ھېكمەت ئەتىسىدىن باشلاپ ئالتە رامكىغا رەخت تارتىش، مىخلاشقا كىرىشىپ كەتتى. رەختنى داپ كېرىگەندەك چىڭ تارتىپ مىخلىغاچقا، بىر ئادەم ئازلىق قىلاتتى. چۈنكى مىخنى ئۇرۇپ بولغۇچە رەخت ئارقىسىغا يېنىپ سالپىيىۋالاتتى. ئۇ راسا قىينىلىۋاتقاندا، سائادەتنىڭ كىرىپ كېلىشى ئۇنى بەك خوش قىلىۋەتتى.

— سائادەت كېلىڭ، ماڭا ياردەملىشىڭ! — دېدى ھېكمەت بولقىنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ، — مەن رەختنى تارتىمەن، سىز ئىككى قولۇمنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىخ قاقسىز، بولامدۇ؟

ئۇلار رەخنى چۈشكىچە تارتىپ بولدى. ئاشپەز ئايال ئىككى كىشىلىك تاماق ئېلىپ كىردى. سائادەت كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ھېكمەت تاماق يەپ بولۇپ، رەختلەرگە يارىيېلىم سۈيى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئېلىپ قالدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. سائادەت تاشلاندۇق قومۇشلارنى قالاپ، يېلىم قايناتتى. ھېكمەت چوتكا بىلەن رامكىلارغا داپتەك كېرىلگەن يېلىم سۈيى سۈۋىدى، تۈگىگەنلىرىنى ئىككىسى ھويلىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاپتاپقا قاقلاپ قويدى. بۇ ئىش قۇرۇم كۆلىدىكى ساياھەتنى ئەسلەتتى: گۈلزىبا، نەفىسەلەر كۆكتاتلارنى ئادالاپ يۇياتـ تى، زۇمرەت ئوچاققا ئوت قالىيالماي: «مۇرات، كۆزۈمگە ئىس كىرىپ كەتتى. . .» دېگەندە، مۇرات: «خاپا بولماڭلا مەزلۇم. . .» دەپ ھەممىنى

كۆلدۈرۈۋېتكەنىدى. گۈلزىبا ھېكمەتكە پات ـ پاتلا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ئۇنىڭ جېنىنى سۆيۈندۈرۈۋېتەتتى. ئۇ كۆڭۈللۈك چاغلار ئەمدى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولۇپ قالغانىدى. . .

سائادەت قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەتتى. ھېكمەت كېچىچىلا گۈلزىبانى ئويلاپ چىقتى. بولۇپمۇ ئۇ مەھبۇبە بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولغان-دىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ئەسلەيدىغان بولدى. كەچ بولدىيۇ، بالدۇرراق يېتىپ، خىيال سۈرۈشنى ئويلايتتى. بېشىنى ياستۇققا قويدىيۇ، ئاۋغان كوچىسىدىن چىقىۋاتقان تۇمار چاچلىق قىز پەيدا بولاتتى. . . ھايا ـ نومۇس زەرلىرى بىلەن نۇرلانغان كۆزلەرنىڭ لەپپىدە تاشلىنىشى. . . ۋە بۇ كۆزلەرنى دەرھاللا قىزىرىپ ئېلىپ قېچىشلار. . . دۇكان ئالدىدىكى قايرىلىپ بېقىشلار. . . ئايدەك رۇخسارنىڭ سىرلىق تەبەسسۇمى. . . بىر ـ بىرلەپ ئۆتەتتى. ھېكمەت ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ، يولۇچى سىياقىدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. تېقىمىدىلا سويلاپ تۇرغان قاپقارا ئۆرۈم چاچلار بۇ زىلۋا بەدەننى ئادەم ئەيمەنگۈدەك ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېتكەنىدى! ھېكمەت ئىچىدە: «ئۆزۈك بىر قىز، چېچەك بىر قىز، كۆيدۈم ساڭا ئەي بىر جۈپ قىز. . .» دېگەن شېئىرنى ئوقۇدى. . .

گۈلزىبا غۇلجىغا بېرىشنى، ھېكمەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى شۇنچە ئارزۇ ـ نىياز قىلغانىدى. ئۇ ئىلى ناخشىلىرىدا زىكرى قىلىنغان سايرام بويلىرىنى، تەلكىنىڭ داۋانلىرىنى، كەڭساينىڭ قارىغايزار تاغلىرىنى، ئىلى دەريا ۋادى-لىرىنى كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىزار بولغان. ئەپسۇس، قىسقا ئۆمرى ئۇنى بۇ ئارمانلىرىغا يەتكۈزمىدى! . . .

ھېكمەت مەھبۇبە بىلەن غۇلجىغا بېرىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئۆيدە «كۈنلەر ۋە تۈنلەر» رومانىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. دەرۋازا ئالدىدا بىر پىكاپ توختىدى ۋە توختالغان ئىككى ھەربىي كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى قازاق، بىرسى خەنزۇ ئىدى. ھېكمەت كۆڭلىدە: «غۇلجا چەكلەنگەن رايون بولغاچقا، سىرتتىن كەلگەنلەرنى تەكشۈرىدىغان ئوخشايدۇ. . .» دەپ ئويلىدى. ئەسلىدە ئۇلار ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئوبلاستلىق بانكىغا رەسسام ئىزدەپ بارغانىكەن. ئۆزلۈكىدىن ئۆگەن-گەن بىرنەچچە خەنزۇ رەسسام ماۋجۇشىنىڭ چوڭ رەسىملىرىنى سىزالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار بانكا باشلىقىنىڭ: «بىزنىڭ كامالىدىن دېگەن بىر ساقچىمىزنىڭ

رەسسام ئىنىسى خوتەندىن كەپتۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن. ھېكمەت ئانچە ياخشى سىزالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قانچە ئۆزرە سوراپ باققان بولسىمۇ، ئۇلار چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ تۇرۇۋالدى.

ھېكمەت ئىلى ھەربىي رايوندا بەش ئاي رەسىم سىزدى. ئۇنىڭ ئىككى ئايلىق رۇخسەت ۋاقتى توشۇپ كەتكەنىدى، ئۇ قايتماقچى بولدى، لېكىن ھەربىي رايون، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى بىلەن مائارىپ ئىدارىلىرىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ ۋە تېلېفوندا سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئۇزارتتى.

ھېكمەتنىڭ ئىلى ھەربىي رايونى ئىچىدە مەخسۇس ئىشخانىسى بار ئىدى. ئۇ رەسىملەرنى شۇ يەردە سىزاتتى. ھەر كۈنى ئاق سۇرۇپ تارتىلغان ھەرخىل رامكىلار چوڭ ئىشخانىغا تىزىلىپ تۇراتتى. ماي بوياقنىڭ پۇتۇن تۇرلىرى، ئەسۋاب ـ سەرەمجان-لار تەل ئىدى. مەخسۇس ئىككى ھەربىي بالا ھېكمەتنىڭ تۇرمۇشىغا قاراشتىن سىرت، بوياق تەييارلاش، پەي قەلەم سۇرتۇش ئىشلىرىنى قىلىپ، قەغەزلىرىنى سۇنۇپ بېرەت-تى، ئىشخانىنى تازىلاپ، ئەسۋابلارنى يۇياتتى. ئۇلار، ئىگىز «جا»دا رەسىم سىزغاندا، مۇرابىالارنى كۆتۇرۇپ چىقىپ «يەۋىلىڭ!» دەپ تۇرۇۋالاتتى. ھېكمەت ئۇنىمىسا: «سىز يېمىسىڭىز، باشلىقلار بىزگە ئاچچىقلايدىكەن» دەپ يالۋۇراتتى. ھېك-مەت ئىككى ـ ئۇچ كۈندە بىر قېتىم ئاپىسىنى يوقلاپ ئۆيگە بېرىپ تۇراتتى. ھەربىيلەر ئۇنى كىچىك ماشىنىدا ئاپىرىپ، ئەتىگەنلىكى ئېلىپ كېتەتتى. ھەر قېتىم ماشىنا كەتكەندىن كېيىن، پېشايۋاندا خالتىلاپ ئۇن، يەشىكلەپ ئالىي هاراق، كونسېرۋا، ئېسىل تاماكىلار قاپلىرى بىلەن پەيدا بولۇپ قالاتتى. ھېكمەت خىجىل بولۇپ: «بۇنداق قىلساڭلار، مەن ئۆيگىمۇ بارماس بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېدى. لېكىن خەنزۇ باشلىق: «سىېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭ ئالدىدا بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟» دەپ زادىلا ئۇنىمايتتى.

ھېكمەتنىڭ چوڭ ئىشخانىسىدىكى ئىشكاپلاردىمۇ ھەرخىل ئىچىملىك ۋە يېمەكلىكلەر بار ئىدى. لېكىن ئۇ جىددىي رەسىم سىزىۋاتقاچقا، ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايتتى. بىر كۈنى بىر كۆزى قارىغۇ ياشانغان سىلىڭ كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئىشكاپ ئىچىدىكى قول تەگمىگەن هاراق، كونسېرۋا، تاماكا، پېچىنىلەرگە قاراپ، ھەربىيلەرگە ئاچچىقلاپ كەتتى ۋە بىرلا بۇيرۇق بىلەن، بىردەمدىلا چوڭ ئۇستەلنىڭ ئۇستىنى ھەرخىل قورۇم-لار، توخۇ، ئۆردەك كاۋاپلىرى بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ئىشخانىغا رەسىم كۆرگىلى كىرگەن يەتتە ـ سەككىز ئەمەلدار ھەربىيلەر ھېكمەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئىچىشمەك

باشلاندى. قارىغۇ سىلىڭ چىقىپ كېتەر ۋاقتىدا: «مىللىيلار ھاراقنى ئۆلپەتسىز ئىچەلمەيدۇ... شۇڭا، ئىشتىن چۈشكەن ھامان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇڭلار!» دېدى. سىزىلىۋاتقان رەسىملەر ھەربىي رايوننىڭلا بولماي، ئۇنىڭ تارماقلىرى ۋە ئۇلار بىلەن كۆزقارىشى ئوخشاش ئىدارىلەردىن ئىلى قۇرۇلۇش شىركىتى، ئىلى ھاراق زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭمۇ ئىدى. قارشى كۆزقاراشتىكى ئىدارىلەر قانچە تەلەپ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىلى ھەربىي رايونى: «رەسسامنىڭ ئامانلىقىغا بىز ئىگە» دەپ ئۇنى ئۇلارغا بەرمىدى. ھېكمەت سەككىز چوڭ رامكا رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، «ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىگە لاي سېلىش، بۇزۇلغان يەرلەرنى ئوڭلاش» ئۈچۈن ئون كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. ئۇلار: «بولىدۇ، بولىدۇ... سەن رەسىمنى سىزىۋەر... بىز مۇزاكىرىلىشەيلى» دېدى. بىر چۈشلىكى ئىككى ھەربىي باشلىق ھېكمەتنى كىچىك ماشىنىغا سېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. قورۇ ئالدىنى تونىغىلى بولمايتتى. ئۆگزىگە لاي سېلىۋاتقان، ھويلىغا خىش ياتقۇزۇۋاتقان، تەسكەيدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى ئېچىپ لىم قويۇۋاتقان ئىشچىلار ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ھېكمەت خىجالەتچىلىك ئىچىدە تۇرغىنىدا، ئىككى ھەربىي باشلىق ئۆيگە كىردى ـ دە، ھېكمەتنىڭ ئاپىسىغا چاي بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر دۇخاۋا لەۋھە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدا ئالتۇن ھەلدە يېزىلغان «قەھرىمان ئانىغا!» دېگەن خەت تۇراتتى. ئارقىدىن بىر كاللەك ئاشلىق بېلەتتى، ئىككى خالتا ئاق ئۇننىمۇ ئېلىپ كىرىشتى. خەنزۇ باشلىقنىڭ سۆزىنى قازاق باشلىق تەرجىمە قىلىپ تۇردى:

— ئوغلىڭىز ئون يىلدا بىر قېتىم كەلگىنىدە، ئارام ئالماي ئىشلەۋاتىدۇ... — دېدى خەنزۇ باشلىق ئۇزۇر سورىغان تەلەپپۇزدا، — بۇنى ئۆزلىرىنىڭ يارەدملىرىدىن، قوللاشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ... سىلىگە كۆپ رەھمەت...

ئەتىسى كەچ تەرەپتە قورۇ ئالدىغا سەككىز تونىنا كۆمۈر چۈشۈرۈلدى. بىر قانچە ھەربى ئۇنى ھويلىغا توشۇدى. ئائىلىسىگە، ئاپىسىغا يەتكۈزگەن ھىممەتنى كۆرگەن ھېكمەت ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىدى.

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قۇرۇلىدىغان «شىنجاڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى»نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن چاغلار ئەڭ ئالدىراشلىق كۈنلەر بولدى. ھېكمەت رەسىم سىزىشنى باشلىغاندىن تارتىپ، مەھبۇبە ھەركۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ بىلەن بىللە

ئىدى. دوستلىرىنى يوقلاش، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى پەتلەش توغرا كەلسە-
مۇ، كىچىك ماشىنا بىلەن باراتتى. ئۇ دەسلەپ كەلگەندە، ھەربىي باشلىقلار ئۇنىڭ
بۇرۇن غۇلجىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەخسۇس ماشىنىدا شەھەرنى ئايلاندۇر-
دى. ئىلى دەريا بويلىرى، ئايرۇدرۇم، ستالىن كوچىسى، ل. مۇتەللىپ باغچىلىرىغا
ئاپىرىپ ئويناتتى. كەچتە قايتىپ كەلگەن مەھبۇبە ھېكمەتنى چىڭ قۇچاقلاپ: «مەن
نېمىدېگەن بەختلىك! » دېدى. ئۇ، ئىلى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى، قۇرۇلۇش
شىركىتى، ھاراق زاۋۇتى قاتارلىق جايلاردا پات - پاتلا بولىدىغان زىياپەتلەردە،
ئىززەت - ھۆرمەتلەرگە نائىل بولاتتى، سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇۋالاتتى. . . ئائىلىدە
بولسا، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەتىۋارلىق كېلىن يوق ئىدى. ھېكمەتنىڭ سىڭىللىرى،
ئاپىسى ھەرخىل كىيىم - كېچەك، پوفايكا، يۇڭ ياغلىقلارنى قىلىپ بېرەتتى. . .
كىچىك ماشىنىغا چۈشۈپ كوچىغا چىققىنىدا، قايتىپ كەلگىنىدە، قولۇم - قوشنىلار
ئۇنى ئورىۋالاتتى، ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشاتتى. قىسقىسى، ئۇ غۇلجىدا بەش ئاي
تۇرۇش جەريانىدا، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «خانىش»نىڭ ئۆزىلا بولدى. ئەسلىدە
بۇ بەخت ھېكمەتنىڭ جاپاسىنى تارتىپ، ھالاۋىتىنى كۆرمىگەن گۈلزىباغا
تەئەللۇق ئىدى! . . .

ئىلى ھەربىي رايونىدا ئۇيۇشتۇرغان ھېكمەتنى ئۇزىتىش زىياپىتى ناھايىتى داغدۇ-
غىلىق بولدى، ھەربىي باشلىقلاردىن ئوتتۇزدىن ئارتۇقراقى قاتناشتى. ئۇلار، «ھېك-
مەتنىڭ لېيى فىڭدەك روھىدىن ئۆگىنەيلى»، «جاڭ سىدېدەك روھىدىن
ئۆگىنەيلى. . . » دەپ، ھاراق تۇتۇپ يۈرۈپ، ھېكمەتنى مەست قىلىپ قويدى. بۇ
ئۇزىتىش زىياپىتىدە مەھبۇبەمۇ بار ئىدى. بىرنەچچە ھەربىي ھېكمەتنى يۆلەپ ئۆيىگە
ئېلىپ كىرگەندە، ئاپىسى قورقۇپلا كەتتى. كىرگەنلەر: «بىرئاز يېتىپ ئارام ئالسا،
ئوڭشىلىپ قالىدۇ. . . » دەپ، چىقىپ كېتىشتى. مەھبۇبە ئۆيدىكىلەرگە زىياپەتتە
بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي دەپ بەردى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر ھېكمەت-
نى يىغا تۇتتى. ئۇ دادىسىنى ئون يىل كۆرمىگەنلىكىنى، بىر ئاي كېچىكىپ كېلىپ
يۈزىنى كۆرەلمىگەنلىكىنى، دادىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۈن
سېلىپ يىغلىدى. ئاپىسى ئۇنىڭ باشلىرىنى سىيلىدى، تەسەللى بەردى. ھېكمەت
ئاپىسىنىڭ مېھرىبان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۇمشاق قوللىرىنى سىزىپ، تېخىمۇ يىغلىدى.
ئۇنىڭ يىغىسىغا دادىسىنىڭ پىراقى بىلەن يۈتكەن ئوغلىنىڭ ھەسرەت - نادامىتى

قوشۇلۇپ كەتكەندى.

ھېكمەت بىلەن مەھبۇبەنىڭ قايتقان ۋاقتى 1 - ئايغا — راسا سوغۇق ۋاقىتلارغا توغرا كەلدى. ھەربىيچە جۇۋا ۋە كىيىملەرنى كىيگەن بۇ ئەر - ئايال ئىككىسى جىپ ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ھەربىي ئۇلارنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ خوتەندىن ئاشلىق توشۇۋاتقان ماشىنىسىغا سېلىپ قويدى. ئىلى ھەربىي رايونى ھېكمەتنى ئالاقە ئارقىلىق غۇلجىغا يۆتكەپ كېلىشنى قانچە دېگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنىلا ئەزىمەتنى تېپىش ئارزۇسى بار ئىدى. . .

. . . خىياللار ئەنە شۇنداق ئۇلىنىپ، ھېكمەت قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. ئەمما ئەتىگەنلىكتە بېشى ئېغىرلىشىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ، مەستخۇش ھالدا ئورنىدىن تۇردى. بۇ ئەلۋەتتە ئاچچىق - چۈچۈك خىياللاردىن پەيدا بولغان ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

ھېكمەت ئەتىگەندە ئورنىدىن ۋاقىچىراق تۇردى. يۈزىنى يۇيۇپ، ئازراق ناشتا قىلغاندىن كېيىن، جازىلارغا شەكىل ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆمۈر قەلەم تۇتقان قوللىرى ئاق سۇرۇپ ئۈستىدە ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنەتتى. خاتا بولۇپ قالغان سىزىقلار ماتا پارچىسىنى ئۇرغان ھامان تۆكۈلۈپ كېتەتتى. بۇنداق كۆمۈر قەلەمنى ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىنستىتۇتتا «موتەمبى» دەپ ئاتىشاتتى. ھېكمەت ئۈچ كۈن ئىچىدە ئالتە رەسىمنىڭ شەكلىنى ئېلىپ تۈگەتتى. ئۇ ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ھاۋا شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە پاكىزە بولۇپ، قەد كۆتۈرگەن تېرەكلەر، بۇلۇتتەك يېيىلغان ياڭاقلار ئارقىسىغا ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى شەرق ئاسمىنىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى. چېچىلغان نۇرلاردىن رەڭ ئالغان ئاپئاق پارچە بۇلۇتلار بىنەپشەرەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى. ھېكمەت تار، توپىلاڭ يوللاردىن ھالالباغ سۇ ئامبىرىغا قاراپ ماڭدى. ھويلىلارنىڭ پاكار تاملىرىدىن چىكىلگەن ئۈزۈملەرنىڭ كاللەك ساپلىرى مەرۋايىتتەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۆگزىلەرگە يامىشىپ كەتكەن پېلەكلەر ئارىسىدا، كۆك ھەم قىزغۇچ تونۇر كاۋىلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى.

ھېكمەت سۇ ئامبىرىغا كېلىش بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئالدى. يېيىلىپ تۇرغان سۇ، قومۇشلارنىڭ پۆپۈكلىرى، يېكەنلەرنىڭ قوڭۇر تۇزغاقلىرى شەپەق نۇرىدا قىزغۇچ

تۇسكە كىرگەندى. يېكەن توخۇلىرىنىڭ چاڭ - چاڭ سايراشلىرى بېسقىپ قالغان بولسىمۇ، ياۋا ئۆردەكلەر يەنىلا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ياكى ئوزۇق ئىزدەپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار يىراقتىن خۇددى سۇنىڭ كۆپۈكلىرىدەك كۆرۈنەتتى. . . سۇ ئامبىرىدىن كۆتۈرۈلگەن نەم ھەم ئىللىق ھاۋا تەنلەرنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى شېرىن خاتىرىلەرنى ئەسكە سالاتتى. . .

ھېكمەت ئايغىنى سېلىپ پايپىقىنى يۇيدى، ئۇنى چىملىق ئۇستىگە يېيىپ قويغاندىن كېيىن، پۇشقاقلىرىنى تۈرۈۋېتىپ، يالاڭ ئاياغ قىرغاق ياقىلىدى، تىزىغىچە سۇ كېچىپ يۈزلىرىنى يۇيدى. ئۇ بىر كىمنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، كەينى تەرەپكە قارىدى. يىراقتىكى پەس ئېدىرلىقنىڭ چىغىر يولىدىن سائادەت يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ھېكمەت مۇئەللىم! . . .

سائادەت نېپىز رومىلىنى سىقىمدىغان ھالدا ھاسىراپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۇملاق، بۇغداي ئۆڭ يۈزى تەرلەپ كەتكەندى. پېشانە، قۇلاق تۈۋىلىرىدىكى چاچلىرى يۆگىشىپ تۇراتتى.

— سىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭىزنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن، — دېدى سائادەت نەپەسىنى توختىتالماي، — گۇمان قىلغىنىمدەك مەشەدىكەنسىز. . .

— بىر ئىش بىلەن ئىزدىگەنمىدىڭىز؟

— ياق، ھەئە. . . — سائادەت قىزاردى، — ياردەملىشىدىغان ئىشلار بارمىكىن دەپ. . .

— قىلىدىغان ئىشلار جىق، — دېدى ھېكمەت قىزغا سۇ چېچىپ، — ئالتە جازىغا شەكىل ئېلىپ قويدۇم، شۇلارنى سىزىشىپ بەرسىڭىز قانداق؟ . . .

— ئۇنى مەن سىزالمايمەن، — سائادەت كىچىك بالىدەك تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى، — «ئاۋۇنى ئېلىڭ، بۇنى قويۇڭ، قەلەم ئۇچلاڭ، موبىنى يۇيۇڭ» دېگەندەك ئىشلار بولسا قىلالايمەن. . .

— ياردەم قىلىدىغان نىيىتىڭىز بولسىلا، قىلىدىغان ئىش كۆپ، — ھېكمەت سۇلارنى شالاپلىتىپ قىرغاققا چىقتى.

— مۇئەللىم! — سائادت چەكچەيگىنىچە ۋارقىرىۋەتتى، — پاچىقىڭىزغا سۈلۈك چاپلىشىپ قاپتۇ! قاراڭ ئەنە. . .

— ۋاي خۇدايىم، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ — ھېكمەت ئۇنى قولىدا تۇتۇشتىن ئەيمىنىپ، پۇتىنى بىرنەچچە قېتىم قاتتىق سىلكىدى، — سائادەت، بۇ كاساپەت چۈشمەيدىغۇ؟

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن سائادەت يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، بىر قولىدا ھېكمەتنىڭ پاچىقىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا سۈلۈكنى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلىدى. سۈلۈكنىڭ شورىغان يېرىدە قىپقىزىل قان ئۇيۇپ كەتكەنىدى. سائادەت ئۇ يەرنى ئالقىنىدا ئاستا ئۇۋۇلىدى. . .

ئۇلار ئىككىسى بىردەم چېقىشقاندىن كېيىن، قىرغاق ياقىلاپ يۇقىرىغا مېڭىشتى. ھېكمەت سۇ ئامبىرىغا قارىتىپ تاش ئاتتى. سائادەت ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى. قومۇشلۇق، يېكەنلىكلەردىن ھۈركۈپ پالاقلىغان، چاڭىلداپ سايرىغان يېكەن توخۇلىرىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. قانات قېقىپ ئۇچۇپ چىققان ياۋا ئۆردەكلەر غارتىلدىغىنىچە، سۇ ئامبىرى ئۈستىنى بىر ئايلاندى، ئاندىن يىراقلاردىكى توپ ـ توپ قومۇشلۇقلارغا شۇڭغىدى. ئۇلار ۋارقىرىغاچ، تاش ئاتقاچ، قىرغاق بويلاپ خېلىلا ئۇزاپ كېتىشتى. بىراق، ھاۋا بىردىنلا بۇزۇلۇپ، شامال چىققىلى تۇردى. كۈن پېتىش تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ ئاسمان يۈزىنى قاپلاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ قاتتىق بوراننىڭ شەپىسى ئىدى.

— مۇئەللىم، تېز قايتايلى، بوراندا قالىمىز، — دېدى سائادەت رومىلىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، — قاراڭ، بوغۇناق بارغانسېرى يېقىنلاۋاتىدۇ.

ئۇلار كەينىگە ياندى. ھېكمەت پايپىقى قۇرۇمىغان بولسىمۇ ئۇنى نەمخۇشلا كىيىۋالدى. بوران يېتىپ كەلدى. ئېگىز قومۇشلار گويا مۆكۈشمەك ئويناۋاتقاندەك پەسكە ئېگىلىشكە باشلىدى. يېكەنلەر سۇ يۈزىگە چاپلىشىپ قالدى. ياۋا ئۆردەك، يېكەن توخۇلىرىنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ، ئۇۋىلىرىغا كىرىپ جىمىغانىدى. كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىقلاردىكى بىر كۆرۈنۈپ ـ بىر كۆرۈنمەي قالىدىغان چىغىر يولدىن بالا كۆتۈرگەن بىر ئايال مۆدۈرۈپ ـ تۈگۈلۈپ ئاران كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن جالالباغدىن ئوتتۇرىلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ بالىسىنى بوراندىن قاچۇرۇپ، باغرىغا باسقىنىچە، ھېكمەتلەرگە يېقىنلاپ كەلدى.

— ۋاي بىچارە، — دېدى سائادەت ھېكمەتنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، — كەنت ئىچى بىلەن ماڭسىچۇ. . .

— مەھبۇبە! . . . — ھېكمەت چۆچۈپ قارىدى.

— نېمە، ئايالىڭىزما؟ — سائادەت ھېكمەتنىڭ بىلىكىدىكى قولىنى دەرھال چۇ-شۇردى.

— بۇ بوراندا نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز؟ — ھېكمەت يۈگۈرۈپ باردى - دە، بالىنى قولىغا ئالدى.

مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ قوپال گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئالدىدىكى قىزغا ئالىيىپ قارىدى. سائادەت دىمىققاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا سوسلا ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئۇ بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا قالدى. يەنە كېلىپ، سۇ ئامبىرىدا ھېكمەت ئىككىسىنىڭ بىللە ئويىنغانلىقىنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرسۇن؟ ئۇلار كەتتىكە كىرگىچە، بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمىدى. ئاچا يولغا كەلگەندە، سائادەت: «مەن قايتاي مۇئەللىم. . . » دېدى - دە، ياندا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

ئۇلار ياتاققا كىرىپ كېلىشتى. ھېكمەت قىزنىڭ يۈزىنى يۆگەپ قويغان ھاۋارەڭ ھېلىلە ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى چوڭ كاتقا ياتقۇزۇپ، سۆيۈپ ئەركىلەتتى. مەھبۇبە تەتۈر قارىغىنچە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ مىچىلداپ يىغلاۋاتاتتى. ھېكمەتنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بىراق، مەھبۇبەنىڭ گۇلرۇزغا دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىشى بىلەن، يەنە جەھلى قاتتى.

— نېمىگە يىغلايسىز؟ — ۋارقىرىدى ھېكمەت، — يىغلاشقا توغرا كەلسە، مەن يىغلىسام بولىدۇ. . . دوستىڭىز گۇلرۇز ئۆلۈپ، ئەزىمەتتىن ھېچقانداق ئۇمىد قالمى-دى. . . ئەمدى «ئۆگەي ئانا» بولمايدىغان بولدىڭىز، مۇرادىڭىزغا يەتكەنسىز؟ . . .

— ھالالىباغقا كېلە - كەلمەي بىر قىز تېپىۋېلىپ، — مەھبۇبە ئېسەدەپ كەتتى، — يەنە ۋارقىراۋاتقىنىنى. . .

— كۈندەشلىك قىلىۋاتامسىز؟ — ھېكمەت ئاچچىق كۈلدى، — ئۇنداق ئادەم پاك، سەممىي بولۇشى كېرەك. . . ئېرىگە قارا كۆڭۈللۈك قىلغان ئايالغا ھەق. . .

— ئۇنداقتا راستىكەندە! — مەھبۇبە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلىدى، — ئاشۇ قىزنى ئالامسىز؟ . . . ياق بولمايدۇ. . . مەن ئاجراشمايمەن! . . .

— ئۇقۇپ قويۇڭ، مەن سىزدىن ئاجرىشىپ، ئاشۇ قىزنى ئالىمەن. . . ئالىمەن دېدىم، ئالىمەن. . . ئەگەر گۇلرۇزغا دېگەن گەپلىرىڭىزنى دېسەم، خەلقئالەم سىزنى تۈكۈرۈكىدە كۆمۈۋېتىدۇ. شۇ چاغدا، ئاجراشمىغىنىڭىزنى كۆرەي. . .

ھېكمەت ئوغلى ئەزىمەتنىڭ دەردىنى مەھبۇبەدىن ئېلىۋاتاتتى. گەرچە ئۇنىڭ سائادەتنى ئېلىش نىيىتى بولمىسىمۇ، ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئىككى يىل سىر يوشۇرغىنىنى كۆڭلىدىن زادىلا چىقىرالمايتتى. ئۇ يىغا ئاۋازىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن نومۇس قىلىپ، ھەدەپ ئىشىك تەرەپكە قارايتتى.

— ئاۋازىڭىزنى ئۆچۈرۈڭ! خەق ئاڭلىسا سەت...

— ئەمىسە، ئاجراشمايمەن...

ھېكمەت ئىككى دانە شامنى ياندۇرۇپ ئۈيۈققا قويدى ۋە ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. مەھبۇبە چايداندىن چەينەككە قايناق سۇ قۇيۇپ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن قارا چاينى سالدى. ئاندىن داستىخاننى ئېچىپ، لېگەننى ئالدى. ئۇ گۆش بېسىپ پولۇ قىلىپ كەلگەنىدى...

— ھېكمەت تاماق يەڭا!... — مەھبۇبە ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى، — مەندە گۇناھ بولغىنى بىلەن، تاماقتا گۇناھ يوق...

— يېمەيمەن... — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى،— يەنە «پولۇرۇمنى يەۋېلىپ ئاجراشماقچى بولدى» دەپ ھۆداقلىق قىلىپ تۇرۇۋالىسىز...

مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ ئارقىسىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇ سېغىنغان ئېرىنىڭ دۈمبىسىگە يۈزىنى يېقىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— سىز مېنىڭ يۈرىكىم...، سىزنىڭسىز مەن ياشىيالمايمەن...

ئىشىك ئېچىلىپ، ئاشپەز موماي كىرىپ كەلدى. ئۇ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى بىلەن شورپا ئېلىپ كىرگەنىدى. مەھبۇبە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى. كارىۋاتتىكى بالىنى كۆرگەن موماي ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى بولغاي: «ھارمىغايلا بالام!...» دەپ قويدى. ئاندىن:

— كەچتىن بېرى ئىككى قېتىم كەلدىم،— ئۆزلىرى يوق... سائادەت قىزىمۇ سىلىنى ئىزدەپ تاپالمىدى،— دېدى.

موماي كورىنى ئۈستەلگە قويۇپ ماڭغانىدى، ھېكمەت ئۇنى توختىتىۋېلىپ، بىر ئاپقۇر پولۇنىڭ ئۈستىگە گۆش قوندۇرۇپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئايالىم شەھەردىن ئېلىپ كەپتۇ، تېتىپ باقسىلا...

— رەھمەت... رەھمەت، ھەشقاللا...

موماي چىقىپ كېتىشى بىلەن، مەھبۇبەنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ جىمىپ قالدى.

«سائادەت» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن، ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتكەندى.

— ھېكمەت، ئېيتىڭا، سائادەت دېگەن ھېلىقى قىز شۇمۇ؟ . . . ئۇ سىزنى نېمىشقا ئىزدەيدۇ؟ . . .

— نېمە؟ بولغۇسى ئايالى بولغۇسى ئېرىنى ئىزدىسە بولمامدىكەن؟ — دېدى ھېكمەت تاماق يەۋېتىپ، — مەن سىزگە دېدىمغۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن. . .

— يالغان! سىز مېنى ئالداۋاتىسىز. . . ئەگەر شۇنداق بولسا، مەندىن يوشۇراتتىڭىز. . . — مەھبۇبەنىڭ بىردىنلا خۇيى تۇتتى، — جۇۋاينىمەك ئۆلگۈر. . . بايا تېخى خەقنىڭ ئېرىنىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. . . ئەتىلا رەسۋا قىلمىسام. . .

— نېمىشقا ئەمدى؟ — ھېكمەت ئالايدى.

— خەقنىڭ ئېرىنى قولتۇقلاپ گەشمۇ گەش يۈرگەندىن كېيىن، باشقىلارمۇ «خوپ بوپتۇ» دەيدۇ. . . كىم بىلىدۇ، قومۇشلۇق، يېكەنلىكلەردە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟ . . .

— ئاشۇ قارا پاتقاق سۇغا چىلىشىپ؟ — ھېكمەتنىڭ سۆزىدىن مەھبۇبە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى، — سىز ئەمەس ئۇ تونۇشماي تۇرۇپ قوشكۆلگە ئىزدەپ بارىدىغان! . . .

— بارىمەن تازا. . . چىداڭ. . . بېرىپ يامان قىپتىمەنمۇ؟ سامبۇسامنى راسا يېگەنسىز؟

— لاۋزا سامبۇسىڭىزنى؟ . . .

— ئۆز ۋاقتىدا تېتىدى دەپ يەپ بولۇپ، ئەمدى لاۋزا دەۋاتقىنىنى! — مەھبۇبە تۇيۇقسىزلا ئۆزىنى ئېتىپ ھېكمەتنى ئاستىغا بېسىۋالدى، — ھە، دەڭا قېنى، لاۋزىمىكەن، تاتلىقمىكەن؟ . . .

ھېكمەتنى ئەركىلەتكەندەك، مەھبۇبە ئۇنىڭ مەيدىسىگە بوش شاپىلاقلىغىلى تۇردى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىشلىۋالدى. ئۇرۇشۇشنى قاملاشتۇرالمىغان بۇ ئەر - خوتۇننىڭ جىدەللىرىگە ئامراقلىق، ھەزىل، قىيداش، ئاچچىق ئارىلىشىپ كەتكەندى. ھېكمەت: «ئارىدىن ئاشۇ گەپ - سۆزلەر ئۆتۈلمىگەن بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. . . مانا ئەمدى كۆڭۈلگە داغ چۈشتى» دەپ ئويلايتتى. . .

— ھېكمەت، راست گەپنى قىلىڭا؟ — ھېكمەتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان مەھبۇبە يۈزىنى يېقىن ئېلىپ كەلدى، — ئاشۇ سائادەت دېگەن قىز بىلەن. . .

— ئا... سارالڭ بولماڭا! — ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، — سىزنى يولغا سالالمايۋاتسام... ئۇنداق ئىشنى ماڭا نېمە قويۇپتۇ؟...

— يولغا سالمىسىڭىز ئېخى... ئۇخلاپ چۈشىڭىز... ئۈستۈمگە توقاللىققا ئېلىپ بېرەمسىز - يا؟...

مەھبۇبە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئەمما يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئەنسىزلىكتىن ئېچىشىپ كەتتى.

ئۇلار بالىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يېتىپ قېلىشتى. سىرتتا بوران شىددەت بىلەن چىقماقتا ئىدى. تۆگىلۆككە ئەينەك ئورنىدا يېپىلغان سۇلياۋ گۈپۈلدەيتتى. بوران ئۆگزىلەردىكى تۇرمەللەنگەن بورا، قومۇشلارنى ئۇچۇرۇپ ھويلىغا تاشلايتتى. ئېملەردۇر تاراقلاپ ئۆرۈلۈپ، دەرەخ شاخلىرى قاراسلاپ سۇناتتى. قورقۇپ ھوركۈپ كەتكەن ئۇلاغلار ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كەپلىشىۋالغانىدى. لاپاس ئۈستىگە چىقىۋالغان قورالىلىقلار دۈۋىلەنگەن قومۇش، پىچانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ شۇمشەرىشىپ ياتاتتى. بوستان تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى خېلى بۇرۇنلا توختىغان بولسىمۇ، بۇ كېچە ناھايىتى ئەنسىزلىك بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.

تۇيۇقسىز، سىرتتا ئات تۇياقلىرىنىڭ گۈپۈرلىگەن ئاۋازى كەلدى ۋە دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى. قاراۋۇل ئىشىكنى ئېچىپ بولغۇچە: «ئاچ، تېز بول... ۋۇي لەنىتى!...» دېگەندەك تىللاشلار ئاڭلاندى. ھېكمەت ئوپۇل - توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپ شامنى ياندۇردى - دە، كىيىملىرىنى كىيدى. ئاڭغىچە بىر كىمنىڭ: «ھېكمەت مۇئەللىم بارمۇ؟ دەرھال ئويغات...» دېگەن تونۇش ئاۋازى كەلدى. ھېكمەت ھويلىغا چىققاندا، مۈرىلىرىگە چاپراس ۋۇجۇاڭدەي ئاسقان، بەل كەمىرىگە قوش تاپانچا قىستۇرغان مەخمۇت سىلىڭ ئىككى كاۋۇيى بىلەن ئاتلىرىنى تۇتۇشۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى بىسەرەمجان كۆرۈنەتتى.

— مۇئەللىم، رەسىم سىزىدىغان كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ، دەرھال تەييار بولسىلا، — مەخمۇت سىلىڭنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — مەكتەپكە بارىمىز...

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقمىسام، — دېدى ھېكمەت، — ھەممىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئېزىز ئىبراھىم قۇربان بولدى... شۇنىڭ چوڭ رەسىمىنى سىزىدىغان گەپ...

ھېكمەت ياتاققا كىرىپ كېتىشى، مەخمۇت سىلىڭ قاراۋۇلغا: «ماڭ، تۆمۈر تۇەنجاڭنىڭ قارىگەر جىۋىكىنى توقۇپ كەل!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئىشىك يوچۇقىدىن ھەممە گەپنى ئاڭلىغان مەھبۇبە ئەنسىرىگىنىدىن: «بارمىسىڭىزچۇ... غايىب ئوق دېگەن يامان...» دېۋىدى، ھېكمەت: «تولا بىلجىرلىماڭ! بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىشمۇ؟» دېدى ـ دە، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە: «ئەتە ئەتىگەندە قايتىپ كېتىڭ! مەن قاراۋۇلغا دەپ قويىمەن...» دەپلا چىقىپ كەتتى.

ئاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈۋاتقان ئاچچىق قامچىلار زەربىسىدىن قۇيۇندەك چاپماقتا ئىدى. ئۇلار بىردەمدىلا ھالالباغ يارلىقىغا يېتىپ كېلىشتى. مەخمۇت سىلىڭنىڭ كېچىلەپ ھالالباغقا ئۆزى كېلىشى، بىئارام بولۇشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. مەخمۇت بىلەن «ئىسيانكار دېھقانلار سىلىڭبۇسى»نىڭ سىياسىي كومىسسارى تۇرسۇن ۋە ئېزىز ئىبراھىملار كىچىكىدىن تارتىپ بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداش ۋە قەدىناس دوستلاردىن ھېسابلىناتتى. ھېكمەت ئۇلارغا ئۈچ يىل ئەدەبىيات دەرسى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان ئېزىز ئىبراھىم بۈگۈن بەشتاش تۈگمەن ئۈستىدە بولغان ئۇرۇشتا قۇربان بولغانىدى.

ئۇلار مەكتەپكە يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ سىنىپقا كىرىشتى. ئېزىز ئىبراھىم كارىۋات ئۈستىدە ئىككى ياستۇققا يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرغاندەك ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىغا ئورالغان داكا بېشى ئۈستىدە ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتە سەللىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەسلىدە، ئېزىز ئىبراھىم ئېگىز دۆڭدىكى جىگدىنىڭ ئاچىمىقىغا قورالىنى ئورنىتىۋېلىپ ئۆرە تۇرۇپ ئاتقانىدى. ئۇنى ماراپ كەلگەن ئادەم چوڭقۇر زەيدان ئىچىدىن ئېتىۋەتكەچكە، ئوق ئېڭەك ئاستىدىن كىرىپ ئۈستى مېڭىنى چۇۋۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىرايى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، باشقىلا بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— مەخمۇت، — دېدى ھېكمەت، — ھازىر مۇشۇ چىراي ئېزىز ئىبراھىمغا ئوخشامدۇ؟ باشقا چۈشكەن رەسىملىرى يوقمىكەن؟...

— ئوخشىمايدۇ مۇئەللىم... باشقا رەسىملىرىنىمۇ تاپالمىدۇق، — گەپ خوشياقمايۋاتقان مەخمۇت گەپنى ئۈزۈۋەتتى، — مۇشۇنىڭغا قاراپ سىزسىلا... ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولغاندىن كېيىن، چىرايى ئەسلىرىدە بار...

— كۆز، قاش، قۇلاقلىرىدىكى داكىنى بىر ئاز سۈرۈشكە بولماسمۇ؟

— بولمايدۇ مۇئەللىم، ئۇنىڭ بېشى پۈتۈنلەي يوق! . . . داكا، پاختىلارنى پۈرلاپ تىقىپ، شۈنچىلىق قىلىپ قويدۇق. . .

ھېكمەت رەسىم سىزىش تاختىسىنى بويىنىغا ئېسىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

ئېزىز ئىبراھىم ئېگىز، تەمبەل، سەل ئېڭىشىۋرەك ماڭىدىغان، ئاق يۈزلۈك، قاملاشقان بالا ئىدى. ئۇ كەچ تەرەپلەردە ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا قورالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلەتتى ۋە سىزىلغان چوڭ رەسىملەرگە ئۇزۇن قاراپ كېتىپ: «پاھ، پاھ، ئاجايىپ ھۈنەرلىرى باردە مۇئەللىم! . . . » دەيتتى. بىر كۈنى ئۇ ھېكمەتكە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ: « مۇئەللىم، ئەگەر مەن ئۆلسەم، ماتەم مۇراسىمىمغا رەسىمىمنى سىزىپ بېرەلا. . . » دېگەنىدى. ھېكمەت ئۇنىڭغا: «ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە. . . ئەلەم كۆرىشىگە قاتناشمىساڭ بولمامدۇ؟ » دېگەندە، ئۇ خىيال بىلەن: «ئەڭ بولمىسا، قورال ئېتىشنى ئۆگىنىۋالسامۇ ھېساب. . . » دەپ، مۇراتتەكلا گەپ قىلغانىدى. . .

ھېكمەت شۇ چاغدىكى چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئېزىز ئىبراھىمنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلىدى، ئۇ سىزىپ پۈتتۈرگەندە تاڭ ئاتقانىدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، پۈتۈن قورالىقلار، مىنبىڭلار، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ كۆلۈبىغا توپلاندى. ئېزىز ئىبراھىمنىڭ رامكىغا ئېلىنغان سۈرىتى ئەتراپىغا ھەرخىل گۈللەر قادالدى. «ئىنقىلابىي قۇربان ئېزىز ئىبراھىمغا شان ـ شەرەپلەر بولسۇن» ، «ماۋجۇشى ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى جان تىكىپ قوغدىغان قەھرىمانلار مەڭگۈ ھايات! » دېگەن شوئار، لوزۇنكىلار چاپلاندى. سەھنىنىڭ ئالدىغا ئېسىلغان پلاكاتقا: «ماۋجۇشىنى قوغداشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئېزىز ئىبراھىمغا تەزىيە بىلدۈرۈش چوڭ يىغىنى» دەپ يېزىلغانىدى.

توپ ئىچىدىن سىغدىلىپ كەلگەن كامىل ھېكمەتكە باش لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئاستا پىچىرلاپ: — قاچان كەلدىڭ؟— دەپ سورىدى. ھېكمەت نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى شىۋىرلاپ سۆزلەپ بەردى.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! — دېدى كامىل بېشىنى چايقاپ، — ئېزىز ئىبراھىمنى ئاخشام ئەكەلگەندە كۆرگەن بولساڭ كاشكى. . . يۈزى بىلەن بەدىنى قان ۋە مېڭە قېتىقلىرى بىلەن بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. . .

— مەنمۇ رەسىمىنى سىزغىچە بەكلا بىئارام بولۇپ كەتتىم. . . ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئۆلۈكنىڭ رەسىمىنى سىزىشىم. . .

— قاننى توختىتالماي، پۈتۈن بىر يوتقاننىڭ مېزى كەتتى، قان پاختىنى كۆيدۈ-
رۈپ باسقانسېرى چىقىدۇ. ئادەم قېنىنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ بولىدىغانلىقىغا ئەقلىم ھەيران
قالدى. . .

— بۇ يەردە باشقا ئىش بولمىغاندىن كېيىن، شەھەرگە كىرىپ كەت، — دېدى
ھېكمەت دوستىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، — ھازىر ئىككى تەرەپ ئۇچۇن ئادەم ئۆلتۈ-
رۈش ئويۇنغا ئايلىنىپ قالدى.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى كامىل بېشىنى لىڭشىتىپ، — سەن
ھالالباغقا قاچان كېتىسەن؟ . . .

— قەبرىستانلىقتا ئۇلار بىلەن بىللە بارمىسام، بايرىقىم روشەن بول-
ماي قالار. . . — ھېكمەت كامىلغا قارىدى، — شۇڭا، جامائەت تارقىغاندا كېتى-
مەن. . . ياكى مەن بىلەن بىللە كېتەمسەن؟

— يىغىشتۇرىدىغان نەرسىلىرىم بار، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئامۇتلۇققا بارىمەن.

— نەفسە قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ . . .

— ياخشى، ئۇ ھازىر ئوقۇغۇچىلىرىنى تەتىلگە قويۇپ بەردى، — كامىل ھېكمەتكە
ئېگىشتى، — قەبرىستانلىقتىن قايتقاندىن كېيىن ساڭا دەيدىغان گەپ بار.

ئۇلار پىچىرلىشىپ گەپلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭچە مىنبەرگە ۋاڭ لىمىڭ بىلەن تۇراپ
ئىمىننى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېلىشتى. ھازىر گوڭشې بويىچە بارلىق ئىشلەپچىقىرىش
ئەترەتلىرىنىڭ ھوقۇقى ئىسيانكارلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، بۇ ئىككى رەھبەر كۈنلىرىنى
كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان جىنايىتىدىن مەسىلە تاپشۇرۇش ۋە ئەمگەك قىلىش بىلەن
ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ھەرھالدا ئۇلار خالىق ئۆزلىرىنى تارتىپ چىقارغان چاغلاردىكىدىن
خېلىلا ئازادە ئىدى.

ۋاڭ لىمىڭ بىلەن تۇراپ ئىمىننى سەھنە ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، «كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن ئۆزۈل - كېسىل ھېساب ئالايلى!» ، «ئىت كاللىسىنى
يەنجىپ تاشلايلى! . . . » دېگەندەك شوئارلار خېلى ئۇزاققىچە توۋلاندى. تەزىيە يىغىنىنى
مەخمۇت سىلىڭ باشقۇردى. سۆزلىگۈچىلەر ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ، ئېزىز
ئىبراھىمنىڭ «دۈشمەن» لەر بىلەن بولغان جەڭلەردە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، قەھرى-
مانلىقلىرى، ئىنقىلابىي لۇشيەننى قوغداشتا بايرىقىنىڭ روشەن، مەيدانىنىڭ مۇستەھ-
كەم بولغانلىقى، ئۇچ قىزىل بايراقتا سادىق ھالدا جاسارەت كۆرسەتكەنلىكىنى يۇقىرى

بالداقتا كۆتۈرۈپ ماختاشتى. سۆزلىگۈچىلەر پات ـ پاتلا توختاپ قالاتتى. چۈنكى نۇتۇقنىڭ راسا ئىنتوناتسىيىلىك يەرلىرىگە كەلگەندە، شوئار.ئاۋازلىرى كۈلۈبنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ياڭرايتتى.

جىنازا مازارلىققا ئېلىپ كېلىندى. ئېزىز ئىبراھىم يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندا، سىياسىي كومىسسار تۇرسۇن كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ۋاڭ لىمىڭ بىلەن تۇراپ ئىمىننىڭ قورساق ۋە يۈزلىرىگە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئېزىز ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈشىنى ئەلۋەتتە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ جىنايىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.

كامىل بىلەن ھېكمەت مازارلىقتىن يۈرىكى ئېزىلگەن ھالدا قايتىشتى. ئېزىز ئىبراھىمنىڭ دادىسى چار ساقاللىق ئىبراھىم ئاكا ۋە بىچارە ئانىسى قەبرە ئۈستىدە يېتىۋېلىپ: «بىر تاللا ئوغلۇم. . .»، «يالغۇز جىگىرىم. . .»، «يىگانە بالام. . .» دەپ قوپقىلى زادىلا ئۇنىمىدى. ئانىسى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇلارنى بىرمۇنچە مىنبىڭ ۋە قوراللىقلار كۆتە ـ كۆتە قىلىشىپ ئېلىپ كېتىشتى. بۇ ئېقىۋاتقان قانلارنىڭ زادى ئاياغ ـ ئۇچى بولامدۇ؟ . . . كىم دۈشمەن، كىم دوست؟ . . . قايسىسى تاجاۋۇزچى قوشۇن، قايسىسى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغۇچى؟ . . . كىمنى قوغداپ، كىمنى يوقاتماقچى؟ . . . كىملەرنىدۇر قوغداش ـ قوغدىماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئۈچۈن شۇنچە قانلارنى تۆكۈشكە ئەرزىمدۇ؟ . . . بۇنىڭ تارىختا سورىقى بولماسمۇ؟ . . . جېنىنى سېلىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ ئون سەككىز ياشتىن ئوتتۇز ياشقىچە بولغان يىگىتلەرنىڭ، بىھۇدە ئوق تېگىپ ئۆلۈۋاتقان نارەسىدىلەر ۋە مۆمىن خەلقنىڭ ئەزەلدىن بىر ـ بىرىگە ئۆچ ـ ئاداۋىتى بولسا كاشكى. . . ھەتتا بىر ـ بىرىنى تونۇمايدۇ. . . مانا ئەمدى مەتمۇسا خېتىدە يازغىنىدەك، ئۇلار تالاشتۇرۇش مەيدانىدىكى ئىتلارغا ئايلانغانىدى. . . ئىتاچىلار ئۇلارنى تالاشتۇرۇپ تاماشا كۆرۈشىدۇ. . . قانچە بوغۇشۇپ، قانغا چىلىشىپ قالسا، شۇنچە خوش بولۇشىدۇ. «ئەلەم كۆرۈشى قىلماسلىق، قەلەم كۆرۈشى قىلىش» دېگەن يوليورۇق ئېلان قىلىنغاندا «ئاسماندىكى قارا تۈتەك تارقاپ، تىنچ — ئاسايىشلىق كۈنلەرگە ئېرىشىدىغان بولدۇق. . .» دېگەن ئۈمىد پەيدا بولغانىدى. جياڭ چىڭنىڭ: «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىڭلار! . . .» دەيدىغان يوليورۇقى چىقىشى بىلەنلا، ھەر ئىككى تەرەپ باشقىدىنلا يەڭلىرىنى تۈرۈپ، مەيدانغا چۈشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ يوليورۇق ئۇلار ئۈچۈن جەڭ سىگنالى

بولدى. «ئەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىش، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش» — ئۇرۇش مىزانىغا ئايلاندى. مۇرات، زۇمرەتلەر بۇ مىزاننىڭ قۇربانلىرى بولدى. نەبى ئاچىسى گۈلرۇزنى ئېتىۋەتتى. خالىق دوستى كېرىموفنى ئوققا يەم قىلىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. . . ھەر ئىككىلا تەرەپباز تەشكىلات رەھبەرلەرنى قارا ـ قويۇق تارتىپ چىقىراتتى. ناھىيىلىك كومىتېتلارغا كىرىپ ئوت قوياتتى. ناھىيە شۆجىلىرىنىڭ پۇتلىرىنى چاقاتتى. . . يېقىندىلا، مەتتۇردى پاناق ئىككۆچىلىك كارخانىسى ئالدىدا كېتىۋاتقان خەنزۇ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىدىن بولغان تۆت كىشىنى پەقەت كۆزقارىشى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنلا پىلىموتقا تۇتۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى. . . بۇ «كۆزقاراش» ئائىلىگىمۇ سىڭىپ كىرىپ، ئانا ـ بالىلار ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدىغان، بالا ئاتىغا باقمايدىغان، ئەر خوتۇنغا رەھىم قىلمايدىغان، دوست ـ بۇرادەرلەر بىر ـ بىرىگە يول قويمايدىغان كەيپىيات مەيدانغا كەلدى. خوتۇنى چۆمۈچنى قازان قىرىغا بەش قېتىمدىن ئۇرۇپ قورۇما قورۇدىمۇ، ئېرى سەكرەپ قوپۇپ: «سەن نېمە ئۈچۈن ‹داداۋ ۋاڭ ئېنىماۋ!› دەيسەن» دەيتتى ـ دە، چۆمۈچ بىلەن خوتۇنىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، ئۆزى ئۇنى تۆت قېتىمدىن ئۇرۇپ قورۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنى: «‹داداۋ ۋۇ گۇاڭ›، دەپ مېنىڭ كۆزقارىشىمنى ھاقارەتلەۋاتىسەنغۇ؟» دەپ، ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلاتتى. مۇشۇنداق ئەخمىقانىلىق تۈپەيلى، ئاجرىشىپ كەتكەنلەرمۇ كۆپ ئىدى. ھەتتا ماشىنىلارمۇ كۆزقاراش بويىچە يۇقىرىقىدەك رىتىملاردا سىگنال بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. . .

كامىل بىلەن ھېكمەت كالىلىسىدىن ئۆتمەيدىغان بۇ ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشقاچ، ياتىقىغا يېتىپ كەلدى. ئىككىسى بىر تالدىن پاپىروس چېكىشتى. ئەسلىدە، كامىل دوستلىرىنى دوراپ ئاغزىغا ئانچە ـ مۇنچە تاماكا ئالمىسا، ئادەتتە چەكمەيتتى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى.

— ھېكمەت، مەھبۇبەدىن سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكى راست، لېكىن بۇ، — كامىل تاماكىدىن قېقىلىپ كەتتى، — ئۇنىڭ سېنى چەكسىز ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولغان. . . ئۆتكەندە، ئۆيگە بارسام، كۆزلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ، ئاچامغا يىغلاپ ھال تۆكۈۋېتىپتۇ. . . گېپىنىڭ ئورانىغا قارىسام، قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. . .

— ئەمدى پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى نېمە؟ . . . — ھېكمەت تاماكىسىنى قاتتىق

شورىدى، — ئۇ «ئۆگەي بالىغا ئانا بولماسلىق» مەقسىتىگە يەتتى.

— ھەي، سىېنىڭ كاللاڭ ھەممىمىزنىڭكىدىن ئۆتكۈر ئىدى، ھازىر نېمە بولدى؟ — كامىل تاماكىسىنى ئاچچىقى بىلەن تەخسىگە باستى، — سەن گۈلرۇزنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، قاچانغىچە تەتۈرلۈك قىلىسەن؟... ئويلاپ باققىن، ئەگەر مەھبۇبە شۇنداق گەپلەرنى قىلغان تەقدىردە، نەبىگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتامدۇ؟ ئۇ چاغدا گۈلرۇز ھايات تۇرسا... ئۆزىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ بولسىمۇ، ئۇ دېمىگەن بولار ئىدى. مۇشۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭـمۇ؟...

كامىلنىڭ سۆزلىرى ھېكمەتنى قايىل قىلدى. مەھبۇبەنىڭ: «ئىزىغا چۈشىمەن، ھەرقانداق چارە ـ ئاماللار بىلەن قولغا كەلتۈرىمەن»، «ئۆگەي بالىغا ئانا بولغۇم يوق» دېگەن سۆزلەرنى قىلمىغانلىقىغا ئىشەندى. لېكىن گۈلرۇزنىڭ: «بىر كىمگە تىنساڭ، جېنىڭنى ئالىمەن!» دەپ، ئۇنى قورقۇتقانلىقى ئۇنىڭ ئەزىمەتنىڭ ئىشىنى ئېيتقاسلىقىغا ئاساس بولالمايتتى. ئۇ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىسا، بىرەر ھىممەتلىك ئىش قىلىپ كۆڭلىنى ئوۋلىمىسا، ھەسرەت ـ ئەلەملىرىنى بىللە تارتىـشىپ، خەيرخاھلىق قىلمىسا، ئۇنى قانداقمۇ سەممىي ئايال، ۋاپادار ھەمراھ دېگىلى بولسۇن؟

— ئېيتقانلىرىڭ تامامەن توغرا! — دېدى كامىل ھېكمەتنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ، — مانا بۇ قارىغۇلارچە ياخشى كۆرۈشنىڭ ئاقىۋىتى... ئۇ: «دېسەملا يېنىمدىن كېتىپ قالىدۇ...»، «قالايمىقانچىلىقتا بالا ئىزدەيمەن دەپ خىيىم ـ خەتەرگە يولۇقىدۇ...»، «ئايرىلىپ قالىمەن...» دەپ ئويلىغانۇ، ئەڭ مۇھىم بىر تەرەپ بولغان سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئۇنتۇپ قالغان...

— ئۆزۈمگە ئۆزۈم قانچە ـ قانچە ھاي بەرسەممۇ، ئۇنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىقىنى كەچۈرگۈم كەلمەيدۇ... ئەگەر قىزىم بولمىسا...

— ساراڭلىق قىلما! ئۇ ۋاپاسىزلىق ئەمەس، سەممىي ۋە ئەسەبىي مۇھەببەت سەۋدايىلىقى... ئويلاپ باققىن، ئون بەش ـ ئون ئالتە يېشىدىن تارتىپ بىرسىنى غايىۋانە ياخشى كۆرۈپ، سايىسىنى قوغلىماق ئاسانمۇ؟... مېنىڭچە، سەنمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىڭ... لېكىن خۇپسەنلىك قىلىسەن... قارا، سېنىڭ ھىجىيىۋاتقىنىڭنى!...

— سەن مېنىڭلا غېمىمنى يېمەي، ئۆزۈڭنىمۇ ئويلىساڭ بولاتتى، — دېدى ھېكمەت كامىلنىڭ كۆزىگە قاراپ، — سەنىڭغۇ ئەر كىشى، ھېچ گەپ يوق، بىراق نەفسەگە تەس جۇمۇ!... خەقنىڭ گەپ - سۆزى يامان...

— مېنى ئويلىمايدۇ دەمسەن؟... — كامىلنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، — بىر يىللىق رېجىمنى تۈگىتىپ، ئەمدى توي قىلايلى دېسەم، مەرەمخان ئانا تۈگىدى. نەفسە ئۇنىڭ قارىلىقىنى تۈگىتىپ تۇراتتى، ھاجىم بۇۋىمىز قازا قىلدى، بىز سۈرگۈندە بولدۇق. مانا ئەمدى خان ئانام ئالەمدىن ئۆتتى، تەقدىرىم زادى ئوڭغا تارتماي تۇرىۋاتىدۇ.

— مۇراتقا ئوق تەگكەن كېچىسى ئۇ ئۆيۈمگە نېمە ئۈچۈن كىرىپتىكەن، بىلەمسەن؟ — ھېكمەت پېشانىسىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى، — بۇنى ساڭا ئەمدى ئېيتمىسام بولمايدۇ... شۇ كېچىسى مۇرات سېنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك: «بۈگۈن كامىلنىڭ كېلىدىغان كۈنى ئىدى. نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ يوللاردا تۇتۇلۇپقۇ قالمىغاندۇر؟» دەپ، غېمىڭنى يەپ ئولتۇردى...

ھېكمەت مۇرات بىلەن شۇ كېچە بولغان سۆھبەتنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەرگەندە، كامىل ھەيرانلىقتىن خېلى ئۇزۇنغىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا، بۇ راست ئىكەن - دە! سەئىدە ئاچامنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەنىدىم.

— ھازىر خان ئانىمىزنىڭ قىرقى توشۇپ ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بەلكىم لەھەت ئىچىدە سېنىڭ تويۇڭغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغاندۇر!...

— چاقچىقىڭنى قوي...

— ئەمدى كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسامۇ دېمەي، تەييارلىقىڭنى قىل. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە تويۇڭنى قىلىۋېتىمىز... ئۆيىنى ھازىرچە بوستاندىن تۇتما، شەھەردىكى ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى بولىدۇ.

— سەنمىزە، مۇراتتەك ئالدىراقسان بولۇپ قاپسەن، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — بۇ ھەپتە توشۇشقا ئۈچ كۈن قالدى. مەن نەفسەگە ئېيتاي... ئۇمۇ تەييارلىقىنى قىلسۇن. سەئىدە ئاچام ئىككىمىز ئۆيلەرنى بىر قۇر ئاقارتىپ تازىلايلى. ئانچە - مۇنچە توي تەييارلىقىنى قىلايلى، ئۇنىڭغا كەم دېگەندە ئون كۈن كېتەر؟...

— ۋاي - ۋۇي، تولىمۇ مىس - مىس بولۇپ قاپسەن. بۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا نېمە

توي تەييارلىقىكەن؟ جاجىسى بىر قازان پولۇ، دوستلار بىلەنلا تۈگىتىمىز. . . ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى. . . ساڭا بەش كۈن ۋاقىت بېرىلدى. بۈگۈندىن باشلاپ تەييارلىقىڭنى قىل!

كامىل نېمىدۇر دېمەكچى ئىدى، ھېكمەت قولىنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە دوستى بىلەن خوشلىشىپ چىقتى. ئۇ مەكتەپ ئېغىلىدىن ئېتىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى كۆلدە سۇغارغاندىن كېيىن، ھالالباغقا يۈرۈپ كەتتى.

ھېكمەت كۈن قىيىلىش بىلەن دادۈي ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى. مەھبۇبە كەتمىگەنىدى. ئۇ رەسىم رامكىلىرىنى بىر بۇلۇڭغا تىزىپ، ياتاقنى پاكىزە تازىلاپ، قارا گىرىپ كۆڭلىكى بىلەنلا يۈرەتتى. يالىڭاچلاپ قويغان ئۇچقۇنئاي كارىۋاتتا ئوڭدا ياتقىنىچە گۈگراپ، بۇدرۇق قوللىرىدا پۇتىنى ئويناۋاتاتتى. ھېكمەتنى كۆرۈپ چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەن مەھبۇبە ئىتتىك كەلدى ـ دە، ئېرىنىڭ قولىدىن چاپىنىنى ئالدى.

— نېمىشقا كەتمىدىڭىز؟. . . — دېدى ھېكمەت تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ،— مەن سىزنى كېتىپ قالدىمىكىن دەپ . . .

— سۇ تەييارلاپ بېرەي، يۇزىڭىزنى يۇيۇڭ. . . مەن دۈمبىڭىزنى سۈرتۈپ قوييمەن. . .

مەھبۇبە چەبدەسلىك بىلەن بىردەمدىلا داسلارغا سۇ تەڭشەپ، سوپۇننى تەييارلىدى. ھېكمەت بېشىنى يۇيۇپ بولغان ھامان، لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ، بەدىنىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— ھاي، ھاي. . . غىدىقلىماڭ. . . — ۋارقىرىدى ھېكمەت،— قولتۇقىمنى ئۆزۈممۇ سۈرتەلەيمەن. . .

مەھبۇبە پىخىلداپ كۈلگىنىچە، قىلماڭ دېگەن ئىشنى زىيادە قىلىۋاتاتتى. ھېكمەت لۆڭگىنى تارتىۋالدى ـ دە: «قاملاشمىغان قىز بالىكەن بۇ! . . .» دەپ قويدى. مەھبۇبەمۇ: «قاملاشقان سائادىتىڭىز ماڭا يەتمەيدىكەن. . .» دەپ تۈمشۇقىنى دومسايتتى.

— مەھبۇبە، دادۈيدىن ھارۋا قاتتۇرۇپ بېرەي، سىزنى مال باقار ئاپىرىپ قويۇپ كەلسۇن، بولامدۇ؟. . .

— ۋاي جېنىم، ماۋۇ كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنىڭ كىر بولۇپ كەتكىنىنى! . . . سائادەت دېگەن چىرايلىقمۇ ئەسقاتماپتۇ. . .

— مەن سىزنى، بالىنى يوقلاپ تۇرىمەن...
— يوقلايمىش تېخى... — مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، — ئات بىلەن ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ قايتىپ كەتكەن ئادەم، خوتۇن - بالىسىنى يوقلامدۇ؟... شۇ چاغدىلا ماڭغانىدىم، ئانام يىغلاپ قويمىدى... ئۈچ كۈنگىچە دەرۋازا ئالدىنى سۈپۈرمەي، ئاتىنىڭ ئىزىغا قاراپ يۈردۈم...

مەھبۇبە كۆڭلەك، مايكا، قولياغلىقلارنى داسقا چىلىدى. ئۇ: «كەتمەيمانا... كەتمەيمەن...» دەپ ناخشا ئېيتقاچ، كىر يۇيماقتا ئىدى. ھېكمەت ئۇنىڭغا گەپ كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلدى - دە، قىزىنى ئەركىلەتكىلى تۇردى. كەچتە مەھبۇبە ھېكمەتنىڭ بوينىغا ئېسىلدى ۋە: «گۈلرۇزغا شۇنداق گەپلەرنى قىلغان بولسام، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلاي، نان دەسسەپ بېرەي... ئەمما ئەزىمەتنىڭ ئىشىنى سىزگە دېمىگەنلىكىمگە ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك پۇشايمانغا قالدىم... مېنىڭ بۇ خاتالىقىمنى كەچۈرسىڭىز!» دېدى. ھېكمەت ئۇنىڭغا ئۇزۇن قاراپ تۇرۇش بىلەن جاۋاب بەردى.

# جاسارەت

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ئىككى كۈندىن بېرى قورشاۋ ئىچىدە ئىدى. لېيەنزۇڭسى ئۆز قارمىقىدىكى بارلىق تەشكىلاتلارنى ئىشقا سېلىپ، بىر كېچىدىلا پۈتۈن بوستاننى بېسىۋالدى. ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئايغاقچىلار تەرىپىدىن بۇ ئۇرۇشنىڭ ۋەھىمىسى كەلگەچكە، بىر قىسىم قوراللىقلار، مىنبېگىلار ۋە بارلىق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىكتۇەننىڭ بىرنەچچە خەنزۇ قوراللىقلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، كېچىلەپ مېڭىپ، لايقا گۇڭشېسىنىڭ چېگرىسىغا بېرىپ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 752 - قىسمىدىن پاناھلىق تىلىدى. پاناھلىق تىلىگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى بوستان بويىچە ھەربىر دادۇيلەردە ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنقىلابچىلار ئىدى.

قىزىل رەڭلىك ئوقۇتۇش بىناسى خۇددى بورانلىق دېڭىزدا قالغان كىچىككىنە يەلكەندەك، تۆت تەرەپتىن مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوق ئىچىدە قالدى. قەلەي كارنايدىن خالىق، تۇردى ھېكىم يەنە قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ: «تەسلىم بولۇڭلار!»، «قورال تاپشۇرساڭلار، كەڭچىلىككە ئېرىشىسىلەر!»، «جاھىللىق ئۆلۈم يولى» دېگەندەك تەشۋىقاتلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى خۇددى دېڭىز

دولقۇنلىرىدەك بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلەتتى. تۆت تەرەپتىن بىر يولىلا ھۇجۇم باشلانغاندا، بىنا ئىچىدىكى ئوتتۇزدىن ئارتۇق قورالىلىق خىش تاملارنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئۇلارنى «مىشەك مانتىسى» بىلەن قارشى ئالدى. خۇددى دېڭىز قاراقچىلىرىدەك بىر كۆزىگە قارا بۇلغار قاپ تاقىۋالغان جۇ رۇڭفا بىلەن مەخمۇت سىلىڭ بەل كەمەرلىرىدە قوشلاپ تاپانچا، قوللىرىدا تۆمۈر پىرۇكىلاتلىق ئاپتومات، ئۆتەشمە تۆشۈكلەردىن قۇيۇندەك يۇگۇرۇپ ئۆتۈپ، ھەربىر سىنىپتىكى قوراللىقلارغا ئىلھام بېرەتتى. بىنا ئىچىدىكى قوراللىقلار گەرچە ھۇجۇمچىلارغا قارىغاندا نەچچە ئون ھەسسە ئاز بولسىمۇ، مۇداپىئەسى چىڭ ئىدى. خىشلىق تاملار قېلىن ھەم مەزمۇت بولۇپ، ئۇلارنى ھەرقانداق ئوق تېشىپ ئۆتەلمەيتتى. بىر غۇلاچ ئارىلىقتىكى تۆشۈكلەردىن پۇتۇنلەي تەخسە پىلىموت، پوقاق پىلىموت، ھەر خىل تىپتىكى ئاپتوماتلار سايراپ تۇراتتى. بىنانىڭ تۆت تەرىپىدىكى قېلىن ئىشىكلەرگە ئىچىدىن تىيەكلەر تېرىلىپ، قۇم تاغارلىرى يۆلەنگەنىدى. ئالدىنقى بابلىرىمىزدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىنا تېلېفون تۇرۇپكىسى شەكىللىك بولۇپ، ئىككى چەتتىكى ئالدىغا ئۇسۇپ چىققان ئىشخانىلارنىڭ يان تام تۆشۈكلىرىدىن بىناغا يېقىنلاشقان، تام تۈۋىگە يوشۇرۇنغان ياكى ئىشىكلەرنى پارتلاتماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەمنى ئېتىۋەتكىلى بولاتتى.

بىنا ئەتراپىدا گراناتلار گۈلدۈرلەپ پارتلايتتى. ئوسكولكىلارنىڭ چىرقىراپ ئۆتكەن ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. پىلىموت، ئاپتوماتلار تىرىلدايتتى. مۇشۇنداق پەلەكنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغۇدەك گۈمبۈرلەشلەردىمۇ بىنا ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ تېلېفوندا قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلىگىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خالىق ئەتراپتىكى بارلىق سىملارنى كەستۇرۇۋەتتى. بىراق بۇ تېلېفون ئاۋازى زادىلا توختىمىدى. بۇ سۆزلەۋاتقىنى بىر كۆزلۈك جۇ رۇڭفا ئىدى. ئۇ بۇرۇنلا ھەرخىل ئېھتىماللىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، تېلېفون سىمىنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ، مەكتەپتىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئاتچۇي ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ستولبىسىغا ئۇلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى بىگتۇەننىڭ خەنزۇ ئىسيانكارلىرىدىن ياردەم سوراپ تېلېفون بېرىۋاتاتتى. ئەمما ئۇلار جۇڭگىياڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئىشخانىسىنىڭ: «بىگتۇەن ئىنقىلابچىلىرى يەرلىكنىڭ ئەلەم كۈرىشىگە ئارىلاشماسلىقى كېرەك. . .» دېگەن بۇيرۇقىدىن قورقۇپ، ياردەمگە كېلەلمەي تۇراتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىختىلاپ بولغاچقا، ئاز ساندىكى بىگتۇەن قوراللىقلىرى بەشتاش تۈگمەن ئەتراپىدا ئېتىشىۋاتاتتى.

بابا زۇڭسىدىن يارىدەمگە كەلگەن قورالىقلار ھالالباغنىڭ چوڭقۇر يارلىقىدا توسۇلۇپ قالدى. چۈنكى، سېپىلدەك ئېگىز يار ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئېغىر قورالار ئۇلارنى باش كۆتۈرگىلى قويمىدى. لېكىن گۇڭشېسى تەرەپتىن كەلگەن ئىسيانكارلار سومى كەنتىدىكى بۆكتۈرمىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى.

شەنبە تاڭ سەھەر بېسىپ كىرگەن ليەنزۇڭ قوراللىقلىرى يەكشەنبە كەچكىچە ئىككى سوتكا جەڭ قىلىپ، بىنا ئالدىغا كېلەلمىدى. ئاخىرى خالىق ئىشىكنى پارتلىتىپ بۆسۈپ كىرىشكە بۇيرۇق بەردى. ياستۇقتەك چوڭلۇقتىكى پارتلاتقۇچنى ئۆمىلەپ ئېلىپ كەلگەنلەر بىرلا تولغىنىپ، ئارقا - ئارقىدىن جىمىپ قېلىشتى. ئاخىرىدا، تەمبەل كەلگەن بىر يىگىت ئۆمىلەپ، يۇمىلىنىپ يۈرۈپ چوڭ ئېرىقتىن ئۆتتى، ئىشىك ئالدىغا بەش قەدەملا قالغانىدى، بىنانىڭ ئىككى يېنىدىن تەڭلا ئېتىلغان ئوقلار كېلىپ تەگدى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ يىقىلدى. بۇ يىگىت ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى خۇاڭ چىڭنىڭ ئوغلى ئىدى. . . . شۇنىڭ بىلەن، بىنا ئالدىدا ئوڭ - تەتۈر سونايلىنىپ ياتقان جەسەتلەرگە يەنە بىرسى قېتىلدى.

— ئاڭلاپ قويۇش! — خالىق كارنايدا ۋارقىرىدى، — ئەمدى تەسلىم بولۇشمىساڭ، توپ ئوقىغا يەم بولۇشىسەن. . . بىنارىڭنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلىدۇ. . . ئويلىنىشقا يېرىم سائەت ۋاقىت بېرىمىز! . . .

ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئېتىشىش توختاپ، بىر سائەتتەك جىمىپ كېتىشتى، دېرىزە يوچۇقلىرىدىن ھېچقانداق تەسلىم بولۇش بايرىقى ياكى بىرەر پارچە ئاق لاتىمۇ كۆرۈنمىدى. خالىق رەڭلىك ئوق ئېتىپ توپچىلارغا بەلگە بەردى.

يەرلىك زەمبىرەك (تۇپاۋ) پاكار، تۆت پۇتلۇق بولۇپ، چوڭ كالىبىرلىق ئىدى. قۇيرۇقىدا پىرقىرىغۇچ چاقپېلىكى بار ئوق كالىبىر ئاغزىدىن سېلىناتتى. يەرلىك زەمبىرەك ئەتراپتىكى مەكتەپنىڭ كۆكتاتچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ئەڭ چېتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار بەلگە ئوقنى كۆرگەن ھامان، ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلاردا مەخسۇس يەرلىك زەمبىرەك ئېتىش بىلىمى، تېخنىكىسى بولمىغاچقا، ئوقلار باغقا، مەكتەپ مەيدانىغا، كۆلگە، كۆلۈبنىڭ ئۆگزىسىگە دېگەندەك يەرلەرگە چۈشۈپ، گۈلدۈرلەپ پارتلاشقا باشلىدى. بەزى توپ ئوقلىرى ھەتتا مەستەڭ پىرقىراپ كېلىپ ئۆزىنىڭ قوراللىقلىرى ئورۇنلاشقان ئىستىھكاملىرىنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، بەزىلىرى يەنە ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ قىرلىرىغا، ئۆگزىلىرىگە چۈشۈپ، سى-

نىپلارنى توپا ـ توزانغا تولدۇردى. تۆشۈكلەر ئاغزىدا ياتقان قورالىقلار پۈتۈنلەي توپا ئاستىدا قالدى. ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلاۋاتقان دەھشەتلىك ئاۋازلاردىن قورقۇپ كەتكەن بىر قىسىم قوراللىقلار قوراللىرىنى تاشلاپ، بېشىنى چاڭگاللاپ يېتىۋالدى. بىرنەچچىسى دەرھال يوتقاننىڭ ئاق ئەستىرىنى سۆكۈپ ئۇزۇن خادا ياغاچقا باغلىدى ـ دە، دېرىزە تۆۋىگە كەلدى. شۇ پەيتتە يېتىپ كەلگەن جۇ رۇڭفا بىلەن مەخمۇت ئۇلارنى تېپىپ ئۇرۇۋېتىپ، تەسلىم بولۇش بايرىقىنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى.

— ۋۇ، قورقۇنچاق ئەبلەخلەر... نومۇس قىلماي تەسلىم بولماقچىمۇ سەنلەر؟...

جۇ رۇڭفانىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۆگزىدە «گۇم» قىلغان ئاۋاز چىقىشى بىلەن، يەرلەر تىترەپ كەتتى ۋە سىنىپىنىڭ بىر بۆلۈكى گۈلۈپپىدە ئۆرۈلۈپ، بىر توپ ئوقى خىشلار ئارىسىغا قىسىلىپ قالدى. قوراللىقلاردىن كۆپلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ: «ۋاي ئانا...»، «ۋايجان، ئۆلىدىغان بولدۇق» دېگىنىچە، ساغرىسىنى چىقىرىپ دۈم يېتىۋالدى. توپ ئوقىنىڭ قۇيرۇقىدىكى پىلدىرلىغۇچ توختىماي پىرقىراۋاتاتتى. جۇ رۇڭفا بايراقنىڭ خادىسىنى ئالدى ـ دە، ئۇنى توپ ئوقىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ تۆشۈكىگە تىقتى، پىلدىرلىغۇچ توختاپ قالدى.

— قويۇش دەيمەن، قورالىڭنى ئېلىشامسەن؟ — ۋارقىرىدى مەخمۇت غەزەپتىن تىترەپ، — ياكى مېنىڭ ئوقۇمدا ئۆلىشەمسەن؟...

مەخمۇت دۈم ياتقانلارنىڭ ئۈستىدىن پىلموتنى بىرلا سايرىتىۋىدى، ئۇلار چاچراپ تۇرغىنىچە، قوراللىرىنى ئېلىپ، ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان تۆشۈك ئېغىزلىرىغا كېلىشتى...

— ئەگەر تەسلىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشساڭ، — دېدى جۇ رۇڭفا ۋارقىراپ، — بىر قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا پارچە ـ پارچە گۆشكە ئايلىنىشىسەن...

ياتقان ئاشۇ جەسەتلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ھەرقايسىڭدىن ئېلىشىدۇ.

— خوتۇن كىشىدەك بىر نېمىلەر ئىكەن بۇ! — دېدى توپىغا پۈچۈلىنىپ كەتكەن بىر قوراللىق تۆشۈك ئاغزىدا يېتىپ، — بېشىڭغا ياغلىق ئارتىشىپ، ئىشتان بېغىڭنى ياندىن ئېچىشساڭ بولمامدۇ ھەزىلەكلەر...

خالىق بەكمۇ جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ، يۈرىكىنى چاشقانلار غاجاۋاتقاندەك، ئۆزى بىر يەردە تۇرالمايتتى. ئۆتكەندە، كامىلنى تۇتۇپ ئەمدى ئۇجۇقتۇ-

رايى دېگەندە، قانداقتۇر بىر لەنتى ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ چىقىپ كەتتى، تېخى باشقا ھەممە تۇتقۇنلارنىمۇ قاچۇرۇۋەتتى. بۇ قېتىممۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتكەنىدى. لېكىن، خالىقنى خوش قىلىۋەتكەن بىر ئىش نەفىسەنىڭ قاچالماي ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە سولىنىپ قالغانلىقى بولدى. شۇڭا، ئۇ ئامۇتلۇقنى قورشاشقا ئۇن قوراللىق ئەۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ خاتىرجەم بولالماي، تۇردى ھېكىمنى چاقىردى:

— سەن ئامۇتلۇققا بېرىپ، قوراللىقلارنى كۈچەيت. ئۇلار ئۇخلاپ قېلىشمىسۇن، — دېدى خالىق يېنىدىكى نەبىگە قاراپ قويۇپ، — ئابدۇنەيىمنى ئەۋەتەي دېسەم، ئۇنىڭ مۇھىم ئىشى بار... قاراۋۇللار يوشۇرۇن كۆزەتسۇن... ئايال زاتى كۆرۈنگەن ھامان تەكشۈرۈڭلار! كامىل دېگەن ئوغرى نەفىسەنى قۇتقۇزغىلى چوقۇم كېلىدۇ...

خالىقنىڭ پەرىزى ھەرھالدا توغرا ئىدى. كامىل توساللا تەرەپتىن ئۆتەلمەي، لايىقنىڭ ئۇزۇن يولى بىلەن كېچىلەپ كېلىۋاتاتتى. چۈنكى ئۆگۈنلۈككە نەفىسە بىلەن ئۇنىڭ ئاددىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى. ئۇ ھېكمەت بىلەن كۆرۈشكەن كۈنى ئامۇتلۇققا كېلىپ، نەفىسەنىڭ ئاچىسى تۇرسۇنىساخان ۋە ئۇنىڭ ئېرى بىلەن توي توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. مەسلىھەت نەفىسەگىمۇ يەتكۈزۈلدى. جاھان بۇنداق مالىمان بولۇۋاتقان كۈنلەردە ناز قىلىشقا ئورۇن يوق ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ ماقۇل بولدى. كامىل قايتىدىغان ۋاقتىدا، نەفىسە ئۇنىڭغا:

— يەكشەنبە كەچ بىر كەلسىڭىز! شەھەرگە ئەكىرىدىغان نەرسىلەر بار ئىدى، ئاكام ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ تەييار قىلىپ بەرمەكچى، — دېدى.

كامىلنىڭ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئامۇتلۇققا قاراپ يولغا چىقىشى تويلۇق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈنلا بولماي، بەلكى نەفىسەنى ھەم تۇرسۇنىساخان بىلەن سەمەت ئاكىنى بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئىدى. ئوننەچچە سائەت- لەپ يول باسقان، يوتىلىرى تېلىپ ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا يۈگۈرگەندەك تېز مېڭىۋاتقان كامىل لايىقنىڭ «ئېلىش بېشى» دىن بوستانغا قايرىلغاندىلا، قەدىمىنى ئاس- تىلىتىپ، ئەتراپقا زەن سېلىپ، ھەربىر شەپىنى كۆزىتىپ، چاپىنى ئىچىگە يوشۇرۇل- غان خەنجىرىنى پات - پات سىيلاپ قويۇپ ماڭدى. ئامۇتلۇققا يېقىنلاشقانسېرى، مەكتەپتىكى ئېتىشىش ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، بىر چاغدا ئۆزىنى تۇردى ھېكىم، مەتنىياز قولتۇقلار تۇتۇۋالغان ئۆستەڭ بويىغا تىۋش چىقارماي يېتىپ كەلدى.

ئەما، تۆيۇقسىزلا ئەتراپتىكى ئازغان تۆپىلىرى ۋە ياكاق ئارقىلىرىدىن تۆت قورالىلىق چىقىپ كەلدى - دە، يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى قورشىۋالدى.

— بەللى، كامىلغۇ بۇ؟ . . . مېنى تونۇدىڭمۇ؟ — تۇردى ھېكىم بېشىدىن تەلپىكىنى ئالدى، — مېنىڭ كىملىكىمنى ئوبدان تونۇۋال. . . باغلاڭلار! «قوۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار» دېگەن شۇ! . . .

قارشىلىق قىلىشقا ئورۇن قالمىغانىدى. ئۈستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىنمۇ تۆت - بەش قورالىلىق يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. . .

قاتتىق باغلانغان كامىلنى تۇردى ھېكىم باشلىق ئىككى قورالىلىق ئات ئالدىغا سېلىپ مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى. مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا قورالىلىقلار نۆۋەتلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈۋالغاچقا، ئۇنى ئۆرۈۋېتىلگەن رېشاتكا ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇدۇللا ئوغۇللار ياتىقىنى ئىستىھكام قىلىۋالغان خالىقنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشتى. بۇ يەردە سىلىڭنى قوغدايدىغان «ئابدۇنەيىم» ، مەتمۇسا قاتارلىق ئۈچ قورالىلىق بار ئىدى. قوشكۆلدىكى ۋە شەھەردىكى ئىنقىلابتا كامىل ھەم ئۇنىڭ دوستلىرىدىن كۆرگەن خورلۇقلىرىنى ئۇنتالمىغان تۇردى ھېكىم خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىماندەك ۋېجىك گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ھېجايدى:

— خا سىلىڭ، قارىسىلا، كېچە - كۈندۈز ئارمىنىنى يېگەن دوستلىرىنى ئېلىپ كەلدىم، — تۇردى ھېكىم تاپانچىسىنى كامىلنىڭ چېكىسىگە تەڭلىدى، — قېنى، كامىل ئەپەندى، خا سىلىڭغا تەزىم بىجا كەلتۈر! . . .

— تۈفى! — كامىل تۇردىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋەتتى، — ئۇقۇپ قوي، ئاغزىملىق قان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۈكۈرمەيمەن! . . . ئارقىچە يېقىلىپ ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئۇنىڭغا ئالدىمچە ھەرگىز ئېگىلمەيمەن. . .

— قالتىس. . . بەك قالتىس! . . . — خالىق كامىلغا تەلۋە كۆزلىرىنى تىكتى، — ھازىر مېنىڭ سېنىڭ بىلەن تاكاللىششقا ۋاقتىم يوق. . . مۇشۇ نوچىلىقىڭنى ئەتە ئەتىگەندە مەن بىر كۆرۈپ باقاي. . . ئابدۇنەيىم، تۇردى! سىلەر بۇ ئەبلەخنى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ھېلىقى گۇندىخانىلارنىڭ بىرسىگە قاماپ قويۇپ، پوستتىن تۆتنى قويۇڭلار. قېنى، بۇ قېتىم قېچىپ باقسۇن! . . . مەتمۇسا، سەن قېشىمدا قال. . .

«ئابدۇنەيىم» بىلەن تۇردى قاتارلىق تۆت قورالىلىق كامىلنى يۈگۈرتۈپ دېگۈدەك

باشلانغۇچ مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى. خالىقنىڭ ھېلىقى گۈندىخانىلار دېگىنى ئەكسىيەتچى لۇشيەن يۈرگۈزۈلگەن كۈنلەردە تارتىپ چىقىرىلغانلارنى سولاپ قىينايدىغان بىر قاتار ئۆيلەر بولۇپ، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئارقىسى تراكتور پونكىتىغا قارايتتى. تۆمۈر چىۋىقچە بېكىتىلگەن پەنجىرىلەر ئاستىنى قېلىن ئوتلار قاپلاپ كەتكەنىدى. كاملىنىڭ قوللىرىنى يېشىپ ئۆيگە سولىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىندى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سىنىپلىرىنى ياتاق قىلىۋالغان تۆت قوراللىق قاراۋۇللۇقنى ئۈستىگە ئالدى. تۇردى ھېكىم: «بەك چارچاپ كەتتىم، بىردەم ئۇخلىۋالاي» دەپ ئۆيگە ماڭدى. كاملىنى ئامۇتلۇقتىن يالاپ كەلگەن قوراللىقلارمۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئۇيقۇسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ياتاققا كىرىپ كەتتى. «ئابدۇنەيىم» قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى خالىققا دوكلات قىلدى، ئاندىن ئاستا شىۋىرلاپ:

— خا سىلىڭ، تۇردى ئۆيگە ئۇخلىغىلى كەتتى، ئامۇتلۇقتىكى سەككىز قوراللىققا ئىشەنچ قىلغىلى بولارمۇ؟ نەفسەنى قاچۇرۇپقۇ قويماس؟ — دېدى.

— ھېلىقى بىللە كەلگەن ئىككى قوراللىقچۇ؟

— ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېلىشىپ، ئورنىدا تۇرالمايلا قاپتۇ، ئۇخلايمىز دېيۋىدى، ماقۇل دېدىم. . .

— ئەمىسە، سەن مېنىڭ ئېتىمنى مىنىپ، دەرھال ئامۇتلۇققا ماڭ! ئۇ لۆم ـ لۆملەر دەرەخ ئاستىغا كىرىپ، خورىكىنى باشلىۋەتتىمۇ تېخى؟ ئەتىگەنلىككە ئورنىڭغا ئادەم ئەۋەتىمەن. . .

— خوپ!

كېچە سائەت ئون بىر بولاي دېگەنىدى. نەبى ئەگەر كاملىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تراكتور پونكىتى تەرەپكە قارايدىغان پەنجىرىنىڭ تۆمۈرلىرىنى قومۇرماقچى بولسا، ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. يېنىدىكى پولات ھەرىنى ئۈنىڭغا تاشلاپ بەرسە، كۆپ ساقلاپ كېتەتتى. قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققان تەقدىردىمۇ، كاملىنىڭ بوستان چېگرىسىدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى.

نەبىنىڭ كۆڭلىگە بىر پىلان كەلدى. ئۇ خالىقنىڭ ئېتىنى گۈگۈشى ئېغىلىدىن ئېلىپ چىقىپ، تراكتور پونكىتىنىڭ ئىچى بىلەن ماڭدى. ئاتنى دەرۋازا ھالقىسىغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى قېلىن ئوتلار ئارىسىغا شۇڭغۇدى. ئەگەر بىرسى كۆرۈپ قالغان تەقدىردە «ھاجەت قىلماقچى ئىدىم. . .» دېيىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. . . بايا، كاملىنى

سولىغاندا، نەچچىنچى ئۆي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان نەبى تۆتىنچى پەنجىرە تۈۋىدە ئولتۇردى - دە، قولىنى سوزۇپ، تۆمۈر چىۋىقنى بوش تاكىلداتتى ۋە بىر غىيرىچتەك پولات ھەرىنى سۇندى. كامىل ئۇنى ئېلىۋېلىپ: «كىم؟» دېدى. نەبى بېشىنى كۆتۈرۈپ ناھايىتى تېزلا: «تۆمۈرنى كەسكەچ تۇرۇڭ، قۇتقۇزغىلى ئادەم كېلىدۇ...» دېدى - دە، غىپپىدە ئاتنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ ئامۇتلۇققا يېتىپ كەلدى. ئەڭ باشتىكى يالغۇز قاراۋۇل ئۇنىڭ ئالدىغا مىلتىقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ: «توختا!» دەپ ۋارقىرىدى. نەبى ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

— ۋۇي، ئابدۇنەيىم فۇگۇەنكەنغۇ؟... تاس قاپتىمەن ئوق چىقارغىلى...

— ياخشى، بەك ھوشيار نېمىكەنسەن! — دېدى نەبى ئەتراپقا كۆز تاشلاپ، — باشقىلارچۇ؟

قاراۋۇل باشقىلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىنى دەپ بەردى. «ئابدۇنەيىم، — ئاتنى بىر يەرگە باغلاپ قوي، مەن تەكشۈرۈپ كېلەي...» — دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ، دەرەخكە يۆلىنىپ، ئازغان تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ قېشىدىن تۈيدۇرماي ئۆتۈپ كەتتى - دە، تۇرسۇننىساخاننىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ۋە تامدىن ئاتلاپ چۈشۈپ، ئۆي ئىشكىنى چەكتى. كامىلنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۇيقۇسى كەلمىگەن نەفىسە كارىۋىتىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە قاپلىۋالغانىدى. چۈنكى كامىل ۋەدىسىدە تۇراتتى. ئەگەر يولدا بىرەر خىيىم - خەتەرگە ئۇچرىمىغىنىدا، بۇ چاغقىچە ئۇ كېلىپ بولغان بولاتتى.

ئىشىكنىڭ بوش چېكىلىشىدىن يۈرىكى ئەنسىز سالغان نەفىسە يۈگۈرۈپ چىقتى - دە: «كامىل؟» دېدى. بىراق ئالدىدا ياتلا بىر يىگىت تۇراتتى. ئۇ قورققىنىدىن: «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— قورقمىسىلا نەفىسە ئاچا، مەن نەبى بولىمەن... گۈلزىبانىڭ ئۇكىسى!...

— نەبى؟ — نەفىسەنىڭ چوپ - چوڭلا يىگىتكە قاراپ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ۋاي خۇدايىم، پەقەتلا تونۇماپتىمەن، بويۇڭ نېمانچە ئۆسۈپ كەتكەن؟ ئۆتكەندە كامىلنى سەن...

— نەفىسە ئاچا، بۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى... مەن بەك ئالدىرايمەن...

نەبى بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى قىسقا قىلىپ ئۇنىڭغا ئۇقتۇردى. نەفىسە يۈرىكىنى تۇتقىنىچە، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— نەفىسە ئاچا ئەتە ئەتىگەندە كامىل ئاكام. . .

— بولدى گەپ قىلما، بىرئاز ئويلىنىۋالاي. . .

— قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققان تەقدىردىمۇ، ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىشكە بولمايدۇ. . .

— نېمىشقا؟

— خالىقنىڭ «با، با زۇڭسى» نىڭ ئادەملىرىدەك ياسانغان ئون ئادىمى شەھەرگە يوشۇرۇندى. كامىلكامنىڭ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ قورۇسى ئەتراپلىرى خەتەرلىك. ئۇلارنىڭ قويۇنلىرىدا ئىككىدىن تاپانچا بار. بۇ ئەبلەخلەر كېچىلىرى ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىشتىنمۇ يانمايدۇ. . . كامىلكامنى كۆرگەن يەردە ئاتماقچى. . .

— مەن بوستان بازىرىغا ھازىرلا ماڭاي. . . ئېزىز تارمۇشنى تاپمىسام بولمايدۇ، — دېدى نەفىسە ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەنمۇ بىللە بارايمۇ؟

— ياق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ بار ئىكەن، سېنى بالاغا تىقماي. ئۆتكەندىمۇ كامىلنى جېنىڭنى ئالقىنىڭغا ئېلىپ قۇتقۇزدۇڭ. . .

— يەنە دەپ قوياي، شەھەرگە يوشۇرۇنغانلار كۆزى قان بىلەن تولغان ئادەم قاسساپلىرى. . . بەكمۇ ھىيلىگەر، قۇۋ، ياۋۇز نېمىلەر. ئۇلار خالىققا قەسەم بەرگەن.

— خاتىرجەم بول، كامىلنى شەھەرگە ئېلىپ كىرمەيمەن، بەك يىراققا كېتىمىز. . .

— قانداق كېتەلەيسىلەر؟

— ئېزىز تارمۇش داداۋىنىڭ ئاتلىرىدىن ئىككىنى تۇتۇپ بېرىدۇ.

— ئەمىسە، ئەرەنچە كىيىنىۋېلىڭ، مانا بۇ قىزىل پەتىنى بىلىكىڭىزگە تاقىۋېلىڭ. بۇنى كۆرگەن قاراۋۇللار گەپ سورىمايدۇ. . .

— رەھمەت ساڭا!

— يەنە بىر گەپ، ئېتىز - ئېرىقلار ئارقىلىق مېڭىپ، ئامۇتلۇقتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چوڭ يولغا چىقىڭ! مەن ئارقىڭىزدىن يېتىشىمەن. . .

نەبى يەنە باغنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلىپ، قوناقلىقلار بىلەن قايتىپ كەلدى -

ئۆيگە باشلاپ كىردى. نازىلخانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاغا چۈشتى. ئۇلار قىسقىلا سالاملاشقاندىن كېيىن، نەفىسە بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ يىغلىۋەتتى.

— ئاپلا، ئۆگۈنلۈككە تويۇڭلار ئەمەسمىدى؟ — ئېزىز تارمۇش مۇشتۇمىنى ئالقىنىغا ئۇردى، — بوپتۇ، خانىم يىغلىمىسىلا، مەن دادۇينىڭ يارام ئاتلىرىدىن ئىككىنى توقۇپ ئەكىلەي. سىلى مەشەدە ئولتۇرغاچ تۇرسىلا. . .

— بولمايدۇ، مەن كېلىشىمدە كۆرۈپ قويدۇم، تراكتور پونكىتىغا بېرىپ، پەنجىرە ئاستىدىكى ئوت ئارىسىغا يوشۇرۇنىمەن، كامىلنىڭ تۆمۈرنى كېسىپ بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك. . . تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالدى. . .

— ئەمىسە، مەن ئاتلارنى ھويلىغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئارقىلىرىدىن بارىمەن. . .

نەفىسە نازىلخاننىڭ دەملىگەن چېيىغىمۇ قارىماي ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يول ياقىسىدىن مېڭىپ، تراكتور پونكىتى ئالدىغا كەلدى ۋە ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى. تراكتورلارنىڭ قوپال تا - تاتلىغان ئاۋازلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما يەتمىش - سەكسەن قەدەم يىراقلىقتىكى ماشىنا رېمونت ئۆيى ئالدىدىكى موتور توختىماي گۈرۈلدەۋاتاتتى. تامغا ئېسىپ قويۇلغان لامپۇچكىمۇ رېمونتخانا ئەتراپىنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. تىنچ زامانلاردا توك سائەت ئونغىچە بېرىلەتتى. ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپتە جەڭ بولۇۋاتقاچقا، خالىق توكنى تاڭ ئاتقۇچە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. نەفىسە موتور يېنىدىكى يىغما كارىۋاتتا تۇگۇلۇپ ياتقان توك باشقۇرغۇچىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوت ئارىسىغا شۇڭغىدى. ئۇ نەبىنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە، تۆتىنچى پەنجىرە تۈۋىدە توختىدى.

— كىم سەن؟ — دېدى كامىل پىچىرلاپ. . .

— مەن نەفىسە. . . تۆمۈرنى كېسىپ بولدىڭىزمۇ؟

— كىچىككىنە قالدى. . .

— مەن ئوت ئارىسىدا ئولتۇرىمەن، كېسىلگەن ھامان، بوش يۆتىلىڭ. . .

قېلىن ئوت ئارىسىدىن ئاچچىق ئەمەن، لويىلا ۋە كەندىرنىڭ ھىدى كېلەتتى. شۇنداقلا ناھايىتى دىمىق ئىدى. نەفىسەنى ئۇششاق كومۇتا، پاشىلار تالىغىلى تۇردى. ئۇ چىمىلدىغان يەرلىرىنى تاتىلايتتىيۇ، ئۇرالمايتتى. پېشانىلىرىدىن تەپچىپ چۈشۈۋاتـ

قان تەر يۈزىدىكى قارا - قۇرا مەينەتلەرنى ئېقىتىپ، يۇمران مەغزى بىلەن نازۇك ئېگىكىدە ئېرىقچىلارنى هاسىل قىلدى. بۇ پەيتتە، جاسارەتكە كەلگەن بۇ قىزنىڭ ئىرادىسىنى دوزاخ ئازابىمۇ بوي ئەگدۈرەلمەيتتى. نەفىسە پات - پاتلا قايرىلىپ بىر خىلدا غىرتىلداۋاتقان پەنجىرىگە قارايتتى. موتورنىڭ گۈركىرىشى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېتىلىۋاتقان هەرخىل قوراللارنىڭ ئاۋازى كامىل ئۈچۈن ناهايىتى ئوڭۇشلۇق پۇرسەت بولدى. بولمىسا، ئىشىك ئالدىدىكى تۆت قوراللىق پولات هەرىنىڭ ئاۋازىنى ئاسانلا ئاڭلاپ قالغان بولاتتى.

پەنجىرىدىن يېنىك يۆتەلگەن ئاۋاز كەلدى. نەفىسە ئەتراپىغا ئوبدان قارىۋالغاندىن كېيىن: «هېچكىم يوق، تېز چىقىڭ!» دېدى - دە، دەرهاللا: «توختاڭ!» دەپ پىچىرلىدى. چۈنكى، توك باشقۇرغۇچى ئورنىدىن تۇرغانىدى. ئۇ موتورنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن، بەش قەدەم ئارىلىقتا بېرىپلا، ئۆرە تۇرغىنىچە شارقىرىتىپ قويۇۋەتتى. ئاندىن ئۇزۇن سوزۇپ بىر ئەسنىدى - دە، جايىغا كېلىپ ياتتى. ئۇ پاشا - كۇمۇتىنىڭ ئازابىغا چىدىمىغانمۇ، نېپىز ئەدىيالنى تارتىپ باشلىرىنى پۈركىۋالدى. نەفىسەنىڭ ئىما قىلىشىدىن كېيىن، كامىل ئۆزى پاتقۇدەك تۆشۈكتىن بېشىچىلا چىقتى. نەفىسە ئۇنىڭ مۈرىلىرىدىن قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار ئېرىق ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ دېگۈدەك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا، كامىلنى ساقلاۋاتقان تۆت قوراللىقنىڭ ئۈچى ئۆي تېمىغا يۆلىنىپ مۈگدەۋاتاتتى. بىرسى دەرەخكە يۆلەنگىنىچە تاماكا چەكمەكتە ئىدى.

نەفىسە بىلەن كامىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كۆۋرۈكى ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، تار كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئېزىز تارمۇش ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، هويلىغا باشلىدى. نازىلخان: «ناشتا قىلىپ مېڭىڭلار» دېگەنىدى، نەفىسە ئۇنىمىدى. ئېزىز تارمۇش ئىگەرگە ئارتىلغان خۇرجۇندا قوناق بىلەن ئارپا بارلىقىنى، ئۇنى ئاتلارغا بېرىپ تۇرۇش لازىملىقىنى جېكىلىدى ۋە كامىلغا لېنزۇڭنىڭ خوڭجۇيىبىڭ يەڭ بەلگىسىدىن بىرنى بەردى.

— بۇنى لېنزۇڭنىڭ ئادەملىرى ئۆلۈكلىرىنى داۋۇي ئالدىغا دۆۋىلىگەندە ئېلىۋالغانىدىم، بىلەكلىرىگە تاقىۋېلىشسىلا. يەنە بىر گەپ، — ئېزىز تارمۇش چىقىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە ياندى، — سىلەر ئون مىنۇتتىن كېيىن مېڭىڭلار... مەن گۇڭشې ئالدىدىكى قوراللىقلارنى گەپكە تۇتۇپ تۇرىمەن...

ئېزىز تارمۇش كوچىدا لەلەڭلەپ گۇڭشې ئالدىغا كەلدى. ئىككى قاراۋۇل ئۇنى كۆرۈپ، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ھە، ئېزىز سېكىلتاي (سېكرېتار)، كېچىدە ئۇخلىماي، كوچا چىڭداپ يۈرەمىلا ـ نېمە؟ — دېدى شاپاق دوپپىلىق قاراۋۇل.

— ھەي ئاغىنىلەر، مۇشۇنداق قۇلىقىڭنىڭ تۈۋىدە گۇمباڭ ـ گۇم بولۇۋاتسا، ئۇيقۇ كېلەمدۇ!...

— ئۇغۇ راست، — دېدى تەلپەكلىك قاراۋۇل، — ئېزىز سېكىلتاي، ئاچچىق تاماكىلىرىدىن باردۇر؟ بىردىن چەكتۈرگەن بولسىلا...

— دېھقانلار ئارىسىدا «بەش كېپىل» بولسا، ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا «ئۈچ كېپىل» بار ئوخشىمامدۇ؟...

— قانداق دەيلا سېكىلتاي؟

— تاماكا سورىساڭ، سەرەڭگەڭ بولمىسا، قەغەزنىمۇ بەرسەم... بۇ «ئۈچ كېپىل» بولماي نېمە؟

— يائاللا سېكىلتاي، مىتەۋىگە ئۇستا جۇمۇسلا ئۆزلىرى... — قوراللىقلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى...

— مېڭىڭلار، بۇ يەر شامالراقكەن، دالدىراق يەردە چېكىلى...

ئېزىز ئۇلارنى گۇڭشې قورۇسىغا ئېلىپ كىرىپ، دەرۋازا دالدىسىغا ئۆتتى. بۇ چاغدا ئىككى ئاتلىق ئاتلىرىنى قاترىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. قاراۋۇللارنىڭ بىرسى چىقماقچى بولۇۋىدى، ئېزىز ئۇنىڭ قەغىزىگە تاماكا تەڭلىدى.

كامىل بىلەن نەفىسە بىخەتەر ھالدا گۇڭشې ئالدىدىن ئۆتۈپ، دوختۇرخانا ئالدىغا كەلدى ۋە سولغا قايرىلىپ چوڭ يولغا چۈشتى. ئايىغى تېز، يورغىسى سىيلىق يارام ئاتلار پۇشقۇرۇشۇپ، بىر ـ بىرىدىن يول تالىشىپ، قىزغىنىشىپ، ناھايىتى تېز ماڭماقتا ئىدى. ئەمدى قورقۇنچ ئامۇتلۇقتا قالغانىدى. كامىل ئۇ يەردە ئون قوراللىقنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. نەفىسە ئۇنىڭ ئەندىشىلىرىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى، نەبىنىڭ ئاللىقاچان يولنى راۋانلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتقاندا، كامىل نەبىنىڭ ياراملىق ئادەم بولغانلىقىدىن سۆيۈندى.

— نەبى ھېكمەتنىڭ ھىممەتلىرىنى تۈزلىدى، — دېدى كامىل نەفىسەگە قاراپ، — بولمىسا، ئۇ قايتىنىڭ قولىدا ناباب ئادەم بولۇپ قالاتتى.

— ئەگەر گۈلزىبا بولغان بولسا ئۆكسىدىن قانچىلىك پەخىرلەنگەن بولار ئىدى؟ — نەفىسە يېنىككىنە ئاھ ئۇردى، — رەھمەتلىك شۇنچە تارتقان ئازابلىرىغا، خورلۇقلىرىغا، دەرد - پىغانلىرىغا چۈشلۇق ياشىغان بولسىچۇ كاشكى... ئارمان بىلەن ئەجەپ ياشلا كەتتى...

— ھېكمەت ئۇنى ھازىرغىچە ئۇنتالماي، ئېسىگە كەلسىلا، مەھبۇبەگە قوپال تېگىپ يۈرمەمدۇ!...

— ھېكمەت بۇ تەقدىرگە ئەلھۇكمۇلىللا دېيىشى كېرەك، — نەفىسە يىراقلارغا قارىدى، — «ئىزا ئەنزەلەل قەدەر، بەتەلەل ھەزەر» دېگەن ھېكمەت بار ئەمەسمۇ!...

— شۇنداق، — كامىل نەفىسەنىڭ سۆزىنى يەشمە قىلدى، — قاچانكى تەقدىر نازىل بولسا، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلماق تەس....

ئۇلار ئامۇتلۇق كەنتىگە يېقىنلاشقاندا، بىر - بىرىگە باش لىڭشىتىپ، ئاتلىرىغا قامچا سالدى. ئاتلار ئۆستەڭ بېشىدىن شامالدەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۇستىنى قار بېسىۋالغاندەك ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن ئازغانلىق ئىچىدە ئېتىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ تۇرغان نەبى تاڭ سەھەر تۇمانىدا غايىب بولۇۋاتقان ئاتلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ: «ئاق يول بولسۇن، خۇدايىم سىلەرنى ئامان قىلغاي!» دەپ، ئۇلارغا خەيرلىك تىلىدى. كامىل بىلەن نەفىسە بوۋاي قەمبەر كەنتىنىڭ ئۈزۈلگەن بۇلۇت پارچىلىرىدەك توپ - توپ ياڭاقلىقلىرىدىن ئۆتۈپ، لايقا گۈگشىپسىنىڭ دۆڭئېرىق كەنتىگە قەدەم قويغاندىلا، كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشۈپ، بىلەكلىرىدىكى قىزىل لاتىلارنى ئېلىۋەتتى. نەفىسە ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ، يۈزىنى يۇيدى، ئەرەنچە كىيىملىرىنى سېلىپ خۇرجۇنغا سالدى.

تاڭ يورىدى. ئاسمان چېھرىنى قاپلىغان قىزىل يالقۇن بارغانسېرى سۇسلىشىپ ئاق تۇمانغا ئايلاندى - دە، قۇياش ھامامغا چۈشكەن قىزلاردەك قىزىرىپ، كۆجۈم كەنتلەر ئىزنىلىرىدىن ئاستا كۆتۈرۈلدى. ئۇ گويا كائىنات ئانىغا سالام بېرىشتىن خىجىل بولۇۋاتقان يېڭى كېلىنىدەك، ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر ئارقىسىغا يوشۇرۇنغاندى. كامىل بىلەن نەفىسە ئەتراپىغا تويماي قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى قارشى ئېلىپ توختىماي چاۋاك چېلىۋاتقان چەكسىز قوناقلىقلار، قىزغۇچ ھەم ئاق ئېچىلىپ كەتكەن كېۋەزلىكلەر، پوستىپىياز، ئاق ناۋات، شېكەر سۈيى، بەگىنەي قوغۇنلىرىنىڭ ھىدلى-

رى چىچىلىپ تۇرغان قوغۇنلۇقلار، بۇغما قاپاقلارنى كۆتۈرەلمەي بىلى پۈكۈلگەن چەللە باراڭلار، ئۈزۈملەرنىڭ جۇلالىرى كۆز چاقنىغان يول - يول تاللار، سۈتى يىغىلىپ مېغىز تۇتتۇۋاتقان كۆك ياڭاقلار، ئامۇت، بېھىلەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى تارقالغان باغلار... بۇ يېشىللىققا پۈركەلگەن قۇياشلىق جاھانغا كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاپ، ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، ماتانەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ... ئەگەر «كېلىش - كەتمەسلىك» بەندىنىڭ ئىلكىدە بولغان بولسا، جەننەتنى تەرك ئېتىپ، مۇشۇ پانى دۇنيا بېھىشىدە قالغان بولار ئىدى كىشى!...

ئاپتور ئىككى كەلىمە كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتىۋېلىش ئۈچۈن كىتابخاندىن ئىجازەت سورايدۇ. پېقىر ئەينى يىللاردا لايقا يېزىسىدا كۆپ يۈرگەنمەن. ئۇ يەرنىڭ كۆز يەتكۈسىز ئۈزۈمزارلىقلىرى، شەربەتلىرى تېمىپ تۇرغان شاپتۇللۇقلىرى، ئېپتىدائىي ئورماندەك ياڭاقلىقلار، ئالما، ئۆرۈك، ئانار، بېھى قاپلىغان باغلار، توپى بىرمو يەرنى ياپقان ئەنجۈرلىرى، مىڭ يىللىق چىنارلار، ئۆستەڭلەردىكى بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان سۇلار، قۇرۇق قوزۇقنى سانجىپ قويسا كۆكلەيدىغان مۇنبەت تۇپرىقى كۆڭلۈمدە ئۆچمەس خاتىرە ۋە ئىزلارنى قالدۇرغان!... ئالتۇن كۆز كېلىشى بىلەن، مەمۇرچىلىق، تالقان تۆكتى كۈنلەر باشلىنىدۇ، تۇمشۇقى يۇقىرى قارىتىلىپ تىزىلغان كۈزلۈك قوغۇنلارنىڭ ئاياق - ئۇچىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. خامان يۈزىدىن ئالقانىدەك يەر قالدۇرماي يېيىۋېتىلگەن ئۈزۈملەر توپىدىلا كىشمىش بولۇپ قۇرۇيدۇ. چەكسىز ياڭاقلىققا سېلىنغان گۈلە - قاق، شاپتۇل مونەكلىرى غەلۋىر، كۈرەكلەردە ئۇسسۇلىدۇ ۋە كۈنلەپ - ھەپتىلەپ توشۇلىدۇ. يەر ئاستى گەمىلەردە گۆڭگۈرت سېرىقى بىلەن ئىسلانغان خورمىلار مەرۋايىتتەك يالتىرايدۇ. مېنىڭ: «جەننەتتىمۇ مۇشۇنداق نازۇ - نېمەتلەر بارمىدۇر؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورىغىنىم ھېلىھەم ئېسىمدە!

كامىل بىلەن نەفىسە لايقىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قەددىمىي قېرى تېرەكلەر ئالقانىدەكمۇ كۈن ئۆتكۈزمەيدىغان بۇزاق گۈڭگۈشىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە «قاغا شولىقى»نىڭ شورلۇق يولى بىلەن يۇقارقى «قاتچى»غا قەدەم ئالدى. نەفىسە ئېتىنى توسالا گۈڭگۈشىسى، يەنى شەھەرگە قايرىماي، تۇزلۇق ساي تەرەپكە ماڭدى. ھېچنېمىنى ئۇقالماي قالغان كامىل يول دوقمۇشىدىكى تەتۈر سۆگەت تۈۋىدە ئاتتىن چۈشتى - دە، نەفىسەگە سوئال نەزەرىدە تىكىلدى:

— بىز شەھەرگە ماڭماي نەگە بارىمىز؟ — كامىل ساي تەرەپكە قارىدى، — بۇ

تەرەپتە نېمە ئىش قىلىمىز؟

— بىز «پۇجى» كەنتىگە بارىمىز! . . . — نەفىسەمۇ ئاتتىن چۈشتى.

— پۇجىغا؟ — ۋاي خۇدايىم، ئەقلىڭىز جايىدىمۇ؟ تاغلىق كەنتتە بىزگە نېمە بار؟— دېدى كامىل ھەيران بولۇپ، — ئەتە تويىمىز تۇرسا، دوستلار نېمە دەپ ئويلايدۇ؟ . . .

— ئۇلار توغرا چۈشىنىدۇ،— نەفىسەنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى،— مەن سىزنى پۇجىغا ئاپىرىپ قويمىسام بولمايدۇ. . .

— زادى نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى دېمىسىڭىز، مەن بارمايمەن. . .

— بىلەمسىز، ھازىر بىزگە توي ئەمەس، بەلكى سىزگە ھايات لازىم. . . ئۇقتىڭىزمۇ؟ ھايات! . . .

مەتمۇسانىڭ مۇرانقا قالدۇرغان خېتىدە، خالىقنىڭ كامىلنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن خېلى بۇرۇنلا ھەرىكەتنى باشلاپ، ئاكا - ئۇكا ئۇغرىلارغا نۇرغۇن پۇل ۋە ئالتۇن بەرگەنلىكى ئېنىق يېزىلغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ پىلانى بەربات بولۇپ، ئەمىلىدىن قالغان كۆنلەردە، بىر مەزگىل تېڭىرقاپ قالغان بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئۇنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىردىن يۇغۇرۇلغان يۈرىكىگە قايتا ئوت تۇتاشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ بوستانغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشىدىكى رەزىل مەقسەتلىرىنىڭ بىرى كامىلنى يوقىتىپ نەفىسەنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. لاسكويدىكى ئەسىرلەرنىڭ قېچىشى، بولۇپمۇ كامىلدەك رەقىبىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇش خالىق ئۈچۈن ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان يوقىتىش بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بىر قىسىم چاپانچىلىرىنى بابا زۇڭىسى ئادەملىرىدەك ياساپ، ئۇلارنى ئىسيانكارلار سېپىگە سىڭدۈرۈپ كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

— بۇ ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشەنمەڭ،— دېدى كامىل پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ،— بۇنى سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— خالىقنىڭ كانۋۇيى نەبىدىن. . .— نەفىسە چېچىلدى،— ئۇ قايتا - قايتا: «كامىلكام شەھەرگىمۇ كىرمەي بىر مەزگىل يوشۇرۇنسۇن» دەپ تاپىلىدى.

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ پۇجىغا بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھاۋا ئارمىيە «752 - » قىسىمىغا كەتسەممۇ بولىدىغۇ؟

— ئۇ يەردىكى ئىسيانكارلار ئارىسىدا خالىقنىڭ ئادەملىرىنى يوق دېيەلەمسىز؟— نەفىسە يىغلىۋەتتى - دە، ھايا بىلەن يۈزىنى قاچۇردى، — بىلەمسىز

كامىل، سىز مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئەزىز...

— بولدى يىغلىماڭ نەفىسە، — ئىپپەتلىك قىزنىڭ جۈرئەت بىلەن قىلغان بىر ئېغىز سۆزى كامىلنى ئېرىتىۋەتتى، — مەن باراي، بىللە كېتەيلى...

— پۈجىدا هاجىم بوۋامنىڭ تۇغقانلىرى بار. ئۇ يەردە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن «ئەزگۇ تىلەكلەر» ناملىق داستانىڭىزنى قايتا باشلىيالايسىز...

كامىل بىلەن نەفىسە ئاتلىرىغا مىنىپ چۆل سايلىقىغا كىرىپ كەتتى. تىك كۆتۈرۈلگەن قۇياش دەشتى قۇمنى زەهىرى بىلەن قىزىتماقتا ئىدى. هۆلۈلدەپ ئۆرلەۋاتقان ئىسسىق قىزىق شامال بولۇپ يۈزلەرنى كۆيدۈرەتتى. تاشتۇز قېزىلغان ئورەكلەرگە هارماس چۆل شامالىلىرى ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم توپىلار تىقىلغان بولۇپ، يەردىكى قۇرۇپ كەتكەن تېزەكلەر ئەتراپىغا تېزەكچى قوڭغۇزلار توپلىنىۋالغانىدى. پاتمىچۇق، كەسلەنچۈكلەر يۇمشاق قۇمدا گۈلدار ئىزلارنى قالدۇرۇپ، يەر بېغىرلاپ يۈگۈرۈيتتى. تاش ئۈستىدە، قىپقىزىل ئاغزىنى ئېچىپ «تومۇز يەۋاتقان» كىلە كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە پەرۋاسىز تۇراتتى. ئۇلار قاقاس تاغلار، تاقىر تۆپىلىكلەر يانباغىرلىرىدىكى يوللاردا كېتىۋاتقىنىدا، ئاتلارنىڭ بويىنىدىن، قۇلاق تۈۋلىرىدىن ئاققان ئۆتكۈر پۇراقلىق ئاچچىق تەر هىدى دىماغلىرىغا ئۇرۇلدى. كۈن قايرىلىش بىلەن، يىلان باغرى تىك داۋانلار، چوڭقۇر جىلغىلار ئارقىدا قېلىپ، كامىل هەم نەفىسە لاگرۇ دەپ ئاتىلىدىغان تاغلىق يېزىغا كىرىپ كەلدى. پاخال ساتمىلار، ئازغان تۈپلىرى قاتارلىرى، تاش - كېسەكلەردىن ئىهاتە قىلىنغان تارقاق هويلىلار، چىلە پۇراپ تۇرغان ئۈستى ئوچۇق ئېغىللاردىكى ئات - كالىلار، قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن بۇلتۇرقى ئوت دۆۋىلىرى، كوچىلاردىن كېلىۋاتقان كۆكۈم هىدى بۇ يەرنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كۆرۈنۈشى ياۋاش، پاخپاق تاغ ئىتلىرى ياتلارنىڭ هىدىنى ئالغان هامان، داپشىنىپ كېلىپ تالايتتى، ئاتلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە قوغلاپ كېلەتتى. هويلا - ئاراملار بارغانسېرى زىچلىشىپ، تاغ يامرىلىدىكى لاگرۇ گۈڭشېسىنىڭ ئىشخانىلىرىمۇ كۆرۈندى.

ئاتلار قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، يەنە بىر ئاش پىشىم ۋاقتى يورغىلىدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، قارنىلىرى ئىچىگە تارتىلغانىدى، هەدەپ يول قاسىنىقىدىكى ئوتلارغا، باشلىرىدا سۆرۈلۈپ يۈرگەن كۆچەت تاللىرىغا ئېغىز سالاتتى، ئېغىزدۇرۇقلىرىنى كاراسلىتىپ چاينايتتى. ئۇلار يۇلغۇن، قارىياغاچ، توغراقلار شالاڭ ئۆسكەن سايدىكى

سۇپسۇزۇك ئېقىندىن كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن، پوپۇنا نامىلىق تاغلىق كەنتنىڭ چېگرد-
ىسىغا قەدەم ئالدى. بايىقى ئېقىن ئىككى تەرىپى تىك چېقىل ئوتتۇرىسىدا ئېقىۋاتاتتى.
سۇ ناھايىتى تېز ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، ئانچە چوڭقۇر بولمىغاچقا، ئاستىدىكى تاشلار
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاتلار سۇ كېچىپ ئۇ قاسىناققا ئۆتتى.

— نەفىسە، مەشەدە ئاتلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇۋالساق قانداق؟ — دېدى كامىل
تىك تاغلاردىكى يايپېشىل چاتقاللارغا قاراپ، — بىچارىلەرگە ئۇۋال بولدى.

— ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قورام تاش يېنىدا بىر بۇلاق بار، — نەفىسە جىلغا
ئوتتۇرىسىدا چوقچايغان ئالامەت زور قارا تاشنى كۆرسەتتى، — ئاشۇ يەردە بىردەم ئارام
ئالايلى.

كامىل بىلەن نەفىسەنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ، كۆزلىرى ئېلىشىپ كەتكەن بولسى-
مۇ، چاندۇرمىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇلار كېچىچە ئەنسىزچىلىكتە، قورقۇنچلۇق
ھاياجان ئىلكىدە ئۆتكەچكە، نان - ئوزۇق ئېلىۋېلىشنىمۇ ئونتۇغانىدى.

قورام تاش تۈۋىدىكى بۇلاق يېنىدا بىر تۈپ مۇشا (تاغ سۆگىتى) مۇ بار ئىدى.
پۇتلىرى ئاغرىپ كەتكەن كامىل يەرگە چۈشكەندە، ماڭالمايلا قالدى. ئۇ ئاتلارنىڭ
ئېغىزدۇرۇقىنى چىقىرىپ، بويىنىغا ساڭگىلىتىپ قويدى - دە، خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ
چۈشۈردى. ئاتلار ئاچكۆزلۈك بىلەن بۇلاق ئېقىنىغا باش سوزدى.

— ئاتلارغا قوناق بىلەن ئارپىنى نېمىدە يېگۈزەرمىز؟ — دېدى كامىل ئەتراپىغا
قاراپ، — داستىخاندەك بىرەر نېمە بولسا بەك ياخشى بولاتتى.

— بىلمىدىم، — نەفىسە خۇرجۇننىڭ بىر پېيىنىڭ ئىزمىسىنى يەشتى، — قاراڭ،
بۇ يەردە ئىككى تۇۋرىمۇ بار ئىكەن...

— ئەمدى ياخشى بولدى، — كامىل تۇۋرىلارنى قولىغا ئالدى.

— قاراڭ! — نەفىسە خۇرجۇننىڭ يەنە بىر پېيىدىن بىر تۈگۈنچەكنى سۇغۇرۇۋال-
دى، — بۇ داستىخانغا ئورالغىنى نېمىدۇر؟

— ياشاپ كەت ئېزىز تارمۇش! — كامىل داستىخاننى ئېچىپلا ۋارقىرىۋەتتى،
ئۇنىڭدا تۆت دانە كاكچا نان تۇراتتى، — ھەي، ھەي... دېھقان دېگەن
نەگە بارسا ناندىن ئايرىلالمايدىغان خەق. قارا بۇ تارمۇشنى! شۇنچە ئەتراپ-
لىق ئويلاشقىنىنى...

— قورسىقىڭىز بەك ئېچىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى نەفىسە تۇۋرىلارغا

ئۇچۇمداپ بوغۇز قۇيۇۋېتىپ، — قاراڭ، كۆزلىرىڭىزمۇ كۈلۈپ كەتتى. . .

— شۇنداق پەرىشتەم، سىزنىڭ ئاچمىغاندەك قىلىدۇ. . . بىراق كۆزىڭىز ناندا. . .

نەفىسە مۇھەببەتنىڭ مېھىر ئوتلىرى چاچرىغان سىياھتەك قارا كۆزلىرى بىلەن كامىلغا قارىدى ـ دە، تاغ گۈللىرىدەك قىزىرىپ كەتتى. دەرۋەقە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. ھەتتا، كامىل ئات ئۈستىدە كېلىۋېتىپ، ياۋا ئالما، ياۋا قارىئۆرۈكلەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ، نەفىسەدىن يوشۇرۇن چايناپ باقتى. بىراق، شۇ ھامانلا تۈكۈرۈۋەتتى. چۈنكى ئۇلار بەك قىرتاق ھەم ئاچچىق ئىدى. ئۇلار ئاتلارنىڭ بېشىغا تۇۋرىلارنى كىيگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، بۇلاق بېشىدىكى تاشلاردا ئولتۇردى. كامىل سۈپسۈزۈك سۇغا ناننى تاشلاپ، ئېقىپ كەلگەن ھامان بىر چىشلەپ قويۇپ، ئۇنى يەنە بۇلاق كۆزىگە ئاتاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغان نەفىسە قولىدىكى ناننى ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناپ خىيالغا كەتتى ۋە قۇمقايىغاندىكى ئورما ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇ چاغدا، كامىل نېنىنى دەريا ئېقىنىغا تاشلاپ ئايىقىدىن سۇزۇۋېلىپ، يەنە ئاتقاندى. . .

— نېمە ئويلاۋاتىسىز نەفىسە؟ — كامىل ئۇنىڭ بۇلاقنىڭ بولدۇقلاپ تۇرغان كۆزىگە تىكىلىپ قالغان خۇمارلىق كۆزلىرىگە قارىدى،— چىرايىڭىزدىن بىلدىمكى، چوقۇم تاتلىق بىر ئىش يادىڭىزدىن كەچتى. . .

— قۇمقايىغاندىكى ئورما ئېسىڭىزدىمۇ؟— نەفىسە يېقىملىققىنە كۈلۈمسىرىدى،— مەن سىزنى: «قېنى، داستىخانغا كېلىڭ! » دېسەم، سىز: «ئاپلا، نېنىم ئۇۋىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ . . .» دېگەنىدىڭىز. . .

— شۇنداق غەمسىز، ئەندىشىسىز، ھەم كۆشەندىسىز ئاجايىپ كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى! — كامىلمۇ سۇغا تىكىلدى،— سىز قوللۇرۇمغا كىرگەن تىكەننى بىر ـ بىرلەپ ئالغانىدىڭىز. . .

— ئاندىن كېيىنچۇ؟ . . .

— مەن خاتىرەمگە ھېلىقى قاملاشمىغان شېئىرنى يازغانىدىم. . .

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ مەن ئۇ شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارغىنىم يوق. . .

— ئاخىرقى كۇپلېتىنى دەمسىز؟ — كامىل بىر دەقىقە ئويلاندى،— ئۇ مۇنداق

يېزىلغانغۇ دەيمەن:

ئەمما مۇھەببەت ئوقۇغىنىڭ دەردى،
يۈرەكنۇ باغرىمنى قىينار بىئامان.
بۇ دەرد ھەم ئۆزگە سىنىڭدىن شىپا —
تاپار قوللۇرۇمدەك قايدا ۋە قاچان؟ . . .

تۈنجى مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشۋاتقاندەك ھاياجان ئىلكىدە كامىلنىڭ نەپسى بوغۇلدى. ئوتلۇق كۆزلىرى سىرلىق نۇر ئىلكىدە ياندى. قىزنىڭ ھايا بىلەن چىرايلىق كۆكسىگە ئېگىلگەن بېشىنى، يۈرىكىدىكى تېشىغا تېپىلمەيۋاتقان ئوتتىن سۇس تىترەۋات-قان نازۇك بەدىنىنى. . . قىزىل ئەتلس كۆڭلىكىدىن رەڭ ئالغان رۇخسارىنى كۆرگەن كامىل نەفىسەگە يېقىن سۈرۈلدى ـ دە، ئۇنىڭ مۈرىلىرىدىن سىيلىققىنا قۇچاقلىدى.

— ئاھ، نەفىسە، بۈگۈن بىزنىڭ تويىمىز بولىدىغان. . . چىمىلدىق ئىچىدە پەرىز، سۈننەتلەرنى ئادا قىلىدىغان خاسىيەتلىك ۋە ئۇلۇغ كۈنىمىز ئىدى. . . — كامىل نەفىسەگە ئوخشاشلا تىترەۋاتاتتى. . . — بىراق، تاغ ـ تۈزلاردا تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈپتىمىز. . .

— نېرى ئولتۇرۇڭ! ئادەم كېلىۋاتىدۇ. . .

بىرنەچچە قوي ـ ئۆچكىلەرنى ئالدىغا سالغان بىر ئاتلىق ئادەم يولغا ئۇسۇپ چىققان قىيالىقتىن قايرىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ماللىرىنى «ھايت ـ ھۇيت» دېگىنىچە سۈدىن ئۆتكۈزۈپ يېتىپ كەلدى ۋە بۇلاق سۈيىدە نان يەۋاتقان قىز ـ يىگىتكە قاراپ: «ھارماڭ-لار!» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

كامىل تاغلىق ئادەم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، «ئۇھ» دەپ قويۇپ، يەنە خىيالغا پاتتى. نەفىسە بىلەن تونۇشقان ئاشۇ يىللاردىن بېرى، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ، مۇرات ۋە زۇمرەتلەرنىڭ ھەم شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي يوللىرى، ھىجران قايغۇلىرى، چەككەن ئاھۇ پىغانلىرى، دوستلىرىدىن ئايرىلىشتەك ئېغىر مۇسىبەتلەر، شادلىققا تولغان سائادەتلىك كۈنلەر، كامىلنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە ئۆز سىماسىنى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدە، نەفىسەنىڭ ئورمىلىقتا يازغان جاۋاب شېئىرى ئېسىدىن كەچتى. . .

— ئۈتكەن كۈنلەرنى ئويلىسام، — دېدى كامىل نەفىسەگە ھەسرەت بىلەن قاراپ، — سىزنىڭ يازغان شېئىرىڭىزنىڭ ئۈچىنچى كۇپلېتى ھەققىي، چىن سۆيگۈ مەنزىلى ئۈچۈن چىقىرىلغان پەلسەپىۋى يەكۈن ئىكەن...

كامىل شېئىرنى مۇڭلۇق ھېسسىيات بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

ۋە لېكىن، ۋىسالنىڭ مەنزىلى يىراق،
ئۇنىڭغا يەتمەكلىك ئەمەستۇر ئاسان.
ھىجران چۆللىرىنى كەزمىگەن ئاشىق،
ۋىسال مەنزىلىدىن تاپالماس نىشان!...

بۇلاق بويىدا دەم ئالغاچ ئازغىنا مۇڭداشقان كامىل بىلەن نەفىسە لىپپىدە يېنىكلەپ قالدى. بۇلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئاتلىرىغا مىنىشتى. قورسىقى تويۇپ، سۇغا قانغان ئاتلار پۇشقۇرۇپ ۋە تاشلارنى شاراقلىتىپ، جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. قۇياش ئېگىلىپ، ئارقىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا قونغانىدى. پوپۇنا كەتتىنىڭ ئۆيلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىككى تەرەپتىكى تاغ يامزاللىرىدا، چاكاندا، يانتاق، بۆرە قوغۇنى، ياۋا پىچانلار قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، تومشۇقلىرى قايرىلىپ قىپقىزىل يېرىلغان ئىت تاۋۇزلىرىنىڭ بارماقتەك كۆپكۆك خەمەكلىرى مارجاندەك ئېسىلىپ تۇراتتى. قازاندەك چوڭقۇر تاغ ئاسمىنىدا، بىرنەچچە سار قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. شورلىشىپ كەتكەن ھەلقۇمىنى لىپىلدىتىپ قورام تاشلارغا قونۇۋالغان قارا تازلار تاپ ھىدىنى ئالغاندەك، پەسلەرگە قارىماقتا ئىدى. كامىل بىلەن نەفىسەنى پوپۇنا كەتتىنىڭ ئىتلىرى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا قاۋاپ قارشى ئېلىشتى... چارۋىچىلارنىڭ ساي ئوتتۇرىسىدىكى ئېقىنىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان ئۆيلىرىدىن چاچلىرىغا ئاق تەگكەلەرنى ئاسقان قىزلار، بېشىغا ئۇزۇن نىياز چېچى قويغان ئوغۇل باللار، تاغ تەلپەكلىرىنى قىرلاپ كىيگەن قېرىلار، كەڭ ياسمانە چىت كۆڭلەكلەرنى كىيگەن ئاياللار، كۆزلىرىگە ياتلا كۆرۈنگەن بۇ ئىككى شەھەرلىككە قارىماقتا ئىدى.

نەفىسە پوپۇنا كەتتىدىن چىقىپلا، ئېتىنى چاتقاللىق ئىچىدىكى چىغىر يولغا قايرىدى. كامىل ئالدىدىكى تىكەنلىك ياۋا جىگدە، ياۋا بادام، ياۋا قارىئۆرۈك شاخلىرى

بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن توقايلىقتا قارىدى.

— نەفىسە، چوڭ يول ئاۋۇ تەرەپتە قالدىمۇ؟ — دېدى كامىل ئاتنىڭ بويىنىغا يېتىۋېلىپ، — يولدىن ئادىشىپ قالمىغانسىز؟

— جىلغا ئىچىدىكى يول بىلەن ماڭساق، يول بىر سائەت ئۇزىراپ كېتىدۇ، — نەفىسە يەرگە چۈشۈپ ئېتىنى يېتىلىۋالدى. بۇنى كۆرگەن كامىلمۇ چۈشتى، — قاراڭ، ماۋۇ ئالدىمىزدىكى داۋاندىن ئۆتۈۋالساقلا يۈجى كەنتىگە يېتىپ بارىمىز.

كامىل داۋانغا قاراپ، ئۇنىڭغا چىقىشقا كۆزى يەتمىدى. گەرچە ئۇ تولىمۇ ئېگىز بولمىسىمۇ، ئەمما بەك تىك ئىدى. ئىككى تەرىپى بۈك چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولغا قارىسا، ئادەمنىڭ دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. نەفىسە ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتتى - دە، «چۇھ» دەپلا قامچا ئۇردى. ئات خارتىلداپ، توپىلارنى تىلغاپ، داۋانغا چىقىشقا باشلىدى. نەفىسە پات - پاتلا «چۇھ، ھە، جانىۋار. . . قېنى ئەمىسە! . . .» دەپ قوياتتى. ئۇ داۋان ئۈستىگە چىقىپ بولۇپ، پەسكە قاراپ كۈلدى.

— مەن يېنىڭىزغا چۈشەيمۇ؟ — نەفىسە قولىنى كارناي قىلىپ ۋارقىرىدى.

— ياق، بولدى، ئۆزۈم چىقاي، — كامىل نەفىسەنى قايتا چۈشۈرۈشكە نومۇس قىلدى ۋە بايىقى ئۇسۇل بويىچە داۋانغا ياماشتى. ئۆز ھەمراھىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تەمشىلىپ تۇرغان ئات داۋانغا سەكرەپ - تاخلاپ چىقىپ كەتتى. . .

— ئاتنى تېزەكلەپ قويارمىكىن دەپ بەك ئەنسىرىدىم، — دېدى كامىل داۋانغا چىقىپ بولۇپ، — بولمىسا ئىشنى ئوخشىتاتتى.

— ئۇ چاغدا، — نەفىسە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — مەيدىڭىزنى ئوغۇتلاپ، قوناق تېرىغىلى بولاتتى، — ھا. . . ھا. . . ھا. . .

— سىز بىر پارچە يەرگە ئىگە بولۇپ قالاتتىڭىز، ھا. . . ھا. . . ھا. . . — كامىلمۇ كۈلمەكتە ئىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم نەفىسەنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاۋاتاتتى. يەنە كېلىپ، بۇ ئۇنداق - مۇنداق ئاددىي چاقچاق ئەمەس ئىدى. تۈز - تەمى قاملىشىپ كەلگەن ئوخشىتىش ئىدى. . . ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرى قاتمۇقات تاغلاردىن ئەكس سادا بولۇپ يېنىپ، مىڭلىغان ئاۋازلارغا ئايلاندى. بۈك چاتقاللىقلار ئارىسىدىن تاغنىڭ چاڭ - قاغىلىرى، سېغىزخان، سۈپسۈپىياڭ، ئۇلا ۋە يەنە قانداقتۇر قۇشلار ھەرخىل ئاۋازلاردا سايراپ، ھۈركۈپ، پالاقلاپ ئۇچۇپ چىقىشتى.

— ئەجەپ ئەپلىك يەر بولاتتىڭىز، — نەفىسە مەيدىسىنى تۇتۇپ كۈلمەكتە ئىدى، — ئاتىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويسىلا ئوغۇتلىنىدىغان!... ها... ها... ها...

— لەۋلىرىڭىز بىلەن سۇ باشلاپ... مەھسۇلاتلىرىڭىز ئوخشاپ كېتەتتى - دە... ها... ها... ها...

كۈلۈپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. كامىلنىڭ ئاخىرقى چاقچىقىدىن تەنلىرى جىمىرلاپ، يۈرىكى ئويناپ كەتكەن نەفىسە قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئارقا - ئارقىدىن قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى توختىتالماي، ئاغزىنى تۇتۇۋالغانىدى...

... ئەي ئاسمىنى كەڭ، باغرى پىنھان، ساپ ھاۋاسى مۇھەببەتلىك دىللارغا مەلھەم تاغلار!... ئۆمرىدە ئۈنلۈكرەك گەپ قىلمىغان، ئاۋاز چىقىرىپ كۈلمىگەن، بىر كىمگە قاش كۆتۈرۈپ تىكىلىپ باقمىغان، مەخلۇقاتتىن ئۇيۇلۇپ، ئۆز كۆكسىدىن باشقا يەرگە قارىمىغان بىر تالىپە قىزنى قانداقلار قىلىپ بۇنداق شوخلاشتۇرۇۋەتتىڭ؟... ياكى ئۇنىڭ قەلب سارىيىغا قاناتلىق شوخ پەرىشتىلەرنى كۆچۈرۈپ كەلدىڭمۇ؟... ئۇنىڭ كۈلكىدىن نۇرلانغان چېھرىگە، شادلىقتىن لەرزىگە كەلگەن نازۇك سىماسىغا، ئاجايىپ سېھىرلەرنى يوشۇرغان كۆزلىرىگە، كامىل ئەمەس، سەندىكى گۈل - گىياھلار، مەسۇم تاللار، ئەۋرىشىم سۇمبۇللار، ھەتتا ئۇچار قۇشلىرىڭمۇ ھەيران!... قارىغىنا، بۇ تالىپە قىزنىڭ مۇھەببەت ناۋالىرىغا تولغان يېقىملىق كۈلكىسىدىن تاغ سۇلىرى كۈندەشلىك گىردابىدا شاۋقۇنلاۋاتىدۇ... بۇغا - ماراللار رەشىك ئوتىدا مۈڭگۈزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىۋاتىدۇ... قورام تاشلىرىڭمۇ تولغىنىپ ۋاك قىلىپ يېرىلدى!...

دەرھەقىقەت، ھۆسن كامالىغا يەتكەن، بەدىنى تولۇپ يېتىلگەن نەفىسە ئادەمسىز، سىرلىق تاغ ئۈستىدە ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ئەمەس، بەلكى غايىۋى بىر كائىناتتا تۇرغاندەك ھېس قىلغانىدى. ئادەم ئايىقى باسمىغان چاتقاللار، ئەسىرلەردىن بېرى ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي ئورمانلار، دېڭىز داۋلىرىدەك ئېگىز - پەس چوققىلار، باش قايغۇدەك قىيالىقلاردا بىر تاللا يىلتىزى تۇتۇپ قالغان قارىغايلار، قاراڭغۇ غوللاردىن پەلەككە سوزۇلغان ياپيېشىل بۇلۇتتەك توقايلىقلار نەفىسەنىڭ قەلب خەزىنىسىدىكى قىياندەك تولغان ھېس - تۇيغۇلىرىنى يار ئالدۇرۇۋەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەتراپىد-

ـكى بۇزۇلغان ھاۋا، ھەممىنى ۋەيران قىلغۇچى ئادەم، ئوق ـ دورا پۇسلىرى، قان ھىدى، غەيۋەت ـ شىكايەت، ھىيلە ـ مىكىر، غەۋغاغا تولغان دۇنيا بۇ يەردە يوق ئىدى! . . . پەقەت ئۇ يۈرىكىدىن تەلپۈنگەن، قەلب سارىيىنىڭ سۇلتانى بولغان كامىل ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى! . . .

— نەفىسەم! مېنىڭ نەفىسەم! . . .

كۆلكىدىن ياشلانغان كۆزلەر بىر ـ بىرىگە مەنىلىك تىكىلدى. ئۇلار ئىككىسى ئاستا قۇچاقلاشتى!

كامىل بىلەن نەفىسە ئاتلىرىغا مىنىپ، بارغانسېرى پەسلەۋاتقان چىغىر يولغا چۈشتى. لاگىرۇدىن باشلاپ تاغ ئىچىگە كىرگەندىن بېرى، ئەڭ كۆپ ئۇچراۋاتقان نەرسە ياۋا بادام بىلەن ياۋا قارىئۆرۈك ئىدى. قارا مارجاندەك ئېسىلىپ كەتكەن قارىئۆرۈكلەر ئاتنىڭ تۆش ۋە تېقىملىرىغا تېگىپ تورۇكلاپ تۆكۈلەتتى. ئۇلار يەنە جىلغا سايلىقىغا قەدەم ئالدى. بۇ بايىقى ماڭغان جىلغىنىڭ داۋامى ئىدى. ئەسلىدە لاگىرۇ، پوپۇنا، پۇجىلار تاغ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جىلغا ئىچىدە بولۇپ، كۆمۈش لېنتىدەك چوڭ ئېقىنـ ـنىڭ ئوڭ ھەم سول تەرەپلىرىگە جايلاشقانىدى. ھەرقانداق يولۇچى تاغ سۈيىنى كېچىپ ھېلى ئۇيانغا، ھېلى بۇ يانغا ئۆتۈپ ماڭاتتى. پۇجى — تاغ باغرىنى ياقىلاپ سوزۇلىدىغان ئۆزى تار، لېكىن ئۇزۇن كەنت ئىدى.

— نەفىسە، بۇ تاغلىق كەنتلەر سىزگە بەش قولدەك تونۇش ئىكەن، — دېدى كامىل پۇجى كەنتىگە كىرىپ كەلگەندە، — شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ يەرلەردە خېلى ئۇزۇن تۇرغاندەك قىلىسىز. . .

— مەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، رەھمەتلىك ھاجىم بوۋام ھەر يازلىق تەتىلدە مېنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلەتتى، — نەفىسە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ كامىلغا يانداشتى، — مېنىڭ بالىلىق خاتىرىلىرىمگە ئۆچمەس ئىزلارنى سالغان بۇ يەرلەرنى زادىلا ئۇنتالمايمەن. . .

— پۇجىدىكى تۇغقانلىرىڭلار ئانا جەمەت تەرەپتىنمۇ ياكى ئاتا جەمەت تەرەپتىنمۇ؟

— ھاجىم بوۋامنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى بولىدۇ، — نەفىسە پەخىرلەنگەن ھالدا قوشۇپ قويدى، — ئۆز زامانىسىدا بوۋام بىلەن بىللە ھەج تاۋاپ قىلغان. پۇجىدا قەلەمخان ھاجى ئايىم دېسە، ئۇنىڭ ھۆرمەت ـ تۆسپىنى قىلمايدىغانلار يوق. . .

— ھاجى ئانىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىر كىم باردۇر؟ . . .

— ئىككى قىزى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەن، باشقا كەتلەردە. يېنىدا بىر ئوغلى بار، تاغدا مال باقىدۇ، ئۇ ئوغلىنىڭ ئايالى سانىخان ھاجىم مومامنىڭ قېشىدا. . .

تاغ كەتتىنى كۆكۈم تۇمانلىرى قاپلىغاندا، كامىل، نەفىسەلەر قەلەمخان ھاجى ئايىمنىڭ قورۇسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. ئىشىك زەنجىرى ئۇرۇلۇشى بىلەن، ئوتتۇرا بوي، قارا قۇمچاق، ئوتتۇز سەككىز ـ قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ تەمتىرەپ قالغىنىدىن دەماللىققا توختاپ قالدى.

— ۋاي خۇدۇيۇم. . نەفىسە خېنىميا بۇ! . . . — ئايال ئىشىكنى يوغان ئاچتى ۋە نەفىسەنى قۇچاقلاپ، مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە ياقتى، — تېخى ئانىكام قاق مەلىدە (تاڭ سەھەردە) نەفىسە خېنىمنى چۈشەپ قاپتىمەن دەپتى. . . بايا شۇ كارامەت كۆرۈپ- تىكەيىيا! . . .

— سانىخان ئاچا، ئۆزلىرى ئوبدان تۇرغانلا؟ ھاجى ئانام، باللار تىنچلىقتۇ؟ — نەفىسە ئاتلارنى ھويلىدىكى مومىغا باغلىدى، — مەڭلىك ئاكام بارمۇ ياكى يايلاقتىمۇ؟

— ھەممىسى تىنچلىق، — سانىخان مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى، — ئاكىمىز چوڭ ئوغلۇم بىلەن يايلاقتا، قىزىم تەتىل بولغاچقا، پوپۇنىغا ئانامنىڭ قېشىغا كەتتى.

ھويلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە چوڭ سېلىنغان ئۈچ ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى- سى دەھلىز ئىدى، سول تەرىپىدە سانىخان ئەر ـ خوتۇن ئولتۇراتتى، ئوڭ تەرەپتىكى چىرايلىق ياسالغان مېھمانخانا قەلەمخان ھاجى ئايىمنىڭ ھۇجرىسى ئىدى، ھويلىنىڭ دەرۋازىغا ئۇدۇل كېلىدىغان تاغ يامزىلىنى كېسىپلا چۈشۈرگەن تەرىپىدە يەنە كىچىكرەك ئۈچ ئېغىز ئۆي تۇراتتى.

مېھمانخانىغا تىكىمەت كىگىز سېلىنغان بولۇپ، تۆردىكى يوغان بۇغا تېرىسى ئۈستىدە، بىر موماي ياستۇققا يۆلەنگەن ھالدا، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. گەرچە ئۇنىڭ چاچلىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، سىدام، پارقىراق ئاق يۈزىگە ئانچە قورۇق چۈشمىگەنىدى.

— ئانىكا، — دېدى سانىخان مومايغا ئېگىشىپ، — نەفىسە خېنىم ئېرى بىلەن ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەپتۇ. . .

سانىخاننىڭ گېپى تۈگىمەيلا، نەفىسە يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، مومايغا

ئۆزىنى ئاتتى.

— ھاجى ئانا!... — نەفىسە يىغلاپ تۇرۇپ موماينىڭ يۈزلىرىگە سۆيدى، — خىزمىتىم بەك ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھان مالىمان بولۇپ كېتىپ، يوقلاپ كېلەلمىدىم.

— كېرەك يوق بالام... — بۇ پانىيدا ھەممىمىز تېرىكچىلىكنىڭ غېمىدە ئالدىراپ-لا ئۆتىدىكەنمىز، — موماينىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈندى، — تەمەت ئۇنتۇپلا كەتمىسەڭ بولغىنى... مانا توي قىلىۋاپسەن، مۇبارەك بولسۇن! يېشىڭمۇ توي قىلىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەن... ھە، بۇ كۈيئوغۇل بالىمىزمۇ؟...

— ھاجى ئانا، تەنلىرى ساق، ئۆزلىرى ئوبدان تۇرەلىمىكى؟ — كامىل موماينىڭ قېشىغا كەلدى، — نەفىسە داۋاملىق ئۆزلىرىنىڭ تۆسپىلىرىنى قىلىپ تۇردى. بىراق ۋاقتىدا كېلەلمىدۇق، ئەپۇ قىلارلا...

— ۋاي، ئۇنداق بولامدىغان، مانا كەپسىلەر، مۇشۇنىڭ ئۆزى ياد ئېتىپ تۇرغىنىڭ-لار ئەمەسمۇ؟ ئىسىم - شەرىپلىرى نېمە بولىدىكىن بالام؟...

— كامىلاخۇن، — نەفىسە ئىتتىكلا جاۋاب بەردى.

«بالا — قىلغان ئىشى چالا» دېگەندەك، كامىل بىلەن نەفىسە ئۇنتۇرا كىچىدىن ئەتىسى گۇگۇمغىچە سەپەرداش بولۇپ تۇرۇقلۇق، «قەلەمخان ھاجى ئايىمنىڭ ئۆيىگە نېمە دەپ بارىمىز؟ سىز كىم بولىسىز، مەنچۇ؟» دېگەنلەرنى زادىلا ئويلاشماپتۇ. خۇددى ئۇلار يۈجىننىڭ مۇئەللىملىرىدەك: «بالا يىغقىلى چىققان، ئۇسساپ قالدۇق...» دەپ كىرىپ كەلگەندەكلا ئىش قىپتۇ. ئۆز بويلۇق بولغان قىز بالا بىر يىگىتنى تاغ ئاتلىتىپ ئەپقېچىپ يۈرسە، ئەلۋەتتە ھەممە كىشى ئۇلارنى ئەر - خوتۇن دەيدۇ - دە!... ئۇنىڭدىن باشقىچە چۈشەندۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس، بىر يىل ئىزىپ ئىچۈرۈپمۇ، بۇ مۇناسىۋەتنى نادان تاغلىقلارنىڭ قاتمال كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈش، ئۇلارنى قايىل قىلىش بەكمۇ تەس... كامىل نەفىسەنىڭ چىرايىدىن: «ئەمدى شۇنداق بولۇۋەرسۇن» دېگەن مەنانى سېزىپ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

سانىخان داستىخان سېلىپ، ئىككى ئاياق قېتىق ۋە سېڭىپ پىشقان ئارپا نېنى ئېلىپ كىردى. موماينىڭ ئالدىغا بىر پىيالە ئىسسىق سۈت قويدى. كامىل قەلەمخان ھاجى ئايىمنىڭ قورۇقسىز پارقىراپ تۇرغان بېجىرىم چىرايىغا قاراپ، «داۋاملىق سۈت

ئىچىپ بەرگەنلىكىنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. موماي يەتمىش بەش ياشنىڭ يۇقىرىسىدا بولۇپ، قاراشلىرى، گەپ - سۆزلىرى بەك تېتىك ئىدى. بىراق كامىل ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا يۆلەپ قويغان قولتۇق تايىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن كېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھاجى ئايىم ئاكىسى قۇتلۇق ھاجىمنىڭ ئۆلۈمىگە بارالمىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆز - ياش تۆكتى. . . سانىخان: «ئۇسساپ قالغانسىلەر، قېتىقتا باققاچ ئولتۇرۇڭلار. مەن سىلەرگە ھاردۇق ئېشى ئېتىپ بېرەي» دەپ چىقىپ كەتتى. موماي ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى سۆزلەپ، كامىلنىڭ ئۇرۇق - ئەجدادىنى سۈرۈشتە قىلدى. ئابدۇلەتىپ ئەمىر نەققاشنىڭ، قۇتلۇق ھاجىملار بىلەن بۇخارا، ئەنجانلاردا ياخشى بۇرادەرلەردىن بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. كامىل مومىسى خانىمزاتخان ئانىنىڭ ئۆز زامانىسىدا قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە تالىپەلەرگە مۇدەررىس بولغانلىقى، بۇخارا مەدرىسىدە بىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنى سۆزلىگىنىدە، ھاجى ئايىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، كامىلنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيدى.

— پاھ، پاھ، مۆرىۋەتلىك ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ پۇشتى ئىكەنلا بالام،— موماي نەفىسەگە قارىدى،— مانا ئىككىڭلار تاغنىڭ بىر جۈپ ئىپار كېيىكىدەك، چىرمىشىپ ئۆسكەن قوشماق سەرۋىدەك، بىر - بىرىڭلارغا شۇنداق يارىشىپسىلەر. . . خۇدايىم ئۆمرىڭلارنى ئۇزۇن، دۆلىتىڭلارنى پۈزۈن قىلسۇن، بەخت - ئامەتكە يار بولۇڭلار! . . .

نەفىسە شەھەردىكى ئېغىر ۋەزىيەتنى سۆزلەپ، كامىلنىڭ بۇ يەردە بىرنەچچە ۋاقىت تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ، موماي بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ: بىز تاغلىقلاردا «مېھمان كەلدى، بەرىكەت ياغدى، مېھماننىڭ رىزقىنى خۇدايىم بېرۇر. . .» دېگەن تەمسىل بار دەپ، نەفىسەنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

سانىخان ياپپاڭ ئاپقۇرلاردا ئۇگرە ئاش ئېلىپ كىردى. ئاش رەڭسىز، كۆكتاتسىز بولۇپ، ئاق چامغۇردىن باشقا نەرسە سالمىغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇستىگە سەپكەن ياپپېشىل يۇمغاقسۇتنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغلارنى غىدىقلاپ ئىشتىھانى ئاچاتتى. سانىخان بىر قوشۇقتىن قېتىق سېلىپ قويۇۋىدى، ئۇگرە ئاش ئاپئاق سۈت ئاشقا ئۆزگەردى.

— ئاتلاردىن خاتىرجەم بولۇشسىلا،— دېدى سانىخان بوسۇغىدا قول قوشتۇرغان ھالدا،— ئىگەر - جابدۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئېغىلدا ئوت سېلىپ بەردىم.

— سانىخان بالام، «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەن گەپ بار، — دېدى موماي كۆزلىرى ئېلىشىپ كېتىۋاتقان نەفىسەگە قاراپ قويۇپ، — بالىلىرىم ھېرىپ ئىلىكى ئۈزۈلۈپتۇ، ئۇلارغا چاي راسلاپ بېرىڭ...

نەفىسە ھاجى ئايىمنىڭ يېنىدا يېتىپ قالدى، كامىلغا تاغ يامزىلىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە ئورۇن تەييارلاپ بەردى...

ۋاقچىراق ئورنىدىن تۇرغان كامىل ھويلىغا چىقىپ باشقىلا بىر جاھاننى كۆردى. تاغ قۇياشى پۇجى كەتتىنى يارقىن نۇرلارغا تولدۇرغانىدى. ھويلا تاغ يامزىلىدا بولغاچقىمۇ، ئوتتۇرىدىكى چوڭقۇر ساي، تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۇ، ئۇ قاتتىكى قاتمۇقات چاتقاللىق تاغلار، بۇلۇت قونغان غوللار، سەكرىشىپ، قىيغىتىپ ئوتلاۋاتقان موزاي، قۇلۇنلار، تىزلىنىپ تۇرۇپ ئانىسىنى زوق-شوق بىلەن ئېمىۋاتقان قوزىلار ئايدىلەڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سايىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئېقىنغا توغرا قويۇلغان ياغاچ كۆۋرۈك خۇددى قەدىمكى رەسسىملەردىكى لىرىكىلىق مەنزىرىلەرگە ئوخشايتتى. تاغ سۈيى، قورام تاشلار قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ چاقنايتتى.

ھويلا ئازادە بولۇپ، تاش تام بىلەن ئورالغانىدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنلا سول تەرەپتىكى ئۈچ ئېغىز ھۇجرا، مېھمانخانىلارغا پاسىلداش تارچۇقتىكى غارالدىن مال ئېغىلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى پاكار ئۆيلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىكتىن ئارقىدىكى چاققانغىنا باغقا چىققىلى بولاتتى. باغنىڭ ئارقا پاسىلى تىك چۈشكەن قىيا تاشلىق بولۇپ، ساپسېرىق داتلاشقان تاش يېرىقلىرىدىن شىرقىراپ چۈشۈۋاتقان زۇمرەت سۈزۈك سۇ ئۇششاق كۆزلىرى بۇلدۇقلاۋاتقان بۇلاققا تۆكۈلۈپ، ئۇنىڭدىن ئۈنچىلەر چاچرايتتى. بۇلاقنىڭ ئايىغىدىكى ئارقاندەك كىچىك ئېقىن مەجنۇنتال تېگىدىكى كارىۋات ئاستىدىن ئۆتۈپ، ھويلىغا چىقاتتى ۋە تاش تامغا ئورنىتىلغان نو ئارقىلىق چوڭقۇر سايغا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ ئائىلىدىكىلەر يازدا سوغۇق، قىشتا يىلمان بولىدىغان مۇشۇ بۇلاق سۈيىنى ئىچەتتى.

كامىل سوغۇق بۇلاق سۈيىدە يۈزلىرىنى يۇيۇپ تۇراتتى، نەفىسە باغقا كىرىپ كەلدى. ئەتىگەنلىك چاي تەييار بولۇپ قالغانىدى.

— نەفىسە، — كامىل بىر تەرىپى قىزىل، بىر تەرىپى سېرىق بولۇپ پىشقان ئۆرۈكنى ئىما قىلدى، — خوتەندە ئۆرۈك تۈگىگىلى نېكەم؟ بۇ يەردە ئەمدى پىشىپتۇ.

— تاغ يېرى دېگەن شۇ، — نەفىسە قىزىل مارجاندەك ئېسىلىپ كەتكەن ئۇششاق ئالمىلارغا قارىدى، — قاراڭ ئالمىلىرىغا... ئەمدى يېتىلىۋېتىپتۇ، بەلكىم ئۇلارنى

كەچكۆزدە يېگىلى بولار.

ناشتا قىلغاندىن كېيىن، نەفىسە بىلەن كامىل تاغ ئارىلاپ كېلىشمەكچى بولۇشتى. تاغ ئارىسى نەم ھەم شاماللىق بولغاچقا، قورساق ئاسانلا ئاچاتتى. شۆگا، سانىخان ئۇلارنىڭ سومكىسىغا نان سېلىپ قويدى. ھويلىدىن چىققاندىن كېيىن، چىغىر يول بارغانسېرى پەسلەپ، چوڭ يولغا تۇتىشاتتى، ئاندىن تاشلىق سايغا، يەنە تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ، تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى.

ئۇلار ماللار ئوتلاۋاتقان ياپيېشىل ئېدىرلىقتا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىشتى. نەفىسە كامىلنى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى غولغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ چىرمىشىپ كەتكەن ئىرغاي، ئارچا، قارىياغاچ، قىرچىنتاللار يەنە قانداقتۇر دەرەخلەر-نىڭ تىكەنلىك شاخلىرىنىڭ قويۇقلۇقىدىن غولنىڭ ئىچى قاراڭغۇ ھەم نەم سالقىن ئىدى. ھېلىلا يامغۇر ياققاندەك، ياتتۇ چىغىر يوللاردا تېيىلىپ ماڭغىلى بولمايتتى. يەر ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇچاق يەتكۈسىز يىلتىزلار، يوغان قورام تاشلارنى خۇددى بوغما يىلاندەك چىرمىۋالغانىدى. ئورمان ئۇستىدە قانداقتۇر قۇشلار پالاقشىپ، ئۇ شاختىن ـ بۇ شاخقا ئۇچۇپ ئۆتۈشسە، قېلىن چاتقال ۋە ئېگىز ئۆسكەن سۇتلىگەن، ئەمەن، تىكەنلىك جىغانلار ئىچىدىن ئۇلارنىڭ «كۇ... كۇ... كۇ...» قىلىپ توختىماي سايرىغان ئاۋازى كېلەتتى. تۇيۇقسىزلا ئاڭلانغان قىرغاۋۇلنىڭ «قي... قي... قي» قىلغان ئۇزۇن ھەم چىرقىراق ئاۋازى ئادەمنى چۆچۈتىۋېتەتتى. ئۇنىڭغا جاۋابەن قىرغاۋۇل مىكىيىنىنىڭ «مەيلىڭ بولسا يېنىمغا كەل» دېگەندەك «قى ـ قۇۋ، قى ـ قۇۋ» دەپ چىللىشى ئاڭلىناتتى.

چاتقاللىق ئاخىرلىشىپ، يوپيورۇق ئوچۇقچىلىق كۆرۈندى. ئەتراپتىكى تاغلارمۇ ئانچە ئېگىز بولماي، خۇددى يۇقىرىدىن پەسكە قارىتىپ دۇخاۋا تارتقاندەك ياتتۇ ئىدى، كەڭ ئېدىرنىڭ ئىچى ئوت بىلەن قاپلانغانىدى. ئوتتۇرىدىكى كۆپكۆك ئىز بەلكىم يامغۇر، قىيان يولى بولسا كېرەك. قىياق، چىغىرتماق، چىغ قاتارلىق ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار، كەڭ قۇراقلىق پاقا يوپۇرماقلار، سۆسۈنە گۈللۈك قوڭغىراق تىكەنلەر گويا يىلاندەك تولغىشىپ ھەربىر غول، جىرالارغا كىرىپ كەتكەنىدى. يانباغىرلاردا، بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلغىلى بولمايدىغان ئىرەن بىلەن چىتەنلەر ئۆز ئاستىغا سالقىن سايىلەرنى تاشلىغانىدى...

— ئانا! — نەفىسە قاتتىق ۋارقىراپ كامىلغا ئېسىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئايىقى ئاستىدىكى چىغ تۈۋىدىن ئىككى ياۋا توشقان «پارت ـ پۇرت» قىلىپلا قاچقانىدى، —

بېشىڭنى يەيدىغان ئۆلگۈر، ئەجەپ قورقىتىۋەتتا؟ مەن تېخى بىرەر يىرتقۇچمىكىن دەپتىمەن.

— يىرتقۇچ بولغان بولسا ئېلىشاتتۇق، — دېدى كامىل مۇشتۇمىنى كۆرسىتىپ.

— قورۇق قولىڭىز بىلەنما؟ — نەفىسە كۈلدى.

— قاراڭ بۇ نېمە؟ — كامىل چاپىنى ئىچىدىكى خەنجىرىنى كۆرسەتتى، — بىرەر - ئىككىسىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىشكە ئەسقاتار؟ . . .

— قاچان ئېلىۋالغانىدىڭىز؟

— ئۈلۈشكۈن ئاخشام سىلەرنى شەھەرگە ئەپكېتىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم، — كامىلنىڭ قارا قاشلىرى تۈرۈلدى، — بىراق ئامۇتلۇقتا كېلىشىمگە بىرمۇنچە قورالىقلار قورشىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى خەنجەر ئارقا تەرىپىمدە كەمەرگە قىستۇرۇقلۇق بولغاچقا، ئۇلار تاپالمىدى.

— قورالغا قارشى پىچاق كۆتۈرۈش، — دېدى نەفىسە تەنبىھ بېرىپ، — ئەخمەقنىڭ ئىشى بولاتتى.

ئۇلار قول تۇتۇشۇپ رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان قىرلارنى، ئالاقمت، زىخ، بۆلدۈرگەن، ياۋا قارىئۆرۈك قاپلىغان جىلغىلارنى ئايلىنىپ، ئاق غوللۇق تۇخۇمەك ئورمانلىقىغا چىقىپ قالدى. تۇخۇمەكنىڭ قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغان بۇغا مۈڭگۈزىدەك شاخلىرىدا بىرمۇنچىلىغان قارا تازلار پەيسىز بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئولتۇراتتى، پەستە بولسا يەنە بىر توپى، تاغدىن غۇلاپ ئۆلگەن مارالنىڭ تاپىنى تالىشىپ قانات قېقىشاتتى، چىرقىرىشىپ ئۇنى چوقۇلىشاتتى.

— مەن كىچىك ۋاقتىمدا، ھەر يازلىق تەتىلدە، تاغلىق قىزلار بىلەن مەشلەردە قوغلىشىپ ئوينايتتىم، — دېدى نەفىسە، — ئۇ تاتلىق كۈنلەرنى ھەرگىز ئۇنتالمايمەن. . .

— ئاشۇ دوستلىرىڭىزنى يوقلاپ قويساق بوپتىكەن، — كامىل نەفىسەگە قارىدى، — بالىلىق ۋاقتىدىكى دوستلار كۆڭۈلدىن چىقمايدۇ.

— ھەي! . . . — نەفىسە چوڭقۇر تىنىپ كۆك ئاسمانغا قارىدى، — ھازىر ئۇلار نەچچە بالىلىق بولۇپ، قايسى كەنت، يېزىلارغا ياتلىق بولۇپ كەتتى، كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ بۇ يەرلەردە قىزلار ئون تۆت - ئون بەش ياشقا كىرگەن ھامانلا توينى قىلىۋېتىدۇ. . .

— كونا ئادەت كۆچلىرى بولۇپمۇ قىزلار ئۈچۈن بىر كىشەن - دە! . . . ئۇلارنىڭ

تەقدىر ـ ئىقباللىرىنى ھېچكىم ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ. . .

— جۇرۇڭ، مەن سىزنى بىر يەرگە باشلاپ باراي، — نەفىسە كامىلنىڭ قولىدىن تۇتتى، ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى باشقىلا بىر قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى، — كۆرسىڭىز كۆزلىرىڭىزگە ئىشەنمەيسىز. . .

چۈش پېشىندىن ئۆتۈپ، كۈن قايرىلغانىدى. ئۇلار غەم ـ غۇسسىسىز ھالدا تاغ مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى. نەفىسە بىرنەچچە قىيالىق ۋە جىراالاردىن ئۆتۈپ، كامىلنى ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەم چۆكۈرگۈدەك ئوت ـ گىياھلار قاپلىغا باشلاپ كىردى. ئۇلار شەبنەم چاچراپ تۇرغان ياپراقلارنى قايرىپ، چىغىر يولدا يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىلىرىدا «بۇلدۇق، بۇلدۇق. . . » قىلغان روشەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇلدۇقلىغان ئاۋاز بەش قەدەم ئارىلىقتىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدىغان سۈتلىگەن، ئەمەن، ياۋا كەندىرلەر ئۆسۈپ كەتكەن چېقىل تۈۋىدىن كېلىۋاتاتتى.

كامىل دۈبدۈگىلەك بۇلاقنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىۋەتتى. بۇلاقتا پەقەت بىرلا كۆز بولۇپ دەم توختاپ، دەم ئېتىلىپ چىققان سۇ چەشمە زىلال بولۇپ بىرنەچچە غېرىچ كۆتۈرۈلەتتى ـ دە، چېقىلنىڭ سىدام تاشلىرىغا ئۈنچە ـ مارجاندەك چېچىلاتتى. ئۇلار بۇلاق ئەتراپىدىكى تاشلاردا ئولتۇرۇشتى. . .

— ھەقىقەتەن كۆرستەي دېگىنىڭىزچە بار ئىكەن، — دېدى كامىل بۇلاققا زوقلىنىپ، — بۇ بىر كارامەت ئىكەن. . . قاراڭ، مەرۋايىتتەك تامچىلارنىڭ چاچرىشىنى! . . .

— سىزگە دېمەكچى بولغىنىم بۇلا ئەمەس. . . ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇڭ، مەن ئېچىڭ دېمىگۈچە ئاچماڭ. . .

— خوش پەرىشتەم، پەرمانبەردارمەن! . . .

نەفىسە بۇلاق سۈيىنى تاشقا چېچىپ، ئالقىنى بىلەن يۇيدى. سۇ تامچىلىرى بىلەن يېشىل مۇخ قاپلاپ كەتكەن تاش يۈزى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ بىر تۇتام ئوتنى يۇلۇۋېلىپ كېلىپ، قايتا يۇيغاندىن كېيىن، سۇ چېچىپ ئۇنى پاكىزە چايقىدى. ئەمدىلىكتە تاشتىكى خەت ئىزى روشەن كۆرۈندى.

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! — نەفىسە ئۈنلۈك ئىجازەت بەردى.

كامىل كۆزىنى ئېچىپ، ھەيرانلىقتىن تىكىلىپلا قالدى. سىدام تاشتا: «چەشمە زىلال» دېگەن خەت چوڭ ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا «نەفىسە» دېگەن ئىسىممۇ

بار ئىدى. كامىل تاشنى سىيلاپ كۆردى.

— بۇ. . . بۇ قاچاتقى ئىش؟ — سورىدى كامىل، — تاشقا قانداق ئويدىڭىز؟

— ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى، — دېدى نەفىسە ئېڭەك تىرەپ، — بىر ياز يۈجىدا بولدۇم. قىزلار بىلەن ھەر قېتىم ئويناپ چىققانلىرىمدا، ھەم ئۆزۈم يالغۇز كېلىپ، كۆندىلا مىق بىلەن ئويىمەن. . . ئاخىرى ئوتتۇرا قول ئۈزۈنلۈقتىكى مىق مۈشۈنچىلىكلا قالدى.

نەفىسە چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئۈچىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار سومكىدىكى ناننى مۈزدەك بۇلاق سۈيىگە تەگكۈزۈپ يېيىشتى. ئاندىن خېلى ۋاقىتلارغىچە مۈگدىشىپ ئولتۇرۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كامىل بىلەن نەفىسە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، كۈن تاغلار ئارقىسىغا يوشۇرۇنغانىدى.

— پاھ، سىلەر قالتىس ئويناپدىكەنسىلەر، — دېدى سانىخان كۈلۈپ، — ئاشۇ ئازغىنا نان بىلەن قورسىقىڭلار ئاچمىدىمۇ؟

— ئەتىگەندىن بېرى چاتقال تاغلىرىنى كۆرسەتتىم، — دېدى نەفىسە، — ئەمدى بۈگۈن كېچە ئايدىڭدا سايىنىڭ باش تەرىپىدىكى قورام تاشلارنى كۆرستىمەن. . .

نەفىسە سانىخاننىڭ ئەتكەن نېرىن چۆپىنى يەپ بولۇپ، كامىلنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار يۈجى كەنتىنى ياقىلاپ ماڭماي، يەنىلا ئۇ قاتتىكى ئادەمسىز قىرغاق بويلاپ، سايىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ مېڭىشتى. تاغ قاپتاللىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار ماڭغانسېرى، ساي ئىچى قورقۇنچلۇق ھەم سىرلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سايىنىڭ ئىككى قىرغىقى ھەم ئوتتۇرىلىرىدىكى چوقچاي-غان ئاراللار ئوتتۇن تېغىغا ئايلانغانىدى. قەدىمدىن تارتىپ يېقىلغان، قىيان ئېقىتىپ كەلگەن دەرەخلەر، يىلتىزلار، شاخ - شۇمبىلار ئۈستى - ئۈستىلەپ دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئاخىر - ئۈچىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ساي ئىچى دومچەك تاشلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى قورام تاشلارمۇ بار ئىدى. قىرغاق ياقىلاپ خېلى ئۈزاپ كەتكەن كامىل بىلەن نەفىسە ئارقىغا قايتىپ سۇ ياقىلاپ ماڭدى ۋە بىر تەرىپى يايپاڭ ئالامەت زور قورام تاش ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. تاغلارنىڭ چوققى-لىرىدا سەيلانە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي پۈتۈن كائىناتنى سۈس ھاۋارەڭ نۇرى بىلەن سېھىرلەندۈرۈپ قويغانىدى. تاغ چوققىلىرى مىڭلىغان گۈلخانلاردەك يىراق كۆكتە ھال رەڭ يېنىپ تۇراتتى. قاراڭغۇلۇق تىقىلغان غول - جىرالاردىن بۆرىلەرنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلىغان، كېچە قۇشلىرىنىڭ ھوقۇيتقان، «چىۋ. . . چىۋ. . .»

قىلىپ سايرىغان، كېپىنەكلەرنىڭ «ۋەيت، ۋەيت» قىلغان ئاۋازلىرى كېلەتتى... قىسقىسى تاغ كېچىسى روشەن بولمىغان ئاۋازلار بىلەن سۈرلۈك ئىدى.

قوڭغۇر تاش ئۈستىدە بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقان ئىككى گەۋدە ئاي نۇرىدا يىراقتىن گويا بىر جۈپ ھەيكەلگە ئوخشايتتى. ئۇلار ئانارلىق باغدا كۆك مەلىكىسىنى تاماشا قىلغاندەك، ئايغا تىكىلىپ قالغانىدى.

— نەفىسە، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — كامىل ئاستا پىچىرلىدى، — خىياللىرىڭىزغا ئورتاقلاشقۇم بار...

— ئېسىڭىزدىمۇ، قۇمقايغاندىكى ئانارلىق باغدا مۇشۇنداق ئايدىڭ كېچىسى ئۇچراشقىنىمىز؟ — نەفىسە چوڭقۇر تىنىدى، — كېيىن چىلانلىقتا ئەسرا بولدۇق... لېكىن تىلىمىز لال بولۇپ، ھېچنېمە دېيىشەلمىدۇق... ئەگەر كاككۇك قاقاقلاپ كۈلۈپ مەسخىرە قىلمىغان بولسا، يەنە قاچانغىچە جىم تۇراتتۇقكىن - تاڭ؟...

— قۇرۇم كۆلى، دەريا بويلىرى، دوستلار بىلەن بىرگە ئوينىغان توي - بەزمىلەر، — دېدى كامىل نەفىسەنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — ھاياتىمىزدىكى ئەڭ مەنىلىك، گۈزەل چاغلار ئىكەن... ھازىر ئۇلار ھەممىسى توي قىلدى، باللىق بولدى... نائىبى، مۇرات، زۇمرەت، گۈلزىبالار بىزدىن ئايرىلدى!... ئويلاپ باقسام، ياشلىقىمىز بورانلىق دېڭىزدا قالغان يەلكەندەكلا ئۆتۈپتۇ...

— راست دەيسىز، بىز بىر ئەۋلاد ياشلار تۈگىمەس - پۈتمەس سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئېتەكلىرىگە تۇغۇلغان ئىكەنمىز... — نەفىسەنىڭ مەڭزىلىرىدە ياش تامچىلىرى كۆرۈندى، — مەن سىز بىلەن تونۇشقان چاغلىرىمدا ئون توققۇز ياشتا ئىدىم، مانا ھازىرچۇ، قېرىپ كەتتىم...

— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز؟ — كامىل نەفىسەنىڭ دولىسىدىن قۇچاقلىدى، — سىز ماڭا ھېلىمۇ قۇمقايغاندىكى ئورمىلىقتا تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدەكلا كۆرۈنىسىز... ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قەدىرلىكسىز...

— شۇ سۆزلىرىڭىزنىڭ قۇربانى بولسام ئەرزىيدۇ، — نەفىسە يىغلىدى، — لېكىن بىر قىز بالا ئۈچۈن يىگىرمە ئالتە - يىگىرمە يەتتە ياش ئەڭ قورقۇنچلۇق ياش، ئامۇتلۇقلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى، تاپقان ئىغۋالىرىنى دېمەيلا قوياي...

كېچىنىڭ سىرلىق قاراڭغۇلىقىدىن غەيرەتكە كەلگەن نەفىسە تۇنجى قېتىم دەرد - ھەسرەتلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. شەرمى - ھايا، دىيانەتتىن ئىبارەت ئەقىدىسى ئېتىقادقا ئايلانغان بۇ قىز يۈرەككە تالىق سىرلىرىنى بۇ چاغقىچە پىنھان تۇتۇپ

كەلگەندى. ئاشىقلىق، كۆيۈك ئوتى يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەپ، قەلب سارىيىنى كۈلگە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، زادىلا چاندۇرمايتتى. ۋىسال جامىغا يەتكەندە، ئىچىدىكى يالقۇن نازۇك سىماسىغا تۇتىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلەتتى. . . مۇھەببەت زەرلىرى تۆكۈلگەن نۇرانە كۆزلىرى بىلەن ئاشىقىغا يوشۇرۇن قارايتتى. ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە شۇنچە تەلپۈنەتتى، تەقەززا بولاتتى! بىراق، ئۇنىڭ تەلىيى تولىمۇ كاج كەلدى. كامىلنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر، بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن مۇسىبەتلەر، كۈشەندىلەرنىڭ توزاقلىرى ئۇنىڭ بەخت ـ تەلىيىنىڭ قاتىلى بولدى! . . . يىللار شۇنداق ئۆتۈۋەردى، ئۇنىڭ ياش ئۆمرى، غۇنچە چاغلىرى ئەنە ئاشۇ تاغ ئۈستىدىن بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلاردەك ئۆتۈپ كەتتى. . . ئۇ ئىللىق بىر ئائىلە-نى، مۇڭغا ـ مۇڭ بولغۇدەك سىرداشنى، بىر قاراش بىلەن ھاردۇقى يېشىلگۈ-دەك ۋاپادار ئەرنى ئويلىمامدۇ؟ ئويلايدۇ، ئويلىغاندىمۇ ناھايىتى كۆپ ئويلايدۇ. . . پەقەت بۇ ئارزۇ ـ تىلەكلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدىن باشقىسى بىلمەيدىغان سىرلار بولۇپ قالدى، خالاس! . . .

نەفىسە سۇس تىترەۋاتاتتى. كامىل چاپىنىنى سېلىپ ئۇنىڭغا يېپىپ قويدى. بىراق ئۇ بىردىنلا كامىلنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، تېلىقىپ ـ تېلىقىپ يىغلىۋەتتى.

— كامىل ئېيتىڭا، بىز ئاللانىڭ ئالدىدا قانداق كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇق بۇلار؟ — نەفىسە ئىسسىق ئەيلىگەندەك بېشىنى توختىماي چايقايتتى، — مەن يۈز بېرىۋات-قان بىشارەتلەردىن ئىككىمىزنىڭ قوشۇلىشىمىزغا ئىشىنەلمەي قالدىم. . .

نەفىسەنىڭ سۆزلىرى كامىلنى ئويغا سالدى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھەر مەھەل كاج كېلىپ، قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپلا تۇردى. مانا بۇ قېتىممۇ توينىڭ ھارپا كۈنلىرىدە، چۆل كېزىپ، تاغنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. . . خۇدا زادى چىن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ۋاپا تارازىسىغا سېلىپ، رىيازەت كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، چىن سۆيگۈ سىناقلىرىدا مۇشۇنداق ئىمتىھانلارنى ئالامدىغاندۇر ياكى ئۇلار-نىڭ لېۋىنى ئەزەلدىن قوشمامدۇ؟ . . . ئۇلار ئۈچۈن بىرەر ئاسايىشلىق كۈن بەرمەمدى-غاندۇر؟ . . .

كامىل كۆڭلىدە گەرچە شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا نەفىسەگە تەسەللى بەردى:

— نەفىسە، بىھۇدە خىياللاردا بولماڭ، — دېدى ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، — بىز چوقۇم مۇرات ـ مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. . . ئۇنىڭغا كۆپ قالمىدى. . . سىز

بۇنىڭغا ئىشىنىڭ!...

— ئىلاھىم ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن!... — يىگىت كۆكرىكىدىن تېنى جىمىرلاۋاتقان قىز ئالەمچە ھۇزۇر ئىزتىرابىدا ئىستىغنا بىلەن قاردى، — كامىل مەن... مەن... سىزگە ئاشىق!...

كامىل نەفىسەنىڭ بېشىنى سول بىلىكىگە ئېلىپ، ئوڭ قولىدا ئۇنىڭ مەرمەردەك سىلىق، تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بېلىنى قاماللىدى... ۋە تۇنجى قېتىم بۇرۇتلىرى قاپقارا ئېگىزلاپ قالغان لەۋلىرىنى جىنەستىدەك ئوماق لەۋلەرگە باستى!... بىرنەچچە دەقىقىلەر ئۆتتى!... ئۇلار گويا شېرىن جانلىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندەك، لەۋلىرى ئارقىلىق يۈرەكلىرىگە ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ھۇزۇرىنى بېرىۋاتقاندەك، چەكسىز چاڭقاق قەلب باغلىرىغا جەننەتنىڭ شەربەتلىرىنى باشلىغاندەك، قېتىپ قېلىشتى!...

— ئاھ خۇدا، مۇشۇ دەقىقىلەرگە يەتكۈزگىنىڭگە مىڭ قەترە شۈكرى، — كامىل پىچىرلىدى، — لەۋلىرىڭىز چەشمە زىلال، جەننەت بۇلاقلىرىدىن ئىكەن، خۇدايا بۇ نېمەتتىن مېنى ئايرىمىغاي!...

— بۇرۇتلىرىڭىز شۇنچە تىكەندەك سانجىلىسىمۇ، — ... نەفىسە كۆزىنى يۇمۇۋالدى، — يۈرىكىمنى باھار شامىلىدەك ئەركىلەتتى... قەلب باغلىرىم قايتا ياشنىغاندەك بولدى! ئەمما يارىتقان ئىگىسى ئالدىدا گۇناھكار بولدۇم!...

— پەرىشتەم ئۇنداق دېمەڭ... بۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى.

نەفىسە كامىلنىڭ قۇچىقىدىن مۇشۈكتەك سىلىق تولغىنىپ چىقىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئوڭلاپ، تاتلىققىنە كۈلدى...

— كامىل، — دېدى نەفىسە يىگىتنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، — مەن... مەن ئەتە قايتىمەن...

— قايتىمەن؟ — كامىل چۆچۈپ قاردى، — نېمە ئۈچۈن؟...

— ئويلاپ كۆرۈڭ، بىز توي قىلىمىز دەپ دوستلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇقتۇرۇۋەتكەندۇق، ئۇلار ئالدىنقى كۈنى شەھەرگە يىغىلدى بولغاي، ئىككىمىزنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىمىز ئۇلاردا ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ سەئىدە ئاچام نېمە بولۇپ كېتەر؟...

— ئۇغۇ شۇنداق... لېكىن، — كامىل ئويلىنىپ قالدى، — سىزنى يالغۇز

قويۇپ بېرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. . . ئىككىمىز بىللە بارساق قانداق؟

— سىزنى نەبى، ئېزىز تارمۇش ۋە مەن ئۇچىمىزنىڭ قانداق تەستە قۇتقۇزۇپ چىققىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆي ئەتراپىدا يوشۇرۇنغانلار تۇرسا؟ . . .

— ياق، بولمايدۇ، سىزنىڭ بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن. . .

— كامىل. . . — نەفىسە جىلى بولغاندەك بولدى، — ئۇلارنىڭ يوقاتماقچى بولغىنى سىز. . . مەن سەئىدە ئاچام ۋە دوستلارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، ۋەزىيەت سەل ئوڭلانسا، يېنىپ كېلىمەن. . .

نەفىسە كامىلنى ئالدىغانىدى. ئۇ ئاچىسى تۇرسۇننىساخاننىڭ ئائىلىسىدىن زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. تەرەپ - تەرەپكە ئادەم قويۇپ، ناھايىتى تەستە تۇتۇلغان كامىلنىڭ ئىككىنچى قېتىم قېچىشى، نەفىسەنىڭمۇ تەڭلا يوقاپ كېتىشى خالىقنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشى تۇرغانلا گەپ. ھازىر ئۇ قورشاۋدا قالغان جۇ رۇڭفا، مەخمۇتلارنىڭ قوراللىقلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتىدۇ. بۇ، تۇرسۇننىساخاننىڭ ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. يەنە بىر تەرەپتىن، قېچىپ كەتكەن نەفىسە بىلەن كامىلنىڭ بوستانغا ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن خالىق ئامۇتلۇقتىكى قورشاۋنى بىكار قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ تۇزاق كامىل بىلەن ئىككىسى ئۈچۈنلا قۇرۇلغان. خالىق مەكتەپنى قولغا كىرگۈزۈۋالسىلا، تۇرسۇننىساخاننىڭ ئائىلىسىدىن ئۆچ ئالىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرى خەتەر ئىچىدە قالدى. . . شۇڭا نەفىسە بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى كامىللارنىڭ ئۆيىگە يۆتكىۋەتمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى كامىل ئۇقۇپ قالسىلا ئۇنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيتتى ۋە ئۆزىمۇ ھەرقانداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلاتتى. . .

— قاچان قايتىپ كېلىسىز؟

— بىر ھەپتە ئەتراپىدا. . .

— بولمايدۇ. . . ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇشقىمۇ شۇنچە ۋاقىت كېتەمدۇ؟ مېنى بۇ يەردە ئەنسىرەش ئىچىدە بۇرۇختۇما بولۇپ يۈرسۇن دەمسىز؟

— بوپتۇ، ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە كېلەي. . .

كامىل ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنى يوپۇرۇنغىچە ئۇزىتىپ باردى.

— كامىل، خەنجىرىڭىز ماڭا ھەمراھ بولسا بولارمۇ؟ — سورىدى نەفىسە يولدا

كېتىۋېتىپ، — ئۇ يېنىمدا تۇرسا، سىز يېنىمدا تۇرغاندەك، يۈرىكىم پۈتۈن تۇرىدۇ. . .

— بولىدۇ، — كامىل خەنجىرنى غىلىپى بىلەن ئۇنىڭغا بەردى.

خەنجەرنى سومكىغا سالغان نەفىسەنى كامىل يولەپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى ۋە: «ئاچامنى، دوستلارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، دەرھال قايتىپ كېلىڭ!» دېدى. نەفىسەمۇ ئېگىشىپ تۇرۇپ: «خوش، مەن كەلگىچە، زېھنىڭىزنى يىغىپ داستانىڭىزنى يېزىڭ. . .» دېدى - دە، ئېتىغا قامچا ئۇردى.

نەفىسە كېتىپ، بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كامىل «ئەزگۈ تىلەكلەر» نىمۇ يازمىدى. ئۇنىڭ قولى ھېچ ئىشقا بارمايتتى. ھەر كۈنى چۈشلىرى بۇزۇلۇپ، پىكىرلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ، سايغا چۈشۈپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ ئولتۇراتتى، تاغ ئارىسىدىكى «چەشمە زىلال» غا بېرىپ، تاشقا ئويۇلغان «نەفىسە» دېگەن ئىسمىغا تىكىلگىنىچە خىيالغا كېتەتتى، تېخى بىرنەچچە كۈن ئالدىدىلا مەھبۇبىسى ئولتۇرغان تاشقا كۆز قارىسى ئېقىپ كەتكۈدەك قىلىپ قارايتتى، كېچىلىرى تۈنجى قېتىم مۇھەببەت شەربىتىگە قانغان قورام تاش ئۈستىگە چىقىپ، نەفىسە بىلەن غايىۋانە سۆزلىشەتتى. ئېگىز ھويلىدىن قارىغاندا، بۇ قورام تاش يىراقتىن گىرىمسەن كۆزگە چېلىقاتتى. ھەر سەھەرلىكى ئۇنىڭغا قاراش، ئۇنى يوقلاش كامىل ئۈچۈن ئادەتكە ئايلىنىپ قالغاندى. كۈنلەر پۇپۈنا يولىغا كۆز ئۈزمەي قاراش، تەلمۈرۈش، بى تاقەت سېغىنىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.

كامىل يوتقان - كۆرپىسىنى باغدىكى كارىۋاتقا ئېلىپ چىقىۋالغانىدى. كارىۋات ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتكەن بۇلاق سۈيىنىڭ شىرقىرىشى تاڭ ئاتقۇچىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كامىل ئاق ئايدىڭ كېچىلەر، قۇياش پارلىغان سەھەرلىرى باغ ئىچىدىكى بۇ بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئىچىدىن ئېيتىلىپ چىقىۋاتقان دۇردانىلەرنى يىپقا تىزاتتى. . .

نەفىسەنى ساقلاپ تاقىتى ئۈزۈلگەن كامىل يەتتىنچى كۈنى قايتىش ئۈچۈن ئېتىنى توقۇدى. . .

# كۆچكەن يۇلتۇز

ھاۋا ئارمىيىسى «752 -» قىسىمدا پاناھلىنىۋاتقان بىرنەچچە يۈز دېھقان، ئوقۇغۇچى ۋە مىنبەگلار ئارىسىدا يۈرگەن ھېكمەت تۆت - بەش كۈن بولمايلا، قاتتىق

زېرىكىش ھېس قىلدى. لېنىنزۇڭسى بوستاننى بېسىۋېلىش ھارپىسىدا قاچقان توختى قۇربان، زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت ھوشۇر ۋە زەينىدىنلەر ئۇنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ھالالباغ توساللا گۇڭشېسىنىڭ كەنتى بولغىنى بىلەن، بوستانغا ئەڭ يېقىن قوشنا كەنت ئىدى.

«752 ـ» قىسىمنىڭ قاتار كەتكەن ياتاق ھەم كۇلۇبلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان دېھقانلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئەتىگەنلىكى توك قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يۇيۇنۇش ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشەتتى، ئاندىن، بۆلۈنگەن گۇرۇپپىلار بويىچە، ئاشخانىلار ئالدىغا كېلىپ رەتلىك تىزىلاتتى. رەت ئالدىدىكى ھەربىينىڭ يېتەكلىشى بىلەن، ھەممە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەكرارلاپ، ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە سالام بېرەتتى. سالامدىن كېيىن، «قەلبىمىزدىكى قىزىل قۇياش» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. بۇ ئۇسسۇل قوللارنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا، بىر ئوڭغا، بىر سولغا يۈگۈرۈپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل بولغاچقا، قولى ياكى پۇتى ئاھاڭغا كەلمىگەنلەر سىرتتىن قارىغان ئادەمگە تەمتىرىشىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپلا يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئۇسسۇل چۈشلۈك تاماق ئالدىدىمۇ تەكرارلىناتتى. كەچلىك تاماق ئالدىدىن بولسا ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە قاراپ تىزىلىپ دوكلات قىلىش ئېلىپ بېرىلاتتى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر كۈن ئىچىدە قانداق ئىنقىلاب قىلغانلىقىنى، توغرا لۇشيەننى قانداق قوغدىغانلىقىنى، قانچىلىك ئۈزۈندە يادلاپ، نەچچە ئىنقىلابىي ناخشا ئېيتقانلىقلىرىنى ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە دوكلات قىلىشاتتى، ئاندىن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا تاماق بېرىلەتتى. تاماق بۇ يەردە نورمىسىز ئىدى. ھەركىم قاسقانلاردىن ئاپئاق جىڭمومىلارنى ئۆز ئىختىيارىچە ئېلىپ، داسلاردىكى قورۇمىلارنى قاچىلىرىغا ئۆزلىرى ئۇسسۇشاتتى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، ھەممىسى پاسىل تاملىرىدىن تاشقىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قىسىم ئىچىدە قورال ئىزدىشەتتى. بەزىلەر يەرلەرنى كولاپ يۈرسە، يەنە بەزىلەر تاملارنى چېقىپ كۆرەتتى، دۆۋىلەنگەن شاخار، كۆللەرنى تىلغايتتى. ھېكمەتكە كۈنلەرنى ئۈچ ۋاق بىكار تاماق يەپ، سالام بېرىش، دوكلات قىلىش، ئۇسسۇل ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈش بەكمۇ زېرىكەرلىك بىلىندى. تېخى بەزىدە تاماقتا كېچىكىپ قالغانلارغا ماۋجۇشىنىڭ رەسىمى ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشىنى سۆزلەپ چىقىشقا، ناخشىنىمۇ يالغۇز ئېيتىپ، ئۇسسۇلنىمۇ يالغۇز ئويناشقا توغرا كېلەتتى. تاماق يەپ قايتىپ چىققانلار ئۇنىڭغا خۇددى ساراڭغا قارىغاندەك قاراپ، سەت ھىجىيىشاتتى. بىر كۈنى، ھېكمەت لايىقنىڭ مەنزىرىلىرىنى سىزىش

ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، تاماققا كېچىكىپ قالدى. ئۇ، ئاشخانا ئالدىدىكى رەسىمگە قاراپ، بارغان، تۇرغان يەرلىرىنى دەپ، سىزغان رەسىملىرىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن يالغۇز ئۇسسۇل ئويناشقا خىجىل بولدى ـ دە، تاماققىمۇ بارماي، ئاچ قورساق يېتىپ قالدى. ھېكمەت ئىچىدە: «ئەگەر مۇرات بولغان بولسا، بۇ ئىشنى بەك چىراي-لىق، ھەم كۆلكىلىك قىلاتتى، قورسىقىمۇ ئاچ قالمايتتى» دەپ ئويلاپ دوستىنى ھەسرەت بىلەن ئەسلىدى. مەيدىسى ئېچىشىپ، قورساقلىرى كوركىراۋاتقان ھېكمەت خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ يادىدىن كەچمىگەن ھېچنېمە قالمىدى. بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش يادىغا كېلىشى بىلەن ئۇ كۈلۈۋەتتى. . .

. . . 1967 ـ يىلى 9 ـ ئاي مەزگىلى بولۇپ، ھېكمەت مەھبۇبە بىلەن غۇلجىغا بېرىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ئۇلار سوۋغاتلىق ئەتلەس ئېلىش ئۈچۈن، جىيا كەنتىگە باردى. جىيا دېھقانلىرى ھۆكۈمەتتىن يوشۇرۇن ئائىلىسىدە ئەتلەس توقۇيتتى. ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، تۆت كىيىملىك ئەتلەس ئالدى. يەنە بىر ـ ئىككى ئائىلىلىك توقۇغان ئەتلىسىنى تۇخۇم ئېقىدا پاتلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئەتە كېلىمىز دەپ قايتىشتى. كۈن ئولتۇرغانىدى. كەچلىك تاماق ئۈچۈن تارقىغان دېھقانلار تاغار، كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۆيلىرىگە ئالدىراپ قايتىشىۋاتاتتى. قوناق شېخى بېسىلغان كالا ھارۋىلىرى، ئېشەكلەر توپا ـ توزان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. بىر كۈن كەچكىچە كەنت ئارىلاپ ھېرىپ كەتكەن ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە ئارام ئېلىش ئۈچۈن يول چېتىدىكى ئېرىق لېۋىدە ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆزگى بۇغداي تېرىلغان تاختا ـ تاختا ئېتىزلار تۇراتتى. ئۇلاردىن چىرىگەن ئوغۇتنىڭ ھىدى كېلەتتى. بىر ئەترەتنىڭ ئەزالىرى بولسا كېرەك، بىر توپ دېھقانلار ئېتىز ئوتتۇرىسىدىكى يۇمشاق توپىغا جازا سېپى بىلەن سانجىلغان رەسىم ئالدىدا، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. پاكار، مەدەكتەك ئورۇق، قاپقارا كەلگەن شياۋدۇيجاڭ بىر كۈنلۈك ئىشتىن دوكلات قىلىۋاتاتتى.

— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى! مانا ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرۇپلا، — دېدى شياۋدۇيجاڭ ئېتىزلارنى كۆرسىتىپ، — بۈگۈن توخۇ پوق يېمەستە تۇرۇۋېدۇق، يىگىرمە بىر مو قوناقنى چېپىپ، پاسىرىنى توشۇپ، ئورنىنى ئاغدۇرۇپ، كۈزگى بۇغداي تېرىۋەتتۇق، سان ـ سۈپەت جەھەتتە پىلاندىن ئاشتى، تەممەت يالغان سۆزلىمىدىم، راسما كۆپچە-لىك؟ . . .

— راست! — دېھقانلار بىردەك ۋارقىراشتى. . .

— ئەينا، ئاڭلىدىلا. . . ئېتىزلارغا سۆرەم سېلىپ، رەندە سالغان تاختىدەك قىلىپ تۈزلىدۇق، چۆرىسىگە قىر چىقىرىپ، پاخپاق ئېتىپ، ئەجەپمۇ ئۇز قىلىنغۇدەك بىراق. . . — شياۋدۈيجاڭ ئارقىسىغا قايرىلىپ دېھقانلارغا قاراپ قويدى، — ھەمشۈانخان پاخپاق، نۇنخان لاڭقا ئىككىسى ئىشقا كېچىكىپ قالدى ئەمەسما! قېنى سەنلەر؟ چىقىشە مېنىڭغا! ئۇلۇغ داھىمىزنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىش. . .

بىرسى پاكار، بىرسى ئېگىز، يالاڭ ئاياغ ئىككى ئايال يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، رەسىم ئالدىدا تىزلاندى.

— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى، ئۆزلىرى بىلىدىلا، — دېدى پاكار پاخپاق ئايال، — مېنىڭ ئېرىمدىن بالام بار ئەينا. . . ئۇ شۇم بىجىقىمنىڭ تۇپچىسىنى چىشلىۋالسا، قىرقىراپ يىغلاپ ھۆددەس قويۇپ بەرمىگەن. . . ئېيىنغا قارىسام، شياۋدۈيجاڭنىڭ دېگى يامان بۇقىنىڭ بويىنىدىكى تاراڭگۇدەك كولدۇرلاۋاتقان. . . قايداغ قىتمەنا ئەمدى؟ . . . ئۆزلىرى ئادىل سوراپ قويالا. . .

— ھوي، ماۋجۇشى ئاتىمىز، دەردىمنى سىلىگە ئېيتماي، كىمگە ئېيتامىنا، ئى ـ ئە. . . — نۇنخان لاڭقا ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا يېشىنى سۈرتتى، — بىر يىل بولدى، بىزنىڭ مۇسۇمان كېسەل. . . مەنغۇ دادىكىسىغا كاشكاپ قايىنتىپ ئىچۈرۈپ كېچىكىپ قاپتىمەن، شياۋدۈيجاڭچا؟ . . . (نۇنخان لاڭقا ئارقىغا قاراپ ئالىيىپ قويدى) ، ئۇ، قالىسىلا، بۇغدايىنى سىيالكىدا تەرمەي، قولىدا چىپ-چىپ تەردىيا؟ . . . قوناق تېرىمىدىمۇ يەرگە بۇقۇسا سېلىپ، ئۇرۇقنى تاپ ئورنىغا سالماي، كومسالدى قىلىپ تەردىيا؟ . . . ئۇ يەنە. . .

— ھاي، ھاي، نۇنخان لاڭقا، ئۇنداق گەپلەرنى قىلغۇلۇق ئەمەس، — شياۋدۈيجاڭ تۈكلۈك مەيدىسىنى تاتىلاپ، ھىجايغىنىچە ئالدىغا چىقتى. ئۇ: «مېنى ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىغا چاقتىڭغۇ؟» دېگەندەك، نۇنخانغا كۆزىنىڭ ئەستەر پاختىسىنى چىقىرىپ قاردى ۋە رەسىم ئالدىغا كەلدى.

— ئەمدى قالىسىلا، بەزى چاغلاردا شۇنداق بوپقاتۇ. . . — دېدى ئۇ خىجىللىق ئىلكىدە گەدىنىنى قاشلاپ، — سيالكىدا تېرىيلى دېسەك، ئۇ سىتارى بۇزۇلۇپ قالدى. ئۇرۇقنى ئالىشاڭغۇ چېچىپ، مايسا تازىنىڭ بېشىدىكى چاچتەك ئۈنۈپ قالارمىكىن دەپ قورقتۇق، قوناق تېرىمىدا بولسا، بۇقۇسا سېلىپ تاپ ئورنىغا تېرىيلى دېسەك، يەرنىڭ نېمى كېتىپ قاتكەن، ئۇي دېگەن ھىشىق راۋرۇس ماڭمىغاچقا. تاپلار مايتۇق ـ سايتۇق بوپقاتكەن. قايداغ قىلىمىز ئەمدى. . . خاپا بولمىسىلا، چوقۇم تۈزۈتىي. . .

. . . شۇ چاغدا، مەھبۇبە يولدا كەلگۈچە ئۈلارنى دوراپ، كۈلۈپ تېلىقىپ كەتكە-
نىدى. . .
ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، توختى قۇربان، ئەخمەت ھو-
شۇر، زىكرۇللا غوجىلارغا خوشمۇ دېمەي، ھالالباغقا قايتتى. سىزىشقا تېگىشلىك يەنە
بىرنەچچە رەسىم بار ئىدى. ئۇلارنى سىزىپ بولغان ھامان، جالالباغقا يۆتكەلمىسە
بولمايتتى. چۈنكى ئۇ يەردىكى قورالىقلارنىڭ باشلىقى قاسىم غېجەك ئۇنىڭغا بىرقانچە
قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ بولغانىدى.
ھېكمەت چۈشكە يېقىن دادىي ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ۋە رەسىم سىزىشنى
باشلىۋەتتى. ئۇ بىر رەسىمنىڭ ئاساسىي رەڭلىرىنى بېرىپ تۇراتتى، تۆمۈر تۇەنجاڭ
ئاسقاقلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەت بىلەن قەدىناسلاردەك كۆرۈشكەندىن كېيىن،
كاتقا كېلىپ ئولتۇردى ۋە تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ، ئالدىرىماي تاماكا ئورىدى، ئاندىن
چۈشىنىكسىزلا كۈلۈپ قويدى.
— ئاڭلىسام، ئوتتۇرا مەكتەپتە قورشاۋدا قالغانلار چېكىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ-
دەك، — دېدى ھېكمەت بوياق تەگكۈزۈۋېتىپ، — ئۇلار شۇنداق قاتتىق تۆمۈر چەمبىرەك-
تىن قانداق بۆسۈپ چىققاندۇر؟ . . . بەلكىم چىقىمۇ ئاز بولمىغاندۇر؟ . . .
— نەدىكىنى؟ ئۇلارنىڭ چېكىنگىنىنى ھەتتا بىلەلمەي قالدى. . . ئەتىسى بىر كۈن
بىنا ئىچىگە كىرەلمىدى. ئاخىرى كىچىك بالىلار كىرىپ ـ چىقىپ: «بىرنەچچە
ئۆلۈكتىن باشقا ھېچنېمە يوقكەن دېگەندىن كېيىن، بىناغا كىردى. . .
— ئۇلار تۇيدۇرماي قانداق چىقىپ كەتكەندۇر؟ . . .
تۆت كۈن قورشاۋدا قالغانلار ئاش ـ ئوزۇق ۋە سۇدىن قىينىلىپ كەتكەنىدى.
شۇڭا، جۇ رۇڭفا، مەخمۇت سىلىڭلارنىڭ تۇزۇپ چىققان پىلانى بويىچە، تۆتىنچى كۈنى،
ئوتتۇرا كېچىدىن ئۆتكەندە، بىنانىڭ باغقا قارايدىغان تېمىدىن ئادەم پاتقۇدەك تۆشۈك
ئېچىپ، يىگىرمە تۆت ئادەم بىر ـ بىرلەپ باغنىڭ چوڭقۇر ئېرىقىغا چۈشكەن. . .
ئاندىن ئېرىق ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ، ئوغۇللار ياتىقىنىڭ ئارقىسىدىكى تامنىڭ سۆڭگۈ-
چىدىن ئۆتۈپ، يولنى كېسىپلا ئاتچۇيىنىڭ ئىلەك يارلىقىغا بېرىۋالغان. ئۇلار يار ئىچى
بىلەن مېڭىپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى بىگتۇەننىڭ ئىسيانكارلىرى بازى-
سىغا يېتىۋالغانىدى.
— ھەي. . . جۇ رۇڭفانىڭ كاللىسىنىڭ يامانلىقىنى قارىسىلا، — دېدى تۆمۈر
تۇەنجاڭ تاماكىسىنى شوراپ، — ئۇ مىلتىق ئاۋازىغا، قورالارنىڭ ئېتىلىش رىتىمىگە

قاراپ، قاياقنى كىملەرنىڭ قوغداۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغان. ئۇ نەق دېھقانلار تۇرغان ئاجىز ھالقىدىن چېكىنىپ چىققان.

— شۇنىڭ بىلەن، بوستاننى تارتتۇرۇپ قويدۇق دېيىشسىلە! — ھېكمەت مەسخىرىلىك كۈلدى.

— ئۇنداق گەپ يوق، — تۆمۈر تۇەنجاڭ ئىشەنچ بىلەن كۈلدى، — پولات زاۋۇتىدا ئېچىلغان يىغىننىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىغىلى بولمايدۇ. . . ئەمما بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن تاماشا كۆرىسىلە. . .

تۆمۈر تۇەنجاڭ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن يېقىندا قاتتىق ئۇرۇش بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. يەنە ھەر ئىككىلا تەرەپتىن قانچىلىغان ياشلارنىڭ قانلىرى تۆكۈلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى ۋە نارەسىدە بالىلىرىنىڭ مۇسىبەت تونىنى كىيىپ، بەختسىزلىك گىرىيانلىرىدا قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. . .

ھېكمەت رەسمىي سىزىۋاتقان بولسىمۇ، كەچكىچىلا ئېغىر خىياللاردىن باش كۆتۈرەلمىدى. شۇڭا، تەگشىگەن بوياقلىرى كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىدى، رەڭلەرنىمۇ خاتا بېرىپ قوياتتى. ئۇ، بالدۇرلا ئىشتىن چۈشۈپ، پەي قەلەم سىزىتكەن قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ تۇراتتى، ھويلىدىن بىر كىمنىڭ: «ھېكمەت بارمۇ؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ دەرھال چىقتى. ھويلىدا نەفىسە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېتى تەرلەپ كەتكەنىدى. ھېكمەت ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئۇنى ياتىقىغا باشلىدى، چايداندىن چاي قۇيۇپ ئېلىپ كەلدى.

— ئىككىڭلار يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، زادى خەۋىرىڭلارنى ئالالمىدۇق. تويغا يىغىلغان دوستلار ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، سەئىدە ئاچامنىڭ ئالدىدا ئېغىزلىرىدىن چىقىرالمىدى، — ھېكمەتنىڭ چىرايىدىن سەل خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — بەزىلەر ھەر ئىككىلىسىنى يىغىشتۇرۇۋەتتى دەپ ئويلىسا، بەزىلىرى تايلىق كامىلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، نەفىسەنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى، دېگەن ئەنسىز خىياللاردىمۇ بولدى. ئەلۋەتتە، خەت قالدۇرالمىغان ھالەتتىمۇ، بىرەر دېھقاندىن خەۋەر بېرىۋەتسەڭلار بوپتىكەن. . .

— كەچۈرۈڭ ھېكمەت، شۇنىڭغىمۇ پۇرسەت بولمىدى.

— ھازىر نەدىن كېلىشىڭىز؟ كامىلچۇ؟

— يۈجىدىن. كامىل ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرماقچى.

نەفىسە ھېكمەتكە كامىلنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىش جەريانىنى، نەبىنىڭ قانداق ياردەم

قىلغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن تاغقا كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ۋە دوستلارنى تويغا چاقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى-مۇ دېدى. ھېكمەتمۇ توي بولىدىغان كۈنى ھەممەيلەننىڭ يىغىلغانلىقىنى، لېكىن سەئىدەدىن كامىلنىڭ يەكشەنبە كۈنى چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئەنسىزچىلىككە چۈشكەنلىكلىرىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

— سەئىدە ئاچام، — دېدى ھېكمەت، — چارشەنبە ئەتىگەندە، دېھقان ئاياللىرىدەك ياسىنىپ بوستانغا بېرىپتۇ. ئېرىنىڭ تارمۇشنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ، ئاندىن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن، ئېرىنىڭ نەگە كەتكىنىڭلارنى ئۇنىڭغا دېمەپتۇ.

— ھېكمەت، دوستلارنى ئۇچراتسىڭىز، مەن ئۇچۈن ئەپۇ سوراپ قويۇڭ! — نەفسەنىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالدى، — كامىلنى مەن ئېلىپ كەتتىم. شۇنداق قىلمىسام زادى بولمايتتى. . .

— ئېلىپ كەتكىنىڭىزمۇ ياخشى بوپتۇ، سەئىدە ئاچام كامىلنى ئىز-دەپ ھاۋا ئارمىيە قىسمىغىمۇ چىقىپتۇ، — دېدى ھېكمەت ئورۇقدۇقىنى سۈرۈپ كېلىپ، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، تونۇمايدىغان يوچۇنلا ئىككى يىگىت ئۆيگە كىرىپ: «بىز كامىلنىڭ بوستاندىكى دوستلىرى، دەيدىغان مۇھىم گەپ بار ئىدى» دەپتۇ. يەنە بىر قېتىم: «ھېكمەت كامىلغا گەپ ئېيتىپ بەرگەن، كامىلنىڭ ئۆزى بارمىكىن؟» دەپ كىرىشىپتۇ. . . ھەممىنىڭ ئەلپازى يامانمىش. . . بىر كۈنى ئۆگزىدىن كېچىچە شەپە كەپتۇ، سەئىدە ئاچام ئەتىسى ئۆگزىگە چىقسا، ئاياق ئىزلىرى، تاماكا قالدۇقلىرى تۇرارمىش. . .

— ھەممىسى چۈشىنىشلىك، — دېدى نەفسە، — نەبىنىڭ قايتا - قايتا ئەسكەرتكە-نىچە بار ئىكەن. . . ئەگەر ئۇ مېنى ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرمىغان بولسا. . .

نەفسە ئالدىراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۇچۇن قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىسقىلا چۈشەندۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

— كەچۈرۈڭ ھېكمەت، مەن كەتمىسەم بولمايدۇ. . .

— ئۇنداق بولسا، تاماق يەپ مېڭىڭ. . . ھازىرلا ئېلىپ كىرىمەن.

— رەھمەت، چاي بىلەن نان يەۋالدىم.

— مەنمۇ بىللە بارسام بولمامدۇ؟ ياردىمىم تېگىپ قالار. . .

— ياق، ئۆزۈمنىڭ بارغىنىم تۈزۈك. ئات مەشەدە تۇرغاچ تۇرسۇن. ئاچامنىڭ ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇپ چىقسام، سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېلىمەن، بىزنى شەھەرگە يولغا

سېلىپ قويارسىز. . .

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادۇينىڭ ھارۋىلىرى بار. ھە راست، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە، — دېدى ھېكمەت نەفىسەنى ئۈزۈتۈپ چىقىۋېتىپ، — پولات زاۋۇتى بىلەن سۇ ئىدارىسىدىكى ئىسپانكارلار بوستانغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدىغان ئوخشايدۇ. . .

— خوتەن پاتراق تىنجىسا بولاتتى. . . ھەممە كىشىگە ئەمىن - ئەركىن بىرەر كۈنمۇ يوق. قاچانمۇ ئاياقلىشار بۇ تېنىقسىز غەۋغالار؟. . .

نەفىسە گۇگۇم بىلەن تەڭ يولغا چىقىپ، ئېتىز - ئېرىق، ئورمان، ساسلىقلار ئارقىلىق مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئامۇتلۇققا يېتىپ كەلدى. ئۇ، يول بىلەن ماڭماي، پاسىل تاملارنىڭ دالدىلىرى، چوڭقۇر ئېدىرلىقلاردا ئېڭىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ، ئاچىسىنىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىغا كەلدى ۋە پاكار شورا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئۆيگە تېزلا كىرىۋالدى.

تۇرسۇننىساخان، سەمەتلەر ئۇخلىمىغانىدى. ئۇلار نەفىسەنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتكىنىدىن پەگاغا سەكرەپ چۈشتى. ئاچا - سىڭىل قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كۆز يېشى قىلىشتى. سەمەت تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىشىك ئىلغىلىرىنى سالدى. خالىقنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى بەك يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى.

— نەفىسەخان، زادى نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — سەمەت قوللىرىنى شىلتىپ پىچىرلىدى، — مۇشۇ ئەتراپىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايغاقچى ئىتلار قاپلاپ كەتكەن تۇرسا؟. . .

— راست، ئۇكام، بەك كەم ئەقىللىق قىپسىز، — دېدى تۇرسۇننىساخان جىلى بولۇپ، — كامىل بىلەن ئىككىڭلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، بىزگە بىردەم ئاراملىق بولمىدى. بىز ئۇنىڭ قورۇنى مۇسادىرە قىلىش، بوز يەرگە پالاش شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىگە. . .

تۇرسۇننىساخاننىڭ گېپى ئاياقلاشمايلا، ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپ، قالايمىقان ۋارقىرىغان ئاۋازلار كەلدى. قېچىشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. چۈنكى ئۆگزىدە كىملەردۇر دۈپۈرلىشىپ يۈرەتتى. ھويلا، باغ، ئۆينىڭ ئارقىلىرىدىن ۋارقىرىغان، يۈگۈرۈشكەن ئاۋازلار، ۋاڭ - چۇڭلار ئاڭلاندى. نەفىسە كىچىك سومكىسىدىن غىلاپلىق خەنجەرنى ئالدى - دە، ئۇنى يېڭىنىڭ ئىچىگە ئالمان - تالمان يوشۇردى.

— ئاچا سىزگە. . .

نەفىسە نېمىدۇر دېمەكچى ئىدى، بىراق قوراللىقلار بېسىپ كىردى. . .

— بىلىكىمنى تۇتما! قىز بالىغا قول تەگكۈزۈشتىن ئۇيالمامسەن؟ — ۋارقىرىدى نەفىسە ئۆزىنى باغلىماقچى بولغان تۇردى ھېكىمگە خەنجەردەك قادىلىپ، — شۇنچە نۇرغۇن غالجىر ئىتلىرىڭنىڭ ئالدىدىن مەن قېچىپ قۇتۇلالايمەنمۇ؟ . . .

نەفىسە چىقىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە قايرىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم بىر ئىشنى دېيەلمەيۋاتقانلىقى بىسەرەمجان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

نەفىسەنى قۇتلۇق ھاجىمنىڭ قورۇسىغا يالاپ ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا سولىدى. ھۇجرىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزە قاپقاقلىرى سىرتىدىن چاپراس تاختايلار بىلەن مىقلىۋېتىلگەن، باغ، ھويلا، ئۆگزىلەرگە نەچچىدىن قاراۋۇل قويۇلغانىدى.

ھەممە يەر ھىم ئېتىۋېتىلگەچكە، ھۇجرىنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىدى. نەفىسەنىڭ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. خالىقنىڭمۇ ياۋۇز تەبىئەتىنى ئىشقا سالىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى. شۇڭا، ئۇ يېڭىدىكى خەنجەرنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ، كارىۋات ئۇستىدىكى كۆرپە ئاستىغا يوشۇردى. ئۇ، ئويۇق ئۇستىلىرىنى، دېرىزە تەكچىلىرىنى سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، بىرەر قارا چىراغ ياكى سەرەڭگە تاپالمىدى، ئاخىرى كارىۋات شادىسىغا يۆلىنىپ: «ئاھ، خۇدا! ئىشلىرىمنى ئاسان قىلغايسەن! . . .» دەپ پىچىرلىدى.

نەفىسە ھۇجرىنىڭ قاراڭغۇلۇق تىقىلغان بۇلۇڭلىرىغا قارىماقتا ئىدى. ئۇ كىملەرنىڭدۇر ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك، چوڭقۇرراقمۇ نەپەس ئالماي ئولتۇراتتى. توغرا، كامىل ھەر قېتىم كەلگىنىدە، ئىككىسى مۇشۇ ھۇجرىدا نەۋائى، ھاپىز شىرازى، بىلال نازىمنىڭ غەزەللىرىنى يادقا ئوقۇپ، بىر - بىرىگە يول ئېچىپ، سوئال - جاۋاب ئۇسۇلى بويىچە مۇتالىئە ئېلىپ بېرىپ، ئېستېتىك زوقلارغا تولاتتى. بىر قېتىم كامىل كىتاب ئوقۇۋاتقان نەفىسەگە شۇنداق تىكىلىپ قارىدىكى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. بۇنى سېزىپ ئولتۇرغان نەفىسە پىسىڭىدە كۈلدى - دە، قىزىرىپ كەتتى. كامىل غەزەل ئوقۇدى:

ئەي پەرىزادى زەمانىم، جان بىلە قۇلمەن ساڭا،
گۈلشەنى ھۆسنۈڭداقى بىر دەستە سۇنبۇلمەن ساڭا.
ئەي گۈلى گۈلزارى جەننەت، دىلبەرى ساھىبجامال،
گۈل يۈزۈڭنىڭ ئوتىدا بىر خەستە بۇلبۇلمەن ساڭا. . .

— بۇ غەزەل، — نەفىسەنىڭ قېلىن كىرپىكلىرى چۈمبەردىدەك قارا كۆزلىرىنى ياپتى، — قەلەندەرنىڭ... غەزەل تاپالمىغاندەك مۇشۇنى ئوقۇغىنىنى...

— بەللى، جاۋاب تاپالمىسىڭىز غەزەلنى ئەيىبلەيدىكەنسىز، — كامىلمۇ قەستەن نەفىسەنىڭ زىتىغا تەگدى، — قېنى سىزنىڭ ھازىر جاۋابلىقىڭىز؟...

— ئەمىسە ئاڭلاڭ، — نەفىسە تەتۈر قاراپ تۇرۇپ جاۋابى غەزەل قىلدى:

ئۆلتۈرۈپ ئېردىم كى كىردى بىر مەھى تابان يىگىت،
قامەتى سەرۋى سىھى، رۇخسارى نۇر ئەفشان يىگىت.
قايسى بىر ئوبدانلىقىن ۋەسف ئەيلەيىن، ئەي دوستلار،
خاتىرىمنىڭ خوشلۇقى ھەم دەردىمە دەرمان يىگىت...

... نەفىسە شۇ چاغدا قەلەندەرنىڭ بۇ غەزىلىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا، يۈزىنى تۇتقانچە قېچىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

سىرتتا دەرۋازا غىيىق قىلىپ ئېچىلدى، ئاتنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى كەلدى. ھۇجرا ئىشىكىنىڭ قۇلۇپى شاراقلاپ ئېچىلدى. بوسۇغىدا، قارا چىراغ كۆتۈرگەن مەتمۇسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا خالىق كۆرۈندى. نەفىسە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا ئۈمىد قىلغان ئادىمى — نەبىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى.

ھەربىي كىيىم ئۈستىدىن ۋۇجۇاڭدەي تارتقان، بەل كەمىرىگە غىلاپلىق تاپانچا ئاسقان خالىق نەفىسەگە ئۇزۇن قاراپ كەتتى ۋە قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئۆي ئىچىدە ماڭدى. ئۇنىڭ مەتمۇساغا كۆزى چۈشۈش بىلەن، «چىقىپ كەت» دەپ ئىشارە قىلدى. مەتمۇسا چىراغنى ئويۇق ئۈستىگە قويۇپ سىرتقا ماڭدى. خالىق ئىشىكنى ياپتى ـ دە، يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن زامان ئوتىدا كۆيگەن، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار قىلغان مەسۇم سەنەم ئولتۇراتتى. يەنە كېلىپ پىنھان ھۇجرىدا ئىككىسى يالغۇز ئىدى. ۋەھشىي ئوۋچى ئاخىرى ئىپار كېيىك قوزىسىنى قاپقانغا چۈشۈرگەنىدى. ئۇ ھەرگىز قارشىلىق قىلالمايتتى. خالىق ئۇنىڭ ئىپارىنى ھىدلامدۇ، قۇچاقلىرىدا ئوينىتامدۇ ياكى قىيناپ بەھرىنى ئاچامدۇ، بۇ ئۆز ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل ھۆكۈمى بىلەن يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن خالىق بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە، ھەرىكىتىگە سىپايىلىق تۈسىنى بەردى:

— نەفىسە خانىم، ئادەملىرىم سىزگە قوپاللىق قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدى خالىق

نەفىسەگە ئېگىلىپ، — سىزدىن ئەپۇ سورايمەن...

— ئەپۇ سورىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق... چۈنكى ئىت ئىگىسىنى دورايدۇ - دە!...

خالىقنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە ھاي بەردى. ئۇ نەفىسەگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە ھەر قاچاندىكىدەك پەرۋاسىزلىق، مەسخىرىلىك، ئۇيقۇسىراش تەبەسسۇمى يوق ئىدى.

— نەفىسە خانىم، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ، — دېدى خالىق ياپىرۇستىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، — سىز كامىلنى ياخشى كۆرىسىز، خوش... ئەمما ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟... بۇنداق سىياسىي خاتالىققا پاتقان ئادەملەر پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ مۇقەررەر جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ياش ئۆمرىڭىز، گۈلدەك چىرايىڭىز دەرد - ھەسرەتتە ئۆتىدۇ، كۆزىڭىزدىن ياش قۇرۇمايدۇ. ئىنسان بالىسى بۇ دۇنياغا نېمە دەپ كېلىدۇ؟ ئازاب چېكىش ئۈچۈنما؟ بىر قېتىم كەلگەن ھاياتنى قەدىرلىمەسلىك يۈيۈپ بولماس پۇشايماننىڭ ھامىيسى بولىدۇ. بۇنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقتىڭىزدا، كېچىككەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىسىز...

— ئەگەر ئاشۇنداق تۇرمۇشنى مەن ئۆزۈم خالىسامچۇ؟ — دېدى نەفىسە تەتۈر قارىغان ھالدا، — ئۇنىڭ بىلەن دەرد تارتىش، ھەسرەت چېكىش، تەڭ يىغلاش، تەڭ كۈلۈش، كۆڭلىرىمىز بىر چىنە سوغۇق سۇ بىلەن ئۆتسىمۇ، مەنىلىك ياشاش — مېنىڭ ئارزۇيۇم. سىز بۇنى ئەبەدىلئەبەد چۈشىنەلمەيسىز...

— بۇنداق تۇرمۇش بىزدىمۇ بولىدۇ، — خالىق كۈلدى، — ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئالىي تۈس ئالىدۇ. مەنىلىك ياشاشنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل — توققۇزى تەل بولۇش...، ئاددىي تىل بىلەن ئىزھار قىلغاندا، يۇقىرى مائاش، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت، باياشات تۇرمۇش، چىرايلىق ماكان بولغاندىلا، سىز ئويلىغان مەنىلىك ھايات كامال تاپقان بولىدۇ!...

— بەخت ۋە مەنىلىك ھاياتنى پۇل، يۇقىرى مەنسەپ، ئىمتىياز تارازىسىدا ئۆلچىگەن ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ماڭا ئايان!

— نەفىسە توغرىدىن توغرا خالىقنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىگە قارىدى، — كامىل ئىككىمىز ھاياتقا خۇددى قۇياشقا باققاندەك روشەن ئەقىل كۆزلىرىمىز بىلەن قارايمىز، سىزدەك ئادەملەر پۇل - پۇچەك، ئەمەل - ھوقۇقنىڭ ئىسلىشىپ كەتكەن قارا پەردىلىرىنىڭ

گىرىمسەن روجەكلىرىدىن مارايسلەر! مەن بۇنداق ئادەملەر بىلەن بۇ توغرۇلۇق مۇنازى-
رىلىشىشنى ئەخمەقلىق دەپ بىلىمەن!...

گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىغانىدى. خالىق سۆھبەت تېمىسىنى دەرھال ئۆزگەر-
تىپ، ئۆزىنىڭ نەفىسەنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلەپ
ئىپادىلىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئاخىرقى خوتۇنىنى يولغا سېلىپ قويۇپ، بەش - ئالتە يىلدىن
بېرى ئۆيلەنمىدى. كۆڭلىدە: «نەفىسە ئەمدى خوتۇنلىرىمنىڭ خاتىمىسى بولۇپ قالىدۇ»
دەپ ئويلىدى، بۇ يولدا نۇرغۇن ھەرەج تارتتى، پۇللىرىدىن ئايرىلدى، ئەمەل -
تاجلىرىدىن قۇرۇق قالدى، ئاكا - ئۇكا ئۇغرىلاردىن ئۆمرىدە ئۇچرىمىغان خورلۇقلارنى
كۆردى. بۇ دېشۋارچىلىقلار ئۇنىڭ نەفىسەگە بولغان مۇھەببەت ئوتىنى ئۆچۈرەلمىدى،
ئەكسىچە ئۇنى كۈندىن - كۈنگە تەلۋىلەرچە ياخشى كۆردى!

— نەفىسە، سۆزۈمنى ئاڭلاڭ! — دېدى خالىق بىچارىلەرچە بويۇن ئېگىپ، — مەن
بۇ چاغقىچە ھېچكىمنى سىزدەك ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم. بۇ ھەقتە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم
قىلالايمەن...

نەفىسەنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى قان يۈزىگە ئۇرۇلدى.
بەش قىزنىڭ تەقدىر - ئىقبالىنى پايخان قىلىپ، غۇبارسىز باللارنى يېتىملىك كوچىلى-
رىغا تاشلاپ، دېھقانلارنىڭ بېشىدا قانلىق قامچىسىنى ئوينىتىپ، كامىل، ھېكمەت،
مۇرات، زۇمرەت، گۈلزىبالار ئۈستىدىن قارا ماتېرىيال ئويدۇرۇپ، قىلمىغان ئەسكى-
لىكى قالمىغان خالىقنىڭ ياخشى كۆرۈشتىن گەپ ئېچىشى، بولۇپمۇ «قۇرئان تۇتۇپ
قەسەم قىلىپ بېرەي» دېگەن سۆزىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان نەفىسە قاتتىق قوپاللىق
بىلەن زەربىگە ئۆتتى:

— ياخشى كۆرەرمىش تېخى! سەندە مۇھەببەت ئەھلىنىڭ قايغۇسىمۇ، خۇشاللىقىمۇ
بولمىسا، قانداق قىلىپ ياخشى كۆرۈشتىن گەپ ئېچىپ قالدىڭ؟— نەفىسە غەزەپ
بىلەن دېمىغىنى قاقتى، — بىلىپ قوي، ئەگەر كېرەك بولسا، شەيتانمۇ قۇرئاندىن
دەلىل كەلتۈرىدۇ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىش ئۈچۈن، دىلدا ئىمان بولۇشى كېرەك،
رەزىل، ياۋۇز، قارا كۆڭۈل ئادەمدە ئىمان، ديانەت نېمە قىلىدۇ؟ ئېيتىپ باقە،
دوستلىرىمنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەرنى سالمىدىڭ؟... زۇمرەتتەك بىر ئاجىز قىزنى
ئېتىشقا قولۇڭ قانداق باردى؟... يوقال كۆزۈمدىن! ئاتامسەن، چاپامسەن، مانا مەن
ھەغدا تۇرۇپتىمەن...

نەفىسە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. خالىقمۇ ئىشىك تۈۋىگە چېكىنىپ باردى.

نەفسەنىڭ غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەۋاتقان ۋۇجۇدىغا، زەھەردەك ئۇچقۇنلار چاچراۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ قولى بىردىنلا تاپانچىسىغا باردى ۋە يۈرىكىدىكى تەكەببۇرلۇق، ئاۋازىدىكى كۆرەڭلىك، كۆزىدىكى مەككارلىق ئۆز ئەسلىگە ياندى - دە، «خا سىلىڭ»لىق تونىنى كىيدى.

— سەنمۇ شۇنى ئېسىڭدىن چىقارما! — خالىقنىڭ چىرايى سۇپسۇر تاتىرىپ كەتكەنىدى، — دېگىنىمگە ياخشىلىقچە كۆنمىسەڭ، يامانلىق بىلەن قويۇنۇمغا كىرىسەن... ئۇ چاغدا، پۇشايمان قىلغىنىڭ بىكار... پۈتۈن بوستاننى قانغا بويىغان ئادەم سەندەك بىر قىزنى باش ئەگدۈرەلمەسمەنما؟...

— سەن رەزىللىك، ئىپلاسلىق يولىدىكى غالچىسەن، لېكىن مەن ھەققانىيەت ۋە چىن مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولىمەنكى، ساڭا ئېگىلمەيمەن، بۇنداق ئېگىلىش خۇددى ئىتقا تەزىم قىلغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ...

— قېنى كۆرەرمىز! — خالىق كۆزلىرىنى غەلىتىلا ئويناتتى، — سەن ئەتىگەچە ئويلان... ياش ھاياتىڭنى، ئاچاڭنى، ئۇنىڭ باللىرىنى ئېسىڭدىن چىقارما!... مېنىڭ ئاچچىقىم كەلسە، كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ... سېنى قۇتقۇزىدىغان نەبى ئەمدى ئۆلدى...

خالىق چىقىپ كەتتى. نەفسە ئۆينىڭ ئىلغىلىرىنى سالدى - دە، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۈمىدىنى نەبىگە باغلىغانىدى. ئۇنىڭ كاملىنى ئىككى قېتىم قۇتقۇزۇش، نەفسەنى قاچۇرۇشتەك مەخپىي ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ قالغان خالىق ئۇنى ئېتىۋەتتىمۇ ياكى ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلدىمۇ؟ بۇنىڭدىن نەفسەنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمدى ۋەھشىيلەشكەن خالىق ئەتە دېگىنىنى قىلماي قالمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟... نەفسە تورۇستىكى لىم ياغاچلارغا قارىدى. ياق، بۇنداق قىلىشقا زادى بولمايدۇ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش مۇسۇلمان بەندە ئۈچۈن گۇناھ بولىدۇ! ئۇ، ئاخىرقى قىساسىنى ئېلىپ ئۆلۈشكە رازى بولىدۇكى، خالىقنىڭ تەنتەنە قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ...

نەفسە چىراغنى پەرلەپ قويۇپ، ساندۇقلىرىنى ئاختۇردى. ئۆزىنىڭ ئاپئاق يىپەك كۆڭلىكىنى تاپتى ۋە ئانىسىنىڭ ئۆلۈم - يېتىملەردە ئارتىدىغان ئاق داكا ياغلىقىنى ئېلىپ بىر چەتكە قويدى. ئۇ كۆڭلەكنىڭ پۇرلاشلىرىنى تۈزەپ، كىيىم ئالماشتۇردى. داكا رومالنى ئېگەكلىرى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ چىگدى. ئەمدى ئۇ باشتىن - ئاخىر ئاپئاق لىباسقا ئورالغان پەرىشتەگە ئوخشاپ قالدى...

نەفىسە كۆرپە ئاستىدىكى خەنجەرنى ئېلىپ ياستۇق ئاستىغا يوشۇرغاندىن كېيىن، كىچىك شىرەنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ، تەكچىدىكى دەپتەر ـ قەلەمنى ئالدى.

نەفىسە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ خەت يازماقتا ئىدى. تۇرۇپلا قەلەم دەستىسىنى پېشانىسىگە تىرەپ، خىيال سۈرەتتى، ئۆزىنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىدىكى شېرىن خاتىرىلەرنى، كامىل بىلەن بىللە ئۆتكەن مەنىلىك ھاياتىنى ئەسكە ئالاتتى، ئەخلاق ـ پەزىلەتكە يار، ئىقتىدارلىق دوستلىرىنى ياد ئېتەتتى، ئالماستەك جۇلا بېرىپ تۇرغان دۇردانىلەر قەغەز يۈزىگە تۆكۈلمەكتە ئىدى. يۇمران ئېڭەكتىن ئاققان شەربەت ئاق بەتلەرگە، چىرايلىق سەھىپىلەرگە داغ بولۇپ سىڭمەكتە... يازغانسېرى، قەلب خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كەتكەندەك، ئىنجۇ ـ مارجانلار چاقنايتتى، يالتىرايتتى... نۇرانە كۆزلەردىن ئېقىۋاتقان ياشلار نەفىسەنى گويا ئېچىلىۋاتقان گۈلگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

تاڭمۇ ئاتتى. يا ئۆلۈم ـ يا كۆرۈم مىنۇتلىرى يېقىنلاشماقتا!... نەفىسە خەتنى قاتلاپ جىلتىكىسىنىڭ ئىچىدىكى چاپلىما يانچۇققا سالدى. خەنجەرنى ئېلىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنى ياستۇقنىڭ چېتىگىرەك قويدى، ئاندىن، كارىۋات شادىسىغا يۆلىنىپ ئۆزۈن ئولتۇردى... بىر كۈنلۈك تاغ سەپىرىنىڭ ھاردۇقى، پىيادە ھالالباغدىن ئامۇتلۇققا يوشۇرۇن كىرىش، تۇتۇلۇش، سوراقتا تارتىلىشتىن چارچاپ كەتكەن نەفىسە قاچانلاردا كۆزى ئىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا: «گۈلزىبا... زۇمرەت...، مۇرات!...» دېگىنىچە، چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ چۈشىدە شېھىت بولغان دوستلىرىنى ئاشكارا كۆرگەنىدى!... بۇ ئارىلىقتا، سىرتتىكى قۇلۇپنى ئاچقان بىرسى ئىشىكنى ئاچالماي، ھالقىنى شاراقلاتتى.

— نەفىسە خانىم، ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىۋالسىلا! — دېدى كىمدۇر بىرى، — ئۆزلىرىگە چاي، نان ئېلىپ كەلگەندۇق.

— مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى، — نەفىسە ئۈنلۈك ۋارقىرىدى، — خوجايىنىڭ كەلمىدىمۇ؟...

— بۇ چاغقىچە كېلىپ بولماقچىدى، بىرەر ئەھۋال بولغانمۇ بىلمىدۇق...

نەفىسە ھېكمەتنىڭ: «مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىنىدىكەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئەگەر شۇنداق بولسا، خالىق كېلەلمەيدۇ ياكى ياۋۇزلۇق تونىنى كىيىپ، ئاخىرقى رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ئۇچۇن كېلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ چېكىنىش ئالدىدا، قولىدىكى گۆھەرنى كاملىغا قالدۇرۇپ كېتىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ...

نەفىسە جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشتا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا، ھەممە ئىش بۇزۇلاتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ ئۈمىد قالمايتتى. ئەگەر ئىپپەت ـ نومۇسى بۇلغانسا، ئۇ ئۇ دۇنيادىمۇ ئۆزىنى كەچۈرمەيتتى. بۇ نومۇسنى ئۆلۈم بىلەنمۇ يۇيۇپ تازىلىيالمايتتى. شۇڭا، خالىق كەلگەن ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى، سەۋرچان بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. چۈنكى، ئۇنىڭ تۇتۇشماقچى بولغان رەقىبى گالۋاڭ، گۆمۈشلەردىن بولماي، بەلكى ھىيلىگەرلىكتە تولكە، ياۋۇزلۇقتا ئۇۋچى يېلپىز، زەھەرخەندىلىكتە يىلان، ئاداۋەت ساقلاشتا ياۋايىلاشقان بۇقا ئىدى...

دەرۋازا تاقاقلىرى تاراقلاپ، ئاتلارنىڭ گۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. نەفىسە ئىشىكنىڭ ئىلغىلىرىنى چىقىرىۋەتتى. ھويلىدىن ھاسىراشقان، كۇسۇرلاشقان ئاۋازلار ۋە ئۇپۇر ـ توپۇر شەپىلەر كەلمەكتە ئىدى.

— نەفىسە خانىمنى ئېلىپ چىققۇچە، ئاتنىڭ ئىگىرىنىڭ ئۈستىگە كۆرپە سېلىپ قويۇڭلار! — خالىقنىڭ جىددىيلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى، — مەن ئۇنى سوراق قىلىپ بولغۇچە، ھېچكىمنى كىرگۈزمە...

ھۇجرىغا كىرىپلا، ھەيران بولغىنىدىن خالىقنىڭ كۆز جىيەكلىرى يوغان ئېچىلدى. نەفىسە باشتىن ـ ئاخىر ئاپئاق كىيىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ سىياقى ئاجايىپ لاتاپەتلىك تۈس ئالغان بولۇپ، چىمىلدىق ئىچىگە كىرىش ئالدىدا تۇرغان ئىچ كىيىملىك يېڭى كېلىننى ئەسكە سالاتتى. خالىقنىڭ شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ، تۆكۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتتى...

— نەفىسە خانىم، تۇرۇڭ! — خالىق يۇمشاپ قالغانىدى، — بىز بىلەن بىرگە كېتىسىز...

— نەگە؟...

— ئۇرۇش ـ غەۋغاسىز تىنچ بىر جايغا!

— مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن...

— بۇمۇ سىزنىڭ ئامانلىقىڭىز ئۈچۈن...

— بىز ھېچقانداق تەرەپنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقان ئەمەس، — نەفىسە خالىققا قاراپمۇ قويمىدى، — ئوقۇتقۇچىلارغا ھېچكىم چېقىلمايدۇ...

نەفىسەنىڭ «بىز» دېگەن سۆزى خالىقنىڭ يۈرىكىگە پىچاق ئۇرغاندەك بىلىندى.

چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كامىل ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى كەلگەنىدى.
— راستىنلا كەتمەمسىز؟ — خالىقنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.
— مەن يالغان ئېيتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. . .
— ئەمىسە، ئاچچىقىڭىز ھەم ئۇنىڭ باللىرىنى ئېلىپ كەتسەك بولغۇدەك، — خالىق پات ـ پاتلا سائەتكە قاراپ قويۇپتتى.
— ساڭا مەن لازىممۇ ياكى ئاچام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ؟ . . . — نەفىسەنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى تۈرۈلدى، — خوتۇن كىشىگە ئوخشايدىغان زەيپانە ئادەم ئەنە شۇنداق نامەرد كېلىدۇ.
ھېلىدىن سېپىق، ئۇغىدەك ئاچچىق بۇ سۆز خالىقنىڭ يۈزىگە يۈندا چاچقاندەك بىلىندى. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. نەفىسە بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشقا زادى بولمايتتى. چۈنكى شەھەردىن چىققان خەۋەرچىنىڭ مەلۇماتىدا: «با، با زوڭسى» دىكىلەرنىڭ بۇگۈن ھۇجۇم باشلايدىغانلىقى، مۇھاپىزەتنى كۈچەيتمىگەندە، بوستاننىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ كېتىپ قالسا، نەفىسەدىن ئۈمىد قالمايتتى. شۇڭا، ئۇنى باغلاپ بولسىمۇ ئېلىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن خالىق بىردىنلا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، ئۇنى قۇچاقلىغانچە كۆتۈردى. نەفىسە پۈتۈن قەھرى بىلەن ئۇنىڭغا چاڭگال سالدى، خالىقنىڭ يۈز تېرىسى تىرنا سالغاندەك جىجىلىپ، قان تەپچىرەپ چىقتى. بۇنداق چىرقىراپ، تولغۇنۇپ، مورىلاپ، ئېلىشىپ تۇرغاندا ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خالىق نەفىسەنى كارىۋاتقا باستى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى نەفىسەنىڭ سول قولىنى تۇتتۇۋالغان بولۇپ، يەنە بىر قولى تامبال بېغى بىلەن قالغاندى. . . شۇ پۇرسەتتە، نەفىسە ياستۇق تېگىدىن خەنجەرنى شارتلا قىلىپ ئالدى. يالت قىلغان چاقناش ھېيلىگەر خالىقنىڭ كۆزىگە چېلىقتى ـ دە، ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تام تەرەپكە يۇمىلاندى. شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان خەنجەر ئۇنىڭ دولىسىدىكى ۋۇجۇداڭدەينى كېسىپ، چاپىنىنىڭ بىر غېرىچتەك يېرىنى تىلىۋەتتى. نەفىسە ئورنىدىن تۇرغانچە، ھۇجرىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋالدى. ئۇنىڭ خەنجەرنى قامالاپ تۇتقان ھەر ئىككى قولى تىترەيتتى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، غەزەپلىك ئىدى. ۋۇجۇداڭدەي تاسمىسى ساڭگىلاپ قالغان خالىق يەرگە سەكرەپ چۈشتى ـ دە، قان تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىدە نەفىسەگە تىكىلدى.
— پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈۋەتتىڭ، — دېدى ئۇ چىش ئارىلىقلىرىدىن پىشىلداپ، — ئەمدى مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆر، مەن زەيپانمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

بىلىپ قال! . . .

خالىق بەل كەمىرى ۋە ۋوجۇاڭدەيلىرىنى چىقىرىپ پەگاغا تاشلىدى، چاپىنىنىمۇ سېلىۋەتتى، تامبال توگمىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يېشىپ تەييار بولدى.

— بىخەستە ۋاقتىمدا جان يېرىمگە ئۇرالمىغان خەنجەرنى، — خالىق سورۇنغا چۈشكەن چېلىشچىدەك بەدەنلىرىنى كېرىشتۈردى، — تىكىلىپ تۇرغان ۋاقتىمدا سالالامتىڭ؟ مەن شۇ تۇرقىدا بىرلا ھەرىكەت بىلەن قولۇڭدىكىنى تارتىۋالالايمەن.

نەفىسەنىڭ كاللىسى چاقماقتەك تېز ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ تولۇق تەييارلىقى بار كۈچلۈك رەقىبىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزى يەتمىدى. ئېلىشقان تەقدىردىمۇ، ئۇنى يېنىك ياربدار قىلالىشى مۇمكىن ئىدى، بىراق، ئېپپەت ـ نومۇسنى ساقلاپ قالالمايتتى. خالىق ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى. . .

— يېقىن كەلمە! — نەفىسە خەنجەرنى ئىككى قوللاپ ئۆز كۆكرىكى ئاستىغا تىرىدى، — يەنە بىر قەدەم ئالساڭ. . .

— ئۈنچىلىك شىجائەت، جۈرئەت بولسا، — خالىق يەنە بىر قەدەم ئالدى، — سەن بايىلا مېنىڭ جېنىمنى قىيغان بولاتتىڭ!

— ئەمىسە، پىچاققا قارا! — خەنجەر ئىككىلىك پاتقانىدى، ئاپئاق كۆڭلەكتىن قان يامراپ چىقتى، — مەن شېرىن جېنىمدىن كەچسەم كېچىمەنكى، ساڭا ئوخشاش مەلئۇنغا تېنىمنى تۇتقۇزمايمەن. . .

— نەفىسە، ئۇنداق قىلماڭ، بىز مەسلىھەتلىشەيلى!

— ھا. . . ھا. . . ھا! . . . — نەفىسە بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىنى يىغىپ مەسخىرىلىك كۈلدى ۋە بىردىنلا خالىققا قېنىقماس ئۆچمەنلىك نەزەرىدە قادالدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم دۈشمىنى ئالدىدا تەنتەنە قىلغانىدى، — بىلەمسەن، كامىل مېنىڭ لەۋلىرىمگە سۆيگەن. . . مەن ئۇنىڭغا قىزلىق ئىشقىمنى ئاتا قىلغان! ئەمدى ئارمىنىم يوق! ھا. . . ھا. . . ھا! . . .

نەفىسە خەنجەرنى بىرلا كۈچەپ دەستىگىچە پاتۇرۇۋەتتى. . .

— نەفىسە! ! . . . — خالىق دەھشەتلىك تووۋلىۋەتتى، — قېنى سەنلەر؟ . . .

ھۇجرىغا مەتمۇسا قاتارلىق تۆت قورallىق يوگۇرۇشۇپ كىرىپ، پەگادىلا توختاپ قالدى. خەنجەر دەستىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغان نەفىسە ئېتەكلىرىدىن ئېقىۋاتقان قانلارنى يەرگە ساقىتىپ، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ كەلدى ـ دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە پۇتلىرىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، تۈپتۈز سۇنايلىنىپ ياتتى، ئۇنىڭ سىياھتەك قارا



كۆزلىرى تورۇسقا تىكىلگىنىچە كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئۇ. . . ئۇ ئۆزىگە پىچاق تىقىۋالدى. . . — دېدى خالىق تېنىدىن ھارارەت كەتمىگەن جەسەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مەن ھەرگىز ئويلىمىغان. . .

خالىق نەفىسەنىڭ كىرىشىپ كەتكەن قوللىرىنى ئاجرىتىپ، قانلىق خەنجەرنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدىن ئىسسىق قان تامچىپ تۇراتتى. . . قورالىقلاردىن بىرسى كۆرپە چېتىدىن چىقىپ قالغان تاسمىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋىدى، غىلاپ سۆرۈلۈپ چىقتى. . . خالىق خەنجەرنىڭ نەقىشلەنگەن دەستىسىگە، سېرىق پىستان بىلەن زىننەتلەنگەن غىلىپىغا قارىدى ۋە ئۇنى نەفىسەنىڭ ئاپئاق كۆكسىگە ئېرتىۋېتىپ، غىلاپقا سالدى.

مەتمۇسانىڭ مىلتىق تۇتقان قوللىرى سۇس تىترەۋاتاتتى. . . بارماقلىرى زامۇكنى بىر بېسىپ - بىر قويۇپ بېرىپ تۇراتتى، ئۇ، كاللىسىدىكى چىگىش پىكىرلەر بىلەن كۈرەش قىلىۋاتاتتى. بۇ يەردە ئۆزىدىن باشقا تۆت ئادەم بار ئىدى. خالىقنىمۇ بىر ئوق بىلەنلا جايلايتتى، بىراق ئۆزىمۇ ساق قالمايتتى. ئۇنىڭدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك پىداكارلىق، مۇستەھكەم ئىرادە تېخى يېتىلمىگەنىدى.

— خا سىلىڭ! — ئۆيگە بىر قورالىق يۈگۈرۈپ كىردى، — بوستان بازىرىدىن خەۋەرچى كەلدى، ۋاڭبالار ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاپتۇ. . .

— مېڭىڭلار! . . .

خالىق قورالىقلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. مەتمۇسا جەسەت ئالدىغا كەلدى. نەفىسەنىڭ ھۆسن - كامالى ئاق بۇلۇت ئىچىدىكى ئايدەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. . . بىراق ئايدا ئۇنىڭ يۈزىدىكىدەك مەنا، شەھلا كۆزلىرىدىكىدەك مېھىر ئوتى يوق ئىدى! . . . مەتمۇسا نەفىسەنىڭ كەڭ قاپاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۆزلىرىنى يۇمۇل-دۇرۇۋاتقاندا، قايرىلىپ قالغان جىلىتكە يانچۇقىدىكى قاتلاقلىق قەغەزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىر تەرىپى قانغا مىلەنگەن خەتنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى - دە، ئۆيدىن چىقتى. . .

نەفىسە يەرلىكىگە قويۇلۇپ ئالتىنچى كۈنى كەچتە، كامىل ئاتلىق يېتىپ كەلدى. تۇرسۇننىساخاننىڭ ئائىلىسىدە ئەتە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان يەتتە نەزىرىنىڭ تەييارلىقى كېتىۋاتاتتى. ئاپتور كامىلنىڭ ئازاب ئىچىدە ئۆزىنى كاچاتلاشلىرىنى، توپىلارغا پۇچۇ-لىنىپ ئاچچىق ياشلار تۆكۈشلىرىنى تەسۋىرلەشتىن قەلەمنى ئازاد قىلدى. ئۇ كېلىپلا، سەمەتنى باشلاپ مازارلىققا باردى ۋە يىغىدىن كۆتۈرۈلگەن قەبرە بېشىغا يۈكۈنۈپ،

نادامەت زەرداپلىرىنى تۆككەن ھالدا، قىرائەت قىلدى. ئۇنىڭ قىرائىتى شۇنچىلىك مىسكىن ئىدىكى، ھاپىزلارنىڭ مۇڭلۇق غەزەللىرىگە، دېھقانلارنىڭ خامان ۋاقتىدىكى غېرىپ «لاي ـ لاي»لىرىغا، دەشتى چۆلدە تەنھا قالغان ئاشىقنىڭ پىغان ـ نىدالىرىغا ئوخشايتتى. . . يۈرەكلەردىن قان تامچىپ يىغلىغاندەك بۇ ئاھ ـ نالە سادالىرى تۈندە يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلانماقتا ئىدى.

ئەتىسى چۈش پىشىن بىلەن جامائەت نەزىردىن تارقىدى. كامىل نەزىرگە كەلگەن ھېكمەت، مەھبۇبە، زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت ھوشۇر، غوپۇر، زەيىندىن قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، كېچىدىن ئۇخلىماي تەييارلىغان ئىككى غېرىچ كەڭلىكتىكى ئۇزۇن تاختاي بىلەن كەتمەننى ئېلىپ مازارلىققا كەلدى ۋە قەبرىنى كولاپ تاختاينى چىڭ بېكىتتى. بۇ كامىلنىڭ نەفسەگە ئاتىغان لەۋھەسى ئىدى. ئۇنىڭدا مەرھۇمنىڭ تۇغۇلغان، شېھىت بولغان ئاي ـ كۈنلىرى پۈتۈلگەن بولۇپ، ئاخىرىغا قەلەندەرنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرى يېزىلغانىدى:

تا خوتەننىڭ شەھرىدىن قىلدىڭ سەفەر ئەي گۇلئۇزار. . .
نالەۋۇ ئەفغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە زارۇ زار.
نې گۇناھىم بار ئىدى سەندىن جۇدا قىلدى فەلەك،
نې ئىلاج ئەيلەي مېنىڭ قولۇمدا يوقتۇر ئىختىيار. . .

كامىل خوشلىشىش ئۈچۈن تۇرسۇننىساخاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ياتلا بىر ئايال سۇپىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەدەپ ـ ئىكرام بىلەن تەزىم قىلدى. كامىلمۇ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

— سىزنى ئىزدەپ كەپتىكەن، — دېدى تۇرسۇننىساخان كامىلغا، — دەيدىغان گەپلىرى بار ئوخشايدۇ.

— خوش، — دېدى ئايال تۇرسۇننىساخانغا باش ئېگىپ، — مېنى مەتمۇسا ئەۋەتكەنىدى. . . ئىسمىم مەلىكە سايىپخان، تۈنۈندىن كېلىشىم. . .

— مەتمۇسانىڭ نېمىسى بولىدىلا؟

كامىل ھەيران بولغان ھالدا مەلىكە سايىپخاننىڭ سۇمباتلىق، كېلىشكەن سىماسىغا سەپسالدى. ئايال ھۆپپىدە قىزىرىپ: « بىز خۇۋالاشقان. . . » دېگىنىچە يەرگە قارىدى. مەلىكە سايىپخان نەفسە بىلەن خالىقنىڭ كېچىدە قىلغان مۇنازىرە ـ تالاشلىرىنى،

ئەتىسى ئۇلۇش ئالدىدا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇلارنى مەتمۇسا ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلىغانىكەن. ئۇ نەفىسەنى قۇتقۇزۇپ قالالمىغانلىقىنى ئېيتىپ كەچۈرۈم سورىغانىدى. كامىل، تۇرسۇنىنساخانلار مەتمۇساغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— تۇرسۇنىنساخان ئاچا، نەفىسە يوشۇرغان كىتاب ھەم قولىيازمىلار بار ئىدى، — كامىلنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قالغانىدى، — ئەگەر بىلسىلە، ئېلىپ بەرگەن بولسىلا. . .

— ئەسلىدە سىڭلىم، — دېدى تۇرسۇنىنساخان، — ئۇلارنى بۆشۈكنىڭ ئاستىدا ساقلىغانىدى، — ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا قارىسام يوق تۇرىدۇ، نەگە يوشۇرغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

— ئېسىڭلاردىمۇ مەزلۇم؟ — دېدى سەمەت، — نەفىسە كەلگەندە: «ئاچا سىزگە. . .» دەپلا، ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە، قوراللىقلارنىڭ كىرىپ قالغىنى؟. . . سىڭلىمىز چوقۇم شۇ ئىشنى دېمەكچى بولغىيدى. . .

— بولىدۇ، كۆڭۈللىرى ئارامىغا چۈشكەندە، ئىزدەپ بېقىشالا. . .

كامىل قوزغالدى، مەلىكە سايىپخانمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ئۇزاپ، ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە، ئايال يانچۇقىدىن بىر تەرىپى قانغا بويالغان خەتنى ئېلىپ كامىلغا بەردى.

— بۇ نەفىسەنىڭ سىلىگە قالدۇرغان خېتى، — دېدى مەلىكە سايىپخان ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — مەتمۇسا «ئۆزىڭلا تاپشۇرسىلا» دېگەچكە، بايا بەرمىگەنىدىم. . .

كامىل قانلىق خەتنى تاپشۇرۇۋالغىنىدا، ئۆپكىسى ئۆرلەپ، كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ يولدىلا ئوقۇماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئايالنىڭ ئالدىدا بىئارام بولۇشنى خالىمىدى. ئۇلار ئامۇتلۇقتىن چىقىپ «قوغۇنچى»غا كەلگەندە، مەلىكە سايىپخان يېقىن يول بىلەن كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سول تەرەپتىكى ھارۋا يولىغا قايرىلدى. بەلكىم بۇ زېرەك ئايال قەدەمدە بىر ئۆزگىرىپ كېلىۋاتقان كامىلنى يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. ئۇ: «خوش، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا. . . ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار» دەپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ كېتىپ قالدى.

لىيەنزۇڭسى چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بوستان يەنىلا ئىسيانكارلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. خەتنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقان كامىل ناھايىتى تېز مېڭىپ بوستان بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئىدارە ـ جەمئىيەت كادىرلىرى گىرانات ۋە يەرلىك زەمبىرەك ئوقلىرىدىن ۋەيران بولغان، ئۆرۈلگەن، بۇزۇلغان يەرلەرنى تۈزەشتۈرۈپ

ئوڭلاۋاتاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ تونغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. قەدەمدە بىر قان داغلى-ري، خىش پارچىلىرى، سۇنغان دەرەخ، يىقىلغان تام ۋە شاخ - شۇمبىلار ئۇچرايتتى. ئوقۇتۇش بىناسى كونا قەلئەگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، مەكتەپ مەيدانىدا كۆكتاتچىلىق ئېتىزلىرىدا، مېۋىلىك باغلار ئارىسىدا، چوڭقۇر ئورەكلەر ۋە قۇم تىقىلغان تاغارلاردا ياسالغان ئىستىھكاملار تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قايتىپ كېلىپ، بۇلاڭ-غان ئۆيلىرىنى، چېقىلغان ئوچاق، سۇنغان كارىۋاتلىرىنى رېمونت قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى ئاخىرەتتىن قايتىپ كەلگەندەك، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى، يىغلىشاتتى، بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشەتتى.

كامىل ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت ھوشۇر، توختى قۇربان، زەينىدىنلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار لېنزۇڭسى چېكىشىپ ئەتىسلا قايتىپ كەلگەچكە، ئۆيلىرىنى بىر قۇر رەتكە سېلىۋالغانىدى. ئارقىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسى ئالدىدا، بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوتۇن يېرىپ، بەزىلىرى كىگىزلىرىنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى. ھېكمەت ئىشىكى ئالدىدا ماكچىيىپ كەتكەن مەشىنىڭ كارنىيىنى داڭىلدىتىپ ياساۋاتاتچقا، كامىلنى كۆرمىدى، لېكىن يوتقان - كۆرپىلەرنى ئارغامچىغا يېيىۋاتقان مەھبۇبە ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

— كامىل كېلىڭ! — دېدى مەھبۇبە كامىلنىڭ قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، — ھازىر تاماق ئېتىمەن.

— ھە، كەلدىڭمۇ؟ — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى، — ئۆي بەك قالايمىقان. . .

— بىلدىم، — كامىل داسقا چىلاپ قويغان ھاكقا ۋە كارىۋاتلارغا قارىدى، — ئۆيىنى ئاقارتاي دەمسەن؟

— مۇشۇ مەھبۇبەنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ جالالباغدا رەسىم سىزىۋاتاتتىم، ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەلدى.

— ھېكمەت كارنايىنى ئوڭلاپ بولسا، خېمىرنى سالىمەن، — دېدى مەھبۇبە، — قورساقنى تويغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن ئاقارتىمىز. . . ماۋۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ! . . .

— بولىدۇ مەھبۇبە، مېنىڭ ياتاقتا ئازراق ئىشىم بار، — كامىل تاقەتسىزلىنىپ تۇراتتى، — ئۇنى قىلىۋالغاندىن كېيىن، سىلەرگە قارىشىپ بېرەي. . .

ياتىقىدىكى ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتكەن كارىۋاتلارغا قاراپ، كامىلنىڭ بېشى ئايلاندى. يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئەستەر - تاشلىرى سۆكۈۋېلىنغان بولۇپ، پاختا

تورلار توپىلارغا پۇچۇلىنىپ ياتاتتى. يەردىكى خىشلار دېرىزىگە تىزىلىپ، ئوق ئېتىش
تۆشۈكلىرى چىقىرىلغانىدى. كامىل ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، دېرىزىدىكى خىشلارنى يەرگە
ئالدى. شۇ چاغدىلا، ياتاقتا يورۇق چۈشتى. ئۇ يوتقان ـ كۆرپە تورلىرىنى قېقىشتۇ-
رۇپ، كارىۋات ئۈستىگە قاتلاپ قويغاندىن كېيىن، نەفىسەنىڭ خېتىنى ئالدىراپ
ئالدى ـ ده، ئاۋايلاپ ئاچتى. . . ئۇنىڭ كۆزلىرى «ئەلۋىدا كامىل! » دېگەن
سەھىپىلەرگە چۈشكىنىدە، يۈرىكى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىپ، كۆزلىرىنى ياش قاپلى-
دى. قانلىق خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«ئەزىزىم كامىل! . . . مەن ئاخىرەتلىك كىيىممنى كىيىپ، ئاق داكا
رومالدا ئېڭەكلىرىمنى چېتىپ، كېتىشكە تەييارلىنىپ قويدۇم! مۇشۇنداق
ئاخىرقى ساناقلىق تىنىقلىرىمدا، سىزگە دىل ئىزھارلىرىمنى قالدۇرۇپ
كېتىشكە مۇمكىنچىلىك يار قىلغان ئاللاغا شۈكرى سەنا كەلتۈرىمەن! تۇۋا،
سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم شۇنچە كۆپ، بىراق نەدىن باشلاشنى بىلمەي
تۇرىمەن. بوپتىلا، ئەجەل ئەلچىسىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر ئاجىزەنىڭ نېمە-
لەرنى يېزىپ، نېمىلەرنى قويىدىغانلىقى سىزگە ئايانغۇ! . . . يازغانلىرىم
ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ قالسا، ئەپۇ ئېتەرسىز. شۇنداقتىمۇ، ئاللا رەھمەت
قىلىپ، سىزگە چۈشەنمەكنى، ماڭا بولسا سۆزلىرىمنىڭ روشەن ھەم مەند-
لىك بولۇشىنى نېسىپ قىلغاي.

قەدىرلىكىم كامىل. . . مەن بۇ قۇياشلىق جاھاندىن ۋىدالىشىش ئالدى-
دا، ئازغىنا ئۆمرۈمدىكى تاتلىق ھەم ئاچچىق خاتىرىلەر كۆڭۈل كۆزۈمدىن
خۇددى چۆلدىكى كارۋاندەك تىزىلىپ ئۆتتى! بولۇپمۇ باللىق، ئۆسمۈرلۈك
ۋاقتىمدىكى ساددا، غۇبارسىز ھېس ـ تۇيغۇلارغا لىپمۇ لىپ تولغان قەلبىم
باھار باغلىرىدەك ياشىرىپ، يېشىللىق ئىزنالىرىنى يوقاتمىغانىدى! . . . تۆت
يېشىمدىن باشلاپ، ھاجىم بوۋامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، ساۋادىمنى چىقار-
دىم ۋە «تايىپە»[1] ، «ھاشىيە»[2] ، «شەمسىيە»[3] لەرنى ئوقۇيالايدىغان، مەنىسى-

---

[1][2][3] دىنىي مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان ئاددىي سۈرىلەرنىڭ كىتابچىلىرى.

ـنى يېشەلەيدىغان بولدۇم، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ‹كۇللـ-
يات مىر ئەلشىر نەۋائى›، ‹دىۋان ئاتايى›، ‹ئەخلاقۇل جەمىلىيە› قاتارلىق
كىتابلارنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى بارغانسېرى باشقىلا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغان-
دەك ھېس قىلدىم، چوڭقۇرلاپ كىرگەنچە، مېنىڭ ئاللاغا بولغان ئېتىقادىم،
ئادەملەرنى، كائىناتنى، بولۇپمۇ قۇياشنى سۆيۈشۈم كامالىغا يەتتى.
ھەرتاڭ باغلار ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى كۆرۈش، ئۇنىڭ
كائىناتقا سېپىۋاتقان نۇرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش نەقەدەر كۆڭۈللۈك
ئىدى ـ ھە! ئالتۇندەك تاۋلانغان نۇرلار ئاستىدا، قىزىل شەپەق ئاستا ـ
ئاستا يورۇق تۇمانغا ئايلىنىپ، ئۆستەڭدىكى سۇلار يالتىرايدۇ. . . قاراڭغۇ
باغلاردا قۇشلارنىڭ چاڭىلدىغان ئاۋازلىرى گۈللەرنىڭ ياقىلىرىنى چاك ئېتـ-
دۇ. . . سەھەر شادلىقىدىن، ئوت باسقان ئېرىقلاردا سۇلار ۋىلىقلايدۇ. . .
يېشىل يوپۇرماقلار، غۇژمەك ـ غۇژمەك ئالمىلار ئۈستىدىكى شەبنەملەر
سىمابتەك تىترەيدۇ. . . گۈللەرچۇ؟ ئاھ، گۈللەرنىڭ رەڭگا ـ رەڭ چاقنـ-
شى كىشىگە تۈندىكى پادىچى گۈلخانلىرىنى ئەسلىتىدۇ. . . كەچتە بولسا،
قېرى مەزىننىڭ بوغۇق، زەئىپ ئاۋازدا ئەزان توۋلىشى كۆڭۈللەرنى مۇڭغا
تولدۇرىدۇ. . . مانا بۇ قۇياشلىق جاھانغا، يېشىل ھاياتقا بولغان تۇنجى
مۇھەببىتىم ئىدى! . . .
ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان دەسلەپكى يىللاردا، سىز بىلەن
تونۇشتۇم. . . قۇمقايغاندىكى بىر ئىشنى زادىلا ئۇنتالمايمەن. نەمەت مىر-
زى ئىككىمىزنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ قويغىنىدا، سىز ماڭا غەلىتىلا ئالايغان-
دىڭىز. . . كىم بىلىپتۇ، بۇ تەرك ئېتىشنىڭ ئاخىرى بېرىپ ئىشىق سەۋدا-
سىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى! . . . ئورمىلىقتا ئۆتكەن كۈنلەر. . . مۇڭدى-
شىش. . . سىردىشىش. . . تىكىلىپ قارىيالماي، كۆزلەرنى ئېلىپ قې-
چىش. . . تۈيدۈرماي ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىش. . . ھەربىكەتلىرىمىز قولاش-
ماي، سۆزلىرىمىز راۋان بولماي دۇدۇقلاشلار. . . مانا بۇلار ئۇلۇغ روھنىڭ
يۈرەكلىرىمىزگە تۈيدۈرماي سىڭىپ كىرىشى ئىدى! مۇھەببەت قۇياشتەك
يارقىن، نۇرانە تۇيغۇدۇر، ئۇ ئاللانىڭ قۇتلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ! مەن
تىپ ـ تىنچ تۇرغان قەلب كۆلۈمنىڭ خۇددى تاش تاشلىغاندەك بىردىن

تەۋرىنىپ، ئۈنىڭدىن ئۈنچىلەر چاچرىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنداق، يوشۇرالمايمەن، يۈرىكىم سىزگە تالىق بولۇپ قالغانىدى! مانا بۇ گۈزەللىكنى سۆيۈشتەك يۈرەككە تالىق ئىككىنچى مۇھەببىتىم ئىدى! شۇنىڭدىن بېرى، بەكمۇ تېرەن، مەنىلىك، نازۇك ۋە نەپىس خىياللارنىڭ ئاشىقى بولۇپ ياشاپ كەلدىم. . . تەقدىرىمىز ئۇڭغا تارتمىغانسېرى، پات ـ پاتلا كېچىلىرى چىداپ بولمايدىغان يالغۇزلۇق ئازابىنى چېكىدىغان دەقىقىلىرىممۇ بولۇپ تۇراتتى. دېرىزەمدىن يۇلتۇزلۇق كۆك ئاسمانغا باقاتتىم، تولۇن ئاي ئامۇتلۇقنىڭ ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ماڭا قارايتتى. ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندەكمۇ، خەيرخاھلىق بىلەن ياش تۆككەندەكمۇ قىلاتتى. شېئىرىي ھېس ـ تۇيغۇلارنى قوزغايدىغان بۇنداق ئاق كېچىلەردە، يېنىمدا بىراۋلارنىڭ بولۇشىنى، ئايغا تەڭ قاراپ، شېرىن خىياللىرىمدىن تەڭ بەھر ئېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئۇ يېنىمدا سۈكۈت قىلىپ تۇرسىمۇ، جەننەت ھۆزۈرىنى سەزگەن بولاتتى. . . ئېسىڭىزدىمۇ، بىر كېچىسى ئەلنامە يارلىقىنىڭ قومۇشلۇقىدىن ئۆتكىنىمىز؟ تۇيۇقسىز ئاياغ ئاستىمدىنلا ئۈركىگەن بىر ياۋا ئۆردەك قاتتىق غاقىلداپ پالاقلاپ ئۇچۇپ چىقتى. مەن قورققىنىمدىن چىرقىراپ سىزگە چاپلاشتىم. . . ئۇنىڭسىزمۇ، ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك ئۇ يارلىقنىڭ ھەيۋىتىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى سۈر باسقانىدى. مەن سىزنى، سىز مېنى قۇچاقلاپ قانچىلىك تۇرغىنىمىزنى بىلمەيمىز. . . شۇ ئىشنى ئويلىسام‑لا، پۈتۈن تېنىم ئوت بولۇپ ياندۇ. . . يۈرەكلىرىم تەرتىپسىز سېلىپ، قانداقتۇر بىر ھارارەت سىمابتەك تەن ـ تېنىمگە تارقايدۇ. . . كۆيۈپ، پۈتۈن تېنىمدىن بىر سىقىم كۈل قالىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. كونىلارنىڭ: «ئىشىق ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق» دېگىنى دەرۋەقە راست ئىكەن!

ئەقىللىقىم كامىل! . . . مەن ئازغىنا ئۆمرۈمدىن ئېچىنمايمەن. نې‑مىشقا دەپ سوراۋاتامسىز؟ ھاياتىم گويا يۈز يىللىق، تۈمەن مىڭ يىللىق مەنالارغا، شېرىن خاتىرىلەرگە تولغاندەك، كۆڭلۈم توق، ئۆزۈم شادمەن! . . . ئەسلىدىمۇ ئاللا بۇ دۇنيا بەندىلىرىگە ئۇنچىۋالا كۆپ بەخت ۋە مەھشەت ئاتا قىلمىغان! ئويلاپ كۆرۈۋڭا ئەزىزىم. . . ھېكمەت ـ گۈلزى‑

با، مۇرات ـ زۇمرەت ۋە شەھەردىكى دوستلىرىمىز بىلەن قانچىلىغان ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرمىدۇق؟ شېرىن ـ سۇخەن سۆھبەتلەردە بولۇپ، دىللاردا مۇقەددەس ئابىدىلەرنى تىكلىمىدۇق؟ ئىككىمىز مۇڭ تۆكۈپ، كۆڭۈل باغلىرىمىزنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرمىدۇق؟. . . سىز ئوتلۇق مۇھەببىتىڭىز بىلەن ماڭا ھايات زوقىنى بەخش ئەتتىڭىز، ئادالەت ۋە پەزىلەتكە خۇشتار يۈرىكىمگە مەلھەم بولدىڭىز! مەرىپەت دەريالىرىدىن بىلىم دۇرلىرىنى سۈزۈشتەك سائادەتنى تىل بىلەن ئىزھار قىلالمايمەن. ئىككىمىز ئاشۇ دەريا ـ دېڭىزلارغا تەڭ شۇڭغىغانىدۇق! ئەپسۇس، ناھايىتى ئەپسۇس! . . . باشلىغان ھەممەتلىك ئىشلىرىمىزنى ئاخىرىغا بىللە يەتكۈزەلمىدۇق. مەن پەقەت شۇنىڭغىلا ئېچىنىمەن، ئارمان قىلىمەن، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىمەن. . .

كامىل، يۈجى سايلىقىدىكى ھېلىقى قورام تاش ئۈستىدە ئايغا قاراپ ئولتۇرۇپ قىلغان سۆزۈم ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇشىمىزغا راستىنلا ئىشىنەلمەي قالغانىدىم. . . شۇ كۈنلەردە، سىزگە ئېيتمىغىنىم بىلەن، چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ، قىسمەت يۇلتۇزۇمنىڭ كۆچكەنلىكىنى، ئۇنىڭ چەكسىز بوشلۇق ئىچىدە قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. . . ئاخىرى بولار ئىش بولدى. خالىق ھېلىلا يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتىگىچە ياخشى ئويلىنىشىمنى، بولمىسا پۈتۈن بوستاننى قانغا بويىغان قولى بىلەن مېنى باش ئەگدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۆلسەممۇ ئۇنىڭغا ئېگىلمەيمەن. . . شۇڭا، ئاخىرقى قارارغا كەلدىم، ئۇنى سىزنىڭ خەنجىرىڭىز بىلەن ئۆلتۈرمەكچىمەن، مەقسىتىمگە يېتەلمىسەم، ئۆزۈم بۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىمەن. . . ئەسلىدە مەن نەبىگە زور ئۈمىد باغلىغانىدىم. بىراق خالىق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمدى ماڭا بىرلا يول قالدى، ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ ساپ مۇھەببىتىڭىزنى ئېلىپ بۇ دۇنيادىن كېتىش. . . سىزنىڭ قورام تاش ئۈستىدە ھەدىيە قىلغان بىر ئۆپۈشىڭىز ماڭا ئىككى دۇنيالىق ھەمراھ بولغۇسى! . . . كامىل، كۆپ ھەسرەت چەكمەڭ! ئاچچىق ياشلارمۇ تۆكمەڭ. ئاللا قىسمەتلىرىمىزنى شۇنداق يارىتىقانىكەن، بىزدە نېمە چارە؟. . . بابا ئولتۇرۇپلا كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىپتۇ،

مەن گۈلزىبا، زۇمرەت، مۇراتلارنى ئاپئاشكارا كۆردۈم. . . بىر باغ ئىچىدە گۈلزىبا خان ئانامنى يەلپۈپ تۇرغۇدەك، ئاپئاق كىيىنگەن مۇرات بىلەن زۇمرەت: «خان ئانا، ئۆزلىرىنى تاۋاپ قىلىپ كەلدۇق. . . » دەۋاتقۇدەك. . . خان ئانام: «گۈلچىنئاي قىزىڭلارغا كىم قاراپ قالدى؟ » دەپ سورىسا، ئۇلار: «سەئىدە ئاچامغا تاپشۇردۇق! » دېگۈدەك. شۇنداق كامىل، هازىر مېنى گۈلزىبا، زۇمرەت، مۇرات، نائىبلار كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. . . ئىلاهىم، بۇ خېتىمنى سىزنىڭ قولىڭىزغا تەگسىكەن دەپ تىلەيمەن. . . ئەلۋىدا، مېنىڭ قەلب تەختىمنىڭ سۇلتانى كامىل!

سىزنىڭ بىتەلەي مەهبۇبىڭىز: نەفىسەدىن. . . »

كامىل خەتنى قايتىلاپ ئوقۇۋاتاتتى، هېكمەت ئۇنى تاماقدا تەكلىپ قىلىپ كىردى. دوستىنىڭ ياش تامچىلىرى هۆل قىلىۋەتكەن يۈزىگە، ئىككى كۈن ئىچىدىلا جۇدەپ، تونۇغىسىز بولۇپ قالغان چىرايىغا، ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلغان هېكمەت كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى:

— مەرهۇمەنىڭ خېتىمۇ؟

— شۇنداق، مەتمۇسا ئەۋەتىپتۇ. . . — كامىلنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قالغاچقا، خىرقىراپ ئارانلا سۆزلىدى، — دوستۇم هېكمەت، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بولدۇم. . . نەفىسەدىن ئايرىلىپ قالدىم. . . ئۇ پەرىزات جەننەت تامان ئۇچۇپ كەتتى! . . .

كامىل دوستىنى قۇچاقلاپ ئۈن قويۇپ يىغلىدى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان يىغىدىن جالاقلاپ تىترەيتتى، «نەفىسە. . . ئاه، نەفىسە! . . . » دېگەن سۆزنى ئۆزمەي تەكرارلايتتى.

— بىزنىڭ قىسمەتلىرىمىز ئوخشاشكەن دوستۇم، — كامىل خەتنى هېكمەتكە سۇندى، — بۇنى ئوقۇپ باققىن!

هېكمەت خەتنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىقتى، ئوقۇغانسېرى، گۈلزىبانىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان خېتى ئۇنىڭ ئېسىدىن كەچمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىمۇ مەرهۇمە ئازغىنا هاياتىدىكى بەخت ۋە بەختسىزلىكلىرىنى، خۇشاللىق هەم قايغۇلىرىنى بايان قىلغانىدى.

— خالىق دېگەن مەلئۇننىڭ نەبىنى ئۆلدى دېگىنىنى قارا! — دېدى هېكمەت خەتنى كامىلغا قايتۇرۇپ، — ئۇ تېخى هايات تۇرسا؟ . . .

— ئۆلمىدى؟ . . .

كامىل تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان خالىق ئۇنى «ئابدۇنەيىم»گە تاپشۇرۇپ، سولاپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۇ ئۆيگە كىمنىڭ سولانغانلىقىنى «ئابدۇنەيىم» ، تۆردى ھېكىم ھەم ھېلىقى قاراۋۇللارلا بىلەتتى. پەنجىرىدىن پولات ھەرىنى كىمنىڭ تاشلاپ بەرگەنلىكى خالىقنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇ پەنجىرە تۈۋىدىكى ئىزلارنى بېقىۋېتىپ، ھەربىيچە ئاياقنىڭ نەم توپىغا موردەك بېسىلغان ئىزىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى ئىزنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. مۇھىم بولغىنى، كامىلنىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن خەۋىرى بولمىغان نەفىسەگە كىم خەۋەر يەتكۈزەلىدى؟ . . . ئۇ چاغدا ئاموتلۇقنىڭ قاراۋۇللىرىنى كۆچەيتىشنى تەلەپ قىلىپ چىقىپ كەتكەن ئادەم پەقەتلا «ئابدۇنەيىم» ئىدى! . . . خالىق ئاموتلۇقنى ساقلىغان قوراللىقلارنى ئىنچىكە سوراق قىلىش ئارقىلىق، ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ كېرىموفنىڭ: «بۇ گۈلزىبانىڭ ئۆكىسى» دېگەن ۋاقتىدا ئىشەنمىگەنلىكى، سەل قارىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە، مەتمۇسا ئالاقزادىلىك بىلەن نەبىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— دەرھال قاچ ئۇكا، مۇشۇ تۇرقىدىلا، — دېدى مەتمۇسا جىددىيلەشكەن ھالدا، — خالىق، تۆردىلار قورالىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. . . سېنى تۇتماقچى. . .

نەبى خالىقنىڭ ئېتىنى مىنىپ تراكتور پونكىتىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ تۇراتتى، قوراللىقلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ قالدى. بىراق، تۆمۈر پرۇكىلاتلىق ئاپتومات تىرىلداپ سايرىۋىدى، ھەممىسى دۈم يېتىۋالدى. نەبى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئاپتوماتنى سايرىتىپ، بوستان بازىرىدىكى قاتمۇقات پوستلاردىن بۆسۈپ چىقتى ـ دە، لايىقىغا قاراپ قويۇندەك ئۇچۇپ كەتتى. . .

— بۇ ئىشلارنى سەن قاچان ئۇقتۇڭ؟ — سورىدى كامىل.

— مەن ھاۋا ئارمىيىسى قىسمىدا چېغىمدا، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن. . . لېكىن، نەفىسە ھالالباغقا كەلگەندە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن. نەبى ھازىر سۇ ئىدارىسىدە. . .

— ھېكمەت، ئۆز ۋاقتىدا مۇراتنى ئەيىبلىگەنلىكىمدىن نومۇس قىلىۋاتىمەن، — دېدى كامىل كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا، — مەن ئەمدى قولۇمغا قورال ئالىمەن. نەفىسە ئۈچۈن، ئۇن جېنىم بولسىمۇ دوغا تىكتىم. . .

كامىلنىڭ چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، قاپقارا قويۇق ساقاللىرى ئاق قەغەزگە تۆكۈلگەن قارا سىياھەدەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە، نەسىھەت، چىرايلىق سۆز، تەنبىھ دېگەنلەرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھېكمەت دوستىغا قارىدىيۇ، ئۈنچىقمىدى. . .

# قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلىگەن بۆرە

1970 ـ يىلى كىرىشى بىلەن، دەھشەتلىك قارا سوغۇق باشلاندى. پۈتۈن ئەتراپ ئاپئاق قىراۋ بىلەن پۈركەلگەنىدى. ئەمما زىمىستان قىشنىڭ زەھەردەك چېقىپ تۇرغان شۇۋۇرغانلىق جۇدۇنلىرى كىشىلەر قەلبىدىكى شادلىقنى تۇگىلتالمىدى. ھەممىنىڭ ئاغزىدا، «ئۇرۇش توختاپتۇ»، «لىيەنجەن[1] بۇدۇي ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېتىپتۇ» دېگەندەك خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى. مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئىشخانىسىدىن مەملىكەت بويىچە تارقىتىلىۋاتقان: «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىنقىلاب قىلىش»، «دازاچاڭ» (ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش) نى دەرھال توختىتىش» دېگەندەك ھۆججەت، ماتېرىياللار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. گۈلباغدىكى باركادىلار، قۇم تاغارلىرىدا ياسالغان ئىستىھكام، پوتەيلەر ئېلىپ تاشلاندى، بىر قىسىم قوراللار يىغىۋېلىندى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن، ئەلەم كۈرىشى توختاپ قالمىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇمچى ۋە بېيجىڭدىكى قارا كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئاستىرتتىن يەل بېرىشى، ھەرخىل

---

(1) لىيەنجەن بۇدۇي — «208 ـ قىسىم»، «780 ـ قىسىم»، «ھاۋا ئارمىيە 752 ـ قىسمى»، خوتەن شۆبە ھەربىي رايوننىڭ گارنىزون قىسىملىرىدىن تەركىب تاپقان «بىرلەشمە جەڭ قىلىش قىسمى». سۇ ئىدارىسى يەتمىش كۈن قورشاۋدا قالغاندا، قورشاۋنى بىكار قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان. ئۇلار ئىسىرلەرنى، جەسەتلەرنى ئالماشتۇرۇش، ھەر ئىككى تەرەپنى بەزى مەسىلىلەردە كېلىشتۈرۈش، ھەددىدىن ئاشقان تېررورلۇقلارنى چەكلەش ئىشلىرىنى قىلاتتى، بىراق، ھەر ئىككى تەرەپ كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمايتتى.

تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى ئەۋەتىپ كۆشكۈرتىشى ئارقىسىدا، خىل قوراللار بىلەن قوراللان-غان بىر قىسىم ئىسيانكارلار سۇ ئىدارىسىنى بېسىپ يېتىۋالدى. لىيەنزۇڭسىدىكى ئىنقىلابچىلار ۋىلايەتلىك كومىتېتتىن چىقىپ كەتمىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ شوئار-لىرى ئوخشاش ئىدى. لېكىن چۈشەنچىلىرى ئوخشىمايتتى. ئۇلار: «بۇرژۇئازىيىنىڭ گۇرۇھ سىستېمىسى» ، «لۇشيەن مەسىلىسى ھەل قىلىنمايدىكەن، ئاداققىچە ئېلىشى-مىز» ، «خاتا لۇشيەن ئۈچۈن ئىشلەپچىقارمايمىز» دېيىشىپ، لىيەنجەن بۇدۇينىڭ ھەر-بىيلىرىنى ئۆز بازىلىرىغا كىرگۈزۈشمىدى. ئىككىلا تەرەپباز تەشكىلات پايتەخت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى كاتتىۋاشلىرىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، ئۆز كۆزقاراشلىرىدا چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ھەتتا ئۇلار ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ چوڭ بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى «كېلىشتۈرمىچىلىك» ، «مۇرەسسە-چىلىك» ، «مادارا قىلىش» دەپ، ئاشكارا قارشىلىق قىلىشتى. . .

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى «ئىسيانكار دېھقانلار سىلىگبۇسى» لىيەنجەن بۇدۇي-نىڭ بېسىمى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇرۇشتىن بىزار بولغان كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشتى. بىر قىسىملىرى جۇ رۇڭفا بىلەن مەخمۇتنىڭ يېتەكچىلىكى-دە، يۇقاقۇن، باغچى كەنتلىرىگە ئىستىھكام قۇرۇپ بېكىنىشتى. تېخىچىلا بوستاننىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلەشنى خام تەمە قىلىپ يۈرگەن خالىق ئۆز قوشۇنلىرىنى ئايرىپ چى-قىپ، تۇنۇنگە ئورۇنلىشىۋالدى. ئۇ، پۇرسەت تېپىپ، بوستاننى قايتا چاڭگىلىغا ئالماقچى ئىدى، بىراق، ئىز قوغلاپ قورال تاپشۇرۇشقا بېسىم ئىشلىتىۋاتقان لىيەنجەن بۇدۇيدىن ئەندىكىپ، قول سالالمايۋاتاتتى. ئۇ، شەھەردىكى قورال تاپشۇرمىغان ئىككى تەرەپباز تەشكىلاتنىڭ سۈركىلىشىنى، قايتا ھەرىكەت قوزغىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئاز قالغانىدى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۇرۇشۇش، دوم يېتىپ - دوم قوپۇش، ئاچ - توق قېلىش، يىللاپ سۇ كۆرمىگەن بەدەنلىرى پىتلارغا يەم بولۇپ قوتۇر بولۇپ كېتىشتەك ئازابلارغا چىدىمىغان دېھقان ياشلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ، كېچىلىرى تۇركۇملەپ قاچماقتا ئىدى. شۇڭا، خالىق بىر كۈنى قىرىقتەك قوراللىقلىرى-نى يىغىپ، ئۇلارغا ئىنقىلاب ۋەزىيىتىدىن دوكلات بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى غەيرەت - شىجائەتنى ئاشۇرۇش، غەلىبە قىلىشقا قارىتا ئۈمىدۋار بولۇش توغرىسى-دا بولماي، پۈتۈنلەي قورقاق سېلىش، كېيىنكى پاجىئەلىك قىسمەتلەرنى پۈرىتىش، كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىرلەر بىلەن چىرماش مەزمۇنىدا بولدى.

ۋىلايەت، ناھىيە ياكى گۇڭشېلاردا بولسۇن، «چوڭ بىرلىشىش» ئەمەلگە ئاشقاندا، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئىككى تەرەپباز تەشكىلاتتىن سايلانغان

كىشىلەر قاتنىشىپ ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. ئەگەر بىر تەرەپ يوقىلىپ، بىرلا تەشكىلات ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ھوقۇقى شۇ تەشكىلات كىشىلىرىنىڭ قولىدا بولاتتى ـ دە، ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرىنى بىر-بىرلەپ تارتىپ چىقىرىپ: «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قاتناشتىڭمۇ ـ يوق؟» ، «قانچە ئادەمنى ئۆلتۈردۈڭ؟» ، «پارتىيىگە قارشى جىنايەتلىرىڭنى سۆزلە!» دەپ، ئۇلارغا ھەممە بالايىبەتتەرلەرنى ئارتىپ، ئەدىبىنى بېرەتتى، ھەتتا دېلو تۇرغۇزۇپ، قانۇنىي چارىلەرنى كۆرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپنى يوقاتماي تۇرۇپ، «سائادەت»كە ئېرىشكىلى بولمايتتى.

دادۇي ئىشخانىسىنىڭ قورۇسىدا تىترىشىپ ئولتۇرۇشقان قوراللىقلارنىڭ باشلىرى چۈشۈپ كەتتى. خالىقنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئاشقازانلىرىدا ئوغىدەك ئويۇپ قالماقتا ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇرۇش بولغانىكەن، سەن ئۇنى ئاتمىساڭ، ئۇ سېنى ئاتىدۇ، ئوق دېگەننىڭ كۆزى يوق، ياخشى ـ ياماننى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. . . بېسىۋالغان يەرلىرىڭدە، سودا سارىيى، ئاشلىق پونكىتى، ئائىلىلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلىماي، تالىماي، قارشىلىق قىلغانلارنى ئاتماي، ئۇرماي مۇمكىن ئەمەستە! جەڭ غەنىيمەتلىرىنى ئېلىش، ئولجىغا ئىگە بولۇش ئۇرۇشنىڭ يارىشىقى ئەلۋەتتە! . . . باشقىلار ئېلىۋاتسا، سەن بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرساڭ بولامدۇ؟ ئالمىساڭمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئوخشاشلا «مەسچىتكە چىشقان قارا ئىت» بولۇپ قالىسەن. چۈنكى سەنمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قارا كۆسەي تۇتقانلارنىڭ بىرسى ـ دە! . . .

— سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، — دېدى خالىق گېلىنى قىرىپ، — ئادەم ئاتمىدىم، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قاتناشمىدىم دېيەلەمسىلەر؟ سىلەر ئۇنى يالغۇز قىلمىدىڭلار ـ دە! ئەگەر ھوقۇق ۋاڭبالارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالسا، قىيناقتا چىدىماي، بىر ـ بىرىڭلارنى ئايانماي ساتىسىلەر، ئۆزۈڭلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئىتتەك تالىشىسىلەر، بوغۇشىسىلەر! ۋاڭبالار تاماشا كۆرۈپ، كۆڭلىنى ئاچىدۇ. . . مانا بۇ مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن دېگەن گەپ بولىدۇ.

قوللىرىنى قۇچاقلىشىپ داق يەردىلا ئولتۇرۇشقان قوراللىقلار ئالدىدا پۇتلىرىنى كېرىپ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەۋاتقان خالىق بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ مۈرىلىرىدىن چاپراس ئۆتكۈزۈلگەن ۋۇجۇاڭدەيلىرى، كەڭ كەمىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان غىلاپلىق يان قورالى، ئۇزۇن قونچىلىق خۇرۇم ئۆتۈكى ئۇنى ئۇرۇشلاردا پىشىپ ـ يېتىلگەن قوماندانغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— «ئۇرۇش توختىتىش» ، «قورال تاپشۇرۇش» مەسىلىسىدە، ۋاڭبالار نېمە ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق قىلىدۇ، سۇ ئىدارىسىنى بېسىپ ياتىدۇ؟ —

خالىق غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — ئۇلار بىزنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتماقچى! قۇمۇلدىكى قانلىق پاجىئە بۇنىڭغا پولاتتەك پاكىت بولالايدۇ. . .

قۇمۇلدىكى قوزغىلىڭچى تەشكىلاتنىڭ ئىنقىلابچىلىرى ئىسيانكارلارنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. ئىسيانكارلارنى سىرتتىن يەنە قوزغىلىڭچى تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى، ئۇلارنى بولسا يەنە ئىسيانكارلار قورشىۋېلىشتەك قاتمۇ قات چەمبەر ھاسىل بولۇپ، قانلىق جەڭ يۈز بەرگەن. ئۇلارنى تارقىتىش، قورشاۋنى بىكار قىلىش ئۈچۈن، ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ھاۋادىن بېسىم ئىشلەتكەنىدى. خالىق ئۇنى كۆپتۇرۇپ سۆزلەپ، قوراللىقلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىماقچى بولدى.

— ئىسيانكار باندىتلار، — دېدى خالىق ۋارقىراپ، — بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى بومباردىمانچى ئايروپىلان ئارقىلىق ئوققا تۇتۇپ، بومبا تاشلاپ، ئۇلارنى ساينىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋەتتى. قانلار دەريادەك ئاقتى، ئۆلۈكلەر تاغدەك دۆۋىلەندى. . . مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۇرۇش توختاتساق، قورال تاپشۇرساق، ئۆزلىكىمىزدىن بويىنىمىزنى قىلىچنىڭ تىغىغا تۇتۇپ بەرگەن بولىمىز. . . قاراڭلار، مانا بۇ ۋاڭبا باندىتلىرىنىڭ يېقىندا تارقاتقان تەشۋىقات ۋەرىقى، — خالىق بىر پارچە قەغەزنى پۇلاڭلاتتى، — بۇنى ئاڭلىغىنىڭلاردا، دۈشمەننىڭ قىلىچىنى ئۇمۇلاقمان بىلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايسىلەر!

خالىق تەشۋىقات ۋەرىقىنى ئالدىرىماي يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇدى، ھەتتا كۆپ يەرلىرىنى قايتىلاپ چۈشەندۈردى. بولۇپمۇ ئۇ ئاخىرقى سەھىپىلەرنى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇغىنىدا، قوراللىقلار جىمىپ كەتتى. . .

. . . «ئۇرۇش توختىتىش، قورال تاپشۇرۇش، باۋخۇاڭپەيلەرنىڭ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى قوغداش يولىدىكى ھىيلە - نەيرىڭىدۇر. بۇ توغرىدا جياڭ چىڭ: ‹شىنجاڭدا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر، بۇرژۇئازىيىنىڭ چېكىنىدۇرۇش تەتۈر ئېقىمى بار. . . شىنجاڭ ئۇزۇل - كېسىل قالايمىقان بولمىدى، زىددىيەت كەسكىنلەشمىدى، چالا - پۇلا بولۇپ قالدى، بۇ قېتىم زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈش كېرەك. . . › دەپ يوليورۇق بەردى. شۇنداقلا: ‹كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ئۈستىدىن ئون ئىككى بال تەيفېڭ بورىنى چىقىرىش، ئۇلارنى كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان، كۈندۈزى ئولتۇرالمايدىغان قىلىۋېتىش، ئۇنداق - مۇنداق خاتالىق يۈز بېرىشىدىن قورقماسلىق، ئىش قىلىپ، سامساقنى قازغاندا ئىزىلىدىغان گەپ، شۇنداق ئىش› دەپ ئاگاھلاندۇردى. . . »

خالىق باشلىرى چۈشۈپ كەتكەن قوراللىقلارغا تەكشى قارىدى. ئۇلارنىڭ كىر

بېسىپ كەتكەن مەينەت يۈزلىرىدىن قورقۇش، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. پەقەت داۋىنىڭ ئېغىر ئەمگىكىدىن، زاغرا، ئۇمىچىدىن سەسكىنىپ تۇرغان بىر قىسىم قوراللىقلارلا ئۇرۇشتىكى بۇلاڭ - تالاڭ، ئولجا، مەئىشەتلەرگە دەندىپ قالغاچقا، خالىقنىڭ سۆزلىرى ئۇلارغا خۇددى مەست قىلىش دورىسىدەك تەسىر قىلماقتا ئىدى.

— ئۇرۇش توختىتىش، قورال تاپشۇرۇش — ۋاڭبا باندىتلىرىغا تەسلىم بولۇش دېگەن سۆز، — دېدى خالىق تەشۋىق ۋەرىقىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — قورالنى تاشلاپ قاچقانلار ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرىگەن خائىنلاردۇر. ئۇلارغا دۈشمەنمۇ رەھىم - شەپقەت قىلمايدۇ. سىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، بىزنىڭ قوشۇنىمىز تېخى كۆپىيىدۇ، زورىيىدۇ. ۋاڭبا باندىتلىرىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل يوقىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئىنقىلابتىن كېيىن، ھەرقايسىڭلار شياۋدۈي، دادۈي، گۇەنلىچۈي، ھەتتا گۇڭشې كادىرلىرىدىن بولۇپ، ھوقۇق يۈرگۈزىسىلەر!...

خالىق قوراللىقلارنىڭ كەلگۈسى «بەخت - ئىقبالى» توغرۇلۇق يەنە سۆزلەۋەرگەنمۇ بولاتتى، بىراق باياتىندىن بېرى يۈز - قۇلاقلارنى ھەرىدەك چېقىۋاتقان سوغۇق شامال بارغانسېرى ئىتتىكلەپ، قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. پۇت - قوللىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن قوراللىقلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، چۈشلۈك تاماققا تارقاشتى. ئۇلار تۈڭلۈك ۋە ئىشىك يورۇقلىرىدىن ھور چىقىۋاتقان ئاشخانا ئۆيگە دۈگدەرىشىپ كىرىپ كېلىشتى. مەتمۇسا تۆمۈر پىرۇكىلاتلىق ئاپتوماتىنى مۈرىسىگە ئېسىپ كوچىغا مېڭىۋىدى، داستىخان كۆتۈرگەن مەلىكە سايىپخان دادۈي قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. تېخىچىلا ھويلا ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ تۇرغان خالىق بۇ بوغماق ئايالنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاياسىزلىق ئىلكىدە ئوينىدى، ئۇ، تۈكۈرۈكىنى يۇتتى. مەلىكە سايىپخاننىڭ ئېڭىكىدىن ئۆتكۈزۈپ چىگىۋالغان گەرىس ياغلىقىنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى قونغان بولۇپ، تومپىلاق مەڭىزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ مەتمۇساغا قاراپ يېقىملىقىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ ئىككىسىنىڭ بوي - تۇرقى قىرقىپ قويغاندەك تەڭ ئىدى. بىراق مەتمۇسا تەمبەلرەك كۆرۈنەتتى. ئايالنىڭ ئۆزىگە قاراپمۇ قويمىغانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلغان خالىق ئورنىدىن قوزغالماي، ئۇلار كىرىپ كەتكەن ياتاققا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

مەتمۇسا كۆرپىسىنى ئېچىپ سالدى. مەلىكە سايىپخان پاختىلىق چىبەرقۇت چاپىنىنى سېلىۋېتىپ داستىخاننى ئاچتى. ئۇ بېھى باسقان پولو ئېلىپ كەلگەنىدى. تونۇنلۇكلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك شاللىق بولغاچقا، ئۆيلىرىدىن گۈرۈچ

ئۆكسىمەيتتى، لېكىن شالنى سوقىدا ئاقارتقاچقا، گۇرۇچى قىزىل ھەم ئۇۋاق ئىدى. شۇنداقتىمۇ پولۇسى ئوخشايتتى. مەلىكە سايىپخان تاپسىدىكى ئۆۋرىقنى ئېلىپ، مەتمۇسانىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. بۇنداق قولىغا سۇ بېرىش، چاپان ـ تەلپەكلىرىنى سالدۇرۇپ قوزۇققا ئېلىش، كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئالدىغا ئىسسىق تاماق ئېلىپ كېلىش، «ھارمىغايلا» دەپ ھالىغا يېتىش مەتمۇساغا ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوزۇرىنى بەخشەندە قىلىپ، ئۇنىڭ ئائىلە باشلىقلىق غۇرۇر ـ ئىپتىخارىنى قوزغايتتى.

— ئەجەپ جۇدۇن بولۇپ كەتتى، — دېدى مەلىكە سايىپخان بېھىنى پارچىلاپ، — قېنى ئىسسىقىدا يەۋېلىڭ!

— شۇڭا پولۇ ئېتىپ ئېلىپ كەپسىز ـ دە؟ — مەتمۇسا ئايالىدىن سۆيۈندى، — بالىنى ئېلىپ كەلمەپسىزغۇ؟

— ھاۋا بەك سوغۇق، ئۆيدە قالدۇرۇپ قويدۇم. . . بولمىسا، داداشىنىڭ قېشىغا بارىمەن دەپ خېلى غەلۋە قىلدى. . .

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئىناق ئەر ـ خوتۇنلاردەك سىزلىشىپ گەپلىشەتتى، لېكىن تېخى ئەر ـ خوتۇن ئەمەس ئىدى. مەتمۇسا مەلىكە سايىپخان بىلەن تونۇشقان بىر يىلدىن بېرى، ئۇ ئانا ـ بالىنى پات ـ پاتلا يوقلاپ تۇردى، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇلار، ئۇرۇش توختىغان ھامان توي قىلىشماقچى بولۇشتى. ئۇلار قانچە تەقەززا بولغانسېرى، لەنىتى ئۇرۇش توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خالىق ئىككىنچى قېتىم تونۇنى بازا قىلىپ ياتقاندىن كېيىن، مەتمۇسا ئۇنىڭ مەلىكە سايىپخانغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ بۇ مېھرىبان ئايالغا: «سىز كەلمەڭ، مەن ئۆزۈم بارىمەن» دەپ قانچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، مەلىكە سايىپخان بەزىدە ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ بۇ يەرگە كېلەتتى.

— خا سىلىڭ دېگەن باشلىقىڭلار ئەجەپ كۆزى يامان ئادەمكەن، — دېدى مەلىكە سايىپخان يىرگەنگەندەك قىلىپ، — ئادەمگە ئوغرىدەك قارايدۇ. . .

— شۇڭا، سىزنى كەلمەڭ دېمىگەنمىدىم؟ — مەتمۇسا ئېغىر پۇشۇلدىدى، — لېكىن گەپ ئاڭلىمايسىز.

— ئاشخانىنىڭ ئۈمچى بىلەن يۈندىدەك سۇيۇق ئېشىنى ئىچىپ، سوغۇقتا چۈلدەرەپ قالمامسىز؟ — مەلىكە سايىپخان يالتىيىدە مەتمۇساغا قارىدى، — ياكى ئۆزىڭىز ھەر كۈنى بېرىپ تۇرمايسىز. . .

— سەۋر قىلىڭ مەلىكەم، بىرگە بولىدىغان كۈنلەرگە ئازلا قالدى.

— «ئازلا قالدى» دەيسىز. . . قاچان تۈگەيدىكىن تاڭ بۇ «ئاز قالدى» ؟ ھە،

راست، باشقا يەرلەردە قوراللارنى يىغىۋاپتىمىشقۇ؟ ئۇرۇش توختايدىكەن دېگەن گەپمۇ
بار، — مەلىكە سايىپخان تامغا يۆلەكلىك قورالغا قارىدى، — بۇ كۆسەيىنى تاپشۇرۇپ
بېرىپ، ئاشۇ ۋارى - ۋارىدىن قول ئۈزسىڭىز بولمامدۇ؟

— مېنى بۇ سەرسانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — دېدى مەتمۇسا قولىنى
سۇرتۈۋېتىپ، — «كىچىككىنە بىر ئىشىم بار»، شۇنى قىلىۋالمىسام، ئۆمۈر بويى
پۇشايماندا ئۆتىمەن... خۇدا بۇيرىسا، ئۇنىڭغىمۇ ئاز قالدى...

مەلىكە سايىپخان «كىچىككىنە ئىش» نى سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن، ئاغزىنى ئۆمەلـ
لەپ تۇراتتى، خالىق ياتاقتا ھېجىيىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەلۋە كۆزلىرى شەھۋانـ
يەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقىنىچە، ئايالنىڭ تولغان بەدىنىگە ھاياسىزلىق بىلەن قادالـ
دى. ئايالنىڭ گىلەمنىڭ يۇڭ يىپىدىن توقۇلغان بېغىررەڭ پوپايكىسى مۇڭگۈزدەك
كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسى، ئۈركۈپ تۇرغان قوڭۇر چېقىر كۆزلەر، يېرىلغان قىپقىزىل
تومپىلاق مەڭزى، تومتەك بىلەكلەر خالىقنىڭ شەيتىنىنى قوزغاپ، يۈرىكىنى ئوينىتتى.

— مەتمۇسا، بۇنداق پولۇ بىلەن باقىدىغان كۆيۈمچان ئايالنى كۆرۈپ، ساڭا ھەسەت
قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — نومۇسسىز خالىق قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، چاترىقىنى چاڭـ
گاللىغىنىچە گىدىيىپ تۇراتتى، — بۇ چاغقىچە ئالغان ئوننەچچە خوتۇنۇڭ ئىچىدە ساڭا
كۆيۈنىدىغان بۇنچىلىك بىرسى چىقمىغان بولغىيتتى؟...

— راست دەيسەن خا سىلىڭ، — خالىقنىڭ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىۋاتقىنىغا غەزىپى
كەلگەن مەتمۇسا ئۇنىڭغا ناھايىتى قوپال تەگدى، — ئۆمرۈمدە مەلىكەمدەك ئىچكۆيەر
بىر ئايالغا ئېرىشەلمەي، ماڭمىغان يولۇم، كىرمىگەن كوچام قالمىدى. مانا ئەمدى
خۇدايىم بەخت - تەلىيىمنى بەردى، قانچە ھەسەت قىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ.

خالىق مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەتمۇسادىن بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەـ
نىدى. بۇ چاغقىچە: «خوش - خوش...»، «سىلى، ئۆزلىرى» بىلەن يەتتە پۈكۈلۈپ
كەلگەن بىر ئادەمنىڭ بىردىنلا «سەن» لەپ ھۆرپىيىشى، ئەيمەنمەي تىكىلىپ قادىلىشى
خالىقنىڭ ئۆتىنى تاشتۇردى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى. بۇنداق قىلمايمۇ ئامالى
يوق ئىدى. چۈنكى كۈندىن - كۈنگە بەتتەرلىشىۋاتقان تەقدىرى، بارغانسېرى ئازىيىۋاتـ
قان قوشۇنى، لىيەنجەن بۇدۇيدىن قېچىپ دەككە - دۈككىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرى ئۇنى
بىر چوقۇپ ئۈچ قارايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى...

— ۋۇي، كۇرۇك توخۇدەك ھۇرپىيىسەنغۇ؟ ھې... ھې... ھې، — خالىق
ھېچ ئىپادىسىزلا دىمىغىدا كۈلدى، — چاقچاق قىلغاننىمۇ بىلمەيسەن - دە!...

— سۆلەتلىرىدىن خېلى تۈزۈك ئادەممىكىن دېسەم، — مەلىكە سايىپخاننىڭ دۈبدۈـ

گىلەك چىقىر كۆزلىرىدە مەڭسىتمەسلىك ئۇچقۇنلىرى يېلىنجىدى، — ئىچلىرى زەھەر ئادەمكەنلا! مەن ئوت قويسا تۇتەپ كېتىدىغانغا شال پالىڭى ئەمەس، سىلى چېقىلدۇرغۇچ بولمىسىلىمۇ، مەتمۇسا ماڭا ھەممىنى دەپ بەرگەن. . .

مەلىكە سايىپخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ياش جۇۋاننىڭ ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇلغان خالىق ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ قالدى. ئۇ ئىچىدە: «تاشلاپ قاچقۇدەك قىز بار، ئېلىپ قاچقۇدەك جۇۋان بار» دېگەن گەپ راست ئىكەن - دە! نېمىدېگەن ئۇز بەدەن بۇ؟ بولۇپمۇ چىقىر كۆزلىرى ئۆزگىچە خۇمارلىق ئىكەن! . . .» دەپ ئويلىدى.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۇرۇش غەلىيانلىرىدا خوتۇنسىراپ، بۇرنىغا سۈيدۈك پۇرىغان ئەر-كەك ھايۋاندەك بولۇپ قالغان خالىق مەلىكە سايىپخان ھەققىدە غەيرىي خىياللارنى قىلىۋاتقىنىدا، مەتمۇسامۇ چىقىپ كەتتى. . .

كەچ بولۇپ قالغانىدى. خالىق دادۇيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىز يوللىرى بىلەن ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يوقاقۇن ۋە باغچى كەنتىدىكى جۇ رۇڭفا قوراللىقلىرىنىڭ تۇيۇقسىز بېسىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەچكە، قول ئاستىدىكى جەڭچىلەر بىلەن بىللە ياتماي، دېھقان ئۆيلىرىدە ياتاتتى ۋە ھەر كۈنى ئورنىنى ئالماشتۇراتتى. بۇ مەخپىيەتلىكنى بىرىنچى، ئۈچىنچى ئەترەت باشلىقلىرىدىن مەمەت سىدىق سېرىق بىلەن تۇرسۇن تايغانلا بىلەتتى. بۇ ئىككىسى خالىقنىڭ ئەڭ يېقىن مۇرتلىرىدىن بولۇپ، كەنتلىرىگە قايتىشنى خالىمايدىغان ئۇرۇشخۇمارلاردىن ئىدى. ئۇلار قايتقان بىلەنمۇ، دېھقانلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايتتى. چۈنكى، كەنت ئاھالىسى مەمەت سىدىق سېرىققا «قىپقىزىل ئوغرى»، تۇرسۇن تايغانغا «جىگەر رەڭ مۇتىھەم» دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويغانىدى. ئەمما بۇ ئىككى تەييارتاپ قىزىل كۆز ئىككىنچى ئەترەت باشلىقى مەتمۇسانى كۆرەلمەيتتى. مەتمۇسا قوراللىقلار ئىچىدە ياش ھەم ئەقىل جەھەتتىن چوڭ بولۇپ، ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ئۇ مۇرات بىلەن دوستلىشىپ يۈرگەندىن باشلاپلا، باشقىچىلا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. كېيىن بولسا، مەلىكە سايىپخان بىلەن تونۇش-تى. ھازىر مەتمۇسا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر - بېسىق، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە قىزىقمايدىغان، ھەمراھلىرىنى يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر قېتىم تۇرسۇن تايغان مەلىكە سايىپخاننىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى سەت چاقچاق قىلغانىدى، مەتمۇسا ئۇنىڭغا بىر مۇشت سېلىۋەتتى. بىردەمدىلا ئىككىسى بىر - بىرىگە قورال تەڭلىشىپ، مىلتىقلىرىنىڭ زاتۇورلىرىنى قايرىشتى. بىراق قوراللىقلار تۇرسۇن-نى ئەيىبلەپ ئېلىپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن بېرى، مەتمۇسانىڭ ئۇنى كۆرسە ئېتىۋەتكۈ-

سى كېلەتتى، تۇرسۇنمۇ ئۆچ ئېلىشنىڭ ئېپىنى ئىزدەيتتى.

تۈن نىسپى بولۇپ قالدى. ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، تۈنۈن كەنتنىڭ ئەتراپىدىكى شاللىقلارنى قويۇق تۇمان باسقانىدى. ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانـمايتتى. قورالىقلار ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن. پەقەت ياتاق بۇلۇڭىدا يوتقانلىرىنى بېشىغا يۆركىۋالغان ئىككى كىشى ناھايىتى پەس ئاۋازدا شىۋىرلاشماقتا ئىدى.

— مەتمۇساكا، ھەممە يەردە قورالارنى يىغىۋاپتۇ، — دېدى روزىمەت ئىسمىلىك يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى يىگىت، — ھۆكۈمەت بولسا تاش، بىز بولساق ياڭاق، تاش بىلەن ياڭاقنىڭ تەڭ بولغىنى نەدە بار؟... بىزمۇ...

— پۇرسەت پىشىپ قالدى ئۇكا! — مەتمۇسا بېشىنى ھەمراھىنىڭ يوتقىنىغا تىقتى، — سەن يېقىنلىرىڭنى چېكىپ باق... ئادەم كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.

— ھازىر سەككىز ئادەم بولدۇق...

— ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە ئۇرۇنۇپ كۆر، مەنمۇ بىرقانچىسى بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، ئەمما مەمەت سىدىق سېرىق، تۇرسۇن تايغانلار بىلىپ قالمىسۇن.

— ئاشۇ شۇۋىچىلارنى قانداق قىلارمىز؟ قاچىدىغان چاغدا، بىرەر ئىش تېرىپ قويارمىكى دەپ ئەنسىرەيمەن...

— خاتىرجەم بول، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى جايلىۋېتىمىز...

— ئۆلتۈرۈۋېتىمىزما؟

— ياق، مېنىڭ باشقا ئامالىم بار...

ياتاق ئىشىكىنىڭ ئېچىلغان شەپىسى ئاڭلاندى، پىچىرلىششمۇ ئۈزۈلدى. قاپقارا ئىككى سايە كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئۇدۇل بۇلۇڭغا كېلىپ ئاستا ئېڭىشتى.

— مەتمۇسا، روزىمەت، ئىككىڭلارغا پوست نۆۋىتى كەلدى، — بۇ تۇرسۇن تايغانـنىڭ ئاۋازى ئىدى، — دەرھال تۇرۇپ، خا سىلىڭنى قوغداشقا بېرىڭلار!

— خا سىلىڭنىڭ نەدە ياتقانلىقىنى بىز بىلمىسەك؟ — مەتمۇسا يالغاندىن ئەسنىدى.

— مەن ئاپىرىپ قويىمەن.

مەتمۇسا بىلەن روزىمەت شاپۇر ـ شۇپۇر كىيىملىرىنى كىيىپ، قوراللىرىنى ئالدى. تۇرسۇن تايغان ئۇلارنى داۋۇي ئىشخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يول ئارقىلىق باشلاپ مېڭىپ، تۆت تەرىپى شورا تاملار بىلەن ئورالغان كۆرۈمسىز ئۆي ئالدىدا توختىدى. تاقىر ھويلىدا بىرەر تۈپمۇ دەرەخ كۆرۈنمەيتتى. تال، مېۋىلىك دەرەخلىرى كېسىلىپ، ئۆگزە توپىلىرىنىڭ توشۇپ كېتىلگەنلىكىگە قارىغاندا، بۇنىڭ بوز يەرگە كۆچۈش ئائىلىسى قىلىنغان بىرەر شور پېشانىنىڭ ھويلىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— ئەنە ئاشۇ ئۆيدە خا سىلىڭ بار، — دېدى تۇرسۇن تايغان چەتتىكى ساق قالغان ئۆينى تۇمشۇقىدا ئىما قىلىپ، — ئۇ ھازىر جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندۇر!...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ھېچنېمە، ئەتە ئەتىگەندە بىلىسەن...

تۇرسۇن تايغان تۇمشۇقىنى تۇتۇپ خىرقىراپ كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى.

— بۇ سولامچى شوۋىچىلار ئۇنىڭغا يەنە بىرەر دېھقان قىزىنى تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرىپتۇ - دە! — دېدى روزىمەت شالاقىدە تۈكۈرۈپ، — ۋۇي ۋىجدانىنى چاشقان غاجىلاپ كەتكەن ھەزىلەكلەر...

روزىمەتنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا، ئۆي ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئاتقاندەك تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار كەلدى. ئارقىدىن بىر ئايالنىڭ چىرقىرىغىنى ئاڭلاندى. مەتمۇسا بارماقچى بولۇۋىدى، روزىمەت ئۇنى توسۇۋالدى.

— مەتمۇساكا، بارما!... بۇنداق چاغدا، خالىق غالجىر ئىتنىڭ ئۆزى بولىدۇ، — دېدى روزىمەت مەتمۇسانىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، — بوستاندىكى ئىش ئېسىڭدىدۇر؟... بىكار ئۆلۈپ بەرگەننىڭ پايدىسى يوق...

لىيەنزۇڭسى بوستاننى بېسىۋالغاندا، خالىقنىڭ توپى بولغىنىغا ئەمدىلا بىر ھەپتە بولغان بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. بىر كېچىسى مەمەت سىدىق سېرىق بىلەن تۇرسۇن تايغان ئۇنىڭغا ئۇ قىزنى تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرىدۇ. بىراق، قىزنىڭ ئېرى بىلىپ قېلىپ، پىچاق كۆتۈرگىنىچە ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرگەندە، خالىق ئۇنى ئېتىپ ئېغىر يارىلاندۇرۇپ قويغانىدى.

مەتمۇسا بىلەن روزىمەت تاراق - تۇرۇق، گۈلدۈر - غالاپ بېسىقمايۋاتقان ئۆي تەرەپكە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا، بىردىنلا ئىشىك ئېچىلىپ بىر قارا گەۋدە ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقتى - دە، ھويلا ئوتتۇرىسىغا يىقىلدى ۋە: «ئادەم بارمۇ؟» دەپ تۈۋلىۋەتتى. تونۇش ئاۋازدىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان مەتمۇسا ئايالغا ئۆزىنى ئاتتى... ۋە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، جاۋغىيىدىن قان ساقىپ تۇرغان مەلىكە سايىپخاننى كۆرۈپ، قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

— مەلىكەم! — مەتمۇسا يەرگە تىزلىنىپ مەلىكە سايىپخاننىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى.

— مەتمۇسامۇ سىز؟... مېنى... مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ!

بۇ ئەسنادا روزىمەت يېتىپ كەلدى. ئۇ قورالىنىڭ زاتۋۇرىنى قايرىۋاتقان مەتمۇسا-

نىڭ بىلىكىدىن كاپلا تۇتۇپ: «ئۆزۈڭنى بېسىۋال!» دېگەندەك قاتتىق سىقتى. بۇ چاغدا، تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ تۇتۇپ تۇرغان خالىقنىڭ سايىسى ئىشىك ئالدىدا قارىيىپ تۇراتتى. ئۇ مەتمۇسا بىلەن روزىمەتنى ئاۋازىدىن تونىدى بولغاي، گەپ قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— مەن ئۇنى ئېتىۋېتىمەن، — دېدى مەتمۇسا تىترەپ، — سەن مېنى توسما!

— بىكاردىن - بىكار ئۆلۈپ بېرىسەن! — زەردە بىلەن پىچىرلىدى روزىمەت، — ئۇ هازىر سېنى كۆزىتىۋاتىدۇ... سەن ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغۇچە، ئىشىكنى توغرىلايدۇ...

— مەتمۇسا ئېغىر بولۇڭ! — دېدى مەلىكە سايىپخان هاسىراپ، — ئۇ ئىپلاس يامان نىيىتىگە يېتەلمىدى...

مەتمۇسا بىلەن روزىمەت مەلىكە سايىپخاننى يۆلەپ ئېلىپ كېتىشتى.

ئەسلىدە خالىق بىلەن ئۇتتۇرا كېچىگىچە هاراق ئىچكەن مەمەت سىدىق سېرىق بىلەن تۇرسۇن تايغانلار مەلىكە سايىپخاننى: «مەتمۇسا قورااللارنى ئوغرىلاپ قاچقان يېرىدىن تۇتۇلدى، ئەتە قورااللىقلارغا ئىبرەت قىلىپ، ئۇنى ئاتماقچى، سىلى خا سىلىڭغا يالۋۇرۇپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسىلا...» دەپ ئالداپ ئېلىپ كەلگەنىدى. تېخى خۇمارىغا قانمىغان خالىق مەلىكە سايىپخانغا هاراق قۇيدۇرۇپ يەنە ئىچتى ۋە مەلىكە سايىپخاننىڭ يىلىنىپ - يالۋۇرۇپ ياش تۆكۈشلىرىدىن لەززەتلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى سىيلىدى. ئاندىن: «بىر كېچە كۆڭلۈمنى ئال» دەپ شەرت قويدى. مەلىكە سايىپخان قەتئىي رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، مەلىكە سايىپخان ئۇنىڭ دامىغا چۈشمىدى. تاقىتى - تاق بولغان خالىق ئۇنى كارىۋاتقا مەجبۇرىي باستى... ئەمما قۇش تىرنىقىدەك پېتىپ كەتكەن بارماقلار شۇنداق مورلىدىكى، خالىقنىڭ يۈزلىرى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئايالنى بىرنەچچە كاچات سېلىۋەتتى. مەلىكە سايىپخان يۇلقۇنۇپ قوپۇپ، ئۆيدىكى داس - چېلەك، سۇپۇرگە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئېتىۋەردى. ئۇيۇقتىكى پەنەر چىراغ كارىۋاتقا ئۆرۈلۈپ، يوتقانغا ئوت تۇتىشىپ كەتتى، خالىق ئۇنى ئۆچۈرۈش بىلەن بولۇپ قالغاندا، مەلىكە سايىپخان قېچىپ چىققانىدى...

مەتمۇسا ئەتىسى بىر كۈن كەچكىچە هېچكىمگە كۆرۈنمەي يۈردى. ئۇ، ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن روزىمەت بىلەن قېچىش هەققىدە قىسقىلا پاراڭلىشىۋالدى. ئەمما، كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يۈزى تىرناق يارىسى بولۇپ كەتكەن خالىق ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ياتىقىغا ئېلىپ كەلدى. هەر ئېهتىمالغا قارشى، مەتمۇسا ئاپتوماتىنى ئوقلاپ،

كۇرچۇكنى ئېچىپ تەييارلاپ قويدى. «ئۇ بۈگۈن قول سالىدۇ ياكى يالۋۇرىدۇ» دېگەن ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىدىن زادىلا كەتمىدى. خالىقنىڭ چىرايىدىن «قول سېلىش» نىيىتى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ، ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن، چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، مەشكە ئوتۇن سالدى. ئاندىن غىچىرلاپ تۇرغان ئۈستەلدىكى گېزىت بولاقنى ئېچىپ، پىشۇ-رۇلغان توخۇنى پارچىلىدى. كارىۋات تېگىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ، توككىدە ئۈستەلگە قويدى.

— قېنى، كارىۋاتقا كېلەمسەن؟— خالىق كۆرپىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، — تۆرە ئورنۇڭدىن...

— ياق، بولدى، مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېرەي،— مەتمۇسا قاياققىدۇر قاراپ تۇراتتى، — قېنى نېمە گېپىڭ بار؟ دەۋەرگىن قۇلىقىم سەندە!...

خالىق پىيالىگە ھاراق قۇيدى ۋە گۇپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ، توخۇ گۆشىدىن بىر پارچىنى ئاغزىغا سالدى.

— پىيالە بىرلا ئىكەن، شۇڭا يەكتاپ يۈرگۈزەيلى،— خالىق كۈلۈپ قويدى، — قېنى، بۇنى ئىچىۋەت، ئاندىن ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار. ئوچۇقىنى ئېيتسام، سەندىن ئەپۇ سورايمەن...

مەتمۇسا قەتئىي ئىچمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى. لېكىن، بۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، روزىمەت بىلەن تۈزگەن پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك ئىدى، خالىقنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ، دۈشمەن-لىكنى كۈچەيتىپ قويۇشقا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ يېرىم پىيالە ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

— ھەببەللى، مانا ئەمدى ھەقىقىي ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭ! — خالىق مەتمۇسانىڭ مۈرىسىگە قاقتى، — تۈنۈگۈن كېچىدىكى ئىشتىن كېيىن، سېنى مەندىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىۋىدىم، ھەر ھالدا كۆڭلۈڭگە ئالماپسەن...

خالىقنىڭ «ئوغۇل بالىدەك» ، «كۆڭلۈڭگە ئالماپسەن» دېگەن سۆزلىرى مەتمۇسا-نى «يۇمشاق باش»لىقتا مەسخىرىلەۋاتقاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىچىگە يۇتتى.

— توشقان چېغىدا ئۇۋىسى ئالدىدىكى ئوتنى يېمەيدۇ،— دېدى مەتمۇسا خاپىلىق ئىچىدە، — لېكىن سەن تۇغقان تۇرۇپ، مېنىڭ رىزقىمغا توپا چاچتىڭ...

— خاپا بولما، مەست بولۇپ قاپتىمەن، ئەمما ئۇ خوتۇن بىلەن ھېچقانداق ئىش ئۆتتۆلمىدى، لېكىن، — خالىق پىيالىگە ھاراق قۇيدى، — ئاشۇ سەھرالىق تومپاي خوتۇنغا نېمانچە قىلىسەنكىن ـ تاڭ؟ ئىنقىلاب تۈگىگەندە، چىرايلىق قىزلاردىن ئېلىپ

بەرمەيدىم. . .

— سىرتىدىن ساتىدىغانغا ئەمدى زۆمرەت يوق، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ! . . . — مەتمۇسا قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتالماي تۇراتتى، — مېنىڭمۇ ساڭا بەرگۇدەك پۇلۇم قالمىدى! . . . ئەمدى بۇنداق ھالىڭ قىسماقلىرىڭغا دەسسىمەيمەن! . . .

«زۆمرەتنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ» دېگەن بۇ سۆز خالىقنىڭ يۈرىكىگە پىچاق تىققاندەك تەسىر قىلدى. بۇ ئىشنى مەتمۇسادىن باشقىسى بىلمەيتتى. ئەگەر ۋاقتىدا ۋاق كېلىپ سۈرۈشتە قىلىنىپ قالسا، مۇشۇ دىخماق، بودەك ساقال خالىقنى ئوتقا تىقالايتتى. شۇڭا، بۇنداق خەۋپلىك شاھىتنى ئوجۇقتۇرۇۋېتىپ ئىزىنى ئۆچۈرمىسە بولماي-دىغانلىقىنى ھېس قىلغان خالىق كۆڭلىدە: «ۋاقتىنى بەك كەينىگە سۈر-مەسلىك كېرەك. . . » دەپ ئويلىدى.

— مەتمۇسا، بىز سېنىڭ بىلەن تۇغقان ھەم بۇرادەرلەردىن، — دېدى خالىق مەتمۇساغا ھاراق سۇنۇپ، — كونا خامانىنى سورۇشمايلى، ئەڭ ياخشىسى، كۆز ئالدى-مىزدىكى ئەمەلىي ئىش توغرۇلۇق پاراڭلاشساق قانداق؟ . . .

خالىق، مەتمۇسانىڭ قورالىقلار ھەم كەنت دېھقانلىرى ئارىسىدا يۈز- ئابرويىنىڭ بارلىقىنى بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن، قورالىقلارنىڭ ئاز قالغانلىقىنى، شۇڭا، دېھقان ياشلىرىدىن قوشۇن كۆپەيتىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەتمۇسا ئۇنىڭ قورسىقىدا قانداق چوت سوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولدى. ئەگەر خالىق قوشۇن توپلاپ، جۇ رۇڭفانىڭ يۇقاقۇن ھەم باغچىدىكى قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىۋېتىپ، بوستاننى بېسىۋالسا، ئۇ گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ جۇرېنى بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىش ئەمەلگە ئاشقاندا، بوستاندا ئۇنىڭ بىلەن پۇت تىپىشقۇدەك «ۋاڭبا» قالمايتتى. نەتىجىدە، ئوتتۇز مىڭ نوپۇسلۇق بوستاننىڭ ئەڭ چوڭ تاجىسى خالىقنىڭ بېشىدا چاقنايتتى.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، —دېدى مەتمۇسا خالىقنىڭ يۈزىدىكى تىرناق يارىسىغا قاراپ، —تۈنۈگۈن ئەترايى ماڭا ئانچە تونۇشلۇق ئەمەس. . . ئەگەر بوستان بولغان بولسا مەيلىتى. . .

— ئۇنداقتا، بۈگۈن كېچىلا باغچى كەنتىگە تىگىش قىلساق قانداق دەيسەن؟ —خالىق سىناق نەزەرىدە مەتمۇساغا قارىدى، — ھەم قورال ھەم ئادەمگە ئىگە بولىمىز. . .

خالىقنىڭ كۆزلىرى پىيالىدىكى ھاراققا تىكىلگىنىچە قادىلىپ قالدى. ئايغاقچىلار-نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، باغچى كەنتىدە يىگىرمىدەك قورالىق بار ئىدى. خالىق ئۇ

يەرنى بىر كېچىدىلا بىسۆېلىپ، ئۆلارنى ئەسىر قىلىپ ئۆز سىپىگە قېتىشنى، ئۆرۆش قالايمىقانچىلىقىدا، مەتمۆسانىڭمۆ ئىشىنى توغرىلاشنى كۆڭلىگە پۆكتى. ئۆ، ئۆزى ئۆزۆن ۋاقىت قاپاق ئىچىدىكى چاشقاندەك كولدۆرلاتقان بۆ ئىككى تۆغقان قېرىنداشنى ھېلىھەم دۆت، ئاسانلا ئىندەككە كېلىدىغان، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئادەم دەپ چاغلايتتى. لېكىن، تۆرمۆش قايناملىرىدا تۆنجۆقۆپ، ھايات دەشتلىرىدە كاللىسى پىشىپ، مۆئامىلە كۆۋرۆكلىرىگە پۆتى كىرىپ كېتىپ، قانچە - قانچە قېتىملاپ بۆرنىغا يېگەن مەتمۆسا بەزى ھاللاردا سوغۆق سۆنىمۆ پۆۋلەپ ئىچىدىغان قاقۋاشلاردىن بولۆپ كەتكەندى. مانا شۆ تۆرقىدىمۆ، خالىقنىڭ قانداق شۆم خىيالدا بولۆۋاتقانلىقىنى ئۆ كۆڭلىدە دەڭسەپ بولدى. ئۆ ئىچىدە: «قىساسنى ئالىدىغان پۆرسەت كەلدى. سەن قول سېلىپ بولغۆچە، مەن سېنى جەھەننەمگە ئۆزىتىپ بولىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن خالىق گويا ئۆنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى يۆلۆۋالماقچى بولغاندەك، ئۆنىڭغا پۆتۆن گەۋدىسى بىلەن ئېڭىشتى. مەتمۆسا جاۋاب بېرىش ئۆچۆن ئەمدىلا بېشىنى كۆتۆرۆۋىدى، مەمەت سىدىق سېرىق ئىشىكنى چەكمەيلا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۆنىڭ چىرايىدىن ئالاقزادىلىكى چىقىپ تۆراتتى.

— خا... خا سىلىڭ، — دېدى مەمەت سىدىق ھاسىراپ، — لىيەنجەن بۆدۆي جۆ رۆڭفانىڭ يۆقاقۆندىكى بازىسىنى تارقىتىۋېتىپتۆ، قوراللىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋاپتۆ. ئەمدى... ئەمدى بىز تەرەپكە كەلگۆدەك...

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — خالىقنىڭ كالپۆكلىرى كۆكىرىپ، تىترەپ، ئۆزى سەكرەپ تۆرۆپ كەتتى، — تېز گەپ قىل!...

— بىر قوراللىق ئاپتوماتىنى ئېلىپ بىز تەرەپكە قېچىپ كەلدى.

— ئۆ ھازىر نەدە؟

— دادۆيدە قالدى، بۆ يەرگە ئېلىپ كېلىشنى بىئەپ كۆردۆم...

خالىق مەتمۆسا بىلەن مەمەت سىدىقنى باشلاپ دادۆي ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، چاچ - ساقاللىرى دەرۋىشتەك بولۆپ كەتكەن ئوتتۆرا ياشلاردىكى قاچقۆن كەچتە ئېشىپ قالغان سۆيۆق ئاشقا ناننى پوتەيدەك قىلىپ چىلاپ، شالاپلىتىپ يەۋاتاتتى. ئۆ خالىقنى كۆرۆپ، غال - غال تىترىگىنىچە ئورنىدىن تۆردى ۋە سورالغان سوئاللارغا كېكەچلەپ تۆرۆپ جاۋاب بەردى.

بۆگۆن، چۆش بىلەن پىشىن ئارىلىقىدا، يۆقاقۆندىكى ئىسيانچىلار بازىسىنى كۆك ۋە سېرىق ئىشتانلىق ھەربىيلەر خۆددى يەردىن ئۆنگەندەكلا چىقىپ كېلىپ قورشىۋالدى. ئۆلارنىڭ باشلىرىدا يېشىل تۆمۆر قالپاقلار، قوللىرىدا پارقىراپ تۆرغان قوراللار

بار ئىدى. ئۇلار قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلغانلارنى باغلاپ ماشىنىغا تاشلىدى. زەنجىرسىمان قورشاۋدىن قېچىپ كېتەلمىگەن ئىسيانچىلارنىڭ ھەممىسى قوراللىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ئۇلار ئىنچىكە سۈرۈشتە قىلىنىپ ئەنگە ئېلىندى. ئۇلارغا كەنتلىرىگە قايتىپ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش، قالايمىقان سۆز - ھەرىكەتلەردە بولماسلىق ئۇقتۇرۇلدى، ئەگەر كىمكى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇنىڭغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار تارقىتىۋېتىلدى.

خالىق شۇ ھامان جەڭگىۋار ئەترەت باشلىقلىرىنى ياتاققا يىغىپ، ئۇلارغا دەرھال يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. تۇرسۇن تايغان، مەمەت سىدىق سېرىقلار يۇقاقۇنغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. بىراق مەتمۇسا خالىقنىڭ ھېيلىسىنى چۈشەنىپ يەتكەنىدى. چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دېگەندەك، لېيەنجەن بۇدۇي خالىقنى يۇقاقۇنغا يۆتكىلىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەرگە يۆتكەلگەندە، تارقىلىپ كەتكەن قوراللىقلارنى ئۆز سېپىگە قوشۇۋېلىپ، بوستاننى ھېچ قارشىلىقسىزلا بېسىۋالغىلى بولاتتى.

ئۇلار ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە يولغا چىقىشتى. قوراللىرىنى جۇۋىلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغان بۇ سەرسانلار كەنت يوللىرىنى تاشلاپ، مۇز قاتقان شال ئېتىزلىرى، قوناقلىرى چېپىۋېلىنغان موندەكلىك ئېتىزلار، شادىلىرى چوقچايغان كېۋەزلىكلەر، يالڭاچلانغان بولجالىقلار ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ، دوگدەرىشىپ كېتىپ بېرىشاتتى. ھەركىم ئۆز غېمىدە بولغاچقا، ھەمراھلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى. ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق، قورساق ئاچلىقى ئۇلارنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتكەنىدى. مەتمۇسانى يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىماي ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان خالىق بىردەم - بىردەم توختايتتى ۋە ئالدىنى تىڭشايتتى ياكى ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋال ئۇقۇشاتتى. ئاتقا ئوزۇقلۇق ئاشلىق ھەم قازان ئارتىلغاچقا، ئۇمۇ پىيادە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە، بوستاننىڭ شۇما كەنتى ئارقىلىق يۇقاقۇنغا كىرگەن بولسىمۇ، يەنە توختىماي ئىلگىرىلەپ، تاياتاق كەنتىگە يېتىپ كېلىشتى.

خالىق قوراللىقلارنى باشلاپ تاياتاقنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر چوڭ قورۇغا ئېلىپ كەلدى. ئىككى يىل بۇرۇن يۇقاقۇندىكى ئۇرۇشتا يارىدار بولغان خالىقنى نەبى يۇدۇپ ئەكىلىپ مۇشۇ ئۆيدە بىرنەچچە كۈن باققانىدى. ئۆي ئىگىسى ھال - كۈنى خېلىلا ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇ خالىقنى كۆرۈپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە قوراللىقلارنى بىرنەچچە ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە، ئۆي ئىگىسىنىڭ تاماق قىلاي دېگىنىگىمۇ قارىماي، ئوڭ - تەتۈر سۇنايلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ كېتىشتى.

ئەتىسى ۋاقىتچە ئورنىدىن تۇرغان خالىق ئوتتۇز نەچچە قورالنىتىن يىغىرمە تۆت ئادەم قالغىنىنى بىلىپ، چىچاڭشىپ كەتتى. ئۇ تۇرسۇن تايغان، مەمەت سىدىق سېرىق، مەتمۇسالارنى چاقىرىپ، بىرمۇنچە كايىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى دېھقانچە ياساپ، تايتاق ۋە يۇقاقۇنلارغا يولغا سالدى. ئادەمنى دەرھال كۆپەيتىپ، جۇ رۇڭفانىڭ باغچى كەينىدىكى قوراللىقلىرىغا تىگىش قىلمىسا، لېكىن بۇدۇينىڭ بۇ يەرگىمۇ بېسىپ كېلىشى ئېنىق ئىدى. مەتمۇسا ھويلىدىن چىقىپ، ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان ئاقسارايى سايلىقىغا قارىدى. ئۇ قاتتا قارىقاش ناھىيىسىنىڭ كەنتلىرى گۇڭگا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كەلكۈن پەسلى ئېقىپ كەلگەن سۆگەت، تېرەك، قارىياغاچ شاخلىرى، لايغا پېتىپ، بۇغا مۈڭگۈزىدەك چوقچىيىپ تۇرغان توغراق غوللىرى ئاپتاپتا قاغجىراپ ئاقىرىپ كەتكەندى. كىتابخانلارنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىدە بولسا كېرەك، بىر يىلى ھېكمەت سىراجىنى قوغلاپ تۇتقان ئاقسارايى سايلىقى مۇشۇ ئىدى.

— مەتمۇساكا، بۇ تاشلىقتا ھاڭقىيىپ قاراپ كېتىپسەنغۇ؟— دېدى قاياقتىندۇر پەيدا بولغان روزىمەت ئەتراپىغا زەن سېلىپ،— ساڭا دەيدىغان گەپ بار ئىدى.

— يەنە شۇ قېچىش ئىشىدۇر؟ — مەتمۇسا ھويلا ئىچىگە قاراپ قويدى، — پۇرسەت يەتتى، بۇگۈن كېچە قايسى ئەترەتتىكىلەر پوستا تۇرىسىلەر؟

— بىزنىڭ ئەترەت، يەنە كېلىپ قېچىشنى مەسلىھەتلەشكەن ھەمراھلىرىم پوستا تۇرىدۇ،— روزىمەت پەس ئاۋازدا ئەمما تېز سۆزلەيتتى، — بۇگۈن كېچىنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك كېچىكىمىز. . . لېكىن بۇدۇيگە قورالنى مەجبۇرىي تاپشۇرغىنىمىزدىن كۆرە، ئۆزلىكىمىزدىن بەرگىنىمىز تۈزۈك.

— توغرا دەيسەن ئۇكا، — مەتمۇسا روزىمەتنى دالدا يەرگە ئېلىپ كەلدى، — خالىق بىزگە يۇقاقۇندا تارقىتىۋەتكەن قوراللىقلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. مەن ھازىر چوشقا قېرىمىسىغا بارىمەن. قىلىدىغان ئازراق ئىشلىرىم بار. . . پۇتتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن مەسلىھەتلىشەيلى. . .

— ئا. . . جېنىم ئاكا، — روزىمەت بويۇن تولغىدى، — سېنىڭ زادى قاچقۇڭ بارمۇ يوق؟ ياكى ئاشۇ خالىقنىڭ قۇربانلىق قويى بولماقچىمۇ؟. . .

مەتمۇسا روزىمەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ھە. . . مۇنداق دېگىن! — روزىمەت كۈلدى، — توغرا، سەن ئۇنى مەست قىلىپ قويساڭ، بىز ئازادە ھەرىكەت قىلالايمىز. . . بولمىسا ئۇ غالجىر ئىت تۇيۇپلا قالسا، بىزنى پىلىموتقا تۇتۇشتىن يانمايدۇ. . . .

— تۇرسۇن تايغان، مەمەت سىدىق سېرىقلار توغرىسىدا كەچتە بىرنېمە دېيىشەيلى.

– بولىدۇ، ھەرھالدا تېزرەك قايتىپ كەل، مەن سېنى مۇشۇ يەردە ساقلايمەن.

مەتمۇسا، بوستان بازىرىغا كىرىپ، چوشقا فېرمىسىدا ئىش – كۈشلىرىنى تۈگىتىپ تاپتاققا قايتىپ كەلگەندە، كۈن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشكەنىدى. ئۇ، قوراللىقلار ئورۇنلاشقان ھويلىغا يېقىنلاشماي، تار چىغىر يوللار بىلەن، ئاقساراي سايلىقىغا خېلى يۇقىرىلاپ ماڭدى. سۇ يار ئېلىپ كەتكەن ئېقىن تاراملىرى، تاشلىق، قۇملۇق ھەم قويچىنىڭ تاپىنىدەك يېرىلىپ كەتكەن سېغىزلىقلار ئارقىلىق مېڭىپ، سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. بۇ يەردە، كەلكۈندە ئېقىپ كەلگەن يوغان بىر تۈپ بەقەم لايغا پېتىپ، قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئادەم بىلىدەك يوغان غوللىرىنىڭ قوۋزاقلىرى چاك – چاك يېرىلىپ، كەينىگە قايرىلىپ تۇراتتى.

خالىقنىڭ خورلۇقىنى يەتكۈچە تارتىپ، ئەلىمىنى يۇتقان مەتمۇسا ئاخىرقى قىساسقا تەييارلانغانىدى. ئۇ بۇگۈن كېچە دەرد – ھەسرەتلىرىگە بەرھەم بېرىپ، پۇخادىن چىققىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئوقىدا ئۆلىدۇ. ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنى ھېسابلاپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن يوق!...

مەتمۇسا بەقەم ئەتراپىغا بىرمۇنچىلىغان شاخ – شۇمبىلارنى دۆۋىلىگەندىن كېيىن، كەتتكە قايتتى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، بىرنەچچە قەدەم ئارىلىقتىكى نەرسىلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ ئەمدىلا قورۇ ئالدىغا كېلىۋىدى، بىر كىم يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇ تاقەتسىزلىكتىن جىلى بولغان روزىمەت ئىدى.

– مەتمۇساكاما؟ يائاللا، يەر يۇتقاندەك يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟ – روزىمەت ھاياجاندىن ھاسىراپ تۇراتتى، – ھەمراھلىرىم ھەممىسى تەييار بولدى. تۇرسۇن تايغان، مەمەت سىدىق سېرىقلار تۈيۈپ قالسا، چوقۇم قان تۆكۈلىدۇ. سەن ئامالىم بار دەۋاتاتتىڭغۇ؟

– ئۇلار راسا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، – دېدى مەتمۇسا قاراڭغۇلۇققا سىنچىلاپ قاراپ، – ھەممىڭلار بىرلىشىپ، ئەڭ يامانلىرىنى باغلىۋېلىڭلار، لېكىن ئالدى بىلەن ئېغىزىغا بىرنېمە كەپلىۋېتىڭلار! ۋارقىرىيالمىسۇن...

– ئاندىن قانداق قىلىمىز؟...

– ئۇلارنى ئالدىڭلارغا سېلىپ ھەيدەپ ئۇدۇل شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، ليەنجەن بۇدۇيگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار...

– ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىق تېپىپ نېمە قىلىمىز؟ – دېدى روزىمەت، – قوراللىرىنى ئېلىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرسەكلا بولمىدىمۇ؟

– ئۇنداقتا ئۇلارنى بىر – بىرىگە چېتىپ چىڭ باغلىۋېتىڭلار... مەن خالىقنى مەست قىلىپ ياتقۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، ئارقاڭلاردىن يېتىمەن...

— ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن!

— ھەي توختا، — دېدى مەتمۇسا پىچىرلاپ، — ھەرىكەتنى ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا باشلاڭلار... مېنىڭ قورالىمنى ئېلىپ كېتىپ تاپشۇرۇپ بەر...

مەتمۇسا روزىمەتنى ئۇزىتىۋېتىپ ھويلىغا كىردى. خالىقنىڭ ئۆيىنىڭ پەنجىرىسى پەنەر چىرىغىنىڭ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا قاقتى. ئىچكىرىدىن «كىم؟» دېگەن سەگەك بىر ئاۋاز كەلدى.

خالىق مەتمۇسانىڭ ئىللىق چىرايىغا، قولىدىكى قارا سومكىغا قاراپ، بىرەر خۇش خەۋەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەندى ـ دە، خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى ۋە ئۇنى گىلەم سېلىنغان سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. مەتمۇسا ئۆي ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرە يېنىغىلا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھە، ئىشلىرىڭدا بىرەر ئۇنۇم باردەك قىلامدۇ ـ قانداق؟ — خالىقمۇ يۇمىلاق شىرەنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۇنىڭغا روبىرو ئولتۇردى، — سومكاڭمۇ ئېغىر تۇرىدۇ.

— ياھ، ياھ، سوغۇق ئەجەپ قاتتىق بولىۋاتىدۇ، — مەتمۇسا قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، قوينىدىن قاتلانغان قەغەزنى ئېلىپ خالىققا سۇندى، — قۇلاقلىرىم ئۇششۇپ قالغىلى تاسلا قالدى.

— بىرىنچى ئايمۇ چىقىپ كېتەي دەپ قالدى، — دېدى خالىق تىزىملىككە كۆز يۈگۈرتۈپ، — ۋاھ، سەككىز ئادەم!... قالتىس ئىش قىپسەن جۇمۇ!... تۇرسۇن، مەمەت سىدىق دېگەن ئەبگالار قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ...

— تېخى پوقاق پىلىموت، بەش ئاتار تۇتقان بىر قانچە قوراللىقنىڭ ئۆيلىرى باشقا كەنتلەردە بولغاچقا بارالمىدىم، — مەتمۇسا ھېلىگەر خالىقنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — لېكىنزە، بەك تەسكە چۈشتى. بەزىلىرىگە سائەتلەپ كاسىلدىدىم. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۆڭشې، گوەنلىچۈي، داۋۇي كادىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. «خا سىلىڭنىڭ بۇ توغرىدىكى ۋەدىسىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاڭلار» دەپ ئىشەندۈردۈم.

— ئۇلار كەلدىمۇ؟

— ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇن ـ كۆمۈرلىرىنى غەملەپ قويۇپ، ئەتە چۈشكىچە ھەممىسى مەشەگە يىغىلماقچى...

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر ئەترەت ئادەم دېگەن گەپ... بىراق بىزنى ئالداپقۇ قويماس؟...

— ئۇنداق خىيالى بولسا، «خا سىلىڭغا ئازراق كۆڭلىمىز...» دەپ، بۇ نەرسە-

لەرنى سۇۋغا قىلارمىدى؟

مەتمۇسا سومكىدىن ئۈچ بوتۇلكا ئاق هاراق، داستىخانغا ئورالغان ئىككى توخۇ گۆشى، يەنە بىرنەچچە كاكچاناننى شىرەگە ئالدى. ئۇ بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ پۇرىدى ۋە «بولىدىكەن» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇلارنى شىرە ئاستىغا قويدى. ئاندىن توخۇ گۆشىنى پارچىلاپ، نانلارنى ئۇشتۇپ قويدى. ئىشلىرى ئىلگىرى باسمىغان، كېچىلىرى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرالماي جىلى بولۇپ تۇرغان خالىقنىڭ مەتمۇسانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، هاراق هەم توخۇ گۆشىنى كۆرۈپ، بىردىنلا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— يارايسەن مەتمۇسا، قولۇڭدىن ئىش كېلىدۇ جۇمۇ! — خالىق ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مەشكە ئوتۇن سالدى، — مەن ئاچچىقىنە چاي دەملەي، ئولتۇرۇپ بىر پەيزى قىلايلى. . .

شىرەگە چاي كېلىشى بىلەن، ئۇلار ئىشنى باشلىۋەتتى. مەتمۇسا ئىككى پىيالىگە هاراق قۇيۇپ، بىرنى خالىققا تۇتتى. ئۇلار: «ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن! » دەپ ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىشتى. پىيالىلەر بىكار بولۇشى بىلەنلا، توخۇ گۆشىگە تۇتۇش قىلىشتى. مەتمۇسا هاراقنى قۇيۇپ بولۇپلا، بوتۇلكىنى شىرە ئاستىغا قوياتتى. كۆچلۈك چىققان ساپ قوناق هارىقى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئايلىنىشى بىلەن، خالىقنىڭ چىرايى خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئەمما مەتمۇسا ئۇنداق قىزىرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، خالىققا ئوخشاشلا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ قوياتتى.

— ئەمدى پىيالىنى تولدۇرۇپ قۇيماي، — دېدى خالىق كارتىىدە كېكىرىپ، — ئاز ـ ئازدىن، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قۇيساڭ قانداق؟ بولمىسا ئاسانلا مەست بولۇپ قېلىپ، هاراقنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيدىكەنمىز. . .

— ئەمىسە بىر پىيالىدە يەكتاپ ماڭدۇراي. . .

— هەببەللى، بۇ ئۇسۇلۇڭ جايىدا. . .

مەتمۇسا نەق مۇشۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇراتتى. چۈنكى شىرە ئاستىغا قۇيۇلغان ئۈچ بوتۇلكىنىڭ بىرسىگە سۇ تولدۇرۇلغانىدى. ئۇ خالىققا هاراق قۇيۇپ، بوتۇلكىنى شىرە ئاستىغا قوياتتى. ئۆزىگە قۇيغاندا سۇ قاچىلانغان بوتۇلكىنى قولىغا ئالاتتى. ئوبدانلا تەڭشىلىشكە باشلىغان خالىق بۇ هىيلىنى سېزەلمەي ئولتۇراتتى.

— خا سىلىڭ، مەن بۇ هاراقنى، — دېدى مەتمۇسا ئوتتۇرا پىيالە سۇنى قولىغا ئېلىپ، — ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، مېنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن

كۆتۈرىمەن...

— سېنى ئۇنتۇپ قالسام، چارىپاي بولۇپ كېتەي، — خالىق ئۇنقاچتەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، قوللىرىنى شىلتىدى، — ئۆز ۋاقتىدا نەسللەندۇرۇش پونكىتىنىڭ ئەملىنىمۇ مەن بەرگەن...، بۇ... بۇ قېتىم ساڭا سودا سارىيىنىڭ تاجىسىنى كىيگۈزىمەن... غىچچىدە مايىنىڭ ئىچىگە چۆكسەن...

— رەھمەت... ھەشقاللا! — مەتمۇسا ئورنىدا قىمشىپ قويۇپ، شىرە تېگىدىكى بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى، — خوشلۇقىمدا بۇ پىيالىگە جىقراق قۇيۇلۇپ كەتتى، ھۆلىدا قالغىنىنى مەن ئىچىۋېتەي...

— بۇ نېمىدېگىنىڭ؟ مېنى هاراق كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدى دېمەكچىمۇسەن؟ — خالىق پىيالىنى ئېلىپلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ، چىنىنى دۈم قىلىپ كۆرسەتتى، — قارا بىر تېمىممۇ ساقىمىدى...

كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالدى. يالغان مەست بولۇۋالغان مەتمۇسانىڭ قۇلىقى سىرتتا ئىدى. ئۇ، بوشقىنا شەپە ياكى بىرەر تىۋىشقىمۇ سەگەكلىك بىلەن زەڭ سالاتتى. ھويلىدا شىپىرلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، بىرسىنىڭ قاتتىق يۆتەلگىنى ئاڭلاندى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا نۇرغۇن قېتىم بۆرىنغا يېگەن خالىق خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، دىڭگىدە چۆچۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتتى:

— بۇ نېمە ئاۋاز؟...

— قاراۋۇللارمىكىن!...

— ئۇلار ھويلا سىرتىدا ئىدىغۇ؟...

— مەن قاراپ باقاي...

مەتمۇسا پېشايۋانغا چىققاندا، ئىلگىرى - كېيىن مېڭىشقان قورالىقلارنىڭ ئاياغ ئۈچى دەرۋازىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ قەستەنگە: «ھەي، ھويلا ئۇتتۇرىسىغا شارقىرىتىپ قويۇپ بەرگىچە، خالاغا بارساڭ بولمامدۇ؟» دېدى - دە، ئۆيگە دەرھال قايتىپ كىرىپ: «قانداق بىمەسەل بىر نېمىلەر بۇ؟ نومۇس قىلماي...» دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى.

— كارىڭ بولمىسۇن... — خالىق قولىنى سىلكىدى، — ئاسمىنى كەڭ يەرلەر، يامىنى كەلسە، چوڭىنى قويۇپ بەرسۇن...

خالىق شىرەگە بېشىنى قويۇپ پۇشۇلداشقا باشلىدى. تېخى يېرىم بوتۇلكىدىن ئازراق ھاراق بار ئىدى. ئەگەر بۇنى ئىچۈرۈۋېتەلىسە، مەتمۇسا پىلانىنى قارشىلىقسىز ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى. شۇڭا، ئۇ يېرىم پىيالە سۇنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈردى - دە،

خۇددى مەست ئادەمدەك ئۇنلۇك ۋارقىرىدى:
— خا... سىلىڭ مەن... مەن... بۇ هاراقنى... باغچىدىكى ۋاڭ...
ۋاڭبالارنى يوقىتىش... غەلىبىمىز... ئۇچۇن كۆتۈرىمەن...
— خوشە... ئەتە كەچتىلا ئۇ... ئۇ گۇيلارنى يەر... يەر چىشلىتىمىز... — خالىق بېشىنى كۆتۈردى، — بىلەمسەن مەتمۇسا بەدرەك، مەن نەفسە، زۇمرەتلەرنىڭ مېغىزىنى چاقالمىغىنىم بىلەن، ئۇلارنى گۇلزىبا، مۇراتلارغا قوشۇپ، بۇ دۇنيادىن يوقاتتىم... ماڭا تەئەللۇق بولمىغان نەرسىنىڭ باشقىلارغا قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن...

مەتمۇسا «هاراق»نى ئىچىپ بولۇپ، خالىققا قويدى... خالىق بېلىق كۆزى قىلىپ قويۇلغان بىر پىيالىنى مەستلىكتە تۈيماي ئېغىزىدىن ئېقىتقىنىچە كارنىيىغا قۇيدى ۋە يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان قاپاقلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، قولىنى بىر هازا شىلتىدى:

— مەن... مەن... ئۇمرۇمدە بىر... پەقەت بىرلا قېتىم قورقتۇم... قاچان دېمەمسەن؟... نەفىسە كۆك... كۆكسىگە خەنجەرنى تىقىپ... قاقاقلاپ كۇلگەندە... ئۇ... ئۇنىڭ كۇلكىسى... خۇددى ئاتوم... بومبىسىدەك... يۈرىكىمدە پارتلىدى...

يېرىم بوتۇلكا هاراقتىن بىر يۇتۇمدەك قالغاندا، خالىق گىلەمگىلا يىقىلىپ، ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە: «ئەرخەپ... بۇغ... ماق... سېكىلەك...» دەپ غودۇڭشۇپ قويۇپ، خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتتى... ئۇنىڭ «بوغماق سېكىلەك» دېگىنى مەلىكە سايپىخان ئىدى. مەتمۇسانىڭ غەزىپى بىردىنلا تېشىغا تەپتى.
— ۋوي، قارا يۈرەك مۇناپىق... جېنىڭ تۇمشۇقىڭغا كېلىپ قالسىمۇ، يامان نىيەتتىن يانمايسەن!...

مەتمۇسا تىللىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئالدىن تەييارلانغان ئارغامچىنى سومكىدىن ئېلىپ، خالىقنى پۇتىدىن مەيدىسىگىچە سۇپۇرگە بوغقاندەك ماتاپ باغلاپ چىقتى. ئاندىن، سىرتقا چىقىپ قارىغۇتەكەندىن كېيىن، ئۇيۇقتىكى پەنەر يېغى قاچىلانغان سۇلياۋ باكنى سومكىغا كەپلەپ سالدى. مەتمۇسا ئۇيگە بىر قۇر قارىدى، كارىۋات ئۇستىدە ۋۇجۇاڭدەي، يان قورال، ئوقدان قاپلىرى تۇراتتى. دەسلەپتە ھېچنېمىنى تۇيمىغان خالىق ئۇزىنىڭ قاتتىق چىرماپ باغلانغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، قاپقانغا چۇشكەن چىل بۆرىدەك تولغىنىپ ئىڭرىماقتا ئىدى.
— مەتمۇ... سا... بۇ... بۇ... نېمە قىلغىنىڭ؟... مېنى... يېشىـ

ۋەت! . . . بىز قېرىنداشقۇ؟ . . .
مەتمۇسا كىر لۆڭگىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ تىقتى ـ دە، «تۇفى! » دەپ، ئۇنىڭ
يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى ۋە ئۇنى تاغارنى يۇدۇگەندەك مۇرىسىگە ئالدى، ئۇ بىر قولىغا
سومكىنى ئېلىپ، پەنەر چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئىشىكتىن ئوغرىلىقچە
چىقىپ كەتتى.
مەتمۇسا ئاقساراي سايلىقىغا جىدەللەپ ماڭماقتا ئىدى. غىلاڭ سايلىقتىن ئۈزۈلمەي
ئۇرۇۋاتقان ئاچچىق شامال يۈز ـ قۇلاقلارنى ئەينەكتە تىلغاندەك ئېچىشتۇراتتى. قاتتىق
سوغۇقنىڭ نەشتىرىدىن هاراق كەيپى ئۇچۇپ، سەگەكلىشىپ قالغان خالىق ئۆزىنىڭ
تۇيماي قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى هېس قىلىپ يېتىپ، جان ئاچچىقىدا تولغىناتتى. ئۇ
تىپىرلايتتى، زەئىپ ئىڭرايتتى. شۇنداقلا گەجگىسىگە پاتاڭدەك كىرىشىپ كەتكەن
قوللاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ، گۇنىسىز كۆزلىرىدە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان سايلىق-
نىڭ ئېچكىرىسىگە قارايتتى، مانا ئاشۇ سۈرلۈك تۈن پىنهانىدا ئەجەل ئۇنى ساقلاپ
تۇرغاندەك تىترەيتتى. جان ـ جەهلى بىلەن كېتىۋاتقان مەتمۇسا هەربىر قەدەم ئالغانسې-
رى، ئۇ ئۆزىنى ئەزرائىلغا شۇنچە يېقىنلىشىۋاتقاندەك هېس قىلاتتى. گۇناهىنىڭ
هەرگىز كەچۈرۈلمەيدىغانلىقى خالىققا ئايان ئىدى. ئۇ ئىككى تۇغقان قېرىنداشنى
ئەرزىمەس ئەمەل زەنجىرى بىلەن چىرماپ، ئۇنى بوسۇغىدىن دالجىمايدىغان ئىت ـ
مۈشۈك قىلدى. ئۇ ئىت بولۇپ تۇرۇپ قاۋىمىسا، خوشامەت قىلىپ تاپانلىرىغا سۈۋالمى-
سا، مۈشۈك بولۇپ تۇرۇپ چاشقان تۇتمىسا، دۇمبا ۋە تېپىك يەيتتى، ئۇنى سىيلايتتى،
ئالدايتتى، نەشتىرىنى تىقاتتى. مەتمۇسانىڭ كۆڭلى تۈگكەن تۈگۈشتەك يېشىلمەي، بىر
نېنى ئىككى بولماي، كىيگەن كېپىنى تىزىدىن ئاشماي، روهىي دىۋانىگە ئايلاندى.
مەتمۇسا خالىق ئۆيلىنىغاندەك ئۇنچىۋالا دۆت، بولۇمسىز، ئەقلىي چولتا ئادەم ئەمەس
ئىكەن. . . ئۇ كۆرگەن خورلۇقلىرىنى، چەككەن ئازاب، يۇتقان زەرداپلىرىنى ئۇنتۇ-
ماي، خالىقنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ نەق يۈرىكىگە يوشۇرۇنغانىكەن. بولۇپمۇ مەلىكە
سايىپخاننى ئۆيگە سولىۋېلىپ، ئۇنى قاراۋۇللۇققا قويۇپ قويغان خورلۇقنى چاندۇرماي،
قىساسىنى قەلبىدە ئەنقادەك خۇپىيانە تۇتۇپتۇ! . . . ئۇ هازىر بەلكىم خالىقنى قانداق
قىيناپ ئۆلتۈرۈشنى ئويلاۋاتقاندۇر؟ پىچاقتا بوغۇزلىۋېتەرمۇ؟ . . . بوغۇپ ئۆلتۈرەرمۇ
ياكى تىرىك كۆمۈپ ئۇنىڭ جېنىنى قىيناپ ئالارمۇ؟ ! . . .
بۈگۈن كېچە ئۆزىنىڭ ساق قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خالىق يەنە تىپىرلىدى،
بۇلجاندى، خىرقىرىدى. لېكىن، ئۇنىڭ هالىتى ئاخىرقى ئىنتىقام هوزۇرىدىن هاياجان-
لىنىۋاتقان مەتمۇساغا هەرگىز تەسىر قىلمىدى. خالىقنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان

تېنى، سىلكىنىشلىرى ئۇنى تەرلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ھارغىنلىقنى سەزمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن سەزگۈ ئەزالىرى بىرلا سۆزنى — «قىساس» دېگەننىلا تەكرارلايتتى.

ئاي قاراڭغۇسى. ئېگىز - پەس تاشلىق ۋە قۇملۇقلاردا بىرنەچچە قېتىم مۈدۈرۈپ كەتكەن مەتمۇسا خالىقنى گۈپلا قىلىپ يەرگە تاشلىدى - دە، ئۆزىمۇ يىقىلدى. ئۇ، پارىخورلارنىڭ كۆڭلىدەك قاپقاراڭغۇ ئاسمانغا قاراپ بىردەم ياتتى. ئاندىن گوداڭغا يۆمىلىنىپ، تۈگۈلۈپ قالغان خالىقنىڭ گەجگىسىدىكى ئارغامچا تۈگۈچىدىن قاماللاپ، ئۇنى خۇددى ئىتنىڭ تاپىدەك سۆرەپ ماڭدى. ئۇ كەچتە تەييارلاپ قويغان بىر تۈپ بەقەم تۈۋىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن، قولىدىكى ئېغىر سومكىنى يەرگە قويۇپ، خالىق-نىڭ مۈرىسىدىن سۆرەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنى بەقەم غولىغا يۆلىدى ۋە ئارغامچىدىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى بوشىتىپ، ئارقىسىغا قايرىپ تۇرۇپ، يانچۇقىدىن يۆگەكلىك سىمنى ئالدى. ئىككى قولىنىڭ بېغىشىنى بوغۇۋەتكەن سىمنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالمىغان خالىق قۇشخانىغا سۆرەپ ئېلىپ كېلىنگەن ھۆكۈزدەك ھۆركىرىۋەتتى. مەتمۇسا ئالدىن يىغىپ قويغان شاخ - شۇمبا، چاۋار - چاتقاللارنى خالىققا يۆلەپ دۆۋىلىدى ۋە ئۇنىڭ بېقىنىدا ساڭگىلاپ تۇرغان خەنجىرىنى غىلىپى بىلەن يۇلىۋالدى. مانا شۇ چاغدىلا، ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگەن خالىقنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك پولتى-يىپ، دىمىغىدىن غەلىتە ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى ۋە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان سۇلياۋ باكقا قارايتتى. بىراق مەتمۇسا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوتۇن دۆۋىلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. يازىچە قۇرۇپ شاراخشىپ كەتكەن جىگدە، جىغان، قارىياغاچ، توغراق شاخلىرى ئادەم بويى دۆۋىلىنىپ، خالىقنىڭ بېشى ئارانلا كۆرۈنۈپ قالغاندا، مەتمۇسا سۇلياۋ باكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قادالدى.

— قېنى ئەمىسە، دوزاخقا كېتىدىغان ۋاقتىڭدا، نېمە گەپلىرىڭ بار، قىلىۋال! — ئەڭ ياخشىسى، ئىمان ئېيتىۋال! — دېدى مەتمۇسا خالىقنىڭ ئاغزىغا كەپلىشىپ تۇرغان لۆڭگىنى شارتلا سۇغۇرۇۋېلىپ، — ئەمدى ۋارقىرامسەن، داد - پەرياد كۆتۈرەمسەن، ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ...

— مەتمۇسا! ياق، ياق ئاكا، جېنىم ئاكا، قېرىندىشىم... — جان قايغۇسىدا قالغان خالىقنىڭ مەستلىكى قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى، — مەن... مەن... ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن... مەن سېنى قاقتى - سوقتى قىلدىم... مىنبەرلەرگە ئۇرغۇزدۇم... ئۆمرۈڭدە تۇنجى قېتىم كۆڭلۈڭنى بەرگەن ئايالغا يامان نىيەتتە بولدۇم... سېنى خارلىدىم... مەن ئىت...، مەن تۈزكور...، مەن مەلئۇن...

خالىق جالاقلاپ تىترەپ، ئېڭەكلىرى توختىماي كاسىلداپ، گەپ قىلالماي قالدى. مەتمۇسامۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەپ كەلگەن غەزەپ ـ نەپرەت، ئاچچىق ئەلەم ئوتىدا تىترىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە لىممىدە ياش كەلدى... ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى، بۇ ناكەسكە تىكىلىپ قارىيالماي، ئۇنلۇكرەك يۆتىلەلمەي، خۇددى ياۋا مۇشۇكنىڭ چاڭگىلىدىكى قۇشقاچتەك يۈگۈزلىنىپلا كەلدى. گەرچە خالىق ئۆزىدىن ئىككى ياش كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى «ئاكا» دەپ ئاتىدى... بۇ قارا كۆڭۈل، مەنسەپپەرەس ئادەم باشقىلاردىن تولىمۇ يۇقىرى ھۆرمەتنى، ئىززەتنى، ئۇلۇغلاشنى تەلەپ قىلىدىيۇ، ئۆزى ئۇلاردىن كىچىككىنە بولسىمۇ ئادىمىگەرچىلىكنى ئايىدى، ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىدى... مانا ئەمدى قاسساپ گوداڭغا سۆرەپ ئېلىپ كەلگەن ئۆچكە پىچاقنى كۆرۈپ جان ئاچچىقىدا مەقىرغىنىدەك يالۋۇرۇۋاتىدۇ... تۈنجى قېتىم «ئاكا» ، «قېرىندىشىم» ، «تۇغقىنىم» دەۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە توغرا باھا بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇنمۇ؟ ئۇ شۇنىڭلىق بىلەن ديانەت يولىغا مېڭىپ، ساخاۋەتلىك ئادەم بولارمۇ؟ ياق، ياق! مۇمكىن ئەمەس! رەزىللىك، ياۋۇزلۇق ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن! ئۇ خۇددى توڭلاپ قالغان يىلان قوينىدا ئىسسىتىپ قويغان دېھقاننى چاققاندەك، يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن بىچارىلەرگە نەشتىرىنى تىقىدۇ! ... ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق، ئاداۋەتكە شاپائەت قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئەپۇچانلىقى بىلەن قانچىلىك رىيازەتلەرنى تارتمىدى! ... مەتمۇسا ئۇنداق ياغلىما ۋەدە ـ ئەھدىلەرگە ئەمدى ئىشەنمەيدۇ...

— گەپلىرىڭنى ئاڭلىدىم، — دېدى مەتمۇسا كۆزلىرىدىن ئوت يانغان ھالدا، — جان دېگەن شۇنداق تاتلىق ئوخشايدۇ... سەن ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىدا، يەنە كېلىپ دوزاخقا مېڭىشىڭنىڭ ئالدىدا، تۇنجى قېتىم راست گەپ قىلدىڭ! ...

— جېنىم ئاكا... تۇغقىنىم... — مەتمۇسانىڭ يانماس ئىرادىسىدىن ئەندىككەن خالىق يىغلىۋەتتى، — مەن سېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىدىم... كۆڭلۈڭنى ئايىمىدىم... تەھدىت، قورقاق سېلىش ئارقىلىق سېنى شۇلۇپ يېدىم... تۇغقانلىقنى يەتكۈزمىدىم... لېكىن سېنىڭ باغرىڭ يۇمشاققۇ؟ ... مېنى مۇشۇنداق كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، ئۆز نامىڭنى بۇلغىۋالىسەن... مېنى بىر قېتىم ئەپۇ قىل...

— سەن خاتالاشتىڭ، — دېدى مەتمۇسا قولىنى شىلتىپ، — مەن قانچىلىك ئادەم ئىدىم؟ ئۆزۈمنى ديانەتلىك كىشىلەر سېپىگە تىزالمايمەن... مەنمۇ ناباپ، ناچار، بولمىغۇر ئادەممەن... ئەگەر سېنىڭدىن كۆرگەن خورلۇقلىرىم ئۇچۇنلا بولسا، بۇ

قىساسنى بەلكىم ئالماس ئىدىم. . . لېكىن سەن نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكتۈڭ. . . سۈيىقەست، ھىيلە ـ نەيرەڭ، ھوقۇق كالتىكىڭ بىلەن ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلدىڭ. . . سېنىڭ ئىككى قولۇڭ قىپقىزىل قان بىلەن بويالغان! . . . سەن تېخى بايىلا نەفىسە، زۇمرەت، گۈلزىبا، مۇراتلارنى بۇ دۇنيادىن يوق قىلىۋەتكىنىڭدىن پەخىرلەنگەنىدىڭ. ئەمدى بىلىپ قويكى. بۇ قىساسنى ئۆزۈم ئۈچۈن ھەم شۇلار ئۈچۈن ئالىمەن. . .

مەتمۇسا سۇلياۋ باكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پەنەر يېغىنى دۆۋىلەنگەن شاخلارغا ۋە بەقەم غولىغا چاچتى. پەنەر يېغى خالتىنىڭ بېشىغا قۇيۇلۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل مۇقەددەم كۆرگەن چۈشى بىردىنلا ئېسىگە كەلدى. كۆكمارىم غارىدا، ھېكمەت، كامىل، مۇرات، نەفىسە، زۇمرەتلەر ھاڭغا ئېسىلىپ قالغان خالتىقا تىكىلىپ تۇراتتى. مەتمۇسا ئۇنىڭ بېشىغا قانداقتۇر بىر نەرسىنى قۇيۇپ، ئوت قويىۋەتكەنىدى. بۇ بىر بېشارەتلىك چۈش ئىدى. ھازىرمۇ نەفىسە، زۇمرەتلەر ئىنتىقام تەنتەنىسىدىن ھۇزۇرلانغاندەك، ئۇنىڭغا نەپرەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇشاتتى. مانا شۇ دەقىقىدە، خۇددى قاراڭغۇلۇق پارتلاپ كەتكەندەك، ئوت «لاپلا» قىلىپ تۇتەپ كەتتى. قىزىل قىيامەتتە چۈچۈلا بولۇپ يېنىۋاتقان خالتىق كەتتكە قاراپ ئايانچلىق تۇۋلىۋەتتى:

— تۇرسۇن تايغان؟ . . . مەمەت سىدىق؟ . . . مېنى قۇتقۇزۇڭلار! . . . قېنى سىلەر؟ . . .

— تۇۋلا، ۋارقىرا، نالە قىل، ساڭا شەيتانمۇ ياردەم قىلالمايدۇ. . . — مەتمۇسا قىپقىزىل لوغىلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى ئىچىدە دەھشەتلىك چىرقىراۋاتقان خالتىقا قولىنى شىلتىدى، — سېنىڭ ئۇ لالىمىلىرىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزالىسا چوڭ گەپ. . . بىلەمسەن، قورالىلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىر شەھەر يولىدا! . . . ھا. . . ھا. . . ھا. . .

مەتمۇسانىڭ كۆلكىسى زۇلمەتلىك تۈن سايلىقىدا بىر ھازا ئاڭلىنىپ تۇردى. ئوت يىراقتا كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ تايتاق كەتتىدىن چىقىپ، يۇقاقۇنغا كەلگەندە، توخۇلارنىڭ چىلىلىشى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دەرد ـ ئەلەم، خورلۇقلار خالتىق بىلەن تەڭلا كۆيۈپ تۈگىگەندەك يېپيېنىك بولۇپ قالغان مەتمۇسانى يېڭى بىر تاڭ ئۆز قوينىغا تارتماقتا ئىدى. ئۇ، ئاسمان چېھرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ، يۇلتۇزلار ئۆچۈشكە باشلىغاندا، بۇۋىم مازىرىغا يېتىپ كەلدى ۋە مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ قەبرىسى ئوتتۇرىسىدا چوقچايدى. مەتمۇسا ئۆزى بىلگەن سۈرىلەرنى ئوقۇپ، قىرائەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر ھازا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، سۈكۈت ئىچىدە جىم ئولتۇردى. . .

— مۇرات، سەن قولۇڭغا قورال ئېلىپ، قان تۆكۈپ ئالالمىغان ئىنتىقامىڭنى مەن ئالدىم. . . ئۆزۈم ئۇچۇن ھەم سېنىڭ ئۇچۇن، ئادەم قىلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكنى قىلدىم. . . — بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلىغان مەتمۇسا ئاستا سۆزلىمەكتە ئىدى، — بۇنداق قىلمىسام بولاتتى. . . بىراق سەن كەتكەندىن كېيىن، ئىچىم خۇن بولۇپ كەتتى. . . تارتقان ئازابلىرىمغا سېنىڭ جۇدالىقىڭ قوشۇلدى. . . دوستلۇق جەرياننىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە باقمايدىكەن. . . سېنىڭ ئاچچىق ھەزىللىرىڭ، قوپال چاقچاقلىرىڭ، تاياقتەك تۈپتۈز مۇئامىلەڭ مېنى ئادىمىيلىككە باشلىغانىدى. . . ئەپسۇس، سەن كەتتىڭ. . . ئويلىسام ـ ئويلىسام، ئۆمرۈمدە ھېچكىمگە ياش تۆكمىگەن ئىكەنمەن. . . لېكىن جىمجىت كېچىلەردە، سەن ھامان يېنىمدا ئىدىڭ! . . . چىرايىڭنى ھەييارلىق بىلەن پۈرۈشتۈرۈپ، بىر كۆزۈڭنى قىسىپ، سەت يۇمۇرلارنى سۆزلەيدىتتىڭ. . . ماڭا ھەرخىل لەقەملەرنى قوياتتىڭ. ئاھ، سەن يادىمدىن كەچكەن شۇنداق كېچىلەر ياشلىرىم زادىلا قۇرۇمىدى! . . . كىر ياقىلىرىم. . . مايلاشقان ياستۇقلىرىم قانچە قېتىملاپ ھۆل بولغىنىنى ئېيسىمگە ئالالمايمەن. . . سەن كەتمىگەن بولساڭ بولاتتى. . . دوستلۇقىمىزنىڭ شۇنچە قىسقا بولغانلىقىنى ئويلىساملا، يۈرىكىم مۇجۇلۇپ ئاغرىيدۇ. . .

مەتمۇسا ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئاقىرىپ كېلىۋاتقان سەھەر ئاسمىنىغا قارىدى.

— مەن بۇگۈن سېنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم. . . كەتمەكچىمەن. . . نەگە بېرىپ، نەدە سەرسان بولۇشۇمنى بىلمەيمەن. . . بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، سەن بىلەن مۇڭداشقىلى پۇرسەت بولمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ تۇرىدۇ. . . ئازغىنا دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بىر چاغلاردىكى ناباپ قىلىقلىرىمنى كەچۈرسەڭ. . . — مەتمۇسا ياشلىرىنى يېڭىدە سۈرتۈپ، سول تەرەپتىكى قەبرىگە قارىدى، — زۇمرەت سىڭلىم، ئۆز ۋاقتىدا خالىقنىڭ دامىغا چۈشۈپ، كۆپ دېشۋارچىلىققا سالدىم. خۇدا ھەققىدە مېنى ئەپۇ قىلىڭ! . . .

قىش قۇياشى قىزىل شاردەك كۆتۈرۈلگەندە، مەتمۇسا ئارقا ئىشىك ئارقىلىق خارابىلىققا ئايلانغان ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى. ئۇ ئۇدۇل كامىلنىڭ ياتىقىغا كەلدى. ئۇستىۋاشلىرى توپا، ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن مەتمۇسانى كۆرگەن كامىل ئۇنى ھەيرانلىق ئىلكىدە ياتاققا باشلىدى. مەتمۇسانىڭ يۈزى ياشتىن شالتاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ شەھەرگە قېچىپ كەتكەن يىللاردىن بېرى، كامىل ئۇنى كۆرمىگەنىدى.

— مەتمۇساكا، سىلىگە نېمە بولدى؟ نەدىن كېلىشلىرى؟ — كامىل گەپ قىلغاچ،

چۈگۈنگە ئىسسىق سۇ تەڭشىدى، — ئاۋۋال يۈزلىرىنى يۇيۇۋالسىلا.

— مەن ئۈزلىرى ۋە ھېكمەت مۇئەللىم بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، — دېدى مەتمۇسا ئېغىر نەزەردە قاراپ، — ئاندىن باشقا گەپلەرنى قىلىشساق. . .

كامىل چىقىپ كېتىپ ھېكمەتنى باشلاپ كىرگەندە، مەتمۇسا يۈزىنى يۇيۇپ بولغانىدى. ئۇلار ھال سوراشقاندىن كېيىن، مەتمۇسا بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى، خالىقنى قانداق كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىگە قەدەر سۆزلەپ بەردى. كامىل بىلەن ھېكمەت بىر - بىرىگە قاراپ باش لىڭشىتتى.

— ئەگەر مۇرات ھايات بولغان بولسا، — دېدى ھېكمەت ئەلەم بىلەن، — قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە! . . .

— مەن ھازىر ئۇنىڭ قېشىدىن كەلدىم، — مەتمۇسانىڭ بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلىدى، — بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدۈم. . .

ياتاقنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. . .

— ئەمدى نەگە كەتمەكچى بولۇۋاتىدىلا؟ — سورىدى كامىل.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. . . خۇدا رىزقىمنى نەلەرگە چاچقان بولسا. . .

— خالىقمۇ يۈزسىزلىك قىلىپتۇ، لېكىن مەلىكە سايىپخان ياخشى ئايال تۇرسا؟ ئۇنى قانداق قىلىلا؟ — دېدى ھېكمەت.

— قارىسىلا، ھېكمەت مۇئەللىم، — مەتمۇسا خېلى ئۇزۇن جىمىپ كەتتى، — بىز ئەرلەر پاكلىقنى ئاياللاردىنلا تەلەپ قىلىدىكەنمىز. . . بىراق بۇ شەرتنى ئۆزىمىزگە قويمايدىكەنمىز. . . ناشايان، ناپاك، گۇناھلىق ئىشلارنى تولا قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، ئاياللارنى ئەيىبلەيدىكەنمىز. بۇ بىر تەڭسىزلىك ئىكەن.

— بۇ بىر دىيانەت يولىغا ئېتىقاد باغلىغان ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ سۆزى بولدى، — دېدى كامىل مەتمۇسانىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، — ئەر ھەم ئايال ئۆزلىرىنى پاكلىق تارازىسىدا ئۆلچەپ تۇرۇشى كېرەك.

كامىل ئۈستەلگە ئىككى كاكچە نان ئېلىپ، چىنىگە چايداندىن چاي قۇيدى، ئەمما مەتمۇسا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يېنىدىن غىلاپلىق خەنجەرنى ئېلىپ، ئۇنى كامىلغا سۇندى.

— بۇ نەفسە ئۆزىگە سالغان خەنجەر، — دېدى مەتمۇسا ئېغىر خورسىنىپ، — بۇنى ئۆز ۋاقتىدا خالىق ئېلىۋالغانىدى، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

مەتمۇسا چايغىمۇ قارىماي ماڭماقچى بولدى، لېكىن ھېكمەت ئىككى ناننى ئۇنىڭ سومكىسىغا سېلىپ بەردى. ئۇ رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى - دە، چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشلەر بىلەن، لېيەنجەن بۇدۇي ماشىنىغا بىرمۇنچە جەسەتلەرنى بېسىپ
گۇڭشې قورۇسىغا ئېلىپ كەلدى. قاپقارا قان ئۇيۇتمىلىرى قېتىشىپ، چىرايلىرى
كۆكىرىپ، ھەرخىل شەكىلدە توڭلاپ كەتكەن جەسەتلەرنى كۆرۈپ، ھېكمەتنىڭ ئىچى
ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ، گۇڭشې قورۇسىدىن ئەمدىلا چىقىپ تۇراتتى، پوچتىخانىدىكى
مەتىمىن ئاخۇن ئۇنىڭغا بىر خەت كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇرۇش باشلانغان
يىللاردىن بېرى خەت - ئالاقە ئىشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالغانىدى. ئاپىسى-
نىڭ بىرەر خەۋىرىنى ئالالماي ئەنسىرەپ يۈرگەن ھېكمەت دەرھال پوچتىخانىغا باردى.
ئەمما خەت ماھىگۈلدىن كەلگەنىدى.

ماھىگۈل بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم يىل ئىلگىرى بىر قېتىم خەت يازغانىدى. ئۇ
چاغدا، ھېكمەت بىلەن مەھبۇبە تېخى توي قىلمىغانىدى. كېيىن ئۇرۇش باشلىنىپ
كەتتى. ھەممەيلەن تۇرمۇش ۋە جان قايغۇسىدا بولۇپ قالغاچقا، ئۇمۇ خەت يازمىدىمۇ
ياكى يازغان بولسىمۇ تەگمىدىمۇ، ئىش قىلىپ ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بۇ تومپېيىپ
تۇرغان كونۋېرت ئىچىدە ماھىگۈلنىڭ شادلىق ۋە بەختىيارلىق مۇجەسسەملەنگەن قەلب
سۆزلىرى بارمىدۇر؟ ياكى بۇ خەت ئاچچىق تەنە، پۇشايمان، ئەيىبلەشلەر بىلەن تولغان-
مىدۇر؟ ھېكمەت ماھىگۈلنى ئوقۇشقا مەجبۇرلاپ ئەۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۇنى ياخشى
كۆرمىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. بەلكى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا،
شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى!... چۈنكى، بۇ ناتىۋان قىزنىڭ كۆڭۈل بېغىدىن
گۈل ئۈزۈشكە ئۇنى ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئىبارەت بىر تام توسۇپ تۇراتتى... مانا
ئەمدى بۇ خەت ئۇنىڭ قولىنى، ياق، نەق ۋىجدانىنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى...

ھېكمەت ئۆيگە كېلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى. مەھبۇبە خىزمىتىنى تېخى
يۆتكەپ كەلمىگەچكە، سەھەردىلا ۋېلىسىپىت بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۈچ-
قۇنئاي بولسا مومىسىنىڭ قېشىدا ئىدى.

ھېكمەتنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەيتتى، خەتنى ئېچىۋاتقان قوللىرى تىترەيتتى. دىمىق-
قاندەك بولۇپ نەپىسى بوغۇلاتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.
ھېكمەت خەتنىڭ باش سەھىپىسىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى!... بېشى پىرقىرىغاندەك
بولۇپ، خەتلەر كۆزلىرىگە سۇۋاشما بولۇپ كۆرۈندى!... ھېكمەت ماھىگۈلدىن بۇن-
داق تېما بىلەن خەت يېزىشنى زادىلا كۈتمىگەنىدى!...

浑泉(下 一)
加拉里丁·伯合拉木著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号　　邮政编码:830046)
新疆新华书店发行　　新疆乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168毫米1/32开本　　16.375印张　5插页
1997年9月第1版　1998年2月第1次印刷
印数:1—10000

统一书号:ISBN7—5631—0900—5/I.165　(民文)定价:26.56元